教育部人文社会科学百所重点研究基地
新疆大学兰州大学西北少数民族研究中心 学术著作丛书

# شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ
# پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار

زارىپ دولاتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلدى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

KEY RESEARCH INSTITUTE IN UNIVERSITY

شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ
پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار

ISBN 7-5631-1491-2
9 787563 114917 >
ISBN7-5631-1491-2
G·868(维文)定价:26.50元

www.uyghurkitap.com

本书由
教育部人文社会科学百所重点研究基地基金
全国少数民族优秀图书出版基金
联合资助

教育部人文社会科学百所重点研究基地
新疆大学兰州大学西北少数民族研究中心
学术著作丛书

# شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار

غەيرەتجان
ئوسمان
海热提江·乌思曼

زارىف دولاتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلدى

تۈزگۈچىلەر: زارىف دولات، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن،
سەي سەنجىن، شىرىن قۇربان،
ئابدۇرېشىت ئابدۇراھمان،
ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت،
مەۋلۇدبېك، جۇمە قادىر

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غېنى ئابدۇرېھىم

# شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېرىكلار

زارىپ دولاتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلدى

تۈزگۈچىلەر: زارىپ دولات، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، سەي سەنجىن، شېرىن قۇربان، ئابدۇرېشىت ئابدۇراھمان، ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت، مەۋلۇدبېك، جۇمە قادىر

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى ئارقىلىق تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 19.5
2002 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2002 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 3000

ISBN 7 — 5631 — 1491 — 2/G · 868
باھاسى: 26.50 يۈەن

# كىرىش سۆز

«شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخى» ناملىق بىر ئەسەر خېلى بۇرۇنلا يېزىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» دېگەندەك، بۇنداق ئەسەرنىڭ ئىشلىنىشىمۇ ئۇنچە ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، بىز مۇشۇ ساھەدە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلاردىن كۈچ تەشكىللەپ، مۇشۇ تېمىنى تەتقىق قىلىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتۇق ھەم ئۇنى مەملىكەتلىك پەلسەپە ـ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات تېمىسى قىلىپ يوللىدۇق. تېما تەستىقلىنىپ پىلانغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى لايىھىمىز بويىچە ھەرقايسى مىللەت ئالىملىرىدىن تەشكىللەنگەن يېزىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتۇق. مەزكۇر تېمىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ۋە تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇللۇقىنى پروفېسسور زارىف دولات ئۈستىگە ئالدى.

تەتقىقات جەريانىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا بىرقانچە قېتىم ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق ھەم بېيجىڭدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەردىن ماتېرىيال توپلاپ، ئىمكانىيىتىمىزنىڭ يەتكىنىچە ئىش كۆردۇق. بۇ كىتاب شىنجاڭدىكى ھەممە ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ۋە بارلىق ۋەكىللىك شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمىدى. شۇڭا، بىز ئەمەلىي ئەھۋالنى چىقىش قىلغان ھالدا، كىتابنىڭ نامىنى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخى» دەپ ئەمەس، بەلكى «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار» دەپ قويۇپ، كېيىنكى تەتقىقاتلار بىلەن بۇ كىتابنىڭ

تېخىمۇ تولۇقلىنىشىغا ئىمكانىيەت قالدۇردۇق. ئەلۋەتتە، مۇكەممەل ئەسەرنىڭ يوق بولغىنىغا قارىغاندا، نۇقسانى بولسىمۇ مۇشۇنداق بىر ئەسەرنىڭ بار بولغىنى ياخشى دېگەن ئۈمىد بىلەن بۇ كىتابنى تەقدىم قىلدۇق.

گەرچە هازىرغا قەدەر بۇ ساھەدە مۇنداق سىستېمىلىقراق مەخسۇس ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ تۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق، مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا مۇشۇ ساھە بويىچىمۇ خېلى كۆپ ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلدى. بۇمۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجە. بىز ئاشۇ تارقاق نەتىجىلەرنى جەملەپ توپلام قىلىپ، بىرقەدەر سىستېمىلىقراق تەرتىپتە كىتاب ئىشلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ مۇشۇ كىتابنى ئىشلەشكە كىرىشكەندۇق. مانا ئاخىر بىرنەچچە يىللىق جاپالىق مېھنەتنىڭ نەتىجىسى چىقىپ، كىتابىمىز كەڭ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

كىتابتا ئاساسەن ئىككى تەرەپنى ئاساس قىلىپ بايان قىلدۇق. بىرى، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىكى ۋەقە، شەخسلەر ۋە ئەسەرلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ باردۇق. يەنە بىرى، گەرچە شىنجاڭدا ياشىمىغان بولسىمۇ، تارىختا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زورراق تەسىر كۆرسەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ھەم ئۇلارنىڭ تەسىرى ئۈستىدە توختالدۇق. دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسىنى باھالاپ بېكىتىش يىغىنىدا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەر قىممەتلىك تەكلىپ پىكىرلىرىنى بەردى ھەم ئەسەرنى مۇئەييەنلەشتۈردى. يىغىندىن كېيىن بىز شۇ تەكلىپ پىكىرلەر ئاساسىدا پۈتۈن ئەسەرنى باشتىن ـ ئاخىر يەنە بىر قېتىم تۈزىتىپ چىقتۇق.

كىتابنىڭ مۇقەددىمە ۋە VI، VII بابلىرىنى زارىف دولات؛ I، II، IV، XVII، XVIII بابلىرىنى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن؛ VIII بابىنى سەي سەنجىن؛ X، XI، XVI بابلىرىنى شىرىن قۇربان؛ V، IX، XII بابلىرىنى ئابدۇرېشىت ئابدۇراھمان؛ III، XIII، XIV، XV، XIX، XX بابلىرىنى ھۆرمەتجان ئابدۇراھمان فىكرەت؛ XXI بابىنى مەۋلۇدبېك؛ XXII بابىنى جۇمە قادىر يازدى.

پروفېسسور زارىف دولات تەتقىقات تېمىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشى ئۈچۈن باشتىن - ئاخىر ئۆزى يېتەكچىلىك قىلدى ۋە كىتابنى ئاخىرقى قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئىشىنى ئىشلىدى. ھۆرمەتجان ئابدۇرەھمان فىكرەت ئۆزى ئۈستىگە ئالغان مەزمۇنلارنى يېزىش ۋەزىپىسىنى تۈگەتكەندىن باشقا، يەنە دەسلەپكى تەھرىرلىكىنى ئىشلىدى، دەسلەپكى تەتقىقات نەتىجىسىنى باستۇرۇش، سېلىشتۇرۇش ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى. ئابدۇرېشىت ئابدۇراھمان بىلەن شىرىن قۇربانمۇ ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان تېمىلارنى يېزىشتىن باشقا، كىتابنىڭ ئورىگىناللىرىنى رەتلەش، سېلىشتۇرۇش ئىشلىرىنى ۋە باشقا تېخنىكىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

بۇ كىتابنى ئىشلەش جەريانىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى رەھبەرلىكىنىڭ، ئىلمىي تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتى تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ ھەم مۇناسىۋەتلىك ئالىم - مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قىزغىن قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئېرىشتۇق، بۇ يەردە ئۇلارغا ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى مۇرەككەپ ھەم چوڭ تېما. ئۇنى بىرەر ئىلمىي ئەسەر بىلەنلا ۋايىغا يەتكۈزگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت قىس، سەۋىيىمىزمۇ چەكلىك بولغانلىقتىن،

كىتابتا نۇرغۇن نۇقسانلارنىڭ، خاتالىقلارنىڭ بولۇشى تەبىئىي. پەلسەپە ئەھلى ۋە كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي ۋە تۈزىتىشىش، تولۇقلاش پىكىرلىرىنى ئاڭلاشقا ۋە قوبۇل قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارمىز.

تەتقىقات گۇرۇپپىسى
1997 ـ يىل 6 ـ ئاي

www.uyghurkitap.com

مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 1
I باب ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلار ........................ 1
1. ئانىمىزم ........................................ 1
2. توتېم ئېتىقادى ........................................ 5
3. ئەجدادلار روھىغا سېغىنىش ........................ 7
4. شامان دىنى ........................................ 11
5. زەردۇشت دىنى ........................................ 16
6. مانى دىنى ئېتىقادى ........................................ 24
7. قەدىمكى تۆت تادۇ (تۆت زات) قارىشى ...... 30
II باب شىنجاڭدا بۇددىزم مەدەنىيىتى ........................ 37
1. بۇددىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ........................................ 37
2. شىنجاڭدا بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ........................................ 43
3. كومىراجىۋا ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو بۇددىزم مەدەنىيىتىدىكى ئورنى ........................ 49
III باب شىنجاڭدا ئىسلام مەدەنىيىتى ........................ 61
1. ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئاساسىي دىنىي ئەقىدىلىرى ........................................ 61
2. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتى ........................................ 69
IV باب فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ...... 79

www.uyghurkitap.com

1. فارابىنىڭ ھاياتى پائالىيىتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى ........................ 79
2. فارابىنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ۋە بىلىش نەزەرىيىسى ........................ 83
3. فارابىنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى ........... 91
4. فارابىنىڭ ئىلىم - پەن تۈھپىلىرى ........... 96
V باب ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ........................ 101
1. ئىبىن سىنا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى ...... 101
2. ئىبىن سىنانىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ...... 105
VI باب ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ........................ 112
VII باب مۇھەممەد خارەزمى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ........................ 138
VIII باب يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ........................ 150
1. ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ............... 151
2. دۇنيا قارىشى ........................ 156
3. ئىجتىمائىي قاراشلىرى ........................ 166
4. كىشىلىك تۇرمۇش قائىدىلىرى ............... 177
5. ئەخلاق قارىشى ........................ 186
6. بىلىم قارىشى ........................ 199
7. تەپەككۇر ئۇسۇلى ........................ 209
IX باب مەھمۇد قەشقەرى ھەم ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ........................ 227
1. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى ... 227
2. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ قىسقىچە

مەزمۇنى ........................ 233

3. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر ........................ 240

4. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاق قاراشلىرى ........................ 244

5. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىلىم - پەن توغرىسىدىكى قاراشلار ........................ 247

6. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى سىياسىي - ئىجتىمائىي قاراشلار ........................ 248

**X باب فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ «شاھنامە» سىدىكى پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي قاراشلار** ......... 253

1. فىردەۋسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ......... 253

2. «شاھنامە» نىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ........................ 256

3. «شاھنامە» نىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇرەككەپ جەريانلار ........................ 259

4. «شاھنامە» نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى ......... 262

5. «شاھنامە» نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قىسقىچە ۋەقەلىكى ........................ 264

6. «شاھنامە» نىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى مەزمۇنى ... 266

7. «شاھنامە» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ...... 269

8. «شاھنامە» نىڭ دۇنياۋى ئابرۇيى ۋە تەسىرى ........................ 273

9. «شاھنامە» نىڭ چەكلىملىكى .............. 275

**XI باب ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى** ........................ 278

1. شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ...... 278

2. ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ...... 281

ئۇيغۇر كىتاب تورى
uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

3. ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ··· 289
4. ھەييام رۇبائىيلىرى تەتقىقاتچىلىقى·········· 294
XII باب ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي قاراشلىرى ························· 298
1. ئەھمەد يۈكنەكنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ··· 298
2. ئەھمەد يۈكنەكنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ······ 301
XIII باب تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ······················· 318
1. تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى ···································· 318
2. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى ······································ 346
XIV باب ئەھمەد يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ـ ئەخلاقىي قاراشلىرى ························· 354
XV باب مەشرەپ، ھۇۋەيدا ۋە سوپى ئاللايارلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي قاراشلىرى········ 368
1. مەشرەپ ······································ 368
2. ھۇۋەيدا ۋە سوپى ئاللايار ··················· 381
XVI باب ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ···································· 395
1. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ شەكىللىنىشى ······ 395
2. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئىلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىغا كىرىشى ···························· 400
3. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ····································· 402
XVII باب ئەلىشىر نەۋائىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ···································· 414
XVIII باب زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى ···································· 439

XIX باب فۇرقەت ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى ...... 453
1. فۇرقەتنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي مىراسلىرى ...... 454
2. فۇرقەتنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى ........... 464
XX باب ئابدۇللا توقاي ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى ................................ 475
XXI باب قازاق مىللىتىنىڭ پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى توغرىسىدا ................... 496
1. قىسقىچە بايان ................................ 496
2. ئىسيانكار شائىر، پەيلاسوپ ئاسان قايغۇ ... 501
3. يېقىنقى زاماندىكى قازاق خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر شائىرى ئاباي قۇنانباي .............. 513
4. ئەسەت نايمانباي ................................ 529
5. ئۆلىما شائىر ئاقتىننىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ... 532
6. ئىنقىلابىي شائىر تاڭجارىق ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ................................ 535
XXII باب قىرغىزلارنىڭ پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى توغرىسىدا ................ 542
1. ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملەردە ۋە ئېتىقادلاردا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر ... 543
2. فولكلور ۋە «ماناس» ئېپوسىدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىلەر ................................ 549
3. يېقىنقى زاماندىكى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر ................................ 578
پايدىلانغان ماتېرىياللار ................................ 590

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «بىر مىللەت پەننىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدە تۇرماقچى بولىدىكەن، بىر مىنۇتمۇ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرسىز قالماسلىقى كېرەك» . . . ، «بۇنداق قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش، چېنىقتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن، بۇرۇنقى پەلسەپىنى ئۆگىنىشتىن ھازىرغا قەدەر تېخى باشقا ۋاستە يوق»① .

ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە، ھەرقايسى مىللەتلەردە ئىپادىلىنىشى ئوخشاش بولمىغان نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىش تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرى ئۈستىدىن چىقىرىلغان يەكۇندىن ئىبارەت. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئىنساننىڭ دۇنيانى بىلىش، جۈملىدىن ئۆزىنى ئۆزى بىلىش تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا يېتىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىلىش تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىزگە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئەلۋەتتە كېرەك، ئەمما «پەننىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىدە» تۇرۇش ئۈچۈن، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر تېخىمۇ كېرەك. بىر مىللەت، بىر خەلقنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخى، مەدەنىيىتى نوقۇل بىر مەنبەدىنلا ئاپىرىدە بولغان ئەمەس، ئۇ شۇ مىللەت نەزەرىيىۋى تەپەككۇرنىڭ ئوخشاش

---

① ف. ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 49 ـ، 52 ـ بەتلەر.

بولمىغان دەۋرلەردىكى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكىللىرىدىن ئىبارەت بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە شۇ مىللەت پەلسەپىۋى ئىدىيىسى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن دۇنياۋى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭمۇ بىر مۇھىم ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ.

خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك: «ھەر بىر خىل ئىدېئولوگىيە — پۈتۈن ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيىسى تەرەققىياتىنىڭ (بۇرمىغا ئوخشاش) چوڭ ھالقىسىدىكى بىر ھالقا»①.

پەلسەپە — دۇنيا قاراش ھەققىدىكى بىلىم، ھەرقانداق بىر نورمال ئادەمنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان دۇنياغا قارىتا مەلۇم دۇنيا قارىشى بولىدۇ. ئەمما، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان پەلسەپە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم دەۋرىنى ئىپادىلەيدىغان نەزەرىيىۋىلەشكەن، سىستېمىلاشقان دۇنيا قاراش.

ماركس: «پەلسەپە دەۋر روھىنىڭ جەۋھىرى» دەيدۇ، پەلسەپە كەڭرەك مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان تەپەككۇرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى بىلىم. پەلسەپىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئالەمنىڭ ئەڭ تۈپ، ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئۇ دۇنيانىڭ ئەسلى مەنبەسى ۋە مەۋجۇتلۇق شەكلى مەسىلىسى؛ دۇنيانى بىلگىلى بولامدۇ - يوق مەسىلىسى؛ تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى؛ ئادەم جىسمانىيىتى بىلەن روھىيىتى مۇناسىۋىتى مەسىلىسى؛ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسى؛ كىشىلەر ئارا ھەر جەھەتلەردىكى مۇناسىۋەتلەر مەسىلىسى ھەمدە توغرا تەپەككۇرنىڭ شەكلى مەسىلىسى قاتارلىق تەرەپلەرگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ قاراشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا

① ۋ. ئى. لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 249 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

يىغىنچاقلىنىپ مەركەزلىشىدىغان نۇقتىسى — دۇنيانىڭ ئەسلى مەنبەسى نىمە؟ يەنى مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇرنىڭ؛ ماددا بىلەن روھنىڭ زادى قايسىسى بىرلەمچى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت، مانا بۇ پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلە دەپ ئاتىلىدۇ.

دېمەك، بىز بىر مۇنتىزىم نەزەرىيىۋى تەپەككۇردىن ئايرىلماسلىقىمىز لازىم ئىكەن، ئۇنى ئۆستۈرۈش، چىنىقتۇرۇشنىڭ بىردىنبىر ۋاستىسى پەلسەپە تارىخىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئىكەن، ئۇنداقتا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە پەلسەپىۋى تەپەككۇر تارىخى بارمۇ - يوق؟ جۈملىدىن، ئۆز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە پەلسەپىۋى ئۇقۇم - كاتېگورىيىلىرى؛ پەلسەپىۋى مەزھەپ - ئېقىملىرى بارمۇ - يوق ھەمدە بۇلاردىن مۇجەسسەملەشكەن پەلسەپىۋى سىستېمىسى بارمۇ - يوق؟ دېگەن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. مانا بۇلار شىنجاڭدىكى مىللەتلەر پەلسەپە تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا جاۋاب بەرمەي، ئەگىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر.

بىزدە بەزىلەر شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخىغا دائىر قولغا چىققۇدەك نامايەندە يوق، بار بولغان تەقدىردىمۇ نۇرغۇن نەرسىلەر بۇددا، ئىسلام ۋەھاكازا دىنىي خۇراپىي قاراشلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن سەمەرسىز مۇرەككەپ داشقايناق. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرىدە بەزى تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز بولسىمۇ، ئەمما مەخسۇس پەلسەپىۋى ئەسەرلەر ۋە ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇزلۇق پەيلاسوپلار يوق، دەيدىغان مۇجمەل ۋە خاتا كۆز قاراشلار مەۋجۇت. مۇنداق قاراشلار بىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىمىزنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى بىر خىل توسالغۇ، كېيىنىپ

ئېيتساق، بۇ تارىخقا قارىتا مىللىي نىگىلىزمىلىق قاراشنىڭ تىپىك ئىپادىسى. ئېتىراپ قىلىمىزكى، بىزدە ئارىستوتېلنىڭ «مېتافىزىكا» سى، گېگېلنىڭ «كىچىك لوگىكا» سىدەك مەخسۇس پەلسەپىۋى ئەسەرلەر يوق. ئەمما بىزنىڭ كۆپ ئەسىرلىك، رەڭمۇرەڭ پارلاق مەدەنىيىتىمىز ۋە بۇ مەدەنىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يوشۇرۇنغان پەلسەپىۋى دۇردانىلىرىمىز بار.

پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، پەلسەپىنىڭ مىللىيلىك، سىنىپىيلىق، پارتىيىۋىلىك قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىدىن تاشقىرى يەنە قاتلاملىق ئالاھىدىلىكىمۇ بار.

قاتلاملىق دېگىنىمىز، پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى باسقۇچلۇق ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئۈزلۈكسىزلىك بىلەن باسقۇچلۇقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تەرەققىياتى تارىخىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئوخشىمايدۇ. ئالايلۇق، ئەڭ ئىپتىدائىي پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشلارنىڭ بىخ سۈرۈشلىرى، پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ شەكىللىنىشى، ئاندىن تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ، پەلسەپىۋى نەزەرىيىنىڭ شەكىللىنىشى، ئاخىرىدا پەلسەپىۋى نەزەرىيە سىستېمىسى يەنى نەزەرىيىۋىلەشكەن، سىستېمىلاشقان دۇنيا قاراش ھەققىدىكى بىلىمنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن ئىبارەت دۇنيانى بىلىش مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن.

بىز بۇ يەردە دەۋاتقان قاتلاملىق ئالاھىدىلىك، تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ باسقۇچلۇق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تەرەققىياتىدا قاتلاملىق پەرقى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت، شۇڭا تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىكى پەرق مەۋجۇت. بۇ ئىنسانىيەتنىڭ

پەلسەپۋى ئىدىيە تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھالقىلىرى، ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، خالاس. بۇ پەرقلەر پەلسەپىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىتلارنىڭ (ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ) تەييارلىنىش دەرىجىسى ۋە پەلسەپۋى ئىدىيە تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان.

دېمەك، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، پەلسەپە تارىخىمىز بارمۇ ـ يوق، دەيدىغان مۇجمەل قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلاپ، مىللەتلىرىمىزنىڭ رەڭمۇرەڭ، باي مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن «دەۋر روھىنىڭ جەۋھەرلىرى» نى تاۋلاپ روياپقا چىقىرىشتىن ئىبارەت.

نۆۋەتتە پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئالىملار مۇنداق ئىككى كاتېگورىيە (يەنى كەڭ مەنىدىكى ئۇقۇم) نى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، كەڭ مەنىدىكى پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى. بۇ ھەرقايسى مەملىكەت، رايون ۋە مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، خۇددى تور تاشلاپ بېلىق سۈزگەنگە ئوخشاش، مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادى، بىر خۇدالىق دىنلار دەۋرى، قەدىمىي مىف ـ ئەپسانە، رىۋايەت، ماقال ـ تەمسىل، ئۆرپ ـ ئادەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەمدە ئاتاقلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرى، تارىخىي ئەسەرلەر، ھۆججەتلەردىن پەلسەپىۋى قاراشلارنى تاللىۋېلىشتىن ئىبارەت. ئىككىنچىسى، تار مەنىدىكى نەزەرىيىۋى پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتى، بۇ مەلۇم مەملىكەت ياكى مىللەتلەرنىڭ (يۇقىرىقىلار ئاساسىدا) بىر قەدەر مۇجەسسەملەشكەن پەلسەپە تارىخىنى مەخسۇس پەيلاسوپلار، پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ئوبيېكت قىلىپ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىپ، بىر سىستېمىغا چۈشۈرۈش، بولمىغاندا بىر ئاساسىي ئېقىمغا، يەنى مەزھەپكە قېلىپلاشتۇرۇش

تەتقىقاتى. بۇ ئەلۋەتتە تېخىمۇ مۇرەككەپ - مۇشكۈل ۋەزىپە بولۇپ، پەلسەپىۋى پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى زامان سەۋىيىسىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەگەر پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىدا يۇقىرىدىكى ئىككى كاتېگورىيە قوبۇل قىلىنسا، بىزنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىمىز ئەلۋەتتە بىرىنچىسىگە ياتىدۇ. ئىككىنچىسىنى كېيىنكى تەتقىقاتقا قالدۇرىمىز.

بىز باي مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز دېگىنىمىزدە، يىغىنچاقلىغان ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى ئاتاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ:

1. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى شەرق مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئىپتىخارلىق ئورۇن ئىگىلىگەن. ئېلىمىز دۇنيا تارىخىدا ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرى ھېسابلانغان تۆت ئەل (جۇڭگو، مىسىر، بابىلۇن، ھىندىستان) نىڭ بىرى. ھازىر مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت، شىنجاڭدىكى ھەر بىر مىللەت جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى. مەملىكىتىمىز پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەرنى قوشقان. نەچچە مىڭ يىللىق پارلاق مەدەنىيەتنى يارىتىشتا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ تۆھپىسى بار. جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيان ئىناق ياشاپ، ھەمكارلىشىپ، ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇپ، تارىختىكى بوران - چاپقۇنلارنى بىرلىكتە بېشىدىن كەچۈرۈپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ پارلاق مەدەنىيەتنى ئورتاق ياراتتى ھەم ئۇنىڭ بۈگۈنكى سەمەرىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولماقتا.

2. تارىختا مەشھۇر بولغان يىپەك يولىدا شىنجاڭنىڭ مۇھىم بىر قاتناش تۈگۈنى بولۇپ قېلىشى، بۇ رايوننى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن قويۇق باردى - كەلدى قىلىپ، مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com

ئالماشتۇرۇشتىن تاشقىرى، يەنە قوشنا ئەللەر بىلەن، ھەتتا يىراق ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شىنجاڭ ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە تايىنىپ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا مەلۇم كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

3. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئانىمىزم، توتېمىزم، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى، زارۇ ئاستىرىزم (ئاتەشپەرەسلىك)، مانىزم، شامانىزم قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنلارغا ئېتىقاد قىلغاندىن تاشقىرى يەنە بۇددا، نىستورىئان (خرىستىئان دىنىنىڭ بىر تارمىقى)، ئىسلامدىن ئىبارەت دۇنياۋى بىر خۇدالىق دىنلارغىمۇ ئېتىقاد قىلغان. بولۇپمۇ بۇددا مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولدى ھەم ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا.

4. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تارىختا كۆپ خىل تىل سىستېمىسى ياكى ئۇنىڭ كۆپ خىل تىل ئائىلىسىدە سۆزلەشكەن. ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەت بەش خىل تىل سىستېمىسى (خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرى سىسىتېمىسى، جەنۇبىي ئاسىيا تىللىرى سىستېمىسى، مالاي ـ پولىنېزىيە تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى ۋە ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى) دا سۆزلىشىدۇ. ئەمدى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر بولسا، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ خىل تىل سىستېمىسى (ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى، خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى، ھىندى ـ ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى) نى قوللىنىدۇ.

5. يېزىق جەھەتتىن ئالغاندا، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىختا قوللانغان ۋە ھازىرمۇ قوللىنىۋاتقان يېزىقلىرىمۇ كۆپ خىللىق مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈردى.

مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ 22 خىل يېزىقتا يېزىلغان كلاسسىك ئەسەرلىرى ياكى يازما ھۆججەتلىرى تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، تەتقىق قىلىنماقتا. مەسىلەن، قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، براخما يېزىقى، سانسكرىت (ئەنەتكەك) يېزىقى، قارۇشتى يېزىقى، قەدىمكى زاڭزۇ (تىبەت) يېزىقى، ئورخۇن - يېنسەي (تۈرك) يېزىقى، ئۇدۇن (قەدىمكى خوتەن) يېزىقى، كۇسەن (قەدىمكى كۇچا) يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قىتان (قارا قىتان) يېزىقى، ئۇيغۇر - موڭغۇل يېزىقى، جۇرجىت يېزىقى، تاڭغۇت يېزىقى، موڭغۇلچە مانجۇ يېزىقى، چاغاتاي يېزىقى (ھەم ئۇنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى)، مانجۇچە شىبە يېزىقى، رۇس (سلاۋيان) يېزىقى قاتارلىقلار. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يېزىقلاردىن 16 سىنى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىختا قوللانغانىكەن. نېمىس ئالىمى ئا. ۋ. لېكوك ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە، «قەدىمكى شىنجاڭدا 17 خىل تىل، 24 تۈرلۈك يېزىق» قوللىنىلغان دەيدۇ. بۇ يېزىقلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئاللىقاچان ئىستېمالدىن قالغان بولسا، بەزىلىرى ئىسلاھ قىلىش، بېيىتىش ئارقىلىق ھازىرغىچە قوللىنىلماقتا.

6. ئازادلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ئۈستىدە كەڭ كۆلەملىك ئىجتىمائىي تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلدى. شۇنىڭدەك مەركەز ھەم يەرلىك ئورۇنلارنىڭ تەشكىللىشى بىلەن رايونىمىزدا بىر قاتار ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. يەنە مەركەز ياكى يەرلىك ئورۇنلاردا بىر قاتار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى ئىلمىي تەتقىقات تىمىلىرى ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەم ئۇلاردىن خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر بارلىققا

كەلدى. بۇلاردىن تاشقىرى، رايونىمىزدا بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى مەدەنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر قوشۇن شەكىللەندى ھەم ئۇلار مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى.

7. شىنجاڭدا دۇنياغا مەشھۇر «مىڭ ئۆي» (كۇچا، تۇرپان) لەر، شۇنداقلا تىيانشان، ئالتاي تاغ تىزمىلىرىدا ساناقسىز قىيا تاش رەسىملىرى بار. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلىرىمىزمۇ تېخى گۈدەك ھالەتتە تۇرماقتا. بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ: «مىڭ ئۆي» بۇددا رەسىملىرىدىكى رەڭمۇرەڭ بوياقلار گەرچە مىڭ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، گويا تۈنۈگۈن سىزىلغاندەك يېڭىچە نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. بۇ بوياقلار نەدىن كەلدى؟ قىيا تاشلاردىكى رەسىملەر ئوچۇق دالىدا مىڭلارچە يىللار داۋامىدا يامغۇر، بوران ــ چاپقۇنلاردا تۇرۇپ نېمىشقا يەنىلا ئۆز ئىزنالىرىنى يوقاتمايدۇ؟ مېنىڭچە، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بۇنىڭدىن مىڭلارچە يىللار مۇقەددەم ھەر خىل مىنېراللارنىڭ تەركىبىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەلۇم تەركىبلىرىنى خىمىيىۋى ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈپ، ئۆچمەس بوياقلارنى ئىجاد قىلىشتەك، قاتتىق قىيا تاشلارنى كېسىپ ــ ئويالايدىغان ئەلا سۈپەتلىك مېتال ئەسۋابلارنى ئىجاد قىلىشتەك ھۈنەر ــ سەنئەتنى ئىگىلىگەن.

8. غەربىي يۇرت ۋە پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردىن ئېرىشكەن ماددىي يادىكارلىقلارنى كۆپ پەنلەر بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش زۆرۈر. بۇنىڭدىن ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىغا دائىر نۇرغۇن يەكۈن ياكى ئىلمىي قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

9. شىنجاڭنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپ تاكى يېقىنقى زامانغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىيات دەۋرلىرى (كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى،



www.uyghurkitap.com

يېڭى تاش قوراللار دەۋرى، مېتال قوراللار دەۋرى ۋە كېيىنكى دەۋرلەر) نى تەتقىق قىلىش لازىم. بىزگە مەلۇم، ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت كاتېگورىيىسى ئىچىدە مۇئەييەن ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى نېگىزلىك ھەم ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تارىخىي ماتېرىيالىزمدىكى پرىنسىپال مەسىلە، شۇڭا بۇ مەسىلىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ.

10. ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەرقايسى دەۋرلەردە ئېتىقاد قىلغان دىنلار (ئىپتىدائىي دىنلاردىن تارتىپ ھازىرقى دۇنياۋى دىنلارغىچە) نىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش لازىم. دىنىي تەسەۋۋۇر، دىنىي ئېتىقاد، دىنىي مۇراسىم، دىنىي ئەقىدىلەر (يازما ياكى يېزىقسىز) ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر ھەمراھى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئېنگېلس: دىنىي تەلىماتلارمۇ بىر خىل دۇنيا قاراش، ئەمما ئۇ بۇرمىلانغان، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان دۇنيا قاراش، دەپ كۆرسەتكەن. دىنىي قاراشلارنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر پۈتۈن تەپەككۇر تەرەققىياتى جەريانىدىن ساقىت قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭدىكى «بۇرمىلانغان» ، «ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنغان» ماھىيەتنى پەرق ئېتەلىسەكلا، ئۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس، سىرلىقمۇ ئەمەس.

11. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، رايونىمىزدا كەڭ كۆلەمدە قەدىمىي ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ، مول تارىخىي يازما مىراسلار توپلاندى. بۇ ماتېرىياللار ناھايىتى كەڭ دائىرىلەرنى، مەسىلەن، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي، پەن - تېخنىكا، پەلسەپە، مىللىي تېبابەتچىلىك، ھۈنەر - سەنئەت،

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىيات (يازما ۋە ئاغزاكى)، گۈزەل سەنئەت، دىنشۇناسلىق، تەرجىمىشۇناسلىق، ئەخلاقشۇناسلىق (ئېتىكا)، ئېستېتىكا، تىلشۇناسلىق، يېزىقشۇناسلىق، چارۋىچىلىق ـ دېھقانچىلىق تېخنىكىسى، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، سېھىرگەرلىك، ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، مۇزىكا ـ مۇقامشۇناسلىق (مۇزىكا ئەسۋابشۇناسلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قاتارلىق سان ـ ساناقسىز ساھە ۋە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىدىكى يازما (بەزىلىرى دەسلەپ ئاغزاكى، كېيىن يازما شەكىل ئالغان) مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن دەسلەپكى تەتقىقاتلىرىمىز نەتىجىسىدە ئېلان قىلىنغان بىر قاتار مەشھۇر كلاسسىك ئەسەرلەر رايونىمىز دائىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى مەملىكەت بويىچە، ھەتتا بەزىلىرى دۇنيا مىقياسىدا شۆھرەت قازاندى. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «ماناس» ئېپوسى، «جاڭغىر» داستانى، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئاۋېستا»، «مايترى سىمىت» قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، قەدىمدىن داۋاملىشىپ كەلگەن قەھرىمانلىق داستانلىرىدىن «ئوغۇزنامە»، «ئالىپ ئەرتوڭا»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «دەدە قورقۇت»، «مۇز تاغ ئاتا»، «بوركۇت نەي» قاتارلىقلار ھەممىدە ھەر مىللەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى سانسىزلىغان ئەپسانە، چۆچەك، رىۋايەتلەر، ماقال ـ تەمسىللەرمۇ بىزنىڭ تەتقىقاتلىرىمىزنى ئوزۇقلاندۇرىدىغان بىباھا گۆھەر خەزىنىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

12. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنى — شىنجاڭدا ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملىشىپ ۋە تېز تەرەققىي قىلىپ كەلگەن مىللىي (ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق قاتارلىق) تېبابەتچىلىك ئىلمىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە قىسمى، ئىلمىي تەشخىس (كېسەللىكنى دىئاگنوز قويۇپ ئېنىقلاش) قىسمى، ئەمەلىي داۋالاش ۋە دورىگەرلىك قىسىملىرىغا نەزەر سالساق، باي ماتېرىيالىستىك ئامىللار ھەم

دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

دەرۋەقە، پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخى مۇنچىۋالا باي ۋە مۇرەككەپ ساھەلەر ھەم كونكرېت تارماقلارنىڭ ھەممىسىنى تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئۇ پەقەت پۈتۈن مەنىۋى مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، يەنى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر تارىخىنى ماركسىزملىق پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يەكۈنلەش ۋەزىپىسىنىلا ئورۇندىيالايدۇ.

بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنىڭ مەقسىتى، ئەھمىيىتى، ئوبيېكتى، دائىرىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، توغرا ئىلمىي مېتودولوگىيە قوللىنىشىمىزمۇ بىر پرىنسىپال مەسىلە. بۇ مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ھەقىقەت سالمىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسىي شەرتىدۇر. بۇ ئالدى بىلەن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم مېتودىدۇر. بۇنى ھەر بىر كونكرېت تەتقىقاتتا ئىزچىللاشتۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىمىز. توغرا ئىلمىي مېتودولوگىيىنى كونكرېتلاشتۇرغاندا، ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، «كۆزىتىشنىڭ ئوبيېكتىپلىقى» (لېنىن) غا دىققەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ بىزدىن ئالدىن رامكا بەلگىلىۋالماي، ئىشەنچلىك پاكىتلارنى، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشنى، شەيئىلەرنى، تارىخنى ئەسلىدىكى قىياپىتى بويىچە، قىلچە بۇرمىلىماي ئەكس ئەتتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. تارىخنىڭ دىئالېكتىكىسى رەھىمسىز. تارىخ — خۇشى ئېيتقاندەك: «قانداق پەردازلاپ ياسساڭ شۇنىڭغا كۆنۈپ تۇرۇۋېرىدىغان، تولىمۇ ئىتائەتمەن قىز» ئەمەس، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى جازالىماي قالمايدۇ.

مانا مۇشۇنداق توغرا مېتودولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە،

www.uyghurkitap.com

مول ماتېرىياللار ئۈستىدە جاپالىق ئىشلەپ، چوڭقۇرلاپ تەھلىل، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق شاكىلىنى تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، ساختىسىنى تاشلاپ، چىنىنى ساقلاپ قېلىپ، مەنتىققە ئۇيغۇن خۇلاسە چىقارغاندا، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىش ساھەسىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى، بىر مۇنچە مەخسۇس نادىر ئەسەرلەر ۋە نۇرغۇنلىغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ماقالىلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇندىغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# I باب ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلار

## 1. ئانىمىزم

شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخى ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇر بىخلىرىنى ئۆزىگە مۇقەددىمە قىلغان، بۇ مىللەتتىن ئىبارەت ئېتنىك كاتېگورىيە تېخى شەكىللەنمىگەن تولىمۇ قەدىمكى زامانلاردىكى ئومۇمىي ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىي ئاڭ ھادىسىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھازىرقى شىنجاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇزاق داۋام قىلغان ئىپتىدائىي جامائە تۇرمۇشى شەكلىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇلار تاغ ـ جىلغا مەدەنىيىتى، يايلاق مەدەنىيىتى، بوستان مەدەنىيىتى تىپىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۇنيانى بىلىش، ئىزاھلاش ۋە ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ كېيىنكىلىرى ئالدىنقىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان ئىزچىل ئېقىمىنى شەكىللەندۇرگەن، بۇنداق پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ دەسلەپكى بىر قەدەر روشەن شەكلى ئانىمىزم قاراشلىرىدىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىرەر شەخسنىڭ ئەمەس، بەلكى ئىنسان تۇركۇمىنىڭ دۇنيانىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، بىر قەدەر سىستېمىلاشقان مۇئەييەن ھۆكۈم ياكى تەسەۋۋۇر خاراكتېرىدىكى قاراشلىرى بولۇپ، ئۇ مۇجەسسەملىك

ۋە نوپۇزلۇق خاسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى بىلەن باشقا جۇزئىي تەپەككۇر تۇرلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مۇنداق مۇجەسسەملىك ۋە نوپۇزلۇق خاسىيەتكە ئىگە بولغان پەلسەپىۋى تەپەككۇر شەكلى ئىپتىدائىي ئىنسان تۇركۇمىنىڭ دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىدىن ئۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئىنتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئابستراكت ئومۇملاشتۇرۇش تىپىدىكى تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ روياپقا چىققانلىقىنى دەلىللەيدۇ.

گەرچە، ئانىمىزملىق ئالەم قاراشلىرى تولىمۇ ئۇزاق داۋام قىلغان، ئىپتىدائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا بىر - بىرىدىن مۇئەييەن ئالاھىدىلىككە ئىگە پەلسەپىۋى تەپەككۇر شەكلىدە داۋاملاشقان ۋە كېيىنكى شامان دىنى ئېتىقادى، ئوتقا، قۇياشقا سىغىنىش دەۋرلىرىدىمۇ ئۆز تەسىرىنى ساقلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك بەلگىسى — دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر، بولۇپمۇ ئىپتىدائىي ئىنسان ئۇچۇن قۇدرەتلىك ھېسابلانغان شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدە، كەينىدە، ئۈستىدە شۇ شەيئىنى باشقۇرغۇچى تەڭرى - مۇئەككەللەر بولىدۇ، دېگەن قاراش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. ئىپتىدائىي ئىنسان مۇز دەۋرى ۋە كونا تاش قوراللار دەۋرىدە تاغ - جىلغا، دەريا - كۆل ساھىللىرىدا ياشىغان، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە ئۇزاق داۋام قىلغان ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى مۇھىتىدا ئومۇمەن تاغ - جىلغا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈردى. تاغ - جىلغىلار ھەر خىل ئۆسۈملۈك، ھايۋانلار بىلەن تولغان، قىسقا مۇساپىلىق قاتناشقا قولايلىق، ئاجايىپ ھايات بەخش ۋە سېھىرلىك «ئالەم» ھېسابلانغاندى. ئىپتىدائىي ئىنسان دەسلەپتە چاقما - يارما تاش قوراللار، ئوت، ئوقيا، ئىتنى كۆندۈرۈش، دەسلەپكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسى، نەسىل كۆپەيتىشكە بولغان مۇقەددەس تەلپۈنۈش، كۆپ نىكاھلىق (پولوگامىيە)، غار - ئۆڭكۈر، قىيا - تاش رەسىملىرى، ئىپتىدائىي مۇراسىم، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىنى مانا

مۇشۇ تاغ ـ جىلغىنى ماكان قىلغان ئالاھىدە «ئالەم» سەھنىسىدە ئىختىرا قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى تىپى — تاغ ـ جىلغا مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. نىسپىي مەنىدە، تاغ ـ جىلغا مەدەنىيىتىنىڭ روھىنى ئانىمىزملىق ئالەم قاراشلىرىنىڭ ئۇلى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى دېيىش مۇمكىن. ئانىمىزملىق دۇنيا قاراشقا ئاساس سالغان نەرسە، ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ تەبىئەتنى كۆرۈپ تۇرۇپ، تەبىئەتتىن ئۈستۈن بولغان بىر ئىلاھىي كۈچنى تەسەۋۋۇر قىلغانلىقى، كۆرگىلى بولىدىغان دۇنيانىڭ سىرى كۆرگىلى بولمايدىغان دۇنيادا دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانلىقى بولۇپ، نەتىجىدە قۇياش، يۇلتۇزلار، ئوت ۋە يورۇقلۇق مۇئەككەللىرى، سۇ، يامغۇر، ئېقىن، دېڭىز ـ دەريالار مۇئەككەللىرى، جەڭ، غەلىبە مۇئەككەللىرى، يەر ـ زېمىن، ھوسۇل، بايلىق مۇئەككەللىرى، تۇغۇت ۋە بالىلار مۇئەككەللىرى، سالامەتلىك، ئۆمۈر ـ رىسىق مۇئەككەللىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ خىل تەڭرى ـ مۇئەككەللەر ئۆزئارا قوشۇلۇپ ـ ئالمىشىپ، مەنىۋى تەسەۋۋۇرنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ قاتلىمىنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە يارىتىلىش ھەققىدە، قايتا تىرىلىش ھەققىدە تېخىمۇ كەڭ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان بولدى. ھەتتا مەلۇم بىر قەبىلە ئۆزىنى لاچىندىن كېلىپ چىققان دەپ تەسەۋۋۇر قىلسا، بەزىلىرى بۇغىدىن، تاغ ئۆچكىسىدىن، بۆرىدىن كېلىپ چىققان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشتى.

شىنجاڭ خەلقلىرىنىڭ ئانىمىزملىق قاراشلىرى شىنجاڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا روشەن ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. ئانىمىزملىق قاراشلار ماھىيەتتە كونكرېت سىغىنىش (فىشتىزم) ئىدېئولوگىيىسى ئىدى. ئۇ ئىپتىدائىي ئىنسان ھاياتىدا ھەممىدىن كۆپرەك تەبىئەت ئىلاھچىلىقى شەكلىدە راۋاجلاندۇرۇلدى.

تەبىئەت ئىلاھچىلىقى — تەبىئەتنى ئىلاھىي كۈچ دەپ قاراش

ۋە تەبىئەتتە سىھىرلىك كۆرۈنگەن كۈچ ۋە شەيئىلەرگە چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، شىنجاڭدىكى قەدىمكى خەلقلەر ھاياتىدا پانتېئىستىك دۇنيا قاراشنىڭ ئۇندۇرمىسىنى ھازىرلىدى. ئالەمنى ھەم تەبىئەت، ھەم ئىلاھىيەت دەپ قارايدىغان، گاھىدا ئىلاھىيەتنى تەبىئەتكە، گاھىدا تەبىئەتنى ئىلاھىيەتكە سىڭدۈرۈپ ئىزاھلايدىغان پانتېئىستىك دۇنيا قاراش شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئالەم قاراشلىرىنىڭ ئەڭ كۆپ چېلىقىدىغان تەپەككۇر شەكلى بولۇپ، غايەت زور ئىزچىللىق ۋە ئەنئەنىلىك ھاسىل قىلدى.

بىز ئىچكى موڭغۇل چۆللۈكىدىكى چوغاي تاغ تىزمىلىرىدىن، پەرغانە ۋادىسىدىكى سايمالتاش قىيالىرىدىن، قازاقىستاننىڭ تامغالىق دەپ نام ئالغان قىيا رەسىملىرىدىن قۇياشقا چوقۇنۇۋاتقان، توپلىشىپ قۇياشنى چۆرىدەپ مۇراسىم ئۇسسۇللىرى ئويناۋاتقان ئادەم ئوبرازىنى، بۇقا ئۈستىگە چىقىۋاتقان قۇياش ئىلاھى ئوبرازىنى، قۇياش ئىلاھىنىڭ قوي ـ ئۆچكە تولغان ياپلاقتا نۇر ۋە ھارارەت تارقىتىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرىمىز.

بىز قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ «ئاۋېستا» دا ساقلىنىپ قالغان بىر قاتار ئېپتىدائىي دىنىي قاراشلىرىدىن، قەدىمكى ماۋارەئۇننەھرلىكلەرنىڭ قۇياش ئىلاھى مىترا، سۇ ئىلاھى خۇباي، جەڭ ئىلاھى مىرىخ توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرىدىن، قەدىمكى تارىم ۋە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ كۆك تەڭرى، كۆك تەڭرى، سۇ ـ يەر تەڭرىسى ئوماي ھەققىدىكى ئېتىقادلىرىدىن بۇ خىل ئانىمىزمنىڭ راۋاجلانغان مەنزىرىسىنى قىياس قىلالايمىز. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئانىمىزملىق دۇنيا قاراش شىنجاڭ خەلقلىرى ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، ھېكايە ـ چۆچەكلىرى، شامان، بۇددا، ئاتەشپەرەسلىك، ھەتتا ئىسلام ئېتىقادىغا ئۆزىنىڭ شولىسىنى چۈشۈرمەي قويمىدى. ياخشى ـ

يامان، جىن ۋە ئالۋاستىلار توغرىسىدىكى سېھىرلىك قاراش ۋە ئۇنى گەۋدىلەندۈرگۈچى تۇمار، ئوقۇش (ئەفسۇن)، ئەم ـ ئىرىملار ئانىمىزم دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق ساقلىنىپ كەلدى.

ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىدە شىنجاڭدىكى ئىپتىدائىي ئىنسان گۇرۇھىنىڭ ئانىمىزم نەرسە ئېتىقادچىلىقى قاراشلىرىغا قانداشلىق ۋە ئۇرۇقداشلىق چۈشەنچىلىرى قوشۇلدى.

بۇ دەۋردە ئۆزىنىڭ تەبىئەتتىكى ھەرقانداق شەيئىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىكى مەلۇم مەنبەدىن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، بۇ ئانا ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ باشقا بىر ئانا ئۇرۇقى جامائەسىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ۋە ئىپادىلەشكە باشلىدى. بىر ئۇرۇقنى بىر مەنبەدىن ئاپىرىدە بولغان، شۇنىڭدەك بىرەر ئۇرۇقنى بىرەر نەرسىدىن نىجات تاپقان دەپ قاراش، ئۆز مۇھىتى ۋە ئۇرۇقىنىڭ كوللېكتىپ كۈچكە بولغان، ھېرىسلىق، ئىپتىخار سەزگۈسى توتېمىزم قاراشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسىي ئۇلىنى تەشكىل قىلدى.

## 2. توتېم ئېتىقادى

توتېمىزم — باشلانغۇچ جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ئۇرۇقداش قەبىلىلەرنىڭ ئۆزىنى باشقا ئۇرۇقداش قەبىلىلەردىن پەرقلەندۈرۈشتە قوبۇل قىلغان بىرەر ھايۋان، قۇش، دەرەخ قاتارلىق ئالامەت بەلگىسىنى كۆرسىتىدۇ.

توتېمىزملىق قاراشنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى ئىپتىدائىي ئىنسان كوللېكتىپىدا ئۇرۇقداشلىق چۈشەنچىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، ئىپتىدائىي ئىنسان مەدەنىيىتىدە ئېتنولوگىيىلىك



www.uyghurkitap.com

ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

شىنجاڭ خەلقلىرى يېڭى تاش قورال دەۋرى ئاخىرلاشقان ۋە تۇچ قوراللىرى دەۋرىدىن باشلاپ توتېمىزملىق ئالامەتلەرگە باي ئېتنىك مەدەنىيەت يارىتىشتى. ھەرقايسى توتېم ئۇرۇقلىرى بىرەر نەرسىنى، تولا ھاللاردا تۇرمۇشتا ياكى تەسەۋۋۇردا ئۆزلىرىگە يېقىن بولغان مەلۇم بىر ھايۋاننى ئۆز توتېمى قىلىشتى.

توتېم بەلگىلىرى چېدىرلار، قالقانلار، سەندەللەر، زىبۇ ـ زىننەتلەرگە سىزىلاتتى. توتېم قائىدىسى بويىچە بىر ئۇرۇق ئىچىدە بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈش، بىر ـ بىرىگە نىكاھ قىلىش مەنئى قىلىنغان.

ئۇيغۇر ئۇرۇقىغا مەنسۇپ قەبىلىلەرنىڭ بۆرىنى توتېم قىلغانلىقىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىش مۇمكىن. بۆرە توتېمىغا ئائىت ئاشۇ رىۋايەتلەردە ئۇيغۇر قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ قىزى كۆك تەڭرى بىلەن نىكاھلانماقچى بولغىنىدا، كۆك تەڭرىنىڭ كۆك يايلىلىق بۆرە شەكلىدە پەيدا بولغانلىقى، ئۇيغۇر قەبىلە ئاقساقىلىنىڭ جەڭدە يېتىم قالغان ئوغلىنى بۆرە بېقىپ ئۆستۈرگەنلىكى، ئۇيغۇرلار دۈشمەن قورشاۋىدا قالغاندا پەيدا بولغان بۆرە ئۇلارنى تاغ ئۆڭكۈرى ئارقىلىق يېڭى تىنچ ماكانغا ئەگەشتۈرۈپ چىققانلىقى، ئۇيغۇر خاقانى ئوغۇزخاننىڭ كۆك يايلىلىق بۆرىگە ئەگىشىپ تۆت ئەتراپنى ئىستېلا قىلغانلىقى بايان قىلىنغان. كۆپلىگەن قەبرە يادىكارلىقلىرى، زىبۇ ـ زىننەت قۇتىلىرى، خەنجەر دەستىلىرى، كەمەر تاقىلىرى، تاج نەقىشلىرىگە بۆرە بېشى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئوغۇل تۇغۇلسا بۆرە بولدى دەپ ئىپادە قىلىشقان.

توتېمىزم دىنىي ھادىسىلا ئەمەس، ئەڭ ئالدى بىلەن ئىنسان ئېڭىدا ئىپادىلەنگەن ئۇرۇقداشلىق چۈشەنچىسىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ـ ئېتنولوگىيىلىك ھادىسە بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي

ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى، ھۈنەر ـ سەنئەت ۋە ئادەت ـ يوسۇن قاتارلىق مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە ساھەسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. سىمۋوللىزملىق سەنئەت مەلۇم مەنىدە توتېمىزم دەۋرىنىڭ ئىختىراسى ھېسابلىنىشى مۇمكىن.

شۇنى ئېزاھلاش ھاجەتكى، توتېمىزم ھادىسىسى نەرسىگە ئېتىقاد قىلىش شەكلىنى ئالغان تارىخىي ھادىسە. ئۇ گەرچە مەلۇم ئۇرۇقنى مەلۇم نەرسە ياكى ھايۋان ئالامىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولسىمۇ، مەلۇم ئۇرۇقنىڭ، ئۇرۇقلار تۈركۈملىرىنىڭ باي، رەڭگارەڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە غەيرىي تەسەۋۋۇرىنى بىرلا ھايۋان ئالامىتىگە مەركەزلەشتۈرۈۋالغان قاتمال ۋە مۇتلەق ھادىسە بولغان ئەمەس. بۇ نۇقتا روشەنلەشتۈرۈلمەيدىكەن، توتېم ھادىسىسى غەيرىي تارىخىي، غەلىتە نەرسىگە ئايلاندۇرۇلغان بولىدۇ.

## 3. ئەجدادلار روھىغا سېغىنىش

ئەجدادلارغا سېغىنىش ۋە قەھرىمانلىق قاراشلىرى ئىپتىدائىي ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئانىمىزملىق ۋە تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئاساسىدىكى تەبىئەت نۇقتا قىلىنغان ئالەم قاراشلىرىدا، ئۆز تارىخىدا ياكى باشقا ئۇرۇقلار تارىخىدا ئۆتكەن، تەسەۋۋۇر تۇقۇلمىسى بويىچە گۈزەللەشتۈرۈلگەن قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىغا، قەھرىمانلىق سىمۋوللىرىغا بولغان سېغىنىشقا ئۆتۈشنى گەۋدىلەندۈرگەن يەنە بىر خىل تەپەككۇر شەكلىدۇر.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى گەرچە ھازىرقى مەدەنىيەت مەزگىللىگىچە ھەرقايسى ئائىلىلەردە ئالەمدىن ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرى قەبرىسىگە، ئۇلارنىڭ روھلىرىغا ھۆرمەت، نەزىر ـ چىراغ قىلىش شەكلىدە داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما، بىر خىل ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى ئىدېئولوگىيە

سۈپىتىدىكى ئەجداد ئېتىقادچىلىقى ۋە قەھرىمانلىق قاراشلىرى ئەينى زاماندا پۈتكۈل مەدەنىيەت چەمبىرىكىگە ئۇيۇشقان ئىپتىدائىي ئۇرۇق ـ قەبىلە تۈركۈمىنىڭ ئورتاق روھىي تۈۋرۈكى ھېسابلانغان بىرەر ياكى بىر قاتار نوپۇز ئىگىسىگە بولغان ئىلاھىي قەرزدىكى ئېتىقادى شەكلىدە روياپقا چىققانىدى. ئورتاق نوپۇزى مۇتلەقلىق، ئىلاھىي تۈستىكى سىغىنىش ۋە بۇ خىل مۇئەككەللەرنىڭ نام ـ شەرەپلىرىنىڭ بولغانلىقى، ئۇلارنى نەمۇنە قىلغان تۇرمۇش غايىسى — مانا بۇلار ئەجداد ئېتىقادچىلىقى ۋە قەھرىمانلىق قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن تۈپلۈك ئالامەتلەر ئىدى.

ئەجدادلارغا سىغىنىش — توتېم ئېتىقادىغا قارىغاندا ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تەبىئەت ئالىمىدىن جەمئىيەت دەرگاھىغا قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسەتتى. قانداش ـ ئۇرۇقلار نېمىدىن باشلانغان؟ كىمدىن نىجاتلىق تاپقان؟ ئۆتمۈشتە ئۆتكەن بوۋىلار، ئاتىلار روھلىرى قەيەرگە كەتتى؟ بۇ قانداش ـ ئۇرۇقلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان تەپەككۇرىدا ھەل قىلىش لازىم بولغان پەلسەپىۋى خاراكتېرلىك مۇھاكىمە ئىدى. نەتىجىدە، ئاسمان دەرگاھىدا تەڭرى ۋە مۇئەككەللەر ئوبرازلىرىدىن باشقا يەنە ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر ئۇرۇق يېتەكچىلىرى، «ئاتا»، «بوۋا» لار ئەرۋاھلىرىنىڭ ئوبرازى بىللە ساقلىنىدىغان بولدى. تەبىئەت «روھلىرى» بىلەن ئىنسان «روھلىرى» ئوخشاش مۇقەددەسلەشتۈرۈلدى. ئەجدادلار روھىغا سىغىنىش ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىلا روياپقا چىققانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئاياللىق جىنسقا سىغىنىش تۈپەيلى كۆپلىگەن قورچاقلارنى ياسىغان. بۇ خىل ئېتىقاد ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ياراتقان «ئوغۇزنامە»، «چىستانى ئىلىك بەگ»، «ئەفراسىياپ» قاتارلىق لىگېندا ۋە ئېپوسلار ئىلگىرىكى مىترا، ئاناخىتى، خۇبىبى ئىلاھلىرى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەردىن پەرقلىق ھالدا

تەڭرىلەر، مۇئەككەللەر، جىن - ئالۋاستىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىشەلەيدىغان ئىنسان قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە بېغىشلانغانىدى. بەزى مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، شامانىزم دەۋرىدىلا جىن - ئالۋاستىلار بىلەن كۈرەش قىلغان، خەلقنىڭ بېشىغا ئاپەت سالغان ئەجدىھانى يەڭگەن لېگىندا قەھرىمانلىرى بولغان؛ كىشىلەر قەدىمكى ئەجدادلار نامىغا سىنتاش - بالباللار ئورناتقان، بەھەيۋەت قەبرىلەر ياسىغان ۋە ھېكايە - چۆچەكلەر توقۇغان.

ئاتا - بوۋىغا سېغىنىش يالغۇز دىنىي ئېتىقاد مەنىسىدىلا ئەمەس، ئېتنىك ئەنئەنىۋىلىك مەنىسىدە، شۇنىڭدەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا قەھرىمانلىق تېما تېكىستى مەنىسىدىمۇ غايەت زور تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە. فرانسۇز ساياھەتچىسى روبروك قىپچاق قەبىلىلىرى ئارىسىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئۆلارنىڭ يانلىرىغا بۇلغاردىن قاپچۇق ئېسىۋالىدىغان، بۇ قاپچۇققا كىگىزدىن ياكى باشقا نەرسىدىن ياسالغان ئاتا - بوۋىسى ئوبرازىغا بېغىشلانغان قورچاق سېلىنغان، بۇ قورچاقلارنى تاماق ئۈستىدە ئېلىپ، ئاغزىغا گۆش - ماي سۈركەپ قويىدىغانلىقىنى يازغان، مەلۇم بولۇشىچە، قەدىمكى ئەجداد نامىدا ئىمىدگىل، ئاتاتكەي دېگەندەك نام بىلەن ئاتالغان بۇ قورچاقلارنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۆلگەن كىشىنىڭ چېچى تىقىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ جېنى شۇ يەردىن كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىكەن. ئۆلگەن كىشىنىڭ روھى ئۆزىنىڭ ئامراق نەۋرىسى سۆيپىتىدە قايتا ئالەمگە كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ بوۋىسىنىڭ نامىدا بولىدىكەن.

قەھرىمانلىق ئەدەبىياتى ئەپسانە ئەدەبىياتىدىن پەرقلىق ھالدا ئادەمنى پېرسوناژ مەركىزىگە كۆتۈردى. قەھرىمانلىق ئوبرازى ۋە قەھرىمانلىق نوپۇزىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىدىن ئىپتىخارلانغانلىقىنى نامايەندە قىلدى.

شىنجاڭ خەلقلىرى تىلسىملارنى بۆسۈپ ئۆتكەن، كۆكلەردە پەرۋاز قىلغان، زۇلمەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان خەلق

قەھرىمانلىرى ھەققىدە يۈزلەرچە خەلق ھېكايە - چۆچەكلىرىنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى غايىۋى فانتازىيىلىك تەرىزدە ئىنسانىيەتنىڭ پارلاق كەلگۈسىگە ئىنتىلىشىنى، بۇ يولدا يەنىلا ئىنسانىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ئۈمىد كۈتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسى قەھرىمان ئوغۇزخاننىڭ ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا كۆك يايلىلىق بۆرىگە ئەگىشىپ ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى، ئۇنىڭ سۇ ئىچىدىكى، نۇر ئىچىدىكى ئىلاھە — گۈزەل قىزلار بىلەن نىكاھلىق بولغانلىقى ئۇنىڭ قەبىلە ۋە مەنسەپ شەجەرىسىنى ئىپادىلەپ، قەھرىمانلىق ئەدەبىياتىنىڭ قەدىمكى بىر نەمۇنىسىنى ياراتتى. ئىلاھىيەت كۈچلىرى بىلەن قەھرىمانلىق كۈچلىرى بىللە تەسۋىرلەنگەن، قەھرىمان مەركىزىي پېرسوناژ قىلىنغان مۇنداق ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر نەمۇنىسى «چىستانى ئىلىك بەگ» داستانىدىن ئىبارەت. بۇ داستاندا ئىپتىدائىي بوستان مەملىكەتلىرىدىن بىرىنىڭ بېگى ئىلىكبەگنىڭ شەھەر ئاھالىسىگە ۋابا ئاپىتى كەلتۈرگەن جىن - ئالۋاستىلارغا قارشى كۈرەش قىلغانلىقى، ئاخىر ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۆز خەلقىنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. دىۋىلەر - ئالۋاستىلار بىلەن جەڭ قىلىدىغان كۆپلىگەن ھېكايىلەردەك بۇ داستاندا ئادەم بىلەن جىن - ئالۋاستىلار كۈرىشى ئارقىلىق ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن، ئىنساننىڭ تەبىئەت كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، مۇنداق قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى خەلق چۆچەكلىرىگە سىڭىپ، كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ تەسىرىدە قايتا قۇراشتۇرۇلۇپ، خەلق ئەدەبىياتىنىڭ خەزىنىسىنى بېيىتتى.

مەركىزىي قەھرىمانلىق كۆز قاراشلىرى يالغۇز تارىخىي قەھرىمانلارنى ئەزىزلەش بىلەن چەكلەنمىگەن، بەلكى غايىۋى تۈس ئېلىپ، گۈزەل كەلگۈسى توغرىسىدىكى ئۇتوپىك

www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئۆزىكىنى تەشكىل قىلغان. سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ چەكلىمىسى ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ مۇشەققەتلىك بولۇشى تۈپەيلى، قەھرىمانلىق ئىدىيىلىرى ئوتوپىزم ئىدىيىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى. قەھرىمان بارغانسېرى رېئال سۈپەتلىرىدىن كۆرە ئىدېئال سۈپەتلەر بىلەن زىننەتلىنىشكە باشلىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن قەھرىمانلاردىن «تۇمارىس»، «ئەفراسىياپ» ئەنە شۇلارنىڭ نەمۇنىلىرىدىن بولدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق قامۇس ئەسىرىدە «ئەفراسىياپ» (ئالىپ ئەرتوڭا) لېگىندىسىدىن ئۈزۈندىلەر كۆرسىتىلگەن بولۇپ، ساپ خەلق قوشاقلىرى شەكلىدىكى يىگانە مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتىكى يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ بىرى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىن ئىبارەت.

ئەفراسىياپ لېگىندىسى قەھرىمانلىق ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر ئۆلگىسى بولۇش بىلەن بىللە، ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى غايىۋى خاقان ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئوتوپىك ئىدىيىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. مۇنداق ئوتوپىك پادىشاھ ۋە ئوتوپىك دۆلەت ئىدىيىسى داۋاملىق راۋاجلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقلىرى پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىنىڭ بىر مەزمۇنىنى تەشكىل قىلدى. بىز «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا»، «قۇتادغۇبىلىك»، «سەددى ئىسكەندەر»، «گۈل ۋە نەۋرۇز» ۋە باشقا ئەسەرلەردىن بۇ خىل ئوتوپىك ئىجتىمائىي ئىدىيىنىڭ راۋاجى ۋە خاس ئالامەتلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 4. شامان دىنى

شىنجاڭدىكى تۈركىي تىللىكى، ئۇرال ـ ئالتاي تىللىكى

خەلقلەر ھاياتىدا ھېلىمۇ ئۆز سارقىندىسىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان شامان دىنى ئېتىقادى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ تۇنجى رەسمىي دىنىي ئېتىقادى سۈپىتىدە قەدىمكى ئانىمىزم، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى، ئەجداد ئېتىقادچىلىقى، قەھرىمانلىق قاراشلار ئۇلىدا مەيدانغا كەلدى. ئۇنىۋېرساللىق، ئۇنىڭ خاراكتېرلىك ئالامىتى ئىدى.

شامانىزم ئۆز ئەقىدىلىرىنى «ئىنسان» ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۈچ قەۋەتلىك «دۇنيا» دىن ئىبارەت ئاساسىي سخېما ئۈستىگە ئورناتتى. ئۇ «ئىنسان» مەنپەئىتىنى مەركەز، مەقسەت، ئۆلچەم قىلىپ، «ئىنسان» مەنپەئىتىگە ھامىيلىق قىلىش بويىچە، «ئىنسان» نى قورشاپ تۇرغان «دۇنياۋى قاتلام» لاردىكى ھەر خىل سۈپەتلىك روھىي مۆئەككەللەرنىڭ ئالىيجاناب ئىلاھلار، پەرىشتىلەر ۋە زىيانكەش جىن - ئالۋاستىلار، جۈملىدىن تەمتىرەپ يۈرگەن ئىنسانىي روھ - ئەرۋاھلار بىلەن دىئالوگ ۋە جەڭ، ئىلتىجا پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىش يوللىرى ۋاستىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شامانىزم — بىرقەدەر ساددا، يازما دەستۇرى بولمىغان، ھەرقايسى يىراق - يىراق خەلقلەر ئارىسىدا كۆرۈنەرلىك پەرقلىرى بولغان قەدىمكى دىنىي ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، ئۇ سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇشتىن خېلىلا ئىلگىرى ئۆز ئەقىدىلىرىنى تەكىتلىگەن ۋە سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ يايلاق - بوستان مەدەنىيەت باسقۇچلىرىدا سالماقلىق كۆچكە ئىگە بولغانىدى.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئالەمنى تەبىئەت ۋە جىن - مۆئەككەللەردىن ئىبارەت ئىككى قاتلام بويىچە ئىزاھلاش شامان ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت. شامانىزم ئوتتۇرا ئاسىيا (جۈملىدىن شىمالىي سىبىرىيە) خەلقلىرىنىڭ

ئانمىزملىق قاراشلىرى بويىچە بارلىق جىن ـ مۇئەككەللەرنى ئادەمگە، ئۇرۇق ۋە قەبىلىگە مەنپەئەتلىك ياكى زىيانلىق بولۇشىنى ئۆلچەم قىلىپ ياخشى ـ يامان تۈرلەرگە ئاجراتتى. ئۇلار ئىنساننى ئۆلچەم ۋە مەركەز قىلغان هالدا ئالەمنى ئۈچ قاتلامغا ئاجرىتىپ ئىزاهلاشتى. ئاسمان — تەڭرىلەر، ياخشىلىق، ساخاۋەتلىك مۇئەككەللىرى تۇرىدىغان دەرگاھ بولۇپ، ئۇ سىغىنىش، مەدھىيىلەش، تىلاۋەت ۋە مۇناجات ئوبيېكتى هېسابلىناتتى. يەر يۈزى — ئىنسانىيەت ماكانى بولۇپ، يەر ئاستى — جىن ـ ئالۋاستىلار دۇنياسى هېسابلانغان، ئۇلار قارغىش دۇئايى بەنت، ئەپسۇن ئوبيېكتى بولغان. شامان ئېتىقادىدا ياخشىلىق، ساخاۋەتلىك تەڭرى ـ مۇئەككەللىرى ئىنسان قىياپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. هۆر ـ پەرىلەر ئوبرازىدا يۈزلىگەن گۈزەل ئەپسانىلەر مەيدانغا كەلگەن. جىن ـ ئالۋاستىلار هايات قىياپەتلىك تەسۋىرلەنگەن. يەتتە باشلىق يالماۋۇز، «ئالۋاستى»، «ئالقارسى»، كۆپ باشلىق ئەجدىها ـ يىلان، قورقۇنچلۇق تىكە ساقال ئالۋاستى ئوبرازىدىمۇ كۆپلىگەن هېكايە ـ چۆچەكلەر توقۇلغان.

شامان دىنى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق ئاخىرلاشقاندىن باشلاپ تېخىمۇ تاكامۇللاشتى. قەبىلىچىلىك مۇھىتىدا ئۇ بىر پۈتۈن مەنىۋى سىستېمىغا ئايلاندى. ئۇ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، خانلىق دەۋرلىرىدە ئاساسلىق هۆكۈمران دىنىي ئىدېئولوگىيىگە ئايلاندى. هون، كۆكتۈرك، ئۇيغۇر خانلىقلىرى، قىرغىز، ئۇيسۇن، تۈركەش خانلىقلىرى هۇزۇرىدا شامان باخشىلىرى ئالىم، مۇنەججىم ۋە مەسلىھەتچى بولۇپ، غايەت زور جامائەت ئەربابى رولىنى ئادا قىلىشاتتى. تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، پەرغانىگە يۈرۈش قىلغان خەن سۇلالىسى گېنېرالى لى گۇاڭلى كېيىنكى زاماندا هونلارغا تەسلىم بولغاندا

تەڭرىقۇت ئۇنى يېقىن كۆرگەن. بۇنىڭغا ئىچى تارلىق قىلغان يەنە بىر گېنېرال شامان باخشىسىنى سېتىۋېلىپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئاتىسىنىڭ روھى لى گۇاڭلىنى ئۆز روھىغا قۇربان قىلسۇن دەپ تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسىنى ئېغىر كېسەل قىپتۇ، دېگۈزگەن. نەتىجىدە تەڭرىقۇتنىڭ كېسەل ئانىسىنى پېرە ئويۇنىتىش ئالدىدا لى گۇاڭلى قۇربان قىلىنغان.

شامان دىنى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت مۇھىتىدىكى تۇرمۇشىدا ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىلاھلار، جىن-ئەرۋاھلار نامىلىرىمۇ پەرقلىق بولدى. بۇ شۇ خەلقنىڭ ئىپتىدائىي تەبىئەت ئىلاھچىلىقى دەۋرىدىكى چۈكمە ھاسىل قىلغان مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە باغلىق بولغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، شامانىزمدا بىر تۈپكى ئورتاق ئېتىقاد سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالامەتلىرى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى مۇنداق:

1. ئالەمنى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغاندەك ئۈچ قاتلامغا ئايرىپ، ھەممىنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئىزاھلىغانلىقى؛

2. مەخسۇس ئىنسان مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، يۇقىرىدا تەڭرىلەر، تۆۋەندە جىن-ئالۋاستىلار بىلەن ئالاقە قىلىدىغان ۋاستىچى — شامان باخشىلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى؛

3. شامان باخشىلىرىنىڭ ئادەملەر بىلەن جىن-ئالۋاستىلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى، «يىغىن» (مەجلىس) پائالىيىتى، شامان باخشىلىرىنىڭ ئىسمى ئاتالغان مەلۇم كىشى (كېسەل، موھتاج...) گە قايسى جىن-ئالۋاستىنىڭ (ھەتتا يامان ئەرۋاھنىڭ) چېپىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشى، ياخشى ياكى قۇدرەتلىكرەك باشقا روھلارنى ياردەمگە چاقىرىپ جاھىل جىن-ئالۋاستىغا قارشى ئەپسۇن ئوقۇپ، قورال كۆرسىتىپ، ئوت

www.uyghurkitap.com

چېچىپ، سېھىرگەرلىك قىلىدىغانلىقى، ئۆزۈنىچە روھلار دۇنياسىغا قايتىپ كېتەلمىگەن روھلارنى دۇنياسىغا ئەۋەتىپ، ماكانسىز ۋە ئىگىسىز قالغان روھلارنى تاختىدىن ياسالغان سۈرەتكە ئورۇنلاشتۇرۇشى، تۇغۇت، نومۇس ۋە گۈزەللىك تەڭرىسى «ئايزىت» قا دۇئالار ئوقۇپ، تۇغۇتنى يەڭگىللىتىشى، باشقا كېسەلدىن كېلىپ چاپلىشىۋالغان يامان روھنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشى قاتارلىقلار؛

4. شامان باخشىسىنىڭ بىر قاتار سېھرىي دراماتىك ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇللۇق، ئەم ـ ئىرىملىك، قائىدە ـ مۇراسىملىق پائالىيەتلەرنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقى.

بۇ بىر نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم. شامان باخشىسىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى نوقۇل ئىبادەت ۋە تىلاۋەت بىلەن روھىي ۋەزىمىلىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان دىنىي ئىستىقامەت بىلەن چەكلەنمىگەن. ئۇ بىر قاتار دىئالوگ، مونولوگ ۋە دراماتىك پائالىيەتلەر بىلەن ئىپتىدائىي دراماتىك سەنئەتنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇ قوللىرىغا خەنجەر، چاچراتقۇ ئوت، داپ ۋە جىڭراتقۇ (ساپايى) ئېلىپ، سۆزلەپ ـ سوراپ، ناخشىلار ئوقۇپ، پىرقىراپ ئۇسسۇل ئويناپ، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان. بۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېڭىنىلا ئەمەس، ئېستېتىك ھېسسىياتىنىمۇ قانائەتلەندۈرۈپ ئازادىلىك ھاسىل قىلغان. ئۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى يەنە بىر شەكلىنى تەشكىل قىلغان.

شامان دىنىدىكى ئەم (ماددىي داۋالاش)، ئىرىم (روھىي داۋالاش) قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ تېبابىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسلانغان بولۇپ، ئۇنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئوت، ئىسرىق، ھورداش، گۆڭگۈرتتىن ئەملەش، داسماللاش،

قان چېكىش، ئىلغا ئىلىش، تېرىگە ئېلىش، تەرلىتىش، ئىچىنى سۈرگۈزۈش، پىرە ئوينىتىش، ئۇچۇقداش، ئۇۋۇلاش، تېڭىش، ھەتتا كىچىك ئوپېراتسىيە قىلىش قاتارلىقلار دائىم ئېلىپ بېرىلىدىغان تېبابەتچىلىك ئەمەلىيىتى بولۇپ قالغانىدى.

شامان دىنى دىنىي مۇراسىملار، قۇربانلىق، ھېيت - ئايەم، پال ئېچىش، يۇلتۇزغا بېقىش، چۈشكە جورۇش ۋە باشقىلارغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈپ، پۈتۈن ئېتنىك تۇرمۇشنىڭ شامانىزملىق دۇنيا قاراشنى چۆرىدىگەن ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

## 5. زەردۇشت دىنى

ئاتەش — ئوتنى ئالەم نېگىزى بولغان مۇقەددەس «تادۇ» سۈپىتىدە ئۇلۇغلاش، رەسمىي ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئېتىقادى شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىلا مەۋجۇت بولغانىدى. ھېرودوت ماسساگېتلار ھەققىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ گۈلخان يېقىپ، ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئوتقا مېۋە تاشلاپ، مېۋە پۇراقلىرىدىن مەست بولۇپ، ناخشا ئوقۇپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىنى يازغان. پېترابون: ماسساگېتلار قۇياشنى تەڭرى بىلىپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاتاپ ئاتلارنى قۇربانلىق قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتكەن. قۇياش - ئوت، يەر، سۇ ماسساگېت - ساكلارنىڭ سېغىنىش ھامىيلىرى ھېسابلىناتتى. بۇ ئەسلىدە شامانىزم ئەنئەنىسى ئىدى. ئوتقا ھۆرمەت قىلىش، ئىسرىق تاشلاش، ياغ پۇرىتىش، قاپاق كۆيدۈرۈش، نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆز ئۇرۇقىغا يۆتكىلىپ كەلگەن كېلىن قىزنى ئوتتىن سەكرىتىپ ئۆتكۈزۈش، ئوت بىلەن ئۇچۇقداش، ئۆلۈم بولغان جايدا چىراغ يېقىپ ھۆرمەت قاراۋۇلى بولۇش ۋە شۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

ئوخشىمىغان ئادەتلەر، ھەتتا ئارىيانلارنىڭ بىر قىسمى شىمالىي ھىندىستانغا كۆچمىگەن چاغلاردا — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000 - يىللاردا ئارىيانلار ئارىسىدىمۇ ساقلانغانىدى. ئارىيانلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «رىگاۋىدا» دەستۇرىدا ياغ پۇرىتىش، ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئەرۋاھى باشقا بىرى ئارقىلىق قايتا تۇغۇلغىچە ئۇنىڭ ئەرۋاھىنى رازى قىلىش، دەخلى قىلماسلىق، سۇ يار ئېلىپ كېتىپ توختىمىسا ئادەم قۇربانلىق قىلىپ دۇرت ئوقۇش، پېرىگە ئۇسسۇل ئويناش، مۇشۇك يۈز يۇسا، سېغىزخان سايرىسا بۇنىڭ بېشارىتىنى جورۇش، ئوقۇش ۋە تەتۈر ئوقۇش قاتارلىقلار ئۇچرايدۇ. بۇلار ئىپتىدائىي ئوتقا چوقۇنۇشنىڭ ئاساسىي پائالىيەت شەكلى ۋە ئەنئەنىۋى ئالامەتلىرى ئىدى. ئەمما، بىر خىل كۈچلۈك ئىجتىمائىي - تارىخىي كۆز قاراشنى مەركەز قىلىپ، ئۆز تەلىماتلىرى تۈزۈلمىسىنى سىخېمىلاشتۇرغان ئاتەشپەرەسلىك دىنىي ئېتىقادى سىنىپىي تەڭسىزلىك ۋە زۇلمەت مەڭگۈلۈكى قاراشلىرى ئىسكەنجىلىرىنى بۆسۈپ تاشلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇ - زۇلمەت، زۇلۇم - قاباھەت ئۈستىدىن غەلىبە قازانغۇچى نۇرانە ۋە ئېزگۈ ئىستىقبالىنى تەبىئەت تۈزۈلمىسىدىكى بىر - بىرىگە زىت ئىلاھلار — قۇتۇپلار، قانۇنىيەتلەر كۈرەشلىرى ئارقىلىق ئىزاھلاشنى ئۆزىگە خاراكتېرلىك ئالامەت قىلىپ، كۈچلۈك پەلسەپىۋى قىممەت ياراتتى.

ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئەنئەنىۋى ئوتقا سېغىنىش پائالىيىتىدىن خاس دىنىي ئېتىقادقا — زارو ئاستىرىزم (زەردۇشت) دىنىغا ئۆزگىرىشى، بۇ دىنىنىڭ ئىجادچىسى ئاستىرا ۋە بۇ دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋستا» بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان.

زارو ئاستىرانىڭ قاچان ياشىغانلىقى، «ئاۋستا» نىڭ يېزىلغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراشلار ھەر خىل. ياكسون زارو ئاستىرانى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 660 — 583 - يىللىرى

ئاخمانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان دېسە، ھېرزفېلد ( Herzfeld ) ئۇنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 570 ـ يىللىرى ياشىغان دەيدۇ. مېيېر. كېنت، تېلې ( Tiele ) قاتارلىقلار ئۇنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 900 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ياشىغان دەيدۇ. بۇ ئاخمانىيلار سۇلالىسىدىن كۆپ ئىلگىرىكى ۋاقىتنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئاخمانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى كىر ئوتتۇرا ئاسىيا ساكلىرىنى بويسۇندۇرۇش يولىدا كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش قوزغىغان بولسىمۇ، ئاخىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 529 ـ يىلى ساكلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىرگە تەئەللۇق خاتىرە تېشىدا: «پارس ۋە مىيدىلىكلەر بىر خىل تىلدا سۆزلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدە باشقا بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان مەملىكەتلەر بار» دەپ يېزىلغان.

زارو ئاستىرىزمىنىڭ ئەسلى ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىدىيىۋى بۇلىقى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ يورۇقلۇق مەنبەسى قۇياش بىلەن ئوتقا بولغان ئەنئەنىۋى ئېتىقادى بولغان. گەرچە ياكسون ( Jackson ) قاتارلىق ئالىملار زارو ئاستىرا دىنىنى مىدىيە (ئىران ئەزەربەيجان رايونى) دە مەيدانغا كەلگەن دەپ قىياس قىلسىمۇ، مېيېر ( Meyer ) ، گېگېر ( Geiger ) ، گېلدنېر ( Geldner ) ، خۇئارت ( Huart ) ، كرىستېنسېن ( Chrstensen ) قاتارلىق ئالىملار، جۈملىدىن «ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى دۆلەتلىرى» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى، ئامېرىكا ئالىمى ۋىللىئام مىكگوۋېرن زارو ئاستىرا دىنىنى ئوتتۇرا ئاسىيادا، باكتېرىيە ياكى خارەزمدە مەيدانغا كەلگەن دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار بۇنى «ئاۋستا» نىڭ تىلى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن جۇغراپىيىلىك، ئېتنوگرافىيىلىك مەزمۇنلار، شۇنىڭدەك ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار ئارقىلىق ئاساسلايدۇ.

«ئاۋستا» نىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان «گاتا» (Gatha) كىتابى باكتىرىيە غەربىي تۇران تىلىدا يېزىلغان. بۇ ھەقتە ۋىللىئام مىكگوۋېرن : «ئاۋستانىڭ تىلى نۇرغۇن قەدىمكى پېرسىيە تىلىغا ئوخشىمايدىغان ... قەدىمكى باكتىرىيە تىلىدا يېزىلغان ...» دەيدۇ. ھەقىقەتەن «ئاۋستا» دا غەربىي ئىران ئىنتايىن ئاز تىلغا ئېلىنغان.

«ئاۋستا» دا، مۇقەددەس «ئاتار ـ خوررا» ئوتى ئەڭ دەسلەپ يانغان ئەل، زارو ئاستىراغا تەڭرى ئاخۇرا مازدا ئۆز نىگارىنى دەسلەپ كۆرسەتكەن ئەل، شۇ سەۋەبلىك مۇقەددەس زىيارەتگاھ «ئائىر يانا ۋەجە» (ئەرەنۋىچ) جايلاشقان جاي ھەققىدىكى تەسۋىر خارەزم جۇغراپىيىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

«خۋار — قۇياش، زام — زېمىن» — قۇياش ماكانى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئاۋستا» دا زارو ئاستىرا تۇغۇلغان جاي ھەققىدە: «ئۇ شۇنداق مەملىكەتكى، ئۇ يەردە بىھېساب لەشكەرلەرگە باھادىر سەركەردىلەر باشچىلىق قىلىدۇ. ئۇ يەرنىڭ يايلاقلىرى بىلەن سۇلىرى ئېگىز تاغلىقلار، چارۋىلار ئۈچۈن بارچە لازىملىقلارنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئۇ يەردە سۇغا باي تىرەن كۆللەر بار. ئۇ يەرنىڭ كېمە قاتنايدىغان چوڭ دەريالىرى بىلەن سىكەت (سىكىفىيە)، پوئوروت، مائۇر (مەرۋى)، خارېۋا (ئارىيە)، گەۋ (سوغدىنىڭ بىر رايونى)، سوغدا (سوغدىيە)، خۋارىزم (خارەزم) ئەللىرىگە قاتنىغىلى بولىدۇ» دېيىلگەن. بۇ سىر ۋە ئامۇ دەريالىرى، پامىر تېغى ۋە ئارال دېڭىزى ئارىلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. «ئاۋستا» دا يەنە: تەڭرى يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخۇرامازدا ياراتقان مەملىكەتلەر: «ئىبادەت ۋە نىجات دەرگاھى گۈزەل ئەرەنۋىچ»، «ئادەم ۋە چارۋىغا باي سوغدا»، «قۇدرەتلىك ۋە مۇقەددەس مائۇر (مەرۋى)»، «تۇغى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن بەخدى (باكتىرىيە)» دېگەن سۆزلەر ئۇچرايدۇ.

شۇ نەرسە روشەنكى، ئاخمانىيلار سۇلالىسىگە ئائىت يازما مەنبەلەردە زاروئاستىرا ياكى «ئاۋستا» توغرۇلۇق تىلغا ئېلىنغان مەلۇماتلار يوق. ئاخمانىيلار يازما يادىكارلىقلىرى مۇتەخەسسىسى ۋ.ۋ. ستروۋىي (V. V. struve) بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن. ئاخمانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىراننىڭ دىنىي ئېتىقادى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇنىڭدا شاھ جەمەتىنىڭ ئىلاھلىرى «ۋىسا ـ باگا» (ئاتا ـ بوۋا) ئىدى. دارا ۋە كىسېرىكى زامانىدا ئاخمانىيلار ئىنسانىيەتنىڭ نىجاتچىسىنى «شەئاشئەند» دەپ ئاتاشقان. ئاخمانىيلار زارو ئاستىرا دىنىنى قاتتىق تەقىپ قىلغان. ئۇنىڭ كالېندارىنى قوبۇل قىلمىغان. بۇ كالېندارىدا ئاي ۋە كۈنلەر مۇئەييەن تەڭرى ۋە مۇئەككەللەر نامىدا ئاتالغانلىقى مەلۇم. ئوخشاشلا «ئاۋستا» دا ئاخمانىيلار ھەققىدە ھېچقانداق نەرسە تىلغا ئېلىنغان ئەمەس.

زارو ئاستىرا دىنىنىڭ شەكىللىنىشى ئوتتۇرا ئاسىيادا داۋاملىق ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيەت (سىۋىلىزاتسىيە) دەۋرىگە قەدەم قويۇلغانلىقىنى، دەسلەپكى ئولتۇراقلىشىش ۋە بوستانلىق مەملىكەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، دەسلەپكى سىنىپىي ۋە ئىجتىمائىي ئازادلىق ئىستەكلىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ. «ئاۋستا» دا «چارۋا پادىسى»، «تىرىلغۇ ئېتىزلىرى» دېگەن ئىككى ئاتالما تىلغا ئېلىنغان، ئولتۇراقلاشقان دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ياخشىلىقلار خانلىقى، كۆچمە چارۋىچىلىق ۋە دەشت ئاھالىلىرى يامانلىقلار خانلىقى دەپ تەسۋىرلەنگەن. باش تەڭرى ئاخۇرامازدا چۆلنى ئۆزلەشتۇرۇپ تىرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇش پەزىلەت ۋە تۆھپە دېگەن. بۇغداي، ئارپا، ئۈزۈم ھارىقى تىلغا ئېلىنغان. ئولتۇراق ئۆيلەر بىلەن بىللە كىگىز ئۆيلەر تىلغا ئېلىنغان. كىگىز ئىشلەش، زىبۇزىنىنەت تاقاش، يالاڭ ئاياغ يۇرمەي ئاياغ كىيىمى

كىيىش تىلغا ئېلىنغان. يوللار ۋە هارۋا قاتنىشى، ئاتقا مىنىش، هارۋىغا ئات قوشۇش، ئوتتۇرا ئاسىيا تۇران تۆگىسى — قوش ئۆركەشلىك تۆگىدىن پايدىلىنىش تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىلىشىچە، زارو ئاستىرا «تۆگىچى» بولغان بولۇپ، (Ustra) دېگەن سۆز تۆگىچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. «ئاۋستا» دا ئىران ۋە ھىندىستان ئېتنىك تۇرمۇشىدىن پەرقلىق ھالدا قوي، ئۆچكە، ئات، سىيىر، تۆگە، ئىت، خوراز، ئېشەكلەر تىلغا ئېلىنغان. چوشقا تىلغا ئېلىنمىغان، سېرىق ماي، قۇرۇت، ئىرىمچىك، كالا تېرىسى، كالا گۆشى تىلغا ئېلىنغان. كالا گۆشى يېيىش قەدىمكى ئىران ۋە ھىندىستانلىقلاردا ئادەتكە سىغماس ھادىسە ھېسابلىناتتى. «ئاۋستا» دا سۆزلەنگەن تۇرانىيە ئېتنولوگىيىسى ئارىيانلارنىڭ «رىگاۋىدا» دەستۇرىدا تىلغا ئېلىنغان «يەر تەگىرىسىنىڭ مەدىتى بىلەن يەر تېرىڭلار، بوقۇسا تۇتۇپ يەر تېرىڭلار، تەييارلانغان يەرلەرگە دان چېچىڭلار» دېگەن سۆزلەرگە ئاھاڭداش بولغان. «ئاۋستا» دا سۆزلەنگەن: كالا سۈيدۈكى ناپاكلىقنى تازىلايدىغان نەرسە؛ كېسەلنى ئوت - چۆپ، دورا - دەرمەكلەر بىلەن ئەملەش ۋە ئوقۇتۇپ ئىرىم قىلىش؛ يېرىپ ھەم تېكىپ داۋالاش؛ ئۆلۈكنى مۇقەددەس يەرگە كۆممەسلىك؛ مۇقەددەس سۇغا تاشلىماسلىق، مۇقەددەس ئوتتا كۆيدۈرمەسلىك؛ پەقەت ئېگىز تۆپىلىك ۋە يىراق دەشتلەرگە تاشلاپ قۇشلارغا يەم قىلىپ بېرىش دېگەن تەۋسىيىلەر ھەتتا شامان ئەقىدىلىرى ئەنئەنىسى بىلەن بىردەك بولغان. بۇ ئىران ۋە ھىندىستانلىقلاردا كۆرۈلمىگەن ئادەت ئىدى.

«ئاۋستا» — زارو ئاستىرىزمنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولۇپ، ئەسلىدە ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولغان. ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ ئېيتىشىچە، «ئاۋستا» دەسلەپ 12 مىڭ پارچە قوي تېرىسىگە يېزىپ ساقلانغان. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە

يۇرۇشى بىلەن بۇ دەستۇر كۆيدۇرۇۋېتىلگەن. كېيىنچە ئۇنىڭ قالدۇقلىرىدىن بىر دەستۇر تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ھازىرغىچە ساقلانغان مۇختەسەر قوللانما — «ئاۋستا» دىن ئىبارەت بولغان.

«ئاۋستا» دەستۇرىنىڭ بىرىنچى قىسمى ئەڭ قەدىمكى باكتېرىيە تىلىدا يېزىلغان «گاتا» كىتابى بولۇپ، ئۇ شېئىرىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى ئىدى. ئۇنى شەخسەن زارو ئاستىرا ئۆزى توپلىغان بولۇشى ئېھتىمال. «ئاۋستا» دەستۇرىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى قىسىملىرى نەسرىي ئەسەر بولۇپ، ئاخمانىيلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، فارفىيە ـ ئارساك سۇلالىسى دەۋرىدە، ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچى قىسمى «ياشتا» كىتابى تەڭرى ۋە قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر توپلىمى بولغان. ئۈچىنچى قىسمى «ۋىندىدادا» كىتابىدا ئۆرپ ـ ئادەتلەر خاتىرىلەنگەن.

ئاتەشپەرەسلىك — زارو ئاستىرا دىنى بىر ـ بىرى بىلەن قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكا بولغان ئىككى قۇتۇپ ئىلاھىي كۈچنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشىدىن تەشكىل تاپقان؛ بۇ ئىككى قۇتۇپ يورۇقلۇق ۋە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ۋە قاراڭغۇلۇق؛ بۇ ئىككى ئىلاھىي كۈچ يورۇقلۇق تەڭرىسى ئاخۇرامازدا بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى زۇلمەت تەڭرىسى ئانگىراماينو؛ ئالەم ئۇلارنىڭ زىددىيىتى ۋە كۈرىشى بىلەن تولغان؛ ئالەم راۋاجى يورۇقلۇقنىڭ، ياخشىلىقنىڭ جاھالەت ۋە يامانلىق ئۈستىدىكى چەكسىز غەلىبىسىدىن ئىبارەت جەريان… دېگەن قاراشقا ئاساسلانغان.

ئاتەشپەرەسلىك دىنى بولغان زارو ئاستىرا دىنىدا «قىيامەت سورىقى»، «جەننەت ۋە جەھەننەم»، ئاخۇرامازدا ئىلاھ لايدىن ياسىغان دەسلەپكى ئىنسان تىلغا ئېلىنغان.

زارو ئاستىرا دىنىدا پەرزەنت يەتتە (ياكى 10) ياشقا

كىرگەندە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، كەمەر باغلاپ، تون كىيىش رەسمىي دىن مۇخلىسلىق نىشانى قىلىنغان.

ئوت، تۇپراق، سۇ مۇقەددەس دەپ قارالغان بولغاچقا، جەسەت تاغ باغرىغا ياسالغان كاستى ئازگال مۇنارىغا قويۇلۇپ، قۇشقا يەم قىلىنىپ، ئۇستىخانلىرى ئازگالغا ئىتتىرىلىدىغان ئادەت رەسمىيلەشكەن.

ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئوتنى مەركەز قىلغان شامان ۋە تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئەنئەنىلىرىنى ئاساس قىلىپ شەكىللەنگەن. ئۇ ياخشىلىق، يورۇقلۇق، كۈرەش ۋە غەلىبە ئۇمىدۋارلىقى بىلەن سۇغىرىلغان بولغانلىقى ئۈچۈن، شامان ئېتىقادى بىلەن بىللە Ⅲ ئەسىرلەردە مانى دىنى، Ⅴ ئەسىرلەردە مەستەك (مازداق) ۋە Ⅷ ئەسىرلەردە مۇقەننا دىنىي مەزھەپلىرىدە غوللۇق رول ئوينىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەر جاھالەت مۇھىتىدا كۆپلىگەن خەلق ھېكايە ـ رىۋايەتلىرىدە يورۇقلۇق كۈيلىنىپ، زۇلمەت دېۋىسى — ئەخرەمەن (ئانگىرامايىنو) پاش قىلىنغان. بىز نەۋائى قەلىمىدە بۇنىڭ روشەن ئىپادىسىنى ئۇچرىتىمىز. ئاتاقلىق نېمىس مۇتەپەككۇرى گېيوتى شاھ ئەسىرى «فائۇست» داستانىدا زارو ئاستىرا ئوتتۇرىغا قويغان يورۇقلۇق ۋە زۇلمەت ئىلاھلىرىنى ئۆزگىچە خاس ئۇسلۇبتا قايتا بەدىئىيلەشتۈرگەن.

ئاتەشپەرەسلىك — زارو ئاستىرا دىنى تەخمىنەن مىلادىيەدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرى شىنجاڭدا مەۋجۇت بولغانلىقى قىياس قىلىنىدۇ. بۇ قىياسقا ئىلھام بېرىدىغان نەرسە ئالغۇي تىك قەبرە ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىگە ئائىت تارىخىي مەنبەلەردە پۈتۈن تەكلىماكان چەمبىرىدە ئاتەشپەرەسلىك دىنىي پائالىيىتىنىڭ ئەۋجىگە چىققانلىقى خاتىرىلەنگەن.

ئاتەشپەرەسلىك شىمالىي ۋېي، شىمالىي جۇ خانلىرى تەرىپىدىن ئېتىبارغا ئېلىنىپ، ئېتىقاد ئوبيېكتى قىلىندى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئاساسلىقى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ ئېتىقادى سۈپىتىدە چاڭئەن، لوياڭلىقلاردا ساقلانغانىدى.

زارو ئاستىرا دىنى بۇددا دىنىدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيادا داۋاملىق ساقلاندى. ئېفتالىتلار V ئەسىردىن ئىلگىرىلا ئاتەشپەرەسلىكنى قوبۇل قىلغانىدى. V ئەسىرگە ئائىت «ۋېينامە» دە كۆرسىتىلىشىچە، ئاتەشپەرەسلىك دىنى قەشقەر، خوتەن، قارا شەھەر، قوچۇ، ئېۋىرغولدا داۋاملىق ساقلىنىپ قالماستىن، يەنە سوغدىلار توپلىشىپ ياشىغان بۇخارا ـ سەمەرقەند قاتارلىق جايلاردىمۇ داۋاملىق ساقلانغان. ھەتتا سەمەرقەندتە ئاتەشپەرەسلىك دىنى ئاساسىدىكى جازا قائىدىلىرى بولغان. شۈەن زاڭ 628 ـ يىلى سەمەرقەند ئەتراپىغا كەلگەندە، بۇ غەربىي تۈرك خانلىقى زېمىنىدا يابغۇ خاقانىنىڭ ئوتقا چوقۇنىدىغانلىقىنى، بۇددىزمغا قارىغاندا ئاتەشپەرەسلىكنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن. ئۇنىڭدىن بىر ئەسىر كېيىنكى ساياھەتچى خۈي چاۋ بۇ ئەھۋالنى قايتا ئۇچۇر قىلغان. ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاتەشپەرەسلىك ئېتىقادى سوغدىلار ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغانىدى.

ئاتەشپەرەسلىك بىر پۈتۈن، مۇستەقىل دىنىي ئىدېئولوگىيە سۈپىتىدە ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئوتقا بولغان ئالاھىدە ئېتنولوگىيىلىك مۇناسىۋەت، ئوت بىلەن ئالاقىدار كۆز قاراش ۋە قائىدە ـ يوسۇنلار ئۇيغۇر، تاجىك قاتارلىق شىنجاڭ خەلقلىرى مىللىي تۇرمۇشىدا داۋاملىق ساقلاندى.

## 6. مانى دىنى ئېتىقادى

مانى دىنى ئېتىقادى — مىلادىيە Ⅱ — Ⅸ ئەسىرلەر داۋامىدا ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاق ـ بوستان ئاھالىلىرى ئارىسىغا

www.uyghurkitap.com

ئېقىپ كىرگەن ۋە خېلى كەڭ تەسىر قوزغىغان تۈنجى «سىرتتىن كەلگەن» دىنىي ئېتىقاد شەكلى بولۇپ، شىنجاڭ خەلقلىرى پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تېماتىك مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدە، يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئەمما رەسمىي دىنىي ئېتىقاد شەكلىگە ئايلىنالمىغان ئېللىنىزملىق (يۇنان) دىنىي ۋە ئەپسانىۋى قاراشلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مانى دىنىنى يىپەك يولىنى بويلاپ «ماكانلاشقان» تۇنجى دىنىي ئېتىقاد ھېسابلاش مۇمكىن.

مانى دىنى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ياشىغان مانى (240 — 275) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، ئۇ بۇ دىنىنى قەدىمكى بابىلىيە دىنى (زىرىۋانىزم)، زارو ئاستىرا دىنى ئاساسىدا ياراتقاندى. مانى دىنىدا بۇددا ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ قىسمەن تەسىرىمۇ بولغان. مانى دىنى ئالەمنىڭ مەنبەسىنى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقتىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇ قارشى قۇتۇپ ئارقىلىق ئىزاھلايدۇ. تەڭ تەقسىماتچىلىق ئاساسىدىكى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك پرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتى بىر مەزگىل ساسانىيلار سۇلالىسى پرىنسىپلىرىنى ئېتىراپ قىلغان. ئېھتىمال بۇ خۇسراۋ نۇشىرىۋان زامانىسىغا توغرا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىنچە، مانى دىنى رەت قىلىنىپ، 275 ـ يىلى مانى ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ كىتابلىرى كۆيدۈرۈلگەن.

ئوتتۇرا ئاسىياغا مانى دىنى 270 ـ يىلى تارقالغانلىقى مەلۇم. مانى ئۆلتۈرۈلۈپ، مانى دىنى تەقىپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاساسلىق مۇخلىسلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا قېچىپ بېرىپ، سوغدىنى ئاساس قىلغان ھالدا داۋاملىق مانى دىنىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ چاغلار بۇددىزم تېخى

ئەمدىلا ئامۇ ساھىلىنىڭ شىمالىغا تارقىلىشقا باشلىغان ۋاقىتلار بولۇپ، ئۇ سىر ۋە چۇ دەريالىرى ئارىسىدىكى ئاھالىگە، سوغدىلار ۋە توققۇز ئوغۇزلارغا كەڭ تارقالغانىدى. «مانى دىنى كۆچلۈك ئۇيغۇر دۆلىتىگە تارقىلىپ، مازداق قوزغىلىڭىغا ئاۋاز قوشتى. ئۇ تەڭ تەقسىماتچىلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرگەنىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ تۈركىي خەلقلىرىنىڭ فارابى ۋەتىنىدىكى ئىجتىمائىي ئوتوپىيىسىنى شەكىللەندۈرۈشكە تەسىر كۆرسەتكەن.»[1]

VI ئەسىرنىڭ لوپنۇر كۆلى ساھىلىغا مانى دىنى تەخمىنەن ئەسىرلەردە سوغدى سودىگەرلىرى ئارقىلىق تارقالغانلىقى مەلۇم، ئانچە كېچىكمەي مانى سوغدىلىرى چاڭئەندە پەيدا بولدى. ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىغا بۆكۈخان زامانىدا مانى دىنىنىڭ تارقالغانلىقى خاتىرىلەنگەن. تارىخىي مەنبەلەردە 763 ـ يىلى مويۇنچۇر قاغان ۋارىسى ئىدىگەن قاغان 42 مانى ئۆلىماسى بىلەن قارا بالغاسۇن شەھىرىدە ئىككى كۈن سۆھبەتلىشىپ ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە قايىللىق بىلەن بۇ دىننى قوبۇل قىلغان ۋە شەرقىي ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىش ئىمكانىيىتىنى ياراتقان. ئۇيغۇرلار مانى دىنىنىڭ باراۋەرلىك ۋە تەڭ تەقسىماتچىلىق قاتارلىق رەھىمدىللىك تەلىماتلىرى بىلەن بىللە، شامان دىنى ۋە ئاتەشپەرەسلىكنىڭ جەڭگىۋار ئەنئەنىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن. ئۇيغۇر خانلىقى مانى دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ دىننىڭ تاڭ سۇلالىسىدە تارقىلىشى تېخىمۇ ئوڭايلاشقان. چاڭئەن ۋە لوياڭلاردا مانى ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئۆلىمالىرى كۆپەيگەن. بۇ ھال غەرب بىلەن شەرقنىڭ سودا ۋە مەدەنىيەت مۇناسىۋىتىگە مەلۇم ھەسسە قوشقان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر لو

---

[1] ئى. س. براگىنسكىي: «تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 1977 ـ يىلى، رۇسچە نەشرى، 272 ـ بەت.

شاگشۇ «بۇخارا ئىبادەتخانىسىغا ئاتاپ» ناملىق شېئىرىدا مانى شەيخلىرىنىڭ سەنئەت ماھىرلىرى ئىكەنلىكىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ھەزرىتىم زەن قويسىڭىز ئاقباش قىرائەت شەيخىگە،
جىمىسى قەسرە ـ ھەرەم سازەندە ھەم رەققاسىدۇر.

مانى دىنىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى «ئىككى يىلتىز (二宗)»، «ئۈچ ئۆتكۈ (三际)»، «تۆت مۇقەددەس» تىن ئىبارەت.

«ئىككى يىلتىز» — ئالەمنىڭ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەدىن بىنا بولغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەبەدىيلىك زىددىيەت كۈرەشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

«ئۈچ ئۆتكۈ» — ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى زامان كاتېگورىيىسى بولۇپ، بۇ، يورۇقلۇق بىلەن ياخشىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇق ۋە يامانلىققا قارشى كۈرەش تارىخىدىن ئىبارەت.

«تۆت مۇقەددەس» — يورۇقلۇق ئىلاھى — نۇر ئېلىنىڭ پادىشاھى؛ ئىلاھنىڭ نۇرى — ئاي ۋە كۈن؛ ئىلاھنىڭ قۇدرىتى — يورۇقلۇق ئەلچىلىرى بولغان پاك ئوت، پاك سۇ، پاك شامال قاتارلىقلار؛ ئىلاھنىڭ پاراستى — مانىزم دەستۇرى ۋە دىنىي مىزاندىن ئىبارەت.

مانى دىنى يالغان سۆزلىمەسلىك، گۆش يېمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىكنى «ئۈچ ئېغىز مەنئىيسى» قىلغان. يەنە قورچاققا چوقۇنماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، ئاچكۆز بولماسلىق، ھايۋان ئۆلتۈرمەسلىك، زىنا قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، سېھىرگەرلىك قىلماسلىق، ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلماسلىق، ھورۇن بولماسلىقتىن ئىبارەت ئون

«پەرھىز» نى يولغا قويغان.

مانى دىنىنىڭ يەتتە دەستۇرى بولۇپ، مانى ئۆزى يازغان دېيىلىدۇ. بۇ دەستۇرلار شەرقىي رىمدىن ئېلىمىزگىچە تارقالغان، ھەر خىل تىلدا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە، قەدىمكى پارسچە ۋە سوغدىچە، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇچە نۇسخىلىرى مۇھىم تارىخىي ھۆججەتلىك قىممىتىگە ئىگە.

مانى دەستۇرلىرى «تۇمەن تەدبىرلىك يىلتىز ئەقىل نومى»، «پاك جان نومى»، «دورا ـ دەرمەك نومى»، «يوچۇن تەدبىر نومى»، «ئۆتكەن ئۆتكۈنى دەلىللەش نومى»، «باھادىرلىق نومى»، «ھەمدۇ ئارزۇ نومى» دىن ئىبارەت. يەنە مەشھۇر «ئىككى يىلتىزلىق نوم» دەستۇرى يۇقىرىقىلاردىن باشقا بىرەر مانى ئالىمى يازغان دەستۇر ياكى يەتتە نوم ئىچىدىكى بىرەر نومنىڭ تارمىقىمۇ، بۇ ئېنىق ئەمەس. بۇلاردىن باشقا يەنە «مانى مەرسىيە قوشاقلىرى» دېگەن دەستۇرمۇ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان.

مانى دىنى دەستۇرى پارسچە ئىدى. ئۇ ساسانىيلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا مۇنداق دەستۇرنى ئېلىپ قاچقانلارنىڭ بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىش قىيىن. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان خەنزۇ يېزىقىدىكى مانى دەستۇرى بەلكى پارسچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. تۇرپان كېمىر سەنئىتى تەركىبىدە ئىدىقۇت دەۋرىگە ئائىت مانى دىنى سەنئىتى كۆرۈنەرلىك ئورۇن ئالغان. بۇ رەسىملەر مانى دىنى دەستۇرلىرىدىكى قىستۇرما رەسىملەرنىڭ تەقلىدىي نۇسخىسى بولسا كېرەك. مەلۇمكى، مانى شەخسەن ئۆزى رەسسام بولغان. ئۆز دەستۇرىدىكى بىر قاتار رەسىملەرنى ئۆزى لايىھەلەپ سىزغان. بۇ ھال مانى دىنى دەستۇرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەشكە كۇپايە قىلىدۇ. بىز تۇرپاندىكى مانىزم

ئېتىقادىغا ئائىت رەسىملەردىن ئۇيغۇرلاشقان ساسانى (ئىران) ئۇسلۇبىنى سىزىۋالالايمىز.

ئىدىقۇتتا ئۇيغۇرلار بارغانسېرى مانى دىنى ئېتىقادىدىن بۇددا دىنى ئېتىقادىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا مانى دىنىنىڭ ئىلاھىيەت ئاتالمىلىرى بۇددا دىنىدا باشقا مەزمۇندا داۋاملىق ئىشلىتىلىۋەردى. «براخما» ئاتالمىسىنى ئىران زىرىۋان دىنىدىكى «ئاروئا» ئىبارىسى بىلەن، «ئىندرا» ئاتالمىسىنى «خورموزتا» ئىبارىسى بىلەن، «بۇددىها» ئاتالمىسىنى «بورخان» ئىبارىسى بىلەن ئىستېمال قىلىشتى. بۇنى تۇرپان ـ دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مانى دىنى دەستۇرلىرى ۋە باشقا دەستۇرلاردىن كۆرۈۋېلىش مۇمكىن.

مانى دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا جەڭگىۋار ئاھالىسىنىڭ ئىسلامىيەتكە قارشى كۈرىشىدە غايەت زور رول ئوينىدى. سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى توققۇز ئوغۇز ۋە قارلۇق ئاھالىلىرى بۇخارا ـ سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان ئىسلام سامانىيلىرىغا قارشى ئالدىنقى قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. كۆلتېكىنىنىڭ، كىيىنچە كۆل بىلگە قىدىرخانىنىڭ جەڭلىرى مەلۇم مەنىدە مانى دىنى بىلەن ئىسلام دىنى ئىختىلاپلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەندى. ھەتتا سامانىيلار بىلەن بالاساغۇن ـ ئوترار تۈركلىرى تىركىشىپ تۇرغان چاغلاردا، تۈركلەر سامانىلارغا بۇخارا ۋە سەمەرقەندتىكى مانى مۇخىسلىرىغا چېقىلماسلىقنى، ئەكس ھالدا بۇنىڭدىن ئوخشاش دەرىجىدە قىساس ئېلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانلىقى مەلۇم.

ئىسلامىيەتتىن كېيىن، 780 ـ يىللىرى مازداق ھەرىكىتى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇخارادا مازداقچىلار توپىلاڭلىرى يۈز بەردى. بۇ يەنىلا مانى دىنى پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغانىدى. ئىسلامىيەتكىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا خرىستىئان دىنىنىڭ نىستۇرىئان

مەزھىپىنىڭ ساقلانغانلىقى مەلۇم. نىستورىئان مەزھىپى V ئەسىرلەردە مەرۋى، ھىراتتا ئاز سانلىق ئېتىقادچىلارغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ تېز ئارىدا شىمالىي - جەنۇبىي سولاللەر ئارىلاشما مەدەنىيىتى مۇھىتىدىكى سىرتقا نىسبەتەن ئېچىۋېتىشتىن پايدىلىنىپ ئىدىقۇتتا ئۆز تەسىرىنى پەيدا قىلدى. بۇ يەردىن تېپىلغان ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلغان «ئىنجىل» پارچىلىرى ۋە باشقا خرىستىئان ھۆججەتلىرى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ. نىستورىئان مەزھىپى جىڭ گۇەننىڭ 9 - يىلى (635 - يىلى) تاڭ سۇلالىسىدە پەيدا بولۇپ، ئىككى ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت تەسىر كۆرسەتتى. كېيىنچە چىڭگىزخان ئەۋلادلىرى ياۋروپاغىچە ئېلىپ بارغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ئاساسىدا خرىستىئان دىنىنىڭ تەسىرىنى ئېلىمىزگە ئېلىپ كەلدى. XIII ئەسىردىكى ساياھەتچى كازۋىنىنىڭ ئۇچۇر قىلىشىچە، ئوغۇز سالجۇقخانىنىڭ ئوغلى ئۆزىنى «مىخائىل» دەپ ئاتىغان. تالاس دەرياسىدىن سايرام (شىنجاڭدا) غىچە بولغان ئارىلىقتا نىستورىئان ئېتىقادچىلىرى بولغان. فرانسۇز ساياھەتچىسى روبروك سىبىرىيىگە قىلغان ساياھىتىدە، نايمان قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە نىستورىئان مۇخلىسلىرى بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغان. بىز ئىچكى موڭغۇل، توقماق، بېشبەك كونا قەبرىلىرىدىن چىققان بۇيۇملار ئارىسىدا نىستورىئان ئالامەتلىرى بارلىقىنى بايقايمىز. ۋەھالەنكى، خرىستىئان دىنىنىڭ بۇ مەزھىپى شىنجاڭ يەرلىك ئاھالىسى ئارىسىدا سالماقلىق يىلتىز تارتمىغان.

## 7. قەدىمكى تۆت تادۇ (تۆت زات) قارىشى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس

هاجىپنىڭ پەلسەپىۋى داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» تە «تۆت تادۇ» دەپ ئاتالغان «تۇپراق» ، «سۇ» ، «هاۋا» ، «ئوت» تىن ئىبارەت تۆت زات، ئەبۇ نەسىر فارابى بىلەن ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ئەسەرلىرىدە «تۆت ئۇنسۇر» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىزاهلانغانىدى. بۇ، «تۆت تادۇ» قارىشى پەقەت ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇئەللىپلىرىنىڭ شاهانە ئەسەرلىرىدىلا تىلغا ئېلىنغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇر ۋە هازىرقى شىنجاڭ زېمىنىدا ياشىغان هەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۇزاق زامانلار داۋامىدا ئېلىپ بارغان بىلىش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا، ئانىمىزم، تەبىئەت قاراشلىرى ئۇلىدا، تەدرىجىي يوسۇندا پۈتكۈل زېمىن ۋە كائىناتتىكى هەممە شەيئىلەرنىڭ تۆپ زاتى توغرىسىدا بىر قەدەر روشەن پەلسەپىۋى بىلىشكە مۇيەسسەر بولۇشقا ئىنتىلدى. «تۆت تادۇ» قارىشى، دەل مۇشۇنداق ئىنتىلىشنىڭ سەمەرىسى بولۇپ مەيدانغا چىقتى.

پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمكى كىشىلىرىگە مەنسۇپ بولغان تۆت زات قارىشى بىردىنلا مەيدانغا كەلمىگەن ۋە تۈز سىزىق بويىچە روشەن تەبىئەت پەلسەپىسى سەمەرىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلمىگەن. ئۇ تەبىئەت ئىلاهچىلىقى قاراشلىرىنىڭ ئانا قارىنىدا، گاهىدا تەبىئەت، گاهىدا ئىلاهىيەت تۈسىدە ئۆزىنى ئىپادىلەپ ئۆتكەن. ئۇ پەقەت ئىدىقۇت ۋە قاراخانىيلار دەۋرىدىلا ئۇيغۇر كلاسسىك پەلسەپىۋى قاراشلىرىدا، جۈملىدىن خىمىيە، فىزىكا، ئاسترونومىيە ۋە تېبابەتچىلىك ئىلمىي تەپەككۇرىدا ئالەمنى بىنا قىلغۇچى ئەڭ ئاددىي تۆت ئاساسىي ئېلېمېنت سۈپىتىدە تەبىئەت ئۇنسۇرى دېگەن ئېنىق چۈشەنچىگە كۆتۈرۈلدى. تۇپراق — دۇنيانىڭ ئاساسلىق بىر ئامىلى دەپ قارالغان. كراسنو يارسىك غەربىدىكى ئارچىن رايونى جەنۇبىدىكى ئاندرونوپلار يېزىسى بىلەن

شىمالىي ئالتايدىكى سۆڭەك كەنتىدىكى قەدىمكى جەسەتلەر قىزىل توپىغا كۆمۈلگەن بولۇپ، بۇ ئۆلگۈچىگە قان ـ جان بولىدۇ دېگەن قاراشقا ئاساسلىنىلغانىدى. يەنە قۇمۇل «قارا دۆۋە» قەدىمكى قەبرىستانلىقى ۋە باركۆل قاراڭغۇ جىلغا بويىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقلاردا جەسەتلەر قىزىل توپىغا ئوراپ كۆمۈلگەن. ئالدىنقىسى قىزىل توپىلىق يەرگە جايلاشقان قەبرىگاھلىق بولسا، كېيىنكىسىدە لەخمىگە قىزىل تۇپراق يۆتكەپ كېلىنگەنلىكىنى مۇشۇ ماقالە مۇئەللىپى بىر قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك زىيارىتىدە كۆرگەن.

نورۇز بايراملىرىدا كونا يىلقى بەخت مۇئەككەللىرى ھېسابلانغان لاي قورچاقلار توپا ـ لايغا ئايلاندۇرۇلۇپ، يېڭى يىللىق بەخت ھامىيلىرى ياسىلىدىغان ئادەت داۋام قىلىنغان. ھونلار ھەر يىلقى نورۇز بايراملىرىدا تەڭرىقۇت ئوردىسىدا مۇنداق مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشكەن.

سۇ — دۇنيانىڭ يەنە بىر ئاساسلىق ئاملى ھېسابلانغان. ئېيتىلىشىچە، «ئۆتۈكەن تاغلىرى» ئىبارىسىدىكى «ئۆتۈكەن» ئىبارىسى «سۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. سىر دەرياسىمۇ بىر زامانلاردا «شىپالىق سۇ» دېگەن مەنىدە ئىستېمال قىلىنغان. سۇ پاكلىق ۋە روشەنلىك بەلگىسى سۈپىتىدە شامان باخشىلىرى تەرىپىدىن ئۇلۇغلانغان. سۇغا ئوقۇپ، يادا تېشىغا ئوقۇپ يامغۇر تىلەش ئادەتلىرى ساقلانغان. شامان باخشىلىرى ئۆيلەنمەستىن ئۆزىگە «سۇ ئىلاھى» نى مەھبۇبە قىلىدۇ، دېگەن قاراشلار ساقلانغان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا ئوغۇزخاننىڭ كۆلدىكى سۇ گۈزىلىگە ئۆيلەنگەنلىكى، ئوغۇللىرىنىڭ بىرىگە «دېڭىزخان» دەپ ئات قويغانلىقى يېزىلغان. بايقال كۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى لىنا دەرياسى قاسىنىقىدىكى قىيا تاشلارغا ئەجدىھا شەكىللىك ئۇزۇن قېيىققا چۈشكەن بىر توپ كىشىنىڭ بۆرە

قۇلاق مالىخايلارنى كىيىپ يەنە بىر تويى بىلەن مۇسابىقىلىشىۋاتقانلىقى سىزىلغان. بۇ خىل ھالەت ھازىرقى كۇندە جەنۇبىي جۇڭگودىكى بەزى مىللەتلەردە ساقلانغان. ھونلار 5 ـ ئايدا ئەجدىھابالىقتا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، ھېساب ـ كىتاب قىلىشقان. ئوغۇز ـ ھون قەبىلىلىرى تام ـ تۇۋرۇكلەرگە ئەجدىھا سۇرەتلىرىنى سىزىشنى ياخشى كۆرۈشكەن. شىمالىي ـ جەنۇبىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بۇ ئادەت ھونلارنىڭ پارچە ھاكىمىيەتلىرى (خەن، كېيىنكى جاۋ، شيا، شىمالىي لياڭ) ئارقىلىق سۈي ـ تاڭ سۇلالىلىرىگە ئۆزلەشكەن.

ئورخۇن ـ يېنسەي مەڭگۇ تاشلىرىدا تۇپراق (يەر) بىلەن سۇ (سۇب) بىرلىشىپ ئانا تەڭرى — ئوماي سىماسىدا گەۋدىلەنگەن. «بىلگە قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 29 ـ قۇردا: «تەڭرى يېر بولغاق ئۈچۈن» (يەر تەڭرىسى بولغانلىقى سەۋەبلىك)؛ «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 1 ـ قۇردا: «تەڭرى يېر ئايۇ بىرتى سۇب» (يەر ۋە سۇ تەڭرىلىرى)؛ 9 ـ قۇردا: «تەڭرى يېر ئانتا ئاغۇ بىرتى» (يەر تەڭرىسى ئۇنىڭغا مەدەت قىلدى)؛ «تونيۇقۇق مەڭگۇ تېشى» دا: «ئىدۇق يېر سۇب» (مۇقەددەس يەر ۋە سۇ) دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. ئوماي ئانا تەڭرى ھەققىدىمۇ كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان: «كۆلتېكىن مەڭگۇ تېشى» نىڭ شەرقىي يۈزى 31 ـ قۇردا: «ئۆگىم قاتۇن قۇتوڭا كۆلتېكىن ئەر ئات بولتى» (ئومايدەك ئانام خاتۇن شاراپىتى بىلەن كۆلتېكىن ئەر بولۇپ يېتىشتى)؛ «ئالتۇن كۆل مەڭگۇ تېشى» نىڭ شىمالىي يۈزىدە: «بۇ ئانىمىز ئوماي باقىز» (ئانىمىز ۋە ئوماي بىز بىلەن)؛ «ئۇلانباتۇر قالدۇق مەڭگۇ تېشى» دا: «قان تەڭرى بىلەن ئوماي خاتۇن» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان. «مويۇنچۇر قاغان مەڭگۇ تېشى» نىڭ 38 ـ قۇردىمۇ ئومايىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان.

www.uyghurkitap.com

بۇ ئەھۋال بۇددىزم ئېتىقادىغا كىرگەن ئۇيغۇر خەلقىدە: ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. كۆپلىگەن قىيا سۈرەتلىرىگە شەپقەت ۋە ئوت تامغا - بەلگىسى بولغان «卍» سىــــزىلغان. «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدا «ئوت رەڭلىك خوراز» خاسىيەت سىمۋولى قىلىنغان.

«رىگاۋىدا» دا تەسۋىرلىنىشىــچە، ئارىيانلارنىـــڭ جەڭ مۇئەككىلى ئىندىرا يەرلىك دارىئانلارنى يېڭىــش جەريانىــــدا «ئۆلتۈرۈخان» غا ئايلانغان. غەلىبىدىن كېيىــــن «مۇلۇت» (بۇلۇت) ئىلاھىغا ئايلىنىـــپ كەتكەن. كېيىــــن ئۇ بەخت مۇئەككىلى «قۇتلۇ» بىلەن قوشۇلۇپ سىۋا ئوبرازىنى ھاسىل قىلغان.

ھون - كۆكتۈرك - ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقلىرى دەۋرىدە كۆكتەڭرى ئېتىــقادى ئەۋج ئالغان. ئۇلۇغ شەخسلەر «كۈن تۇغمىش»، «ئاي تۇغمىش»، «كۈن بېك» ناملىرىنى ئۆزلىرىگە ئۇنۋان قىلىشقان. «كۈن» (ھون)، «كۈنەس»، «كۈنچى» ئىبارىلىرى كۈنگە بولغان ئېھتىرام بىلەن ئالاقىــدار بولغان. جەڭلەردە ئاي ۋە كۈن ھەرىكىتىگە ئېتىبار بىــلەن قارىغان. ئېيتىلىشىچە، ھون تەڭرىقۇتلىرى كۈن چىققاندا كۈنگە قاراپ، ئاي چىققاندا ئايغا قاراپ ئولتۇرىدىغان ئادەتنى ئىزچىللاشتۇر- غان. «كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشى» دا: «ئۆزە كۆك تەڭرى ئاسرا ياغىز يېر قىلىنتۇقتا» (يۇقىرى كۆكتەڭرى بۇ قوڭۇر يەرنى پاناھىڭدا ئاسرا)؛ «ئىرىق بىتىك» تە: «يېر بوشۇشلۇغ تەڭرى بۇلۇتلۇق بولتي» (يەر قايغۇرسا ھاۋا تەڭرىسى بۇلۇتلىنار)؛ «ئالتۇن يارۇغ» دا: «يېللى ئوتلى ئىكەنگۈ يىــــنتەم ئۆرۈ بارىرلەر» (شامال بىلەن ئوت ئىككىسى دائىم بىــللە) دەپ يېزىلغان.

«تۆت زات» قارىشى شامان، ئاتەشپەرەسلىك، بۇددا، مانى ۋە ئىسلام ئەقىدىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئۇزاق تارىخىــي

دەۋرلەر ئىچىدە ئىزچىل ساقلانغان ۋە راۋاجلانغان. يۇنان تارىخچىسى ھېرودوت ئوتتۇرا ئاسىيا سىكەت (سىكىف) قەبىلىلىرىنىڭ قارا دېڭىز ساھىلىغا، بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىغا كۆچكەندىن كېيىنكى تۇرمۇش ئادەتلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇرغان. ب. د. پېتروف مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسى نەشر قىلغان «تېبابەتچىلىك تارىخى» نىڭ I تومىدا، يۇنان دوختۇرى ھېپپوگرات ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سىكىفلار ئارىسىدا ياشىغانلىقى، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە «ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراق»، «تېبابەتچىلىك ئەقلىيەلىرى» ناملىق ئەسەر يازغانلىقى، سىكىفلار تەسىرىدە «تۆت فىزىس» كۆز قارىشىنى شەكىللەندۇرگەنلىكى يېزىلغان. بۇ ئېمپېدوكىل (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 493 — 430 - يىللار) نىڭ «تۆت فىزىس» كۆز قارىشىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىدى.

فارابى «ئېھسانۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى) ناملىق ئەسىرىدە تۆت زات ھەققىدە: «بىز ئۇلارنى تۈرگە ئايرىپ بايان قىلساق تۆتلۈك شېئىر بولۇپ چىقىدۇ». ئۇلار: «ئوت، ھاۋا، سۇ، تۇپراقتىن ئىبارەت... ئۇلارنىڭ سۈپەتلىرىمۇ تۆت خىل بولۇپ، ئاتاپ ئېيتقاندا: ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرغاقتىن ئىبارەت» دەپ يازغان. ئۇ: «پەلسەپىدىن سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابلىرى» ناملىق ئەسىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە كەڭ توختالغان.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە، «ئەلقانۇن فىت تىب» ناملىق تېبابەتچىلىك قامۇسىدا: «تېبىي ئۇنسۇرلار تۆت، ئۇلارنىڭ تۆتتىن ئارتۇق ئەمەسلىكىگە تەبىئەت ئالىملىرى ئىشەنسۇن، ئۇلارنىڭ ئىككىسى يەڭگىل بولۇپ، ئوت بىلەن ھاۋادۇر، ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئېغىر

بولۇپ، سۇ بىلەن تۇپراقتىن ئىبارەت» دېگەننىدى.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ فارابى ۋە ئىبىن سىنا تەرىپىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى تۆت زات قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە كلاسسىك پەلسەپىۋى تۇسكە كىرگۈزدى. بۇ مەركىزىي ئاسىيادا كېيىنكى ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى ۋە ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# II باب شىنجاڭدا بۇددىزم مەدەنىيىتى

## 1. بۇددىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە راۋاجلىنىشى

بۇددىزم — شىمال ـ جەنۇب، شەرق ـ غەرب مەدەنىي ئالاقىلىرىنى جەمغۇرلىغان كۆز قاراشلار ئاساسىدا ھىندىستاندا، قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ كەلگەن ۋە ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ ئاساسلىق تۈركۈمىنى تەشكىل قىلغان ئارى (ئاريان) قەبىلىلىرىنىڭ براخما دىنىي ئېتىقادى خارابىلىرى ئىزىدا ياراتقان بىر پۈتۈن دىنىي ـ پەلسەپىۋى ئالەم قاراشلىرى سىستېمىسىدىن ئىبارەت. بۇددىزم ئاللىقاچان ساكيامۇنى ياراتقان مەھەللىۋى دىنىي تەلىماتتىن داۋاملىق راۋاجلىنىپ ئالەمشۇمۇل دىنىي ئىدېئولوگىيە شەكلىنى ئالغان. شەرق ئەللىرىدە ئۆزىنىڭ سالماقلىق تەسىرىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بۇددىزمنىڭ پۈتكۈل تارقىلىش، تولۇقلىنىش، ئۆزگىرىش تارىخىغا شىنجاڭ خەلقىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى زور ۋە مۇھىم بولغان.

بۇددىزم — شىنجاڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى ۋاقتى ئۇزۇن، سالمىقى ئېغىر، تەسىرى زور بىر دىنىي ـ پەلسەپىۋى ئىدىيە سۈپىتىدە ئالاھىدە ئىزاھلىنىشى زۆرۈر.

مەلۇمكى، بۇددا دىنى ھىندىستاندا مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI — V ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن. بۇ چاغدا

ھىندىستاندا يەرلىك ئاھالە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كۆچۈپ ئۆزلىشىپ كەتكەن ئارىيانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق - جىنس زىددىيەتلىرى بىلەن يېڭىدىن شەكىللەنگەن قۇللۇق تۈزۈمى ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ۋە سىنىپىي زىددىيەتلەر مىسلىسىز ئۆتكۈرلەشكەن. ئەنئەنىۋى براخما دىنى بۇ زىددىيەتلەرنى مادارا قىلىشتا، قۇلدارلار سىنىپى مەنپەئەتلىرىنى مۇستەھكەملەشكە، كەڭ ئېزىلگۈچى ئاممىنى خىيالىي نىجات ئېتىقادى بىلەن بىخۇدلاشتۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلغانىدى.

بۇددا دىنىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 560 — 480 - يىللىرى ياشىغان سىددىخارتخا ئىختىرا قىلغان. ئۇ ھازىرقى ھىندىستان - نېپال چېگراسىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى كاپىلوۋاستو (Kaplavastu) پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى سۇددھودانا (Suddhodana) نىڭ شاھزادىسى ئىدى. بۇددا رىۋايەتلىرىدە سىددخارتخانىڭ ئانىسى گۈزەل خانىش مايا (Maya) ئۇنى لۇمبىنى (Lumbini) باغچىسىدا تەۋەللۇت قىلغاندا، ناندا (Nanda) ۋە ئۇپاناندا (Upananda) قاتارلىق جاسارەت ۋە شادلىق مۇئەككەللىرى ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلىپ، ئۇنى يۇيۇندۇرغان، دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. سىددخارتخا كىچىكىدە ئانىسىز يېتىم بولۇپ قېلىپ، ئانىسىنىڭ سىڭلىسى ماھاپىرا جاپاتى تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن، چوڭ بولغاندا گۈزەل قىز گوپا (Gopa) بىلەن نىكاھلىق بولغان. ئۇ 29 يېشىدا ساراي ئەيش - ئىشرەتلىرىنى تاشلاپ ماگادخا (Magadha) مەملىكىتىگە بېرىپ تەلىم ئالغان. ئۇ ئالتە يىللىق مۇشەققەتلىك دەرۋىشلىك ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 35 يېشىدا بۇددا تەلىماتىنى ياراتقان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 45 يىل ۋاقىت ئىچىدە ماگادخا، كوسالا (Kosala) ۋە گانگ ۋادىسىدا بۇددىزمنى تەشۋىق قىلغان.

www.uyghurkitap.com

سىددخارتخا ئىتنىڭ جەھەتتىن قەدىمكى ئارىيان ـ ساك خەلقىنىڭ ئەۋلادى ئىدى[1] . ئۇنى ھەتتا موڭغۇلوئىد نەسلىگە تەئەللۇق دېگۈچىلەرمۇ بولغان[2] . ئۇ بۇددىزمنى ياراتقاندىن كېيىن «ساكيامۇنى» (ساك خەلقىنىڭ دانىشمىنى) دەپ ئاتالدى.

بۇددىزم كۈچلۈك خاسلىققا ئىگە بىر خىل دىنىي تەلىمات سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ۋە دۇنيانىڭ ئىنسانغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۇمىدسىز ۋە دىنىي ئىدېئالىستىك ئاساستا ھەل قىلغان. ئۇنىڭ تۈپ تەلىماتى دۇنيانى چەكسىز «ئازاب» دېگىزى دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن ئىنساننى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ سۇبيېكتىپ نىجات يولىنى ئىزدەش ئاساسىغا ئۇيۇشتۇرۇلغان.

بۇددىزمنىڭ تۈپ ئەقىدە ۋە قائىدىلىرى «تۆت ھەقىقەت»، «ئون ئىككى سەۋەب» تىن ئىبارەت بولغان. بۇنىڭدا «تۆت ھەقىقەت» ئەقىدىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ تۆت ھەقىقەت: رېئاللىق ئازابتىن ئىبارەتلىكى؛ ئازابنىڭ 12 خىل سەۋەبتىن (بىلمەسلىك، بىلىش، مەنئۇبلىك، جىسمانىي ۋۇجۇد، سەزگۈ، تەسىرلىنىش، مۇھەببەت، ئىنتىلىش، مۇھىت، تۇغۇلۇش، كېسەللىك ۋە قېرىش، ئۆلۈش) بولىدىغانلىقى؛ پەقەت نىرۋانا (Nirvana) دۇنياسىدىلا ئازابتىن قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكى؛ نىرۋاناغا ئېرىشىش يوللىرى ۋە ۋاستىلىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇددىزم يەنە «ئۈچ دۇنيا» (ئۆتمۈش، ھازىر، كەلگۈسى)، «ئۆلۈپ ـ تۇغۇلۇشنىڭ دەۋر قىلىشى» (sansara) ۋە «قانداق سەۋەب قىلسا شۇنداق نەتىجىگە ئېرىشىش» ئەقىدىسى بىلەن ئۆز مەزمۇنىنى بېيىتتى. بۇددىزم ئۆزىنىڭ ئۇزاق دىنىي تارىخىدا كۆپ تارماق،

---

[1] [2] لۈي جىن: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبە ۋە تارماقلىرى»، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1979 ـ يىل نەشرى، 12 ـ بەت.

كۆپ ئېقىملىق مۇرەككەپ ئەقىدە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى.

بۇددىزمنىڭ پۈتۈن ھىندىستاندا بەر قارار تېپىشىدا ئاسوكا (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىر) ئالاھىدە ئورۇن تۇتتى. بۇ چاغدا بۇددىزمنىڭ دەسلەپكى دەستۇرلىرى — كېيىنچە «ھىنايانا بۇددىزمى» دەپ ئاتالغان ئىپتىدائىي بۇددىزم نوم - قائىدىلىرى مەيدانغا كەلدى. ئاسوكا تاش مۇنارلارغا بۇ قائىدىلەرنى ئويدۇرغانىدى. دەسلەپكى بۇددىزم قۇرۇلتىيى ۋە بۇددىزم ئۆلىمالىرى، دىنىي تەشكىلاتلىرى، بۇددىزم تەرغىباتى مۇشۇ زامانلاردا روياپقا چىقىپ، بۇددىزمنىڭ مۇھىم بىر باسقۇچىنى تەشكىل قىلدى.

بۇددىزمنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك دىنغا ئايلىنىشىدا «تۈرك يۈرچىلىرى»[①] قۇرغان كۇشان خانلىقىنىڭ خاقانى كانىشكا ۋە ئۇنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مىلادىيە I ئەسىردە كەشمىردە ئېچىلغان 4 - نۆۋەتلىك بۇددا قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى كەڭ كۆلەملىك بۇددىزم پائالىيىتى غايەت زور تارىخىي رول ئوينىغان. كانىشكا ھەققىدە ئىلىمىزنىڭ مەشھۇر بۇددىزم تەتقىقاتچىسى لۈي جىن ئەپەندى ئۇنى جېنتەنلىك ( 真檀 ) — خوتەنلىك كانىشكا دەپ ئېنىق تىلغا ئالغانىدى[②].

بۇددا 4 - قۇرۇلتىيى پۈتكۈل بۇددىزم تارىخىدا يېڭى باشلىنىش پەيدا قىلدى. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاي مىلادىيە I ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر بۇددا ئالىمى ئاسۋاگوشا (Asvagosha) نىڭ بىۋاسىتە قاتنىشىشى بىلەن، ئۇنىڭ «ماھايانا ئېتىقادىغا مۇقەددىمە» ناملىق كىتابى ئاساسىدا ماھايانا

---

① جاڭ شىنلياڭ: «جۇڭگو - غەرب قاتناش تارىخى»، 1926 - يىل نەشرى، Ⅵ توم، 17 - بەت.

② لۈي جىن: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبە ۋە تارماقلىرى»، 33 - بەت.

ئېتىقادىغا مۇقەددىمە» ناملىق كىتابى ئاساسىدا ماھايانا بۇددىزمىنى ئاساسىي ئورۇنغا كۆتۈردى. ئاسۋاگوشادىن بىر ئەسىر كېيىن ناگارچۇنا ۋە ئۇنىڭ زاماندىشى ئارىيادىۋا ماھايانا بۇددىزمىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى.

بۇددا 4 ـ قۇرۇلتىيى بۇددىزمىنى قوبۇل قىلىش شەرتلىرىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ، تەركىدۇنياچىلىق، يىراق تاغلىقلار ۋە غارلاردا ئىستىقامەت ئېلىپ بېرىش، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكتە قاتتىق تەقۋا بولۇش قاتارلىقلارنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنىڭ كەڭ تارقىلىشىغا يول ئاچتى.

بۇددا 4 ـ قۇرۇلتىيى بۇددىزمىنى ئوبرازلاشتۇرۇش، سەنئەتلەشتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى كېڭەيتتى. بۇددىزم ئەقىدىلىرى ئابستراكت نوم دەستۇرلىرى بىلەنمۇ، ئوبرازلىق بۇددا سۇرەتلىرى، ھەيكەللىرى، مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرى بىلەنمۇ تەشۋىق قىلىنىشقا باشلىدى. بۇ ھال مەشھۇر كۇشان بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۇردى. ۋاھالەنكى، ھىنايانا بۇددىزمى بارلىق كۆرۈنۈشكە ئەنئەنىلىك ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئىلاھىي گەۋدىلەرنى ياساشقا يول قويمايتتى. بۇ خىل ئەنئەنە بويىچە ئىنسان بەدىنى بىر دوۋە ئەخلەت ھېسابلىناتتى. بۇ ھال ماھايانا بۇددىزمىدا مەۋجۇت بولمىدى. بۇ بۇددا سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا شەرت ھازىرلاپ بەردى. بۇددا سەنئىتى ساكيامۇنىنىڭ، بودساتۋالارنىڭ ۋە ئۇلارنى قورشاپ گۈزەل يىگىتلەرنىڭ كۆركەم ھەيكەللىرىنى ياراتتى[①].

بۇددا 4 ـ قۇرۇلتىيى بۇددىزمىنى خەلقئارالاشتۇردى، ئۇ ئىلگىرىكى بىر قاتار ئىلاھلىرى، ئارخاتلار، بودساتۋالارنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىپ، باشقا خەلقلەر ھۆرمەت قىلىدىغان مۇئەككەللەرگە بۇددىزم تۈسىنى بەردى. نەتىجىدە كۆپ بۇتلۇق، ھەر خىل نوملۇق ئېرقىي ۋە تەبىقە چەكلىمىلىرىدىن تېخىمۇ ئازاد

---

① ئى. ئا. كرىۋېلېۋ: «دىن تارىخى»، موسكۋا، 1976 ـ يىل، رۇسچە نەشرى، II توم، 349 ـ بەت.

بۇددىزم مەيدانغا كەلدى. «بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغان مىللەتلەرنىڭ مۇئەككەللىرى بۇددىزمنىڭ تۈمەن بۇتلۇق قەسىرىگە كىرىپ، بۇددالىق قىياپىتىگە ئىگە بولدى. ۋىشنو ئېتىقادى ۋە شىۋا ئېتىقادىدىكى كۆپلىگەن مۇئەككەللەردىكى ئەھۋال خۇددى شۇنداق بولدى»، «بۇتلارنىڭ مىقدارى ئاشتى. ئاۋالوكىتېسۋارا (گۇەن شىيىن)، ۋىروچانا (بى لوجىنا)، ۋاجىراپانى (جىڭگاڭ شۇ) ۋە باشقا كۆپلىگەن نامى مۇقىم ياكى نامى بولمىغان بۇتلار مەيدانغا چىقتى»[1].

ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى تېرمىزدىن ھىنايانا بۇددىزمىنىڭ دەستۇرى «سارۋاستۋا» نىڭ پارچىلىرى تېپىلغانلىقى، بۇ يەرگە ماھايانا بۇددىزمىنىڭ شەكىللىنىشىدىن خېلى ئىلگىرىلا ھىنايانانىڭ تەسىر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يېقىنقى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشلار ئامۇ دەرياسى بويى، قەشقەر دەرياسى، سۇرخان دەرياسى، زەرەپشان، ھەتتا چۇ ۋادىلىرىدىمۇ بۇددىزم مەدەنىيىتى قاتلىمىنىڭ ساقلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئېيتىش كېرەككى، ئامۇنىڭ شىمالى، جەنۇبى، ئامۇ - سىر دەرياسى ئارىسىغا تارقىلىپ جايلاشقان «توققۇز چاۋۇپ»[2] كۇشان يۇرچىلىرى ئېلىمىزگە بۇددىزمنى تونۇشتۇرۇشتىكى دەسلەپكى دىن تارقاتقۇچىلار، تەرجىمانلار، تەپسىر قىلغۇچىلار بولغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، جۇڭگوغا بۇددىزمنى كەڭ تارقىتىشتا، ئۆزىگە خاس بۇددىزم تەرجىمە - تەفسىرچىلىكى، ئۆزىگە خاس بۇددىزم سەنئىتى بەرپا قىلىشتا شىنجاڭنىڭ تارىم ۋە تەكلىماكان ئەتراپىدىكى بۇددىزم ئوچاقلىرى غايەت زور رول ئويناپ، بۇددىزمنىڭ ئىككىنچى ماكانى بولۇپ قالدى.

---

① ئى. ئا. كرىۋېلىيېۋ: «دىن تارىخى»، موسكۋا، 1976 - يىل رۇسچە نەشرى، II توم، 348 - بەت.

② «توققۇز چاۋۇپ» لار توخرى تۈركلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ئىبارەت.

## 2. شىنجاڭدا بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى

بۇددىزمنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ماھىيەتتە ئىككى قاتلاملىق مەنىنى ئىپادىلەيتتى. بىرىنچىدىن، ئۇ بۇددا دىنىنىڭ ئاسوكا زامانىدىكى بۇددىزم قۇرۇلتىيى روھىدا سىرتقا قاراپ تارقىلىشقا يۈزلەنگەنلىكىنىڭ مۇھىم بىر تارىخىي ئەمەلىيىتىنى كۆرسەتسە؛ ئىككىنچىدىن، ئۇ، بۇددىزمنىڭ ئۆز تەرەققىياتى دەۋرىدە يېڭى بىر باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسەتتى.

بۇددىزمنىڭ شىنجاڭغا قاچان ئېقىپ كىرگەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىش قىيىن. ياپونىيە ئالىمى خاتانى لياۋداي (يۈجى لياۋدى) «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم» ناملىق كىتابىدا، ئاسوكا ۋاقتىدا خوتەن خانلىقىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ ھەتتا ئەفراسىياپنى تۇرانلىقلار ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ بۇددىزمنى قوبۇل قىلغان تارىخىي شەخس دەپ تىلغا ئالغان[1]. ئەمما، بۇ بىر قىياس، خالاس. يەنە باشقا قاراشلاردا، بۇددىزمنى شىنجاڭغا كانىشكا زامانىدا تارقىلىشقا باشلىغان، دېگەن پىكىرمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن.

خوتەندە ھىنايانا مەزھىپى بىر مەزگىل تەرغىب قىلىنغانلىقىغا قارىغاندا، بۇددىزم ئاسوكادىن كانىشكاغىچە بولغان ئارىلىقتىكى زامانلاردا بۇ يەرگە تارقالغان بولۇشى ئېھتىمال. بۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىرەك بولغان زامانغا توغرا كېلىدۇ. خاتانى لياۋداي مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 242 ـ يىلى كەشمىردىن كەلگەن ھىنايانا بۇددىزم ئۆلىمالىرىدىن ۋىرۇجىنا دېگەن كىشى خوتەندە بۇددىزمنى تارقاتقان[2]، دەپ يازىدۇ. بۇ، بۇ رايونلارغا بۇددا 4 ـ قۇرۇلتىيىدىن خېلى ئىلگىرىلا، ئەڭ كەم دېگەندىمۇ

---

① ② «غەربىي يۇرتتا بۇددىزم»، 1954 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 188 ـ، 202 ـ بەتلەر.

مىلادىيىنىڭ بېشىدا ياكى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە ھىنايانا بۇددىزمىنىڭ تارقالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ، شىزاڭ، سىرىلانكا، بىرما، تايلاند قاتارلىق جايلارغا بۇددىزمىنىڭ تارقىلىشى ۋە ھۆكۈمران ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈشىدىن خېلىلا ئىلگىرىكى ھادىسە ئىدى. خوتەندىن تېپىلغان «قائىدە سۇترىسى» («经句法») قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ، ھىندىستاندا بولمىغان نۇسخا ئىدى. بۇ سۇترا ھېچ بولمىغاندا مىلادىيىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تەئەللۇق قەدىمكى بۇددا دەستۇرى ھېسابلىنىدۇ.

خوتەن شىنجاڭدا ماھايانا بۇددىزمىنىڭ ئەڭ كونا ماكانى بولدى. كەشمىرگە بولغان يېقىنلىق ۋە كانىشكانىڭ خوتەن جەمەتىدىن بولۇشى، ئېھتىمال خوتەن بۇددا ئالىملىرىنىڭ كەشمىردە ئېچىلغان 4 ـ قېتىملىق بۇددا قۇرۇلتىيىغا قاتنىششى تۈپەيلى، خوتەن ماھايانا مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار، جۇملىدىن خاتانى لياۋداي خوتەننىڭ ئەسلى «چىن» — يىپەك مەملىكىتى بولۇپ (بۇ ھەقتىكى مەلۇمات ھىندىستاننىڭ ئەڭ قەدىمكى «مانو قانۇنى» دا تىلغا ئېلىنغان — ئاپتور)، ماھايانا مەزھىپى مەركەزلىرىدىن بىرى بولغانلىقى شارايىتى بىلەن «ماھاچىن» (ئۇلۇغ چىن) دەپ ئاتالغان، دەپ قارىشىدۇ. خوتەندە ماھايانا نوم ـ سۇترىلىرى كۆپلەپ تەرجىمە قىلىنغان ۋە يېزىلغان. بۇ ھەقتە ياپونىيىلىك ئاتاقلىق ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتچىسى خانىدا تورو (يۇ تيەنخېڭ) مۇنداق يازغان: «شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، غەربىي يۇرتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى بۇددا دەستۇرلىرىنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئاز بولمىغان يەرلىك مىللىي دىنىي ئىدىيىلەر ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەچكە، ئەسلىدىكى بۇددىزم ئۆزگىرىشكە ئۇچرىغانمۇ ـ يوق. . . ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ھاياتى قاتارلىقلارغا ئائىت ئەسەرلەردە ئەسلىدىكى سانسكرىت نۇسخىسىغا ناھايىتى ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنىڭ قوشۇلغانلىقى مەلۇم دەرىجىدە

مۇنداق ئۆزگىرىشىنىڭ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ»[1] . بۇددىزمنىڭ ئاساسىي دەستۇرى بولغان «ترىپىتاكا (ئۈچ نوم)»، «ساكيامۇنى جاتاكا (يارالمىش ھېكايىتى)»، ئاسۋاگوشا ئەسەرلىرى، ناگارچۇنانىڭ «ئوتتۇرا تەلىمات»، «12 قىسىملىق تەلىمات»، ئارىيا دىۋانىڭ «يۈز تەلىم» قاتارلىق ئەسەرلىرى قەدىمكى خوتەن تىلىغا تەرجىمە ـ شەرھى قىلىنىشتىن تاشقىرى، يەنە «بىخار (ئىبادەتخانا) لاردىكى راھىبلار بۇددا دەستۇرلىرىنى تەھلىل ـ تەھسىل قىلىپ قالماستىن، يەنە مۇقەددەس كىتابلار يېزىشتى. ماھايانا بۇددا دەستۇرلىرىنى كۆپەيتتى»[2] . لۈي جىن ئەپەندىنىڭ كۆرسىتىشىچە، خوتەندىن تېپىلغان 50 نۇسخىدىن ئارتۇق ماھايانا دەستۇرلىرىنىڭ خېلى بىر قىسمىنىڭ ھىندىستاندا سانسكرىت تىلىدىكى ھېچقانداق نۇسخىسى بولمىغان. مەلۇم مەنىدىن ئېيتىش مۇمكىنكى، كۇچادا بۇددىزم سەنئەت شەكلىدە، ئوبرازلىق شەكىلدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولسا، خوتەندە بۇددىزم ئىلاھىيەت شەكلىدە، ئابستراكت مۇھاكىمىلىك تەرجىمە ـ شەرھشۇناسلىق تەرىزدە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە، بۇ نىسپىي مەنىدە شۇنداق ئىدى.

خوتەن بۇددىزمى يەكەن، قەشقەر، چەرچەن، چاقىلىق، لوپنۇر ۋادىلىرىغىمۇ يېتىپ بېرىپ، بىر پۈتۈن بۇددىزم ئېتىقادى، ئادەت ـ رەسمىيىتى، مەدەنىيەت ـ سەنئىتى مۇجەسسەم مۇھىتىنى بەرپا قىلغان. بىز قەدىمكى خارابىگە ئايلانغان يوتقان، مەلىكە ئابات، راۋاق، دەندان ئۆيلۈك، كونانىيە، مازار شېرىپ، مىران، كروران، قەشقەر توققۇز ساراي، مارالبېشى تۇمشۇق، دۆلدۈل ئوقۇر قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى، بۇددا تاشكېمىرلىرى، بۇددا

---

① يۈ تيەنخىڭ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 65 ـ بەت.

② ئى. ئا. كرىۋېلېۋ: «دىن تارىخى»، Ⅱ توم، 349 ـ بەت.

ھەيكەللىرى ۋە تام رەسىملىرى، بۇددا دەستۇرلىرىدىن، جۈملىدىن بۇددا ساياھەتنامىلىرىدىكى خاتىرىلەردىن خوتەن ـ قەشقەر ـ لوپنۇر دىيارىنىڭ 1000 يىللىق بەھەيۋەت بۇددىزم مەدەنىيىتى مەنزىرىلىرىنى كۆرۈۋالالايمىز.

كۇچا — كۇسەن بۇددىزمىنىڭ يەنە بىر ئوچىقى ئىدى. ئاقسۇ، قاراشەھەر، قوچۇ بۇددىزمى شىنجاڭدا بۇددىزم ئېتىقادى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنىڭ بىرقانچە بازىسى ئىدى. كروراندىن تېپىلغان قارۇشتى پۈتۈكلىرى ۋە بۇدداغا ئائىت تارىخىي يادىكارلىقلار بۇددىزمىنىڭ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا بىرقانچە ئەسىر ئاساسىي دىنىي ئىدېئولوگىيە بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭدا مەشھۇر بۇددىزم ئىستىقامەتگاھلىرى تەشكىل قىلىندى. ئۇلار ھەم ئىبادەتخانا، ھەم تەلىم ـ تەربىيە يۇرتى، ھەم تەرجىمە ـ تەپسىر، مۇتالىئە دەرگاھلىرى بولۇپ خىزمەت قىلدى. بۇ جايلار شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئىبادەتخانىلاردىن تاشقىرى، يىراق جىلغىلاردىكى مەنزىرىلىك جايلارغا ياسالغان خىلۋەتلىك ئىستىقامەتگاھ — تاشكېمىر — «مىڭ ئۆي» لەردىن تەركىب تاپقانىدى. بۇ جايلار مەركەز قىلىنغان ھالدا داغدۇغىلىق بۇددا مۇراسىملىرى، بۇرھان (بۇت) يۆتكەش، بۇت يۇيۇش مۇراسىملىرى، دىنىي ۋە دىنشۇناسلىق پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلەتتى. ئەنئەنىۋى نورۇز پائالىيەتلىرىمۇ بۇددىزم تۈسىنى ئالغانىدى. كۆپلىگەن يەرلىك، چەت ئەل ياكى يىراق يۇرتلاردىن كەلگەن بۇددا ئالىملىرى، تالىپ (ئوقۇغۇچى) لار بۇ جايلاردا پائالىيەت ئۆتكۈزەتتى. بۇ دىنىي ئىلىم مەركەزلىرى كۆپلىگەن يەرلىك بۇددا مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملىرى، تەرجىمشۇناسلىرى ۋە سەنئەتشۇناسلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، خوتەن دىيارىدا گۇماتى

ئىبادەتخانىسى، مۈڭگۈز تاغ ئىبادەتخانىسى ( 牛角山 )، دىكابىنا ئىبادەتخانىسى ( 地迦婆缚那 )، بىما ئىبادەتخانىسى ( 媲摩 )، سامانو ئىبادەتخانىسى ( 沙摩诺 )، ماش ئىبادەتخانىسى ( 摩射 )، سابىتو ئىبادەتخانىسى ( 萨婆多 )، شىڭلۈك ئىبادەتخانىسى ( 兴龙 ) قاتارلىق يۈزلەپ ئىبادەتخانىلار بولغان. بۇ ئىبادەتخانىلاردا بىرقانچە مىڭ راھىب پائالىيەت ئېلىپ بارغان.

قەشقەر ـ يەكەنلەردە 100 گە يېقىن بۇددا بىخارىلىرى بولغان. شۇەن زاڭنىڭ يېزىشىچە، تاشقورغاندا 10، يەكەندە 10، قەشقەردە 100 دىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بولغان. بۇ، بۇددىزم چۈشكۈنلەشكەن چاغدا ئۆز ساياھىتىنى باشلىغان شۇەن زاڭنىڭ ئۇچۇرى بولۇپ، قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىقى رەقەملەر بۇددىزم راسا گۈللەنگەن دەۋردىكى ئەھۋالنى ئىپادىلىمەيدۇ.

ئاقسۇ ـ كۇچالاردا كومىراجىۋا ۋاقتىدىلا نىلۇپەر بىخارىسى ( 莲花寺 )، قۇت بىخارىسى ( 崇福寺 )، تام بىخارىسى ( 达幕寺 )، شىمالىي تاغ بىخارىسى ( 北山寺 )، ئۇنسۇ خانلىق بىخارىسى ( 温宿王寺 )، ھال (قىزىل) ئىبادەتخانىسى ( 阿丽蓝 )، شوركەنت ئىبادەتخانىسى ( 输若干蓝 )، ئالبۇ ئىبادەتخانىسى ( 阿丽跋蓝 )، يۇنمۇ ئىبادەتخانىسى ( 云幕蓝 )، چۆلتاغ ئىبادەتخانىسى ( 雀梨大寺 )، كومىراجىۋا ئوقۇغان ۋە تۇرغان جام خانلىق يېڭى بىخارىسى ( 剑幕新寺 )، فاخۇي ئىستىقامەت قىلغان بوسوۋارنات بىخارىسى ( 金化寺 ) بولغان.

گەرچە، شۇەن زاڭ خاتىرىسىدە پۈتۈنلەي قۇم باسقان ياكى خارابىگە ئايلانغان دەپ يازغان بولسىمۇ، لوپنۇر، مىران، كرورەن، شورچۇق رايونلىرىدىمۇ كۆپلىگەن بۇددا ئىبادەتگاھلىرى بولغانلىقى مۇشۇ ئەسىر بېشىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىشلار ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

بەشبالىق — قوچۇ رايونىدا تۇيۇق، سىڭگىم، يارغول، بېزەكلىكتىكى بۇددىزم ئىستىقامەتگاھلىرىدىن باشقا ئىدىقۇت (قوچۇ) شەھىرىدىمۇ كۆپلىگەن ئىبادەتخانا، بۇددا مۇنارى ۋە بۇددىزم قىرائەتگاھلىرى بولغان. بەشبالىقتا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىنيۇن ئۇلۇغ بىخارىسى ( 应运大宁寺 )، غەربىي بىخارا ( 西大寺 )، لۇڭشىڭ ئىبادەتخانىسى ( 龙兴寺 ) قاتارلىقلار ساقلانغان.

شىنجاڭ بۇددىزمى مەشھۇر بۇددىزم مۇتەپەككۇرلىرى، ئالىملىرى، تەرجىمىشۇناسلىرى ۋە سەنئەتشۇناسلىرىنى يېتىشتۈردى. ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنجاڭ بۇددىزمى ئۆلىمالىرى شۆھرىتى تەسىرىدە «راھىب» ئىبارىسى «خېشاڭ 和尚 » (خوتەن راھىبى) دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.

خوتەندىن شىنجانانتو ( 实叉难陀 )، سىلودامو ( 尸罗大摩 )، شاھزادە جى يەن ( 智严 ) قاتارلىق بۇددا ئالىملىرى، ۋىجايائىرسانگا قاتارلىق مەشھۇر رەسساملار يېتىشىپ چىققان.

قەشقەر ـ يەكەنلەردىن فىلۇر خۇيلان ( 裴慧琳 )، سۇلى سوما، شاھزادە سانكۇن، فىلۇر شىنفۇ ( 裴兴符 ) قاتارلىق بۇددا ئالىملىرى ۋە سەنئەتكارلار مەيدانغا كەلگەن.

كۇسەندىن كومىراجىۋا، بەي يەن ( 白延 )، بۇددىھاتوشىمى ( 佛图舌弥 )، مەنسى لىمىدۇرو ( 帛尸梨密多罗 )، بۇددىھاچىن ( 佛图澄 )، بۇددىھا يېشى ( 佛图耶什 )، مۇچاكۇدۇ ( 木叉曲多 )، ليان ( 利言 )، سۇجۇپ، ماندا ئاقارى قاتارلىق بۇددا ئۆلىمالىرى ۋە سەنئەتشۇناسلىرى دۇنياغا كەلگەن.

تۇرپاندىن فالاڭ ( 法朗 )، ساخۇي ( 沙惠 )، كارناداش ( 迦鲁纳答思 )، توئىن تۇتۇڭ ( 脱印 )، ئەنزاڭ، خىتەي سالى ( 乞台萨里 )، بىلەنناسكى ( 必兰纳识里 )، سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ قاتارلىق بۇددا ئۆلىمالىرى ۋە تەرجىمىشۇناسلىرى بارلىققا كەلگەن.

بۇددىزم شىنجاڭ رايونىدا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

www.uyghurkitap.com

مۇجەسسەم دىنىي پەلسەپىۋى ئىدېئولوگىيىگە ئايلانغان. ئۇ تاكى ئىسلام ئېتىقادى ئۇنىڭ ئورنى ۋە نوپۇزىنى ئىگىلىگۈچە بولغان ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ئىزچىل ساقلانغان.

بۇددىزم ئورخۇن خانلىقىغا VI ئەسىردە تاسبار قاغان ۋاقتىدا ئىچكى ئۆلكىدە ياشىغان ئاتاقلىق تىلشۇناس، بۇددا ئالىمى خۇيلاننىڭ تەكلىپى بىلەن تونۇشتۇرۇلغانلىقى مەلۇم. تاسبار قاغان بىلەن خۇيلان سۆھبەتلەشكەندە ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئەسلىدە بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقانىدى، دېگەندەك ئەسلەشلەرنى قىلغان. ئۇيغۇر خانلىقى قالدۇق قىسىملىرى تۇرپان ۋادىسىغا كىرىپ، تەدرىجىي بۇددىزمنى قوبۇل قىلغان ۋە قوچۇ - كۇسەن يېڭى بۇددا مەدەنىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى.

## 3. كومىراجىۋا ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو بۇددىزم مەدەنىيىتىدىكى ئورنى

شىنجاڭ پەلسەپە تارىخىدا، پۈتۈن جۇڭگو بۇددىزم ئىدېئولوگىيە تارىخىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن كۇسەنلىك بۇددا مۇتەپەككۇرى كومىراجىۋا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

كومىراجىۋا مىلادىيە 344 - يىلى كۇسەندە (ھازىرقى كۇچادا) تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى كومىراتان ھىندىستاننىڭ ۋەزىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ، تەركى ۋەتەن بولۇپ پامىرنىڭ شەرقىگە كەلگەندە، كۇسەن خانى ئاقارى پاك ئالدىغا بېرىپ ھۆرمەت - ئىززەت بىلەن كۇچاغا ئېلىپ كېلىپ، دۆلەت ئۇستازى قىلغانلىقى مەلۇم. بۇ، ئېھتىمال ھىندىستاندىكى ماگادخا سۇلالىسىنىڭ مۇنقەرز بولۇشى، گوپتا سۇلالىسى ۋەكىللىكىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ ئۈستۈنلۈك ئېلىش ۋەزىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك

بولسا كېرەك.

كومراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا ئاقارى كۇسەن خانىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، ئۇ 20 يېشىدا خانىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن كومراتانغا ياتلىق قىلىنغانىدى. كومراجىۋانىڭ ئىسمى كومراتان بىلەن ئاقارى جىۋانىڭ ناملىرىدىن ئېلىنغان.

كومراجىۋا ياشىغان يىللار كۇسەن خانلىقى ئاخىرقى مەزگىلىگە كىرگەن، ئېفتالىتلار (ئاق ھونلار) ماۋارەئۇننەھرنى ئىگىلىگەن، غەربىي يۇرتتا بۇددىزمىنىڭ گۈللىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن، ئىچكى ئۆلكىلەردە «16 پادىشاھلىق» دەپ ئاتالغان پارچە ھاكىمىيەتچىلىك نىزالىرى تولغان، ھىندىستان قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى ماگادخا سۇلالىسى ئاياغلاشقان يىللار بولدى.

كومراجىۋا كىچىكىدىنلا كۇسەندىكى خانلىق ئىبادەتخانىدا تەلىم ئالدى. ئۇنىڭ ئۇستازى بوتۇشما ئاقارى پۈتۈن كۇسەنگە مەشھۇر ھىنايانا ئالىمى ئىدى. ئۇ كومراجىۋانىڭ دادىسى كومراتان بىلەن بىللە يېڭى ماھايانا ئېقىمىغا ئېتىراز بىلدۈرگەن بۇددىستلاردىن بولغان. بوتۇشما ئاقارى كۇسەن خانلىقىدىكى باش ئۆلىما بولۇپ، ئەينى زاماندىكى نېلۇپەر بىخارىسى، جام خانلىق يېڭى بىخارىسى، بوسۋارنات بىخارىسى قاتارلىق بىخارىلارغىمۇ رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى تۇرپانلىق خاخۇي كۇبىرالابدا، ۋاسۇمېترا، سامگاراكا، سۇلئى باھادىرا، داھارىما باھادىرا قاتارلىقلار بولغان.

كومراجىۋا دادىسىنىڭ قازا تېپىش ئالدىدىكى ۋەسىيىتى بويىچە ئانىسى بىلەن توققۇز يېشىدا كەشمىرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى باخشى ـ ئۇستاز پانتو دادۇدىن ھىنايانا بۇددىزمىنى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق سىستېمىلىق ئۆگەندى. ئۇ بەلخ شەھىرى ۋە باشقا جايلارنى زىيارەت قىلىپ، كۇسەنگە قايتىشىدا يەكەن خانلىقىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۆتتى. يەكەن خانلىقىدىكى سۈلئى باتو، سۈلئى سوما ئىككى شاھزادە كومىراجىۋانى ھۆرمەتلەپ، ئۇنى ئانىسى ئاقارى جىۋا بىلەن بىللە بىر يىل تۇتۇپ قالدى. بۇ چاغدا خوتەن، يەكەن، قەشقەرلەردە خۇددى قەندىھاردىكىدەك ماھايانا بۇددىزمى ئۈستۈنلۈك ئالغانىدى. كومىراجىۋا سۈلئى سومانى ئۇستاز تۇتۇپ ماھايانا بۇددىزمىنى قوبۇل قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا كومىراجىۋا ئاسۇا گۇشا، ناگارچۇنا، ئارىيادىۋا قاتارلىق ماھايانا پىر – ئۇستازلىرىدىن كېيىنلا يەكەنلىك بۇددا ئالىمى شاھزادە سۈلئى سومانى تۆتىنچى ئۇستازى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان.

ئاقارى پاك خان يېڭىلىق تەرەپدارى ئىدى. كومىراجىۋا 13 يېشىدا كۇسەنگە قايتقاندا ئالدىغا چىقىپ، كاتتا ھۆرمەت – ئىززەت بىلەن ئوردىغا ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ كۇسەندە ماھايانا بۇددىزمىنى تەشۋىق – تەرغىب قىلىشىغا، ۋەز – نۇتۇق سۆزلىشىگە زور كۈچ بىلەن مەدەت بەردى. ھەتتا كومىراجىۋاغا شىر پۇتلۇق ئالتۇن تەخت ياستىپ بەرگەنلىكى مەلۇم. خانلىقنىڭ ماھايانا مەزھىپىنى قوللىشى بىلەن ھىنايانا تەرەپدارلىرىنىڭ پائالىيىتى بىر مەزگىل يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ كۇسەندە بۇددىزمنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدا بەرپا قىلىنغان تاشكېمىر سەنئىتى غايەت زور ئېستېتىك قىممەت ياراتقانلىقى روشەن.

كومىراجىۋا 39 يېشىغىچە كۇسەندە پائالىيەت ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ داڭقى – شۆھرىتى ھەتتا ئىچكى ئۆلكىلەرگە يەتتى. كېيىنكى جاۋ خانلىقى تەرىپىدىن «ئۇلۇغ ئۆلىما» دەپ شۆھرەتلەنگەن ئاتاقلىق غەربىي يۇرت بۇددا ئۆلىماسى بۇددىھا توچىن (佛图澄 ، 232 — 348) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان شاگىرتى داۋئەن (312 — 385) بىلەن قوچۇلۇق كومىرابات كومىراجىۋانىڭ

داۋقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كومىراباتنىڭ دادىسى كۇسەن خانى ئاقارى پاكىنىڭ ئىنىسى ئىدى. داۋئەن ئالدىنقى چىن پادىشاھى فۇجيەنگە كومىراجىۋانىڭ تەرىپىنى قىلىپ مەكتۇپ يازغانىدى. بۇ چاغدا ھەرقايسى پارچە ھاكىمىيەت پادىشاھلىرى ئەلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا كومىراجىۋادەك مەنىۋى يېتەكچىگە تولىمۇ موھتاج ئىدى. فۇجيەنىنىڭ ئەمرى بىلەن 383 - يىلى ئاتلىق قوشۇنلار سانغۇنى لۈي گۇاڭ 70 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ كۇسەنگە يۈرۈش قىلىپ، كومىراجىۋانى ئېلىپ كېلىشكە يولغا چىقتى. فۇجيەن ئالىمنى ھۆرمەت - ئىززەت بىلەن ئېلىپ كېلىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

«جىننامە. لۈي گۇاڭ تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، لۈي گۇاڭ قوشۇنلىرى قاراشەھەر (كىنگىت) ئاھالىسىنى پاراكەندە قىلىپ، ئىلوخاننى تەسلىم قىلىپ كۇسەنگە يۈرۈش قىلغان. ئاقارى پاك قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەچكە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئاقارى چىننى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغان. لۈي گۇاڭ ھەشەمەتلىك كۇسەن مەدەنىيىتىدىن ھەيران قالغان ۋە 20 مىڭ تۇياق ئات، قېچىرغا ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇزىنىنەت، ھەر خىل باغ قۇشلىرى، ھەر خىل ئېسىل بۇددساتۋا ھەيكەللىرى، چالغۇ ۋە سازەندىلەرنى يۈكلەپ قايتقان. بۇ دۇنخۇاڭ - لياڭجۇ بۇددىزم مەدەنىيىتى ۋە مۇزىكا سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئاساسى بولدى.

كومىراجىۋا 39 يېشىدا لۈي گۇاڭنىڭ ئەسىرى سۈپىتىدە «مىرزا مەھبۇس» قىياپىتىدە كۇسەندىن ئېلىپ مېڭىلدى. ئۇنىڭغا يېقىندا ئۆلتۈرۈلگەن ئاقارى پاكنىڭ قىزىنى مەجبۇرىي نىكاھلاندۇرۇپ قويغانىدى. كومىراجىۋا 384 - يىلى لياڭجۇ شەھىرىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ چاغدا لۈي گۇاڭنى كۇسەنگە ئەۋەتكەن پادىشاھ فۇجيەن كېيىنكى چىن پادىشاھى ياۋچاڭ تەرىپىدىن

ئۆلتۇرۇلۇپ، ئالدىنقى چىن سۇلالىسى ئاخىرلاشقانىدى. پۈرسەتتىن پايدىلانغان لۈي گۇاڭ لياڭجۇنى پايتەخت قىلىپ، كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنى قۇرۇۋالدى. بۇ سۇلالە لۈي گۇاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى لۈي شاۋ، لۈي چۇەن زامانىغىچە داۋام قىلدى، ئاخىرى كېيىنكى چىن سۇلالىسى پادىشاھى ياۋ شىڭ لۈي چۇەننى ئاغدۇرۇپ، كېيىنكى لياڭ سۇلالىسىنى يوقاتتى. بۇ ئەسنادا كۇمىراجىۋا لياڭجۇدا 16 يىل تۇرۇپ، خەنزۇ تىل - يېزىقى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشتى.

كېيىنكى چىن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ياۋ شىڭ 401 - يىلى ياۋ شۇنى ئەۋەتىپ كۇمىراجىۋانى 57 يېشىدا چاڭئەنگە ئېلىپ كەلدى. ئۇ پادشاھ تەرىپىدىن ئالىي ھۆرمەت بىلەن دۆلەت ئۇستازى دەپ ئاتالدى.

كۇمىراجىۋا تولىراق چاڭئەندىكى «شاۋياۋ» (سەيلە باغچىسى، «شىمىڭگې» سارىيىدا تۇردى. «ساۋتاڭمى» ئىبادەتخانىسى قاتارلىق جايلاردا لېكسىيىلەر سۆزلىدى. كۇمىراجىۋانىڭ كۆپلىگەن لېكسىيىلىرىگە پادشاھ باشلىق 3000 دىن ئارتۇق ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە ئالىمنىڭ شاگىرتلىرى قاتنىشاتتى.

كۇمىراجىۋانىڭ نۇرغۇن شاگىرتلىرى بولغان. مۇھىملىرى زېڭ جاۋ، زېڭ زۈي، زېڭ چيەن، زېڭ داۋ، خۈي گۇڭ، خۈي جېڭ، خۈي يۈەن، فاچيەن، داۋ شېڭ، داۋ رۇڭ قاتارلىقلار. 800 گە يېقىن شاگىرتلىرى ئىچىدە ئەڭ قابىلىيەتلىكى زېڭ جاۋ (384 — 414) بولۇپ، 30 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. زېڭ جاۋ كۇمىراجىۋا لياڭجۇدىكى چېغىدا ئالدىغا بېرىپ كۆسەن، سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىللىرىنى ئۆگەنگەن.

كۇمىراجىۋا چاڭئەندە 12 يىل تۇرۇپ، 413 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 70 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئالىمنىڭ

جەسەت كۆلى (Raka) ئۇ ياشىغان «شاۋياۋ» باغچىسىغا قويۇلغان.

كومىراجىۋانىڭ پەلسەپە ـ ئىدىيە تارىخىدىكى ئورنىغا باھا بېرىشتە، ئۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جۇڭگو بۇددىزم ئىدىيىسى تارىخىدىكى يىرىك بۇددىزم مۇتەپەككۇرى، ماھايانا بۇددىزمىنىڭ كۆرۈنگەن نامايەندىسى، «ئۈچ پېشۋا تەلىماتى» دەپ ئاتالغان «ئادەم ـ يوقلۇق ـ سونياتا» تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى، ئېلىمىز تارىخىدىكى مەشھۇر بۇددا تەرجىمىشۇناسى، بۇددا شەرھشۇناسى دېيىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۇسەن، لياڭجۇ ۋە چاڭئەندىكى پائالىيىتى يالغۇز ماھايانا تەشۋىقاتى ۋە تەرجىمىچىلىكى بىلەن چەكلەنگەن ئەمەس.

زېڭ يۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، كومىراجىۋا 32 پارچە، 300 جىلد؛ خې چاڭفاڭنىڭ كۆرسىتىشىچە 98 پارچە، 425 جىلد بۇددا نوم سۇترىلىرىنى تەرجىمە قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ۋىمالاكىرتى سۇترىسى»، «سادda ھارام پونداىكا ۋۇتۋا سوترىسى»، «مايترىنىڭ بۇددىغا ئايلىنىش سۇترىسى» نىڭ نۇسخىلىرى دۇنخۇاڭ غارلىرىدىن تېپىلدى. بۇ سۇترىلار بىلەن بىللە «پىرا چىنا پارامىتا سۇترىسى»، «ۋاجىركېھدىكا سۇترىسى» (ئالماس تەمسىل قىلىنغان نوم)، «ھېكمەتلىك نېلۇپەر سۇترىسى» ۋە «ئوتتۇرا تەلىمات»، «12 قىسىملىق تەلىمات» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ تولىسى بىۋاستە سانسكرىت نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان. سۆز ـ ئىبارىلەر يۇقىرى سۈپەتتە ئۆلچەملەشتۈرۈلگەن. نەتىجىدە ئىلگىرىكى بارلىق تەرجىمىلەر «كونا تەرجىمە نۇسخا»، كومىراجىۋانىڭ تەرجىمىسى «يېڭى تەرجىمە نۇسخا» دەپ ئاتالدى[①]. كومىراجىۋا خەنزۇ بۇددا

---

① لۇي جىن: «جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ مەنبە ۋە تارماقلىرى»، 1979 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 88 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئەدەبىياتىغا بىر يۈرۈش ئۆلچەملىك لۇغەت تەركىبى ئېلىپ كىرگەنلىكى روشەن. ئۇنىڭ تەرجىمە قىلغان بۇددا نومىلىرى، شېئىرىي ھېكايىلىرى ھەتتا چاۋشيەن، ياپونىيىلەردە ھازىرقى كۈندىمۇ كەڭ ئوقۇلماقتا.

كومىراجىۋا بىر قاتار شەرھىي ئەسەرلەر ئىشلىگەن، تەرجىمە قىلغان نوم سۇترىلىرىغا بىر قاتار ئىلاۋە ۋە قوشۇمچىلار كىرگۈزگەن. ئۇ «ئاسۋاگوشا تەزكىرىسى» نى تەرجىمە قىلغاندا، «ناگارچۇنا تەزكىرىسى» بىلەن «ئارىيادىۋا تەزكىرىسى» نى تەرجىمە قىلغاندا كۆپلىگەن ھىندى خەلق ھېكايىلىرىنى تىلغا ئالغان. «ھېكمەتلىك نىلۇپەر سۇترىسى» غا ئىلاۋە يېزىپ، كۈسەن مۇزىكىلىرى — غوڭقا، جەللا، بەرباب قاتارلىق چالغۇلارنى تونۇشتۇرغان.

كومىراجىۋا «شى شياڭلۇن» (ئالەم ھەقىقەتلىرى) ناملىق ئەسەر يازغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدە، «راھىب خۇي يۈەنىنىڭ 18 جەھەتلىك سوئالىغا جاۋاب» ناملىق ئەسىرىدە، ھەرقايسى نۇتۇق ـ لېكسىيىلىرىدە (بۇ تولىراق ئۇنىڭ شاگىرتى زېڭ جاۋنىڭ «شەيئىنىڭ يۆتكەلمەسلىكى» ناملىق ئەسىرىدە ئىپادىلەنگەن) ئۆزىنىڭ «يوقلۇق» (سونياتا) نى مەركەز قىلغان ماھايانا قاراشلىرىنى گەۋدىلەندۈرگەن. مەلۇم مەنىدىن ئاسۋاگوشا تەرىپىدىن ئاساس سېلىنغان ماھايانا بۇددىزمى كومىراجىۋا تەرىپىدىن ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان نىگىلىزىملىق ۋە ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق يولنى بويلاپ ئاخىرقى چېكىگە يەتتى دېيىش مۇمكىن.

كومىراجىۋانىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى مۇنداق ئىدى:

ئەسلىدە ھىنايانا «ھەممىسى ئۆز جايىدا» (سار ۋاستىۋا) دېگەن قاراش بويىچە ئالەمنى دۇئالىستىك ئاساستا «تۇس» ۋە «روھ» تىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلگەن مەۋجۇدىيەت

نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. «تۇس» — تۇپا، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زاتقا، «روھ» — بىلىش، قىلىش، ئويلاش، مۇپتىلا بولۇشتىن ئىبارەت تۆت پائالىيەتكە ئاجرىتىلغان. تۆت زات «ئۇششاق توزان» دېگەن ئىبارە بىلەن ئىپتىراپ قىلىنغانىدى. «تونۇلغۇچى» (ئوبىيېكت) بىلەن «تونۇغۇچى» (سۇبيېكت) ئاساسىدا بىلىش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھىنايانا مەزھىپىدە بۇددىغا ئايلىنىش مۇمكىنچىلىكى (بۇددىھاگوترا) پەقەت ساكيامۇنى بىلەن شەپقەت ھامىيسى مايترىغىلا بېرىلگەن بولۇپ، قالغان بۇددا مۇخلىسلىرى پەقەت «ئارخات» موللا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تۇرمۇش جەھەتتىن مۇنداق «ئارخات» موللا بولۇش ئۈچۈن تەركىدۇنيا بولۇش، دەرۋىشلىك يولىغا كىرىپ ئازاب چېكىش تەلەپ قىلىناتتى. نەتىجىدە ماھايانا تەرەپدارلىرى ئۇلارنى «ھىنايانا» (كىچىك كۆلۈڭگۈ — كىچىك هارۋا — تار مەزھەپ) دېيىشتى. ئۆزلىرى بولسا، ھەممە كىشى بۇددىغا ئايلىنىش مۇمكىنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن «ماھايانا» (چوڭ كۆلۈڭگۈ — چوڭ ھارۋا — چوڭ مەزھەپ) دەپ ئاتالدى. بۇ ھال يەنە «ئوتتۇرا ھال بولۇش»، «چېكىدىن ئېشىشقا مايىل بولماسلىق» تەلىماتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

ماھايانا، بولۇپمۇ ناگار چۇنانىڭ سونياتا تەلىماتى ئالەم تەكتى ـ ماھىيىتىدىن «قۇرۇق» (يوقلۇق) دېگەن قاراشنى تەرغىب قىلدى. «پاراجىنا پارامىتا سۇترىسى» دا: «تۇس —قۇرۇقلۇق، قۇرۇقلۇق — تۇس؛ تۇس قۇرۇقلۇقتىن ئۆزگە ئەمەس، قۇرۇقلۇق تۇستىن ئۆزگە ئەمەس» دېيىلگەن. شۇنداق قىلىپ ھىنايانا ئېتىراپ قىلغان «تۇس» نى يوقلۇق ھېسابلىغان. ناگار چۇنانىڭ كۆرسىتىشىچە، ئالەمدىكى نەرسىلەر «تۇسلۇك»،

www.uyghurkitap.com

چىندەك، سەۋەبىياتلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئاقىل كۆز ۋە ھېكمەتلىك ئەقىل بىلەن كۆزەتكەندە «ئۆز ـ ئۆزىگە يۆلەنگەن مەۋجۇتلۇقى» بولمىغان «ھەممىنىڭ قۇرۇقلۇقى» دىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ سەۋەبىياتمۇ يوقتىن بار قىلالمايدۇ. مانا بۇ ماھىيەت دەپ قارىغان.

ئارىيا دىۋا ھەتتا «تۇسلۇك»، «روھلۇق» ئالەمدىن باشقا «نىرۋانا» ئالەمىنىمۇ «قۇرۇق» دەپ، ساكيامۇنى بىلەن بۇددىزمنىمۇ «قۇرۇق» دەپ ئىنكار قىلىشقا يېقىنلاشتى. چەكسىز ئۇمىدسىزلىك، نىگىلىزملىق خاراكتېرگە كۆتۈرۈلگەن بۇ تەلىمات ھىنايانا تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن بۇدداغا ئاساسلانمىغانلىق دەپ قارالغان[1].

كومىراجىۋا ماھايانا مەزھىپىنىڭ سونياتا قاراشلىرىدا ئىزچىل تۇرۇش بىلەن بىللە، ئۇ «ئوتتۇرا ھالەت»، «نىسبەتلىك» قاراشلىرى بىلەن ئارىلاشقان ئۆزگىچە خاس ماھايانا — سونياتا قاراشلىرىغا ئاساس سالدى.

ئۇ بىر تەرەپتىن، سونياتا تەلىماتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ چېكىگە يەتكۈزدى. ئەسلىدە بۇددىزم پەلسەپىسىدە دۇنيانىڭ جاپالىقلىقى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يوللىرى، غايىۋى نىجات بولغان نىرۋانا، تېگى ـ تەكتىدىن «مۇھىت» مەسىلىسى، «مۇھىت» كاتېگورىيىسى ئىدى. مۇنداق كاتېگورىيىلىك قاراش راۋاجلىنىپ بۇددىزملىق ئالەم قاراشلىرىغا ئايلانغانىدى. «مۇھىت» — روھ ۋە ماددا («تۇس») دىن ئىبارەت ئىككىگە، كېيىنچە «تۇس»، «روھ» ۋە «نىرۋانا» دىن ئىبارەت ئالەمگە ئۆزگەرتىلگەنىدى. بۇددا ئىدېئالىزمى «ئۈچ ئالەم روھتىن ئىبارەت» دەپ ئىزاھلايتتى. كومىراجىۋا «ئۈچ ئالەم روھتىن ئىبارەت» دېگەن قاراشنى «ئۈچ

---

① لۇي جىن: «ھىندىستان بۇددىزمىنىڭ مەنبە ۋە تارماقلىرى»، 168 ـ بەت.

ئالەم قۇرۇقتۇر» دەپ ئىزاھلاپ، بىر يولىلا، ئۇزۇل - كېسىل سونياتاچىلىقنى تەكىتلىدى. كومىراجىۋا ئۈچ ئالەمنى «قۇرۇق»، غەيرىي مەۋجۇت دېگەندە، ئۆزىنىڭ ئىككىنچى كۆز قارىشىغا — «خىيالىي كۆرۈنۈش» قارىشىغا ئورۇن قالدۇرۇپ كەتتى. كومىراجىۋا شاگىرتى خۇي يۈەننىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ ئالەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە توختالغاندا: بىرىنچىدىن، بىقارار، ئىككىنچىدىن، ئازابلىق، ئۈچىنچىدىن، قۇرۇق، تۆتىنچىدىن، مەنمۇ ھەم مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ئومۇملاشتۇرغان. بۇنىڭدا ھادىسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، بىقارارلىقى ئىنكار قىلىنمىغان، ماھىيەتتە ھەممىنىڭ، ھەتتا روھىي دۇنيانىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى تەكىتلەنگەن. ئۇ مەۋجۇت ئەمەسلىك — قۇرۇقلۇق چۈشەنچىسىگە مەنە بېرىپ، ئۇنى چەكسىز كېڭەيتىپ، «ھەممە نەرسە قۇرۇق»، «سەۋەبىياتلارمۇ قۇرۇق»، «مەنىلەرمۇ قۇرۇق» دېگەن. ئۇنىڭچە، مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى «ساختا چۈشەنچە» ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆتمۈشمۇ، كەلگۈسىمۇ، ئازابلىق دۇنيامۇ، نىرۋانا جەننىتىمۇ، بۇددامۇ، جاپالىق ئىستىقامەتمۇ، مەنىلەرمۇ، سۇترىلارمۇ ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان «قۇرۇق» تىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىست پلاتون ۋە يېڭى پلاتونىزمچىلاردىن پەرقلىق ھالدا رېئال دۇنيانىمۇ، ئىدېئال دۇنيانىمۇ، ھەممىنى ماھىيەت قىممىتى بويىچە ئىنكار قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل سونياتالىق ئىزچىل ئىدىيىسىنى «10 تەمسىل» ناملىق شېئىرىدىمۇ روشەن ئىپادىلەپ ئۆتكەن. بۇ شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

تۇنجى تەمسىلنى قۇرۇقتىن ئەيلىدىم مەن ئېيتىدا،
تەبىرى ئالەم ئۈچۈن تەمسىل قۇرۇقلۇق جايىدا.
سۆز بىلەن ھەر مەنىنى قىلسامۇ ئىزھار قانچىلىك،
مەنىمۇ چەكسىز ئەمەس، ئۇمۇ تۇگەر بىر ۋاقتىدا.

ئەۋلىيالىق تون كىيىپ دەرۋىش بولۇپ باسساڭ قەدەم،
كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇنالغۇ بولمىغاي دەرگاھ ساڭا.
جىلۋىلىك تۇرغان جاھاننىڭ تەكتىگە سالساڭ نەزەر،
ھادىسى ئالەمدە يوق بەربات ۋە يا بولماق بىنا[1] .

كومىراجىۋا ئىككىنچى تەرەپتىن، ھادىسىلەر كاتېگورىيىسى جەھەتتىن رېئال دۇنيا، بىقارار ئالەمنىڭ نىسپىي مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئىنكار قىلمىغان. ئۇ خۇي يۈەننىڭ سوئالىغا بەرگەن جاۋابىدا: ئەگەر ئالەمدە ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس دېسەك، ئۇششاق توزان كۆز قارىشىغا سونىياتا تەلىماتىغا تايىنىپلا ھۇجۇم قىلساق، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە خىلاپلىق قىلساق، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمەيمىز، دېگەن. ئۆزىمۇ ھىنايانا مەزھىپىگە ئائىت بەزى تەمسىللىك ئەسەرلەرنىمۇ تەرجىمە قىلغان. رېئال دۇنيادىكى «ئاۋاز»، «جىسىم»، «سەۋەب»، «تېبابەت»، «ھۈنەر» دىن ئىبارەت «بەش روشەن» (بەش ئىلىم) نى تەتقىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمىدى. ئۇ بۇددا ـ گوترا (بۇددىغا ئايلىنىش ئىقتىدارى) نى يالغۇز ئاڭلاپ بىلىش (مۇتالىئە قىلىش) بىلەن ئەمەس، يەنە كۆرۈپ بىلىش بىلەنمۇ بولىدۇ، دەپ ئىككى جەھەتكە ئاجراتتى. بۇ سەنئەت ۋە ئەمەلىيەتكە مەنپەئەتلىك ئىدى.

كومىراجىۋا ئۆزىنىڭ «ئالەم ھەقىقەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە «ئوتتۇرىچە ئالەم ھەقىقىتى» قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ تەلىماتىنى «ئالەم نىسپىيلىكى تەلىماتى» دەپمۇ ئاتىغان[2] .

«ئالەم نىسپىيلىكى» تەلىماتى بويىچە، ئالەم قۇرۇق ھەم

① «خەن، ئۈچ پادىشاھلىق، جىن، سۇي نەزمىلىرى دىۋانى» دىن ئېلىندى.
② لۇي جىن: «جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ مەنبە ۋە تارماقلىرى»، 97 ـ، 98 ـ بەتلەر.

غەيرىي قۇرۇق، مەۋجۇت ئەمەس، مەۋجۇت ئەمەسمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا «قۇرۇق» بىلەن «تۇس» ئۆزئارا ماھىيەت ــ ھادىسە نىسبىتى، نىسبەتلىك ھەقىقەت تەشكىل[1] قىلغان. مانا بۇ ھىنايانا ۋە ماھايانا كلاسسىك سۇترىلىرىدا كۆرۈلمىگەن كومىراجىۋاچە بۇددىزمنىڭ ئالەم نەزەرىيىسى ئىدى. ئۇنىڭچە، ئالەمنى «بار ۋە يوقمۇ دېمەسلىك»، «يوقمۇ ئەمەس، بارمۇ ئەمەس»، پەقەت «ساختا مەۋجۇت»، خۇددى «سۇدىكى ئاي» غا ئوخشاش «غەيرىي مەڭگۇ» لۈك دېيىش كېرەك ئىدى.

كومىراجىۋا «ئالەم نىسپىيلىكى تەلىماتى» نى بىلىش ساھەسىگە تەتبىق قىلغان. ئۇ ھەر خىل ئۇقۇملار ۋە ئاتالغۇلار (كاتېگورىيىلەر) نىڭ ئوبيېكتىپ قىممىتىنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى سىمۋول، بەلگە ــ ئالامەت، «ساختا نام» دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە، بىۋاسىتە ھېسسىي بىلىش — «ساختا مەۋجۇتلۇق» ھەققىدىكى «خىيالىي كۆرۈنۈش» بولۇپ، بۇ نەرسىلەر ھەققىدە ئىشلىتىلگەن ئۇقۇم، چۈشەنچىلەر «ساختا نام» (prajnapti) ھېسابلىناتتى. ئۇ «مۇشتۇم» دېگەن نام بەش بارماقنىڭ يىغىلىشىنىڭ نامى بولۇپ، بەش بارماقتىن باشقا مۇشتۇم دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، دېدى.

كومىراجىۋا ھەرىكەت — تۇرغۇنلۇقتۇر، ئۆزگىرىش — ئۆزگەرمەسلىكتۇر، دەپ قارىغان. ئۇ ئۆلۈمنى ۋە تۇغۇلماقنى پەرقلەندۈرۈش «سونياتا» قارىشى بويىچە پۈتۈنلەي مەنىسىزلىك، تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش بىر پۈتۈن نەرسە، ئالەم ئۆزى پۈتۈنلەي «ئۆلۈم خىلۋىتى ئىچىدە» دەپ ھېسابلىغان.

كومىراجىۋا بۇددا نوملىرىنى خەنزۇچىلاشتۇرۇشتا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك شېئىرىي تالانتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ نوملار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ھېكمەتلىك نىلۇپەر سۇترىسى» تەرجىمە نۇسخىسى پۈتۈنلەي قاپىيىلىك شېئىرىي ۋەزىن بىلەن ئىشلەنگەن.

كومىراجىۋا جۇڭگو، چاۋشيەن، ياپونىيىدە ھېلىمۇ تەسىرلىك بۇددا پەيلاسوپى سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئالاھىدە تۈجۈپىلەپ نەشر قىلىنىدۇ.

---

① لۈي جىن: «جۇڭگو بۇددىزمىنىڭ مەنبە ۋە تارماقلىرى»، 97 ــ، 98 ــ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

# III باب شىنجاڭدا ئىسلام مەدەنىيىتى

## 1. ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئاساسىي دىنىي ئەقىدىلىرى

ئىسلام دىنى — خرىستىئان ۋە بۇددا دىنلىرى بىلەن بىر قاتاردىكى ئۈچ چوڭ دۇنياۋى دىنىنىڭ بىرىدۇر. «ئىسلام» سۆزى ئەرەبچىدە «ئىتائەت»، «بويسۇنۇش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچىلار ئەرەبچىدە «مۇسلىم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «مۇسلىمۇن» سۆزى تۈرلۈك خەلقلەر ئارىسىدا ھەر خىل شەكىلدە (پارسلاردا — مۇسەلمان، ئۇيغۇر، ئۆزبېك قاتارلىق خەلقلەردە — مۇسۇلمان، قىرغىز ۋە قازاقلاردا — مۇسۇرمان...) قوللىنىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھازىر «مۇسۇلمان» ئاتالغۇسى بىرقەدەر كەڭ قوللىنىلىدۇ.

ئىسلام دىنى مىلادىيە VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بارلىققا كەلگەن. ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىك بولۇپ، ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب يېرىم ئارىلىدا يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى VII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىش ھارپىسىدا، ئەرەب قەبىلىلىرى

ئاربسىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالى دېگەندەك تەكشى ئەمەس بولۇپ، قەدىمىي مەدەنىيەت مەركىزى بولغان يەمەندە قۇلدارلىق تۈزۈمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان، يېرىم ئارالنىڭ شىمالىدىكى شەھەرلەردە قۇلدارلىق مۇناسىۋەتلىرى تېخى ئەمدى راۋاجلىنىۋاتقانىدى. يېزا ـ قىشلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاۋاتقان ئەرەب قەبىلىلىرى ئاربىسىدا بولسا پاترىئارخال ئۇرۇقداشلىق، قەبىلىچىلىك تۈزۈمى يىمىرىلىپ، سىنىپىي مۇناسىۋەتلەر شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. قىسقىسى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئۇلارغا قوشنا بولغان مىسىر، ۋىزانتىيە، ئىران، مىسسوپوتامىيە قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىگە نىسبەتەن تەرەققىيات جەھەتتە خېلىلا ئارقىدا ئىدى.

يېرىم ئارالنىڭ غەربىي قىسمىدا قىزىل دېڭىزنى بويلاپ سوزۇلغان ھىجاز دەپ ئاتىلىدىغان رايون بار بولۇپ، ھىجاز بۇ دەۋردە ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلى تەرەققىي تاپقانىدى. بۇ تەرەققىيات بىر تەرەپتىن ھىجازدىكى سۇيى ياخشى بولغان جايلاردىكى دېھقانچىلىق بىلەن باغلىنىشلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھىجازدىن ئۆتىدىغان قەدىمىي كارۋان يولى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. VI ئەسىردە بۇ كارۋان يولى جەنۇبتا يەمەن ئارقىلىق ھەبەشىستان ۋە ھىندىستاننى، شىمالدا سۇرىيە ئارقىلىق مىسىر، ۋىزانتىيە ۋە ئىراننى تۇتاشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ كارۋان يولى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتىمۇ زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ھىجازدىكى يول ئۈستىگە جايلاشقان مەككە، يەسرىپ (كېيىنكى نامى مەدىنە)، تائىپ قاتارلىق شەھەرلەر VI ئەسىردە ئىقتىسادىي جەھەتتە خېلىلا گۈللىنىپ، سودا مەركەزلىرىگە ئايلانغانىدى.

مەككىنىڭ سودا مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەتراپىتىكى شەھەرلەرگە بولغان تەسىرى ناھايىتىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەككە پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا دىنىي مەركەز بولۇپ كېلىۋاتقان شەھەر ئىدى. مەككىدىكى كەئبە ۋە ئۇنىڭدىكى قارا تاش ھەم ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ خۇداسى دەپ چوقۇنىدىغان 300 دىن ئارتۇق قەبىلىۋى بۇتلار تۈپەيلىدىن، مەككە ئەتراپىتىكى شەھەرلەردە ياشايدىغان قەبىلىلەرنىڭ ئېتىقاد مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. بۇ ۋاقىتلاردا، مەككىدە ئەرەبلەرنىڭ قۇرەيش قەبىلىسى ھۆكۈمران ئورۇندا بولۇپ، سودىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك كۆز قارىشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ كېلىپ چىققان مۈلۈك تەقسىماتىدىكى تەڭسىزلىك قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىر دائىرىسىنى كۈچەيتىۋەتكەن، چوڭ، باي قەبىلىلەرنىڭ ئوتتۇرا، ئۇششاق قەبىلىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، مەككە ۋە باشقا شەھەرلەردىكى سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقلار ئېغىرمۇ كەسكىنلەشتى. بىر تەرەپتىن قۇللار بىلەن قۇلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى، يەنە بىر تەرەپتىن قەبىلە ئاقسۆڭەكلىرى بىلەن ئاددىي خەلق ئوتتۇرىسىدىكى بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقان بۇ خىل سىنىپىي قارىمۇ قارشىلىقلار سەۋەبىدىن، مەككە ئاقسۆڭەكلىرى بۇ خىل سىنىپىي زىددىيەتلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى كرىزىستىن قۇتۇلۇش، ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ يوللىرىنى ئىزدەشكە موھتاج ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي چۈشكۈنلۈك، كرىزىستىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت ئېھتىياج يېڭى بىر مەنىۋى كۈچنىڭ، يەنى يېڭى بىر دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئاساس ھازىرلىغانىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىۋى ئىلاھلىرىغا تاۋاپ قىلاتتى. يەھۇدىي ۋە خرىستىئان دىنلىرىنىڭ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا تارقىلىشى جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ دىنلارنىڭ بىر ئىلاھلىق ئەقىدىسى ۋە تارىخىي رىۋايەتلىرى ئەرەبلەر ئارىسىغا يېڭى كۆز قاراش ۋە بىلىملەرنى ئېلىپ كىرگەن، بۇ يېڭى كۆز قاراش ۋە بىلىملەر بىلەن كۆپ خۇدالىق قەبىلىۋى ئېتىقادلار ئوتتۇرىسىدا كۈچلۈك توقۇنۇش پەيدا بولغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام دىنى پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا يەككە خۇداغا ئېتىقاد قىلىش ھەققىدىكى تەرغىبات باشلانغانىدى. بۇ خىل ئېتىقادنى تەرغىب قىلغۇچىلار «ھەنىفلەر» (ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر، ئېتىقاد قىلغۇچىلار) دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار قەبىلىۋى خۇدالارغا ئەمەس، بەلكى يېگانە خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنى تەشۋىق قىلغان. ھەنىفلەرنىڭ تەرغىباتى VI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا خېلى كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ بىر تەرەپتىن، ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىن بىرلىككە كېلىشكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئىنكاسى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تارقاق ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىن بىرلىشىشكە بولغان ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلىگەنىدى. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بەلگىلىك ئىدىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەرگەن. دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىر خىل تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئايلىنىپ قالغان، باشقىچە ئېيتقاندا، تارىخنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى شارائىت ھازىرلىنىپ قالغانىدى. ئامېرىكىلىق ئالىم فىلىپ ھىتتىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «تارىخ سەھنىسى

هازىرلىنىپ بولغان، بىر بۈيۈك دىنني ھەم مىللىي داھىيىنىڭ سەھنىگە چىقىش پەيتى ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلگەنىدى»[①]. گېرمانىيىلىك ئالىم ھېربېرت گوتتسچالىك (Herbert Gottschalk) مۇ ئۆزىنىڭ «دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئىسلام دىنى» ناملىق ئەسىرىدە: «مۇھەممەد دۇنياغا كەلگەندە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا بىر خۇدالىق دىن ئۈچۈن ئاللىقاچان شارائىت پىشىپ قالغانىدى»[②] دەپ يازىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد پەيغەمبەر مىلادىيە 570 - يىلى مەككىدە قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ھاشىمىيلار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، بوۋىسى ۋە تاغىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن. تاغىسى بىلەن بىرلىكتە سۇرىيە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. 25 ياشقا كىرگەندە ئۆزى ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان باي سودىگەر ئايال خەدىچە بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. ئۇ كىچىكىدىنلا يېتىملىكتە ئۆسكەنلىكى، كەمبەغەلچىلىكتە چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا نامراتلارغا، ئاجىز - يېتىملارغا، ئىگە - چاقىسىزلارغا ھېسداشلىق قىلىش، باشقىلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش ئىنكى يېتىلگەن.

مۇھەممەد پەيغەمبەر 40 ياشلارغا يېقىنلاشقاندا، مەككىنىڭ شىمالىدىكى ھىرا غارىدا تالاي كېچىلەرنى يالغۇز، ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئاندىن ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشنى باشلىغان. ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئايالى خەدىچە ۋە باشقا ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. دەسلەپتە مۇھەممەد

---

① ھىتتى (Hitti): «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»، بېيجىڭ 1979 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 1 - قىسىم، 126 - ، 127 - بەتلەر.
② ھېربېرت گوتتسچالىك: «دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئىسلام دىنى»، شەنشى خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 11 - بەت.

پەيغەمبەرنىڭ تەشەببۇسىغا ئەگەشكۈچىلەر ئانچە كۆپ بولمىغان. ھەتتا يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، ئاقسۆڭەكلەر قەتئىي قارشىلىق بىلدۈرگەن. مەككىدە ئەھۋال بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەككىدە تۇرۇشى قىيىنلىشىپ قالغاچقا، ئۇ ئۆزىگە ئەگەشكەن ئىسلامغا كىرگەنلەرنى ئېلىپ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەن، مىلادىيە 622 - يىلىدىكى بۇ كۆچۈش (ئەرەبچىدە «ھىجرەت») تارىختا ئىسلام كالېندارى — ھىجرىيە يىلىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان.

مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنىدە بىر تەرەپتىن دىن تەشۋىق قىلىپ ئىسلامغا دەۋەت قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ يەردىكى قەبىلىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن قوراللىق كۈچ تەشكىللەپ، بىر قاتار قائىدە - تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ، ھاكىمىيەت بىلەن دىن بىرلەشتۈرۈلگەن دىنىي جامائە قۇرغان. مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ۋە كۈچى تېزلىك بىلەن ئېشىپ، كىچىكرەك بولسىمۇ كۈچلۈك بىر دۆلەت تۈسىنى ئالغان. ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ باشچىلىقىدا مەدىنە ئەتراپىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، كۆپ قىسمىنى بويسۇندۇرغان. بۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەسىر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭىيىپ، مەككىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىش يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان.

مىلادىيە 630 - يىلى مەدىنىدىكى قوشۇن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ باشچىلىقىدا مەككىگە كىرىپ، مەككىنى قارشىلىقسىز ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن مەككە ئاقسۆڭەكلىرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشمۇ تۈگەپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

مۇھەممەد پەيغەمبەر مىلادىيە 632 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەدىنىدە ۋاپات بولغان ھەم شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

بۇ چاغدا خېلى مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە بولغان ئىسلام دۆلىتى ۋۇجۇدقا كېلىپ، دۆلەتنىڭ زېمىن دائىرىسىمۇ يەمەندىن دىنا ئارىلىغىچە، قىزىل دېڭىز ساھىللىرىدىن مەركىزىي قۇم چۆللۈكلىرىگىچە كېڭەيگەنىدى، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورۇنباسارى (ئەرەبچە «خەلىپە») دۆلەتنى باشقۇرۇشنى باشلىغان. شۇڭا، مۇسۇلمانلار دۆلىتى تارىختا «ئەرەب خەلىپىلىكى» دەپ ئاتالغان. باشتا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دەسلەپكى سەبداشلىرىدىن بىرى، قېيناتىسى ئەبۇ بەكر (ھۆكۈمرانلىق دەۋرى: 632 — 634 ـ يىللار) خەلىپە بولغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆمەر (ھۆكۈمرانلىق دەۋرى: 634 — 644 ـ يىللار) خەلىپە بولغان. خەلىپە ئۆمەر دەۋرىدە ئەرەبىستاندىكى پۈتۈن قەبىلىلەرنى بويسۇندۇرۇپ، مەدىنىنى مەركەز قىلغان ھاكىمىيەت ئاستىغا بىرلەشتۈرۈش ئىشلىرى تاماملىنىپ، ھاكىمىيەت ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن مۇستەھكەملىنىپ، سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك، يەنى ئىسلامنى كېڭەيتىش يولىدا «غازات» قىلىشقا پۇختا ئاساس ھازىرلانغانىدى.

ئەبۇ بەكر دەۋرىدىلا باشلانغان بۇ «غازات» لار، خەلىپە ئۆمەر دەۋرىدە رەسمىي يوسۇندا ئەۋجىگە چىقىپ، ئەرەب قوشۇنلىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا پەلەستىن، سۈرىيىلەرنىڭ پۈتۈن زېمىنلىرىنى ئىگىلەپ، مېسسوپوتامىيە ۋە ئىرانغا يۈرۈش قوزغىدى. مىلادىيە 639 ـ يىلى مىسىرغا ھۇجۇم باشلاپ، مىلادىيە 647 ـ يىلىغىچە شىمالىي ئافرىقىدا تۇنىسقا قەدەر بولغان زېمىنلارنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى. مىلادىيە 644 ـ يىلى ھىندىستان چېگرالىرىغا يۈرۈش قىلدى. شەرقىي شىمالغا ۋە شىمالغا يۈرۈش قىلغان ئەرەب قوشۇنلىرى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئەرمەنىستاننى بويسۇندۇردى.

بۇ كېڭەيمىچىلىك كېيىنكى خەلىپىلەر — ئوسمان (644 — 656) ۋە ئەلى (656 — 661) دەۋرىدىمۇ داۋام قىلىپ، ئىككىنچى قېتىملىق زور كۆلەملىك كېڭەيمىچىلىك باشلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا، كاۋكاز تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلغان ئەرەب ئىستېلاچىلىرى ئىراننىڭ شىمالىي قىسمى، خوراسان، گرۇزىيە، ئەزەربەيجان قاتارلىق زېمىنلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشتى، ئۇلارنىڭ قەدىمى ئامۇ دەريا ساھىللىرىغا قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

ئۇمەۋىيلەر دەۋرى (661 — 750) دە ئەرەب ئىستېلاچىلىرىنىڭ قەدىمى تېخىمۇ تېزلىشىپ، ئىسپانىيىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنىڭغا «ئەل ـ ئەندەلۇسىيە» دەپ ئەرەبچە نام قويۇپ، ئەرەب خەلىپىلىكى زېمىن تېررىتورىيىسىگە كىرگۈزدى.

شۇنداق قىلىپ ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىپ، ناھايىتىمۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قىتئەلەر ئارا تارقالغان چوڭ بىر دۇنياۋى دىنغا ئايلاندى. بۇ دىن ئاستىغا ئۇيۇشۇپ سىياسىي كۈچ سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىگە چىققان ئەرەبلەر، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان «غازات» لىرى ئارقىلىق تېررىتورىيىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، زېمىنى ئۈچ قىتئەگە كېڭەيگەن چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلاندى.

ئىسلام دىنى بىردىنبىر ئاللاغا ئېتىقاد قىلىشنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، پۈتۈن مەۋجۇداتلارنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللا ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دىنىي ئەقىدىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «قۇرئانى كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي دىنىي ئەقىدىسى ئىمان، ئىسلام، ئېھسان دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. ئىمان يەتتە تۈرلۈك ئەقىدىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلار ئاللاغا، پەرىشتىلەرگە، مۇقەددەس كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە، تەقدىرگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىشكە ئىشىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلام دىنىدا «دىن ئاساسلىرى» (ئەركانى ئەد ـ دىن) دەپ ئاتالغان بەش پەرز كىرىدۇ. بۇ بەش پەرز: كەلىمە كەلتۈرۈش (ئىمان ئېيتىش)، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ئىمكانىيەت يار بەرسە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت. ئېھسان دېگەندە دىنىي ئەقىدىلەرگە چىن دىلىدىن ئىشىنىش ۋە ئەمەل قىلىش، دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلارنى ئادا قىلىش، خەير ـ ساخاۋەت قىلىش مەنىلىرىدە چۈشىنىلىدۇ.

## 2. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتى

ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن ۋاقتى ئېلىمىزنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىغا كىرگەن ۋاقتىدىن بىر ئاز كېيىنرەك بولۇپ، ئىسلام دىنى مىلادىيە 651 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ئەرەب ئەلچىلىرى ۋە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان سودىگەرلەر ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دېڭىز بويلىرىغا تارقىلىشقا باشلىغان. بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىزگە دېڭىز يولى ئارقىلىق تارقىلىپ كىرىشى ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىدىكى يەنە بىر يول — قۇرۇقلۇق يولىغا كەلسەك، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشىدىكى مۇھىم يول بولۇپ، بۇ دىن قەدىمكى يىپەك يولى ئارقىلىق ھازىرقى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلارغا ئەڭ بۇرۇن تارقالغان.

ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزگە، جۈملىدىن شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى، مۇشۇ دىنىنىڭ ئوتتۇرا

ئاسىياغا تارقىلىشى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىدى. بىز يۇقىرىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ خەلىپىلىرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەش، ئىسلام دىنىنى تېخىمۇ كەڭ تارقىتىش ئۈچۈن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قوزغىغانلىقىنى بايان قىلغاندا، ئەرەب قوشۇنلىرىنىڭ قەدىمى ئوتتۇرا ئاسىياغا قەدەر يەتكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدۇق.

مىلادىيە 637 ـ يىلى ئەرەب قوشۇنلىرى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى كتېسفونغا باستۇرۇپ كىرىپ، ساسانىلار سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىراننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى خوراسان ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈرۈش قىلىشقا تەرەددۇتلاندى. مىلادىيە 674 ـ يىلى خوراساندا توپلانغان ئەرەب قوشۇنلىرى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ماۋارەئۈننەھر (ئەرەبچە دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەرلەر دېگەن مەنىدە) گە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، يەرلىك خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، بۇ يەردىكى بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىنى داۋاملاشتۇرالماي يەنە خوراسانغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. تاكى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ھېچقانچە زور نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. «ئۇلارنى دەسلەپتە دىنىي مەقسەتنى كۆزدە تۇتقان دېگەندىن كۆرە، ئىقتىسادىي ئېھتىياجنى كۆزلەپ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان، جايلارنى بۇلىغان دېگەن تۈزۈك. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ يۈرۈشلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىشكە باشلىغان.»①

ئۇمەۋىيە خەلىپىلىكى مىلادىيە 705 ـ يىلى قۇتەيبەنى زور تۈركۈمدىكى قوشۇن بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىدۇ. ئۇ ئون يىل ئەتراپىدا جەڭ قىلىپ، نەچچە ئىچكىرىلەپ، نەچچە

---

① ھاجى نۇر ھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، بېيجىڭ 1995 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 29 ـ، 30 ـ بەتلەر.

چېكىنىپ يۇرۇپ ئاخىر مىلادىيە 714 ـ يىلى ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىنى ئىشغال قىلدۇ. «ئەرەبلەر ئوتتۇرا ئاسىياغا بېسىپ كىرىشىنىڭ دەسلىپىدە بۇ يەردە بىرلىككە كەلگەن دىن يوق ئىدى. بۇ يەردە زاروئاستىرا دىنى كەڭ كۆلەمدە تارقىلىش بىلەن بىرلىكتە، خرىستىئان ۋە بۇددا دىنلىرىنىڭ مۇرىتلىرىمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئەرەبلەر بۇ دىنلارنىڭ ھەممىسىنى يالغان دىنلار دەپ جاكارلىدى. بولۇپمۇ زاروئاستىرا دىنىغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ باردى. چۈنكى ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا كۆپ سانلىق ئاھالىلەر ئېتىقاد قىلىدىغان دىن ئىدى»[①] .

قۇتەيبە قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەربىي جەھەتتە ئىستېلا قىلىشلا كۇپايە قىلمايدىغانلىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى يەرلىك خەلقلەرنى ئىدىيە جەھەتتىن ئىستېلا قىلىش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قۇتەيبە ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام دىنىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى زارو ئاستىرا ۋە بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرىنى بۇزدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسچىت سالدۇرغان. ئىسلام دىنىنىڭ قانۇنلىرىنى مەجبۇرىي يولغا قويۇپ، يەرلىك خەلقلەرنى ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلام دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىغان. يەرلىك خەلقلەرنىڭ قۇتەيبە باشچىلىقىدىكى ئەرەب ئىستېلاچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرىمۇ ئۇزۇلمەي چىقىپ تۇرغان. ئالايلۇق، مۇقەننا، سۇمبادمۇغ، غۇرەك، دۋاشتى باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭلار. . .

قۇتەيبە قول ئاستىدىكىلەر تەرىپىدىن قەستلەپ

① ب. گ. غاپۇروف: «تاجىكلار تارىخى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 250 ـ، 251 ـ بەتلەر.



www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئەرەب قوشۇنلىرى ئارىسىدىكى ئىچكى نىزا كۈچىيىشكە باشلىدى. يەرلىك خەلقلەرنىڭ قارشىلىقلىرى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى. IX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى سامانىلار سۇلالىسى ئىگىلىدى.

ئەرەبلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى يىمىرىلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىنى بۇ زېمىنغا تارقىتىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. بۇ ۋاقىتتا ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا ئاساسىي جەھەتتىن ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ بولغانىدى. «مىلادىيە VII ئەسىردىن X ئەسىرگىچە ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىلىش، كېڭىيىش ۋە بارا ـ بارا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەش جەريانىدا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ ۋە باردى ـ كەلدى قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا — شىنجاڭ رايونىغا بولغان تەسىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن»[1].

ئېلىمىزنىڭ تاڭ سۇلالىسى تارىخنامىلىرىدە ۋە ئەرەب تارىخچىسى تەبەرىنىڭ بايانلىرىدا، قۇتەيبەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا زېمىنىدا ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەندىن كېيىن، مىلادىيە 713 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. بۇ «ئەلچىلەر ئۆمىكى ئىچىدە مۇسۇلمان ئەلچىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار روشەن ھالدا دىنىي

---

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 33 ـ، 34 ـ بەتلەر.

تەشۋىقاتچىلىق تۈسىنى ئالغان. شۇ يىلى قۇتەيبە ئەۋەتكەن ئەلچىلەردىن ئىلىمىزگە كىرىش سەپىرىدە يول ئۈستىدە ئۆلگەن ۋە قەشقەردە دەپنە قىلىنغان دىن تارقاتقۇچىلارمۇ بولغان.»[1]

بۇ مەلۇماتلاردىن قۇتەيبە مىلادىيە 713 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىلەر ئارىسىدا مەخسۇس دىن تارقاتقۇچىلارمۇ بولغانلىقى ھەم ئۇلاردىن بىر قىسمى قەشقەردە دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولغانلىقىنى چۈشىنىش تەس ئەمەس. جۇنەيد بەكرى ئۆزىنىڭ قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى توغرىسىدا يازغان ماقالىسىدىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىدۇ: «ھېيتگاھ جامەسى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە... ھىجرىيىنىڭ 95 ـ يىلى (مىلادىيە 713 — 714 ـ يىلى) ئەمىر قۇتەيبە باشچىلىقىدا پەرغانە ئارقىلىق شىنجاڭغا كېلىپ دىن تارقاتقان ئەرەبلەر... مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان»[2].

يۇقىرىدىكى تارىخىي مەنبەلەر ۋە تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىغان ۋاقتىنى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن يەنى قۇتەيبە مىلادىيە 713 ـ يىلى ئەۋەتكەن ئەرەب ئەلچىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىگە كەلگەن ۋاقتىدىن باشلاشقا بولىدۇ.

بۇ گەرچە بىزنىڭ نەچچە ۋاقىتلاردىن بۇيانقى تەتقىقاتلىرىمىزدا ئادەتلىنىپ كەتكەن قارىشىمىزغا، يەنى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن باشلانغان دەپ قارىشىمىزغا ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، يېقىنقى يىللاردا ئېلان قىلىنغان تەتقىقات

---

[1] ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 33 ـ بەت، 34 ـ بەتلەر.

[2] جۇنەيد بەكرى: «قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، 12 ـ قىسىم، 1983 ـ يىل نەشرى.

نەتىجىلىرى ھەم ئۇلاردا دەلىل كەلتۈرۈلگەن تارىخىي مەنبەلەردىن قارايدىغان بولساق، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغان ۋاقتى سۇلتان سۇتۇقنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىدىن خېلىلا بۇرۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ پەقەت ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشكە باشلىغان ۋاقىت چېكى مەسىلىسىگە قارىتىلغان. ئەمما، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا رەسمىي ئېتىقاد قىلىشقا باشلىشى يەنىلا مىلادىيە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بەلگە قىلىدۇ.

ئەگەر بىز «ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىنى بىر جەريان دەپ قاراپ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەييۈەن تۇنجى يىلى (مىلادىيە 713 ـ يىلى) ئەرەب ئەلچىلىرىنىڭ تاڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا كەلگەنلىكىنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭ رايونىغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنىڭ ‹يۇقىرى چېكى› دەپ ھېسابلىساق، ئۇ ھالدا، مىلادىيە X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتىنىڭ ‹تۆۋەن چېكى› دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق شىنجاڭ رايونىغا كىرىشى شۇ ۋاقىتتىن كېيىن ئەمەس»[1].

تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنىشىچە، سۇتۇق بۇغراخان سامانىلار شاھزادىسى ئەبۇ ناسىر سامانى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئەبۇ ناسىر سامانى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ تەسىرىدە

---

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 41 ـ بەت.

ئىسلام دىنىغا كىرگەن. ئۇنىڭ خان جەمەتىدىن يۇشۇرۇن ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرىشىدە، تاغىسى ئوغۇلچاقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىشى تۇرۇشىدىن ئېھتىيات قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە مۇئەييەن سىياسىي مۇددىئاسىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، سۇتۇق ئەسلىدە تەخت ۋارىسى بولۇپ، ئاتىسى ۋاپات بولغاندا ئۇ تېخى كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق سۇتۇقنىڭ ئانىسىغا ئۆيلىنىپ، تەختكە ئىگىدارلىق قىلغان. سۇتۇق بالاغەتكە يېتىپ، چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ھاكىمىيەتنى ئۇنىڭغا بەرمىگەن. شۇنىڭ بىلەن سۇتۇقنىڭ ئىدىيىسىدە ئەسلىدە ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشقا تېگىشلىك تەختنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى تۇغۇلۇپ، بۇنىڭغا پۇرسەت كۈتۈۋاتاتتى. دەل مۇشۇ چاغلاردا ئۇ سامانىلار شاھزادىسى بىلەن ئۇچراشقان. ئەبۇ ناسىر سامانى بىلەن بىرگە كەلگەن سودا كارۋانلىرىدىكىلەرنىڭ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۇچۇن بازار ئايلىنىۋاتقاندا، سودىگەرلەرنىڭ ناماز ۋاقتىدا قىلىۋاتقان سودا ـ سېتىقىنى قويۇپلا ناماز ئوقۇشقا تەييارلىنىشى ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان. ئىسلام دىنىدىكى بۇ خىل ساداقەتمەنلىك ھەم ئىنتىزامچانلىق ئۇنى قىزىقتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئەتراپىدىكى يىگىتلىرىنىمۇ ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. دېمەك، ئۇنىڭ بۇ دىنغا كىرىشىدە مۇئەييەن سىياسىي مۇددىئاسىنىڭمۇ بولغانلىقى ئېنىق. «قەشقەر تارىخى» دا بايان قىلىنغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى سىياسىي كۈرەش سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشىغا تۈرتكە بولغان بىۋاسىتە سەۋەبتۇر»[1].

مىلادىيە 915 ـ يىلى، سۇتۇق ئۆزىنىڭ يىگىتلىرىدىن

---

① ھاجى نۇرھاجى، چېن گوگۇاڭ: «شىنجاڭ ئىسلام تارىخى»، 49 ـ بەت.

تەشكىللەنگەن كىچىك قوشۇن بىلەن ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغان ھەم ئۆزىنى «بۇغراخان» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. سۇتۇق ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلەپ، دىنىنى كېڭەيتىش يولىدىمۇ ئۆزلۈكسىز «غازات» لارغا ئاتلىنىپ تۇرغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماستىن، ئۇ ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە ئىسلام دىنى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ چېگراسىدىن ھالقىپ چىقالمايلا قالماستىن، بەلكى خاندانلىق ئىچىمۇ تولۇق ئىسلاملىشىپ كېتەلمىگەنىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭ ئىچىدىكى تارقىلىشى پەقەت قەشقەر بىلەن ئاتۇشتىلا چەكلىنىپ قالغانىدى. چۈنكى، ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بۇددا دىنى بۇ رايونغا تارقىلىپ يىلتىز تارتقىنىغا نەچچە ئەسىر بولۇپ كەتكەن. بۇ ۋاقىتلاردا ئالىلىقاچان مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر بىلەن گىرەلەشكەن ھالدىكى ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بولغانىدى. شۇڭىمۇ يېڭىدىن كىرىپ كەلگەن ئىسلام دىنى بىلەن ئەسلىدىكى بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدا خېلى ئۇزۇنغا، ھەتتا بىرنەچچە ئەسىرگە سوزۇلغان كۈرەش داۋام قىلدى.

Ⅻ ئەسىردىن باشلاپ خوتەندە بۇددىزم ئاجىزلىشىشقا قاراپ ماڭغان بولسىمۇ، ئاھالىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەنىلا بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتەن، يەنى ئۇدۇن بۇددىزمنىڭ تازا گۈللەنگەن ئوچاقلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ بۇ زېمىندىكى يىلتىزى چوڭقۇر ئىدى. ئىدىقۇت، كۇسەن تەرەپلەردە بولسا بۇ ۋاقىتلاردا بۇددا مەدەنىيىتى تازا جۇش

www.uyghurkitap.com

ئۆرۈپ گۈللىنىۋاتقانىدى. ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بۇ پەرقلەرمۇ ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئۇزۇن داۋام قىلىشىغا سەۋەب بولغان.

شۇڭا، ئىسلام دىنى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىنكى ئۈچ ئەسىر ۋاقىت ئىچىدە پەقەت چەرچەن ۋە باينىڭ غەربىدىكى رايونلارغىلا تارقىلالىدى. XIII ئەسىرگە كەلگەندىلا ئاندىن كۇچا، قاراشەھەر تەرەپلەرگىمۇ كېڭىيىپ، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىغا قاراپ ماڭدى. ئەمما، بۇ رايونلاردا خېلى بىر مەزگىلگىچە دېگەندەك زور تەسىر دائىرىگە ئىگە بولالمىدى. مىلادىيە 1346 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدا ئىسلام دىنىغا كىرىپ مۇسۇلمان بولىدۇ. مىلادىيە 1388 ـ يىلى تۇغلۇق تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى خىزىر خوجا بەشبالىققا خان بولىدۇ ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈشكە ئاتلىنىدۇ.

XV ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇمۇل، تۇرپاننىڭ ئىسلاملىشىشى بىلەن، X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا رەسمىي يوسۇندا تارقىلىشقا باشلىغان ئىسلام دىنى ئالتە ئەسىرگە يېقىن كېڭىيىش، راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانىدا ئاخىرى بۇددىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، شىنجاڭدا ھۆكۈمران ئورۇندىكى دىنغا ئايلاندى.

ئىسلام دىنى شىنجاڭدا تارقىلىش، راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانىدا، ئېتىقادتىكى بىر ئۆزگىرىش سۈپىتىدىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە ئىچكىرىلەپ سىڭىپ كىرىپ، ھەرقايسى ساھەلەردە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىسلام دىنى كىرىشى بىلەن ئۇيغۇرلار ئىلگىرى قوللىنىپ كەلگەن يېزىقنىڭ ئورنىغا تەدرىجىي ھالدا ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى دەسسەتتى. تىل جەھەتتىمۇ ئەرەب

- پارس تىللىرىدىن نۇرغۇن سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىش بىلەن بىرگە، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئىزچىل قوللىنىپ كەلگەن نۇرغۇن سۆزلەرنى سىقىپ چىقىرىپ، بارا - بارا ئىستېمالدىن قالدۇردى.

ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت سورۇنى بولغان مەسچىت، جامەلەرنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرى بۇزۇپ تاشلاندى. بۇددا دىنى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن بۇددىزم سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرى بولغان مىڭ ئۆيلەر، ئويما رەسىملەر ناھايىتى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىسلام بىناكارلىقى، نەققاشلىقى ئىگىلىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپ ئەسىرلەر مابەينىدە شەكىللەنگەن ئۇيغۇر بۇددىزم مەدەنىيىتىنىڭ ئورنىنى ئىسلام مەدەنىيىتى ئىگىلەپ، يەرلىك ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرىنىمۇ ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئۆزىگە خاس «ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتى» شەكىللىنىشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

# IV باب فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى

## 1. فارابىنىڭ ھاياتىي پائالىيىتى ۋە ئىلمىي ئەمگەكلىرى

فارابىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئىبىن ئۇزلۇق ئىبىن تارخان ئەت تۈركىي ئەل فارابى بولۇپ، مىلادىيە 870 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب — ئوترار — جەۋھەر شەھىرىنىڭ «ۋاسىج» ھەربىي قەلئەسىدە مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان توققۇز ئوغۇز — قارلۇق چەۋەنداز ھەربىي ئوفىتسېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. فاراب شەھىرى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قەشقەر — يەتتە سۇ رايونىدىكى ئۇيغۇر — ياغما، قارلۇق قەبىلىلىرىنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇسۇلمانلاشقان سامانىلار خانلىقىدىن كېلىدىغان دىنىي، ھەربىي خەۋپكە قارشى ئالدىنقى ھەربىي قورغىنى ئىدى. سىر ۋە ئارىس دەريالىرى ئارىسىغا جايلاشقان قۇرۇق تۆپە ئېگىزلىكىدىكى فاراب (بەزىدە «قاراچۇق» دەپمۇ ئاتىغان) قەلئەسى ئەتراپىدا سۈت كەنت، قىدىركەنت، شاش (تاشكەنت)، بالاساغۇن، قەشقەر شەھەرلىرى بولۇپ، غەرب بىلەن شەرقنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى — كارۋان يولى مۇشۇ شەھەرلەرنى كېسىپ ئۆتەتتى.

ئەرەب خەلىپىلىكى ماۋارەئۇننەھردە پۇت تىرەپ تۇرغان

بولسىمۇ، سىر دەرياسىنىڭ شىمالىغا ئاياغ باسالمىغانىدى. كېيىنچە باغداد خەلىپىلىكىنىڭ بۇخارادىكى نائىبى نوھ ئىبنى ئەسئەت باشچىلىقىدىكى سامانىلار دەۋرىدە قاراخانىلار خانلىقىنىڭ تۇنجى خاقانى كۆل بىلگە باھادىر قىدىرخان تالاس — فاراب ھەربىي مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەنىدى. فارابىنىڭ بوۋىسى تارخان ئۇنىڭ ھەربىي سەركەردىلىرىدىن بىرى ئىدى. كۆل بىلگە باھادىر قىدىرخاننىڭ ئوغلى ئوغۇلچاق قىدىرخان ئىسمائىل (ئىبنى ئەھمەد) سامانى بىلەن زامانداش ئىدى. ئىسمائىل سامانى سامانىلارنى مۇستەقىل ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام خانلىقىغا ئايلاندۇردى. ئىسمائىل سامانى مىلادىيە 893 ـ يىلى تالاس — فاراب — بالاساغۇن لىنىيىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، بۇ بوستانلىقنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى. ئوغۇلچاق قىدىرخان قەشقەرگە چېكىندى. نەتىجىدە ئىسمائىل سامانىغا ئەسىر چۈشكەن 15 مىڭ كىشى مانى ئېتىقادىدىن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولدى. فارابى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن مۇسۇلمان بولدى، بۇ چاغدا ئۇ 22 ياشلاردا بولسا كېرەك. مىلادىيە 999 ـ يىلى قاراخانىيلار سامانىلار خانلىقىنى مۇنقەرز قىلدى. بۇ جەڭ قولدىن كەتكەن زېمىننى سامانىلاردىن قايتۇرۇۋېلىش شوئارىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى.

فارابى X ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىدى، ئۇ ئاساسلىق شەھەرلەرنى كۆردى، تۈركىي تىلىدىكى ئەدەبىيات ۋە مۇزىكا سەنئىتىنى، جۈملىدىن پارس تىلىنى پىششىق ئىگىلىدى. 30 ياشتىن ھالقىغاندا ئەينى زامان ئىسلام شەرقىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان باغداد شەھىرىگە كەلدى. ئۇ ئەرەب تىلىنى بىلمىگەچكە، باغدادتا ئەبۇ بەكرى ئىبنى سىراجىددىنىدىن ئەرەب تىلىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ باغدادتا مەشھۇر خرىستىئان ئالىمى ئەبۇ بەشەر مەتتە يۇنۇستىن يۇنان تىلى بىلەن

www.uyghurkitap.com

لوگىكا ئىلمىنى ئۆگەندى. ئۇ كېيىن ھەرران شەھىرىگە بېرىپ ئەبۇ بەشەر مەتتەنىڭ ئۇستازى، ئەينى زاماندىكى ئاتاقلىق خرىستىئان ئالىمى، ئارىستوتېل لوگىكىچىسى يۇھەننا بىننى ھەيلان جىلىددىدىن پەلسەپە، لوگىكا، تېبابەتچىلىكنى ئۆگەندى.

فارابى ناسىر ئىبنى ئەھمەد (914 — 943) زامانىدا ئوتتۇرا ئاسىياغا بىر قېتىم كېلىپ، سىياسىي ۋەزىيەت تۈپەيلى بۇ يەردە قالالماي ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرققە قايتىپ كەتكەن. ئۇ ناسىر ئىبنى ئەھمەدكە «ئەتتەلىم ئەسسانى» (ئىككىنچى تەلىمات) ناملىق كىتاب سوۋغا قىلغان ۋە «ئىككىنچى ئۇستاز» دېگەن ھۆرمەتلىك نامغا ئىگە بولغان. خەلىپە مۇقتەدىر (908 — 932) دىن باشلانغان ۋە بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشكەن دىنىي ئەسەبىيلىك تۈپەيلى فارابى شىمالىي سۈرىيە ھەمەدان خانلىقىغا — سۇلتان سەيپۇل دەۋلە ھۇزۇرىغا سەپەر قىلغان. بۇ چاغدا شەرقنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلىرى — مۇتەنەببى (915 — 965)، ئەبۇ پىراس (932 — 968)، مۇئەررى (937 — 1057) سەيپۇل دەۋلە سارىيىغا توپلانغانىدى. سەيپۇل دەۋلە فارابىغا دۆلەت ئۇستازى ئۇنۋانى ئاتا قىلغانىدى. فارابى دەمەشقتە سەيپۇل دەۋلە ھامىيلىقىدا ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغان، ھەلەپ، دەمەشق، مىسىرغا بېرىپ ئىلمىي لېكسىيىلەر سۆزلىگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مىسلىسىز ئۇلۇغ ئالىمى، شەرق ئارىستوتېلى، ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى سۈپىتىدە غايەت زور شۆھرەت قازانغان.

فارابى مىلادىيە 950 ـ يىلى دېكابىر ئېيىدا سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىنىڭ سىرتىدا لېكسىيە قىلىش سەپىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جەسىتىنى سەيپۇل دەۋلە باشلىق كىشىلەر دەمەشق شەھىرىنىڭ «بەبەس سەغىر» ناملىق كىچىك

سىپىل دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. فارابى ئۆيلەنمىگەن بولۇپ، پەرزەنتسىز ئىدى.

ئۇلۇغ ئالىم، كەسپىي پەيلاسوپ ئەبۇ نەسىر فارابى كۆپلىگەن خاس ئەسەرلەر ۋە شەرھىي ئەسەرلەر يازغان. تۈركىيىلىك فارابىشۇناس ئەھمەد ئاتەشنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇ 160 پارچىدىن ئارتۇق فارابى ئەسەرلىرىنى تىزىملىغان.

فارابىنىڭ خاس ئەسەرلىرىگە «ئىھسانۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى)، «ئىيۇنۇل ماسائىل» (مەسىلىلەرنىڭ نېگىزلىرى)، «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا»، «بەخت توغرىسىدا»، «ئەقىل ھەققىدە»، «كىتاب جەمئىيۇل مەنتەقە» (لوگىكا توغرىسىدىكى 12 ئەسەر)، «چوڭ لوگىكا كىتابى»، «كىچىك لوگىكا كىتابى»، «مۇسىقۇل كەبىر» (چوڭ مۇزىكا كىتابى)، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «ئادەم ئورگانىزمى توغرىسىدا» قاتارلىقلارنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

فارابىنىڭ شەرھىي ئەسەرلىرىگە ئۇنىڭ ئارىستوتېلنىڭ «كاتېگورىيە»، «مېتافىزىكا»، «سوفىستىكا»، «ئىزاھەتنامە»، «بىرىنچى ئانالىتىكا»، «ئىككىنچى ئانالىتىكا»، «توپىكا»، «رىتورىكا»، «پوئېتىكا» قاتارلىق ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھنامىلىرىنى؛ پتولمىنىڭ «ئالماگىستا» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابىغا، ئېۋكلىدنىڭ «گېئومېترىيە»، پورفىرىنىڭ «ئىنىزاگوك»، ئالكساندر ئافرودىتسكىنىڭ «روھ ھەققىدە» ناملىق ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھنامىلىرىنى ۋەكىل قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇ ئەسەرلەردە فارابى يۇنان ئالىملىرى ۋە ئىسكەندىرىيە ئىلمىي گۇرۇھىدىن كېيىنكى پەن يېڭىلىقلىرى بويىچە ئەسلى ئەسەر مەزمۇنىنى تۈزەتكەن، راۋاجلاندۇرغان.

فارابى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلانغان بولسىمۇ، 70 ـ يىللاردىن كېيىن پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىدا خاس تارماق — فارابىشۇناسلىق بولۇپ شەكىللەندى. فارابىنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرى ۋە فارابى توغرىسىدىكى يىرىك ئەسەرلەر سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى، فرانسىيە، ئامېرىكا، تۈركىيە، مىسىر، سۈرىيە، ئىراق، پاكىستان قاتارلىق ئەللەردە كۆپلەپ نەشر قىلىندى.

## 2. فارابىنىڭ تەبىئەت قاراشلىرى ۋە بىلىش نەزەرىيىسى

ئەبۇ نەسىر فارابى بىر پۈتۈن ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپىۋى سىستېما ياراتتى. ئۇ ئۆز ئىچىگە فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى، بىلىش نەزەرىيىسى، ئىجتىمائىي پەلسەپىۋى قاراشلىرى، غايىۋى جەمئىيەت ئۇتوپىزمى، ئىلىم ـ پەن قاراشلىرى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپنى ئالغان بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتى مۇھىتىدا ئەڭ ئىلغار دۇنيا قاراش ھېسابلانغاندى.

فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى «مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىسى»، «بىردەكلىك نەزەرىيىسى»، «يۇقىرىغا (كامالەتكە) يۈزلىنىش نەزەرىيىسى» ئاساسىغا قۇرۇلغان.

فارابى مەۋجۇدىيەتنى «كەئۇن» دەپ ئاتاپ، ئۇنى غەيرىي مەۋجۇدىيەت «لاكەئۇن» غا قارشى قويىدى. ئالدىنقىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كېيىنكىسىنى ئىنكار قىلدى. مەلۇمكى، گېگىل ئۆز پەلسەپىسىنىمۇ مەۋجۇدات «Sein» دىن باشلىغانىدى.

فارابى مەۋجۇداتنى ماددا (جەۋھەر) ۋە شەكىلدىن ئىبارەت

ئىككى قىسىمغا ئاجراتتى. ئۇنىڭچە، ماددا مەۋجۇداتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭ سۇبىستانسىيىلىك (جىسىملىق)، مەڭگۈلۈك ۋە مۇقەررەرلىكتىن ئىبارەت ئۈچ خۇسۇسىيىتى بولىدۇ.

فارابى ماددا ھەققىدە توختالغاندا، توپا، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن ئىبارەت تۆت زات (ئاناسىر، ئۇنسۇر) نى ئاساسىي ماددىي مەۋجۇدىيەت دەپ قارىغان. قۇرۇق، ھۆل، ئىسسىق ۋە سوغۇقلۇقنى تۆت زاتنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى دەپ قارىغان، ئۇنىڭچە مۇشۇ ئالەم «تۆتلۈك شېئىرى» نىڭ مۇرەككەپ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ھەممە شەيئىلەر بارلىققا كەلگەن. مانا بۇ ماددىنىڭ جىسىملىق خۇسۇسىيىتى.

فارابى ماددىنىڭ مەڭگۈلۈك خۇسۇسىيىتى دېگەندە ئۇنىڭ ئىپتىداسى ۋە ئىنتىھاسى (ئاخىرى) يوقلۇقىنى نەزەردە تۇتقان. فارابىچە، ماددا غەيرىي ماددىلىققا ئۆزگەرمەيدۇ.

فارابى ماددىنىڭ مۇقەررەرلىك خۇسۇسىيىتى دېگەندە، ماددىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى، مۇمكىنلىكتىن رېئاللىققا ئۆتۈشىنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبىياتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى، ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقى قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتقان. مانا بۇ ماددىنىڭ سۇبىستانسىيىلىك، مۇستەقىللىق خۇسۇسىيىتى.

فارابىنىڭ قارىشىچە، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىككىنچى قىسمى شەكىل بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ماددىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلىدىن ئىبارەت. فارابىچە، شەكىلدە ماددىغا ھەم بېقىندىلىق، ھەم پائال تەسىر كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۆزگىرىشچانلىق خۇسۇسىيىتى بولىدۇ.

فارابىنىڭ قارىشىچە، ماددىسىز مۇستەقىل شەكىل، ھالەت، ھادىسە، ئاكسىدېنسىيە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ قارىشىچە، تەبىئەت ئىلىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى مۇتلەق ماددىنىڭ

بارلىق شەكىللىرى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ئىگىلەش ۋە ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. ماددا ئۆزىنىڭ ماددىلىق تەبىئىتى بويىچە ئۆزگەرمەس بولۇپ، ئۇنىڭ شەكىللىرى، ھالەت، فىگۇرىلىرى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇ بىر خىل ئۆزگىرىش ئۈستىدە تۇرغىنىدا باشقا بىر قاتار ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئۇ مۇنداق پوتېنسىئاللىقنى چەكسىز دەپ قارىغان. فارابى، شەكىللەر چەكسىز ئۆزگىرىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولسىمۇ، ئوخشاش دەرىجىلىك كاتېگورىيە، مەۋجۇدات بولمىغان ماددا بىلەن شەكىل بىر - بىرىگە ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. مانا بۇ فارابىنىڭ «مەۋجۇدىيەت نەزەرىيىسى» نىڭ ئاساسىي تېزىسلىرى.

فارابىنىڭ پانتېئىزملىق «بىردەكلىك (ۋەھدەت) نەزەرىيىسى» مۇنداق بەش مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تەبىئەت بىلەن تەڭرى بىردەكلىككە ئىگە؛ ئاسمان جىسىملىرى بىلەن زېمىن جىسىملىرى بىردەكلىككە ئىگە؛ ئالەم بىلەن ئادەم بىردەكلىككە ئىگە؛ شەيئىلەر بىلەن بىلىش جەريانلىرى، قانۇنىيەتلەر بىلەن بىلىش ھەقىقەتلىرى بىردەكلىككە ئىگە؛ تەبىئەت گارمونىيىسى بىلەن جەمئىيەت گارمونىيىسى بىردەكلىككە ئىگە.

فارابى تەبىئەت بىلەن تەڭرىنى، ماددىي ھادىسىلەر بىلەن «ئالەم ئەقلى» دەپ قارالغان قانۇنىيەتلەرنى بىر - بىرىگە زىت ئىزاھلىغۇچى مۇتەكەللىملەر (كالامچىلار) ئىلاھىيەتچىلىكىدىن پەرقلىق ھالدا، تەبىئەتتە ماددا ۋە ئۇنىڭ شەكلىدىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي ئېتىقاد ۋە ئەخلاق دائىرىسىدە دىنىي ئىشەنچلەرگە يول قويۇشقا بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ ئىككى خىل پەن، ئىككى خىل ھەقىقەت كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان. ئۇ ئىسپاتلانغان ۋە

ئىسپاتلىنالايدىغان نەرسىلا ھەقىقەت بولۇپ، بۇنىڭ ئاساسىي قورالى پەلسەپە، لوگىكا، تەبىئەت ئىلمى، دەپ قارىغان.

فارابىنىڭ قارىشىچە، ساما جىسىملىرى بىلگىلىكى بولمايدىغان يېپىق شار بولماستىن، بەلكى خۇددى زېمىن جىسىملىرىغا ئوخشاش، تۆت زاتتىن تۈزۈلگەن، بىلگىلىكى بولىدىغان ئوچۇق دۇنيا. ئۇ ئاسترونومىيە، گېئومېتىرىيە، لوگىكا قاتارلىق بىلىملەر ئارقىلىق ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان.

فارابىنىڭ قارىشىچە، ئادەم «كىچىك كائىنات»، «تۆتىنچى تەبىئەت»، «ئىجتىمائىي ھايۋان» ئىدى. فارابى ئادەم ماددا ۋە ئۇنىڭ شەكلى — روھتىن تۈزۈلگەن. ئادەم ھاياتىنىڭ ئاخىرلىششى ئۇنىڭ روھىنىڭمۇ ئاخىرلىششى، دەپ قارىغان. ئۇ قايتا تۇغۇلۇش ياكى روھنىڭ ئۆلمەسلىكىنى ئىنكار قىلغان. ئۇنىڭچە، ئادەم ئالەم تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى بىر ھالقىدىن ئىبارەت. مىنېراللارنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ھايۋانلارنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن، ھايۋانلارنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئادەم بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئادەم ھايۋاندىن كېيىن پەيدا بولغان ۋە نۇتۇق، تەپەككۇر ئىقتىدارى تۈپەيلى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن بولغان شەيئىدىن ئىبارەت.

فارابىنىڭ قارىشىچە، شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىكى ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلدۈرۈش مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇ ئاساستا بىلىش بىلەن بىلىش ئوبيېكتلىرى ئارىسىدىكى بىردەكلىك مەيدانغا كېلىدۇ.

فارابى جەمئىيەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى — جەمئىيەت گارمۇنىيىسىنى تەبىئەتتىكى گارمۇنىيىلىك بويىچە ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان. بۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ ئۆلى

بولغان. مانا بۇلار فارابىنىڭ «بىردەكلىك نەزەرىيىسى» نىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى.

«يۇقىرىغا يۈزلىنىش نەزەرىيىسى» فارابى تەبىئەت پەلسەپىسىدىكى مۇھىم ھالقا. ئۇ فارابىنىڭ بىر قاتار دىئالېكتىك ۋە مېتافىزىكىلىق قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان كاتېگورىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ ئارىستوتېلنىڭ 10 كاتېگورىيىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتتى.

فارابىنىڭ قارىشىچە، ماددا ۋە ئۇنىڭ شەكلى ھەرىكەت، تەرەققىيات مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە. ئۇنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش جەريانى ھەرىكەتتىن ئىبارەت. ھەرىكەت ئىككى تۈرگە — مەركەزدىن قاچقۇچى، مەركەزگە ئىنتىلگۈچى ھەرىكەت بىلەن زىددىيەتلىك ھەرىكەتكە بۆلۈنىدۇ. ھەرىكەتنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشىنى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان جىسىم بىلەن مۇساپىنىڭ يىراق - يېقىنلىقى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭچە، تەرەققىيات ھەرىكەتنىڭ يۇقىرىغا ئۆرلىشىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەندىن يۇقىرىغا، كامالەتكە قاراپ يۈزلەنگەن ھەرىكەت تەرەققىيات ھېسابلىناتتى. ئۇ تەرەققىيات جەريانىنى ئۆزگىرىش دەپ قارىغان. ئۇ كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىدا ئالدىنقى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ نەتىجىلىرى ساقلانغان ۋە شۇ بويىچە داۋاملىق ئىلگىرىلىگەن تەرەققىياتنى تاكامۇللىشىشقا يۈزلەنگەن ھەرىكەت دەپ چۈشىنەتتى.

فارابى زىددىيەتنى ھەرىكەتنىڭ بىر شەكلى دەپ تولىمۇ تار قارىغان. ئۇ ئىككى قۇتۇپ زىددىيىتى ھەرقانداق جىسىمدىكى بىر مۇمكىنلىك، ئەمما ماددا بىلەن ئۇنىڭ ماھىيىتى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولمايدۇ. بەلكى ماددا بىلەن ئۇنىڭ ھالىتى، مۇناسىۋەتلىرى، جىسىم بىلەن جىسىم ئارىسىدا زىددىيەت

بولىدۇ، دەپ قارىغان.

فارابى سەۋەبىياتنى كەڭ ئۇقۇم دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭچە، ماددا، شەكىل، مۇناسىۋەت، ھەرىكەت، ئۆزگىرىش، زىددىيەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى سەۋەب بولالايدۇ. ئۇ سەۋەبلەرنى يېقىن سەۋەب، يىراق سەۋەب، ۋاستىلىك سەۋەب، بىۋاسىتە سەۋەب، يېقىن ئارىلىقتىكى ۋە يىراق مۇساپىدىكى سەۋەب، يېقىنقى مەزگىللىك ۋە ئۇزاق ئۆتكەنكى سەۋەب، ماددىي سەۋەب ۋە مەنىۋى سەۋەب قاتارلىقلارغا بۆلگەن. ئۇ مۇقەررەرلىكنى ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت ۋە يېقىن سەۋەب بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇ مۇمكىنلىك — مۇمكىنسىزلىك، كىچىك مۇمكىنلىك، ئېھتىماللىق، زور ئېھتىماللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، دەپ قارىغان. دائىملىق ۋە ماھىيەتلىك مۇقەررەرلىك فارابىچە ئەڭ نوپۇزلۇق سەۋەب — قانۇنىيەتلىكتىن ئىبارەت ئىدى.

فارابى پەلسەپە، بىلىش نەزەرىيىسى، لوگىكا ۋە ھەرقايسى پەنلەرگە ئائىت كۆپلىگەن كاتېگورىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، كاتېگورىيىلىك چۈشەنچىلەرنى ئىزاھلىغان.

فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى ئۇنىڭ ئالەم نەزەرىيىسىدە، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ فارابىچە قاتلام — سىنفىرا سخېمىسىدا ئىپادىلەنگەن.

فارابىنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى غايەت زور ئىلمىي قىممەت ياراتقان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ماددا بىلەن شەكىلنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىك، ماددا بىلەن ئۆزگىرىشنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىك، زىددىيەتنىڭ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ بۇلىقى ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىك قاتارلىق جەھەتلەردە مېتافىزىكىلىق ساقلانغان.

فارابىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى تۆت ئاساسىي نۇقتا بويىچە تونۇشتۇرۇش مۇمكىن:

www.uyghurkitap.com

بىرىنچىدىن، فارابى دۇنيانى بىلىش ئىنساننىڭ ئىقتىدارى، ئىنسان دۇنيانى بىلىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە، دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە، مەيلى قايسى جىنس ياكى قايسى مىللەت بولمىسۇن، بۇ جەھەتتە ئوخشاش مۇمكىنلىككە ئىگە، ھېچكىم تۇغما بۆزچى ياكى بابكار بولۇپ تۇغۇلمىغان. فارابى يەنە، دۇنيامۇ ئۆزىنى بىلدۈرۈش مۇمكىنلىكىگە، ئۆز سىرلىرىنى ئېچىپ بېرىش مۇمكىنلىكىگە ئىگە، دەپ قارىغان.

ئىككىنچىدىن، فارابى بىلىش بىر جەريان سۈپىتىدە ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تاشقى دۇنيا بىلەن ئادەمنىڭ ئۆزئارا بىلىش ۋە بىلدۈرۈش مۇناسىۋىتى ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى لازىم، دەپ قارىغان. ئۇنىڭچە، بىلىش سەزگۈدىن باشلىنىدۇ؛ سەزگۈلەرنىڭ قوزغىلىشى سەزگۈ ئەزالىرى، يۈرەك ۋە مېڭىنىڭ پائالىيىتىگە يۆلىنىدۇ؛ سەزگۈلەر تاشقى بەش سەزگۈدىن باشقا، بىر قاتار ئىچكى سەزگۈلەردىن تەركىب تاپىدۇ؛ ھېسسىي بىلىش — سەزگۈ ئوبرازلىرى، ئىدراك، خاتىرە ۋە تەسەۋۋۇر قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، خاتىرە بىلىشنىڭ كېيىنكى باسقۇچىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ بىر قاتار بىۋاستە بىلىم ۋە بىۋاستە ھەقىقەت مەسىلىسى ھېسسىي بىلىش باسقۇچىدىلا مۇئەييەنلىشەلەيدۇ. ئۇنىڭچە، ئەقلىي بىلىش تىل ۋە تەپەككۇرنى قورال قىلىدىغان ئابستراكسىيە ۋە مۇھاكىمە جەريانى، يەككىلىكلەردىن ئومۇمىيلىقلارنى، ماھىيەتلەردىن ھەقىقەتلەرنى بىلىش ۋە ئىسپاتلاش جەريانىدىن ئىبارەت.

ئۈچىنچىدىن، فارابى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنى ئىسپاتلاش ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى رەت قىلىش مەسىلىسىنى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى. ئۇنىڭ لوگىكا ھەققىدىكى بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى مۇشۇ مۇھىم

مەسىلىنى چۆرىدىگەنىدى. فارابى پەلسەپە بىلەن دىن لوگىكا ئارقىلىق، ھەقىقەت بىلەن سوفىستىكا (سەپسەتە) لوگىكا قانۇنلىرىنىڭ ئىزچىللىقى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇ بەزى بىلىملەر مەنتىقىي ئىسپاتلاشنى ھاجەت قىلمايدىغان ھەقىقەتلىك قىممىتىگە ئىگە دەپ بىلگەن. فارابى «ئارىستوتېلدىن كېيىنكى لوگىكا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ نامايەندە، دەۋر بۆلگۈچ مۇتەخەسسىس»[①] ئىدى. ئۇ ئارىستوتېل لوگىكىسىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپلا قالماستىن، لوگىكا تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئۇ فرانسىس بېكوننىڭ (1561 — 1626) ئارىستوتېلنىڭ «ئورگانون» (قورال كىتابى) غا تەققاس قىلىپ يازغان «يېڭى ئورگانون» ناملىق ئەسىرىدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى 12 پارچە ئەسەردىن تەركىب تاپقان «كۇللىيات مەنتەقە» (لوگىكا ئومۇمىي كىتابى) ناملىق ئەسەر يازغان.

تۆتىنچىدىن، فارابى بىلىش ۋە بىلىم مەسىلىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۆت خىل ئەقىل تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. فارابى دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكى، ھېسسىي بىلىش، ئەقلىي بىلىش ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس بىلىمنى كۆرسەتكۈچى «ئىقتىدارىي ئەقىل»، «پائالىيەت باشلىغان ئەقىل»، «ئېرىشىلگەن ئەقىل» ۋە «پائال ئەقىل» كاتېگورىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئارىستوتېلنىڭ «پاسسىپ ئەقىل»، «پائال ئەقىل» قارىشىنى ئۆزگەرتتى. فارابى ئاتالمىش «ئالەم ئەقلى» بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد جەمغۇرلىغان ھەقىقىي بىلىملىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قارىغان.

فارابىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى بىر قاتار چەكلىمىلەرگە ئىگە

① ن. رېشېر: «ئەل فارابىنىڭ ئارىستوتېل بىرىنچى ئانالىتىكىسىغا قىلغان شەرھى»، 1963 ـ يىل نەشرى.

بولغان. ئۇ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ۋە ئۇنىڭ بىلىش مەسىلىسىدىكى رولىنى دىگەندەك چۈشەنمىگەن، لوگىكىلىق ئىسپاتلاشنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىپ، لوگىكىزملىق مايىللىقنى ئىپادىلىگەن، لوگىكىلىق مۇھاكىمىدە دېدۇكسىيىلىك ئۇسۇلنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئىندۇكسىيىلىك ئۇسۇلنى تىلغا ئېلىپلا قويغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ئىلغارلىققا ۋە مول قىممەتكە ئىگە بولغانلىقى روشەن.

## 3. فارابىنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى

فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغۋار گۇمانىزمچىسى سۈپىتىدە ئىجتىمائىي پەلسەپىلىك مەسىلىلەر بويىچە قىممەتلىك كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. فارابىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىلىك قاراشلىرى «ئىنسان مەركەز» لىك (ئانتروپوسېنتىرىزم) نەزەرىيىسى ئاساسىغا، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ گارمۇنىيىلىكى ئاساسىغا، ئىنسان بەختى بىلەن بەختىيار ئىنسانىيەت جەمئىيىتى توغرىسىدىكى ئوتوپىك قاراشلار ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسان ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتى، دۆلەت ۋە غايىۋى دۆلەت، ئەخلاق ۋە بەخت ـ سائادەت قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. فارابى ئۆزىنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى «سىياسىي پەلسەپە» دەپ ئاتىغان، ئۇنى نەزەرىيىۋى سىياسىي پەلسەپە — ئەخلاق ئىلمى ۋە ئەمەلىي سىياسىي پەلسەپە — «ئىلمۇل مەدىنە»، «سىياسەتۇل مەدىنە» (شەھەر باشقۇرۇش ئىلمى) دىگەن ئىككى تارماققا ئاجراتقان.

فارابىنىڭ قارىشىچە، ئەخلاق پەلسەپىسى مۇستەقىل پەن بولۇپ، ئىنساننىڭ ئۆزىنى مەنىۋى جەھەتتە تاكامۇللاشتۇرۇشى ۋە جەمئىيەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈشىنىڭ شەرتى ھېسابلىناتتى.



www.uyghurkitap.com

ئىنسان بەخت ـ سائادىتىنى ھەممىنىڭ ئالىي نىشانى دەپ چۈشەنگەن فارابى ئۆچۈن بىلىم، پەلسەپە ۋە ئەخلاق بەخت ۋە گۈزەللىكنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارالغان.

فارابى ئەخلاقنى تۇغما — تەبىئىي ھاسىل دېگەن قاراشلارنى رەت قىلدى. ئۇ ئەخلاقىي سۈپەتلەر تۇغما ئەمەس، بەلكى ئېرىشىلگەن ھادىسە؛ ئەخلاقىي سۈپەتلەرنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى تەقدىر ـ قىسمەتكە باغلىق ئەمەس، بەلكى مۇھىت، تەربىيە ۋە ئىرادە ئەركىنلىكىگە — تاللاش ئىرادىسىگە باغلىق؛ بىر خىل ئەخلاقىي سۈپەت ئۆزگەرمەس ئۆمۈرلۈك ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئۇ سىرتقى مۇھىت، تەلىم ۋە شەخسنىڭ ئىرادىسى، ئادەتلىنىشكە تايىنىپ ئۆزگىرىدۇ؛ ئەخلاقىي سۈپەتلەرگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدىغان نەرسە شەخسنىڭ بىلىمى، ئەقلىي بىلىش دەرىجىسى ئىكەنلىكى، دۆلەت رەئىسىدىن تاكى ئائىلە باشلىقلىرىغىچە تەلىم ـ تەربىيە تورى ھاسىل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى؛ مائارىپ خىزمىتىدە ھەم مۇلايىم، ھەم قاتتىق ئۇسۇل قوللىنىش، چۈشىنىپ بىلىشنى يادلاپ ئوقۇشنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىش قاتارلىقلار ئۈستىدە يېتەرلىك توختالغان.

فارابى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئەخلاق كاتېگورىيىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەت ئېنىقلىمىسى، ياخشىلىقنى ئەمەلدە كۆرسىتىش، ياخشى ـ يامان سۈپەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ئۈستىدە كەڭ مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بارغان. بۇ ئارىستوتېل «ئەخلاق ئىلمى» (ئېتىكا) قاراشلىرىدىكى نۇرغۇن ئاجىزلىقلارنى تولدۇرغان، قۇلدار ئاقسۆڭەكلەر ئەخلاقىي قاراشلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان، ئەينى زامان فېئوداللىق، ئىلاھىيەتچىلىك، ئىرقچىلىق ئەخلاقىي قاراشلىرىغا زىت بولغان.

فارابى سىياسىي پەلسەپىنى ئەمەلىي ئەخلاق — جەمئىيەت

ۋە دۆلەتنى تۈزەش ئىلمى سۈپىتىدە مۇھاكىمە قىلغانىدى.

ئۇ ئارىستوتېل بىلەن بىردەك ھالدا ئىنساننى تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، «سىياسىي ھايۋان» دەپ چۈشەندى. ئۇنىڭچە، جەمئىيەت مەسىلىلىرى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئوخشاش، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن گارمونىيىلىك بولغان قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا — ئەمەلىي پەلسەپە، ئەخلاق ۋە ئىلىم - پەن ئاساسىدا ھەل قىلىنىشى لازىم ئىدى.

فارابى ئىنسان تۈرىنىڭ باشقا تۈرلەردىن ئۈستۈنلۈكىنى قوغداش، باشقا تۈرلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپ ئۇلارنى قىرىپ ئۆز تۈرىنى كۆپەيتىش مەقسىتى بىلەن جەمئىيەت كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى قاتتىق سۆكتى. ئۇنىڭچە، جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ ئورتاق ياشاش زۆرۈرىيىتى ۋە خاھىشى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ھەمكارلىق ئۇيۇشمىسى ھېسابلىناتتى. فارابى جەمئىيەتنى ياشاش ئىقتىدارى بويىچە مۇكەممەلسىز جەمئىيەت (يېزا - قىشلاق، مەھەللە جەمئىيىتى) ۋە مۇكەممەل جەمئىيەت دەپ ئىككىگە ئاجراتتى. ئۇنىڭچە، تولۇق ھايات سىستېمىسىغا ئىگە بولغان شەھەر، مىللەت، پۈتۈن ئىنسانىيەت مۇكەممەل جەمئىيەت ھېسابلىناتتى. ئۇ پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئەڭ تولۇق، ئەڭ چوڭ جەمئىيەت دەپ قارىغان.

فارابى دۆلەت توغرىسىدا ئارىستوتېلنىڭ دۆلەت ئائىلىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قارىشىغا ئاساسلانغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيتتى. فارابى دۆلەت باشقۇرۇش ئىلمىنى «سىياسەتۇل مەدىنە» دەپ ئاتىغان.

فارابى دۆلەت (ئۇ «شەھەر» كاتېگورىيىسىنى ئىشلەتكەن)نى ئىككى خىلغا بۆلگەن. بۇلار: «جاھالەتلىك دۆلەت»، «پەزىلەتلىك دۆلەت» تىن ئىبارەت. فارابى ئۇنى «مەدىنەتىل جاھىلە»، «مەدىنەتىل فازىلە» دەپ ئاتىغان.

فارابى جاھالەتلىك دۆلەتنى: يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلالمىغان گاداي دۆلەتلەر، پۇل تېپىش خاھىشىغا غەرق بولغان ساختىپەز دۆلەتلەر، كەيپ - ساپاغا بېرىلگەن چۈشكۈنلەشكەن دۆلەتلەر، خۇشامەتچى ۋە شۆھرەتپەرەس دۆلەتلەر، ھاكىممۇتلەق تۇزۇمىدىكى دۆلەتلەر، باشباشتاقلىققا چۆمگەن دۆلەتلەر، خۇراپاتچى دۆلەتلەر، پەزىلەتلىرىدىن ئايىنىپ كەتكەن دۆلەتلەردىن ئىبارەت سەككىز تۈرگە ئاجراتقان. فارابى جاھالەتلىك دۆلەتلەرنىڭ خەلقى ھەقىقىي بەختنى بىلمەيدۇ. باشلىقلىرى ھەقىقىي بەخت ئۈچۈن ئىش قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھايات مەقسەتلىرى جىسمانىي قاۋۇللۇق، شۆھرەت، كەيپ - ساپا، ئۆز ئىشتىياقلىرىنى خالىغانچە قويۇپ بېرىش بولۇپ، بۇنى بەخت دەپ بىلىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. فارابى جاھالەتلىك دۆلەتلەر ئۈستىدە توختالغاندا، ئەينى زامان جاھالەتلىك سىياسىي - ئىجتىمائىي مۇھىتىغا تەنقىدىي خاراكتېر بەرگەن، ئۇنى ئېچىپ تاشلىغان.

فارابى «مەدىنەتىل فازىلە» نامىدا ئۆزىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئۇتوپىك تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا» ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابىدا مەركەزلىك بايان قىلىنغان. فارابى پەزىلەتلىك دۆلەت (شەھەر) كە خاراكتېر بېرىپ مۇنداق يازغان: «ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ بىرلەشكەن كىشىلەرنىڭ شەھەرلىرى پەزىلەتلىك شەھەر ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرنىڭ جەمئىيىتى پەزىلەتلىك جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئۆزئارا ياردەملىشىپ بەختكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان بارلىق شەھەر خەلقلىرى پەزىلەتلىك خەلق ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بارلىق

خەلقلەر بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ياردەملىشىشنى يولغا قويسا، پۈتۈن زېمىندا ئورتاق پەزىلەت تىكلىنىدۇ» [1].

فارابى پەزىلەتلىك دۆلەتنىڭ شەرتلىرى، پەزىلەتلىك دۆلەت قۇرۇش يوللىرى، پەزىلەتلىك دۆلەتنىڭ رەئىسى، خادىملىرىنىڭ لاياقەت شەرتلىرى، پەزىلەتلىك دۆلەتتە هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى جانلىق ئادەمدەك ئورگانىك بىردەكلىك، پەزىلەتلىك دۆلەتتە ئىجتىمائىي هايات ۋە ئىلىم - سەنئەتنىڭ قانداق بولۇشى، شۇنىڭدەك ئۇرۇشنىڭ هەققانىي ۋە هەققانىيەتسىز دېگەن ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقى هەققىدە تەپسىلىي توختالغان. فارابى پەزىلەتلىك دۆلەتنىڭ پەيلاسوپ رەئىسى بولۇشى لازىملىقىنى؛ ئۇ خەلق ئىچىدىن تاللانغان قابىلىيەتلىك بىر كىشى، هەتتا بىر گۇرۇپپا كىشىلەر بولۇشى مۇمكىنلىكىنى؛ ئەقىل - پاراسەت، ئىلىم، ئەخلاق ۋە مەدەنىيەت يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى لازىملىقىنى؛ دۆلەتتە ئادالەت ۋە مۇھەببەت، ئومۇمىي ئاھالىنىڭ باراۋەرلىكى، ئەركىن كەسىپ تاللاش يولغا قويۇلغان بولۇش لازىملىقىنى؛ جاھالەتلىك دۆلەتتىن (بولۇپمۇ هاكىمىمۇتلەق دۆلەتتىن) پەزىلەتلىك دۆلەتكە ئۆتۈشتە قاتتىق ئىنتىزام ۋە تەرتىپكە تايانغان ئۆزگىرىش باسقۇچىنى بېسىش لازىملىقىنى تىلغا ئالغان.

فارابىنىڭ ئىجتىمائىي پەلسەپىلىك قاراشلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيلاسوپلارغا سېلىشتۇرغاندا مىسلىسىز ئۈستۈنلۈككە، يىراقنى كۆرەرلىككە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە تولغان، كۈچلۈك تارىخىي ۋە ئىلمىي قىممەت ياراتقان.

فارابىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەلىمات ۋە

---

① ئەل فارابى: «پەزىلەتلىك شەهەر ئاهالىسىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا»، 26 - باب، س.ن. گرىگورىئا ئىشلىگەن رۇسچە نۇسخىسى، 157 - بەت؛ يۇهەننا قەمەر ئىشلىگەن ئەرەبچە نۇسخىسى، 32 - بەت.

تەشەببۇسلىرى گەرچە خىيالىي — ئۇتوپىك خاراكتېرگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇ ئۇتوپىك ئىدىيىلەر تارىخىدا ئۆزىگە خاس كۆز قاراش سىستېمىسى شەكىللەندۈرگەن. ئۇ پلاتوننىڭ قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرگە قارىتىلغان «غايىۋى دۆلەت» ئىدىيىسىدىن تۈپتىن پەرقلەنگەن، مانى — مازداق ئىجتىمائىي تەشەببۇسلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ ئەڭ قەدىمكى غايىۋى جەمئىيەت ئارزۇلىرىدىن ئوزۇقلانغان. فارابى توماس مور (1478 — 1535) نىڭ «ئۇتوپىيە» ناملىق كىتابى، فرانسىس بېكوننىڭ «يېڭى ئاتلانتىس» ناملىق كىتابى ۋە توماس كامپانىلا (1568 — 1639) نىڭ «قۇياش شەھىرى» ناملىق كىتابىدىن ئالتە - يەتتە ئەسىر ئىلگىرى ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىك — غايىۋى جەمئىيەت قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز دەۋرىدىن ھالقىغان پىكىر مۆجىزىسى ياراتتى.

## 4. فارابىنىڭ ئىلىم - پەن تۆھپىلىرى

فارابى پەلسەپىۋى سىستېمىسى ئۇنىڭ پەنلەرنى تۈرگە ئايرىش تەلىماتى، ھەرقايسى پەنلەر توغرىسىدىكى پەلسەپىلىك مۇلاھىزىلىرى، ئىلىم - پەننىڭ بەزى مۇھىم تارماقلىرى بويىچە قوشقان تۆھپىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. فارابى «ئىھسائۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى)، «سائادەت توغرىسىدا بايان»، «بوشلۇق گېئومېترىيىسى ھەققىدە مۇقەددىمە كىتابى»، «يۇلتۇزلار ھەققىدىكى توغرا ۋە ناتوغرا مۇھاكىمىلەر توغرىسىدا»، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «ئادەم ئورگانىزمى توغرىسىدا»، «ئالماگىستاغا شەرھى كىتاب» قاتارلىق بىر قاتار ئەسەرلىرىدە، ئۆزىنىڭ ئارىستوتېلدىن فرانسىس بېكونغىچە ئارىلىقتىكى ئەڭ چوڭ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. فارابى ئىلىم - پەننىڭ مەقسىتىنى

ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى بەرپا قىلىش، دەپ قارىدى. ئۇ پەلسەپىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى ئىنكار قىلمىغان ھالدا ھەرقايسى پەنلەرنىڭ مۇستەقىل ئوبيېكتى ۋە قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۇردى؛ نەزەرىيىۋى پەنلەرنىڭ ھەرقايسى پەنلەر سىستېمىسىدىكى نېگىزلىك ئورنىنى تەكىتلىدى؛ پەنلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئىچكى تارماقلىرى بويىچە تۈرگە ئايرىلىش پرىنسىپلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس سخېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىغا ئائىت مېتودولوگىيىلىك مەسىلىلەرنى تىلغا ئالدى.

فارابى ئارىستوتېلنىڭ «نەزەرىيە پەنلىرى»، «ئەمەلىي پەنلەر»، «ئىجادىي پەنلەر» دېگەن ئىبارەت ئۈچ تۈر بويىچە پەنلەرنى تۈرگە ئاجرىتىپ، نەزەرىيە پەنلىرى بىلەن ئەمەلىي پەنلەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتكەنلىكىگە خاتىمە بېرىپ، ھەربىر پەندە ئاجرالماس نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت تارماقلىرى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ پەنلەرنى بەش چوڭ قىسىمغا ئاجراتتى. ھەربىر قىسىمغا ھەر بىر پەننى ۋە ئۇنىڭ تارماقلىرىنى كىرگۈزۈپ، تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنى ئىزاھلاپ چىقتى.

ئۇ تىل ئىلىملىرى قىسمىغا يەتتە تارماق ئىلمىنى كىرگۈزدى؛ لوگىكا ئىلمى قىسمىنى تىل ئىلمى قىسمىغا يېقىن قويدى؛ ماتېماتىكا ئىلىملىرىنى يەتتە تارماققا بۆلدى؛ فىزىكا — تەبىئەت ئىلىملىرىگە سەككىز پەننى، مېتافىزىكا — روھىيەت ئىلىملىرىگە ئۈچ ساھەنى كىرگۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىجتىمائىي پەنلەرنى قويدى. شۇنداق قىلىپ فارابىنىڭ قارىشىچە پەنلەر مۇنداق تىزىلغان: تىلشۇناسلىق پەنلىرى، شېئىرىيەت ئىلمى، لوگىكا، ھېساب ئىلمى، گېئومېترىيە، ئوپتىكا، ئاسترونومىيە، مۇزىكا، ئۆلچەم ئىلمى، ئاددىي فىزىكا، مۇرەككەپ جىسىملار فىزىكىسى، خىمىيە، بىناكارلىق ئىلمى، كېمىسازلىق، تېرىقچىلىق تېخنىكىسى، ھايۋاناتشۇناسلىق، تېبابەتچىلىك، ئومۇمىي پەلسەپە، مېتودولوگىيىلىك پەلسەپە،

روھىيەت پەلسەپىسى، ئەخلاقشۇناسلىق، ھوقۇقشۇناسلىق، سىياسىي باشقۇرۇش ئىلمى ۋەھاكازا.

فارابى ئاتاقلىق كەسپىي پەيلاسوپ سۈپىتىدە پەلسەپە ئىلمىنىڭ ئاتالمىسى، ئىزاھاتى، ئىلمىي تەبىرى ۋە ئوبيېكتى، نەزەرىيىۋى پەنلەرگە بولغان يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى، پەيلاسوپ بولۇشنىڭ پەزىلەت شەرتلىرى ۋە تەتقىقات يوللىرى، ئومۇمىي خەلق پەلسەپە ئۆگىنىشنىڭ ئىجتىمائىي كامالەت جەھەتتىكى ئەھمىيىتى، پەلسەپە تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي دەۋرلەر، ئارىستوتېلنىڭ يۇنان پەلسەپىسىدىكى ئورنى ئۈستىدە توختالدى.

فارابى تىلشۇناسلىق — لوگىكا ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىنى بىلىشنىڭ ئۇلۇغ قورالى دەپ چۈشەندى، ئۇلارنىڭ ئوبيېكتلىرى، تارماقلىرى، بىلىشتىكى رولى ھەققىدە كۆپ مۇھاكىمىلەر بايان قىلدى. ئۇ تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى، تىلنىڭ تەپەككۇرنىڭ ئۇلى ئىكەنلىكى، مۇھاكىمە (ئىچكى) تىلى ۋە ئىپادىلىگۈچى ئاۋازلىق تىل، تىلنىڭ مىللىيلىكى، مەنتىقىنىڭ خەلقئارالىقى، ماتېماتىكا بىلەن گراماتىكا ۋە لوگىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە خاس تەلىماتلار ياراتتى. فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ كۆرۈنگەن نەزەرىيىۋى ماتېماتىكى سۈپىتىدە ئونلىغان ئەسەر ۋە شەرھىي ئەسەرلەر يازغان. ئۇنىڭ ئالاھىدە تۆھپىسى: سان ئۇقۇمىنى كېڭەيتىش، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ئىدىيىسىنى ھازىرلاش، ترىگونومېترىيە بىلەن قۇرۇلمىلىق گېئومېترىيە ئىلىملىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، مىقدار بىلەن ماسسىنىڭ مۇناسىۋەت چۈشەنچىسىنى ئېنىقلاش، خوردا - سىنۇس - كوسىنۇسنىڭ بىر گرادۇستىكى ئەھمىيىتى، ترىگونومېترىيىلىك چەمبەردە رادىئۇس (كەسمە)، تانگېنس (زىسال مەكۇس)، كوتانگېنس (زىسال مەستاۋ) نىڭ ئەھمىيىتى، خالىغان ئۈچ بۇلۇڭ ئۈچۈن تەكشى يۈزلۈك سىنۇس تېئورېمىسىنى، تۆز بۇلۇڭلۇق شار شەكىللىك ئۈچ بۇلۇڭ ھەققىدىكى سىنۇس ۋە تانگېنس تېئورېمىسىنى ئىسپاتلاش،

ئاسترو ماتېماتىكىنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى[1].

فارابىنىڭ جانلىق تەبىئەت — بىئولوگىيە ۋە تېبابەتچىلىك توغرىسىدىكى تۆھپىلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك. ئۇ بىر قاتار ئەسەرلىرىدە ھاياتنىڭ تاشقى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، روھنىڭ يەككە تەنگە يۆلەنگەنلىكى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات دۇنياسىنىڭ باسقۇچلۇق تەرەققىياتى، ئىرسىيەت مەسىلىسى، مېڭىنىڭ ئادەم ھاياتىدىكى تىزگىنلەش رولى ۋە بىر قاتار نەزەرىيىۋى تېبابەتچىلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالغان.

فارابى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغۋار سەنئەت نەزەرىيىچىسى، مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ۋە ماھىر چالغۇچى ئىدى. ئۇ پىفاگورنىڭ فىزىكىلىق ۋە مۇزىكىلىق ئاۋازلارنى پەرقلەندۈرمىگەن مۇزىكا تەلىماتىدىن پەرقلىق، غەيرىي پىفاگورچە، ئېستېتىك ئاۋاز ئاساسىدىكى يېڭى مۇزىكا ئىلمىگە ئاساس سالدى[2]. ئۇنىڭ «كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر» ناملىق ئەسىرى ئەينى زاماندا تەڭداشسىز مۇزىكا قامۇسى ھېسابلانغان. ئۇ ئۇيغۇر مۇقاملىرى، نەغمە ئۇسلۇبى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكىلىرىنى ئوتتۇرا ـ يېقىن شەرققە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. فارابى ئەرەب ۋە باشقا تىللاردا شېئىرلار يازغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى پەلسەپىۋى پىكىر بىلەن مەجازىي ۋاسىتىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى بىرلىشىش نەمۇنىسى بولدى.

ئەبۇ نەسىر فارابى پۈتكۈل پەلسەپىۋى بىلىش تارىخىدا تەبىئەت بىلەن ئىلاھىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپىۋى سىستېما ياراتتى، مەدەنىيەت تارىخىدىكى «ئەرەب

---

① ب. ئا. روزېنفېلىتقاتارلىقلار: «ئەل فارابىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئەسەرلىرى»، «ئەل فارابى ھەققىدە ئىلمىي ماقالىلەر»، 1975 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 30 ـ بەت.

② م. خەيرۇللايېۋ: «فارابى دەۋرى ۋە تەلىماتى»، 1975 ـ يىل رۇسچە نەشرى، 147 ـ بەت؛ دىئېر لانگېر: «مۇزىكىشۇناس ئەل فارابىنىڭ ‹كىتابۇل مۇسىقۇل كەبىر› ناملىق ئەسىرى ھەققىدە».

مەدەنىيىتى» دەپ ئاتالغان ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت تىپىنىڭ شەكىللىنىشىگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. فارابىنىڭ پەلسەپىۋى ۋە ئىلمىي مىراسلىرى شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئۇنىۋېرسالىزمى كرىستاللىرىدىن بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىپتىخارى ھېسابلىنىشى كېرەك.

فارابى ئىدىيىلىرى ئۇنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى شاگىرتلىرى ئەبۇ زەكەرىيە يەھيا ئىبنى ئەدى، ئەبۇ سۇلايمان ئەل سىجىستانى، ئەبۇ ھەييان ۋە ئەل تەۋھىدى، ئىبنى مەسكەۋەيس ۋە ئۇنىڭ زاماندাشلىرى تەرىپىدىن داۋاملىق تەرغىب قىلىندى، ئەل زەنجەنى، ئەل بەستى قاتارلىقلار مۇھەررىرلىكىدە تۈزۈلگەن «ئەل رىسالەت» ناملىق X ئەسىر ئېنسكلوپېدىيىسىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتتى.

فارابى ئىدىيىلىرى ئىبنى سىنا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئىمادىددىن قەشقەرى، ناسىر خىسراۋ، ئىبنى باجە، ئىبنى تۇفائىل، ئىبنى رۇشىد، ئىبنى مەيمۇندى، ئىبنى خەلدۇن، نىزامى گەنجىۋى، پەخرىددىن رازى، ئەلىشىر نەۋائى، ئابدۇقادىر بېدىل قاتارلىقلارنىڭ دۇنيا قارىشىدا ئۇللۇق رول ئوينىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىبنى مەئىمۇندى (1135 — 1204)، كېرىمۇنارلىق گرات (1114 — 1187) قاتارلىقلار تەرىپىدىن «ئەۋى ئەسەف» نامىدا ئىسپانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيىدە تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلدى. ياۋروپا مەرىپەتچىلىرىدىن سگېربىراباتىسكىي، روجېر بېكون، جوردانو برونو، گالىلېي، كوپېرنىك، توماس دئو، رىمارا، فرانسىس بېكون، جوبېئېل، دېكارت، كاسانتا ۋە سپىنوزا، گېگېل قاتارلىقلارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىغا مەلۇم تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# V باب ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى

## 1. ئىبن سىنا ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى

ئىبن سىنا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ بىرى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرقنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، پەيلاسوپى، شۇنداقلا دۇنيا مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، داڭلىق دوختۇر. ئۇ شەرق بىلەن غەربنىڭ پەن - مەدەنىيەت، مۇھىمى ئىدىيە ئالماشتۇرۇش تارىخىدا ھەقىقىي كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان مەشھۇر شەخس.

ئىبن سىنانىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئەلى ھۇسەين ئىبن ئابدۇللا ئىبن ھەسەن ئىبن ئەلى ئىبن سىنا بولۇپ، مىلادىيە 980 - يىلى بۇخارا شەھىرى ئەتراپىدىكى ئەپشان يېزىسىدا دۇنياغا كەلدى. ئاتىسى ئابدۇللا يەرلىك ئەمەلدار، ئانىسى ستارا ئەپشان يېزىسىدىكى بىر دېھقان قىزى ئىدى. ئىبن سىنا تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە بۇخاراغا كۆچۈپ كەلدى. بۇخارا ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم بىر مەدەنىيەت ئوچىقى ئىدى. ئىبن سىنا كىچىكىدىنلا ئىنتايىن ئەقىللىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەستە ساقلاش ئىقتىدارى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇ «مېنىڭ ھاياتىم» دېگەن ئەسلىمىسىدە: «مەن 10 ياشقا كەلگىنىمدە قۇرئاننى باشتىن -

ئاياغ تولۇق يادلاپ بولغان. نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇغان» دەيدۇ. داڭلىق ئۇستازلارنىڭ يېتەكلىشىدە ئىبنى سىنانىڭ بىلىمى چوڭقۇرلىشىپ، زېھنى بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشكەنىدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇستازى پەيلاسوپ ناتىلي تېخىمۇ كۆپ بىلىمنى سۆزلەشنىڭ هاجىتى قالمىغانلىقىنى هېس قىلىپ، ئۆرگەنچكە كەتكەن. ناتىلي ئۆرگەنچكە كەتكەندىن كېيىن، ئىبنى سىنا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ، بۇ جەرياندا تېبابەتچىلىككە ئىشتىياق باغلاش بىلەن 16 يېشىدىلا داڭلىق دوختۇر بولۇپ يېتىشىپ، نۇرغۇنلىغان كېسەللەرنى داۋالاش بىلەن داڭقى چىقىشقا باشلىغانىدى. 18 ياشقا كىرگەندە، شۇ دەۋردىكى ئىلاهىيەتشۇناسلىق، ئەرەب ئەدەبىياتى، فىزىكا، گېئومېترىيە، ماتېماتىكا، لوگىكا ۋە پەلسەپىگە ئائىت بىلىملەرنى ئىگىلىگەنىدى. ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ «مېنىڭ هاياتىم» دېگەن ئەسلىمىسىدە: «مەن ئارىستوتېلنىڭ ‹مېتافىزىكا› دېگەن كىتابىنى ئوقۇدۇم... بۇ كىتابنى 40 قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئىبارىلىرى ياد بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەنىسىنى يەنىلا چۈشىنەلمەي تۇرغىنىمدا، ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ ‹مېتافىزىكا› هەققىدىكى شەرهى كىتابى قولۇمغا چۈشتى. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ ئاندىن (ئارىستوتېل ‹مېتافىزىكا› كىتابىنىڭ) پۈتۈن مەنىسىنى چۈشەندىم» دەيدۇ.

مۇشۇ مەزگىلدە، بۇخارا ئەمىرى نوه ئىبنى مەنسۇر كېسەل بولۇپ قالىدۇ. ئوردا تېۋىپلىرى داۋالاشقا ئامالسىز قالغىنىدا، ئىبنى سىنا نوه ئىبنى مەنسۇرنىڭ كېسىلىنى ساقايتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ هۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشىدۇ. ئۆز تەلىپى بويىچە خانلىق كىتابخانىغا كىرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردى ۋە تەتقىق قىلدى. مانا مۇشۇ مەزگىللەردە، ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى «ياخشىلىق ۋە يامانلىق هەققىدە»، «هاسىل ۋە

مەھسۇل» قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆزى ئۆگەنگەن بىلىملەرنى بىر خىل نەزەرىيۋى سىستېمىغا سېلىش ۋە ئۇنى نامايان قىلىش ئىدى.

مىلادىيە 1001 ـ يىلى سامانىلار كۈچلۈك قوشنا دۆلەت غەزنەۋىلەر سۇلتانى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. ئىبىن سىنا بۇخارادىن خارەزمنىڭ مەركىزى ئۆرگەنچكە كەلدى. ئۆرگەنچ ئەمرى ئەلى ئىبىن مەئمۇننىڭ ئەتراپىغا زور بىر تۈركۈم ئالىملار توپلانغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە داڭلىقلاردىن بىرۇنى، خرىستىئان مۇرتى ئەبۇ سەفىل مەسىھى، ئەبۇلخەيرى، خۇماد قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىبىن سىنا ئۆرگەنچتە تۇرغان چاغلىرىدا ئەبۇ رەيھان بىرۇنى بىلەن تونۇشۇپ كۆپ قېتىملاپ ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ باردى. بىراق، ئىبىن سىنانىڭ ئۆرگەنچتە تۇرغان ۋاقتى كۆپ بولمىدى. ئۇ ئۇ يەردىن ئايرىلمىسا بولمايتتى. چۈنكى غەزنەۋىلەر سۇلتانى ئۆرگەنچتىكى بارلىق ئالىملارنى ئۆزىنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىغانىدى. مەئمۇن ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماي ئىلاج يوق ئىدى. ئىبىن سىنا خرىستىئان مۇرتى مەسىھىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆرگەنچتىن ئايرىلىپ، جۇرجانغا كەلدى. بىراق، مەسىھى نىشانغا يەتمەي يولدا قازا تاپتى. جۇرجاندا ئىبىن سىنا ئەبۇ ئۇبەيد جۇرجانى بىلەن تونۇشتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا جۇرجانى ئىبىن سىنانىڭ سادىق شاگىرتى بولۇپ قالدى. ئىبىن سىنا جۇرجاندا تۇرغان مەزگىللىرىدە ئىككى يىلدەك تىرىشىپ تەتقىق قىلىش ۋە يېزىقچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئىككى كىتاب يازدى. بىرى، پەلسەپىگە ئائىت «يارىلىش ۋە ئەسلىگە قايتىش»، يەنە بىرى، «مەجمۇئەتۇل ھەۋادىس» (ھادىسىلەر جۇغلانمىسى) تىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ چوڭ ھەجىملىك «ئەلقانۇن فىت تىب» (داۋالاش ئىلمىنىڭ قانۇنى) دېگەن ئەسىرىنى يېزىشقا باشلىدى. ئىبىن سىنا جۇرجاندىمۇ تۇرالماي يەنە بۇ يەردىن



www.uyghurkitap.com

ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئەينى ۋاقىتتىكى مەجىت دەۋلەتىنىڭ پايتەختى رەي شەھىرىگە كېلىپ، مەجىت دەۋلەتىنىڭ كېسىلىنى ساقايتتى. مىلادىيە 1014 ـ يىلى ئىبىن سىنا رەي شەھىرىدىن ئايرىلىپ، ھەمەدانغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇ يەردە نامى چىققان ئىبىن سىنا ھەمەدان شاھى شەمسى دەۋلەتىنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا چاقىرتىلىپ، كېسەلنى ئۇزاققىچە داۋالىدى. شەمسى دەۋلە ئىبىن سىنانىڭ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا تىنچ ئۆتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا، ئىبىن سىنا ئۆزىنىڭ پەلسەپە توغرىسىدىكى ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسىرى «كىتاب ئەش شىفا» («شىپالىق ھەققىدىكى كىتاب») نى يېزىشقا كىرىشتى. مىلادىيە 1021 ـ يىلى ئىبىن سىنانىڭ باش پاناھى شەمسى دەۋلە ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئىبىن سىنا ۋەزىرلىكتىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى قىيىنلىشىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، «كىتاب ئەش شىفا» نى داۋاملىق يازدى. خۇددى ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە يازغىنىدەك، ئۇ بۇ كىتابنى يېزىشتا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەستە قالدۇرۇش كۈچىگىلا تايانغان بولۇپ، ھېچقانداق يازما ماتېرىياللاردىن پايدىلانمىغاندى. ھەمەدانغا قوشنا بولغان ئىسپاھاندا ئەلائۇد دەۋلە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. خېلىدىن بېرى دۆلەتتىكى قالايمىقانچىلىقلاردىن زېرىككەن ئىبىن سىنا خاتىرجەملىك ئىزدەش نىيىتىدە ئىسپاھان ھاكىمى ئەلائۇد دەۋلەگە مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتىپ، ئىسپاھانغا بېرىشقا ئىجازەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ۋەھالەنكى، بۇ مەكتۇپ پايلاقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ ئەھۋالى قىيىنلاشتى. يوشۇرۇنۇپ يۈرگىنىدە، ئۇ سادىق شاگىرتى جۇرجانى بىلەن بىرگە قاماققا ئېلىندى. ئۇ قاماقتا ياتقان ۋاقىتىدىمۇ ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق ئىشلىرىنى ئۈزۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويمىدى. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇ بىر قانچە رىسالىسىنى پۈتتۈرگەنىدى.

شەمسى دەۋلە بىلەن ئەلا ئۇد دەۋلە ئارىسىدا بىر قېتىملىق ئۇرۇش پارتلاپ، ئىسپاھان ھاكىمى ئەلائۇد دەۋلەنىڭ قوشۇنلىرى غەلىبە قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىبنى سىنا قاماقتىن قۇتۇلدى. ئەمما مەجبۇرىي ھالدا ھەمەداندا تۇرغۇزۇلدى. مىلادىيە 1023 ـ يىلى ئۆزىنىڭ سادىق شاگىرتى جۇرجانىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىسپاھانغا قېچىپ كەلدى. بۇ يەردە ئۇ ئۆزىنىڭ تىنىمسىز بولغان ئاخىرقى ھايات باسقۇچىنى ئۆتكۈزدى. پەيلاسوپنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى 14 يىلى ئەلائۇد دەۋلەنىڭ ھىمايىسىدە ئۆتتى. ئۇ ئاسترونومىيىنى تەتقىق قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەلائۇد دەۋلەنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «كىتابۇل ئىلمىيە» دېگەن كىتابنى يازغان. ئۇ يەنە «شىپالىق ھەققىدىكى كىتاب» ئۈچۈن مۇزىكا توغرىسىدىكى بىر بابنى قوشۇپ يازدى ھەم يەنە تىلشۇناسلىققا ئائىت بىر ئەسەر يازدى. ئۇ «ئەرەبلەرنىڭ تىلى» دەپ ئاتالدى. كېيىن يەنە بىرقانچە داڭلىق كىتابلارنى يازدى.

جاھان مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئېنسكلوپېدىيىلىك ئالىم ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئۈچەي ئالمىشىپ قېلىش كېسىلى بىلەن مىلادىيە 1037 ـ يىلى (ھىجرىيىنىڭ 428 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ بىرىنچى ھەپتىسىنىڭ جۈمە كۈنى 57 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى. جەسىتى ھەمەدانغا دەپنە قىلىندى.

## 2. ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ دۇنياغا تونۇلغان ئۇلۇغ ئالىمى، پەيلاسوپ ئىبنى سىنا ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتى تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ

ھەجىملىك تېببىي ۋە پەلسەپىۋى كىتابلىرى بىلەن ئۆز زامانىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى دەۋردىمۇ كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. ئىبىن سىنا ئۆزىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىلىك پەلسەپىۋى ئەسىرى «كىتاب ئەش شىفا» ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان. ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى چۈشىنىش ئوڭاي ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىنى كۆرۈشكە ھەمدە ئۇنىڭ ئىلمىي نەتىجىلىرى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىپ باھا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەرگىزمۇ ئايرىم جۈملە، مەزمۇنلاردىن ئابستراكت چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. ئۆز زامانىسىدا كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلغان ئىبىن سىنا پەلسەپىسى بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەينى دەۋردىكى داڭلىق پەيلاسوپلار — ئارىستوتېل، فارابى، ئىبىن رۇشد قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەنىدى.

XIII ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى، مەشھۇر ئالىم ۋە تەرجىمان ئىبىن خەللىكان ئۆزىنىڭ «ۋەفائىيات ئەل ئەئىيان ۋە ئەنبە ئەز زامان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە: «ئىبىن سىنانىڭ بىلىملىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك فارابى ئەسەرلىرىدىن ئېلىنغان. ئىبىن سىنانىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنىڭ تەلىماتىنى جارى قىلدۇرغان» دېسە، گوللاندىيىلىك ئەرەبشۇناس بۇئېر ئۆزىنىڭ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتابىدا: «ئىبىن سىنا كىتابىدا بىرەر تەلىماتمۇ فارابىگە ئاساسلانماي مەيدانغا كەلمىگەن» دەپ يازغان. مانا بۇلاردىن ئىبىن سىنا پەلسەپىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇھىم ئىدىيىۋى مەنبەنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما يەنە شۇنىمۇ كۆرۈش لازىمكى، ئۇ ئارىستوتېل ۋە فارابى تەلىماتلىرىغا ئاددىي ھالدىلا، ئۇقۇم جەھەتتىلا ۋارىسلىق قىلىش ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۆزىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرى، تەجرىبە ۋە ئىزدىنىشلىرى ئارقىلىق ۋارىسلىق قىلدى. ھەرقانداق دەۋرنىڭ پەيلاسوپى ئۆزىدىن

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىكىلەرنىڭ (ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن) نەزەرىيە ۋە تەجرىبىلىرىگە ھۆرمەت قىلماي، ھەممىنى ئۆزى يېڭىدىن باشلىشى مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئىبنى سىنا ئىلگىرىكىلەرنىڭ، شۇنىڭدەك باشقا ئەللەردىكى پەيلاسوپلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن ئۇلاردىن پايدىلانغان، بەزىلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئىبنى سىنانىڭ «ئۈچىنچى ئۇستاز»[①] ، «ئىككىنچى فارابى»[②] دەپ ئاتىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئاددىي ھالدا ئارىستوتېل ۋە فارابى ئىدىيىسىنى قايتىلىغانلىقىلا بولماستىن، بەلكى ئىجادىي يوسۇندا ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلغار مەزمۇنلارنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىغا قارىتىلغان، ئەلۋەتتە.

ئىبنى سىنانىڭ ئىلمىي تۆھپىسى ھەقىقەتەنمۇ چوڭ، شۇڭا ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەنگلىيە ئالىمى دوكتور ھامىلتون گىببى ئۆزىنىڭ «ئەرەب ئەدەبىياتى تارىخى» ناملىق كىتابىدا، ئىبنى سىنا ئەسەرلىرىنىڭ يىقىنقى تىزىملىكى بويىچە 46 پارچە پەلسەپىۋى ئەسەر، 44 پارچە تىببىي ئەسەر، 81 پارچە ئىلمىي ئەسەر، دىنىي ۋە ئىلاھىيەتچىلىك خۇسۇسىدىلا 70 پارچە ھەر خىل ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن[③]. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقلىرى: (1) «ئەل قانۇن فىت تىب» جەمئىي بەش قىسىم. بۇ ئەڭ مۇھىم بولغان ئېنسىكلوپېدىيىلىك تىببىي ئەسەر؛ (2) «كىتاب ئەش شىفا» جەمئىي 17 قىسىم. بۇ ئەڭ ئاساسلىق ئېنسىكلوپېدىيىلىك پەلسەپىۋى ئەسەر؛ (3) «ئەل ـ ئەنساف» («ئادالەتنامە»). بۇ ئاساسەن شەرق بىلەن غەربنىڭ پەلسەپىسىنى سېلىشتۇرۇش بولۇپ، جەمئىي 20 جىلد؛ (4) «بەئىز ئەل ـ ھېكمەت ئەل

---

① ② ③ ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىل 3 ـ سان.

- مەشرىقىيە» بىر جىلد؛ (5) «ئەل - ئىشارەت» — بۇ ئۇنىڭ پەلسەپۋى بايانى بولۇپ، ناھايىتى ئاددىي، چۈشىنىشلىك بولغانلىقتىن، ئوتتۇرا ئەسىردە ناھايىتى كەڭ تارقالغان؛ (6) «دانىشنامە» — بۇ ئۇنىڭ پەلسەپۋى بايانى بولۇپ، پارسچە يېزىلغان.

ئىبنى سىنا پەلسەپۋى ئەسەر «كىتاب ئەش شىفا» نى يازغاندا، شۇ دەۋردىكى ھەرقايسى پەنلەرنىڭ نەتىجىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تۇرلۇك پەلسەپۋى مەسىلىلەرنى ئېنىق ھەم تەپسىلىي چۈشەندۇرگەن. ئۆزىنىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرىنى تەسىرى كۈچلۈك بولغان پەيلاسوپلاردىن ئارىستوتېل، پلاتون، پىلوتىنۇ، زېنۇن قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان. كىتابتا ئاساسلىقى ئارىستوتېلنىڭ ئىدىيىسىنى كۆپرەك شەرھلىگەن. ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق زور ھەجىمدىكى ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىتىنى ئىبنى سىنا مۇنداق چۈشەندۇرىدۇ: «مېنىڭ مەقسىتىم، ئىلگىرىكىلەردىكى بارلىق پەنلەر نەتىجىلىرىنى يىغىپ مۇشۇ كىتابقا كىرگۈزۈش ئىدى. بۇ نەتىجىلەر ھەممىسى دېگۈدەك مېنىڭ تەكشۈرۈشۈمدىن ئۆتتى ھەمدە ئۇزۇنغىچە ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتقان مۇتەپەككۇرلار تەرىپلىگەن پۈتۈن بايانلار ياكى يىغىنچاقلاشلارنى ئۆتكۈزدۈم. مەن تىرىشىپ پۈتكۈل پەلسەپە ساھەسىدىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنى بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزدۈم.» ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ: «مەن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ھەرقانداق قىممىتى بولغانلىكى نەرسىلەرگە سەل قارىمىدىم»[1] دەيدۇ.

ئىبنى سىنا پەلسەپىدىكى ئاساسىي مەسىلە — ماددا بىلەن ئاڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئىككى مەنبەچىلىك

---

① ئىبرام ماكور: «‹كىتاب ئەش شىفا› ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسەر»، ب د ت مائارىپ، پەن - مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «مەكتۇپ ئەلچى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1980 - يىل 12 - ئاي.

www.uyghurkitap.com

پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. بۇ ئۇنىڭ ئارىستوتېل ۋە فارابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ مەسىلىدە ئۇلارغا نىسبەتەن پەرقلىق مەيداندا تۇردى.

ئىبنى سىنا ئالەمنى سۇ، ئوت، تۇپراق ۋە هاۋادىن ئىبارەت تۆت ئاناسىر (تۆت زات) دىن هاسىل بولغان دەپ قارىدى. ئۇ، «تۆت ئاناسىر ۋە ئۇلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن باشقا جىسىم مەۋجۇت ئەمەس»، «ئالەم بىر، ئالەمدىن باشقا ئالەم يوق»① دەيدۇ. ئىبنى سىنا ماددىنىڭ ئۆزىدىكى هەرىكەت قارىشىغا يېقىنلاشقان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «··· هەرىكەت تەبىئىي بولىدۇ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى جىسىمنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنى تېپىشىدىن ئىبارەت» («دانىشنامە»)②. دېمەك، ئۇ ماددا بىلەن هەرىكەت بىر دەيدىغان قاراشقا ئىنتىلگەن. ئۇ يەنە هەرقانداق شەيئى شەكىل ۋە ماتېرىيال (ماددا) دىن تەركىب تاپىدۇ، دەيدۇ. ئۇ، «جىسىمنىڭ شەكلى ماددا (ماتېرىيال) دا بولىدۇ. بۇ شەكىلدىن ۋە بۇ ماتېرىيالدىن (ماددىدىن) جىسىم (شەيئى) تەشكىل تاپىدۇ ··· جىسىمدىن ئايرىلغان شەكىل مەۋجۇت بولمايدۇ»، «هەرقانداق بىر شەكىل، ئەگەر ماتېرىيال (ماددا) دىكى بىردىنبىر ئەسلى سەۋەب بولىدىكەن، ئۇ يوقالغان ۋاقىتتا، ماددا هەم مەۋجۇت بولماي قالىدۇ» («دانىشنامە»)③ دەيدۇ. ئېنىقكى، ئۇ ماتېماتىكىنىڭ ئوبيېكتىمۇ ئابستراكت ئۇقۇم ئەمەس دەپ كۆرسىتىپ: «گېئومېترىيىنىڭ تەتقىق قىلىدىغىنى سىزىق، يۈز ۋە ئۈچ ئۆلچەملىك شەكىلدۇر، ··· هەقىقىي پەلسەپە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، نۇقتا سىزىقتا بولىدۇ، سىزىق يەنە يۈزدە بولىدۇ، يۈز جىسىمنىڭ شەكىل هالىتىدە بولىدۇ، بەلكى شەكىل ماددىدا بولىدۇ»④ دەيدۇ. ئۇ يەنە هەرىكەت بىلەن ماددىنىڭ ئايرىلماسلىقى مەسىلىسى ۋە

---

① ② ③ ④ ئىبنى سىنا: «روھ توغرىسىدا»، سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.

ھەرىكەتنىڭ ئومۇمىيلىقىدا ماتېرىيالىستىك خاھىشقا يېقىنلاشقان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «تەبىئىي بولغان ھەرىكەت جىسىمنىڭ ئۆزىدىكى ھەرىكەت» («دانىشنامە» )① .
ھەرىكەت ئۇستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ھەرىكەتنى «تاسادىپىي ھەرىكەت، مەجبۇرلانغان ھەرىكەت، تەبىئىي ھەرىكەت»② دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىيدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ زامان، ماكان ۋە ھەرىكەت مەسىلىسى ئۇستىدىمۇ توختىلىپ، ئابستراكت بولغان ماكان، زامان ۋە ھەرىكەتكە قارشى تۇرىدۇ. «ماددىسىز داۋام ئەتكەن ماكان ... يەنىلا مەۋجۇت ئەمەس، شەكىلدە «پەيدا بولغان ھەرىكەتنىڭ ئۆزى ھەرىكەتنىڭ زامانىدۇر، ھەرىكەتمۇ ھەم بىر قىسىم ئايرىغىلى بولمايدىغان تەركىبتىن ھاسىل بولغان ئەمەس، زاماننىڭ ئۆزى پەقەت ھەرىكەت»③ دەيدۇ. بۇنىڭ ئۆزى زامان، ماكان ۋە ھەرىكەت ماددىنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىنلا بار بولغان ماددىدىن ئايرىلمايدىغان تەركىب دېگەنلىكتۇر.
ئىبنى سىنا بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە ھەم ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ماتېرىيالىستىك قاراشقا يېقىنلىشىدىغان نۇرغۇن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ دۇنيانى بىلگىلى بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىلگىلى بولماسلىققا قارشى تۇردى. ئىبنى سىنا بىلىش نەزەرىيىسىدە ئىدراك تەلىماتى مەيدانىدا تۇرۇپ، ئەقلىي بىلىشنىڭ بىر قاتار جەريانلىرىنىڭ ھېچقانداق بىر كۈچكە يۆلەنمەيدىغان بىر خىل تونۇش (بىلىش) شەكلى ئىكەنلىكىدە ئىككىلىنىپ قالىدۇ. ئۇ «كىتاب ئەش شىفا» نىڭ ئالتىنچى قىسمىدا، ئادەمنىڭ بەش خىل سەزگۈسىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى خېلى تەپسىلىي چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، بۇ جەرياننى يەنىلا روھىي ئامىلغا باغلاپ قويىدۇ. ئۇ «كىتاب ئەش

① ② ③ ئىبنى سىنا: «روھ توغرىسىدا» ، سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.

شىفا» دا ئىدراكقا تەبىر بەرگىنىدە: «ئىدراك ئادەمنىڭ روھىدىكى شەيئىنىڭ ھالىتىنى ئىنكاس قىلىش جەريانى»[1] دەيدۇ. ئۇ، دۇنيانى بىلگىلى بولىدۇ دېگەندە، ئالدى بىلەن ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكى ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ: «نەزەرىيىۋى پەننىڭ ئاخىرقى مەقسىتى — ھەقىقەتنى بىلىشتۇر»[2] دەيدۇ. بۇ جەھەتتە خېلى توغرا پىكىر قىلىۋېتىپ، ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۆلچەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىبىن سىنانىڭ قاراشلىرى پەن بىلەن دىن ئوخشاش ھەقىقەت دېگەننى بىلدۈرىدۇ. ئەينى تارىخىي شارائىتتا ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى پۈتۈنلەيلا ماتېرىيالىستىك خاھىشتا ئىپادىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى ھەرقايسى پەنلەرنىڭ نەتىجىلىرى سەۋىيىسى بۈگۈنكىگە ماسلاشمايتتى. ئەينى چاغدا ئىسلام دىنى كۈچەيگەن مەزگىللەر بولغاچقا، ئۇنىڭدا يەنىلا ئاللاغا بولغان ئېتىقاد كۈچلۈك ئورۇن ئالغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىبىن سىنا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىدا ئىلگىرىكىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئاشكارا ئىپادىلىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى ئۆگىنىشكە دىققەت قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ يۈكسەك تالانتى بىلەن تۆھپە ياراتتى. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، بولۇپمۇ ئىنساننىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىنى چۈشىنىشى جەھەتتە خېلى ئىجابىي پىكىر يۈرگۈزگەندى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى دۇنيا، مۇھىمى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىغا مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. بۇ جەھەتتە بىز ئۇنىڭغا چەكسىز ئاپىرىن ئوقۇيمىز ھەم ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمايمىز.

---

①② ئىبىن سىنا: «روھ توغرىسىدا»، سودا نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى.



www.uyghurkitap.com

# VI باب ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئېنسىكلوپېدىك ئالىم ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (973 — 1048) نىڭ ئىلمىي تۆھپىلىرىنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بىپايان زېمىندىكى كۆپ مىللەتلىك خەلقلەر قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، دۇنيا پەن ـ مەدەنىيەت، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە خەزىنىسىگە ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەر قوشۇپ كەلدى. يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە I ئەسىردىن تارتىپلا بۇ رايوندا ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت، ئالايلۇق، سۇغىرىش سىستېمىلىرى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش، نەققاشلىق، گۈزەل سەنئەت، يەرلىك ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلار خېلى راۋاجلانغان، بىرمۇنچە ئاۋات شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇ رايون خەلقلىرى ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرى بىلەن كۆپ تەرەپلىمىلىك قويۇق مۇناسىۋەت قىلغاندىن تاشقىرى، يەنە بۇ رايوننى بېسىپ ئۆتكەن مەشھۇر يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا دېڭىز ئەتراپى،

www.uyghurkitap.com

ھىندىستان، ئىران ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن كەڭ دائىرىلىك ئىقتىسادىي، سودا ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى ئېلىپ بارغانىدى.

تارىختا شامان، مانى، زارو ئاستىرىزىم (ئاتەشپەرەسلىك) قاتارلىق ئېپتىدائىي دىنلارغا، مىلادىيە I ئەسىردىن كېيىن ئاساسلىقى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا فېئوداللىق تۈزۈم مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلانغان دەۋردە، ئەرەب ئىستېلاسى ئارقىلىق كىرگەن ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ كالام پەلسەپىسى تېز تارقىلىپ، پۈتۈن ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ئايلاندى.

ف. ئېنگېلس: «ھەربىر دەۋرنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى ھەممىشە بىر خىل تارىخىي مەھسۇلات بولۇپ، ئوخشىمىغان دەۋردە ئىنتايىن ئوخشىمىغان شەكىلگە، جۇملىدىن، ئىنتايىن ئوخشىمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ»[①] دەپ كۆرسىتىدۇ. مەلۇمكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) نىڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا شەرق ئەللىرىگە قارىتا ئىستېلاچىلىق ھەربىي يۈرۈشلىرى مۇناسىۋىتى بىلەن يۇنان ـ رىم مەدەنىيىتى شەرققە كەڭ تارقىلىشقا باشلىغانىدى. ئوتتۇرا ئەسىرلەرنىڭ[②] دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يۇنان ـ رىمنى مەركەز قىلغان ياۋروپا پەن ـ مەدەنىيىتى (غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشىدىن باشلاپ) تۆۋەن پەللىگە

---

① ف. ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، 1956 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 29 ـ بەت.

② ئوتتۇرا ئەسىرلەر — تارىخ ئىلمىدە ئادەتتە فېئوداللىق جەمئىيەت (مۇھىمى ياۋروپاغا قارىتا) نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئەسلى ياۋروپادىكى يۇنان ـ رىم مەدەنىيىتى دەۋرى بىلەن كېيىنكى «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى» دەپ ئاتالغان ئىككى دەۋر ئارىلىقىدىكى (تەخمىنەن مىلادىيە V ـ VI ئەسىرلەردىن XV ئەسىرگىچە) يەنى قەدىمكى قۇللۇق تۈزۈمى بىلەن يېقىنقى زامان كاپىتالىزم تۈزۈمى ئارىلىقىدىكى دەۋرنى، تېخىمۇ ئېنىقراقى، مىلادىيە 476 ـ يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولغاندىن تارتىپ 1640 ـ يىللاردىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغىچە بولغان دەۋرنى كۆرسىتىدۇ.

چۈشۈپ قالغان بىر دەۋردە يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق[①] ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىدە يۇنان - رىم ۋە يەھۇدىيلاردىن كېلىپ، شەرقنىڭ ئەنئەنىۋى پەن - مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ، مۇشۇ دەۋرنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنى نامايان قىلغۇچى بىر خىل ئارىلاشما مەدەنىيەت شەكىللىنىپ راۋاجلانماقتا ئىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن نۇرغۇن يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ، بولۇپمۇ پلاتون، دېموكرىت، ئارىستوتېل، ئېپىكۇر قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەرەب (قىسمەن پارس، ھىندى) تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، يۇنان - رىم پەلسەپىسى شەرق پەلسەپىسى بىلەن ئۇچراشتى. ئەرەب ئىستېلاسىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئىمپېرىيىگە بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە مۇتلەق ھۆكۈمرانلىققا چىققان كالام ئىلاھىيىتى پەلسەپىسى ناھايىتى جانلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق ئىچكى ۋە تاشقى تەسىرلەر تۈپەيلىدىن، كالام پەلسەپىسىنىڭ ئىسلامىيەت ساپلىقى ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۆرۈنۈشتە گەرچە «ئىسلامىيەت يېپىنچىسى» بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا خىلاپراق، ھەتتا ئۇنىڭغا تۈپتىن قارىمۇ قارشى يېڭى - يېڭى پەلسەپىۋى ئېقىملار شەكىللىنىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئىدىيىۋى كۈرەشلەر تەدرىجىي ھالدا كىشىلەرنى دىنىي ئىلاھىيەت «پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئەرزىمەيدۇ» دەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ، تەبىئەتنى كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى بىلىشكە قىزىقتۇرۇپ، ئىلمىي تەپەككۇرنى چوڭقۇرلۇققا ۋە كەڭلىككە باشلىدى. تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىدا ئوبيېكتىپ كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش مېتودولوگىيىسى شەكىللەندى.

---

① يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق — ئومۇمەن ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەنىڭ تۇتاشقان رايونلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ غەرب دۆلەتلىرى شەرققە قاراپ كېڭەيگەندىن باشلاپ قوللىنىلىپ، كېيىن كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالدى. غەربىي ياۋروپاغا نىسبەتەن يېقىنراق رايونلار «يېقىن شەرق»، يىراقراق رايونلار «ئوتتۇرا شەرق» دەپ ئاتىلىپ، كۆپ ھاللاردا ئىككىسى ئارىلىشىپ كېتىپ ئېنىق ئاجراتقىلى بولمايمۇ قالىدۇ.

IX ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا يۇنان ـ رىم ۋە پۈتۈن شەرق پەن ـ مەدەنىيىتى تەسىرىنىڭ يەرلىك ئەنئەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن بىرلىشىشى، يېڭى تەجرىبە تەبىئىي پەنلىرىنىڭ يۈكسىلىشى ئاساسىدا، ئۆز دەۋرىگە كۆرە ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيە رەسمىي شەكىللىنىپ، بۇ فېئوداللار سىنىپى تەرەققىيپەرۋەر تەبىقىسىنىڭ دۇنيا قارىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاھالىنىڭ قاتلىمىنىڭ تۆۋەن ئەرەب ئىستىلاسىغا، فېئودallıق تۈزۈم ۋە ئىسلام روھانىيلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈردى.

تارىخىي مەلۇماتلارغا ئاساسلانغىنىمىزدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەر مىلادىيە IV — VI ئەسىرلەردە شەكىللەنگەن. بۇ تۈزۈم بىرقەدەر قارار تاپقاندىن كېيىن، كرېپوستنويلار (قۇل دېھقانلار) بىلەن فېئودال ـ پومېشچىكلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش شۇ دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى بولۇپ قالدى. مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا پېرسىيە (ئىران) ئىمپېرىيىسىگە بويسۇندۇرۇلغان بىر مۇنچە ئەللەردە كەڭ كۆلەملىك مازداقچىلار[①] ھەرىكىتى قوزغالدى. بۇ ھەرىكەت VI ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىغا كەلگەندە فېئودال كۈچلەرنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇمى ئارقىلىق رەھىمسىز بېسىقتۇرۇلۇپ، ھەرىكەت يولباشچىسى مازداق دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى. VII ئەسىردە ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەرەب ئاببasىيلار خەلىپىلىكى بارغانسېرى قۇدرەت تېپىپ، سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا

① مازداقچىلار ھەرىكىتى — پېرسىيە ئىمپېرىيىسىدە دېھقانلارنى ئاساس قىلغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودالىزمغا قارشى قوزغىلىڭى بولۇپ، مىلادىيە 488 ـ يىلدىن 529 ـ يىللارغىچە داۋاملاشقان، قوزغىلاڭ نامى ھەرىكەت رەھبىرى مازداقنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان.

كەلگەندە ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇردى. بىراق، كەڭ دېھقانلارنى ئاساس قىلغان خەلق ئاممىسىنىڭ ئەرەب ئىستېلاسىغا ۋە فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى توختىمىدى. VIII ئەسىرنىڭ 70 — 80 - يىللىرىدا، ماۋارەئۈننەھردە ھاشىم ئىبىن ھاكىم مۇقەننا باشچىلىقىدىكى «ئاق كۆڭلەكلىكلەر» دەپ ئاتالغان دېھقانلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئەرەب ئىستېلاسى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ زۇلۇم، ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، بۇ ھەرىكەت ئىدېئولوگىيە جەھەتتە مازداقچىلار ھەرىكىتىنىڭ داۋامى بولدى. بۇ قوزغىلاڭ شۇ تارىخىي دەۋر شارائىتىدا خالىي بولغىلى بولمايدىغان دىنىي شەكىللەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەرەب ئىستېلاسىغا ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئىقتىسادىي، سىياسىي تەلەپلىرى ئەكس ئەتكەندى.

VIII ئەسىردىن باشلاپ دۇنيا يەن - مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى يۇنان - رىمنى ئاساس قىلغان ياۋروپادىن يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرققە كۆچتى. ئاباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ خەلىپىسى ھارۇن رەشىد دەۋرىدە بىرقەدەر مەرىپەتپەرۋەر سىياسەت يۈرگۈزۈلۈپ، پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قۇلايلىق بەزى شەرت - شارائىتلار ھازىرلاندى. يۇنان ۋە رىم ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا كەڭ كۆلەمدە تەرجىمە قىلىش، شەرھلەشكە ئىلھاملاندۇرىدىغان تەدبىرلەر كۆرۈلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن يېقىن شەرق، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ ئالدىغا تارىخىي يوسۇندا، ئۈنتۇلغان يۇنان - رىم پەن - مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ نوپۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۇنى شەرق ئەللىرىدىكى پەن - مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تەرەققىياتىدا ئالاھىدە گۈللەندۈرۈش ۋەزىپىسى قويۇلغانىدى. شۇ دەۋردە

www.uyghurkitap.com

تەبىئەتشۇناسلىق يۇكسىلىپ، تەبىئىي پەنلەرنىڭ بىر قاتار تارماقلىرى بويىچە، بولۇپمۇ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، گېئومېتىرىيە، جۇغراپىيە، مىنېرولوگىيە، سۇچىلىق تېخنىكىسى، تېبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك قاتارلىق ساھەلەردە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر بارلىققا كەلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرىدىمۇ نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا چىقتى. بۇ رايوندا قەدىمكى شەرق پەن - مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىنىپلا قالماستىن، يەنە يۇنان - رىم پەن ۋە پەلسەپە مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئۇنۇملۇك ئۆزلەشتۈرۈلدى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى. پەن - مەدەنىيەتنىڭ مۇشۇنداق گۈللىنىپ روناق تېپىشى قانۇنىيەتلىك ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن فارابى، ئىبنى سىنا، بىرۇنى، خارەزمى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى نۇرغۇنلىغان مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئەدىبلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى.

مۇھەممەد ئىبنى ئەھمەد ئەبۇ رەيھان بىرۇنى مىلادىيە 973 - يىلى خارەزمدە تۇغۇلغان. «بىرۇنى» تەخەللۇسى ھەققىدە تارىخچىلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار بار. بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش: «بىرۇن» سۆزى تاجىك تىلىدا «چېتى، ئەتراپى، تاشقىرىسى» دېگەندىن ئىبارەت. بىرۇنى ئۆز تەخەللۇسىنى بەزىدە «بىرۇنى خارەزمى» (خارەزمنىڭ چەت ياقىسىدا ياشىغۇچى) دەپ ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ياشىغان دەۋردە خارەزمدە پەن - مەدەنىيەت خېلى راۋاجلانغان. بولۇپمۇ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، خىمىيە، مىنېرولوگىيە، تېبابەتچىلىك قاتارلىق پەنلەر ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەر كېيىنكى بىرقانچە ئەسىرلەر ئۈچۈنمۇ ئوزۇق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ دەۋردە

خارەزمدە مەشھۇر «مەئمۇن ئاكادېمىيىسى»[1] نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، بۇ ئىلمىي مەركەزنى چۆرىدەپ كۆپلىگەن مەشھۇر ئالىملارنىڭ توپلانغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتى بىزگە ئاشۇ دەۋرنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىراق، بىرۇنىمۇ شۇ دەۋردىكى نۇرغۇن ئالىملارغا ئوخشاش بىر جايدا مۇقىم تۇرالمىدى، ئۇنىڭ ھاياتى ياكى تەقىپ قىلىنىپ ئۆزگە باشپاناھلىق جاي ئىزدەش، ياكى ئىلمىي ئىزدىنىش ئېھتىياجى بىلەن شەھەرمۇ شەھەر، ئەلمۇ ئەل كېزىپ، سەرگەردانلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. ئەمما، سىياسىي تەقىپ قىلىنىش، تۇرمۇش موھتاجلىقلىرى ئۇنى ئىلمىي ئىزدىنىش يولىدىن توختىتالمىدى. ئۇ دەۋر تەقەززاسى، خەلق مەنپەئىتى، ئىلىم ـ پەن تەنتەنىسى ئۈچۈن سۆز ۋە قەلەم ئارقىلىق كۈرەش قىلدى. ئۆز ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە ئىراق، ئىران، ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنى ئارىلاپ، نۇرغۇن تىللارنى مۇكەممەل ئىگىلىدى. تەتقىقات ئېلىپ باردى ۋە ئىجاد قىلدى. ئۇ، بۇ جەرياندا كالام ئىلاھىيىتى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى فېئودال

---

① «مەئمۇن ئاكادېمىيىسى» — ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ يەتتىنچى خەلىپىسى مەئمۇن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىللەردە (مىلادىيە 813 — 833 ـ يىللار) نۇرغۇنلىغان ھەر مىللەت ئالىملىرىنى بىر جايغا توپلاپ، يۇنان ـ رىم پەن، پەلسەپە ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدۇرغان ھەمدە كەڭ كۆلەمدە ئىلمىي تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرغان. كېيىنرەك ياۋروپا ئالىملىرى ئۇنىڭ ئىلمىي جەمئىيەتلىرىنى «مەئمۇن ئاكادېمىيىسى» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن 200 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خارەزمدە پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ بىر گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كېلىپ، 1010 ـ يىللىرى خارەزم ھۆكۈمرانى، مەئمۇننىڭ نەۋرىسى ئەبۇلئاببىاس ئۆز بوۋىسى نامىغا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا مەشھۇر بولغان «مەئمۇن ئاكادېمىيىسى» نى تەسىس قىلىدۇ. بۇ يەردە بىز كېيىنكىسىنى نەزەردە تۇتىمىز.

ئوتتۇرا ئاسىيا سۇھىتىدا قالتىس ئىلمىي ئىسيانكارلىق روھىنى ئىپادىلىدى.

بىز ئىگىلىگەن تولۇقسىز ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بىرۇنى 23 يېشىغىچە خارەزمدە ياشاپ، ئاساسىي مەلۇماتنى شۇ يەردە ئالغان. مىلادىيە 995 ـ يىلى ئۆرگەنچ ھاكىمى قىياتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن بىرۇنى ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، ھازىرقى ئىراننىڭ شىمالىدىكى گورگان (جۇرجان) شەھىرىگە بېرىپ، ئۇزۇن يىللار شۇ جايدا تۇرۇپ ئىلمىي پائالىيەت ئېلىپ بارغان. مىلادىيە 1010 ـ يىلى خارەزم ھۆكۈمرانى (مەئمۇننىڭ نەۋرىسى) ئەبۇلئابباس بىرۇنىنى گورگاندىن چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىلمىي ئىشلىرى ئۈچۈن بىر قاتار قولاي شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ مەزگىلدە خارەزمدە يەن ـ مەدەنىيەت خېلىلا گۈللىنىپ، كۆپلىگەن ئالىملار يېتىشىپ چىققانىدى. بىراق، بۇ گۈللىنىش دەۋرى ئۇزاققا بارمىدى. تېز كۈچىيىۋاتقان غەزنەۋىلەر شۇ دەۋردىكى ئەركىن پىكىرلىك، تەرەققىيپەرۋەر مۇتەپەككۇر، ئالىملارغا ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارىدى. شۇڭا ئۇلارنى «ئەدەبكە كىرگۈزۈپ قويۇش» مەقسىتىدە مىلادىيە 1017 ـ يىلى خارەزمگە مەنسۇپ بىرقانچە ئالىمنى چاقىرتىپ، ئۆز كونتروللۇقىغا ئالدى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ فېئودال ھاكىمىيىتىنى قوغداش سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە خىزمەت قىلدۇرۇشقا ھەمدە ئىلاھىيەتنى كۈچەيتىش يولىدا غالچىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىدى. ئۇ بىرۇنى قاتارلىق ئالىملارغا تەھدىت سېلىپ: «ئەگەر مېنىڭ ھوزۇرۇمدا بەخت بىلەن ھەمراھ بولۇشنى ئىزدىسەڭلار، ئۆز ئىلمىڭلارغا ئاساسلىنىپ ئەمەس، پەقەت مېنىڭ رايىمغا بېقىپ سۆزلەڭلار!» دەيدۇ. ئۇ ئۆز قىلمىشىغا تايىنىپ، ھۆكۈمران كالام ئىلاھىيىتىگە سەللا مۇخالىپ

كېلىدىغان پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ياكى ئىلمىي قىياسلار ئوتتۇرىغا چىقسا، دەرھال ھەممىسىنى تەقىپ قىلىپ، ئىلغار ئالىملارنى رەھىمسىز جازالىدى. شۇ قاتاردا كامالەتكە يەتكەن ياش ئالىم بىرۇنىمۇ زىندانغا تاشلاندى.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى پارس تىلىدا نادىر ئەسەر ۋە شېئىرلارنى يازغاندىن تاشقىرى، تۈركىي تىلنىمۇ پىششىق بىلەتتى. ئۇ يەنە ئەينى تارىخىي دەۋرنىڭ پەن - مەدەنىيەت تىلى بولغان ئەرەب تىلىنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىنى مۇشۇ تىلدا يازدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇ 45 ياشتا ئۆز ئىلمىي پائالىيىتىنىڭ ئېھتىياجى ئۇچۇن قەدىمكى ھىندى (سانكسكرىت) تىلىنى قىسقا مۇددەتتە ئىگىلىۋالدۇ. ئۇ ھەتتا يۇنان تىلىنىمۇ مۇكەممەل ئىگىلەپ، يۇنان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ھومېرنىڭ «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» ناملىق داستانلىرىنى راۋان ئوقۇيالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. دېمەك، بىرۇنى تىل قورالىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نۇرغۇن نادىر ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىدىن سانسكرىتچىغا، پارسچىغا؛ سانسكرىتچىدىن، پارسچىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، يۇنان تىلىدىكى نۇرغۇن ئىلمىي مىراسلارنى ئەرەب ۋە سانسكرىت تىللىرىغا تەرجىمە قىلغان. تىل بىلىمى، لۇغەتچىلىك ۋە تەرجىمە سەنئىتى ھەققىدىمۇ بىر قاتار ئىجادىي تۆھپىلەرنى قوشقان. ھەتتا ئۇ، پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئېھتىياجى بىلەن يۇنان، ئەرەب، پارس، تۈركىي، سانسكرىت قاتارلىق چوڭ تىللار چېگرىلىرى بىلەنلا چەكلەنمەي، بەلكى ھەرقايسى تىللاردىن ئەركىن پايدىلىنىش ئاساسىدا بىرقاتار يېڭى ئۇقۇم - ئاتالغۇ، كاتېگورىيە، ئىبارىلەرنى توغرا ئىپادىلەش مەسىلىسىنىمۇ ھەل قىلغان، پەقەت مۇشۇ ساھەلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى بىر لاياقەتلىك تىلشۇناس ئىدى.

خۇددى ئېنگېلس كۆرسەتكەندەك، تەبىئەتشۇناسلىقنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات باسقۇچىدا نۇرغۇن ساھەلەرنى ئەڭ ئىپتىدائىسىدىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. بىر ۇنىمۇ شۇنداق يول تۇتۇپ، ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەڭ مۇھىمى تېخى شۇ كۈنگىچە ئالىملارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىمىغان، پەندە تېخى ئېچىلماي يوشۇرۇن ياتقان نۇرغۇن ساھەلەردە ئىزدەندى، ئەمەلىي تەجرىبە ئېلىپ باردى ۋە ئىجاد قىلدى، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى شۇ يەردىكى، ئۆز زېھنىي كۈچىنى پادىشاھ - ۋەزىرلەر، ئاقسۆڭەك بەگزادىلەرنى ياكى ئوردا تۇرمۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان چاكىنا تەرەپلەرگە سەرپ قىلماي، بەلكى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئومۇم خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىگە، دەۋر ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى تەقەززا قىلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا، پەن - مەدەنىيەت، ئادالەت تەنتەنىسى يولىغا بېغىشلىدى. ئىلمىي ئىزدىنىش يولىدا دۆلەتلەر، مىللەتلەر، تىللار، دىنلار ۋە ئەنئەنىۋى خۇراپاتلار چېگراسىدا چەكلەنمىدى، مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن نارازى بولۇپ، ئۇ: «ھازىرقى زامان ئىلىم - پەنگە قۇلايلىق شارائىت يارىتىپ بەرمەيدۇ. ئىلمىي بىلىملەر ۋە يېڭى ئىلمىي كەشپىياتلارنىڭ تەرەققىياتىغا ئىمكانىيەت يوق» دەيدۇ. مەھمۇد غەزنەۋى قاتارلىق ئىستىبدادلارنىڭ قەھر - غەزىپىمۇ، تىللا - تەڭگىلىرىمۇ ئىلمىي ھەقىقەتلەر ئىزدىگۈچى بۇ قەيسەر جەڭچىنىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالمىدى. ئۇنى جاھالەت ۋە ئوردا مالىيىتىغا ئايلاندۇرالمىدى. ئۇ ئىپتىخارلىق بىلەن: «كىشىلەرگە مەلۇمكى، تەڭگە تۈگەپ كېتىدۇ، ئەمما ئىلىم - پەن قالىدۇ. مەن بولسام ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئەمرى بويىچە، مەڭگۈلۈك يوقالماس ئىلمىي بىلىملەرنى ھېچقاچان ۋاقىتلىق تاشقى

پارقىراقلىقتا تېگىشمەيمەن»[①] دەيدۇ. ئۇنىڭ تەپەككۇرى، زېھنىي قۇۋۋىتى گويا ھەربىي بۇيرۇق كۇتۇپ تۇرغان جەڭچىدەك زوروۇر بولغان ئىلىم ياكى تىل ساھەسىگە شىددەت بىلەن يۇرۇش قىلاتتى. شەرق مەنبەلىرىدىن بىرىدە ئۇنىڭ ئىلىم يولىدا قانداق ئەجىر قىلىدىغانلىقى تەسۋىرلىنىپ: «ھەرقانداق بىر ۋاقىت ئۇنىڭ قولى قەلەمسىز، كۆزى نەزەرسىز، قەلبى پىكىرسىز بولمايتتى» دېيىلگەن. ئالىم ئۆزىنىڭ چەكلىك ئۆمرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، مىنېرولوگىيە، گېدرولوگىيە، تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ تەكشۇرۇش، ئۆلچەش، تەجرىبە ـ تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ ئىجادىي تۆھپىسى ۋە مېتودى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەبىئەتشۇناسلىق تەرەققىياتىدا ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇ ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسىدە، ئالايلۇق، پەلسەپە، تارىخ، ئېتنوگرافىيە، ئەدەبىيات، تىلشۇناسلىق ساھەلىرىدىمۇ ئاجايىپ مىراسلارنى قالدۇرغان. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر تارىخچى دامپىير بىرۇنىنى ئېنىق سىناغا سېلىشتۇرۇپ: «شۆھرىتى ئۇنىڭدىن چوڭ بولسىمۇ، ئەمما ئەقىل ـ پاراستى ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى»[②] دەيدۇ. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، ئالىمنىڭ 154 پارچە ئەسىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم. ئەپسۇسكى، بۇلاردىن ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

بىرۇنىنىڭ دەسلەپكى يىرىك ئەسىرى «ئۆتمۈش زامانلاردىن قالغان يادىكارلىقلار»[③] (« Alasarul bakia auil kurunil halia »)

---

① س. ن. گرىگورىئان: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى توغرىسىدا»، 1960 ـ يىل موسكۋا رۇسچە نەشرى، 71 ـ بەت.

② ۋ. دامپىير: «پەن تارىخى ھەم ئۇنىڭ پەلسەپە ۋە دىن بىلەن مۇناسىۋىتى»، 1979 ـ يىل بېيجىڭ خەنزۇچە نەشرى، 126 ـ بەت.

③ بۇ ئەسەرنىڭ F. Sachav تەھرىرلىكىدىكى نۇسخىسى 1978 ـ يىلى لېيپسىگتا نەشر قىلىنغان، ئىنگلىزچە نۇسخىسى 1978 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان.

بولۇپ، ئۇنى ئالىم 27 ياشلىرىدا يەنى مىلادىيە 1000 ـ يىلى ئەتراپىدا گورگان شەھىرىدە يازغانلىقى مەلۇم. ئۇ بۇ ئەسىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ۋە پارس، ئەرەب، يۇنان، رىم خەلقلەرنىڭ جۇغراپىيە، مېترولوگىيە، ئېتنوگرافىيە جەھەتتىكى كونكرېت ئەھۋاللىرى، يىلنامە ـ كالېندارلىرى، دىنىي ئېتىقادلىرى، تىلى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى توغرىسىدا ئەتراپلىق تارىخىي مەلۇمات بېرىدۇ. مەزكۇر ئەسەر نۇرغۇن خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ شەرق ئەللىرىنىڭ تارىخى، پەن ـ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، نەزەرىيىۋى تەپەككۇر تەرەققىياتى جەھەتلەردە مول مەلۇماتلار بەرگەندىن تاشقىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر مەلۇماتلىرى بىلەن ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. ئەسەردىكى بەزى مۇلاھىزىلەر تاكى زامانىمىزغىچە ئىلمىي قىممىتىنى يوقاتمىدى.

بىرۇنىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق ئەسىرى «ھىندىستان ھەققىدىكى ھەقىقەتلەر» («tehkiku nail Hind») بولۇپ، بۇنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھىندىستان تارىخى توغرىسىدىكى ئېنسىكلوپېدىيە دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەر ھىندىستاننىڭ قەدىمدىن تارتىپ تاكى مىلادىيە X ئەسىرگىچە بولغان تارىخىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ساھەلەر ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان. ئۇنىڭدا ھىندىلارنىڭ ئېتنوگرافىك كېلىپ چىقىشى، تارىختا ئېتىقاد قىلغان دىنلىرى، تەڭرى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، ئەۋلىيا ـ پەيغەمبەرلىرى، دىنىي مەزھەپلىرى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، ئەخلاقىي قاراشلىرى، تىل ـ ئەدەبىياتى، شېئىرىيەت ئالاھىدىلىكلىرى، قەدىمكى ھىندىستاندا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدىكى ئەپسانە، رىۋايەتلەر، ھىندىستاننىڭ سىياسىي ـ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئەھۋالى، پەن ـ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى، جۇغراپىيىسى، پەلسەپىۋى ئىدىيە

www.uyghurkitap.com

تەرەققىياتى، ئالەم ھەققىدىكى، ماددا ھەققىدىكى، روھ (جان) ھەققىدىكى، ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى قاتارلىق كەڭ ساھەلەر مۇپەسسەل شەرھلەنگەن.

بىرۇنىنىڭ ھىندىستاننى ھەرقايسى تەرەپلەردىن تەتقىق قىلىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئاشۇ تارىخىي دەۋردە دۇنيادىكى، بولۇپمۇ شەرقتىكى كۆپچىلىك مۇتەپەككۇر ـ ئالىملار بۇ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئەلنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە نەزەر سالماي، ئۇنىڭدىن ئۆگەنمەي، چەتنەپ ئۆتۈپ كېتەلمەيتتى. بىرۇنى بۇ ئىشنى ئاڭلىق ھالدا چېۋەرلىك بىلەن ئورۇندىدى. بىرۇنى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى بىلەن ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا يېقىنلىقىنى، بۇ يېقىنلىق بۇ ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ ئالەم توغرىسىدىكى تەبىئەت پەنلىرى ۋە پەلسەپىۋى بىلىملىرىنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق شەكىللەنگەنلىكىنى بىرىنچى بولۇپ بايقىغان ئالىملارنىڭ بىرى.

ھىندىستاننىڭ كۆپ ئەسىرلىك باي ۋە رەڭمۇرەڭ مەدەنىيىتى بىرۇنىنى خارەزمدە ياشىغان يىللاردىلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ ھىندىستان توغرىسىدا يېزىلغان ئەرەبچە ۋە قەدىمىي پارسچە ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك زوق بىلەن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ تىللاردىكى ئەسەرلەرنىڭ ناھايىتى كەملىكىنى ھېس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ، قەدىمكى ھىندى (سانسكرىت) تىلىنى ئۆگىنىدۇ. شۇ ئاساستا ئۇ ھىندى پەن ـ مەدەنىيىتىنىڭ نادىر يادىكارلىقلىرى بىلەن بىۋاستە تونۇشىدۇ ۋە ھىندى ئالىملىرى، براخمان راھىبلىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىش ئارقىلىق، بولۇپمۇ، مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھىندىستانغا قىلغان كۆپ قېتىملىق (1018 — 1030) ئىستېلا ئۇرۇشلىرى مەزگىللىرىدە ئۇزاق مۇددەت

ھىندىستاندا تۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە ساياھەت قىلىش ئارقىلىق ھىندى تارىخى، پەن ـ مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ئۇ ھىندىستان پەن ۋە پەلسەپە جەۋھەرلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپلا قالماي، يەنە يۇنان ـ رىم ۋە يېقىن شەرق خەلقلىرىنىڭ پەن ۋە پەلسەپە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھىندىستانغا تونۇشتۇردى ۋە تارقاتتى. ئۇ، پتولېمىنىڭ «ئالما گېستا»، ئېۋكىلىدنىڭ «ئېلېمېنتلار» ۋە ئۆزىنىڭ ئاسترونومىيە توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىنى سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلىغا تەرجىمە قىلدى. «ھىندىستان ھەققىدىكى ھەقىقەتلەر» نىڭ يېزىلغىنىغا 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىكى تارىخىي مەلۇماتلار زامانىمىزغىچە ئىلمىي قىممىتىنى يوقاتماي كەلدى. شۇڭا ئالىمنىڭ ھىندىستان جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ئىگىلىگەنلىكىگە ھازىرقى زامان ھىندىستان جامائەت ئەربابلىرى ۋە ئالىملىرىمۇ ئالاھىدە قايىل بولۇپ، ئۇنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ھىندىستاننىڭ سابىق زۇڭلىسى جاۋاھىرلال نېھرۇ ئۆزىنىڭ «ھىندىستاننىڭ كەشىپ قىلىنىشى» ناملىق ئەسىرىدە، ھىندى پەن ـ مەدەنىيىتى ۋە تارىخى ھەققىدە قىممەتلىك مىراس قالدۇرغان ئالىم بىرۇنىگە ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ئەسىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. مەشھۇر ھىندىستان ئالىمى خەمىد رىزا يازغان (1944 ـ يىلى) «ھىندىستاننىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئوتتۇرا ئەسىر ۋە يېڭى زامان ئاپتورلىرىدىن ھېچقايسىسىمۇ ھىندى مەدەنىيىتىنىڭ مۇرەككەپ مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر، ئىلمىي روھتا چۈشەندۈرۈپ بېرىشتە ئۆلمەس ئەبۇ رەيھان مۇھەممەد بىرۇنى ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ ‹ھىندىستان› ناملىق ئەسىرى كلاسسىك نەمۇنە بولۇپ قېلىشى بىلەن بىللە، ئۆز ئاپتورىنىڭ قەدىمكى ھىندى

مەدەنىيىتى ۋە پىنگە قىلغان سوۋغىسىدىن ئىبارەت» دەيدۇ. بىرۇنىنىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ ئىككى توملۇق ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 1887 ـ يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان.

بىرۇنى ئاسترونومىيە ساھەسىدىمۇ كەڭ دائىرىلىك كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاسترونومىيە ساھەسىدە 45 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر ۋە رىسالىلەر يازغانلىقى، بىر قاتار ئاسترونومىيە ئەسۋابلىرىنى ياساپ چىققانلىقى مەلۇم. بىرۇنى دەۋرىدە، ئالەمنىڭ مەركىزى يەرمۇ ياكى قۇياشمۇ؟ (قۇياش يەرنى ئايلىنامدۇ ياكى يەر قۇياشنى ئايلىنامدۇ؟) دېگەن مەسىلە تېخى تالاش ـ تارتىش ئۈستىدىكى مەسىلە بولۇپ، «يەر مەركەز نەزەرىيىسى» ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى، كالام ئىلاھىيىتى بولسا، ئۇنى قۇۋۋەتلەيتتى. «قۇياش مەركەز نەزەرىيىسى» تېخى بىر خىل ئىلمىي قىياس ھالىتىدىلا بولۇپ، كالام ئىلاھىيىتى بۇ تەلىماتنى تەقىپ ۋە مەسخىرە قىلاتتى. بىرۇنى ئۆزىنىڭ «ئەرەبلەرنىڭ يەرنىڭ ھەرىكەتلىنىشى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى توغرىسىدا»، «يەر ھەرىكەتلىنەمدۇ ياكى ھەرىكەتسىزمۇ؟» دېگەن ئەسەرلىرىدە، پۈتۈن شەرقتە ئالەمنىڭ «قۇياش مەركەز نەزەرىيىسى» گە ئەمەلىي ھېسداشلىق قىلغۇچى ۋە ئۇنى ئىسپاتلىغۇچىلارنىڭ كۆرۈنەرلىك نامايەندىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقى، يەر شارى ۋە باشقا پىلانېتىلارنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقى مەيدانىدا تۇرۇپ، يەر شارى ئۈستىدە ئەمەلىي ئۆلچەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ ھېسابلاپ چىققان يەر شارىنىڭ پاراللېلى، مېرىدىئانى ۋە رادىئۇسى ئۆلچەملىرى خېلىلا توغرىلىق دەرىجىسىگە يەتكەن. مىلادىيە 1030 ـ يىلى بىرۇنى ئۆز ھامىيسى بولغان سۇلتان مەسئۇد غەزنەۋى (مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئوغلى) ھۆرمىتىگە

www.uyghurkitap.com

بېغىشلاپ، پۈتۈن شەرق ئاسترونومىيە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلىگەن ھالدا «مەسئۇد ئاسترونومىيە قائىدىلىرى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقىدۇ. مۇشۇ يىللاردا ئۇ يەنە «ھېساب، گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە ۋە ئاسترولوگىيە توغرىسىدا قىسقىچە سوئال ـ جاۋابلار» ناملىق ئاممىباب ئەسەرنىمۇ يازغان.

بىرۇنى ھەم سالاھىيەتلىك جۇغراپىيە ئالىمى ئىدى. بۇ ساھەدە ئۇ ئەرەب تىلىدا «ئەتتەفھىم» (Attafhim «خەرىتىلەر») ناملىق ئەسەر يېزىپ ھەم ئۆزى ئۇنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. ئەسەرنىڭ پارسچىسى ساپ پارس تىلىدا بولۇپ، پەقەت قوللانمىسا بولمايدىغان جايلاردىلا ئازراق ئەرەبچە ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئەسىرىدە پەقەت يۈزدىن سەل ئارتۇقراق ئەرەبچە ئاتالغۇلا قوللىنىلغان، ئۇ دۇنيانىڭ جۇغراپىيىلىك خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. بۇ خەرىتە ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ساياھەتچىلەر ئۈچۈن قوللانما بولۇپ قالغان. بەزى تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغىنىمىزدا، بىرقانچە ئەسىرلەردىن كېيىنكى ياۋروپا ئالىملىرى ئۆز خەرىتىچىلىكىدە يەنىلا بىرۇنى پرىنسىپلىرىغا ۋە مېتودىغا ئاساسلانغانلىقىنى كۆرىمىز.

بىرۇنىنىڭ ئامۇ دەرياسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتىدا، ئۇنىڭ قارىشىچە دەريانىڭ كاسپىي دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان يولى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا ھازىرقىدەك بولماستىن، نۇرغۇن قېتىم يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەنلىكى؛ لېكىن دەريانىڭ ھازىرقى يۆنىلىشى كېيىنكى دەۋردە شەكىللەنگەنلىكى؛ بۇ ئۆزگىرىشلەر تۇپەيلىدىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەر كۆپ قېتىم ئۇياق ـ بۇياقلارغا كۆچۈپ كېتىپ، نۇرغۇن جايلار خارابىلىققا ئايلانغانلىقى كۆرسىتىلىدۇ.

بۇلاردىن تاشقىرى، ئالىم يەنە سۇچىلىق ساھەسىدىمۇ

نۇرغۇن تەتقىقات ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئېلىپ بارغان. يەر قاتلاملىرىدا سۇنىڭ ئايلىنىش يولىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرگەن. سۇنىڭ ئادەتتىكى ئېقىمىن يولىدا ئۆز تەكشىلىكىنى ساقلاش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، تەبىئىي بۇلاق ۋە قۇدۇقلاردىن سۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى ۋە سۇ مىقدارىنىڭ ئازىيىپ، كۆپىيىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇشلىرىنىڭ قانۇنىيىتىنى ۋە سەۋەبلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

بىرۇنى نۇرغۇن تەبىئىي - فىزىكىلىق ھادىسىلەر، جىسىملار ۋە مىنېراللار ئۈستىدىمۇ سىستېمىلىق تەتقىقات ۋە ئەمەلىي تەجرىبە ئېلىپ بارغان. ئۆزىنىڭ «قىممەت باھا تاشلارنى بىلىش كىتابى» («Kitabul kamahir fima arifatil jabahir») ناملىق يەنە بىر مەشھۇر ئەسىرىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى مىنېراللار ۋە مېتاللارنىڭ تۈرلىرى، بۇلاردىن يەر يۈزى ۋە يەر ئاستىدا جايلىشىش ئەھۋالى توغرىسىدا قىممەتلىك مەلۇمات بەرگەن. ئەينى تارىخىي دەۋردە تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىنىڭ چەكلىنىشى، تەجرىبە ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ بولماسلىقىغا قارىماي، 50 تىن ئارتۇق مىنېراللار، رودىلار، ئەينەكلەر، ئېمالىي، فايانىي قاتارلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىپ ئۆتكەن. ئېسىل تاشلار ۋە مىنېراللاردىن 18 خىلى ئۈستىدە تامامەن توغرا دېيەرلىك دەرىجىدە باھالاش ئېلىپ بارغان ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ بېكىتكەن. ھەتتا كۆرسىتىلگەن ئېسىل تاشلار ھەققىدە تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىنمۇ نۇرغۇن مىسال كەلتۈرگەن. بىرۇنىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتىغا ھازىرقى زامان ئالىملىرىمۇ قايىل بولماقتا.

بىرۇنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە دورىگەرلىك ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا باشلاپ، بۇ ھەقتە «سائىدەت

كەلتۈرگۈچى تېبابەت كىتابى» («Kitabus saidalat fit tib») ناملىق ئەسەرنى يازدۇ. بىرۇنى دەۋرىگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا دورىگەرلىك ئىلمى ئانچە تەرەققىي قىلمىغانىدى. چۈنكى، بۇ ساھە بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن تەبىئىي پەنلەرنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدىن، ھېچبولمىغاندا خىمىيە، مىنېرولوگىيە، بىئولوگىيە قاتارلىق پەنلەردىن ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇپ، بۇلارنى مېدىتسىنا ئىلمى بىلەن باغلانغان ھالدا ئومۇملاشقان تەھلىل ئېلىپ بېرىش لازىم بولاتتى. بىرۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادا بۇ ساھەگە كىرىشكەن تۇنجى ئەۋلاد ئالىملارنىڭ بىرى بولدى. ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئىقلىم ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ھەر خىل دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ تارقىلىش جايلىرىنى؛ ئۇلارنى پەسىللەر بويىچە يىغىۋېلىش ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇللىرىنى؛ بۇنىڭدىن تاشقىرى ھايۋانات مەھسۇلاتلىرى، مىنېراللار ۋە ھەر خىل يېمەكلىكلەردىن ئېلىنغان دورىلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بىرۇنىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە خىزمىتى، ئىلگىرىدىن تارتىپ شەرق ۋە غەربتىكى يىراق ئەللەردىن ئېلىپ كېلىنىدىغان قىممەت باھالىق دورا ماتېرىياللىرىنى مۇشۇ جاينىڭ ئۆزىدىكى ھەر خىل مەھسۇلاتلاردىن ئېلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقى مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدۇر. ئۇ مۇشۇ ساھەدىكى تەتقىقاتى جەريانىدا (ئېلىمىزنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى مەنبە ـ كىتابلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا)، بىرىنچى بولۇپ چاي دەرىخى ۋە ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلىتىش يولى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ ئۆتكەن. بىرۇنى ئۆزىنىڭ كۆپ تىل بىلىش قابىلىيىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شۇ چاغقىچە دورىگەرلىكتە قوللىنىلىپ كەلگەن يۇنان، لاتىن، ئەرەب، پارس، تۈركىي، ھىندى قاتارلىق تىللاردىكى ئاتالغۇلار (دورا ئىسىملىرى) نىڭ

ئوخشاشلىقلىرى ۋە پەرقلىرىنى ئاجرىتىپ رەتكە سېلىش ئارقىلىق قوللىنىشقا ئوڭايلىق ياراتقان.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى تەبىئىي پەنلەر ئالىمى بولۇپلا قالماي، يەنە پاساھەتلىك ئەدىب، ئۆتكۈر ساتىرىك شائىر، تىلشۇناس بولۇپ، مۇجەسسەم مەنتىقىي ماھارەت ۋە ناتىقلىق سەنئىتىگە ئىگە ئىدى. سۆز ياساشتا ئۇستىلىقى بىلەن دېتاللارنى تاللاپ، قىسقا ۋە ئۇقۇملۇق ھەم ئوبرازلىق ئىبارىلەر ئارقىلىق كەڭ ۋە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىلمىي مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ مەيلى قايسى پەن، قايسى ساھەدىكى ئەسەرلىرىدە بولمىسۇن، شۇ ساھەنىڭ ئىلگىرىكى نەتىجىلىرىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىشتىن تاشقىرى يەنە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مەزكۇر ساھەگە ئائىت شېئىر، ماقال ـ تەمسىل، بەدىئىي ئوخشىتىشلار ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىمۇ جاي ـ جايىدا كەلتۈرۈپ، كىتابخانلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ياشلىق دەۋرىدىلا تەبىئەت توغرىسىدىكى ئاساسىي بىلىم ۋە شەرق ئەللىرىنىڭ بىرنەچچە خىل تىللىرىنى ئىگىلىگەندىن باشقا يەنە يېقىن شەرقتىكى بىرمۇنچە مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، تەدرىجىي ھالدا دىنىي مىستىك دۇنيا قاراشلاردىن ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە مەلۇم ئاساس سالدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خارەزمگە ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كېلىپ «مەئمۇن ئاكادېمىيىسى» دە بولغان مەزگىلى (1010 ـ يىلدىن 1017 ـ يىلغىچە)، قۇرامىغا يەتكەن ئالىمنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ مۇكەممەللىشىشى، تەبىئەت كۆز قاراشلىرىدىكى ماتېرىيالىستىك، دىئالېكتىك خاھىشلارنىڭ ئۇلغىيىشىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك يىللار بولدى.

بىرۇنى شۇ تارىخىي دەۋر چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئومۇمىي پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش جەھەتتە ئىدېئالىزمدىن تامامەن ئادا ـ

جۇدا بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەبىئەت كۆز قاراشلىرىدا روشەن ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىك ئامىللار ئۇلغايدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تەجرىبە تەبىئىي پەنلىرىگە ئاساسلىنىپ چىقارغان ئىلمىي يەكۇنلىرى ھۆكۈمران ئىسلام ئىلاھىيىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، كېيىنكى ماتېرىيالىستىك، دىئالېكتىك ئىدىيىلەر تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم يول ئاچتى.

بىرۇنى ئالەمنىڭ ماددىي بىرلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە، تەبىئەت — مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق، ئۇ ماددىي، ھەممىنى ياراتقۇچى، باشقۇرغۇچىدۇر. تەبىئەتتە يۈز بېرىدىغان بارلىق جەريان، ھادىسە ۋە كونكرېت شەيئىلەرنىڭ نېگىزىدە، ماھىيىتىدە تۇرغان نەرسە ماددىدۇر. بارلىق مەنىۋى ئىقتىدار (جان، تەپەككۇر ۋەھاكازالار) جىسىمنىڭ خۇسۇسىيىتى. ئۇ يەنە ئوبرازلىق قىلىپ: «ماددا — كونكرېتلىق كىيىمىنى كىيىدۇ، بۇنداق ياكى ئۇنداق شەيئى شەكلىدە زاھىر بولىدۇ»[1] دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ماتېرىيالىستىك چۈشەنچىسىنى بىرقەدەر ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە روشەن دىئالېكتىك كۆز قارىشىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ: «ماددا كونكرېت شەيئىلەرنى پەيدا قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىكەن، شۇڭلاشقا، ئۇ ھەرىكەتسىز جىمجىت ھالەتتە بولۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، مەۋجۇتلۇق ھامان ئۆزگىرىشتە ۋە تەرەققىياتتا بولىدۇ، تەبىئەتنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمۇ مانا شۇنىڭدا»[2] دەيدۇ. بىرۇنى ئۆزىنىڭ ماددىنىڭ ياراتقۇچى ۋە ئاكتىپچانلىق رولى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى ئىخچاملاشتۇرۇپ: «بارلىق ھەرىكەت ماددىغا مەنسۇپ، ماددىنىڭ ئۆزى نەرسىلەرنىڭ شەكلىنى باغلاپ ۋە ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ماددا — ياراتقۇچىدۇر»[3] دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، دۇنيانىڭ قانداقتۇر بىر تەبىئەتتىن تاشقىرى ئىلاھىي كۈچ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنى رەت قىلىدۇ.

---

① ② ③ س. ن. گرىگورىئان: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى توغرىسىدا»، 1960 - يىل موسكۋا رۇسچە نەشرى، 72 — 73 - بەتلەر.

بىزگە مەلۇم، XVI ئەسىردە كوپېرنىك (1473 — 1543) نىڭ «قۇياش مەركەز تەلىماتى» ( «gelio setirik» ) نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى بىلىش تارىخىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان ۋە يېقىنقى زامان ماتېرىيالىزمى تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىپ، دىنىي ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراشنى تۈپتىن تەۋرىتىۋەتكەنىدى. ئېنگېلس كوپېرنىكنىڭ پەندىكى تۆھپىسىگە يۇقىرى باھا بېرىپ: «كوپېرنىك ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى[1] ئارقىلىق ‹تەبىئىي شەيئىلەر تەرەپتىكى چېركاۋ نوپۇزىغا جەڭ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەبىئەت پەنلىرى ئىلاھىيەتتىن تېخىمۇ ئازاد بولۇشقا باشلىدى،··· پەن تەرەققىياتى شۇنىڭدىن باشلاپ تېخىمۇ زور قەدەملەر بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى›»[2] دېگەنىدى. ھالبۇكى، بىرۇنى ئالەم ھەرىكىتى قانۇنىيىتى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سىرىنى دەلمۇدەل بىلىش ئۈچۈن، ماتېماتىكا، گېئومېتىرىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق پەنلەرنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىدى.

بىرۇنى ئىبنى سىنا بىلەن زاماندىش بولۇپ، بۇ ئىككى مۇتەپەككۇر «مەئمۇن ئاكادېمىيىسى» نىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان مەزگىللەردىكى ئىلمىي تېمىلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بەس - مۇنازىرىدە، ئىبنى سىنا: يورۇقلۇق — سۈزۈك جىسىمنىڭ كامالەتكە يېتىشى، دېسە، ئەمما بىرۇنى: يورۇقلۇق — پەقەتلا سۈزۈك جىسىمنىڭ ئاترىبوتى[3] دەيدۇ. بۇنىڭدىنمۇ بىز ئۇنىڭ ئىختىساسلىق تەبىئەت كۆزەتچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

---

① كوپېرنىكنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى» ناملىق ئەسىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، III توم، خەنزۇچە نەشرى، 446 - بەت.

③ ئاترىبوت — پەلسەپىدە شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئاجرالماس قىسمى مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە بىرۇنى ئومۇمەن ماتېرىيالىستىك مەيداندا تۇرىدۇ. كىشىنىڭ بىلىشى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، كىشىلەر تاشقى دۇنيادىكى نەرسە، ھادىسىلەرنى بىۋاستە كۆزىتىپ، سەزگۇ ئەزالىرى ئارقىلىق ئۇنى توغرا بىلەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇنداقلا راتسىئونالىزملىق مەيداندا تۇرۇپ، ئىنسان ئەقىل ــ پاراسىتىنىڭ كۈچ ــ قۇۋۋىتىگە يۇقىرى باھا بېرىدۇ ۋە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى تەبىئەت، ئەمەلىي تەجرىبە دەپ قارايدۇ. ف. ئېنگېلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە: «مەيلى تەبىئىي پەن ياكى تارىخ پېنى ساھەسىدە بولسۇن، مەۋجۇت پاكىتنى ئاساس قىلىش لازىم. شۇ سەۋەبتىن تەبىئىي پەندە ماددىنىڭ ھەر خىل چىن شەكلىنى ۋە ھەرىكەت شەكلىنى ئاساس قىلىش لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى نەزەرىيىۋى ساختا باغلىنىشلارنى توقۇپ چىقىپ پاكىت ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويماي، بەلكى بۇ باغلىنىشلارنى پاكىتلار ئىچىدىن تېپىش ھەمدە تاپقاندىن كېيىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاش لازىم»[①] دەپ كۆرسەتكەندى. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ بۇ قائىدىسى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىن توققۇز ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان بىرۇنى ئۆز ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە گەرچە ئىستىخىيىلىك ۋە نۇقسانلىق ھالدا بولسىمۇ، بۇ قائىدىگە مەلۇم دەرىجىدە ئەمەل قىلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

بىرۇنى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە بارلىق ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە، شۇ دەۋرگە كۆرە يۇكسەك ئىلمىي مېتود، يەنى بارلىق نەرسە، ھادىسە ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنى پۇختا كۆزىتىش، ئەمەلىي تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش،

---

① ف. ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 58 ــ بەت.

سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشتىن ئىبارەت تەنقىدىي تەھلىل مېتودىنى قوللانغان. ئۇ بىرەر شەخس ياكى بىرەر مىللەتنىڭ پەن ـ مەدەنىيەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قارىغۇلارچە چوقۇنمايدۇ. بەزى ساختا باغلىنىشلارنى پاكىت ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويماسلىققا تىرىشىدۇ. دۇنيانى ھەقىقىي قىياپىتى بويىچە بىلىش ئۈچۈن كىشى مېڭىسىنى خۇراپاتلىقلاردىن تازىلاپ، ئۆتمۈشتىن مىراس قالغان نەزەرىيىلەرنى تەھلىل قىلىپ، ھىندىستان توغرىسىدىكى ئەسىرىدە، قەدىمكى ھىندىستان بىلەن يۇنان پەن ـ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قاتار قويۇپ سېلىشتۇرىدۇ. ئىككىسىگە ئورتاق بولغان تەرەپلىرىنى ۋە ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولغان تەرەپلىرىنى ھەمدە ھەرقايسىسىنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرىنى ئاجرىتىپ چىقىدۇ. ئۇ ھىندىلارنىڭ مەلۇم بىر نەزەرىيىسى ياكى كۆز قارىشىنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دەل ئاشۇ مەسىلىدە يۇنانلىقلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ھەم ئەينەن بايان قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرىدا ئىككىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن تاشقىرى ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بولغان دۇنيا قاراش، يەنى ئالەمنىڭ بىرلىكى ھەققىدىكى دىنىي يېپىنچىلارغا يوشۇرۇنغان پانتېئىزملىق قاراشنىڭ ھەر ئىككى ئەلدە ئۆز ئالدىغا شەكىللەنگەنلىكىنى، مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر كېيىنكى ئەسىرلەردە تەبىئەتنى ئىلمىي يوسۇندا بىلىشكە مەلۇم يول ئاچقانلىقىنى بېشارەت قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ـ سىياسىي كۆز قاراشتا بىرۇنىمۇ بارلىق كونا پەيلاسوپلارغا ئوخشاش تارىخىي ئىدېئالىزم دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بىر ئىنسانپەرۋەر مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە پەن ـ مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەرەپدارلىرىدىن بولدى. خەلق مەنپەئەتى، ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، زۇلۇمغا،

جاھالەتكە، قىرغىنچىلىق ئۆرۈشلىرىغا قارشى تۇردى.

ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى ئىلمىي يەكۈنلىرى ئارقىلىق دىنىي خۇراپاتلارنى رەت قىلىدۇ، كىشىلەر بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئىلمىي جاۋاب تاپالمىغان، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنەلمىگەن چاغلاردا ئاندىن خۇراپاتقا ئىشىنىپ، ئىلاھىيەتكە مۇراجىئەت قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دىنىنىڭ پەن ئىشلىرىغا ئارىلاشماي ئايرىم ئىش بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى شەرق مۇتەپەككۇرلىرى ئىچىدە بىرۇنى ئېھتىمال بىرىنچى بولۇپ ھىندىلارنىڭ ئۆز دىنىغا گۇمان بىلەن قارايدىغانلىقىنى، ھىندىلار مۇسۇلمانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە جىننى تىكىپ قىلىدىغان دىنىي نىزام، ماجىرالارنىڭ ناھايىتى ئاز بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئۇنى نورغۇن جانلىق پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ ۋە شۇلارغا ئاساسلىنىپ، ئىسلامنىڭ دىن يولىدا دائىم قىرغىنچىلىق ئۆرۈشلىرى ئېلىپ بېرىشنى دەۋەت قىلىدىغان «غازات» پرىنسىپلىرىغا قارشى تۇرىدۇ. مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ھىندىستانغا قارىتا ئېلىپ بارغان ئادالەتسىز ھەربىي يۈرۈشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەپ مەسخىرە قىلىدۇ.

بىرۇنى ھەممە دىنلارنىڭ، جۈملىدىن ئىسلام دىنى ۋە ھىندى دىنى پەلسەپىۋى ئاساسلىرى ئوتتۇرىسىدا دۇنيا قاراش جەھەتتە پرىنسىپال پەرقىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ: «قۇرئان ئۆز ماھىيىتى ئېتىبارى بىلەن باشقا دىنىي ئېتىقادلار بىلەن توغرا كارمۇنىيىدە (تەڭپۇڭلۇقتا — ئاپتور) تۇرىدۇ»① دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ھەقىقىي گۇمانىست مۇتەپەككۇر يۈكسەكلىكىدىن پۈتۈن شەرق

---

① س. ن. گرىگورىئان: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى توغرىسىدا» 1960 ـ يىل موسكۋا رۇسچە نەشرى، 75 ـ بەت.

خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئىسلام ئەللىرى بىلەن ھىندىستاننىڭ دۆلەت، دىن، مىللەت چېگرالىرىغا قارىماي، ئىلىم - پەن ھۆرىيىتى يولىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىنى ۋە ئىتتىپاقلىشىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

بىرۇنى ياشىغان دەۋردە ئەرەب ئىستېلاسى قەدەممۇ قەدەم كېڭىيىپ، ئاخىر ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ قىتئەگە ھالقىپ، ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ بىر مەزگىل كۈچىيىپ روناق تېپىشى تۈپەيلىدىن، «ئەرەب ئىرقى ئەلالىقى» ئىدىيىسى گەۋدىلىنىپ، ئەرەب قېنىدىكىلەرنىڭ (ھەقىقىي ۋە ساختا ھالدا شۇ قانغا مەنسۇپ بولۇۋالغانلارنىڭ) ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئىمتىيازلىق ھوقۇق تەلىپى كۈچەيگەندى. دەل بۇنىڭ ئەكسى سۈپىتىدە، بىرۇنى ۋە ھەمزە ئىسپاھانىلار باشچىلىقىدىكى «كۆپ مىللەتچىلىك» («Shu ubiyah») ھەرىكىتى قوزغىلىپ، «ئەرەب ئىرقى ئەلالىقى» نى مەسخىرە قىلىدۇ ھەمدە ئىجتىمائىي ئورۇن جەھەتتە ھەممىنىڭ باراۋەر بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئۇلار «قۇرئان» نىڭ ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەقىدىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئىچىدىن چىققان مەشھۇر مۇتەپەككۇرلار دۇنياۋى ئىلىم، پەلسەپە، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىدىيە تەرەققىياتىغا ئالەمشۇمۇل تۆھپىلەر قوشتى. ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت ئالدىدا كۆرسەتكەن ئۇلۇغۋار خىزمىتى شۇكى، دۇنيانى ئىلمىي، ماتېرىيالىستىك ئاساستا چۈشىنىشنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۇنداق ياكى بۇنداق دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلار كالام ئىلاھىيىتىنى رەت قىلغان جەريانىدا، يەرلىك ئىلمىي ئەنئەنىلەردىن تاشقىرى يەنە (گەرچە ئىزچىل بولمىسىمۇ) قەدىمكى شەرق ۋە يۇنان - رىم

www.uyghurkitap.com

پەلسەپىسىدىكى ماتېرىيالىستىك ئېقىملارغا مەلۇم دەرىجىدە ۋارىسلىق قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپ مىللەتلىك خەلقلەر باشقا مىللەتلەر بىلەن، بولۇپمۇ ئەرەب، خەنزۇ، ئىران، ھىندى، يۇنان، رۇس قاتارلىق مىللەتلەر بىلەن ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ كۆپ تەرەپلىمە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت ئىلىملىرى، پەلسەپە، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيىلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. بىر مىللەت ياكى بىر خەلقنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تەرەققىياتى تارىخى، پەقەت مۇشۇ مىللەت ياكى خەلقنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئىنتايىن ئوخشاش بولمىغان مەزمۇن ۋە شەكلى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە مۇشۇ مىللەتكە ياكى مۇشۇ خەلققە تەسىر كۆرسەتكەن دۇنياۋى پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ مۇھىم بىر ئابىدىسى بولىدۇ. خۇددى لېنىن كۆرسەتكەندەك: «ھەر بىر خىل ئىدېئولوگىيە — پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئىدېئولوگىيىسى تەرەققىياتىدىكى (بۇرمىغا ئوخشىغان) چوڭ ھالقىدىكى بىر ھالقا»① بولىدۇ. ئەبۇ رەيھان بىرۇنىنىڭ ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى مىراسلىرىنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشىغان خەلقلەرنىڭ، جۈملىدىن شىنجاڭدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

---

① لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 249 ـ بەت.

# VII باب مۇھەممەد خارەزمى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى

خارەزمى — ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇنەۋۋەر ئالىملارنىڭ دەسلەپكى ئەۋلادى ۋە ئۇلۇغ پېشۋالىرى قاتارىدا تۇرىدۇ. غەرب ئالىملىرىدىن سارتون (Sarton) ئۆزىنىڭ پەن تەرەققىيات تارىخىغا ئائىت ئەسىرىنىڭ كىرىش قىسمىدا پۈتكۈل IX ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى «خارەزمى دەۋرى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يەنە: «خارەزمى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ماتېماتىكى، شۇنداقلا ئاشۇ دەۋردىكى ئومۇمىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتساق، خارەزمى ھەممە دەۋرلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىمىدۇر»[1] دەپ ھەقلىق ھالدا خارەزمىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

خارەزمىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبە بىلىملىرىگە ئاساسلانغان ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ IX — X ئەسىرلەردىكى بىۋاستە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ماتېرىيالىستىك خاھىش ۋە دىئالېكتىكا ئامىللىرىنىڭ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، شۇ دەۋر ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان دىنىي مىستىك ئىدىيىلەرگە ئۇنۇملۇك زەربە بېرىشىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك،

---

① ئا. ئىرسوف: «خارەزمى ۋە فارابى»، 61 ـ بەت.

پەخرىي ئورۇنغا ئىگە.

بىراق، تارىختا ئۆتكەن بارلىق قەھرىمانلارغا ئوخشاشلا، مۇتەپەككۇر خارەزمىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي مۇھىتى بەلگىلەپ بەرگەن چەكلىمىلەر دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمىدى. ۋ. ئى. لېنىن: «تارىخىي تۆھپىلەر ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشتا، تارىخىي شەخسلەر زامانىمىز تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەرنى تەمىن قىلالمىغانلىقىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز ئەجدادلىرىغا نىسبەتەن تەمىن ئەتكەن يېڭى نەرسىلىرىگە قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ»[①] دەپ كۆرسىتىدۇ. بىز خارەزمى ئىلمىي مىراسلىرىغا قارىتا مۇشۇ ئۆلچەم بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۇكسەك باھا بېرىمىز.

خارەزمىنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارەزمى، لاتىنلاشتۇرۇلغان ئىسمى ئالگارىتمۇس بولۇپ، ياۋروپا ئەللىرىدە مۇشۇ نام بىلەن مەشھۇر، بىرقەدەر بىرلىككە كەلگەن پىكىر تەرىقىسىدە ئۇ مىلادىيە 780 ـ يىلى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خارەزم[②] رايونىدا تۇغۇلۇپ، 847 ـ يىلى ۋاپات بولغان دەپ قەيت قىلىنىدۇ.

خارەزمى ياشلىق دەۋرىدىلا تۈركىي تىلدىن تاشقىرى، شۇ دەۋردىكى شەرقنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت تىلى دەپ تونۇلغان ئەرەب تىلىنى مۇكەممەل ئىگىلەش بىلەنلا قالماي، يەنە يۇنان، پارس، ھىندى تىللىرىنىمۇ ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈۋالغانىدى. شۇڭا، ئۇ شۇ دەۋردىكى شەرقتە مەلۇم بولغان ئاساسلىق ئىلمىي ئەسەرلەرنى سىستېمىلىق ئۆگىنىپ تەتقىق قىلدى. بولۇپمۇ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، گېئومېترىيە، مېدىتسىنا ۋە تارىخ پەنلىرىنى ئالاھىدە ئېتىبار

---

① «لېنىن ئەسەرلىرى»، II توم، 1955 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 150 ـ بەت.
② خارەزم — ئۆزبېكىستان بىلەن تۈركمەنىستان چېگراسىغا توغرا كېلىدۇ، ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا.

بىلەن تەتقىق قىلىپ، شۆھرەتكە لايىق نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ، شەرق مەدەنىيىتىگە ۋە شۇ ئارقىلىق پۈتۈن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشتى.

خارەزمى ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ھاياتىنى شۇ چاغدىكى ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى شۇنداقلا شەرق مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان باغدادتا ئۆتكۈزىدۇ. ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ بەشىنچى خەلىپىسى بولغان ھارۇن رەشىدنىڭ ئوغلى، نۆۋەتتىكى خەلىپە مەئمۇن رەشىد سارىيىدا «ھېكمەت ئۆيى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر كۇتۇپخانىدا بىر مەزگىل كۇتۇپخانا رەئىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ يەنە باغدادتىكى يىللاردا خەلىپىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئاسترونومىيە، گېئومېترىيە ۋە باشقا بىر قاتار ئىلمىي تەكشۈرۈش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات، تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

خارەزمى ياشلىق دەۋرىدە ماتېماتىكا ئىلمىنى ئىنتايىن قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ساھەدىكى ئىستېداتى بىلەنمۇ ئالاھىدە ئابرۇي قازىنىدۇ. شۇ يىللاردىكى يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە ھىندىلارنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىگە ئائىت «سىندى ھىند» ناملىق ئەسىرى دەستۇر سۈپىتىدە قوللىنىلاتتى. خارەزمى بۇ ئەسەرنى تەكرار ئوقۇپ، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدا ئىككى نۇقسانىنىڭ بارلىقىنى، يەنى، بىرىنچىدىن، ئەسەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى چۈشىنىش قىيىن بولۇپ، مەسىلىلەر چىگىشلەشتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى؛ ئىككىنچىدىن، بەزى ئىلمىي خاتالىقلارغا يول قويۇلغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئەسەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن زور ئىلمىي ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۆز تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئەسەرنى يېڭىۋاشتىن ئىشلەپ «قىسقارتىلغان سىندى ھىند» دېگەن نام

بىلەن قايتا ئىلان قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ئەسەردىكى چۈشىنىش قىيىن بولغان جايلارنى ئوڭشايلاشتۇرىدۇ. خاتا جايلارنى تۈزىتىدۇ، ھەم ئۆز تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىلىرى سۈپىتىدە بىرقانچە يېڭى بابلارنى قوشىدۇ. «قىسقارتىلغان سىندى ھىند» ياۋروپادىكى نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، شەرق ئەللىرى ۋە ياۋروپادا بىرقانچە ئەسىر داۋامىدا ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى ئالىملار ئۈچۈن ئاساسلىق قوللانما بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئەسەر ياۋروپاغا تونۇلۇشتىن ئىلگىرى ياۋروپا ئەللىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ كېلىۋاتقىنى «ئاباك» دەپ ئاتىلىدىغان رىم (يۇنان - رىم) رەقىمى بولۇپ، ئۇنى ئىشلىتىش ئىنتايىن قىيىن ۋە ئەپسىز ئىدى. پەقەت مۇھەممەد خارەزمىنىڭ مۇشۇ ئەسىرى ئارقىلىقلا، ئەسلى ھىندىلارنىڭ بولغان رەقەم شەكلى — 0، 1، 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9 «ئەرەب رەقەملىرى» نامى بىلەن[1] پۈتكۈل دۇنياغا تارقالدى. بۇ يېڭى سان سىستېمىسىنىڭ لاتىن تىلىدا ياۋروپادا ئەڭ دەسلەپ قوللىنىلىشى مىلادىيە 976 - يىلى ئەتراپىدا ئىسپانىيىدە يېزىلغان بىر قوليازمىدىن مەلۇم بولغان. ياۋروپا ئەللىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىشى كېيىنكى ئەسىرلەردە بولغانلىقى مەلۇم. خارەزمى ئەسەرلىرىنىڭ دۇنيادىكى كۆپ تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشىدىن تاشقىرى، يەنە شۇ دەۋردە گۈللەنگەن ئەرەب مالىيە، سودا - سېتىق ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دېمەك، بۇ خىل ئەڭ مۇكەممەل، قوللىنىشقا ئەپلىك، جانلىق كۈچكە ئىگە بولغان

---

① بۇ يەردە قوش تارىخىي ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرگەن: بىرىنچىدىن، بۇ رەقەمنىڭ ئىختىرا ھوقۇقى ئەسلىدە ھىندىلارغا مەنسۇپ ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، بۇ رەقەم سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگۈچى ماتېماتىك مۇھەممەد خارەزمى بولدى. ئەپسۇسكى، خارەزمى ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇ ئەڭ مۇكەممەل رەقەم سىستېمىسى ئەرەبلەرگە مەنسۇپ بولۇپ قېلىپ، تا ھازىرغىچە دۇنيا مىقياسىدا «ئەرەب رەقەملىرى» دەپ ئاتالماقتا.

رەقەم سىستېمىسىنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا تارقىلىپ ۋە هازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىشى، ئەمەلىيەتتە تۈركىي تىللىق خەلقلەردىن كېلىپ چىققان بۇ ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئالىمنىڭ كەشپىياتى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق ئۇلۇغ تۆھپە.

مۇھەممەد خارەزمى ماتېماتىكىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىنىڭ ۋە ماتېماتىكىنىڭ ئالاھىدە بىر تارمىقى بولغان ئالگېبرا پېنىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ مىلادىيە 820 ـ يىللىرى ئەتراپىدا، تارىختا بىرىنچى بولۇپ «ئەلجەبر ۋە مۇقابەلا»[1] ناملىق ئەسەرنى يازدۇ. بۇ ئەسەر پەقەت شەرق دۇنياسى ماتېماتىكا ساھەسىنىڭ بىرقانچە ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئاساسلىق قوللانمىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مىلادىيە 1140 ـ يىلى روبېرت (Robert Chester) تەرىپىدىن لاتىنچىغا، كېيىن باشقا ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپا ئەللىرىنىڭمۇ پەن ـ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىپ، مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىش جەريانىدا ئەسەرنىڭ نامى قىسقارتىلىپ، ھەتتا ئاخىرى ياۋروپا تىل تەلەپپۇزى بويىچە «ئالگېبرا» نامى بىلەن زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلدى. خارەزمى كەشىپ قىلغان ئالگېبرادىكى ئاساسىي قائىدىلەر راۋاجلاندۇرۇلغان ھالدا ھازىرمۇ ئەمەلدە ئىستېمال قىلىنماقتا.

خارەزمىدىن كېيىن ياشىغان يەنە بىر مەشھۇر شەرق ئالىمى ئەبۇ كامىل شۇژۇ ئىبىن ئەسلام بۇ ھەقتە توختىلىپ: «مەن

---

① ئەلجەبر «ئەسلىگە قايتۇرۇش» ياكى «ئەزالارنى يۆتكەش» (مەنپىي ئەزانى تەڭلىمىنىڭ يەنە بىر چېتىگە يۆتكەپ مۇسبەت ئەزاغا ئايلاندۇرۇش) دېگەنلىك؛ «مۇقابەلا» بولسا بالانس قىلىش (ئىككى باشتىكى ئوخشاش ئەزالارنى بالانس قىلىش ياكى ئوخشاش ئەزالارنى بىرلەشتۈرۈش) دېگەنلىك بولۇپ، تولۇق نامى «ئەلجەبر ۋە مۇقابەلا» نى «ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە بالانس قىلىش ھەققىدىكى پەن» دەپ ياكى ئۇنى «تەڭلىمىلەر ھەققىدىكى پەن» دەپ تەرجىمە قىلسىمۇ بولىدۇ.

ھېساب ئالىملىرىنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىنى ئوقۇدۇم. بۇ كىتابلار ئىچىدە مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارەزمىنىڭ «ئەلجەبر ۋە مۇقابەلا» كىتابىنى ئەڭ ساغلام قائىدىلىك ۋە ئەڭ توغرا قىياسلىق ئەسەر دەپ تاپتىم. شۇڭلاشقا، خارەزمىنىڭ كىتابىنى ئالدىغا قويۇش، ئۇنىڭ بىلىم ۋە پەزىلىتىگە قايىل بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى خارەزمى بۇ كىتابنى بىرىنچى بولۇپ يازغان كىشىدۇر. ئۇ ئىختىرا قىلغان قائىدىلەر ئارقىلىق «ئەلجەبر ۋە مۇقابەلا» نىڭ ئىچىملاي قالغان جايلىرىنى ئۆگەندۇق. ئەقىلدىن يىراقلىرىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇردۇق»[1] دەپ يازىدۇ.

خارەزمىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئەسىرى «ھېساب ئىلمى» بولۇپ، ئۇنىڭدا ئومۇمىي ھېسابلاشنىڭ بىر قاتار قائىدە - ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ لاتىنچە تەرجىمىسى «Al—goritmide numero Inborum» دەپ ئاتىلىپ، بۇ ئەسەرنىڭ ياۋروپا ئەللىرىدە ماتېماتىكا ساھەسىدىكى تەسىرى ئارقىلىق ئاخىرى خارەزمىنىڭ لاتىنلاشتۇرۇلغان ئىسمى «ئالگارىتمۇس» («Algaritmus») ماتېماتىكا ئىلمىدىكى بىر خىل يېڭى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئىپادىلىگۈچى مەخسۇس ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالغان. ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنكى ھازىرقى زاماندىمۇ، بۇ ئاتالغۇ قىسمەن ئۆزگەرتىلگەن ھالدا «Algol تىپىدىكى تىل» دەپ ئاتىلىپ، ئەمەلدە قوللىنىلماقتا. مۇھەممەد خارەزمى مانا مۇشۇنداق ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى بىلەن دۇنيا ماتېماتىكا پەنلىرى تەرەققىيات تارىخىنىڭ تەخت تۆرىدە ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ.

خارەزمى يەنە ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە، بولۇپمۇ نۇقتىلىق ھالدا باغدادتا ئېلىپ بارغان كۆپ يىللىق ۋە ئەتراپلىق

---

[1] ئا. ئىرسوف: «خارەزمى ۋە فارابى»، 1961 - يىل نەشرى، 5 -، 6 - بەتلەر.

ئىلمىي كۆزىتىشى ۋە تەتقىقاتلىرىغا ئاساسەن «يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «ئاسترولىيەبىيەھەققىدە رىسالە»[①]، «قۇياش سائىتى ھەققىدە رىسالە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەرمۇ بىرقانچە ئەسىرلەر داۋامىدا شەرق ۋە غەربتىكى ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك قوللانما كىتابىغا ئايلانغان. ئەپسۇسكى، بۇ نادىر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى (ئەرەبچە) قولىيازما نۇسخىلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇنى پەقەت مىلادىيە 1126 ـ يىلى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ئارقىلىقلا بىلىمىز (ئەلۋەتتە، بۇ نۇسخا ئارقىلىق نۇرغۇن ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرىمۇ مەۋجۇتتۇر).

خارەزمى ئاساسلىغان ۋە راۋاجلاندۇرغان ئاسترونومىيە پېنىنىڭ مۇناسىپ نوپۇزغا ئىگە بولۇشى، ئاشۇ دەۋرگىچە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، ھەرقايسى مىللەتلەردە ئوخشاشمىغان مىللىي شەكىل ئالغان خۇراپىي ئاسترولوگىيە[②] ئېزىتقۇلۇقلىرىغا ئۈنۈملۈك زەربە بەردى. بۇ، ئېنىگېلسنىڭ: «تەبىئىي پەن تارماقلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىنى تەتقىق قىلىش كېرەك. ھەممىدىن ئاۋۋال ئاسترونومىيە — كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى مىللەتلەر پەسىللەرنى بەلگىلەش ئۈچۈن بۇ پەنگە مۇتلەق موھتاج بولغانىدى. ئاسترونومىيە ماتېماتىكىنىڭ ياردىمى بىلەنلا

---

① ئاسترولىيەبىيە — ئاسترونومىيىدە ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكنى ئۆلچەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، شۇنداقلا XVIII ئەسىرگىچە قوللىنىلىپ كەلگەن بۇلۇڭلارنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئەسۋابنىڭ نامى. كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ ئورنىنى تېئودولت ۋە باشقا مۇكەممەل ئەسۋابلار ئىگىلىدى.

② ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ، كىشىلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھۆكۈم قىلغۇچى خۇراپىي تەلىمات.

راۋاجلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن، ماتېماتىكىنى تەتقىق قىلىشىمۇ باشلاندى»[①] دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنىڭدىن ئۆز زامانىسىدىكى بىر قاتار تەبىئىي پەنلەر تەرەققىياتىنى بەلگىلىك ئالغا سۈرۈش رولىنى ئوينىغان مۇھەممەد خارەزمىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدىكى كەشپىياتلىرى ئاسترونومىيە پېنىنىڭ بىرقەدەر رېئال، ئىلمىي ئاساستا راۋاجلىنىشى ئۈچۈنمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، شۇنداقلا بۇ خارەزمىنىڭ ئادەم تەقدىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە باغلاپ ئىلاھىيلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت خۇراپىي ئېتىقادلارنى رەت قىلىپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى جەريانىنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدىغان دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى تەجرىبە بىلىملىرىنىڭ خۇلاسىلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىگە كۆرە ئىلمىي ھەل قىلىش قەدىمىنى باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خارەزمى جۇغراپىيە ئىلمى ساھەسىدىمۇ كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۇنان ۋە شەرق ئالىملىرىنىڭ بۇ ساھەدىكى ئۇتۇقلىرىدىن تەنقىدىي پايدىلىنىپ، نۇقسان ۋە خاتا جايلىرىنى تۈزىتىدۇ. ئۇ، مىلادىيە II ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر يۇنان ئالىمى پتولېمىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىنى نۇقتىلىق تەتقىق قىلىش ۋە قايتا ئىشلەش ئاساسىدا «يەر تەسۋىرى» ناملىق كىتاب يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ، بىرمۇ بىر يەر ۋە شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نامىلارنىڭ يېنىغا ھەر بىر جۇغراپىيىلىك ئورۇننىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك ئۆلچىمىنى يېزىپ قويغان. خارەزمى سىزغان بۇ خەرىتىلەردىن يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق خەرىتىسى، ئازوف دېڭىزى خەرىتىسى، نىل دەرياسى خەرىتىسى قاتارلىقلار زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ قالغان.

1878 - يىلى مىسىر پايتەختى قاھىرەدىن خارەزمىنىڭ جۇغراپىيە ساھەسىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىسى

① ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 314 - بەت.

تېپىلغان. ئاتاقلىق ئىتالىيە ئالىمى ك.ناللىنو 1894 ـ يىلى بۇ تەۋەرۈك قولىيازمىلارنى ئىتالىيان تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خارەزمى ئەسەرلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىدۇ.

خارەزمى شەرق ئەللىرىنىڭ جۇغراپىيىسىنى ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن تەتقىق قىلغان. ئۇنىڭ جۇغراپىيە ئىلمى ساھەسىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى شەرق ۋە غەربتە جۇغراپىيە پېنىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاجايىپ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتتى.

ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مۇھەممەد خارەزمى تارىخ پەنلىرى ساھەسىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈش ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ئۇ يازغان «يەھۇدىيلار تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى بەلگىلەش» ناملىق تارىخىي ئەسىرىمۇ ئۆز زامانىسىدىكى تارىخىي ئەسەرلەر ئىچىدە غايەت زور ھۆرمەت ۋە شۆھرەتكە سازاۋەر بولغان.

ئەپسۇسكى، خارەزمى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى ئەرەب تىلىدىكى نۇسخىلىرى دېگۈدەك زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ قالمىغان. بىز خارەزمى ئىلمىي مىراسلىرىنى ئاساسەن، ئالدى بىلەن لاتىن (ئىسپان) تىلىغا ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، چەكلىك ھالدا ساقلىنىپ قالغانلىرى ئارقىلىقلا بىلىمىز.

خارەزمىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولغان بولسىمۇ، دۇنياۋى پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملار بۈگۈنكى كۈندىمۇ خارەزمى ئەسەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي پائالىيەت تۈرلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. ھەتتا ئۇنىڭ بەزى ئەسەر ۋە ئىلمىي كەشپىياتلىرىنىڭ ھازىرقى زامان پەن تەرەققىياتىغا سالغان ئاساسلىرى ئۈستىدە ياۋروپادىكى

ھەرقايسى مەملىكەت، ھەرقايسى مىللەت تىللىرىدا تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئالىملار نۇرغۇن ئەسەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلدى.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياۋى پەن – مەدەنىيەت تارىخىدىكى پەخىرلىك نامايەندە، ئېنسىكلوپېدىك ئەقىل ئىگىسى مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارەزمى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىڭ يىللار داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ كەلگەن پارلاق پەن – مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە مىراسلىرىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ، بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، يەنە تەرەققىي تاپقان يۇنان – رىم پەن – مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپە قاراشلىرىنىڭ (گەرچە ئۆز زامانىسىدا مىسلىسىز پارلاق بولسىمۇ، ئەسىرلەر داۋامىدا كۆمۈلۈپ قالغان ۋە ئۇنتۇلۇشقا باشلىغان) نادىر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىمۇ قېزىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ مۇناسىپ نوپۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ۋە راۋاجلاندۇرغان ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتىكى ئەڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئالىملار ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدۇ.

خارەزمى قاتارلىق ئوتتۇرا ئەسىر ئالىملىرى، يۇنان ۋە پۈتۈن شەرق (مىسىر، سۈرىيە، ئىران، ھىندى، جۇڭگو، ئەرەب ۋە باشقىلار) نىڭ پارلاق پەن – مەدەنىيىتىنىڭ ئىلغار مېۋىلىرىدىن ئوزۇقلىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، يۇغۇرۇپ، مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىدە ئالاھىدە گۈللىنىپ روناق تاپقان ئاتالمىش «ئەرەب پەن – مەدەنىيىتى»[①]

---

① تا ھازىرغىچە نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئەسەر ۋە ھۆججەتلەردە، ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەب ئىستېلاسى مۇناسىۋىتى بىلەن، ئەرەب خەلىپىلىكى ئىمپېرىيىسىنىڭ دائىرىسىگە كىرگەن ھەممە مىللەتلەرنىڭ پەن – مەدەنىيەت ئۇتۇقلىرى ئاموۋاپىق ھالدا ئەرەب مەدەنىيىتى دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە.

گە ئالاھىدە تۆھپە قوشتى. شۇ تارىخىي دەۋردە پۈتۈن ئىنسانىيەت پەن ـ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات «تاجىسى» ھېسابلانغان شەرق مەدەنىيىتى، ئەينى زاماندا تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن پەللىدە تۇرۇۋاتقان ياۋروپا مەدەنىيىتىگە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. نەتىجىدە كېيىنرەك ئوتتۇرىغا چىققان ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتلىك ياۋروپا «پەن ـ مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى» نىڭ يېتىپ كېلىشىگە پەۋقۇلئاددە ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىنسانىيەت پەن ـ مەدەنىيىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان شەرق مەدەنىيىتى بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ يۈكسەك پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ھازىرقىدەك يۇقىرى سەۋىيىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بۇ پاكىتلار ئىنسانىيەت پەن ـ مەدەنىيەت تارىخىدا ئاتالمىش «غەرب مەركەزچىلىك» نەزەرىيىسىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

خارەزمى تۆھپىلىرى ئىچىدە يۇقىرى ئېتىبارغا سازاۋەر بولغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ ئەمەلىي تەجرىبە بىلىملىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا قىممەتلىك ئىلمىي ئاساس سالدى. يۇناننىڭ ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئالىملىرىنىڭ ماددىنىڭ ماھىيىتى، ئالەمنى تەشكىل قىلغۇچى ئاتوم ۋە ئاساسلىق ئېلېمېنتلار توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرى ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە بىۋاسىتە تەجرىبىدىن يىراقلىشىپ، گىپوتىزلىق قىياسلارغا تايانغان ئابستراكت ھالدىكى قەدىمكى (مىلادىيە I ئەسىر) ئالېكساندرىيە سەۋىيىسىدە، بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى. ئەمما خارەزمى ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە قاتارلىق تەبىئەت

www.uyghurkitap.com

بىلىملىرى ساھەسىدىكى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەرنى كەشىپ قىلىشتا بىۋاسىتە تەجرىبە ۋە ئەمەلىي كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، شەھەر قۇرۇلۇشى، سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى قاتارلىق ئەينى زامان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى مەلۇم دەرىجىدە ھەل قىلدى ۋە ھەل قىلىشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە تەجرىبىگە ئاساسلانغان يېڭى ئىلمىي مېتودولوگىيە نەمۇنىسىنى ياراتتى.

خارەزمىنىڭ تەبىئەت ئىلىملىرى ساھەسىدىكى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا، شۇنداقلا پۈتۈن ئوتتۇرا ۋە يېقىن شەرقتە مول ماتېرىيالىستىك خاھىش ۋە دىئالېكتىك ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پانتېئىستىك ئىلغار پەلسەپىۋى ئېقىمنىڭ ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي ئىدىيىلەردىكى گۇمانىستىك، دېموكراتىك كۆز قاراشلار ھەم خىيالىي ئادالەتلىك ئىجتىمائىي تۈزۈم توغرىسىدىكى ئىدىيىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

شۇڭا، خارەزمىنىڭ ئاساسىي پائالىيىتى ۋە تۆھپىسى تەبىئىي پەن ساھەسىدە بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئالماي بولمايدۇ.

# VIII باب يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىك داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» ئارقىلىق ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇن ئالغان، دۇنياغا تونۇلغان مەشھۇر تارىخىي شەخس.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ مۇقىم گۈللەنگەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىساد، سىياسىي، دىن، پەلسەپە، قانۇن، ھەربىي تۈزۈم، ئەخلاق، كىشىلىك تۇرمۇش، ئىلىم ـ پەن، ھۈنەر ـ سەنئەت قاتارلىق ساھەلىرى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ھەقىقىي مەنىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ھاياتىنى، شۇنداقلا بىر پۈتۈن ئىدېئولوگىيە تارىخىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان «ئالتۇن ئاچقۇچ». 1993 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا ئېچىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلمىي قىممىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى. «بۇ قېتىمقى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىز

www.uyghurkitap.com

سەھنىسىدە يۇقىرى ئورۇن ئىگىلىگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەزىز پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى، ئۇ ياراتقان دەۋر بۆلگۈچ ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك»، تىل ئىبارەت ئابىدە يالغۇز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىغا قوشۇلغان تۆھپە بولۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى نادىر گۆھەر ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى»[①] .

## 1. ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى

ھازىرغىچە يۇسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى توغرىسىدا كۆپلىگەن تەتقىقاتلار بولدى. تەتقىقاتلارنىڭ مەنبەسى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئۆزىدۇر. بىزنىڭچىمۇ ئىشەنچلىك ۋە ئېنىق مەنبە ھازىرچە يەنىلا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئۆزىدۇر. داستاندىكى مۇنۇ پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

365. تەگكۈزدى ماڭا قولىن ئەللىك يېشىم،
قوغۇ[②] قىلدى قۇزغۇن تۇسىدەك بېشىم.

366. مېنى قىچقىرىپ ئاتمىش دەيدۇ ئۇ كەل،
بارارمەن ئەگەرچە يەتمىسە ئەجەل.

بۇلاردىن قارىغاندا، يۇسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىۋاتقان چاغلىرى 50 ياشتىن ئاشقان، داستان قەشقەردە يېزىلغان بولۇپ، مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرىيە

---

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئاشكارا سان)، 1994 ـ يىل، 1 ـ سان، 58 ـ بەت.

② قوغۇ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئاققۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»، ئۇيغۇرچە نەشرى [67] ئىزاھات.

468 ـ يىلى 18 ئايدا يېزىپ تاماملىغان. بۇنىڭغا قارىغاندا، يۈسۈپنىڭ داستاننى يازغان ھەم پۈتتۈرگەن يىللىرى مىلادىيە 1069 — 1070 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ دەپ قاراشقا بولىدۇ. تەخمىنەن ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىلادىيە 1018 — 1019 ـ يىللىرى (ھىجرىيە 409 ـ يىللىرى) تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «بۇ كىتابنى يازغۇچى بالاساغۇندا تۇغۇلغان. ئەمما بۇ كىتابنى قەشقەر ئېلىدە تاماملاپ، مەشرىق شاھى تاۋغاچ بۇغراخاننىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغاندۇر. شاھ بۇغراخان ئۇنى قەدىرلەپ (ۋە) ئۇلۇغلاپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىقنى ئىلتىپات قىلغان (ۋە) شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئۇلۇغ خاس ھاجىپ دەپ نام شۆھرىتى بىلەن دۇنياغا يېيىلغاندۇر»[1] دېيىلگەن. بۇلارغا ئاساسلانغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئېلىپ بارغانىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەتراپلىق، مول بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئەقىل ـ پەزىلەت جەھەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولۇپ، پەلسەپە، ئەدەبىيات، دىن، تارىخ، قانۇن، سىياسىي، ئەخلاق، مېدىتسىنا، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، ھەربىي ئىشلار ئىلمى، دىپلوماتىيە، تىلشۇناسلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر ئىزدەنگەنىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئىسلام مەدەنىيىتى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى توغرىسىدا خېلى چوڭقۇر تونۇشقا

① «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇرچە نەشرى، 7 ـ بەت.

ئىگە بولغان. شۇڭلاشقىمۇ، ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋاللىرىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بىر جەمئىيەتشۇناس سۈپىتىدە قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە ئالاھىدە پىكىر يۈرگۈزگەن. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئەينى مەزگىللەردىكى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سىياسىي، ھەربىي، دىنىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇشۇنداق چوڭ ھەجىملىك داستانىنى يازغانلىقىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ئەينى تارىخىي دەۋرنى چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

قاراخانىيلار خاندانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ خاندانلىق تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھاياتىدا تۈپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن بولدى. بولۇپمۇ قاراخانىيلار تەۋەسىدە ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ كېڭەيىشى قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسى، مۇھىمى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىشىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قاراخانىيلارنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ، قاراخانىيلار تەۋەسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بىر خىل تەرەققىيات ھالىتى شەكىللەنگەن. خاندانلىق تەۋەسىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ ئالاقە، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى خېلىلا يۈكسەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ تۈرتكىسىدە خىلمۇ خىل مەزمۇندىكى مەدەنىيەت، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى تېز تەرەققىي قىلدى. قاراخانىيلار پايتەختى قەشقەر دۇنياغا مەشھۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى

بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدىكى كۆپلىگەن داڭلىق ئالىملار، پەيلاسوپلار، تىلشۇناسلار، تارىخچى، يېزا ئىگىلىك ئالىملىرى، ئەدىب ـ شائىرلار، داڭلىق تېۋىپلار، دىپلوماتلار قەشقەردىكى داڭلىق «ساچىيە» مەدرىسىدە يېتىشىپ چىققانىدى. دېمەك، قاراخانىيلارنىڭ بۇ مەزگىللىرى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئومۇميۈزلۈك راۋاجلانغان بولسىمۇ، قاراخانىيلار ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان فېئودال خانلىق بولغاچقا، ئۇنىڭدا يەنە بەزى زىددىيەتلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلىغانىدى. قاراخانىيلار كەڭ زېمىنگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلىپ، ھاكىمىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش بىلەن يەرلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويغان. XI ئەسىردىن باشلاپ خاقان ئۆزىگە قاراشلىق زېمىنلارنى پەرزەنتلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن. نەتىجىدە خانلىق ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇشى بىلەنلا شەكىللىنىشكە باشلىغان زىددىيەت ۋە بۆلۈنۈش كۈچىيىشكە يۈزلەنگەن. ھەرقايسى تەبىقىلەر روشەن ئايرىلىپ، جەمئىيەتتە دېھقانلار، كاسىپلار، مەدىكارلار، چوڭ فېئودال پومېشچىكلار، ھەربىي ۋە مۈلكىي ئەمەلدارلار ۋە باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەش ئەۋج ئېلىپ، جەمئىيەتتە ئېزىش ۋە ئېزىلىش كۈچىيىپ، بەگ ـ ئەمەلدارلار ئۆزى خان، ئۆزى بەگ بولۇۋېلىپ، خالىغانچە ئىش كۆرۈپ، ئىچكى ماجىرا ـ نىزالارنى پەيدا قىلىپ، پۇقرالارغا خالىغانچە ئالۋان سېلىپ، ئۇلارنى بوزەك قىلىپ، ئېزىش ۋە بۇلاش ھېسابىغا ئۆزلىرى ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان پەجىئەلىك مەنزىرە شەكىللەنگەن. ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە باشقىلاردا پارىخورلۇق، ھايانكەشلىك ئەۋج ئېلىپ، دۆلەت خەزىنىسى ۋە دۆلەت مۈلكى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا دۇچ كېلىپ قالغانىدى. خەلقنىڭ

خاتىرجەملىكى يوقاپ، جەمئىيەتتە ئەنسىزچىلىك كۈچىيىش بىلەن خانىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئابرويى كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ، ئۇلۇغ خاندانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى گۈللىنىش دەۋرى يىمىرىلىش تەرەپكە يۈزلىنىپ قالدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي ھالەت كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. شۇ چاغدا دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى بىلىملىك، ئەقىللىق كىشىلەر بۇ خىل ھالەتتىن نارازى بولدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ خىل رېئاللىقنى كۆرۈپ، جەمئىيەت ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدى. ئۇ جەمئىيەتتىكى ھەر خىل تەبىقە ـ قاتلاملارغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىك بىر تەرتىپكە سېلىپ، خاقان بىلەن پۇقرالار مۇناسىۋىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، خاتىرجەم جەمئىيەت قۇرۇش، خاندانلىقنىڭ ئەسلىدىكى سەلتەنىتىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتتە ئادىل قانۇن ـ تەرتىپلەرنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى يۈرگۈزۈش ئارقىلىق خاندانلىقنىڭ يىمىرىلىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھاكىمىيەتنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش مەقسىتى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، زور ھەجىملىك «قۇتادغۇ بىلىك» نى يازدى. «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا ئۇنىڭدىكى پىكىرلەرنىڭ مەنتىقىلىقى، چوڭقۇرلۇقى، تەربىيىۋى ئەھمىيىتىنىڭ چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى كۆرسەتتى، قاراخانىيلارنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى چوڭ شۆھرەت قازاندى. ئەسەر يېزىلىپ دەسلەپىدىلا ئاپتور ئۇنى ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلانخانغا تەقدىم قىلغاندا، خان ئۇنى ھۆرمەتلەپ ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى قىممەتلەپ، ئەسەر ئىجادچىسى يۈسۈپكە «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانىنى بەرگەنلىكى، شۇنىڭدەك يەنە ئەسەرنى «چىنلىقلار، ئەدەبۇلمۇلۇك،



www.uyghurkitap.com

(شاھلارنىڭ ئەدەب ـ قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۇلكىنىڭ ھېكىملىرى ‹ئايىنۇل مەملىكە› (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار ‹زىننەتۇلئۇمرا› (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار ‹شاھنامەئى تۇركى› دەپ ئات قويدى؛ بەزىلىرى ‹پەندنامەئى مۇلۇك› (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئات قويدى، ...»[1] دېيىلگەنلىكى بۇنىڭ جانلىق بىر مىسالى بولالايدۇ.

شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەلنى تۈزەپ، ئەلنى خاتىرجەم قىلىشنىڭ بىر ئىدىيىۋى پروگراممىسى ۋە ئىجرا قىلىش لايىھىسىدىن ئىبارەت.

## 2. دۇنيا قارىشى

ھەممىگە ئايانكى، دۇنيا قاراش مەسىلىسى پەلسەپىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋە نازۇك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى دەۋرنىڭ ئالىم، مۇتەپەككۇرلىرى، پەيلاسوپلىرى دۇنيا قاراش مەسىلىسىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىغان ھەمدە مەلۇم خىل دۇنيا قاراشتا بولغانلىقىنى جاكارلىغانىدى.

ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە ياشىغان ئۇيغۇر پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، ئۆزىنىڭ دۇنيا قاراش ئاساسلىرىنى روشەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى ئاللانى تەبىئەت ۋە ئىنسان (جانلىق مەۋجۇدىيەتلەر) دىن مۇتلەق ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ئاللانى مۇتلەق دېيىشتىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام

---

[1] «قۇتادغۇ بىلىك»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 5 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

دىنى ئاساسىي ئۇستۇنلۇكنى ئالغان قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە ياشىغان تەقۋادار بىر مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۇچۇن، داستاننى باشلىغاندا ھەمدە ئۇنى ئاخىرلاشتۇرغاندا ئاللانى مەدھىيىلەش ۋە سېغىنىش ئىدىيىسىنى مەركەزلىك ئىپادىلەيدۇ. داستان مۇنداق باشلىنىدۇ:

1. خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلىتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم[1] .

2. تولا مەدھى بىرلە تۈمەن مىڭ سەنا،
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا[2] .

3899. ئۇ بىردۇر، ئىرىغ ـ پاك، قېتىشسىز ئىرۇر،
قىلۇر يوقنى بار ئۇ، بارنى يوق قىلۇر.

3901. نېمەنى ئىرادە قىلسا ئۇ، قىلۇر،
نېمەنى دېسە بول، دېگەنى بولۇر.

6644. جىمى مۆمىننى سەن كەچۈر، ئەي خۇدا،
تولا رەھمىتىڭدىن تولۇق تۆرغۇرا[3] .

يۇقىرىقىلارغا قاراپلا «قۇتادغۇ بىلىك» بىر دىنىي ئەسەر ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇتەئەسسىپ، ئىدېئالىستىك پەيلاسوپ دەپ ھۆكۈم چىقىرىشقا بولمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ

---

① ئىزىم — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ئىگەم، تەڭرىم، «قۇتادغۇ بىلىك» [14] ئىزاھات.
② پەنا — (ئەرەبچە) يوقالماق، زاۋال تاپماق. «قۇتادغۇ بىلىك» [15] ئىزاھات.
③ تۆرغۇرا — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) بەھرىمەن قىلىپ. «قۇتادغۇ بىلىك» [272] ئىزاھات.

ئىلاھىيەت قارىشى ئەلۋەتتە ئوتتۇرا ئەسىردە مۇتلەق ئۇستۇنلۇكتە تۇرۇۋاتقان ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن. ئىسلام دىنى ئۇستۇنلۇكنى ئالغان قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە ياشاۋاتقان بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتىكى پىكىرلىرىنى خۇدا دۇنيا ۋە ئىنساننى ياراتقۇچى دېگەن قاراشتىن ئايرىلغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن ئەمەس. داستاننى چوڭقۇرراق تەھلىل قىلغىنىمىزدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ، مۇھىمى شۇ چاغلاردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان داڭلىق پەيلاسوپلار — فارابى ۋە ئىبنى سىنا قاتارلىقلارنىڭ پانتېئىزملىق دۇنيا قارىشىنىڭ تەسىرىدە، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى تەبىئىي پەنلەر نەتىجىلىرىگە ئاساسەن، دۇنيانىڭ ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە يارىتىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

125. ياراتتى ئالەمنى ئۇ خالاپ ئۆزى،
يورۇتتى كۈن، ئاي بىرلە دۇنيا يۈزى.

126. ياراتتى پەلەك، كۆر، دائىم ئايلىنۇر،
ھايات ھەم ئۇ بىرلە تىنماي چۆرگىلۇر.

127. 128. 129. 130. 134. 137. 141. 142.

143. ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.

بۇلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى ۋە ئىبنى سىنا دۇنيا قاراش سىستېمىسىنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئاساستا بىزنى ئوراپ

تۇرغان تەبىئەت دۇنياسىنى ھەم ئىنسانلارنى خۇدا ياراتقان، شۇنداقتىمۇ تەبىئەت دۇنياسى خۇدادىن مۇستەقىل ھالدا ئۆزىدىكى قانۇنىيەتلەر بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ دەپ قارىغان. بۇ خىل قاراش ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەرق پەيلاسوپلىرى ئارىسىدا تارقالغان دىئىزملىق پەلسەپىۋى قاراشنىڭ ئاساسى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنى دۇنيا قاراش جەھەتتە بىر ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمچى دېسەكمۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قارىشى، مۇھىمى بىلىم، ئەخلاق، تارىخ قارىشىدا يېڭىچە خاھىش بار ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ماددىي دۇنيانى چۈشەندۈرۈشتە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىدىكى قانۇنىيەتلەر، ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە دىققەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توختالغىنىدا، ئەينى چاغدىكى ئاسترونومىيە بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، يەر شارى ۋە يۇلتۇزلار تۈركۈملىرى ئۈستىدە ئوبيېكتىپ ھالدا توختىلىپ، يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكى، يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشى قاتارلىقلاردا ساددا ماتېرىيالىستىك كۆز قاراش ئاساسىدا ئۆز قارىشىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن. 731. 732. 733. 734 ـ بېيىتلار ئارقىلىق ئاينىڭ قۇياش ۋە يەر شارىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىشىدەك قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتىنى كۆرسىتىش، بۇنىڭ ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، يەنە يۇلتۇزلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق تۆت پەسىلنى ئېنىق ھەم قايىل قىلارلىق دەرىجىدە كۆرسىتىدۇ (63. 64. 65. 66 ـ بېيىتلار).

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاسمان جىسىملىرى ھەم ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرى، مۇھىمى تەبىئەت دۇنياسىنى چۈشىنىش جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى،



www.uyghurkitap.com

ھاياتلىق ۋە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قۇياش ئېنېرگىيىسىگە موھتاج بولۇش نەزەرىيىسى، يۇلتۇزلار تۇركۇمى بويىچە پەسىللەرنى ئېنىق ئايرىش ھەم ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىك ئالمىشىشى ھەققىدىكى قاراشلىرى ئۇتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىدىكى تۇرلۇك ئىلاھىيەتچىل قاراشلاردىن ئۇستۇن تۇرۇپلا قالماي، بەلكى ھازىرقى دەۋردىمۇ بەلگىلىك ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

داستاننىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان پائالىيەتلىرىنى ساددا ماتېرىيالىستىك ۋە ساددا دىئالېكتىك تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن چۇشەندۇرگەن. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك قارىشىنىڭ ئۇلى «تۆت تادۇ» (ھاۋا، سۇ، تۇپراق، ئوت) قارىشىدۇر. ئۇ، ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا، شۇنداقلا ئىنسان ھاياتىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۆزگىرىشلىرىنى «تۆت تادۇ» ئۇقۇمى ئارقىلىق چۇشەندۇرىدۇ (60. 143. 1053. 3725 ـ بېيىتلار). بۇ خىل قاراش ئەلۋەتتە دۇنيانىڭ ۋە ئىنسان پائالىيىتى ئۆزگىرىشلىرىنىڭ مەنبەسى ماددا دەيدىغان چۇشەنچىنى ئىلگىرى سۇرىدۇ. بۇ خىل قاراش ساددا بولسىمۇ، ئەمما مۇھىمى دۇنيا ۋە ھاياتلىقنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىدە ماددىنىڭ بىرلەمچى رولىنى دادىللىق ھەم ئەپچىللىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان دەپ قاراشقا بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئىنسان ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، شۇنىڭدەك جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى بەزى ئايرىم تەرەپلەرنى «تۆت تادۇ» غا تەتبىقلاپ چۇشەندۇرۇشكە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل ساددا ماتېرىيالىستىك قاراشلىرى ساددا دىئالېكتىك تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەن ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ بايان قىلىنىدۇ. داستاندىكى 1053. 1086. 1193. 1200. 1201. 1202. 1210. 1539. 1540. 1541.

www.uyghurkitap.com

4817 . 4818 . 4819 . 4833 . 4837 . 4838 . 6290 . . . –
بېيتلاردا هاياتلىقنىڭ تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلىرىنىڭ دىئالېكتىك جەرياندا بولىدىغانلىقى هەم بۇ خىل ئۆزگىرىش، تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكى روشەن كۆرسىتىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس هاجىپ تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى، مۇهىمى ئىنساننىڭ جەمئىيەتتىكى پائالىيەتلىرى ۋە باشقىلارنى دىئالېكتىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى بولغان زىددىيەت ۋە زىددىيەت كۈرىشى هەم ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىنى داستاندا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

434. هالاۋەت هەمىشە جاپا بىرلەدۇر،
سۆيۈنۈش قايغۇلە دائىم تەڭ يۈرۈر.

1049. ئۆرلىگەن چۈشەر هەم چۈشكەنلەر چىقار،
يورۇغان ئۆچەر هەم يۈرگەنلەر تىنار.

1086. نىمە كىم تۇغۇلار هەم ئۆلمەك كېرەك،
نىمە ئۆرلىسە، پەسكە چۈشمەك كېرەك.

2426. بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.

5866. كىشى تەبىئىي تۆت قارىمۇ قارشى يىغى،
بىرى كۆلدۈرۈر، بىرى قىلۇر ئۇن چوغى[1].

---

[1] ئۇن چوغى — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) غوۋغا قىلماق. «قۇتادغۇ بىلىك» 〔231〕 ئىزاهات.

يۇقىرىقى بېيىتلار ئارقىلىق يۇسۇپ خاس ھاجىپ ھەرقانداق شەيئى، ھادىسە ۋە جەرياننىڭ زىددىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى، زىددىيەت بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپنى ئۆزگە شەرت قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بەلگىلىك بىر ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە زىددىيەت ھەرىكىتىنىڭ مۇتلەقلىقىنى، ئۇنىڭ ھەرقانداق شەيئىدە ئومۇمىي ئۆزگىرىش ھەم بەلگىلىك تەرەققىياتنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

1050. نەئىشكىم قىلىنسا تولۇقلۇق كۈتەر،
تولۇقلۇققا يەتسە چۈشۈشكە يانار.

1052. كىچىكلەپ قايتىدىن ئۇ تولغان ئايى،
قەھىرلىك قىشقا ياندى يورۇغان يايى[1] .

يۇقىرىقى پىكىرلىرىگە ماسلاشتۇرغان ئاساستا، يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەم ھاياتىنىڭ ھەم دىئالېكتىك تەرەققىيات، ئۆزگىرىش ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، بۇ خىل ئۆزگىرىش، تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇنى ھېچقانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئوبرازلىق قىلىپ ئىپادىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

---

① ياي — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) ياز (پەسىل). «قۇتادغۇ بىلىك» 〔96〕 ئىزاھات.

231. يىگىتلىك قاچار ئۆ، تىرىكلىك ئۆچار،
بۆ چۆشتەك جاھاندىن كىشى تېز كېچەر.

1183. پۈتۈن ئىشقا ھىيلە، ئۇسۇل ـ چارە بار،
مەگەر بۆ ئۆلۈمكىن، ئاڭا چارە يوق.

1197. ئۆلۈمنى توسا ئالسا دۇنيا مىلى،
ئىدى ئۆلمەس ھىچ چاغدا بەگلەر بىگى.

1199. ئۆلۈمگە پايدا قىلسا ئەردى ئوت ـ ئەم①،
قالاتتى تىۋىپلار تىرىك مەڭگۈ ھەم.

بۇ بېيىتلاردىكى پىكىرلەر ئۇنىڭ ساددا دىئالېكتىك قارىشىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە بىر تەرەپتىن، شۇ تارىخىي دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەلگىلىك ئىلغارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەم شۇ چاغدىكى دىنىي ئىلاھىيەت قاراشلىرىغا بېرىلگەن يەنە بىر كۈچلۈك رەددىيە ھېسابلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ يەنە ھەرقانداق شەيئى، ھادىسە، جەرياننىڭ ئۆزگىرىش ئىچىدە بولىدىغانلىقىنى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، كونىنىڭ يېڭىغا، يېڭىنىڭ يەنە كونىغا ئۆزگىرىشتەك يۈزلىنىشتە بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ھەرقانداق چاغدا يېڭىلىقنى ياقىلايدىغانلىقى، يېڭىلىق تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى جاكارلايدۇ.

687. پۈتۈن كونا نەرسە يېڭىمىسىز بولۇر،

① ئوت ـ ئەم — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) دورا ـ داۋا. «قۇتادغۇ بىلىك»، 〔104〕 ئىزاھات.

يېقىمسىز يۈكى، كۆر، كۆڭۈلسىز كېلۈر.

688. يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

يۈسۈپ خاس هاجىپ يۇقىرىقىلار بىلەن توختاپ قالماستىن، يەنە شەيئى، هادىسە ۋە جەريانلاردىكى ئۆزگىرىش، تەرەققىياتنىڭ ئىچكى هەم تاشقى سەۋەبلەرگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا هەرقانداق تەرەققىياتتا ئىچكى سەۋەبنىڭ ئاساس بولىدىغانلىقىنى ئادەم خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشى هەم ئۆزگىرىشىدەك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىچكى سەۋەب بىلەن تاشقى سەۋەبنىڭ مۇناسىۋىتى، رولى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئادەمنى قايىل قىلارلىق، ئەقىلغە مۇۋاپىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى بارغانسېرى كۈچەيتىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

888. يېقىن تۇتسا بەگلەر، قارا، ياخشىنى،
يامانلارمۇ ياخشى قىلار ئىشىنى.

1218. ئاتا ئەمگىكى سىسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇي - پەيلى خوپ.

1219. ئوغۇلنى قىسىپ تۇتسا، ياخشى ئېرۇر،
ئاتاسى - ئاناسى بەختلىك بولۇر.

يۈسۈپ خاس هاجىپ يەنە شەيئى، هادىسە ۋە جەريانلاردىكى دىئالېكتىك تەرەققىياتتا مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ مۇهىم ئىكەنلىكىنى، شەكىلگە نىسبەتەن مەزمۇننىڭ مۇهىم ئىكەنلىكىنى، شەكىلنىڭ مەزمۇنغا

بىقىندىلىق، شۇنداقلا ماسلىشىشتەك مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

5109. ئىلىگ سەن قارىما كىشى تىشىغا،
ئىچىگە قارا ھەم مەخپىي ئىشىغا.

5111. بى تەم بولسا لىكىن ئىچىدىن قوغۇن،
ئۇنى تاشلاش كېرەك، ئى چاققان سوغۇن[①].

5112. نىمە دەر ئىشىت ئەمدى كۆڭلى ئويغاق،
بېزەپ ئىچىنى، تىشىڭغا بەرمە بوياق.

5113. پۈتۈن نەرسە ئۈستۈنلۈكى ئىچىدە بولۇر،
ئىچى بولمىسا، تاش يارامسىز قالۇر.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، «يۇسۇپ خاس ھاجىپ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى شەيئى، ھادىسە، جەريانلارنىڭ، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ساددا ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراش ئاساسىدىلا ساددا دىئالېكتىك تەپەككۇرى ئارقىلىق بىرقەدەر توغرا چۈشەندۈرگەن. بۇنىڭ ئۆزى ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرى پەلسەپىسى تەرەققىياتىنىڭ بىر تارىخىي باسقۇچى بولۇپ، ئەينى تارىخىي دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەلۋەتتە زور ئىلغارلىقتا ۋە يۈكسەكلىككە ئىگە ئىدى»[②].

---

① سوغۇن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) تاغ تېكىسى. «قۇتادغۇ بىلىك» [206] ئىزاھات.

② ئابدۇرېشىت ئابدۇراھمان: «يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› داستانىدا ئىپادىلەنگەن ساددا دىئالېكتىك تەپەككۇر ئۇسۇلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى سان)، 1996 ـ يىل، 1 ـ سان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرا ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ پەيلاسوپى، جەمئىيەتشۇناسى، ئالىمى. ئۇنىڭ ماھىيەتتە توغرا بولغان ساددا ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراش ۋە ساددا دىئالېكتىك تەپەككۇر ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرالىغانلىقىنىڭ ئۆزى قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ھەقىقىي يورۇتۇشقا تۈرتكە بولغانىدى.

## 3. ئىجتىمائىي قاراشلىرى

ھەرقانداق جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسى شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان سىنىپ ياكى ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئىجتىمائىي قاراشلاردىمۇ ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلارنىڭ ئىجتىمائىي كۆز قارىشى ئەكس ئەتكەن.

1. دىنىي ئېتىقاد قارىشى

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ناھايىتى قويۇق دىنىي ئېتىقاد قاراشلىرى بار. ئۇ دەۋردە ئەلۋەتتە بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. ئىسلام ئېتىقادى «قۇتادغۇ بىلىك» تە، جەمئىيەتنى تۇتۇشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى قىلىنغان. ھەممەيلەن ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش، پۈتۈن جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە كۆتۈرۈلدۇ. ئاللاغا سەجدە قىلىشنى كۆپلەپ تەرغىپ قىلىش، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئاساسىي ئىدىيە، شۇنداقلا «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يېتەكچى، باشقا ھەر تۈرلۈك ئىدىيە ـ قاراشلارنى چەكلەشنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى بولغان كۆز قاراشتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىرىنچى بابى «ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ بولغان تەڭرىنىڭ مەدھىيىسى باياندا» دا ئاپتور ئەڭ

گۈزەل، يېقىملىق سۆزلەرنى ئىشلىتىپ ئاللانى ناھايىتى يۈكسەك مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ باشلىنىشى بىلەنلا مۇنداق يازىدۇ:

1. خۇدا ئاتى بىرلە سۆزۈم باشلىدىم،
تۆرەلتكەن، ئۆستۈرگەن، كەچۈرگەن ئىزىم.

2. تولا مەدھى بىرلە تۈمەن مىڭ سەنا،
قادىر بىر خۇداغا، ئاڭا يوق پەنا.

3. قوڭغۇر يەر، يېشىل كۆك، كۈن، ئاي بىرلە تۈن —
ياراتتى زامان، ۋاقىت، مەخلۇق ۋە كۈن.

4. ئۇ خالاپ ياراتتى، يارالدى پۈتۈن،
ئۇ بىرلا دېدى «بول» ، بار ئولدى پۈتۈن.

ئاساسىي يەكۈنى: ئاللاغا سىغىنىش، بۇ پۈتۈن كىتابتا ئىپادىلىمەكچى بولغان، رېئاللىقتا تەشنا بولۇۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى نىشان بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ھەر بىر قىسىم ئاللانى مەدھىيىلەشتىن باشلانغان، ھەممىسى ئاللانىڭ نامى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

### 2. تەبىقە كۆز قارىشى

«قۇتادغۇ بىلىك» كە چېتىلىدىغان ھەر خىل دەرىجە، ھەر خىل تىپلاردىكى ئادەملەر ناھايىتى نۇرغۇن بولۇپ، بۇ ئەينى مەزگىللەردىكى ئىدېئولوگىيە ئۆزگىرىشىنى، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىنكاس قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇ ھەر خىل ئادەملەرنى دەرىجىگە ئايرىش رامكىسىغا سالغان بولۇپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ تەبىقە ئورنى ئېنىق ئايرىلغان، بۇنى ئوڭايلىقچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

دەرىجە قۇرۇلمىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرىدىغىنى خان. ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، خان تۇغۇلۇشىدىنلا بەگ بولۇپ تۇغۇلىدۇ، ئەڭ ئېسىل كىشىلەر ئارىسىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك بولىدۇ.

1932. تۇغۇلۇر بۇ بەگ ئانىدىن بەگ بولۇپ،
بىلۇر ياخشى ئىشنى كۆرۈپ، ئۆگىنىپ.

2080. قۇل رەڭگى قارادۇر، بەگلەر بولۇر ئاق،
قارا ـ ئاق شۇ خىلدا ئايرىلغانغا باق.

بۇ تۇغۇلۇشىدىنلا بەلگىلەنگەن بولۇپ، زادىلا ئۆزگەرمەيدۇ دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، بەگ ۋە يۇقىرا قاتارلىقلارنىڭ «مۇقەددەس» ئورۇنلىرىمۇ بەلگىلەنگەن.

4083. نىچە قۇل چوڭايسا قۇل ئاتىدۇر قۇل،
چوڭايتقان بەگ ئالدىدا خىزمەتچى ئول.

4084. كىچىك بولسا قانچە بەگ ئاتىدۇر بەگ،
خىزمەتچى ئېتىدىن بەگ ئاتى خوپ ئول.

خاننىڭ قول ئاستىدا، ھۆكۈمران گۇرۇھ ئىچىدىلا ھەر تۈرلۈك ئەمەلدارلار، مەسىلەن، ۋەزىرلەر، قوماندانلار ۋە تۈرلۈك ئەمەلدارلار ھەمدە دىنىي يۇقىرى قاتلامدىكىلەر بولىدۇ، ئۇلارمۇ ھاكىمىيەتكە ئارىلاشقان بولۇپ، ھۆكۈمران گۇرۇھ تەبىقىسىگە مەنسۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە مال ـ مۈلكى ۋە تەسىر كۈچى بولغان ئېسىلزادىلەر بولۇپ، بۇ خىل ئادەملەرنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئەھۋالى ھەمدە ئورنى ئوخشاش بولمىسىمۇ،

بىراق ئورتاق ھالدا ناھايىتى چوڭ بىر ھۆكۈمران گۇرۇھنى تەشكىل قىلىپ، ئۆزئارا بىرلىشىپ، ئۆزئارا تاللىشىدىغان ئىجتىمائىي پارازىت تەبىقىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، خانلىقنىڭ ھەر خىل ھوقۇقلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، خانغا قۇل بولىدۇ، پۇقرالارغا بولسا ھۆكۈمرانلار بەرگەن چوڭ ھوقۇقنى جىنىنىڭ بارىچە يۈرگۈزىدۇ. ئەينى دەۋر ھەمدە ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇلارنى خان بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولمىسىمۇ، بىراق ھەممىسىلا يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بولۇپ، ئادەتتىكى ئاۋام خەلق بىلەن يېقىنلىشالمايتتى. ۋەزىرنى ئېيتقاندا، ۋەزىر پادىشاھنىڭ قولى، خانلىقنىڭ ئۇلىدۇر. بۇ خىل ئادەملەر «ئېسىل ھەم تەقۋادار ھەم بولسا كۆڭلى» (2186 ـ مىسرا) بولۇشى لازىم. يامان نەسىللىك كىشىلەرنى بۇنداق ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە يەنە ھۆكۈمران گۇرۇھنى چۆرىدەپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ مەجبۇرلىشىدىن ئۇلارغا خىزمەت قىلغان، بىرقەدەر ئالاھىدە بولغان ئىككى سىنىپىي قاتلام نامايان قىلىنىدۇ. بىرى زىيالىيلار قاتلىمىغا تەۋەلىشىدىغان، يەنە بىرى خىزمەتچىلەر. زىيالىيلار قاتلىمى ئالىم، تېۋىپ، شائىر، مۇنەججىملەر، رەمبال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەرقايسىسىنىڭ ئەھۋالى بىردەك ئەمەس. بىراق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلىم ئىگىلىگەن، ھەممىسى بىلىمنى شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلىققا خىزمەت قىلدۇرغان. خىزمەتچىلەردىن ئىبارەت بۇ قاتلام پۈتۈنلەيلا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا چاكار بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئادەتتىكى پۇقرادىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۇلار بەگلەرگە قۇل، پۇقرالارغا بەگدۇر.

جەمئىيەتنىڭ ئاساسى كەڭ ئاددىي پۇقرالار. بۇ خىلدىكى

ئادەملەر ناھايىتى كەڭ دائىرىدە بولۇپ، دېھقان - چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئادەتتىكى سودىگەرلەر ۋە نامراتلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە. ئاپتورنىڭ ئېيتقانلىرى بويىچە ئالغاندا، بۇ خىلدىكىلەر ئىچىدە يەنە ئوخشىمايدىغان «دەرىجە» بولىدۇ. باي - نامراتلىقتىن ئېيتقاندا، چوڭ بايلار، ئوتتۇرا ھاللار، نامراتلار قاتلىمىغا ئايرىشقا بولىدۇ. كەسىپ جەھەتتىن ئايرىغاندا، خىلمۇ خىل دېيىشكە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ئارىسىدىكى رېئال ئىجتىمائىي ئورنىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بىراق، ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى، ھەممىسىلا جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن ئەمەس. ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ دائىرىسىدە جەمئىيەتتىكى يۇقىرى قاتلامنىڭ بېسىمىنى كۆتۈرۈپ، ھەممىسى ئۆز ئەمگەكلىرى بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتنى قامدايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، «قۇتادغۇ بىلىك» تە يەنە بىر قىسىم «ئادەم» دەرىجىسىدىن سىرتتا تۇرىدىغان ئادەملەر تىلغا ئېلىنغان. مەسىلەن، قۇللار.

2991. ئازاد - ھۆر كىشىنى قىلما قۇلغا تەڭ،
ئازادنى ئازاد، قۇلنى قۇل تۇت ئۆزەڭ.

بۇنىڭدىن ئەينى مەزگىللەردە يەنە قۇللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

3. قانۇن كۆز قارىشى

«قۇتادغۇ بىلىك» تە قانۇنچىلىق قاراشلىرى ناھايىتى مول، ئۇنىڭ ئاساسىي تەلىپى:

(1) ياخشى قانۇننى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، رەھىمسىز قانۇننى بىكار قىلىش. «قۇتادغۇ بىلىك» ساغلام قانۇن - تۈزۈم بولۇشنى ناھايىتى تەكىتلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

1772. تۇزۇلدى قانۇن ھەم يېتىلدى ئېلى،
ھۇزۇرلاندى ئېلىگ، چىقىپ ئەل ئۇلى.

ئاپتور ياخشى بولغان قانۇن ـ تۇزۇم بەگلىكنى ھەيۋەتلىك قىلىپ قەد كۆتۈرگۈزىدۇ، كىمىكى ئەگەر ياخشى قانۇننى تۇزسە، ئۇنىڭ نامى مەڭگۇ يوقالمايدۇ، دەپ تونۇيدۇ. ئەكسىچە رەھىمسىز قانۇنغا قارشى تۇرىدۇ. بۇنى ئالاھىدە مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

1458. قانۇننى تۇز ياخشى قانۇن تۇزگۇچى،
يامان تۇزسە بولۇر تىرىك ئۆلگۈچى.

1459. يامان تەرتىپ ئورناتما، ئەي بەگ ھېكىم،
يامان بولسا قانۇن، بولالماس ھاكىم.

بۇ خىل بايان قىلىش، ئۈچ جەھەتتىكى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچىسى، قانۇن تولۇق، مۇكەممەل بولۇش؛ ئىككىنچىسى، مۇكەممەل بولىدىغىنى چوقۇم ياخشى قانۇن بولۇش؛ ئۈچىنچىسى، رەھىمسىز قانۇنغا زادى يول قويماسلىق. ياخشى قانۇن دېگەن نېمە؟ رەھىمسىز قانۇن دېگەنچۇ؟ ئاپتور بۇ ھەقتە ياخشى قانۇننى — ياخشى بولغان قانۇن ـ تۇزۇم دەپ ئاتىغان. بىراق ئاپتورنىڭ قانۇننى چۈشەندۈرۈشىدىن قارىغاندا، دېيىلىۋاتقان ياخشى قانۇن، ئادالەتنى قوغدايدىغان قانۇن ـ تۇزۇمنى كۆرسىتىدۇ. ئەكسىچە، ناچار (رەھىمسىز) قانۇن، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىن باشقا، دائىم دېگۈدەك يەنە جازا ھۆكۈم قىلىشنىڭ تارماقلىرى مەسىلىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، رەھىمسىز قانۇننىڭ چوڭ جەھەتتىكى ئىپادىسى، ئۇ:

ئادالەت تەلىپىگە ئاسىيلىق قىلىدۇ، ئەخلاقىي ئۆلچەملەردىن چەتنىگەن بولىدۇ، جىنايى جازالىرى دەھشەتلىك بولغان قانۇندۇر.

(2) قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئادىل بولۇش. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قارىشىچە، پادىشاھلىق ھوقۇقىنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قىلىشنى ئويلىغاندا، چوقۇم دۇرۇس ئىش قىلىش، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش لازىم.

817. كېرەك ئوغلۇم ئۆلسۇن يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818. ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

نېمە ئۈچۈن قانۇن ئىجرا قىلغاندا ئادىل بولۇش لازىم؟

جاۋابى:

«تۇرالايدۇ بەگلىك ئۇزۇن ئۆرە، بىل» (5170 ـ مىسرا). ئەلۋەتتە بۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن بولۇپ، ھەرگىزمۇ قانداقتۇر ئابستراكت بولغان باغرى يۇمشاقلىق بىلەن مېھىر ـ شەپقەتلىك قىلىش ئەمەس.

ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى جەمئىيەت تەبىقىلىق جەمئىيەت. تەبىقە قارىشى ئاساسلىق قاراشلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە دېيىلگەن ئادىللىق قارىشى چوقۇم تەبىقە قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆزىتىلىشى لازىم. بۇ خىل ئادىللىق — دەرىجىسى بولغان ئادىللىقتۇر.

ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش — ئوخشاشمىغان تەبىقە ئالدىغا قويۇلغان «ئوخشاش» ھەم «مۇئامىلە» ئەينى مەزگىلدىكى

www.uyghurkitap.com

سىنىپىيلىقى بولغان «ئادىللىق» مىزانى بويىچە بولغاندا، ئوخشاشمىغان قاتلامدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆز نىسىۋىسىگە قانائەت قىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ يولىدا ماڭىدۇ؛ ئاقسۆڭەكلەر شىلىۋالسا، ئاۋام خەلق خىراجەت تاپشۇرىدۇ. پەقەت ئەينى ۋاقىتتىكى قانۇن ـ تۈزۈم يول قويغان دائىرىدىن ھالقىپ كەتمىسىلا، ھەممىسىلا قانۇنغا بويسۇنغان بولىدۇ، ھەممىسى ئوخشاش مۇئامىلىدە قوغدىلىدۇ؛ ئەكسىچە، كىمىكى ئەينى ۋاقىتتىكى «ئادىللىق» يولىغا خىلاپلىق، بۇزغۇنچىلىق قىلسا، قانۇن ئوخشاشلا «ھەممىگە تەڭ مۇئامىلە قىلىش» بىلەن يەنىمۇ سۈرۈشتۈرىدۇ؛ قانداق جىنايەت قىلسا شۇنىڭغا لايىق جازا بېرىش، بۇ ئورتاقلىقتۇر؛ ئەمما جىنايەت بىلەن غەيرىي جىنايەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھەقىقەتەنمۇ تەبىقىلىك خاراكتېرىدىكى «ئادىللىق» مىزانى بولىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە قانداق ئىجرا قىلىشقا كەلسەك، تەبىقىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدۇ، دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياكى ئاشكارا، ياكى يوشۇرۇن ئۇسۇلدا «ئادىل» قانۇننى ئادىل بولمىغان ھالدا ئىجرا قىلىشتۇر.

(3) قانۇندا جازا بولۇشى زۆرۈر. دۆلەتنى تۈزەشتە كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولۇپ، مېھرىبانلىق قىلىش ھەمدە سۈرلۈك بولۇش لازىم. بۇنىڭ ئۆزى ئېلىمىزنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرى تارىختىن بېرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان شاپائەت بىلەن قاتتىقلىقنى تەڭ قوللىنىشتىن ئىبارەت ئەندىزىدۇر. ھەيۋە قىلىشنىڭ كۈچى بولۇشى ئۈچۈن، قانۇن بولۇشى، جازا بولۇشى لازىم. قانۇن بىلەن جازا بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. قانۇن بولۇپ، جازا بولمىسا، قانۇن شەكىلدە بولۇپ، ئەمەلدە يوق بولغانغا تەڭ.

2128. تۈزەر ئەلنى قانۇن، سىياسەتلە خان،

ئاۋام خۇلقىنى ھەم ئىلتەر شۇ تامان.

ئاپتور شەمشەر ھەم كالتەك بىلەن يامانىنى جازالاپ، ياخشىلارنى ماختاشنى ئالاھىدە تەلەپ قىلىپ،

2131. يامانغا سىياسەت يۇرۇتمەك كېرەك،
بۇلغانسا خەلق گەر، سىياسەت سۇزەر.

دەپ قارايدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» رەھىمسىز جازاغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ جازانى ھەددىدىن ئارتۇق قوللىنىشقا قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىراق، ئۇ جىنايى جازانى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدۇ. بەلكى ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئادىل قانۇن بىلەن جازانى يولغا قويۇشنى، جازانى قوللانغاندا مۇۋاپىق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما، جازا قوللانغاندا مۇۋاپىق بولۇش لازىم دەپ تونۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ھەرىكىتى قەبىھ ئادەمگە قاتتىق جازا بېرىش لازىم، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ:

5548. يامانىنىڭ خۇلقىنى جازالە تۈزەت،
يامانغا يامانلىق ياراشۇر پەقەت.

5549. يامانغا يا زەنجىر، يا زىندان كېرەك،
تا ياخشى بولسۇن ئەركىن، ئى داۋ يۈرەك.

مانا بۇ يەردە كۆرۈشكە بولىدۇكى، جازا مەسىلىسىگە قارىتا، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى مۇقىملاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى جازا قوللىنىشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئېغىر جازانىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ سۆزلەيدۇ. بىراق، جازا

قوللىنىش مەسىلىسىنى تەكىتلىگەندە، قارا نىيەتلەرنى بىۋاسىتە كۆرسەتكەندىن باشقا، باشقىلىرى ھەممىسى دېگۇدەكلا ئاۋام خەلققە قارىتىلغان. شۇڭا، بۇنىڭدىكى سىنىپىيلىقنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

4. خەلقچىللىق كۆز قارىشى

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە پەقەت تەبىقىلا نەزەرگە ئېلىنىپ ئادەم كۆزدە تۇتۇلمايدۇ. مۇنداقچە ئېيتساق، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى ھۆكۈمران قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ دائىرىسى ئىچىدە پەقەت تەبىقە ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەر، ھۆكۈمران سىنىپ ئىچىدىكى ئادەملەر بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى تۆۋەن قاتلامدىكى ئاددىي خەلق ھەرگىزمۇ ئوخشاش دەرىجىدىكى ئادەم دەپ قارالمايدۇ. پەقەت خۇدا ۋەكىل قىلغان ھۆكۈمران سىنىپلا بولۇپ، جەمئىيەتمۇ ئۇلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان جەمئىيەت.

ئەمما، «قۇتادغۇ بىلىك» تە، ئېتىقاد قارىشىنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا، ھەقىقەتەنمۇ يەنە ئاددىي خەلقنىڭ جەمئىيەتتىكى بولۇشقا تېگىشلىك ئورنى مۇراجىئەت قىلىنىدۇ. «ئادەم» توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى قاراش ئاددىي پۇقرالارغىچە كېڭەيتىلىپ، ئابستراكت ھالدىكى ئاددىي پۇقرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئادەملەر جەمئىيەتنىڭ ئەزاسى، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. بۇ خىل قاراش بەزى ۋاقىتتا باشقا مەسىلىلەرنى بايان قىلغاندا ئاشكارىلىنىپ چىقسا، بەزىدە ناھايىتى ئاشكارا ھالدا مۇلاھىزە قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى ئاشكارا ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇش ھەقىقەتەنمۇ ئوڭاي ئەمەس، بۇ ھەم «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يەنە بىر ئېسىل تەرەپ. مەسىلەن:

3749. خۇدانىڭ قۇلى بىز ھەر ئىككىلىمىز،

بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش مەرتىۋىدە بىز.

3750. قۇل قىلسا قۇلغا قۇللۇق ياراقسىز بولۇر،
خىزمەتچىگە خىزمەت قەدىرسىز بولۇر.

بۇ يەردە ھەممە ئادەمنىڭ ئاللانىڭ قۇللىرى ئىكەنلىكى، بۇ جەھەتتىن ھەممە ئادەمنىڭ ئاللانىڭ قۇدرىتى ئالدىدا باراۋەر ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى، ئادەمنىڭ ھاياتلىقى ۋە ئۆلۈمىنىڭ تەقدىر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغانلىقى ناھايىتى تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ خىل باراۋەرلىك قارىشىغا ئاساسلانغاندا، باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش، ئادىل بولمىغان، باراۋەر بولمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ. ئاپتور كىتابتا ئادەم بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى ھەرقانداق مەجبۇرىي بويسۇنۇش - بويسۇندۇرۇشقا قارشى تۇرىدۇ. بۇ خىل قاراش پۈتۈن كىتابتىكى پادىشاھ ھوقۇقىغا ئېتىقاد قىلىش، تەبىقە قاراشلىرى بىلەن زىددىيەتلىك كېلىدۇ. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئاپتورنىڭ ئىدىيىسى تەبىقىچىلىك، ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئومۇمىي كۆز قارىشىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە يەنە تەبىقىچىلىك بىلەن ئېزىش ئامىللىرىنى ئىنكار قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئاپتورنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى، ئىلغار پەيلاسوپلار، ئالىملارنىڭ خەلقنى ئويلاشتەك قەلبىنىمۇ ئىنكاس قىلدى، شۇنداقلا ئۇ ئۇنىڭ رېئاللىقتىكى غەيرىي خەلقچىللىق، جەمئىيەتكە بولغان قايتا پىكىر قىلىشى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ بىر تۈرلۈك ئىپتىدائىي خەلقچىللىق تۈسىنى ئالغان بولىدۇ. مانا بۇ ئاپتورنىڭ خېلى ئادىللىق بىلەن جەمئىيەت ئەھۋالىغا قارىتا پىكىر يۈرگۈزۈشىگە ئاساس بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، ئۇ دىنىي مېھرىبانلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. مانا بۇ بىرقانچە

تەرەپلەردىكى ئامىللارنىڭ بىرلىشىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيىسى بېسىمى ئاستىدىكى غەيرىي ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئىدېئولوگىيىسى خەلقچىللىق كۆز قارىشىنى كۈچەيتكەنىدى. بىراق، بۇ يەنە پەقەتلا قەدىمكى دەۋردىكى خەلقچىللىق كۆز قارىشىنىڭ ئۆزىلا خالاس.

## 4. كىشىلىك تۇرمۇش قائىدىلىرى

ئادەمنىڭ تەبىئىتى زادى نېمە؟ بۇ مەسىلىنى قەدىمدىن بۇيان ھەرقايىسى ئالىملار ۋە ئىلمىي ئېقىملار ھەر تۈرلۈك ئىزاھلاپ كەلدى. بىراق، ئاز ساندىكىلىرىدىلا ھەقىقەتلىكى بولغان جاۋابلار بولدى، پەقەت ماركسىزمغا كەلگەندىلا، ئاندىن بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىلمىي جاۋاب بېرىلدى. ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئۇنىڭ رېئاللىقىدا بولۇپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ يىغىندىسى. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئادەمنىڭ ماھىيىتى (تەبىئىتى)، كىشىلىك خاراكتېرى رېئاللىقتىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭ رېئاللىقىدىكى ئىجتىمائىيلىقىدا.

مەيدانغا كەلگىنىگە تەخمىنەن مىڭ يىل بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» تە، بۇنىڭغا ئوخشاش ئىلمىي بىلىشنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس. ئەمما بۇ مەسىلىلەرنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا بىر خىل جاۋابى بىلەن تەمىنلەيدۇ:

148. ياراتتى ۋە يۇكسەلتتى تاللاپ ئادەم،
بېرىپ ھوش ـ ئەقىل، پەزىل، ئىلمنى ھەم.

149. تىلنى چىقارىپ، ئاڭا بەردى دىل،

ئۇيات بەردى يەنە گۈزەل، خۇش پېئىل.

بۇنىڭدىن قارىغاندا، خۇدا ئاللاھىدە ياراتقان ئىنسانلاردا قابىلىيەت، بىلىم، ئاڭ، ئەقىل، تىل، دىل، ئۇيات، گۈزەللىك ۋە ياخشى بولغان قىلىق ـ ھەرىكەت قاتارلىقلار بولۇپ، بۇنداق كۆپ خىل ئالاھىدىلىكلەر ئۇستىدە «قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ پىكرىنى بايان قىلغىنىدا، ئۇنىڭدا كۈچلۈك ھالدا ماسلاشقان سۆزلەر ئۇرغۇپ چىققانىدى. ئۇنداقتا مۇشۇنداق كۆپ ئالاھىدىلىكلەر ئىچىدە قايسىسى ئاساسلىق بولىدۇ؟

3165. بىلىملىك، ئەقىللىق، كىشىدۇر كىشى،
ئۇنىڭدىن بۆلەكلەر يىلقا تەڭتۇشى.

بۇ بىر ئاددىي جۈملە بولسىمۇ، بۇ يەردە تەكىتلىنىۋاتقىنى بىلىم ۋە ئەقىل. مانا بۇ، ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشىدىكى ئاساس دەپ چۈشەندۈرۈلگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىنى، يەنى دۇرۇسلۇق، ئېزگۈلۈك، كۆيۈمچانلىق، ئادىمىگەرچىلىك قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلىك ئېتىدۇر دۇرۇسلۇق دېمەك» (865 ـ مىسرا). ئادەمنىڭ ھەممىسىلا قىممەتلىك بولمايدۇ، ھەقىقىي، دۇرۇس بولغان كىشىلا قىممەتلىك بولىدۇ. يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلىك دېگىنىم ئېرۇر ئېزگۈلۈك، بولۇر ئېزگۈلۈك ئۇ، يېمەك ـ كەيگۈلۈك» (1636 ـ بېيت)، «كۆيۈمچانلىق ئېرۇر كىشىلىك بېشى» (1945 ـ مىسرا). بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى، ئېزگۈلۈك ھەم كۆيۈمچانلىق، ئاپتور بۇلارنى «كىشىلىك ياكى كىشىلىكنىڭ بېشى» دەپ تونۇغان. يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقىي ئادەم» بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش

ئۇچۇن، ئادەمدە ئادىمىگەرچىلىك بولۇشى لازىم. شۇڭلاشقا، «ئادەم» دېگەن ئۇقۇمغا ھەرگىز خىيانەت قىلماسلىق لازىم. بۇ يەردە، ھەقىقەتەن ئادىمىگەرچىلىك ئادەمنىڭ ئادەم بولالىشىنىڭ، ھەقىقىي ئادەمگە ئايلىنىشىنىڭ ئۆلچىمى قىلىنغان. بىراق، ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا، دۇرۇسلۇق، ئىزگۈلۈك، كۆيۈمچانلىق ۋە ياكى ئادىمىگەرچىلىك بولسۇن، ئۇلار ئوخشاشلا ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش ئادەم تەبىئىتىنىڭ ئۇلىدۇر، دېيىلىدۇ.

بۇ ئىككى تەرەپنى ئومۇملاشتۇرغاندا كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىلىم بىلەن ئىزگۈلۈك ئادەم تەبىئىتىنىڭ ئاساسىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ خىل قاراش، مۇكەممەل ئادەمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى دەپ ئاتىلىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قارىغاندا، بىلىم ياكى ئەقىل بولسۇن، ئىزگۈلۈك بولسۇن، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇ سەۋەبتىن، بۇ خىل قاراش ناھايىتى ئېنىق مەدەنىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەبىئىتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ئارقىلىق يېتىلگەن بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئاپتورىنىڭ قەلبىدە، ئاساسلىقى بىلىم بىلەن ئىزگۈلۈكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى پەزىلەت تەييارلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاڭ، تىل، قەلب قاتارلىقلارمۇ بار. ئادەمنىڭ ھاياتى قانداق بولسا بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا ئاندىن ئەھمىيەتلىك بولىدۇ؟ كىشىلەر ھايات يولىنى قانداق تاللىۋېلىشى لازىم؟

ئاپتورنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا قىلغان تەسەۋۋۇرى ئىنتايىن چۈشكۈن، ئۈمىدسىز بولۇپ، ئاپتورنىڭ قارىشىچە ئىنسان ناھايىتى ئاجىز، ھاياتى قىسقا، بۇ دۇنيا چاقماق چاقنىغاندەكلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، خىيال چۈشىدەك. ئۇ مۇنداق

دەيدۇ:

1396. بۇ چۈشتەك تىرىكلىك ئۆتەر بەلگىسىز،
بەگ ئۆلسۈن ياكى قۇل، كېتەر كەلگۈسىز.

1397. قېنى ئۇ، چۈشۈڭدەك كەچۈرمىش كۈنۈڭ،
ئۆكۈنچتىن بۆلەكمەس بۇ قالمىش كۈنۈڭ.

بۇ يەردە ئاپتور ھەتتا «تىرىكلىككە ئالدانما» دېگەندەك ئېچىنىشلىق خىتابنى قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولىدىكەن، كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى يەنىلا زەئىپ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشى، نىيەتنى پاك قىلىپ، ھېچقانداق تەلەپنى قىلماسلىقى، جىمجىتلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلىك ھاياتنى ئۆتكۈزۈشى لازىم. شۇڭلاشقىمۇ كىتابتا يەنە:

1431. يامانۇ - ياخشىلىق كەلسە بول رىزا،
ئېغىزنى دۇرۇس تۇت، بوي ئەگ قازاغا.

دېيىلىدۇ.

پۈتۈنلەي بەلگىلىنىپ بولغان تەقدىر دائىرىسى ئىچىدە، ئاپتور يەنىلا كىشىلىك ھايات يوللىرىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر بەلگىلىنىپ بولغان دائىرە ئىچىدە ئۆزىدە بولۇشقا تېگىشلىك يولىنى تاللىۋالالايدۇ:

1391. كۈتەر ئۇ جاھاندا سېنى ئىككى يول،
بولۇركىن ئىككى يولدىن نەسىپ قايسى يول؟

1392. يولۇڭ كەلسە ئوڭدىن تۈزىلەر ئىشىڭ،
ئەگەر كەلسە سول، ئىگراپ ئۆرارسەن بېشىڭ.

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە كىشىلەرنىڭ چوقۇم بەخت ـ تەلەي يولىنى تاللاش، ئوڭۇشسىز بولغان يامان يولدا ماڭماسلىقى دەۋەت قىلىنىدۇ.

زادى قايسى يول كىتابتا كىشىلەر تەقلىد قىلغاندەك توغرا يول بولىدۇ؟ ئاپتور كۆڭۈل قويغان ئاساستا ۋەزىر ئۆگدۈلمىش بىلەن زاھىت ئودغۇرمىشتەك ئىككىلا يولدىكى ئوخشىمايدىغان كىشىلىك ھايات يولىنى لايىھىلەيدۇ.

ئۆگدۈلمىشنىڭ ماڭغان يولى ئەمەل ئۈچۈن «ساۋابلىق ئىش قىلىش» تەك كىشىلىك يولى.

ئۇ ھەقىقەتەن باشقىلارنى تەربىيىلىمەك بولۇپ، پەقەت «دۇرۇس يول تۇتۇش»، ئاندىن «بۈيۈك بولماق ـ ئەلگە ئۇلۇغ» (1293 ـ مىسرا) نى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۆگدۈلمىش كىچىكىدىنلا ئاتىسىنىڭ يېنىدا قولغا كەلتۈرگەن ئوبدان تەربىيىسى، ھەقىقىي دۇرۇس يول تۇتۇش ئارقىلىق «بۈيۈك بولماق ـ ئەلگە ئۇلۇغ» بولۇشتەك ئارزۇسىغا يەتمەكچى بولىدۇ. «بۈيۈك بولماق — ئەلگە ئۇلۇغ» ئۈچۈن كۆپرەك ساۋابلىق ئىش قىلىش لازىم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن چوقۇم ياخشى ئىش قىلىش، يامانلىق قىلماسلىقتىن ئىبارەت قائىدىمۇ بار.

ئۆگدۈلمىشنىڭ پۈتۈن ھاياتى ھەقىقەتەنمۇ مۇنداق ئۆتكەندى:

1566. ئاتا پەندىنى تۇتتى بولدى كۆنى،
ئېشىپ بەختى ھەر كۈن، يورۇدى كۈنى.

ئۇ ئېلىگ ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا بەل باغلاپ، ھەر كۈنى ئەتراپتىكىلەردىن خەۋەر ئېلىپ، ساداقەتلىك كۆرسىتىدۇ. ئەتىگەندىن كەچكىچە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسە، كەچقۇرۇنلىرى

سارايلارنى ئارىلايدۇ، شۇنىڭدەك ئېلىگمۇ ئۆگدۈلمىشنى سىنايدۇ. ئۇنىڭ ئىشلارنى بېجىرىشتىكى خالىسلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىدۇ. ئۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا تەرتىپنى ئېنىق ئايرىيدۇ، ماددىي بۇيۇملارنى باشقۇرغىنىدا ئۆزىنى پاك تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى توغرا، ئەخلاقى دۇرۇس، چوڭ ئىشلار ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلىدىغان، ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان ياخشى ئادەم ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۆگدۈلمىش تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ:

1764. قىلىپ ئۆگدۈلمىشكە خاقان ئېھتىرام،
ئىشىنىپ ئۇڭا ئىشنى بەردى تامام.

1765. پۈتۈن ئەلگە قىلدى ئۇزۇن قولىنى،
ئۇزۇن قولى ئەتتى راۋان تىلىنى.

1766. بىرىپ تامغا، ئۇنۋان، قوشۇن، ئات ۋە تون،
تولا ياخشى كۆردى، بەخت بولدى پۈتۈن.

يەنە بىر كىشىلىك تۇرمۇش يولى — ئودغۇرمىشنىڭ ماڭغان يولى، بۇ بىر رېئال دۇنيادىن قول ئۈزىدىغان زاھىتلىق يولى.

ئودغۇرمىش ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن تاغقا چىقىۋېلىپ دەرۋىش بولىدۇ. كۈن تۇغدى ئېلىگ ئۆگدۈلمىشنى ئۈچ نۆۋەت ئەۋەتىپ سەمىمىي تەكلىپ قىلىپ، ئۇنى ئەمەل تۇتۇپ بىرلىكتە ئوردىنى باشقۇرۇپ، دېھقانلارنى، چارۋىچىلارنى بىرلىكتە قۇتۇلدۇرۇپ، گۈللىنىپ باي بولۇشتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەيدۇ. ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىپ، دۇئا - تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاللانىڭ ئىلتىپاتىنىلا ئىزدەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

زادى قايسى خىل كىشىلىك تۇرمۇش يولىنى كىشىلەرگە ئۆلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ؟ ئاپتور ئۆگدۇلمىش بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ كۆپ قېتىم ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىدە، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ ھەقىقەتنى بايان قىلغانلىرىدىن كىشىلەرگە ئىلھام بېرىدۇ.

نەزەرىيىگە ئاساسلىنىپ ئېيتقاندا، ئودغۇرمىشنىڭ يولى توغرا يولدۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ بىر يۇرۇش كونا گەپلىرىدىن كېيىن، ئۆگدۇلمىش قايىل بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ يولىنى

4876. دۇرۇس سۆزلىدىڭ، سۆز، ھەقىقەتى شۇل،
بۇنىڭدىن بۆلەكى تامام ئەگرى يول.

دەپ ئاتايدۇ. بەلكى كۇنتۇغدى ئېلىگمۇ «سۆزلىرى دۇرۇس، ھەر جۈملىلىرىدە ھەقىقەتى بار» (4903 ـ مىسرا) دەپ ئۇنى پۈتۈنلەي مۇقىملاشتۇرىدۇ، ھەتتا ئۆگدۇلمىش ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ئىشلىرىدىن پۇشايمان قىلىپ، ئودغۇرمىشنىڭ زاھىتلىق يولىدىن مېڭىشنى ئىزدەيدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئودغۇرمىشنىڭ پەقەت ئۆزى يالغۇز تائەت ـ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشتەك زاھىتلىق يولى جەمئىيەتتە، كۆپ سانلىق ئادەملەر ئارىسىدا ئاقمايدىغان يولدۇر.

جەمئىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا،

3652. جاھان خەلقى بارچە شەھەر ـ كەنت قويۇپ،
چىقىپ ئالسا تاغقا بۇيۇك يۇك يۇدۇپ.

3653. بۇزۇلغاي جاھان، بارچە ئالغاي قۇرۇپ،
ئادەم باللىرىدا كېسىلگەي ئۇرۇق

ئادەمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا،

3664. بەدەنگە كىيىم ھەم قورساققا يېمەك،
قېرىنداش، تىرىكلىك ئۈچۈن بۇ كېرەك.

3665. بەدەن ياپقىلى تون، تويماق ئۈچۈن ئاش،
تىرىككە بۇنىڭدىن كېچىش يوق، قاياش!

• رېئاللىقنىڭ ئېھتىياجى، رېئاللىق ئارزۇسىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئاز ساندىكى كىشىلەر تەشەببۇس قىلغاندىكىدەك ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلمەيدۇ. ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۆزىمۇ رېئال دۇنيادىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالغان ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، بۇ خىلدىكى ئاللاغا ئېتىقاد قىلىش، يەنىلا رېئال تۇرمۇشتىن ۋاز كەچمەيدۇ، بەلكى پۇرسەت بولسىلا ساپ بايلىق ھەم يۇقىرى مەرتىۋىلىك تۇرمۇش يولىغا ئىنتىلىدۇ. شۇڭا كىتاب كىشىلەرگە رېئاللىقتىكى بەخت يولىنى سىزىپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە، غايىۋى تۇرمۇش يولى ئۇدغۇرمىشنىڭ رېئال دۇنيادىن قول ئۈزۈپ ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىش يولىدۇر. بۇ خىل يول ناھايىتى روشەن ھالدا باقىي ئالەمگە ئىنتىلىشتۇر. بۇنىڭدىكى ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان ئەڭ يۇقىرى تۇرمۇش يولى يەنىلا باقىي ئالەمدە بولۇپ، باقىي ئالەم بىلەن سېلىشتۇرغاندا بۇ دۇنيا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئاپتور كىشىلەرگە مۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

4740. بۇنى قوي، تىلە، ئۇ جاھاننى تۇرۇپ،
ھۇزۇردا ياشا ئۇندا مەڭگۈ بولۇپ.

بۇ، پەقەت باقىي ئالەمدە ئاندىن ھەقىقىي شادلىق بېغى بولىدۇ دېگەننى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا،

5235. بۈگۈنكى ھۇزۇرغا ئالدانمىغىن سەن،
قىيامەت ھۇزۇرىن تىلە زەۋق بىلەن.

شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى ھازىرقى دۇنياغا سەل قاراپ، باقىي ئالەمدىكى كىشىلىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنە قارىساق:

4905. بۇ دۇنيا كېتەر، قايتا كەلمەس يېنىپ،
ئۆمۈر قانچىلىك قالدى، بولماس بىلىپ.

4906. كېلۇر توغرا، شۇبھىسىز، مەڭگۈ جاھان،
ھۇزۇر ياكى ئەمگەك يېقىن ئۇ زامان.

4907. قەيەردە بولسا بەخت، ھۇزۇر شۇندادۇر،
كىشى ئۆرنى، ئىزى ھەم ياخشى بولۇر.

ئومۇمەن، بۇلاردىن بۇ دۇنيا «ۋاپاسىز جاھان»، پەقەت قىيامەت ئاندىن «مەڭگۈلۈك جاھان» دېگەن يەكۈننى چىقىرىش مۇمكىن.
روشەنكى، دۇنيانى رېئاللىقتىكى جاھان بىلەن ئۇ ئالەمدىكى جاھان، كىشىلىك ھاياتنى ھازىرقى ھايات ۋە قىيامەتتىكى ھايات دەپ ئايرىشنىڭ ئۆزى بىمەنىلىكتۇر. فېيېربباخ مۇنداق قارايدۇ: دىنغا ئىشەنگۈچىلەر تەن ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق، تەبىئىي ئىش، خۇددى كۈن پېتىپ قايتا

چىققانغا، قىش ئۆتكەندىن كېيىن باھار كەلگەنگە، ئۆسۈملۈك تۇپراقتىن، ئۇرۇقتىن ئۆسۈپ يېتىلگەنگە ئوخشاش، دەپ تونۇيدۇ. بۇ خىل قاراش ماھىيەتتە روھىي پاتالوگىيىدۇر.

ئويدۇرۇپ چىقىلغان ئاخىرەتتىكى بەخت، ئادەملەرنىڭ بۇگۈنكى رېئال تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلىپ، رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكىنى ئېرنىمەي بايان قىلىدۇ. ئويدۇرمىنى رېئاللىق دەپ، رېئاللىقتىكىنى ئويدۇرما دەيدۇ. كىشىلەرنى ھازىرقى ھالەتكە كۆنۈش بىلەن كۈرەش قىلماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ خىل ئىدىيىۋى پىكىر ناھايىتى پاسسىپ بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا، توسقۇنلۇق رولىنى ئوينايدۇ.

## 5. ئەخلاق قارىشى

«قۇتادغۇ بىلىك» ئېتىكىغا (ئەخلاققا) ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ناھايىتى مول ئەخلاقىي ئىدىيىلەر بار.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئېتىكا ئىدىيىسى سىستېمىسىدىكى يادرولۇق كۆز قاراش — ياخشىلىق قىلماقتۇر.

ئەسەرنىڭ «ياخشىلىق قىلماقنىڭ مەدھىيىسى ۋە پايدىسى بايانىدا» دېگەن توققۇزىنچى بابىدا ئاپتور ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان تېمىدىن پايدىلىنىپ، ياخشىلىق قىلماقلىق توغرىسىدا تەكرار، شۇنداقلا كۆپ تەرەپلەردىن بايان قىلىشنى باشلايدۇ.

ياخشى ئىش قىلىش، خەيرلىك ئىش قىلىش، بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بارلىق ئادەملەرگە قويغان ئاساسىي ئەخلاقىي تەلىپى، ھەتتا يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئالىي ھوقۇقلۇق تەڭداشسىز خانمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئۇ كىشىلەردىن ھاياتىنى پەقەت مەنپەئەتكە ئىگە قىلىدىغان دەسمايە دەيدىغان كۆز قاراشنى قىلچە

ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ياخشى ئەخلاق، ياخشىلىق قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىغا ئېلىپ كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ياخشىلىق قىلىش، «ئىنچىكە ئويلىساڭ، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى ھەم مۇشۇنىڭدا» (5922 ـ مىسرا) دەيدۇ. مۇبادا كىمنىڭ ھەرىكىتى ياخشى بولسا ئۇ مەڭگۈ ياشايدۇ، كىمنىڭ ھەرىكىتى ناچار بولسا، ھايات بولسىمۇ دوزاختا ئۆلىدۇ. ئەمما ياخشىلىق ئۆلمەيدۇ، ياخشىلىق قىلىپ ئۆلسە، ياخشى نامى مەڭگۈ قالىدۇ. ئەسكى ئىش قىلغان ئادەم مەڭگۈ ھاقارەتلىنىدۇ. ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ ياخشىلىق قىلىشقا ئۆزگەرگەنلىكىدە. ياخشىلىق قىلىشتىن ئايرىلغاندا، ھاياتمۇ ئۆز ئەھمىيىتى ۋە مەۋجۇت بولۇش قىممىتىنى يوقىتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئېتىكىلىق ئىدىيىسىنى مەركەزلىك ئىنكاس قىلغان ئىلمىي بولغان بۇ خىل قاراش ئاپتورنىڭ ئىنسان ماھىيىتى كۆز قارىشى بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق. ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، ئىنسان ماھىيىتى گۈزەل ئەخلاق ۋە بىلىمدىن يارىتىلغان. شۇ سەۋەبتىن ئىنسان ماھىيىتى بىلەن ياخشىلىق قىلىش، گۈزەل ئەخلاق مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ.

ئەخلاق قارىشىنى ئىنكاس قىلىشتا، ياخشىلىق قىلىش تەبىئىي ھالدا ئاساسىي تەلەپ بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇنداقتا، ياخشىلىق قىلىش دېگەنلىك نېمە؟ ياخشىلىق دېگەنچۇ؟ ئاپتور بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ «پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ مۈنى[1] ياخشى خۇلق» (1255 ـ مىسرا) دەيدۇ. بۇ يەردە دەۋاتقان ياخشى خۇلق ياخشىلىقنىڭ «ئاساسى» بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىۋاتقىنى ئىپادىلىنىشىدۇر، يەنى ياخشىلىق

---

① مۈن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) بۇ يەردە «دەسمايە» مەنىسىدە. «قۇتادغۇ بىلىك» 〔107〕 ئىزاھات.

ئەنە شۇ خىلدىكى ئېسىل خۇلق ئارقىلىق ئاندىن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ياخشىلىق ھەر خىل ياخشى پەزىلەتنىڭ ئومۇمىي يەكۈنلىنىشى. شۇڭا، ئېسىل خۇلقلىق ھەرىكەتنى ئىشقا ئاشۇرالىغانلا ئاندىن ياخشىلىق قىلغىلى بولىدۇ. ياخشى خۇلقنى ئاڭلىق ھالدا يۈرگۈزەلەيدىغان ئادەم ياخشى ئادەمدۇر.

لېكىن، ياخشى خۇلق كۆپ تەرەپلىمە بولىدۇ. كىتابتا مىسال قىلىنغان ھەر خىل ئېسىل خۇلقلار ناھايىتى كۆپ. بۇ نۇقتىنى تۆۋەندە كىتابتىكى ئەخلاقىي مىزان كاتېگورىيىسى، ھەممىدە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىش ۋە ئەخلاقىي تەربىيە يۈرگۈزۈش قاتارلىق ھەرقايسى مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلغان ئاساستا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدە ياخشىلىقنىڭ «ئاساسى» نى تەشكىل قىلغۇچى زادى نېمە؟ ئاپتور بۇ يەردە ئايتولدىنىڭ خاندىن سورىغان سۆزىدىن پايدىلىنىدۇ:

855. نەدۇر ھەم نە خىلدا ياخشىلىق،
نىچۇكتۇر ئۇنىڭدا تەبىئەت ـ قىلىق؟

856. ئېلىگ ئېيتتى: ياخشىلىق سۇپاتى شۇدۇر،
كى خەلققە ئۇنىڭدىن پايدىلار يېتۇر.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ياخشى ئەخلاق دېمەك باشقىلارغا پايدا بېرىشتۇر، بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئېتىكا ئىدىيىسىدىكى مۇقىملاشقان نۇقتىئىنەزەر. نەزەردىن ساقىت قىلىماسلىق كېرەككى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى ۋاقىتتىكى خاندانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانىغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ بۇ خىل ياخشىلىق قىلىش كۆز قارىشى، ھەرگىز ئاۋام خەلقنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتىگە قاراپ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشتەك ئىدىيىنىڭ بولغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا

www.uyghurkitap.com

ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئەلنى خاتىرجەم قىلىپ دۆلەتنى تۈزەش، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەش ھەم كۈچەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئاپتور شۇ ۋاقىتتىكى ھۆكۈمرانلارنى توغرىدىن ـ توغرا ئاگاھلاندۇرۇپ:

226. ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئولسا تىلەك،
ئامالى ياخشىلىق ئېرۇر ئەيلىمەك.

دەيدۇ. بۇ يەردىكى «ساڭا» دېگەننى يۇقىرى، تۆۋەنكى مىسرالار بىلەن بىرلەشتۇرگەندە، ئۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، ناھايىتى روشەنكى، خەيرلىك ئىش قىلىش دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ بىر تۈرلۈك ۋاستىسىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە ئاپتورنىڭ سىنىپىيلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن مەيلى قانداق بولسۇن، XI ئەسىردىكى ئاپتورنىڭ باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتەك ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەمدە ئۇنى تەكىتلەپ، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈشنى ياخشىلىقنىڭ ئاساسى قىلغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ. باشقىلارنى كۆزلەش بىلەن ئۆزىنى كۆزلەش، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۇزۇندىن بېرى تالاش ـ تارتىش قىلىنىپ كېلىۋاتقان چوڭ بىر تېما. قەدىمكى لاتىن ھېكمەتلىك سۆزىدىكى «ئادەم ئادەمگە بۆرە» دەيدىغان قورقۇنچلۇق تېما يېقىنقى زامان كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە كەلگەندە بىر خىل تەسىرى بولغان ئېتىكىلىق ئىدىيىگە ئايلىنىپ قالدى. ئەكسىچە، ئارىستوتېل قۇلدارلار سىنىپى ئىلغار قاتلىمىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ باشقىلارنى كۆزلەشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئەخلاقلىق بىر ئادەم ھەر دائىم ئۆزىنىڭ دوستى ۋە دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. زۆرۈر ۋاقىتتا ھەتتاكى ئۆز

ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ، كىشىلەر تالىشىۋاتقان ئالتۇن ــ كۈمۈش، نام ــ ئابرۇيي ھەم بارلىق بايلىقلاردىن ۋاز كېچىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.»

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ باشقىلارنى كۆزلەش ئىدىيىسى، بەلكىم ئارىستوتېلنىڭ كۆز قارىشى بىلەن بەلگىلىك بىر مۇناسىۋەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. شەخسىي مەنپەئەتپەرەسلىك بىلەن باشقىلارنى كۆزلەشتىكى ئۆتكۈر قارىمۇ قارشىلىقتا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقىنى باشقىلارنى كۆزلەش ئىدىيىسى، بۇنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. ياخشىلىق قىلىشتەك بۇ يادرونى چۆرىدىگەن ھالدا «قۇتادغۇ بىلىك» ئادالەت، بەخت، ئەقىل، قانائەت قاتارلىق تۆت چوڭ ئاساسىي ئېتىكا مىزانىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن. ئۇ كىشىلەر ھەرىكىتىنىڭ چوقۇم بۇ تۆت چوڭ ئاساسىي مىزانىنى ئۆلچەم قىلىشىنى، تىرىشىپ بۇ تۆت چوڭ ئاساسىي ئۆلچەمنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

64. يەنە بۇ كىتابنىڭ بايانىنى دەر،
بۇنى تۆت ئۇلۇغ ئۇل ئۆزرە ئۇ تۇزەر.

65. بىرى، توغرىلىق ئۆزرە ئادالەت ئېرۇر،
ئىككىنچىسى، دەۋلەت ۋە ئىقبال تۇرۇر.

66. ئۈچىنچى، ئەقىلدۇر ئۇلۇغلۇق بىلە،
تۆتىنچى، قانائەت، ئاپىيەت ئىلە.

بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، مۇئەللىپ ئەسەرنى يېزىۋاتقان چاغدا، ئاڭلىق ھالدا ئادالەت، بەخت، ئەقىل، قانائەت دېگەنلەرنى ئاساسىي بىرلىك دەپ قارىغان.

## 72. بۇنىڭ ھېكمەتىن، كۆر، مۇشۇ تۆت ئۇزە، كىتابنى تۈگەتكەن بۇلارنى تۈزە.

شۇڭلاشقا، بۇ تۆتى پۈتۈن كىتابنىڭ ئاساسى ياكى ئۇلى بولغان.

ھەقىقەتەن بۇ تۆت ئۆلچەم پۈتۈن كىتابنىڭ ئاساسى بولغاچقا، ئاپتور تېخىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئادەملەشتۇرۇپ، دۆلەت تۈزمۇشىدا ئورنى كۆتۈرۈلگەن، ھۆكۈمرانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇۋاتقان شەخسىيلەرگە ئايلاندۇرىدۇ.

«ئادالەت» «كۈنتۇغدى» دەپ ئاتىلىپ، بۇنى خان قىلىدۇ؛ «بەخت» «ئايتولدى» دەپ ئاتىلىپ، بۇنى ۋەزىر قىلىدۇ؛ «ئەقىل» «ئۆگدۈلمىش» دەپ ئاتىلىپ، ۋەزىرنىڭ ئوغلى قىلىپ ھەمدە ۋەزىرنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدۇرىدۇ؛ «قانائەت» «ئودغۇرمىش» دەپ ئاتىلىپ، ۋەزىرنىڭ ئاتا جەمەت تۇغقىنى قىلدۇرىدۇ. دېمەك، ئادالەت، بەخت، ئەقىل، قانائەت، يەنى تۆت ئاساسي ئۆلچەم دۆلەت، جەمئىيەت تەقدىرىدىكى مۇھىم تۆت ئەربابتىن ئىبارەت بولىدۇ. ئەسەردە ئاپتور بەزىدە ئادەمنى يازسا، بەزىدە ئىدىيىنى يازىدۇ. بۇ خىل بىر تەرەپ قىلىش شەكلى ناھايىتى ئۆزگىچە. ئۇنىڭ ئىشلىتىش مەنىسىنى تەتقىق قىلغاندا، ئادالەت، بەخت، ئەقىل، قانائەتنى ئىجتىمائىي تۈرمۇش، ئېتىكىلىق ئىدىيىنىڭ «ئۇل تېشى» قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەسەرنىڭ ئاساسي يولى قىلىپ بايان قىلىدۇ.

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئادالەت ئاساس بولغاندا، تەلەي بەخت مەنىسىنى بىلدۈرۈپ، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ قىممىتى يۇقىرى بولغاندا، قانائەت كىشىلەرگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ تۆت ئۆلچەمنى ئىشقا ئاشۇرالىغۇچى، سەمىمىي،

ھەقىقىي ئادەم؛ بەختلىك، ئەتىۋارلىق، ئېسىل، خۇشال ئادەم بولالايدۇ. شۇڭا، بۇ تۆت ئۆلچەمدە ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان يادرولۇق كۆز قاراش، يەنىلا ياخشىلىقتىن ئىبارەت. تۆتى ياخشىلىققا يېتىشنىڭ زۆرۈر بولغان تۆت چوڭ ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۆت تەرەپتىن تىرىشقاندا، ئاندىن پەيدىنپەي ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللانغىلى بولىدۇ. ئەگەر قەلبىدە ئاللاغا ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولسىلا، ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلالايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ تۆتىنىڭ تاقىشىدىغان دائىرىسى ئېتىكا (ئەخلاق) بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى يەنىلا ئېتىكا — ئەخلاق مەسىلىسى.

ئادالەت قانداق بولىدۇ؟ بۇنى ئاپتور ئېلىگ خان ئىشلەتكەن ئۈچ پۇتلۇق كۇرس بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئوخشىتىدۇ. ئۈچ پۇتلۇق نەرسە توغرا، تۈز ھەم چىڭ بولىدۇ، شۇڭا، ئادىللىق ھەقىقىي، توغرا ھەم تۈز بولۇش، شۇنداقلا ھېچ تەرەپكە يان باسماسلىق، مەيلى قانداق ئادەمگە بولسۇن — يۇقىرىسى خان، ۋەزىر، تۆۋىنى ئاددىي خەلق، ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ھېچقانداق ئىككىلەنمەسلىك، باشتىن - ئاياغ ئادىل، توغرا بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ ئادىل ياكى ئادىل بولماسلىقنىڭ ئۆلچىمى. گەپ ھەققانىي مەجبۇرىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقتا. مەجبۇرىيەت دېيىلگىنى ئەلۋەتتە، ئوتتۇرا ئەسىر تەبىقىچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن ھۆكۈمرانلىققا بويسۇنۇشنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ، ئاڭلىق ھالدا ئېغىز بىلەن قەلبنى بىردەك قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن ھۆكۈمرانلىققا بويسۇنۇشتەك بۇ خىل مىزانغا ئاساسەن ئىش كۆرگەن ۋاقىتتىلا بۇ مەجبۇرىيەت ئادا بولىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» ئادالەت توغرىسىدا ئىنتايىن يۇكسەك مەدھىيىلەرنى ئوقۇپ، ئۇنى ئېلىگ خان سۈپىتى بىلەن

www.uyghurkitap.com

بىرلەشتۈرۈپ، قىزىل قۇياشقا ئوخشىتىدۇ. يوشۇرۇن ئوخشىتىشتا «ئادالەت» دېگەننى بىر تۈرلۈك مەڭگۈلۈك ھەمدە ئۆزگەرمەيدىغان ئۆلچەم، ئۇنىڭدىن تەۋرىنىشكە بولمايدۇ دەيدۇ. ئادالەت ئاپتورنىڭ قەلبىدە ناھايىتى يۈكسەك مىزانغا ئايلانغان. تۆت كاتېگورىيە ئىچىدە ئۇ ئەڭ ئالدىدىكى، شۇنىڭدەك ئەڭ ئاساسىي كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ. «ئادالەت» قانداقلارچە مۇنچىلىك مۇھىم بولىدۇ؟ بۇنىڭغا جاۋاب:

819. بۇ بەگلىك ئاساسى ئادالەت ئىرۇر،
ئادىل ئولسا بەگلەر، تىرىكلىك بولۇر.

بۇنى كونكرېت ئىزاھلىساق، ئادالەت دۆلەت ئاساسىدۇر. پەقەت ئادالەت ئۆلچىمىنى ئىزچىللاشتۇرغاندا، ئاندىن جەمئىيەت ئەمىن تاپىدۇ. ھۆكۈمرانلىق ئاندىن كۈچىيىدۇ.

بەخت قانداق بولۇشى لازىم؟ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قارىشىچە، بەخت - تەلەي بەختنىڭ مەنىسىدە.

1975. سائادەت نېمەدۇر قىنى ئېيت ماڭا،
كىشى قۇتلۇغى كىم كىشىلەر ئارا؟

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، سائادەت بىلەن بەخت بۇ ئىككى ئۇقۇم چوڭ جەھەتتە ئوخشاش قوللىنىلغان.

بەخت توغرىسىدىمۇ، ئېتىكا تارىخىدا ھەر خىل قاراشلار بولۇپ، مۇنازىرىلەر توختىمىغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قارىشىچە:

681. بۇ بەخت قايدا بولسا بويۇن ئەگ، ياراش،
قىيرىشساڭ ئۇنىڭلە قاتار غەمدە باش.

682. بۇ بەخت كەلسە ئىنسان كۆڭلى قۇتلىنىپ،
تۇمەن مىڭ تىلەككە يېتىپ، يەيدۇ ئاش.

مانا بۇ بەختنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدىكى بايانلار. بۇ بايانلاردىن قارىغاندا، ئاپتور دەۋاتقان بەخت، رېئال تۇرمۇشتىكى خۇشاللىق بىلەن قانائەتلىنىشتىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» رېئاللىقتىكى بەخت دېگەننى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلمايدۇ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

3975. يامان ئەرمەس ئەمدى بۇ دۇنيا قۇتىن —
تېپىپ، بىلسە ياشاشنى، چىقارسا ئېتىن.

ئەمما ئاپتورنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ كىشىلەر بەختىنى ئەڭ يۇقىرى فېئودال ھۆكۈمرانلار بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلاپ قويغان. چۈنكى فېئودال ھۆكۈمرانلار ئەمەلىيەتتە كىشىلەر تەقدىرىنىڭ خوجايىنى. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يېتەكچى ئىدىيىگە ئاساسلانغاندا، رېئاللىقتىكى تۇرمۇش قىسقا، شۇنداقلا ھەم مەنىسىزدۇر. پەقەت ئاخىرەت مەڭگۈلۈك، شۇنداقلا مەنىلىك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقىقىي بەخت يەنىلا باقىي ئالەمدە بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئەمەس، بۇ دۇنيا خۇددى ئۆتكۈنچى شامالغا ئوخشاش، بۇ دۇنيادىكى بەختمۇ ئۆزگىرىشچان، مانا بۇ «قۇتادغۇ بىلىك» دېمەكچى بولغان بەخت مەسىلىسىدىكى مەركىزىي نۇقتا.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» رېئاللىقتىكى بەختنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. بىراق ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ئىدىيىدىن ئېيتقاندا، رېئاللىقتىكى بەختنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەۋاتقىنى ھەقىقىي بەخت باقىي ئالەمدە بولۇپ، ئۇنىڭ بەخت

قارىشى، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىپ باقىي ئالەمدىكى بەختنى تىلەشكە باشلاشتىن ئىبارەت.

ئەقىل ـ پاراسەت دېگەن نېمە؟ ئەقىل ھەرگىزمۇ بىر ئېتىكا ـ ئەخلاق مەسىلىسى ئەمەس. بىراق بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار بىر خىل ئەڭ ئالىي ئەخلاق دەپ قاراپ، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەكلەشتۈرىدۇ. پلاتون ئەقىل، باتۇرلۇق ۋە ئىدارە قىلىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەخلاقنىڭ تېمىسى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. خرىستىئان دىنى ئەخلاقىدا ئوخشاشلا ئادالەت، ئەقىل، باتۇرلۇق، تىزگىنلەش قاتارلىق تەلەپلەر كۆرسىتىلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە، ئەخلاقىي مىزان بولغان ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ كۆرسىتىدىغىنى نېمە؟ كىتابتىكى باياnlاردىن قارىغاندا، ئۇ ئاساسلىقى ئادەمنىڭ يۈكسەك پەزىلىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ گۈزەل ئەخلاقتۇر، ياخشىلىقنىڭ بەلگىسىدۇر، ئادەمنىڭ يۈكسەك بىر خىل يۇقىرى قاتلاملىق سۈپەتكە ئۆرلەيدىغانلىقىدۇر دەپ كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاپتور كىتابتا مۇنداق دەيدۇ: «ئەقىل قىممىتى ئەڭ يۇقىرى»، شۇنىڭدەك مەخسۇس ئەقىل توغرىسىدىكى ئوننىچى بابتا ھەم مۇنداق دەيدۇ:

289. ئۇسسا ئەر ئەقىلدىن، بىلىمدىن بۇيۇر،<br>بۇ ئىككى بىلەن ئەر قەدىرلىك بولۇر.

ئەقىل ئادەمنىڭ ئىچكى زىننىتى بولۇپ، بۇ خىل ئىچكى سۈپەت ياردىمىدە، ئادەم ئاندىن ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى قەدىرلىك، كاتتا بولغان «قىممەتلىك ئادەم» گە ئايلىنالايدۇ. بەلكى ئەقىلسىز، ھاماقەت، تۆۋەن پۇقرادىن پەرقلىنىدۇ. قىسقىسى، ئەقىل ئادەمنىڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى پەزىلىتىدۇر.

151. خۇدا بەرسە كىمگە ئەقىل ـ ھوش، بىلىك،

تولا ياخشىلىققا ئۈزاتۇر ئىلىگ① .

بىراق، بۇ يەردە دەۋاتقان ئالىيجاناب ئادەم، ئېسىل ئادەم، كاتتا مۇكەممەل بولغان ئادەم قاتارلىقلار مۇقەددەس بولغان تەبىقە قارىشى بىلەن ناھايىتى زىچ باغلانغان. ئەمەلىيەتتە، پەقەت ھۆكۈمران سىنىپ ئىچىدىكى ئادەم بولغاندا، ئاندىن ئاپتورنىڭ قەلبىدىكى ئېسىل ئادەم بولىدۇ. ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى، ئېزىلگۈچىلەر بۇنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتور ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى ئەقىللىق ۋە ئەقىلسىز دەپ ئىككى تارماققا ئايرىغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ خىل پەزىلەت ئاساسەن ئالىيجاناب ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلاردىلا بولىدۇ.

قانائەت قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئادەتتىكى مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەتلا ھازىرقى ھالەتكە قانائەت ھاسىل قىلىپ، بەلكى باشقا تەلەپلەرنى قىلماسلىقتەك ئىدىيىۋى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قارىشىمۇ ئوخشاشلا

3799. تولا ياخشى ئېيتمىش قانائەتلىك ئەر،
قانائەت ئىچىندە بەخت قۇچقان ئەر.

3800. كېلىمغا يېگۈدەك جاھاندا يېدىم، بەس،
ئېگىنلەرنى يەتكۈنچە، كىيدىم كىيىم، بەس.

دېگەندىن ئىبارەت. بۇ جۈملىلەر ناھايىتىمۇ ئەمەلىي ھالدا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ قانائەت قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاپتورنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، پەقەت يەيدىغان نەرسە بولۇپ

① ئىلىگ — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قول. «قۇتادغۇ بىلىك» 〔50〕 ئىزاھات.

قورساق تويسىلا بولدى. مەيلى نېمە يېيىشتىن قەتئىينەزەر، ئالايلۇق، لەززەتلىك نېمەتلەر، بۇغداي، ئارپا، كېپەك، نان ھەممىسى ئوخشاش، ھەممىسىلا قانائەت ھېس قىلدۇرۇشى، ھەممىگە كۆز قىزارتماسلىقى، يامان كۆرىدىغان گەپ ـ سۆزلەر بولماسلىقى لازىم.

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، مۇبادا ھەرقانداق شەكىلدىكى كەچۈرمىشلەر بولسۇن، ھەممىلا يەردە قانائەت ھاسىل بولۇشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۆزىنى رازى قىلغىلى، ئۆز ـ ئۆزىنى خۇشال قىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، («بولۇر بەختىيار بەگ، دېسە بار يېتەر» (3798 ـ مىسرا) قانائەت قىلغۇچى نامرات بولسىمۇ باي ھېسابلىنىدۇ. قانائەت قىلغۇچى قۇل ئاچكۆز پادىشاھتىن ئۈستۈن كېلىدۇ. بۇ دېگەنلىك، رېئاللىقتىكى تۇرمۇش ئادەمنىڭ رازى بولۇش ـ بولماسلىقىنى بەلگىلىمەستىن، بەلكى ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىدىغان ھېسسىيات ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ ئەلۋەتتە كۈلكىلىكتۇر.

بۇ خىل قانائەت قىلىش ئادەمنى ھازىرقى ھالىتىگە رازى بولۇپ، ئىنتىلىش، تەلەپتىن ۋاز كەچتۈرىدىغان، ئىلگىرىلەشكە يول قويمايدىغان پاسسىپ قاراشتۇر، «قۇتادغۇ بىلىك» بۇ خىل پاسسىپ ئىدىيىنى بىۋاسىتىلا بايان قىلىدۇ:

3797. يۈتۈن بولدى ئەگنىم، قارنىم بولدى توق،
يېتىپ كەتسۇن دۇنيا، بۆلەك نەپئى يوق.

نېمە ئۈچۈن بۇ خىل قانائەت كۆز قارىشى ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى بولۇشى لازىم؟ چۈنكى بۇ ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. بارلىق ئەخلاقىي مەرۇپلەر، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئاللانىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن،

(«رىزا ۋە رىزالىق — قۇتلۇغلىق ئاتا») (2159 ـ مىسرا)

ئەگەر سەن ئاللاغا چىن ئىخلاس قىلساڭ، ئۇنداقتا قانائەتلىك بولۇشۇڭ لازىم. ئەگەر سەن قانائەتچان بولساڭ، ئۇنداقتا سەن ئاللاغا بولغان ئىخلاسمەنلىكىڭنى ئىپادىلىگەن بولىسەن. قانائەت قىلمىغاندا، شەك ـ شۈبھىسىز ئاللاغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئادالەت، بەخت، ئەقىل، قانائەت «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تۆت چوڭ ئاساسىي ئەخلاق مىزانىدۇر. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئادالەت ئەڭ ئاساسلىق بولۇپ، ھەممە ئادەم چوقۇم ئەمەل قىلىشى زۆرۈردۇر. بىراق ئۇنىڭ ئوخشاشمىغان كىشىلەرگە بولغان رېئال مەنىسى ئوخشىمايدۇ. ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا قويغان تەلەپ ئەينى ۋاقىتتىكى تەبىقىلىك تۈزۈمدىكى جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىگە ئاساسەن ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈش؛ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلارغا قويغان تەلەپ ئۇلارنىڭ بۇ خىل تۈزۈمگە بويسۇنۇشى ھەم خىلاپلىق قىلماسلىقىدىن ئىبارەت. بەختنى ھەممە ئادەم قوغلىشىدۇ، ئەمما ئۇ ئەمەلىيەتتە قۇرۇق بولۇپ، ھەقىقىي بەخت باقىي ئالەمدە. شۇ سەۋەبتىن بەختنىڭ ھەقىقىي مەنىسى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ ئۆتۈشتە. ئەقىل يۇقىرى دەرىجىدىكى پەزىلەتكە مەنسۇپ، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمران سىنىپلار ئەربابلىرى ئارىسىدا سۈپەتكە ئىگە بولالايدۇ. قانائەت، ئاساسلىقى ئاۋام خەلققە قارىتىلغان. ئۇلار ئۆز نېسىۋىسىگە شۈكرى ـ قانائەت قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ. بۇ تۆت ئاساسىي ئەخلاق مىزانىنى چۆرىدىگەن ھالدا، «قۇتادغۇ بىلىك» بىر قاتار ئەخلاقىي كاتېگورىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، مەجبۇرىيەت بىلەن مەنپەئەت، ئارزۇ ـ تەلەپ بىلەن ئېتىقاد ھەمدە مەردلىك، ئادەمگەرچىلىك، ئىشەنچ، ساداقەتلىك،

www.uyghurkitap.com

ئار ـ نومۇس، كەمتەرلىك، باتۇرلۇق، غايە قاتارلىقلار. بەزىبىر ئېتىكىلىق مەسىلىلەرگە قارىتا يەنە ئاز بولمىغان بايانلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ئائىلىۋى، مۇناسىۋەت ئەخلاقى، مۇراسىملارغا تەكلىپ قىلىش، ئائىلە باشقۇرۇش يوللىرى قاتارلىقلار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «قۇتادغۇ بىلىك» يەنە ئەخلاقىي تەربىيە مەسىلىلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

## 6. بىلىم قارىشى

«قۇتادغۇ بىلىك» تە بىلىم ھەم ئەقىل توغرىسىدىكى بايانلار ناھايىتى كۆپ، بۇ خىل بايانلاردا، ئاپتورنىڭ بىلىش ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن.

ئادەمنىڭ پەزىلىتى، بىلىمى نەدىن كېلىدۇ؟ ئەسلىدىلا بارمىدى ياكى كېيىن بارلىققا كەلگەنمۇ؟

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلىشنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغاندى.

1678. بىلىملىك تۇغۇلۇرمۇ ئانادىن كىشى،  
ۋە يا ئۆگىنەمدۇ يېتىلسە يېشى؟

1816. كىشىلەر بولۇرمۇ ھېكىم ئۆگىنىپ،  
بولۇرمۇ تەبىئىي ياكى تۇغۇلۇپ؟

بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئاپتور بىلىشنىڭ بارلىققا كېلىش مەنبەسىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ يەتكەندى.

1825. بىلىم يا پەزىلى كىشى ئۆگىنۇر،  
مەگەركىم ئەقىل ئۇ، تەبىئىي بولۇر.

1826. كىشلەر بۇنداق ئوخشاش تۈركچە ماقال،
ئوقۇپ سەن، ئۆزۈڭگە بۇندىن پايدا ئال.

1827. كىشى ئۆگىنىپ كۆپ تاپار ئىلىم، بىل،
ئۆگەنسە ھەر قانچە، تاپالماس ئەقىل.

بۇ يەردىكى كۆز قاراش ناھايىتى روشەن: بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ؛ ئەقىل ھەقىقەتەنمۇ تەبىئىي ھاسىل بولغان.

كىتابتىكى يەنىمۇ ئەتراپلىق بولغان بايانلارغا قارىساق:

1680. بىلىمسىز تۇغۇلار، يۈرۈپ ئۆگىنۇر،
بىلىم بىلسە ئىشلار ئۇتۇقلۇق بولۇر.

1681. ئانادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ ئۇ تۆرگە چىقار.

1682. ئەقىلدۇر ئۇنى ئۆگىنەلمەس ئادەم،
تەبىئەتكە قوشۇپ ياراتۇر ئىگەم.

1683. ئەقىلدىن بۆلەك بارچە ئەردەملىنى،
كىشى ئۆگىنىپ، ئاشۇرار ئىلىمنى.

بۇ يەردە ئەقىلنى خۇدا تەبىئەتكە قوشۇپ ياراتقاندۇر، بىلىم ئۇ ئۆگىنىش ئارقىلىق بولىدۇ، دېيىلگەن. ئاپتورنىڭ بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقىنى ئەقىلدىن باشقىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دېيىشتىن ئىبارەت.

بۇ خىل قاراش، ئەمەلىيەتتە ھۆكۈم قىلىدۇكى، ئادەمنىڭ

ئەقلي قابىلىيىتى، يەنى بىلىش ئىقتىدارى تۇغما بولىدۇ، ئەمما بىلىم ئۆگىنىش نەتىجىسى كېيىن بولىدۇ. مۇشۇ ئارقىلىق بىلىش قابىلىيىتى بىلەن بىلىشنىڭ نەتىجىسى ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىلىدۇ. بىراق بۇ خىل كۆز قاراشتا بىلىش پۈتۈنلەي تۇغما بولىدۇ دېيىلمىگەن. شۇڭلاشقىمۇ مۇكەممەل بولغان ئەزەلىيلىك نەزەرىيىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، ئۇنىڭدىكى پايدىلىق تەرەپلەرنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاپتور كۆپ هاللاردا بىلىمنى كېيىن ئۆگىنىشكە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ پۈتكۈل بىلىش نەزەرىيىسىدىكى قىممەتلىك تەرەپ بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەقىلغا مۇۋاپىق ئامىلدۇر.

ئۇنداقتا، تۇغما ئەقىل بىلەن كېيىنكى بىلىم ئارىسىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟ دانىشمەنلەر، ئالىملار، ئۇلار تۇغما ئەقىللىقمۇ ياكى كېيىنكى بىلىمدىن شۇنداق بولغانمۇ؟ ئۆگدۈلمىش بۇ مەسىلىنىڭ «ئاساسىنى» ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:

1818. ياراتىشتا بەرسە خۇدا ئەقىل ـ كۆڭۈل،
تاپۇر دەسمايىنى بىلىككە ئوغۇل.

1819. ئۆسەر كۈنمۇ ـ كۈن، ئەقلى كامىللىنۇر،
نېمىكى خالىسا شۇنى ئۆگىنۇر.

1820. يېتىپ ئاخىر بىلىمگە، ئالىم بولۇر،
بۇ ئىلمى بىلە ئەلگە پايدا تېگۇر.

1821. ياراتقان چېغىدا ئەقىل بەرمىسە،
يېتەلمەس تىلەككە هەر نە ئەيلىسە.

ناھايىتى روشەنكى، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى: ئەقىل - كۆڭۈل بولغاندا ئاندىن ئىلىمنى تاپقىلى بولىدۇ؛ بىلىم بولغاندا، ئاندىن ئالىم (ياكى ئاندىن «ئادەم») بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپتىكى مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر تەرەپتىن، مۇبادا ئەقىل بولمىسا، ھەرقانچە قىلسىمۇ ھېچنېمىگە يېتەلمەيدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەقىل - كۆڭۈل ئەقىل - پاراسەتنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ تەبىئىي ھالدا ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىنى، ئادەمنىڭ ئالىم بولۇش - بولالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ.

تەبىئىي ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، تۈپ ئاساسىدىن ئادەملەرنىڭ دەرىجىگە ئايرىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ خىل قاراش، ئاپتورنىڭ دەرىجە قارىشىنىڭ ئىنكاسىدۇر، شۇنداقلا، يەنە ئاپتورنىڭ ئادەمنىڭ تۇغمىلىقى جەھەتتىكى كۆز قارىشى بىلەنمۇ ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن. ئوخشاشلا، ئۇ ئاپتورنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئەزەلىيەت نەزەرىيىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر. بىراق، «قۇتادغۇ بىلىك» تە پەقەتلا مۇشۇنداقلا دېيىلگەن ئەمەس. ئۇ يەنە مۇنداق قارايدۇ: ئەقىل بولسا، يەنە بىلىمگە ئېرىشىشنى تەلەپ قىلغاندا ياخشى ئالىم بولالايدۇ. شۇڭا، ئادەم ئالىم بولالامدۇ - يوق، ئادەم قانداق ئادەم بولىدۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ قانداق بىلىم ئۆگەنگەنلىكىگە قارىلىدۇ. مانا مۇشۇ تەرەپلەردىن سۆزلىگەندە، ئۇ ئىلىمنىڭ ئادەمگە قارىتا ھەل قىلغۇچ رولىنى تەكىتلەيدۇ. مانا بۇ قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك تەرەپتۇر. ئومۇمەن ئەقىل بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەقىل - پاراسەت يەنە ئاساس، ئەقىل ئاساسىي جەھەتتىن بىلىمنى كونترول قىلىدۇ؛ بىراق بىلىم ئەقىلغا قارىغاندا يەنىمۇ رېئال بولۇپ، ئەقىل چوقۇم بىلىم ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە ئىشقا ئاشىدۇ. بىر ئادەمگە قارىتا

ئېيتقاندا، ئەقىل بىلىمنى بەلگىلەيدۇ. بىلىم ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، ئالىم ياكى باشقىچە ئادەم بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ بىر تۈرلۈك «ئەقىل — بىلىم — ئادەم» نىڭ ئۈچ قاتلاملىق، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدىغان مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت.

ئادەتتىكى ئادەملەر، مەسىلەن، ئادەتتىكى ئالىم توغرىسىدا ئۇ: «كىشى ئۆگىنىش بىرلە ئالىم بولۇر» (4022 ـ مىسرا) دەيدۇ. تەكىتلەيدىغىنى ئۆگىنىشنىڭ «كىشىلەر» گە، «ئالىملار» غا بولغان ھەل قىلغۇچ رولى. لېكىن ئۆگدۈلمىشكە ئوخشاش ناھايىتى تالانتلىق ئادەمگە نىسبەتەن، كىتابتا مۇنداق دەيدۇ:

1684. ئۇلۇغ بولغۇچى ئوغلان ئۇ مەرد تۇغۇلۇر،
كىچىك ۋاقتىدا ھەممە نىشان كۆرۈلۈر.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلىم ۋە ئەقىلگە ناھايىتى يۇقىرى مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئۇ ئاللانىڭ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئۇنى ماختايدۇ:

1813. ئەگەر تەڭرى قۇلنى قەدىرلىك قىلۇر،
بىلىم ئىشىكى ئېچىلۇر، يولى ئۇڭشىلۇر.

1814. تاپۇر بەخت كۈنسايىن بىلىم بىلسە ئەر،
كىچىك بولسىمۇ، ئورنى كاتتا بولۇر.

ئۇ بىلىمنى ئىنتايىن يۇراقلىق بولغان ئىپارغا، مەرۋايىتقا ئوخشىتىدۇ. بىلىم مەڭگۈ ئۆپرىمايدىغان بايلىق، ئۇنى ئوغرى ـ قاراقچى مەڭگۈ ئالالمايدۇ دەپ تەمسىل قىلىدۇ. ئۇ دۇنيادا بىلىمنىڭ قىممىتى بىلەن سېلىشتۇرغىدەك ھېچ نەرسە يوق دەپ

ھېسابلايدۇ. ئۇ مەدھىيىلەپ مۇنداق دەيدۇ:

317. ئەقىلدۇر ساڭا ئانت قىلىشقان ئاداش،
بىلىم چىن مېھرىبان ساڭا قېرىنداش.

يۇقىرىقى بايانلار «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نامى — بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم دېگەن مەنىنى بېرىدىغانلىقىنى ۋە يەنە كىتابنىڭ ئالتىنچى بابى «ئادەم بالىسىنىڭ قىممىتى بىلىم ۋە ئەقىلدىن ئىكەنلىكى بايانى» دېگەننى تېما قىلىدۇ.

نېمە ئۈچۈن «قۇتادغۇ بىلىك» بىلىمنى مۇنچىلىك ماختايدۇ؟ داستاندىكى لىرىكىلىق سۆزلەردىن قارىغاندا، ئاپتوردا بىلىمنىڭ ئەھمىيىتىگە قارىتا ناھايىتى يۇقىرى باھاسىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇلارنى يىغىنچاقلىساق، ئومۇمەن تۆۋەندىكىدەك تەرەپلەرنى كۆرىمىز:

بىرىنچى، بىلىم ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بىر تەرەپ.

1845. كىشىنى ئايرىغان بىلىم يىلقىدىن،
كىشى قولى ئۈستۈن بولۇر ئىلمىدىن.

1846. يۇرى، يىلقا بولما، ئەقىل، بىلىم بىل،
بىلىم بىرلە سۆزلە، يورۇق تۈت تىلىڭ.

ئىككىنچى، بىلىم ھەممىنى كۆزىتىپ، دۇنيانى بىلىش ئارزۇسىنى ئاشۇرىدىغان كۈچ مەنبەسىدۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» ئىنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

3168. بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،

155. ئەقىللىق ئۇقار ئول، بىلىملىك بىلۇر،
بىلىملىك، ئەقىللىق تىلەككە يېتۇر.

بىلىم بولسا، ئۇ ئارقىلىق شەيئىنى چۈشىنىشكە، پىششىق بىلىشكە بولىدۇ. قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندىمۇ بىلىم ئارقىلىق ئۇنى يېشىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا قىلغان ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

كىتابتا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ:

250. كۆرەرسەنكى، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكۈنچى،
ئاۋام خەلق ۋە يا بەگ جاھان تۇتقۇچى.

251. ئۇلاردىن بىلىملىك بولۇر قايسىسى،
بولۇپ ئۆتتى دۇنيا ـ زامان ئىگىسى.

بىلىم بولسىلا جاھان تۇتقىلى، زاماننى ئىدارە قىلغىلى بولىدۇ. بۇ نېمىدېگەن مەردانە، ئۇلۇغۋار سۆزلەر ـ ھە! شۇڭلاشقا، ئىنسان ھەقىقەتەن بىلىمنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ياشايدۇ، گۈللەپ تەرەققىي قىلالايدۇ. «بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.» (208 ـ مىسرا) دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە دېمەكچى، ھەرقانچە قىيىن مەسىلىمۇ بىلىمنىڭ كۈچى ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەل قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بىلىم ئادەمنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا چىقىشى، ئادەم ئادەمدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئاساسىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» بىلىمنىڭ قىممىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈردۇ. ئۇنىڭ شەخسكە ئېيتقاندا قانداق رولى بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە رولى چوڭ بولىدۇ:

160. كىشىگە ئىرۇر كۆپ ئەقىل پايدىسى،
بىلىم بىلسە ئىنسان ئەزىز بولغۇسى.

بۇ يەردىكى ئەزىز بولۇش، ئادەمنىڭ پەزىلەت جەھەتتىكى ئىسىل بولۇشى دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدىكى ئەزىز بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كىتابتا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ:

220. قايۇ ۋاقتتا بولسۇن، بۇ كۈندىن بۇرۇن،
بىلىملىككە تەگدى بۇيۇكرەك ئورۇن.

بۇ يەردە دېيىلگەن «ئورۇن» ئىجتىمائىي تەبىقىدىكى يۇقىرى ئورۇندۇر. مۇنداق بولغاندا، مەنىسى يەنىمۇ روشەنلىشىدۇ: بىلىمى بولغان ئادەم يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولالايدۇ. باشقا ئادەمگە قارىغاندا ئەزىز بولىدۇ. ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمكى، بىلىمى يوق كۆپلىگەن پۇقرالارنىڭ ئورنى ناھايىتى تۆۋەندۇر. بەلكى بۇ «ھەرقانداق دەۋردە» ئورتاق قائىدە بولۇپ، بويسۇنماسلىققا بولمايدۇ، دېمەكچى.
كىتابتا ئاپتور تەكرار مۇنداق يازىدۇ:

2451. بىلىملە بۇيۇكلەپ ئاتانغاي كىشى،
بولۇر ئەلدىن ئۇستۇن ئۇنۇملۇك ئىشى.

2646. كىشى پەزلى بىرلە كىشىدىن ئۆزار،
ئەقىل، پەزلى بولسا ئەر ئۆرلەپ ئۇچار.

ئۇ چاقىرىق قىلىپ: «بىلىم ئىزدىگىن، ئەلدىن ئۇستۇن بولۇشنى قولغا كەلتۈرگىن» دەيدۇ. بۇ سۆز، كىتابتا ئادەملەرگە

بىلىم ئۆگىنىشنىڭ شەخسنىڭ تەقدىرىگە بولغان ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى ئەڭ ياخشى بىلدۈرىدىغان نەسىھەتلىك سۆزدۇر.

تۆتىنچى، بىلىم ئەلنى تۈزەش، جاھانغا خوجا بولۇشنىڭ ۋاستىسى.

بۇ، ھۆكۈمرانلار ئۈچۈن سۆزلەنگەن بولۇپ، ئاپتور ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

218. ئەقىل بىرلە تۈتتى جاھان تۇتقۇچى،
بىلىم بىرلە تۈتتى ئەلنى سورغۇچى.

بۇ دېگەنلىك، ئەقىل بىلەن بىلىم ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى. مۇشۇنداق ئىكەن، ياندۇرۇپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمران ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدا چوقۇم بىلىم ۋە ئەقىل بولۇشى لازىم. شۇڭا كىتابتا ئاپتور يەنە مۇنداق دەيدۇ:

224. جاھان تۇتماق ئۈچۈن ئەرگە ئاڭ كېرەك،
ئەل - يۇرتنى سوراشقا بىلىم ئەڭ كېرەك.

يەككە ئادەم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىلىم يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇننى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ دەسمايىسى. پۈتكۈل ئىجتىمائىي نۇقتىدىن قارىغاندا، بىلىم جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ۋاستىسى. بىلىمنى ئىجتىمائىي ھۆكۈمرانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىش، ئاپتورنىڭ بىلىمنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىگە بولغان ئەڭ يۇقىرى باھاسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئاپتور كىتابتا يەنە، كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ بىلىم ئۆگىنىشنى، پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ بىلىم يولىدا

تەربىيىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ ۋە تەربىيىلەشنىڭ بىر قاتار ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاپتور يەنە بىلىمنىڭ چەكسىزلىكىنى ۋە بىلىم ئۆگىنىشنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

6609. بىلىم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۇۋى،
نىچەلىك سۇمۇرگەي سۇ سۇندۇك شورا.

بۇ، بىلىمنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكى، ئۇنى مەڭگۈ ئۆگىنىپ، بولغىلى بولمايدىغانلىقى، شۇڭا، مەڭگۈ قانائەتلىنىپ قېلىش، قەدەمنى توختىتىپ قويۇش، يۈزەكى ئۆگىنىپ بولدى قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئوڭايلا يەكۈن چىقىدۇ: «نىچە بىلگەن بولساڭ، يەنە ھەم تىلە» (6607 ـ مىسرا). ئاپتورنىڭ بۇ يەردە تەشەببۇس قىلىۋاتقىنى، بىر تۇرلۇك ئۆمۈر بويى ئۆگىنىش ئىدىيىسىدۇر. ئادەمدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئادەم ئۆگىنىشكە مەڭگۈ ئېھتىياج. مەيلى خان، ۋەزىر، ئالىم بولسۇن، ئۆگىنىشتە ھەممىسى ھارماي ـ تالماي مەڭگۈ داۋاملىق ئىزدىنىشى لازىم دېيىلىدۇ. ئاپتور يەنە كىشىلەرنى ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىپ، بىلمەيدىغاننى بىلىدىغان بولۇۋالماسلىق، مۇنداق بولغاندا، كۆلكىلىك ئورۇنغا چۈشۈپلا قالماستىن، بەلكى مەڭگۈ ئۆزىنى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغانلىقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

6608. بىلۈرمەن دېسەڭ، سەن بىلىمدىن يىراق،
بىلىمسىز سانالدىڭ بىلىملىك ئارا.

## 7. تەپەككۇر ئۇسۇلى

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ھەر خىل كۆز قاراشلىرىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى، ئۇنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى بىۋاسىتە كۆزىتىشتىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئەقلىي خاراكتېردىكى لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە ساددا دىئالېكتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىر پۈتۈن قوشۇلمىسىدۇر.

1. مول بىۋاستە كۆزىتىشتىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر

ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى، تەپەككۇر قىلىنىدىغان ئوبيېكت كونكرېت ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇرنى كېڭەيتىشكە ياردەم بېرىش بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلىشتۇر. تەپەككۇر ئەسلىدىلا ئابستراكت بولىدۇ، بىراق ئابستراكت تەپەككۇر ھەقىقەتەنمۇ ھېسسىي بىلىشتىكى كونكرېت ئوبراز ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىلىش ئەمدىلا ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە تەرەققىي قىلغىنىدا، دەسلەپكى باسقۇچتىكى تەپەككۇر ھەرىكىتى دائىم دېگۈدەكلا يەنە كونكرېتلىق، ئوبرازلىق ئالاھىدىلىكنى ئالغان بولىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەپەككۇر شەكلىنىڭ ئىپتىدائىي ساددا خاراكتېرى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تەپەككۇر جەريانىدىكى بىۋاستە كۆزىتىشچانلىق، ئوبرازچانلىقنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرگەنلىكىدە بولۇپ، ئاپتورنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا:

3963. كىشىنى سىناشقا بىر كۆرمەك يېتەر،
بىلىشكە تىلەك، سۆز ئىشىتمەك يېتەر.

3964. كۆرۈپ مىس، ئالتۇننى ئايرالمىسا ئەر،

ئېلىپ ئازغىنا تاشقا سوٰرتمەك يېتەر.

ئادەمنى كۆزىتىش ئۈچۈن «كۆرۈش» كېرەك. بىراق «بىر كۆرمەك» بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلىشقا بولمايدۇ. ئادەمنى بىلىش ئەلۋەتتە مۇرەككەپ جەريان، بۇنى يەنىمۇ كېڭەيتسەك، «ئالتۇن» ياكى «مىس» ئىكەنلىكىنى ئايرىش، يەنى ئوخشاشمىغان شەيئى ۋە ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئايرىشتا، تاشقا قاتتىق سۈركەشنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىۋاستە كۆزىتىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ شەيئىنى تولۇق بىلمەكچى بولۇشتۇر.

بۇ خىل تەپەككۇر ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە خىل روشەن ئالاھىدىلىكلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

بىرىنچى، بىۋاستە كۆزىتىپ تەپسىلىي بايان قىلىش. بىۋاستە كۆزىتىپ تەپسىلىي بايان قىلىش شەيئىنىڭ ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرغان سىرتقى تەسىرىدىن بىۋاستە پايدىلىنىپ ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر تەرىپىدىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق بىلىش ۋە بايان قىلىش دېگەنلىك.

«قۇتادغۇ بىلىك» نۇرغۇن شەيئىلەرگە قارىتا، بىۋاستە كۆزىتىپ تەپسىلىي بايان قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن بىلىش ۋە بايان قىلىشنى ئېلىپ بارغانىدى. ئالايلۇق،

3478. كۆڭۈل كىمنى سۆيسە تولا ئارزۇلاپ،
يۈرەر تىل ھەر سۆزدە ئېتىنى ئاتاپ.

بۇ ئاددىيغىنا ئىككى مىسرادا، بىرىنىڭ ئۆزۈن ۋاقىت ئايرىلغان يېقىن ئادىمىگە بولغان سېغىنىش خىيالى سىرتقى كۆرۈنۈش بولۇپ، بۇ خىل كۆرۈنۈش بىۋاستە كۆزىتىش بىلەن قايتا ئايان بولۇشتۇر.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

يەنە قارايلى، ئۆزۆڭنىڭ دوستىنى قانداق چۈشىنىسەن؟ بۇنىڭدىمۇ بىۋاستە كۆزىتىش ئۇسۇلى بار:

4209. ئاداش كۆڭلى بىلمەك تىلەسەڭ ئۆزۆك،
تېرىكتۇر ئۇنى، تۇر ئاڭا قاش ـ كۆزۆك.

4210. سۆيۈپ، سۆيمىگەننى بىلەيمەن دېسەڭ،
بىلىنگەي مۇھىم بىر نەرسە سورىساڭ.

4211. ئاشۇ ئىككى ئىشتا قاپاق تۇرمىسە،
بولۇر ئۇنداق ئەرنى جان دوستۇم دېسە.

مۇنداق بولغاندا، بىۋاستە كۆزىتىش بىلەن ھەقىقىي دوست ياكى ئەمەسلىكىنى، دوستلىشىشقا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل ئۇسۇل ھازىر ئاددىي، شۇنداقلا قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ.

ئىككىنچى، ئوبرازلىق تەسۋىرلەش. بۇ شەيئىنىڭ قايتا ئايان بولغان ئوبرازىدىن ئۆتۈش شەكلى بىلەن شەيئىنى تونۇش، ئىگىلەشتۇر. ئوبرازلاشقان تەپەككۇر دەسلەپكى باسقۇچتىكى تەپەككۇردۇر. ئۇنىڭدا بىۋاستە كۆزىتىش خاراكتېرى بولۇپ، بىۋاستە كۆزىتىپ تەپسىلىي بايان قىلىش بىلەن ئوخشىمايدىغان جايلىرى بار. ئۇنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل شەيئى ئوبرازى بىلەن تەمىنلىشى ئارقىلىق، كىشىلەر شەيئىنى بىرقەدەر تولۇق ئىگىلەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە، ئوبرازلىق تەسۋىرلەش بىلەن شەيئىنى ئېچىپ چۈشەندۈرۈش ھەممە جايدا ئۇچرايدۇ. ئاپتور ھەرقانداق شەيئىنى تەسۋىرلەپ قالماستىن، بەلكى ئۆزىنىمۇ تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كۇنىسىرى ئاجىزلاپ قېرىپ

قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

6529. قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغىۋاندەك،
بۈگۈن ئاڭا زەپەر ئۇرۇغىن سۇرۇتتىم.

6530. ئىپاردەك قارا باشقا مەن كافۇر پۇركۇدۇم،
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.

6531. يورۇق يازدەك ئەردىم تۇمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمكىن، ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

6532. قېيىندەك بويۇم ئەردى، ئوقتەك دۇرۇس ـ تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم، ئېڭىشتىم.

بۇ بۆلەكتىكى ئوبرازلىق تەسەۋۋۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ھەرىكەتچانلىقىدا بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرەتلىمەكچى بولغىنىنى ئۆزىنىڭ يىگىتلىكتىن ئاجىز قېرىلىققا ئۆزگىرىش جەريانىدۇر. ئاپتور كۆپ قەلەم تەۋرەتمەيلا، پىرىم ھايات مۇساپىسىنى سۈرەتلەيدۇ.

ئۈچىنچى، سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىش. سېلىشتۇرۇش — ئوخشاشمىغان شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىلىش ئۇسۇلىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى سېلىشتۇرۇش، ئوخشاشمىغان شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئوبرازنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرىدىكى پەرقلەر ئارقىلىق يەنىمۇ سېلىشتۇرۇش، تەڭلەشتۇرۇشتىن پايدىلىنىپ شەيئىنى تونۇش، ئېنىقلاش، چۈشىنىپ بىلىشتۇر. بۇ خىل سېلىشتۇرۇش، بىۋاستە كۆزىتىشتىكى ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ دائىرىسى ئىچىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ بىۋاستە

كۆزىتىش ۋە ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشمىغان شەيئىلەرنى بىلىشتە قوللىنىلغان.

ئەڭ تىپىكلىكى، يەنىلا قانداق قىلىپ ئادەمنى بىلىش مەسىلىسىدۇر. يۇقىرىقى بايانلارنى ئالساق، ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئادەمنى بىلىشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى، بىۋاسىتە كۆرۈش ھەم ئاڭلاشتۇر. ئەمما ئۇ باشقا ياردەمچى ئۇسۇللارنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ. سېلىشتۇرۇش ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىدۇر.

2251. تونۇشسىز كىشىنى بىلەيمەن دېسەڭ،
تونۇشتىن سورىغىن، بىلۇرسەن ئۆزۈڭ.

2252. يۈرەر ئۆز تويى بىرلە ھەر بىر نېمە،
دۇرۇس بول، ئەگرىگە قوشۇلۇپ يۈرمە.

2253. بۇ سۆزنىڭ گۇۋاھى بۇ بېيىتتۇر، ئوقى،
بۇ بېيىتنى ئوقۇپ سەن كۆڭۈلگە توقى:

2254. جىمىكى ماڭار ھەم ئۇچار نەرسىلەر،
ئۆزى تەڭتۇشىن ئۆزگە يولداش ئېتەر.

2255. يامان ياخشى بىرلە قوشۇلماس، قاچار،
ئومۇمغا مىسال ئۇشبۇ تەمسىل يېتەر.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى يەنىلا «كۆرۈش» ئۇسۇلى ئارقىلىق ئادەمنى چۈشىنىشتۇر، ئەمما بىۋاسىتە ھالدا چۈشەنمەكچى بولغان ئادەمگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دوستىغىمۇ قاراش، بۇنىڭ ئۆزى چۈشەنمەكچى بولغۇچىنى ئۇنىڭ دوستى ئارقىلىق سىلىشتۇرۇشنىڭ نەتىجىسىدۇر.

2. ئۆزگىچە بولغان ئۆتكۈنچى ئەقلىي لوگىكىلىق تەپەككۇر

ئۆتكۈنچى ئەقلىي لوگىكىلىق تەپەككۇر — بىۋاستە كۆزىتىشچانلىق ئوبرازىدىكى تەپەككۇرنى داۋاملاشتۇرۇش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن تەپەككۇر شەكلىدۇر. ئۇ بىر خىل ئابستراكت ئۇقۇمنىڭ ياردىمىدە، بەلگىلىك بىر لوگىكىلىق قائىدىنى قوللىنىش نەتىجىسىدە كېڭەيتىپ ئېلىپ بېرىلغان تەپەككۇر ھېسابلىنىدۇ.

فورمال لوگىكىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ئەينىيەت قانۇنىيىتىدۇر. ھەق ـ ناھەق ۋە يوللۇق ـ يولسىزلىقنىڭ چېكى ئىنتايىن ئېنىق. بۇ پەقەت شەيئىنىڭ ئەينىيەت قانۇنىيىتىنى بىلىشكە يەتكەنلىك بولۇپ، بەلكى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى باسقۇچىغا ئازراق چوڭقۇرلاپ كىرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى لوگىكىنىڭ كۆپىنچىسى بۇ خىل ئەينىيەت قانۇنىيىتىدىكى لوگىكىدۇر. ئاپتور مۇنداق دەيدۇ:

6620. دۇرۇس سۆزلىدىم سۆز، ئاچچىق ھەم يىرىك،
دۇرۇس سۆز كۆتۈرگەن ئۇ ئاقىل، قارا.

6621. ئوقۇچىغا ئارتۇق ئېغىر كەلمىسۇن،
ئۆزۈمنى مەن ئېيتتىم ئېچىپ ھەم يورا[1].

6622. دۇرۇس سۆزدىن ئۆزگە سۆزنى سۆز دېمە،
دۇرۇس ـ ئەگرى پەرقى ئېرۇر ئاق ـ قارا.

بۇلار ئاپتورنىڭ قەلبىدىن چىققان ھېكمەتلىك سۆزلەر بولۇپ، «توغرا سۆز» لەر ناھايىتى ئورۇنلۇق قىلىنغان پەلسەپىۋى يەكۈن. ئۇ كىشىلەرنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىشىنى،

---

① يورا — يورۇتۇپ، ئىزاھلاپ. «قۇتادغۇ بىلىك» 〔267〕 ئىزاھات.

ئەستىن چىقارماي «ئالاھىدە بىلىشى»، ئۇنىڭ ئۇستىگە «ھۇزۇرلىنىشى»، ھەرگىزمۇ «قىينىلىدىغان» ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماسلىقىنى سەممىمي ئۈمىد قىلغان. كىتابتا تۈز - ئەگرىلىك پەرقى ناھايىتى ئېنىق ئايرىلغان. بۇ خىل ئىدىيىۋى پرىنسىپ، كىتابتا ئەمەلىي ئىزچىللىشىپ قوللىنىلغان يېتەكچى مىزاندۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۆتكۈنچى ئەقلىي لوگىكىلىق تەپەككۇر تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپلەردە بىر قەدەر گەۋدىلىنىدۇ:

بىرىنچى، نەسىھەت قىلىپ چۈشەندۈرۈش شەكلىدىكى قائىدە سۆزلەش. بۇ نەسىھەت قىلىپ چۈشەندۈرۈش شەكلىدە قائىدە سۆزلەش ئىشى ئارقىلىق قائىدىنى ئېنىق كۆرسىتىش، قائىدە بىلەن نەسىھەت قىلىشتەك بىر تۈرلۈك تەپەككۇر شەكلىدىن ئىبارەت. شەيئىلەر ئارىسىدا دائىم دېگۈدەك تەرەققىيات جەريانىدىكى مەلۇم خىل ئورتاقلىق ئۆز ئىچىگە ئېلىنغان. شۇڭلاشقا، ئىشنىڭ پرىنسىپىنى ئېچىپ كۆرسىتىشتە، ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن سۆزلەش بىلەن بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ خەلققە نەسىھەت قىلىشنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مۇھىم مەقسىتى، كىشىلىك تۇرمۇشقا قارىتا پەند - نەسىھەت قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭدا نەسىھەت بىلەن قائىدە سۆزلەش ئۇسۇلى ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

1386. كارۋانغا ئوخشار بۇ ئادەم ئوغلانى،
تۇرالمايدۇ مەنزىلدە، مەنزىل قېنى؟

1387. تۆرەلگەندە ئوغۇل ئاتا پۇشتىدىن،
نىچە ئاي تاپار تىنچ جاي ئانا قارنىدىن.

1388. ئانادىن تۇغۇلغاندا قويسا ئىتىن،
يولۇچى بولۇپ ئۇ مىنەر ۋاقىت ئىتىن.

1389. كۈنى بىر مېڭىم ئۇ، تۈنى بىر مېڭىم،
ئۆلۈمگە ئاپىرار، قۇرۇتۇپ ئوڭىم.

1390. جاھان بىر قونالغۇ، گۆرۈڭ بىر تۇشۇن① .
قوپساڭ بۇ تۇشۇندىن تۇشۇن ئۇ ئاجۇن.

بۇ يەردە كىشىلىك ھاياتنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئاخىرى قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئۆلۈم ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ. مەركىزىي نۇقتا: ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كارۋاننىڭ توختاشلىرىنىڭ ۋاقىتلىقلىقى، بۇ ئارقىلىق كىشىلىك ھاياتنىڭمۇ ۋاقىتلىقلىقىنى سىلىشتۇرۇپ سۆزلەپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەس، چەكلىك ھەم جاپالىق ئىكەنلىكىنى كۆچەپ نەسىھەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى لوگىكىلىق تەپەككۇر جەريانى:

كىشىلىك ھايات بىلەن ئۆتەر كارۋان ئوخشىتىشتۇر (چوڭ ئالدىنقى شەرت). ئۆتەر كارۋاننىڭ تۇرۇشلىرى ۋاقىتلىق بولىدۇ (كىچىك ئالدىنقى شەرت). شۇڭلاشقا كىشىلىك ھاياتمۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ (يەكۈن).

ئەلۋەتتە، كىشىلىك ھايات كارۋان بىلەن ئوخشىشىپ كەتكەندەك قىلىسمۇ، ئەمما پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئوخشىتىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقى تولۇق بولالمايدۇ.

ئىككىنچى، تەجرىبە ئارقىلىق ئەسلىتىش. بۇ كونكرېت

---

① تۇشۇن — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قونالغۇ، چۈشكۈن، ئۆتەڭ. «قۇتادغۇ بىلىك» 〔111〕 ئىزاھات.

تەجربە ئارقىلىق تۇتۇش ھەم تېگىگە يېتىشتە بىۋاستە ھالدا ئادەتتىكىدەك يەكۈن چىقىرىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەجربە ئارقىلىق ئەسلىتىشتەك پىكىر قىلىش شەكلىگە قارىتا ناھايىتى ئېتىبار بىلەن قارايدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

4480. ئىشتىكىن، نېمە دەر سىناغان كىشى،
سىناغان كىشىنىڭ پىشىشىقتۇر ئىشى.

ئۇنىڭدا ھەتتا مۇنداق دېيىلىدۇ:

4638. سىناپ ۋە كۆرۈپ ئەر بىلمىسە بىلىم،
ئى پاك قەلب، بولماس ئۇنى ئىنسان دېسە.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاپتور تەجربىدىن بىلىم ئۆگىنىش لازىم، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، ئاپتورنىڭ كۆپلىگەن يەكۈنلىرى بىۋاستە ھالدا تەجربىدىن كەلگەن بىر تۇتاش ئويدىن كېلىپ چىققان.

2332. كېرەكمەس كۆپ چېرىك، چېرىك خىل كېرەك،
چېرىككە خىللانغان خىل قورال كېرەك.

2333. قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز، يۈرەكسىز بولۇر.

2334. سىناغان بىر ھەربىي قىياسەن دىمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كۆپ ئىمىش.

2335. دىمىش ياۋنى يەڭگەن بىر باتۇر چېۋەر،

ماڭا تۆت مىڭ ئەرلىك قوشۇن دەل يېتەر.

2336. كۆپ ئەسكەر يېيىلسا، ئىچى بۇلغىشار،
تۈزەپ بولماس ئۇنى، يارامسىز بولار.

بۇ يەردە، ئاپتورنىڭ مەركىزىي نۇقتىنىسى كۆپ چېرىك كېرەك ئەمەس، خىل چېرىك كېرەك دېگەننى چۈشەندۈرگەن. بۇ پۈتۈنلەي توغرا، بىراق ئۇنىڭ بۇ خىل يەكۈنى قەيەردىن كەلگەن؟ بىر قىسىم قوماندان، قەھرىمانلارنىڭ سىناقلىرى ھەم كۆرگەنلىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن.

ئۈچىنچى، يېتەرلىك ئاساس بىلەن بايان قىلىش مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئويلانغاندا ھەم مۇھاكىمە قىلغاندا، ئىسپاتنىڭ يېتەرلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىش.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرگە تەربىيە بېرىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بايان قىلىش جەريانىدا ئاساسنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. مەسىلەن،

1196. ئۆلۈمگە پايدا قىلماس ئالتۇن ـ كۈمۈش،
ئۆلۈمنى توسالماس بىلىم ھەم ئۇقۇش.

1197. ئۆلۈمنى توسا ئالسا دۇنيا مېلى،
ئىدى ئۆلمەس ھېچ چاغدا بەگلەر بېگى.

1198. ھېكىملەرگە ھېكمەت پايدا قىلمىدى،
ئالىملارغا ئىلىم ياردەم بەرمىدى.

1199. ئۆلۈمگە پايدا قىلسا ئەردى ئوت ـ ئەم،
قالاتتى تېۋىپلار تىرىك مەڭگۈ ھەم.

1200. ئۆلۈم يۈز ـ خاتىر قىلسا ئىدى كۆرۈپ،
مۇبارەك رەسۇللار قالاتتى تۇرۇپ.

1201. تۇغۇلغان تىرىكلەر ئۆلۈر، بىل مۇنى،
ئۆلۈشكە تۇغۇلغان، تىرىك كىم قېنى؟

بۇ يەردە ئاساسىنىڭ يېتەرلىك بولۇشى ئارقىلىق، پۇل، مۈلۈك، بىلىم، ئەقىل، ھېكمەت ياكى يۈز ـ خاتىرە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنىڭ يېتىپ كېلىشىنى توسۇشقا ئامالسىز دېگەننى ئىسپاتلايدۇ.

تۆتىنچى، پەرەزلىك يەكۈن. بۇ لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىشنىڭ بىر تۈرى، ئۇ پەرەز قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدىن چىقىپ، بەلگىلىك بىر يەكۈن چىقىرىشتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ جايلاردا پەرەزلىك يەكۈن ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن مەسىلىلەردىن يەكۈن چىقارغان. مەسىلەن، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ كىشىلىك ھاياتقا قارىتا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە كۆز قارىشى بولغان. بىراق رېئاللىقتىكى ئادەملەر ھەرگىزمۇ كىتابتا تەسۋىرلەنگەن «ئادەم» دەك ئېسىل بولمايدۇ. ئاپتور كىتابتا دوستلارنىڭ جاپاسى، زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن قايغۇرغان ھالدا مۇنداق دەيدۇ:

6583. ئەگەر ئات بىلەن بولسا، ئىشەنچ ئەمىنلىك،
بۇ ئاتنى تۇتقۇچى كىم؟ ئۇنى ئەر ئاتاي مەن.

6584. تۇزۇ ـ ناننىڭ ھەققىنى ساقلاۋچى بارمۇ؟
كۈمۈش، جەۋھەر، ئالتۇن بىلەن غەرق قىلاي مەن.

6585. قېنى، غەم ـ سۆيۈنچكە ھەمراھ قوشنا ـ قولۇملار،
بېرىپ بارلىقىمنى، مەن ئۆيدىن چىقاي مەن.

6586. ئاداش ـ قولدىشىمدىن كىمىم بار ئىشەنچلىك،
ئۇنى مەن قىلىپ بەگ، ئۆزۈم قۇل بولاي مەن.

ئاپتورنىڭ بۇ يەردە ئېيتقانلىرى مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان بىر قىسىم پەزىلەت، لېكىن يەنىلا ھېسسىي پەرەز ئارقىلىق ئۇقتىلىق بىر تۇرلۇك پەرەز بىلەن مەدھىيىلەشتۇر.

بىراق، ئاتتىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى بەلگىلەنگەن بولسا، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئومۇمىي يەكۇنمۇ پەقەتلا بىر تۇرلۇك پەرەزلىك بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەرگىز بۇنداق بولمايدۇ.

بەشىنچى، قىسمەن يىغىنچاقلاش. يىغىنچاقلاش — نۇرغۇن ئايرىم بىلىشلەر ئارقىلىق يىغىنچاقلاپ چىققان ئومۇمىي بىلىشتەك تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر.

يىغىنچاقلاشنىڭ تولۇق يىغىنچاقلاش ۋە قىسمەن يىغىنچاقلاشتەك ئىككى تۈرى بولىدۇ. تولۇق يىغىنچاقلاش — ئومۇمىي ھەمدە ئوخشاش خىلدىكى ئوبيېكتلاردىن ئومۇمىي يەكۇن چىقىرىش. قىسمەن يىغىنچاقلاش — ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ئوبيېكتلاردىن ئومۇمىي يەكۇن چىقىرىشتۇر. تولۇق يىغىنچاقلاش ئەمەلىيەتتە ئاسان ئەمەس. تەپەككۇر جەريانىدىكى يىغىنچاقلاشنىڭ كۆپىنچىسى قىسمەن يىغىنچاقلاشتۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» مۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان، بولۇپمۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى ئۈستىدە يىغىنچاقلاش بىلەن خۇلاسە چىقارغان. خۇلاسە قىلىشتا، ئۇنىڭ چىقارماقچى بولغان يەكۈنى:

www.uyghurkitap.com

6465. جاھان پەيلى پۈتكۈل بۆلەك بولدى، كۆر،
كىشى كۆڭلى تىلدىن بۆلەك بولدى، كۆر.

«بۇزۇلدى جاھان، بىل، ئۆتۈپ ئاي ۋە كۈن»، زادى نېمە ئۈچۈن ئادەمنى چۆچىتىدىغان مۇشۇنداق يەكۈن چىقىرىدۇ؟ ئاپتور پۈتۈن كىتابنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا بايان قىلغان تۆۋەندىكىدەك كۆپلىگەن «ئەمەلىيەت» تىن يىغىنچاقلىغان يەكۈننى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

6466. ۋاپا كەتتى خەلقتىن، جاپا غولىدى،
ئىشەنچ قىلغۇدەك بىر كىشى قالمىدى.

6467. ۋاپا كەتتى خەلقتىن، جاپا ئالدى ئىز،
ئىشەنچ ۋە تايانچقا لايىق كىشى قىز.

6468. تۇغقانلىق، يېقىنلىقنى تاشلاپ قاياش،
ساداقەتنى ئەتتى تەرك ياخشى ئاداش.

6469. كىچىكتە ئەدەب يوق، ئۇلۇغدا بىلىك،
قوپاللار كۆپەيدى، يوقالدى سىلىق.

6470. يېقىنلىق بولدى، بەس، پۇل - يارماق ئۈچۈن،
قېنى ئىش قىلغۇچى دۇرۇس، ھەق ئۈچۈن؟

6471. ئامانەت ئېتى بار، قېنى قىلغۇچى،
نەسىھەت سۆزى بار، قېنى تۇتقۇچى؟

6472. قېنى ئەمىر - مەرۇپ قىلغۇچى كىشى،

مۇشۇنداق بولۇپ، بىلىملىك خار بولدى، چەتلەتتى
ئۆزىنى؛ ئەقىللىق گاچا بولدى، ئاچماس تىلىنى؛ سودىگەر
ئامانەت ۋەدىسىنى يوقاتتى؛ ھۈنەرۋەن نەسىھەت ـ ئۆگۈت تەرك
ئەتتى؛ ئاتالىق قىلۇر، كۆر ئاتاغا ئوغۇل؛ پىتنە ـ پاسات
ئىگىسى ئاتالدى ئەرەن؛ كۆپەيدى ئەل ئىچىدە يامان ـ پەس
كىشى؛ قانۇن بۇزۇلدى، ھارام غولدىدى؛ دۇرۇسلۇق كەتتى،
كىشىلەرنىڭ دىلى قارايدى قاتارلىقلار.

بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقى ۋە
رەزىللىكىنى پاش قىلىش بولۇپ، ھاكىممۇتلەقلىق، زوراۋانلىق،
جاھالەت ھۆكۈمرانلىقىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى
سۈرەتلەيدۇ. بۇ سانسىزلىغان ئەمەلىيەتلەر ئارقىلىق، ئاپتور
ئاندىن يىغىنچاقلاپ تۇرۇپ جاھاننىڭ كۈندىن ـ كۈنگە
يامانلاشقانلىقىدىن يەكۈن چىقىرىدۇ.

3. ساددا دىئالېكتىكىلىق ئەقلىي تەپەككۇر

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە
بولغان چوڭ ئالىمى ئىدى. ئۇ ئىلگىرىكى ئىسىل مەدەنىيەت
مىراسلىرىنى، جۈملىدىن دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇرنىڭ
نەتىجىلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئەسىرىدە
گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىرى ئىچىدە بىۋاستە كۆزىتىشتىكى ئوبرازلىق
تەپەككۇر ۋە ئەقلىي باسقۇچقا ئۆتۈشتىكى لوگىكىلىق تەپەككۇر
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇرمۇ بار
ئىدى. لېكىن بۇ خىل دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر يەنىلا دەسلەپكى
باسقۇچلۇق، شۇنىڭدەك ساددا، يەنىلا ھەرقايىسى تەرەپلەرگە
چېچىلىپ كەتكەن بولۇپ، سىستېمىلىق ئەمەس، يېتەكچى
تەپەككۇر شەكلىگە كۆتۈرۈلمىگەن. شەيئىلەرگە يۈرگۈزگەن

ئايرىم دىئالېكتىكىلىق تەھلىللىرىدىمۇ چەكلىمىلىك بار.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ساددا دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، قارىمۇ قارشىلىقنى ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلى. بۇ شەيئىلەرنىڭ قارىمۇ قارشى تەرەپلەردىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. شۇڭلاشقا ئىككىگە بۆلۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەيئىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنى ئىگىلەش لازىم.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە كۆپرەك قوللانغىنى، يەنىلا ئەقلىي خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككىگە بۆلۈش نۇقتىئىنەزىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئالايلۇق:

144. يىغىدۇر بۇلارنىڭ بىرىگە ـ بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ، قىلدى جەڭنى ئىرى.

145. ئۇرۇشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۇچۇن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۇچۇن.

146. يېتىشلىك ئىلاھىم سىلىپ ئىزغا ئۆز،
ياراتتى ئۇلارنى، ياراشتۇردى تۈز.

بۇ يەردە، يۇلتۇزلار ئارىسىدا ئۆزئارا دۈشمەنلىشىش، «ئۆچمەنلىك» بولىدۇ، يەنە ئاداۋەت كۆتۈرۈلگەچكە يارىشىپ قالىدۇ. ئىلاھ ئۇلار دۈشمەنلەشكىنىدە بىر ئىزغا سالغان. شۇنداق قىلىپ، قۇدرەتلىك ئىلاھ تەبىئەت دۇنياسىنى تەرتىپى بولغان ھالدا ئۆزىنىڭ توغرا يولى بىلەن بىر ئىزغا سالغان، دېيىلگەن. ئۇنداقتا، ئىلاھ شۇ قەدەر قۇدرەتلىك، كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك قانداق شەكىلدىكى كۈچتۇر؟ بۇ پەقەت

قارىمۇ قارشىلىق، يەنە بىرلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردە ئاپتور مەخسۇس هالدا دىئالېكتىكا ياكى قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى نەزەرىيىسى ئۈستىدە توختالمىغان. لېكىن بۇ يەردە ئاتىلىۋاتقىنى ھەقىقەتەن قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدەك تەبىئىي قاراشنىڭ ئۈستىلىق بىلەن يېزىلىشى بولۇپ، قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى كۆز قارشىنىڭ ئەپچىللىك بىلەن قوللىنىلىشىدۇر.

كىتابتا، شەيئىدە قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى بولۇپ قالماستىن، بەلكى قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ يەنىلا ئۆزئارا ئۆزگىرىدىغانلىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ بايانلار بار. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىمۇ شەيئىلەر ئۆزگىرىشىدىكى شەرت چەكلىمىسىگە قارىتا يېتەرلىك چۈشىنىش كەم بولغانلىقتىن، ئۇ كىتابتا قارىمۇ قارشى شەيئىلىك ئۆزئارا ئالمىشىشنى سۆزلىگەن ۋاقىتتا، بەزىدە ئوخشايلا ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەرتكە سەل قاراپ، شەرت ئېلىپ تاشلانغان. بۇنىڭ بىلەن نىسپىيچىلىك تەرەپكە ئېغىپ كەتكەن.

ئەگەر ئەقلىي ھالدا كۆزىتىش ئېلىپ باردى دېگەندە،

6446. ھۇزۇرى مۇشەققەت، خۇشاللىقى غەم،
ئەزىزلىقى خارلىق، ئاۋۇنچى ئەلەم.

دېمەك، دۇنيانىڭ ھالىتى مۇشۇنداق. مۇشۇنداق بولسا، بۇ دېگەن ئۇ، ماۋۇ دېگەن ئاۋۇ، دەپ تونۇيدۇ. شەيئىلەر ئارىسىدا مۇقىم بولغان چەك — چېگرانى كۆرۈۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. بىراق، كىتابتا نىسپىيچىلىك قارىشى بولسىمۇ، ئەمما ئاساسىي ئورۇندا تۇرمايدۇ.

ئىككىنچى، قارارسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇش كۆز قارىشى. بۇ قارارسىز ئۆزگىرىپ، مۇقىم بولالماسلىق كۆز قارىشىدىن چىقىپ دۇنيانى كۆزىتىپ پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت. ئاپتور ھەرقانداق شەيئى ھەرقاچان ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ھېچقانداق

تۇراقلىقى يوق، قانۇنىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش دىئالېكتىكىغا خىلاپ.

398. ئەقىل ئەرز ئېتەر، كۆر، بىلىك بىلدۈرۈر،
قارارسىز جاھاننى ساڭا ئۇقتۇرۇر.

399. قېرى بۇ قارارسىز، ۋاپاسىز جاھان،
قىلىقى قىز كەبى، ئۆزى قېرىغان.

400. ئېرۈر بەزى خۇلقى قىز خۇلقىدەك خوپ،
ئۆزىن سۆيدۈرەر، قولنى بەرمەس تۇتۇپ.

401. ئۇ، سۆيگەننى سۆيمەس، كېيىكتەك قاچار،
قاچقانىغا يېپىشىپ، پۇتىنى قۇچار.

402. ياسانىپ ئۇ بەزى ئارقاڭدىن چاپار،
سىلىپ بەزى كۆرمەسكە تەتۈر قارار.

403. قاراساڭ ئۇ بەزەن تېز ئۆرەر يۈزىن،
قىلىپ نازى نەچچە تۇتقۇزماس ئۆزىن.

404. تالاي بەگنى قېرىتتى، قېرىماس ئۆزى،
كەچۈردى تالاي بەگنى، تۈگىمەس سۆزى.

بۇ يەردە، «ئەقىل» ۋە «بىلىم» ئارقىلىق كۆرۈۋاتقان جاھاننىڭ شۇنداق ئۆزگىرىشچان، قارارسىز ئىكەنلىكى مىجەزى تۇراقسىز نازىنىنغا ئوخشىتىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىلگەن.

ئۈچىنچى، تەھلىل قىلىپ قائىدىنى چۈشىنىش. بۇ شەيئىلەرگە قارىتا يەنىمۇ پەرقلەندۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، بۇ

ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى قائىدىنى، يەنى ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنى ھەممە ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت.

«قۇتادغۇ بىلىك» شەيئىنى پەرقلەندۈرۈشتە تەھلىل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئادەمنىڭ سۆزىنى ئالغاندا، تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭدا ھەق ـ ناھەقلىق بولىدۇ، دەپ بىلىدۇ.

5876. جىمى سۆزنى ئاڭلا، كېرەكىنى ئال،
كېرەكسىز سۆز بولسا، يىراق تاشلا، قال.

بۇ، تەھلىل قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش لازىم دېگەنلىك. كىتابتا، ھەقىقەتەن ئادەملەر سۆزىگە قايىل بولۇش كېرەك. پەقەت پەرق ئېتىش بولغاندا، ئاندىن تېگى ـ تەكتىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، راست ـ يالغان ئايدىڭلاشمايدۇ. ھەق ـ ناھەقلىقى ئېنىق بولمايدۇ. ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەم ئالمىشىپ قالىدۇ. ھەتتا ئوردا سىياستى قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، دەيدىغان يۈكسەك كۆز قاراشلار بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش بېكىتى

# IX باب مەھمۇد قەشقەرى ھەم ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر

## 1. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئاتاقلىق تىلشۇناس، جەمئىيەتشۇناس، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە، شۇنداقلا ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە تونۇلغان مەشھۇر شەخس.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» — «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلگەندەك: «ئۆزىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى، ئىلمىي ۋە بەدىئىي قىممىتى جەھەتتىن تۈركىي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە شاھ ئەسەر بولۇپ، شەرق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شانلىق سەھىپىلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى، جۈملىدىن ۋەتەنداش بارلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرى شۇ قەدەر زور تارىخىي ۋە دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇ مۇنەۋۋەر ئەسەرنى ئۆزىنىڭ يۈكسەك مىللىي ئىپتىخارى ھېسابلايدۇ»[①].

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» نىڭ كىرىش سۆزى، 3 ـ بەت.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ شانلىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەرجىمىھالى توغرىسىدا ھېچكىم مەخسۇس، ئېنىق مەلۇمات قالدۇرمىغان. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدىمۇ ئۆزى توغرىسىدا مەخسۇس توختالمىغاندى. ئەمما ئەسەردە ئۇچرايدىغان ئايرىم سۆز - ئىبارىلەر مەھمۇد قەشقەرى توغرىسىدا بەزىبىر مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بېرى ھەر مىللەت تەتقىقاتچىلىرىنىڭ جاپالىق، چوڭقۇر ئىزدىنىشلىرى، شۇنىڭدەك «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ پىلانلىق، ساغلام ھالدا ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ مەھمۇد قەشقەرى توغرىسىدا بىرقەدەر ئېنىق بولغان مەلۇماتلار بارلىققا كەلدى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەد بارسىغانلىق بولۇپ، يۇقىرى تەبىقىدىن ئىدى. «تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىز» دېگەن سۆزلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ. «تارىخىي مەنبەلەرگە قارىغاندا، بارسىغان — قاراخانىيلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى. بۇ شەھەر ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بويىغا جايلاشقان بولۇپ، يەتتىسۇ ئۆلكىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەركىزى ئىدى. بۇ شەھەردىن مەشھۇر شەخسلەر، قوشۇن سەركەردىلىرى يېتىشكەن، مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنى شۇلاردىن بىرى دېيىش مۇمكىن»①.

مەھمۇدنىڭ ئاتا - ئانىسى دەسلەپتە بارسىغان شەھىرىدە ياشىغان، كېيىنچە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سىياسىي - مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، خان ئەۋلادلىرى ھەم خان ئوردىسى ئەتراپىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەر ئولتۇراقلاشقان گۈزەل، خۇش ھاۋالىق جاي ئوپالغا ماكانلاشقاندى.

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، كىرىش سۆز، 11 -، 12 - بەتلەر.

مەھمۇد تەخمىنەن مىلادىيە 1008 ـ يىللىرى مانا شۇ قەشقەرگە تەۋە بولغان ئوپال[1] رايونى ئازىق يېزىسىدا (مەھمۇد ئوپال ئازىق بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى دەيدۇ) دۇنياغا كەلگەن.

مەھمۇد قەشقەرى باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئۆز ئائىلىسىدە ھەم ئوپالدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئالغان، ئوتتۇرا، ئالىي مەلۇماتنى شۇ مەزگىللەردە شەرق دۇنياسىدا داڭلىق بولغان مەدەنىيەت ئوچاقلىرى «مەدرىسى ھامىدىيە»، «مەدرىسى ساجىيە» لەردە ئالغان بولۇپ، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرى قاتارلىق ئالىملار ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئىدى. ئوقۇش جەريانىدا ئىسلام تارىخى، ئىسلام پەلسەپىسى ھەم «قۇرئان»، ھەدىس قاتارلىقلارنى، شۇنىڭدەك تۈرك تىلى ۋە ئۇنىڭ گراماتىكىسىنى، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمى نۇجۇم، تېبابەتچىلىك قاتارلىق دەرسلەرنى ناھايىتى ياخشى ئۆگەنگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئەرەب، پارس تىللىرىنىمۇ ئۆز ئانا تىلىدەك مۇكەممەل بىلىدىغان سەۋىيىگە يەتكەنىدى. بۇ كېيىنكى چاغلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چوڭ شەھەرلەرگە ساياھەت، كۆزىتىشكە بارغانلىرىدا شۇ جايلاردىكى ئالىملار بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ، بىمالال پىكىرلىشىپ، ئۆزىنى بىلىم جەھەتتە تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە بىر خىل ئاساس بولغانىدى. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ھەر جەھەتلەردىكى بۇ خىل تىرىشچانلىقى ئۇنى شۇ دەۋردىكى يۇقىرى مەلۇماتلىق بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇردى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ يېزىلغانلىقى مانا بۇنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار خان جەمەتىگە تەۋە شاھزادىلەرنىڭ بىرى، «دىۋان» دىكى «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن،

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 99 ـ بەت.

ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ ...»[1] دېيىلگەن سۆزلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئەينى دەۋردە ئومۇملاشقان ئادەت بويىچە ئات مىنىش، ئوقيا ئېتىش ۋە نەيزىۋازلىق قاتارلىق ئاساسىي جەڭ ماھارەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، شۇ دەۋرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئېيتقاندا ياراملىق جەڭچىگە ئايلانغانىدى. شۇڭا «دىۋان» دا بىر جەڭ تەسۋىرى مۇنداق يېزىلىدۇ: «دۈشمەن قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋەتتىم، بويۇنلىرىنى قايرىدىم. خەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى ئالدىم، دۈشمەن ئەسكىرى كىشى ئۆتەلمەستەك دەرىجىدە كۆپ ئىدى»[2].

مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان دەۋرلەر قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىللىرى بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن. مەھمۇد مانا مۇشۇ خىل مۇھىت ئىچىدە ياشىغاچقا، ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن كەڭ ھەم ئاكتىپ شۇغۇللاندى.

ئۇ ئىلى دەرياسىدىن تارتىپ تاكى ئامۇ، سىر دەريا ۋادىلىرىغىچە سوزۇلغان كەڭ رايونلارغا جايلاشقان ئوغۇز، تۈركمەن ئۇرۇقلىرىنى ۋە ئۇيغۇر، ياغما، چىگىل، قارلۇق، قىپچاق، باسمىل، چۇمۇل، تۈركەش، ياباقۇ قەبىلىلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى ۋە ئۇلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ، جاپالىق مېھنىتى بىلەن دۇنياۋى قىممەتكە ئىگە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. ئاپتور دىۋاندا «... ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم، تۈرك، تۈركمەن،

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 86 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، كىرىش سۆز 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.

ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ئۇلاردىن پايدىلاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى. مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم»[1] دەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلىغان تىل پاكىتلىرى ئۈستىدە، ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلمىي ئۇسۇلى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

مەھمۇد قەشقەرى باغدادقا كەلگىنىدە كىتابىنى قايسى ئۇسۇل بىلەن يېزىش ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن. نەتىجىدە، ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇسۇل بويىچە يېزىشقا كىرىشكەن. ئاپتور بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىشنى يېنىكلىتىش ۋە كىتابنى ئىخچام قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئەسەرنى مەندىن بۇرۇن ھېچكىم ئىشلەتمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە بىر تەرتىپتە تۈزۈپ چىقتىم»، «مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئىلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، بېيىت ـ قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن يېزىپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تۈزۈپ چىقتىم. ئۆگەنگۈچى ۋە ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كېرەكلىك سۆزلەرنى ئاسان تېپىشى ئۈچۈن، بىرنەچچە يىل مۇشەققەت چېكىپ، سۆزلەرنى جاي ـ جايىغا قويدۇم؛ تۈتۈقلىرىنى ئاچتىم، چىگىشلىرىنى يەشتىم»[2].

«دىۋان» III تومىنىڭ ئاخىرىدا كىتابنىڭ يېزىلغان ۋاقتى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلىپ، «كىتاب 464 ـ يىلى جامادىل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىلىشقا باشلاپ، تۆت قېتىم تۈزىتىلىپ ۋە تەھرىرلىنىپ، 466 ـ يىلى جامادىل ئاخىرنىڭ 10 ـ كۈنى

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، 155 ـ بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، كىرىش سۆز، 16 ـ بەت.

دۈشەنبە تامام بولدى» دېيىلگەن.

دېمەك، بىزنىڭ تەخمىنىمىزچە بولغاندا، مەھمۇد قەشقەرى «‹تۈركىي تىللار دىۋانى› نىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى ھىجرىيە 464 — 466 (مىلادىيە 1072 — 1074) ـ يىللىرى يېزىپ، تەھرىرلەپ بولۇپ، ھىجرىيە 467 (مىلادىيە 1075) ـ يىلىدا قايتا تولۇقلاپ چىققان. ئاندىن ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى خەلىپىسى بولغان ۋە جالالىددىن سالجۇقىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن تەختكە ئولتۇرغان ئوبۇل قاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىللاغا تەقدىم قىلغان»[①].

بۇ زات بۇنىڭدىن باشقا يەنە «كىتابۇل جەۋاھىرىن نەھۋى فى لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار سىنتاكسىسىنىڭ جەۋھەرلىرى) ناملىق بىر كىتابمۇ يازغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن.

«مەھمۇد قەشقەرى مىلادىيە 1080 ـ يىللىرى ئىچىدە باغدادتىن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، ئانا ماكان — ئوپالغا جايلىشىپ، ئۇ يەردە كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن ‹مەدرىسى مەھمۇدىيە› دەپ ئاتالغان بىر مەدرىس بىنا قىلىپ، ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئالاھىدە مەلۇماتلىق نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ‹ئىلىمگە مۇددىكاھ — ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پىرى› دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن 10 نەچچە يىل مۇدەررىسلىك قىلغاندىن كېيىن، جاھان تۈركولوگىيە ۋە سېلىشتۇرما تىل تەتقىقاتىنىڭ ئاساسچىسى مەھمۇد قەشقەرى مىلادىيىنىڭ 1105 ـ يىللىرى 97 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، ئوپالغا دەپنە قىلىنغان»[②].

---

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، كىرىش سۆز، 17 ـ، 18 ـ بەتلەر.

② «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1983 ـ يىل 5 ـ سان، 2 ـ بەت.

ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇ، ئەبەدىي يادىكارلىق، پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق سۈپىتىدە قالدۇرغان كاتتا ئەسەر «تۈركىي تىللار دىۋانى» ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرىنىڭ قولىغا يېتىپ كەلدى.

## 2. «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

«〈تۈركىي تىللار دىۋانى〉 ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىشى ئۈچۈنلا تۈزۈلگەن ئاددىي سېلىشتۇرما كىتاب ئەمەس، بەلكى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى كەڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى، جۇملىدىن ئىلىم - پەن، سەنئەت ساھەلىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ھاكىمىيەت - سىياسەت يۈرگۈزۈش تەدبىرلىرىنى، پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي چۈشەنچىلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق تونۇشتۇرىدىغان مۇكەممەل قامۇستۇر»[①].

«تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئەسەردە تۈركىي قەبىلىلەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار بېرىلگەن. شۇ دەۋردە ھەممىگە ئىسلام پەلسەپىسى پرىنسىپلىرى بويىچە قاراش ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى، لېكىن مەھمۇد قەشقەرى دىنىي ئىدىيىۋى چەكلىمىلەرگە قارىماي، تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە دائىر بىرمۇنچە تارىخىي ۋەقەلەرنى مۇمكىنقەدەر ئەينەن يېزىپ قالدۇردى. مەھمۇد قەشقەرى بايان قىلغان ئەھۋاللار ئەرەب - پارس سەيياھلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە ۋە خەنزۇچە تارىخىي كىتابلاردا قەيت قىلىنغان بەزى ۋەقەلەرگە توغرا كېلىدۇ، بەلكى

① «تۈركىي تىللار دىۋانى»، I توم، كىرىش سۆز، 18 - بەت.

ئۇلارنىڭ مۇجمەل بولغان جايلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

2. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، بولۇپمۇ قاراخانىيلارنىڭ شۇ زامانلاردىكى تېررىتورىيىسى، شۇنىڭدەك تۈركىي قەبىلىلەر بىلەن قوشنا قەبىلىلەرگە دائىر جۇغراپىيىۋى ناملارنىڭ مەشھۇرلىرى بېرىلگەن. ھەتتا بۇ ناملار پەقەت ئادەتتىكى نام سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەزىلىرى بىرەر مۇھىم ۋەقەگە بېغىشلاپ تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ھەقتە شەرقشۇناس بارتولد مۇنداق دەيدۇ: «ئومۇمەن، مەھمۇدنىڭ تۈرلۈك شەھەرلەرگە دائىر بەرگەن قىسقىچە مەلۇماتلىرىدىن، ھازىر بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولمىغان بىرمۇنچە تارىخىي ئەسەرلەر بۇ زاتنىڭ قولىدا بارلىقى ئۇقۇلىدۇ؛ بۇ ئەسەرلەر بولغان بولسا بىز ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولاتتى. مەسىلەن، ‹المىقىنچ› (مۇقەننا) دېگەن ئادەم ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلار تۇرىدىغان «ئىنجۇكەنت» شەھىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ شەھەر ئاشۇ قەۋمنىڭ تەۋەسىگە ئەرەب قوشۇنلىرى باستۇرۇپ كىرىشى بىلەن خاراب بولغان»[1]. دەرۋەقە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» يېزىلىشتىن 300 يىل بۇرۇن، يەنى مىلادىيە 776 — 784 - يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەرەب تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مۇقەننا رەھبەرلىكىدە خەلق ھەرىكىتى بولغانىدى.

مەھمۇد قەشقەرى شۇ زامانلاردا ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ چوڭ شەھەرلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ ئۆتكەن، بولۇپمۇ «خاقانىيە ئۆلكىسى» ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا مۇھىم يېزىلارنى ۋە قاتناش تۈگۈنلىرىنى، تاغ - سۇلارنى تولۇق يازغان. مەھمۇد قەشقەرى

---

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخى»، 38 - بەت.

ئىسلام ئەللىرىگە دائىر مەلۇماتلارنى (ئەپسانىۋى قىسسەلەرنى) يازغىنىدا، ئەرەب ـ ئىسلام مەنبەئىي ماتېرىياللىرىدىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن؛ لېكىن، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشايدىغان، بولۇپمۇ قاراخانىيلار جۇغراپىيىسىگە دائىر بېرىلگەن مەلۇماتنى شۈبھىسىز ئۆزى تەكشۈرۈپ توپلىغان.

مەھمۇد قەشقەرى يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشايدىغان كەڭ دىيارنى يەر يۈزىنىڭ يۇملاقلىقى جەھەتتىكى شۇ دەۋردىكى چۈشەنچىسى بويىچە قىياسەن خەرىتە قىلىپ سىزىپ بەرگەن. ئاپتورنىڭ ئۆز تىلى بويىچە «دائىرە» دەپ ئاتالغان بۇ خەرىتە ئاسىيانىڭ شۇ كەمگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ قەدىمكى خەرىتىسىدۇر. بۇنىڭدا تاغلار، دېڭىز ـ كۆللەر، دەريالار ئاددىي ۋە گېئومېتىرىك شەكىلدە ئىپادىلەنگەن؛ ئوردۇ كەنت (كاشىغەر) ۋە قۇز ئوردا (بالاساغۇن) شەھەرلىرىدىن باشقا مۇھىم شەھەرلەر ھەم قەبىلە ـ ئۇلۇسلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى كۆرسىتىلگەن.

3. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نۇرغۇن سۆزلەملەرنىڭ ئىستېمال مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئەدەبىي پارچىلار بېرىلگەن. بۇ ئەدەبىي پارچىلار بىز ئۈچۈن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ قەدىمكى باي ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ نەمۇنىلىرى سانىلىدۇ.

ئۇ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئوغۇز ۋە ئەفراسىياپقا ئوخشاش قەھرىمانلار توغرىسىدىكى داستان، مەرسىيە ۋە مەدھىيىلەردىن بىزگە گەرچە ئاز بولسىمۇ، ئىنتايىن قىممەتلىك پارچىلارنى يەتكۈزۈپ بەردى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» غا تۈرلۈك تېمىدا جەمئىي 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە كىرگۈزۈلگەن. بۇ ئەدەبىي پارچىلار مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تۆت چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى، داستانلار، يەنى تاڭغۇتلار بىلەن بولغان جەڭ، قەبىلىلەر ئارا توقۇنۇشلار، دىنى مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن مۇسۇلمان بولغان «تۈرك» لەرنىڭ ئۇيغۇر «تات» لارغا قارشى قىلغان يۈرۈشلىرى، تۈركەشلەر ۋە ياباقۇلار بىلەن بولغان ئۇرۇش، جۈملىدىن توققۇز ئۇيغۇر قەبىلىلەر ئىتتىپاقى چوڭ قەبىلىلىرىنىڭ ئۆزئارا جەڭ - جېدەللىرى ھەققىدىكى داستانلاردىن پارچىلار؛ ئىككىنچى، مەرسىيىلەر، يەنى ئالىپ ئەرتوڭا ۋە نامەلۇم بىر قەھرىمان توغرىسىدىكى مەرسىيە؛ ئۈچىنچى، قوشاقلار يەنى مۇھەببەت ۋە ئەمگەك، تەبىئەت تەسۋىرلىرى، ئانا يۇرتنىڭ مەنزىرىلىرى توغرىسىدىكى قوشاقلار؛ تۆتىنچى، ساقىنامە ۋە ئۇۋچىلىق توغرىسىدىكى قوشاقلار (مۇنداق قوشاقلارنىڭ بەزىلىرى ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشنى، ھەتتا ئانىلىق جەمئىيەت مەنزىرىسىنى ئەسلىتىدۇ).

ئەسەردە بېرىلگەن ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال - تەمسىللەر 200 دىن ئاشىدۇ. بۇنداق ھېكمەتلىك سۆزلەر دۇنياغا ۋە مەئىشەتكە قانداق قاراشنى بىلدۈرىدىغان، يىراق ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاق نورمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى مەزمۇنلۇق ئىبارىلەردۇر.

4. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىغا دائىر خېلى ئەھمىيەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن.

يېزا ئىگىلىكىگە دائىر سۆزلەر (زىرائەتلەر، ھەر جايدا ئۆسىدىغان گىياھ - دەرەخلەر)، چارۋا مال ۋە مال دوختۇرلۇقىغا دائىر سۆزلەر، ھەر خىل ھايۋاناتلار، ئۇچار قۇشلاردىن كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىنىڭ ناملىرى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن ھۈنەر - سەنئەتكە

دائىر سۆزلەردىن X — XI ئەسىرلەردە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئىنتايىن تەرەققىي قىلغانلىقىنى، قول سانائەتتە ئىش تەقسىماتىنىڭ خېلىلا يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

ئەسەردە ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا شەھەر - قورغان سېلىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى توغرىسىدىمۇ بەزى مەلۇماتلار بار.

ئەسەردە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلار بار. مەسىلەن، ياخشى كۆرىدىغان ئايرىم غىزالارنى ئېتىش يوللىرى، مەي ئىچىش ئۇسۇللىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم - كېچەكلەر، زىننەت بۇيۇملىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇپ - قوپۇشلىرىغا دائىر ئەدەب - قائىدىلەرنى ئاپتور پەقەت سۆزلەم تەرىقىسىدىلا بېرىپ قالماي، بەلكى چۈشەندۈرۈپ يازغان، ھەتتا مەدەنىي ھاياتنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بەزى ئادەتى پاكىتلارنىمۇ بەرگەن. ئالايلۇق، ئاياللارنىڭ باغىرداق (لىپىتىك) تاقايدىغانلىقى، كىيىم - كېچەكلەرگە دەزمال (ئۇتۇك) سالىدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە تونۇشتۇرغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا تېبابەتچىلىككە دائىر مەلۇماتلارمۇ بار. ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە مىنېرال دورىلىرىنى كەڭ ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇلارمۇ كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭدەك، ئادەتتىكى ھەم كەڭ تارقىلىدىغان كېسەللەر توغرىسىدىمۇ چۈشەنچىلەر بېرىلگەن. مەسىلەن، «سىيغىن اتى» (خەنزۇچە — رېنشېن، پارسچە — ئىستەرەنگە) دىن پايدىلىنىشنىمۇ خېلى بۇرۇنلا تەتقىق قىلىنغانلىقى مەلۇم.

5. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىغا



www.uyghurkitap.com

دائىر قەدىمكى ۋە ئۆز زامانىسىدىكى ئاتالغۇلار، شۇنىڭدەك ھاكىمىيەت دەرىجىلىرى، ھۆكۈمرانلارنىڭ تەبىقىلىرى ۋە ئۇنۋانلىرى خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. جۈملىدىن، ھەربىي تۈزۈم، جەڭ ۋە تاكتىكىغا توغرىسىدىكى سۆزلەرمۇ بار. ھەربىي قوشۇنغا دائىر «سۇبىڭ» (قوشۇننىڭ ئايلىق دەپتىرى) دېگەندەك ئاتالغۇلار شۇنى بىلدۈرىدۇكى، بۇ دەۋردە — قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىكىدەك ھەربىي يۈرۈش زۆرۈرىيىتى بىلەن قەبىلە ئەسكەرلىرىلا بولماستىن، بەلكى مۇنتىزىم قوشۇن بارلىققا كەلگەن؛ ھەربىي تاكتىكىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە ھەربىي مەشق ئۆگەتكۈچى مەخسۇس ئەمەلدارلار بولغان.

6. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىققا دائىر مەلۇماتلار بېرىلگەن. يىللارنى مۆچەل بىلەن ھېسابلاش ئۇسۇلىنىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدە پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى بىزگە يېزىپ قالدۇرغان. تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ «مۆچەل يىلى» نى قانداق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىنى تۈرك خاقانى ئوۋغا چىقىپ، پۈتۈن ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا ھەيدەتكەن مەزمۇندىكى رىۋايەت بىلەن بەرگەن.

XI ئەسىرگىچە تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئىچىدە خېلى مەدەنىيەتلىك ھېسابلانغان ئۇيغۇرلار ئاسترونومىيە ھەققىدە خېلى تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئاسمان بوشلۇقى ۋە سەييارىلەرنى تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن يۇلتۇزلارغا ئىسىم قويغانىدى.

قىسقىسى، بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى كەڭ ھەم چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەۋملەر، بولۇپمۇ قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى لۇغەتشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى بىر ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئەسەر دېيىشمۇ

مۇبالىغە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دۇنيا ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە ھەرقايسى ئەللەردىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارتىپ كەلدى ھەم كەلمەكتە.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ياۋروپا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرگە مەلۇم بولغىلى ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ياۋروپادا بۇ توغرىدىكى تەتقىقاتلار بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتى. بۇ ئەسەر توغرىسىدا نېمىسچە، ۋېنگرچە، رۇسچە، فرانسۇزچە، ئىنگلىزچە كىتاب ھەم ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇ ساھەدە ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىنى ئوبدان تونۇشتۇرغان مەشھۇر تۈركولوگ، ئالىم كارل برۇككېلمان تارىختا ئالاھىدە پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلەيدۇ.

تۈركىيىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى ئەڭ ئاۋۋال رىفئەت بىلگە، ئاندىن خوجا ئاتىپلارمۇ تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلغان. بۇ تەرجىمىلەر نەشر قىلىنمىغان. ئاخىرىدا، بېسىم ئاتالاي ناھايىتى كۆپ ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئاساسىدا تۈركىيە تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىشقا كىرىشكەن ۋە 1939 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلىغىچە ئۈچ جىلد ھەم بىر ئىندېكسىنى نەشر قىلدۇرغاندىن باشقا، «دىۋان» قول يازمىسىنىڭ فاكسىمىلىنى (فوتو باسما نۇسخىسىنى) مۇ نەشر قىلدۇرغان. كونا، يېڭى تۈركىي تىللار ۋە ئەرەب تىلى بويىچە يۇقىرى بىلىم ئىگىسى بولغان ئالىم بېسىم ئاتالاينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى مۇكەممەل قەدەر ئىلمىي سەۋىيىدە تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ھالال ئەمگىكى ۋە ئۇتۇقلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىمىز.

تاشكەنتتە 1960 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ سالىھ مۇتەللىپوف تەرىپىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەسەر

ئۇستىدىكى تەتقىقاتتا خېلى نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى.

1950 ـ يىلدىن باشلاپ «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، بىراق هەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مۇددەت توختاپ قالغانىدى. 1981 ـ يىلى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسى ئۇنىڭ مىراسخورلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇستىدىكى تەتقىقات، ئىزدىنىشلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

## 3. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر

«تۈركىي تىللار دىۋانى» غا سىڭدۈرۈلگەن لۇغەتشۇناسلىق يولى بىلەن ئۇلگە ئۇچۇن 300 گە يېقىن ماقال ـ تەمسىل، 240 كۇپلېت شېئىرىي پارچە (بېيىت ـ رۇبائىيلار)، 800 گە يېقىن سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن، بۇ بىر ناهايىتى زور پەلسەپىۋى خەزىنە.

بۇ ماقال ـ تەمسىللەر، شېئىرىي پارچىلار، بېيىت ـ رۇبائىيلار، سۆزلۈكلەر قۇرۇق، خىيالىي توقۇپ چىقىلغان بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي هاياتتىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن شەيئى ۋە هادىسىلەردىن هاسىل قىلىنغان بىلىش تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىلىرىدىن بارلىققا كەلگەن. شۇڭا مەھمۇد قەشقەرى بۇلارنى ئەسىرگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ مول ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرى، تۈرمۇش كۆز قاراشلىرى، ئەقىل ـ پاراستى، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى باي بىلىملىرىنى، ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

روشەنكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي قاراشلار مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دۇنيا قاراش سىستېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. مەھمۇد قەشقەرى بەلگىلىك بىر پەلسەپىۋى مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئەسەرگە كىرگۈزۈلگەن سۆزلۈكلەرگە ئۆلگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، بۇ خىل پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي قاراشلار ناھايىتى تەپسىلىي، شۇنىڭدەك بەلگىلىك ئىزچىللىققا ئىگە بولمىغان ھالدا بايان قىلىنغان. ئەمما «دىۋان» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى پىكىرلەرنىڭ مەنتىقلىقى، ئاساسىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ھازىرقى كۈندىمۇ كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشى، بۇ خىل قاراشلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىكى ئىجتىمائىي ھاياتى جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىدىيىلىرىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولغانلىقىدىندۇر، ئەلۋەتتە.

ھەرقانداق بىر خىل پەلسەپىۋى ئىدىيىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە قىممەت دەرىجىسىنىڭ بولۇشى ئىلگىرىكى پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي قاراشلارنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا بولمايدۇ.

ماركس مۇنداق دېگەن: «خەلقنىڭ ئەڭ نەپىس، ئەڭ قىممەتلىك ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان مېغىزلىق نەرسىلىرى پەلسەپىۋى ئىدىيىگە مەركەزلەشكەن»[1].

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بايان قىلغان پىكىرلىرى قانداقتۇر تاسادىپىي شەكىللىنىپ قالغان پىكىرلەرنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىدە شەكىللەنگەن ئىلغار قاراشلار، مۇھىمى ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيىتىدىكى قالاق،

---

① «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، I توم، 120 ـ، 121 ـ بەتلەر.

جاھالەتلىك، مۇتەئەسسىپلىك پىكىر ئېقىملىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «مەدرىس پەلسەپىسى» نىڭ تەلىماتلىرى ماتېرىيالىستىك، دىئالېكتىكىلىق قاراشلارغا جېنىنىڭ بارىچە قارشى تۇرۇپ كەلدى. شۇنداقتىمۇ «مەدرىس پەلسەپىسى» تەلىماتلىرىغا قارشى تۇرىدىغان قەيسەر جەڭچىلەرمۇ بارلىققا كەلگەنىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئەسىرلەردە دىنىي ئىلاھىيەتچىلىك كۈچلۈك ھۆكۈم سۈرگەن. ئىسلام دىنىنىڭ داۋاملىق كېڭىيىشى، كۈچىيىشى بىلەن ئىسلام دىنى پەيلاسوپلىرى ماتېرىيالىستىك، دىئالېكتىك خاھىشتىكى قاراشلارنىڭ ھەر خىل يوللار بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرىشىگە كۈچلۈك قارشى تۇرىدۇ. مانا مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا، ئوتتۇرا ئاسىيادا دۇنياغا مەشھۇر بولغان پەيلاسوپلاردىن ئەبۇ نەسىر فارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىقلار ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلاردىن پەرقلىق ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ماتېرىيالىستىك ھەم دىئالېكتىك ئامىللارغا ئىگە بولغان دۇنيا قاراشلىرىنى پانتېئىزملىق دۇنيا قاراش شەكلى ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى تەرەققىيات ـ ئۆزگىرىشلەرنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان بولدى. بۇنداق قاراشلار ئەينى مەزگىللەردە خېلى چوڭ تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. شىنجاڭدا قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر پەيلاسوپلاردىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى. . . قاتارلىقلار مانا بۇ خىل ئىلغار دۇنيا قاراش ئاساسىدا، ساددا ماتېرىيالىستىك ھەم دىئالېكتىك كۆز قاراشلىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان ئاساستا تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت

جەمئىيەتتىكى تەبىئىي ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى.

شىنجاڭدا قاراخانىيلار سۇلالىسى فېئودال ھاكىمىيەتلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئاساس قىلغاچقا، شۇنداقلا ئىسلام دىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرغاچقا، ئەلۋەتتە بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ھۆكۈمران ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى چىقىش پەقەتلا ھالاكەتكە ئېلىپ باراتتى. شۇڭلاشقىمۇ مەھمۇد قەشقەرى چوڭ ئېھتىيات قىلىش ھەمدە ناھايىتىمۇ ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن ئۆزىنىڭ ساددا ماتېرىيالىستىك ھەم دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىۋى قاراشلىرىنى ئۆز ئەسىرىگە سىڭدۈرگەن.

مەھمۇد قەشقەرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغانلىقتىن، بولۇپمۇ شۇ دەۋر شارائىتىدىن چىقىپ، «دىۋان» نى يازغاندا ئالدى بىلەن تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ ھەم تەڭرىدىن مەدەت تىلەيدۇ. شۇنىڭدەك تەڭرىگە سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن ئۇنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن يەنە ئاپتورنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق دۇنيا قارىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا سۆزلۈكلەرگە ئۇلگە قىلىش ئاساسىدا تارىخىي ۋەقەلەرنى، قاراخانىيلار جەمئىيىتىدىكى ھادىسە ـ جەريانلارنى ئوبيېكتىپ چىنلىق ئاساسىدا چۈشەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ پىكىرلىرى خىيالىي ئەمەس، بەلكى ماددىنىڭ بىرلەمچىلىكى، يەنى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتكە ئاساسلىنىش ئارقىلىق، ئۆزى بىۋاسىتە كۆرگەن، ئۇچراشقان شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى، ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا قويۇلغاچقا، ئۇنىڭ ئەسىرى ئۆزىنىڭ ئىلمىي قىممىتىنى يوقاتماي كەلدى.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مۇھىم تۆھپىسى شۇكى، ئۇ خىيالىي ياكى كىتابىي ماتېرىياللارغا ئېسىلىۋېلىش ئەمەس، مۇھىمى

رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ئاساسىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدىن ھالقىغان پايانسىز كەڭ دالا - قىرلارنى جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماي ئۆزى بىۋاسىتە قىدىرىپ تەكشۈرگەن، ئۆزى كۆرگەن، ئۇچراشقان شەيئىي، ھادىسىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ توغرا، ئىشەنچلىك مەلۇماتلارنى يازغان. ئۇ نەچچە ئون يىللىق جاپالىق تەكشۈرۈش جەريانىدا تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، ئۇلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكلىرى، قاراخانىيلارنىڭ تېررىتورىيىسى، قوشنا ئەللەرنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، ناملىرى قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە تەكشۈرۈشىگە ئاساسەن ناھايىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. قىسقىسى، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىدە ئورۇن ئالغان ۋە چوڭقۇرلاشقان ساددا ماتېرىيالىستىك ۋە دىئالېكتىك ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ جەمئىيەت، كىشىلىك ھايات ھەمدە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىنى رېئاللىققا ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاراشلىرى ئەينى دەۋرگە قارىتا ئېيتقاندا، ئىلغار ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇڭلاشقا «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي قاراشلار قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىدېئولوگىيە تەرەققىيات سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

## 4. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەخلاق قاراشلىرى

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا قاراخانىيلار جەمئىيىتىدىكى ئەخلاقىي قاراشلارنى روشەن بايان قىلىدۇ. «دىۋان» دا

هۆكۈمران گۇرۇهلار تەشەببۇس قىلغان ئەخلاقىي قاراشلار بىلەن ئاددىي ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ۋارىسچانلىق ئاساسىدا يېتىلدۈرگەن بىر قاتار ئېسىل ئەخلاقىي كۆز قاراشلىرى ھەمدە ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى روشەن ئايرىلغان.

قاراخانىيلار خاندانلىقى فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئاساسىدا قۇرۇلغان بولغاچقا، ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرى شۇنىڭدەك ئىسلام دىنى ئەخلاقىي قاراشلىرى قاراخانىيلار جەمئىيىتىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا ئىدى. ھۆكۈمران گۇرۇھ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن، ھاكىمىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەرىكەتلىرىدە بۇ خىل ئەخلاقىي قاراشلارنى كۈچەپ تەشۋىق قىلاتتى ھەمدە كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى شۇ بويىچە ئۆلچەپ بىر تەرەپ قىلاتتى.

ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەر قەدىمدە ئوۋچىلىق ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى قىلغاچقا، كۆپىنچە يايلاق قوغلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولاتتى. كېيىنكى مەزگىللەردە خېلى ئاۋات شەھەرلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ئومۇمىي خەلق ئەھۋالىدىن ئېيتقاندا، تارقاق چارۋىچىلىق، يەككە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. مانا بۇ خىل ھالەت كىشىلەرنى بىر - بىرىگە ياردەم قىلىش، ئىناق - قوشنىدارچىلىق ئاساسىدا ئۆتۈش، تىنچ - خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتەك يۈزلىنىشكە مېڭىشقا تۈرتكىلىك قىلاتتى. ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن، ھۆكۈمران سىنىپ ئىچىدىكى نىزالار ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغلىشىشتىن كىشىلەر ئارىسىدا، قەبىلىلەر ئارىسىدا دائىم دېگۈدەك جەڭ - ماجىرالار بولۇپمۇ تۇراتتى، نەتىجىدە، بەزى مەزگىللەردە تىنچ - خاتىرجەملىك ئورنىنى ئۇرۇش - جېدەللەر، ئەنسىزلىك، ئۆزئارا

دۇشمەنلىشىشتەك ھالەتلەر ئىگىلەيتتى، بەزىدە ھەتتا قان تۆكۈلۈشلەرگىمۇ ئېلىپ باراتتى. مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان كەڭ دالا ـ قىرلارنى ئايلانغىنىدا، بۇ خىل ھالەتلەرنى كۆردى ھەم ئويلاندى. بۇ خىل ناچار ھالەتلەردىن قۇتۇلۇش، ئىجابىي ئەخلاقىي قاراشلارنى تىكلەش مەقسىتىدە تىرىشتى. ئۇ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتى ھەم ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئومۇمىي كىشىلىك خاراكتېرگە ئىگە ئىجابىي ئەخلاقىي قاراشلارنى بايان قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلدى. ئۇ، ئالدى بىلەن ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئادەملەرنىڭ ئۆز تىلىنى (ئاغزىنى) كونترول قىلىشى لازىملىقىنى، مۇناسىۋەتتە خۇش مۇئامىلىدە بولۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈردۇ. «دىۋان» دا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەدەب ـ ئەردەمنىڭ بېشى تىل، چۈنكى چىرايلىق سۆزلەيدىغان ئادەم ئابرۇي تاپىدۇ» 〔I توم، 145 ـ بەت〕، «بىرەر كىشى ساڭا كۈلۈپ قارىسا، سەنمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن باق، شېرىن سۆزلۈك ۋە خۇش مۇئامىلىلىك بول، يامان سۆزدىن تىلىڭنى تارت» 〔III توم، 58 ـ بەت〕. ئۇنىڭدىن كېيىن، مەھمۇد قەشقەرى كۆپلىگەن شېئىرىي پارچىلاردا سەمىمىي ـ ۋاپادار بولۇش؛ ئاتا ـ ئانا، قۇلۇم ـ قوشنىلارنى (يات ئەللەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھۆرمەت قىلىش؛ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، مۇناسىۋەتتە ئوچۇق ـ يورۇق، ئادىل بولۇش، كەمتەر بولۇش، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتمەسلىك، مېھماندوستلۇق كەيپىياتىدا بولۇش قاتارلىقلارنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداقلا جەمئىيەتتە كۆرۈلگەن ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇزۇلۇش، مۇناسىۋەتتىكى ھۆرمەتسىزلىك، بېخىللىق، ھەسەتخورلۇق، زوراۋانلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى ھەمدە ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنى كۆرسىتىش بىلەن كىشىلەرنى بۇنىڭدىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى ئەنئەنىۋى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئومۇمىي كىشىلىك خاراكتېرىدىكى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلىش لازىملىقىنى؛ بۇنداق ئىجابىي، ئېسىل ئەخلاقىي قاراشلارنىڭ تاشلىنىپ قالماسلىقى، دەپسەندە قىلىنماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «خەلق يارامسىز، سۆرۈن چىراي، بېخىل ئادەمگە قارىمايدۇ، ئوغلۇم، تۈزۈتلۈك، مۇلايىم بولغىن، نامىڭ كەلگۈسىگە قالسۇن» 〔 Ⅱ توم، 364 ـ بەت〕، «ئوغلۇم، ساۋا ئەدەب ـ ئەخلاقنى مىراس قىلىپ قالدۇرىمەن، ئىلىملىك، ئەقىللىق ئادەملەرنى ئىزدەپ، ئۇلارغا يېقىنلاش، ئۇلاردىن پايدىلان» 〔 Ⅲ توم، 597 ـ بەت〕.

## 5. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىلىم ـ پەن توغرىسىدىكى قاراشلار

ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمدىن تارتىپ تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن. شۇڭلاشقىمۇ ئىلىم ـ پەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي بايلىقىنىڭ جەۋھىرى سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىدە ئالاھىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلدى.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا ئىلىم ـ پەننىڭ خاسىيىتىنى ئۇلۇغلاپ، ئىلىم ـ پەننى سۆيۈش ھەم ئىگىلەشتەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداقلا ئالدىنقىلار ياراتقان ئىلىم ـ پەن نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش كۆز قارىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل كۆز قاراش شۇ دەۋر ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق بولۇپلا قالماي، بەلكى زور ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق دەيدۇ: «ئەي ئوغلۇم،

مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، ئەدەبلىك ۋە تەرتىپلىك بولۇشقا تىرىش، تاكى ئەل ئىچىدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، ئەدەب ۋە ھېكمەت تارات» 〔I توم، 72 ـ بەت〕، «بەلگە بولسا يولدىن ئايرىماس، بىلىم بولسا سۆزدىن قايتماس» 〔I توم، 123 ـ بەت〕. يۇقىرىقىدەك پارچىلار «دىۋان» دا خېلى كۆپ بېرىلگەن. بۇ ناھايىتى ئاددىي ئىپادىلەش بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردىن چوڭقۇر ئىجتىمائىي مەنە چىقىپ تۇرىدۇ.

ئىلىم ـ پەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئېنگېلس مۇنداق كۆرسەتكەنىدى: «پەن — تارىختا بىر خىل تۇرتكىلىك رول ئوينايدىغان ئىنقىلابىي كۈچ»[1].

پەن ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىشىدىكى مۇھىم قورالى، ئەلۋەتتە. بۇ خىل قورالنى قولغا ئالغاندا ھەمدە ئۇنىڭغا تايانغاندىلا، كىشىلەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پائالىيەتلىرىدە تەشەببۇسكارلىق ئورۇندا تۇرالايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى مۇنداق دەيدۇ: «بۇرۇنقى زامانلاردا ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە پەزىلەت ئىگىلىرى بار ئىدى. ئۇلار جىق ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەرنى ئېيتقانىدى. بۇ ئۆگۈت ـ نەسىھەتلەرنى ئەسلىسەم كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ» 〔I توم، 120 ـ بەت〕.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، مەھمۇد قەشقەرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلىم ـ پەن توغرىسىدىكى ئاكتىپ، ئىجابىي پىكىرلەر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئوخشاشلا بۈگۈنكى تەرەققىيات باسقۇچىدىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 6. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى سىياسىي ـ ئىجتىمائىي قاراشلار

مەھمۇد قەشقەرى نەچچە ئون يىللىق ئىلمىي تەكشۈرۈش

---

[1] «ماركس ھەققىدە»، 1972 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 27 ـ بەت.

جەريانىدا، رېئاللىقتىكى شەيئى ۋە ھادىسە، جەريانلارنى بىۋاستە كۆزەتتى. شۇ دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، جەمئىيەت ئەھۋالىنى ياخشىلاش مەقسەت قىلىنغان بىر قاتار ئىلغار سىياسىي ـ ئىجتىمائىي كۆز قاراشلارنى تەشەببۇس قىلدى. مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى ئەينەن يېزىپ، جەمئىيەت ئەھۋالىنىڭ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىكىگە ئوخشىماي قالغانلىقى ھەتتا بەزى جەھەتلەردە بۇزۇلغانلىقىنى ھەم بۇنىڭ نەتىجىسىدە كۆرۈلگەن ناچار ـ يامان ئىللەتلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىش بىلەن ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىقىنى قىلچىمۇ يوشۇرماي بايان قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «زامان ئاجىزلىدى، ئوسال ئادەملەر كۆپىيىپ قالدى، زامان ئەھلى دۇنيانىڭ بېگى ئەفراسىياپنىڭ ئۆلۈشى بىلەن پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مەھرۇم بولدى» 〔Ⅲ توم، 55 ـ بەت〕.

ئەفراسىياپ (ئالىپ ئەرتوڭا) تارىخىي شەخس بولۇپ، بۇ يەردە ئادىللىق، پەزىلەت سىمۋولى قىلىنغان.

يۇقىرىقى پارچىدا، زاماننىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبى ئاساسلىقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئۆزگىرىشتىن بولدى، دېيىلگەن. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، ئادىل، پەزىلەت ئىگىسىنىڭ ئورنىنى بۇزۇق كىشىلەرنىڭ ئىگىلىگەنلىكى، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتە ھەر خىل زىددىيەتلەرنىڭ كۈچەيگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. بولۇپمۇ شۇ مەزگىللەردە ئۇرۇش ـ جېدەللەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى، بۇ خىل ئەھۋالنىڭ جەمئىيەتكە، خەلققە ئېلىپ كەلگەن زىيانلىرى بايان قىلىنىپ، سىياسىي، ھاكىمىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش تەلىپىنىڭ ئالاھىدە كۈچەيگەنلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «يىگىتلەر بىر ـ بىرىنى جەڭگە چاقىرىشتى، ھەممە قوراللىرىنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشتى،

قىلىچلىرى قانىنىڭ كۆپ ئۇيۇپ كەتكەنلىكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى» 〔I توم، 246 ـ بەت〕، «ئىككى قەبىلە بىر ـ بىرىنى يوق قىلىشتى» 〔I توم، 315 ـ بەت〕، «خەلق بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئۆرتەشتى» 〔I توم، 307 ـ بەت〕، «چىنغا يېقىن بولغان تاڭغۇت ئېلىنىڭ قوشۇنىنى غەلىبە قىلالمىسۇن دەپ، قاتتىق سوغۇقتا ئۇلارغا كېچىسى ھۇجۇم قىلىندى. ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى مەسخىرە قىلىندى، ئۇلار ئات ۋە ئەرلىرىنى بىزگە سوۋغا قىلدى. غەم ـ قايغۇغا پېتىپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى.» 〔I توم، 404 ـ بەت〕. ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئارقىسىدا جەمئىيەتتە ھەر خىل ناچار ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشى، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي كەيپىياتىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق يازىدۇ: «بىلىملىكلەرنىڭ ھالى خارابلاشتى، زامان ئۇلارنى چىشلەپ تارتتى؛ ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ مۆشى بۇزۇلۇپ، ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىدىن يەردە سۆرىلىپ يۈرمەكتە» 〔III توم، 415 ـ بەت〕، «مال ۋە دۇنيا ئۇچۇن تەگرىدىن تەپ تارتماي، بىر تۇغقانىنىڭ بالىسىنىمۇ بوغۇۋېتىدۇ» 〔I توم، 116 ـ بەت〕.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» دا يەنە جەمئىيەتتىكى ناچار تەرەپلەرنى، بولۇپمۇ بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ زالىملىقى، ۋەھشىيلىكى، مۇھىمى ئۇلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكلىرىنىمۇ بايان قىلىدۇ. ئالايلۇق، «قارا بۇلۇتنى يەل ئاچار، ھۆكۈمەت ئىشىكىنى پارا ئاچار» 〔I توم، 459 ـ بەت〕.

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن قارىغاندا، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوبيېكتىپ رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەرنى كۆرەلىگەن، شۇڭلاشقا، ئۇ ئىجابىي ھەم سەلبىي

تەرەپتىكى نەرسىلەرنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نى پەقەتلا «ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىلنىڭ خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش تەڭ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن...» لا ئەمەس، مۇھىمى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى سۈرەتلەش ئۈچۈن يازغان. روشەنكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي قاراشلار بىر پۈتۈن، سىستېمىلىق ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانىدى. ئەلۋەتتە بۇ، مۇشۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى، خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئەسەر ئاساسلىقى تىل سېلىشتۇرمىسى قائىدىسى بويىچە يېزىلغان بولغاچقىمۇ، پەلسەپىۋى قائىدىلىك ئەسەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. بىراق مەھمۇد قەشقەرى ئوتتۇرىغا قويغان بەزى قاراشلار مەزمۇن جەھەتتىن تەسىر قىلىش كۈچى زور بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالايدۇ. بۇنداق بولۇشى مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلار جەمئىيىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى ئوبدان يەكۈنلىگەنىدى. ھازىرقى ۋاقىتتا، بىز چوقۇم ماركسىزملىق ئىلمىي تەتقىقات ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بۇنىڭدىكى ئىلمىي جەۋھەرلەرنى تاللاشقا، ئۇنى بۈگۈنكى مەنىۋى ھاياتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

يەنە شۇنى ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ پىكىرلىرى يەنە ئۆز ئارا زىتلىقتىن خالىي بولالمىغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن شېئىر ـ قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە جۇغلانغان كونكرېت مەنتىقىلىق

پىكىرلىرى، ئارزۇ - تىلەكلىرى ئەكس ئېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق يەنە بىر قىسىملىرىغا ھەقىقەتەن ھۆكۈمران گۇرۇھ - تەبىقىلەرنىڭ خۇنۇك قاراشلىرى سىڭدۈرۈلگەن. بەزى پىكىرلىرى ئىلاھىيەتچىلىك تۈسىنى ئالغان. بۇنداق بولۇشىنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتىكى ئاجىزلىقى، مۇھىمى ئەينى تارىخىي دەۋر شارائىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىدا دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز ئەسەرنى ئۆگەنگەن، تەتقىق قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭدىكى ئىلغار ئىجابىي تەرەپلەرنى ئاساس قىلىپ، سەلبىي تەرەپلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.

XI ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ئېلىمىز خەلقىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرى. ئۇنىڭ ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئۆچمەس نامايەندە بولۇپ، خۇددى ئاپتور ئۆزى: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ...» 〔I توم، 3 - بەت〕 دېگەندەك، ئۆزىنىڭ ئىلمىي ۋە تارىخىي قىممىتى بىلەن يەنىمۇ قەدىرلەنگۈسى.

www.uyghurkitap.com

# X باب فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ «شاھنامە» سىدىكى پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي قاراشلار

«يىپەك يولىدىكى شۇنچە كۆپ شائىرلار ئىچىدىن تۆۋەندىكى شەخسنى ئەڭ كاتتا شائىر بولۇشقا مۇناسىپ دەپ كۆرسەتسەم قارشى پىكىر چىقماس، ئۇ بولسىمۇ 120 مىڭ مىسرالىق ‹شاھنامە› داستانىنىڭ مۇئەللىپى فىردەۋسىدۇر»① .

پارس ـ تاجىك خەلقىنىڭ مەشھۇر شائىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسى ئۆزىنىڭ تارىخىي، بەدىئىي ۋە ماتېرىياللىق قىممىتى بىلەن ئىران تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئىدىيە ـ مەدەنىيەت تارىخىدىلا پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلەپ قالماي، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە ـ مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن ئۇ شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن.

## 1. فىردەۋسىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

«فىردەۋسى» سۆزى تاجىك تىلىدا «ئالىي جەننەت» دېگەن

① چىيەنداۋ شىنسىنىڭ «يىپەك يولىدىكى 99 سىر» ناملىق كىتابىدىن.

مەنىنى بىلدۈرىدۇ. فىردەۋسىنىڭ ھايات مۇساپىسى ۋە ئۇلۇغ تۆھپىسى جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇنىڭغا بۇ نام پۈتۈنلەي مۇناسىپ كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بىر مەنىۋى جەننەت ياراتتى.

فىردەۋسى مىلادىيە 934 ـ يىلى (بەزى تارىخىي كىتابلاردا 935 ـ يىلى دېيىلگەن) ئىراننىڭ خوراسان ئۆلكىسىدىكى تۇس شەھىرىدە بىر ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1934 ـ يىلى فىردەۋسى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن تۇس شەھىرىنىڭ نامى فىردەۋسى شەھىرىگە ئۆزگەرتىلگەن.

فىردەۋسى ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن تارتىپلا ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن. ئۇنىڭ دادىسى مەرىپەتپەرۋەر كىشى بولغاچقا، بالىسىنىڭ ئوقۇش تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. دادىسىنىڭ ھەيدەكچىلىكى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، فىردەۋسى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە «دارى تىلى» (ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك ئەدەبىي تىلى)، «پەھلىۋى تىلى» (ئوتتۇرا قەدىمكى زامان پارس تىلى) ۋە ئەرەب تىلىنى پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇ كۆپ تىلغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئەتراپلىق بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئىلاھىيەت، پەلسەپە، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات قاتارلىق پەنلەردىن مۇستەھكەم ئاساس تۇرغۇزغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق زېھنىي كۈچىنى ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، «ئاۋېستا» نى ۋە ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا ئائىت ئەپسانە، رىۋايەتلەرنى ئوقۇغان ۋە تەتقىق قىلغان. ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، شائىر نۇرغۇن قېتىم كۆپ يەرلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلغان ھەم بۇ جەرياندا خەلق ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك ۋە ھېكايىلەرنى توپلىغان، رەتلىگەن.

فىردەۋسى ئۆز ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى، بولۇپمۇ ياشلىق چېغىنى «شاھنامە» ئېپوسىنى يېزىشقا بېغىشلىغان، ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بولسىمۇ، قولىدىن بىردەممۇ قەلەم چۈشمىگەن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەجرىنى مۇنداق بايان قىلغان:

ئۆتكۈزدۈم يىللارنى ئاتمىش بەش تۈگەل،
دەردۇ ـ رەنج يۈكىدە پۈكۈلگەندە بەل.
تارىخىي شاھلار دەپ سۈردۈم قەلەمنى،
بۇ ئىشتا ئۆتتۈدۈم پۈتكۈل ئالەمنى.
..................................
يەتمىش ۋە بىر ياشقا قويغاندا قەدەم،
شېئىرىم زەۋقىگە تولدى بۇ ئالەم.
..................................
ھىجرەتتىن ئۆتكەندە تۆت يۈزىنچى يىل،
پۈتكۈزدۈم ئاخىرى بۇ ئەسەرنى بىل①.

يۇقىرىدىكىلەردىن، دەۋر بۆلگۈچ كاتتا ئەسەر «شاھنامە» نىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بارلىققا كېلىشىدە، سامانىلار خانلىقى ياراتقان پايدىلىق سىياسىي، ئىقتىساد ۋە پەن ـ مەدەنىيەت مۇھىتىدىن باشقا، شائىرنىڭ بۈيۈك غايە يولىدا بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىپ ئىزدەنگەنلىكىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

فىردەۋسى تولۇق، مۇكەممەل ۋە ئەتراپلىق ماتېرىياللارنى تەييارلىغاندىن كېيىن، ئۆز مىللىتىنىڭ سەلتەنەتلىك تارىخىنى

---

① «‹شاھنامە› دىن تاللانغان داستانلار»، تاشكەنت غوپۇر غۇلام نامىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

خەلققە نامايان قىلىش، مىللەت ۋە خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك غۇرۇرى ۋە ھېسسىياتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ، چەت مەملىكەت ۋە يات مىللەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى، تالان ـ تاراجىغا قارشى كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مۇددىئانى چىقىش قىلىپ، مىلادىيە 975 ـ يىلى 44 يېشىدا «شاھنامە» نى يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ توپتوغرا 19 يىل جاپالىق ئىشلەپ، مىلادىيە 994 ـ يىلى ئېپوسنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى پۈتتۈرىدۇ. مىلادىيە 994 ـ يىلىدىن 1010 ـ يىلىغىچە بولغان 16 يىل ئىچىدە شائىر «شاھنامە» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ، ئاخىرى 79 يېشىدا ئاتاقلىق يۇنان ئەما شائىرى ھومېر (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IX ئەسىردە ياشىغان) نىڭ 24 باب، 15 مىڭ مىسرالىق مەشھۇر داستانى — «ئىلىئادا» دىن سەككىز ھەسسە زىيادە بولغان 120 مىڭ مىسرالىق شاھ ئەسەر — «شاھنامە» نى يېزىپ چىقىدۇ.

ئۇ مىلادىيە 1025 ـ يىلى 91 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كالامىزم روھانىيلىرى ئۇنى «كاپىر شاھلارنىڭ تارىخىنى يازغان ئىمانسىز» دەپ ئۇنى ئەيىبلەپ، مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىدا قويۇشقا يول قويمايدۇ. فىردەۋسىنىڭ ھايات چېغىدىكى دوستلىرى ئاخىرى ئۇنى شائىرنىڭ كىچىك باغچىسىغا دەپنە قىلىدۇ.

## 2. «شاھنامە» نىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش

«شاھنامە» نىڭ بارلىققا كېلىشىدە، فىردەۋسىنىڭ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان ئەجرىدىن باشقا، يەنە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشلەرمۇ بار. مۇناسىۋەتلىك

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، فىردەۋسىي ياشىغان دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ھەم تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىش يۈزلىنىشى «شاھنامە» نىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يېتەرلىك ئوبيېكتىپ شارائىتلارنى ھازىرلاپ بەرگەن. بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، ئەرەبلەر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ساسانىلار خاندانلىقىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن، بۇ يەرلەرنى خەلىپىلىككە قاراشلىق ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىۋەتتى. نەتىجىدە، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئۆز مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، بېقىندى ئەل بولۇپ قالدى. بۇ ھال خەلقنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقى ۋە غەزىپىنى قوزغاپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىمۇ ئۇلغايتتى. ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇش خەلقنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسىغا ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئايلانغانىدى. خەلققە ئانا يۇرتنىڭ تارىخىدىكى باياشاتلىق چاغلارنى ئەسلىتىش، ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلغان قەھرىمانلارنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق، خەلقنىڭ ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش مۇقەددەس بىر ۋەزىپە سۈپىتىدە ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچىنىڭ ئالدىغا قويۇلغانىدى.

ئىككىنچى، ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمران ئاقسۆڭەك سىنىپلارمۇ ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىل پاشاشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇلارمۇ خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي مۇستەقىللىق ھېسسىياتىنى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئەسلىگە

كەلتۇرۇشتە پايدىلىنىشقا بولىدىغان مۇھىم بىر ئامىل دەپ ھېسابلاپ، قەدىمكى ھاكىمىيەت نەمۇنىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشكە، مىللىي ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇشقا، قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى قىسسەلەرنى توپلاشقا، ئانا تىلدا ئەسەر يېزىشقا ئەھمىيەت بەردى.

ئۈچىنچى، خاندانلىقلارنىڭ تارىخىنى يېزىش، ئىلگىرىكى شاھلارنىڭ تۆھپىسىنى مەدھىيىلەش تاجىك ـ پارس خاندانلىقلىرىنىڭ بۇرۇندىن داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىسى ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا قۇرۇلغان خاندانلىقلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، قەدىمكى شاھلارنىڭ تارىخىنى يېزىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدىن ئىلگىرى نەسرىي ئۇسلۇبتا ئۈچ خىل «شاھنامە» ، شېئىرىي ئۇسلۇبتا ئىككى خىل «شاھنامە» بارلىققا كېلىپ، ئالقىشقا ئېرىشكەنىدى.

تۆتىنچى، «شاھنامە» نىڭ مۇئەللىپى ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەت ئەڭ ئۆتكۈرلەشكەن بىر تارىخىي شارائىتتا ياشىغان. ئۇ جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت تالىشىپ، خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىۋاتقانلىقىنى بىۋاسىتە كۆرگەن. شۇڭا، ئۇ ئۆتكەنكى ئادىل پادىشاھلارنى مەدھىيىلەش، زالىم پادىشاھلارنى ئەيىبلەش يولى ئارقىلىق رېئال ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشنى نىيەت قىلغان.

دېمەك، «شاھنامە» يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشلەر ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. فىردەۋسى ئۆز ئېپوسىدا بىر قاتار ۋەقەلىكلەر ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي ـ ئىجتىمائىي قارىشىنى ۋە رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ، «ئۆتمۈش ئارقىلىق ھازىرقىنى مەسخىرە قىلىش» ، «سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق

قاراڭغۇلۇقنى ئېچىپ تاشلاش» مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان. ئۇز دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، فىردەۋسىنىڭ غايىسى ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ غايىسى بىلەن بىر بولۇپ، تارىخنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ئىدى. پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، فىردەۋسىنى ئاتېئىستمۇ دېيەلمەيمىز، ماتېرىيالىستمۇ دېيەلمەيمىز، ئەمما ئۇنىڭ «شاھنامە» ئېپوسىدا مول ماتېرىيالىستىك، دىئالېكتىك ئىدىيىلەر ۋە ئامىللار بار.

## 3. «شاھنامە» نىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى مۇرەككەپ جەريانلار

«شاھنامە» نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى ئىككى چوڭ باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، تەييارلىق باسقۇچى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى تاجىكشۇناسى ن. س. براگىنسكىينىڭ 1956 ـ يىلى ستالىنئاباتتا (دۇشەنبىدە) نەشر قىلىنغان «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار» دېگەن ئەسىرىدىكى بايانلاردىن قارىغاندا، فىردەۋسى 35 ياشقا كىرگەن يىلى بۇخارا، سەمەرقەند، ھىرات، خوراسان قاتارلىق جايلاردىكى تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ئىشلىرىنى ۋە يازما ماتېرىياللارنى ھازىرلاپ بولغان. ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى ئەمگىكىنى شائىرنىڭ ئۆز تىلى بىلەن بايان قىلغاندا: «ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سانسىز قېتىم خەلق ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنى ئۇستاز تۇتتۇم»، «ئەرەب ۋە پەھلىۋى تىللىرىدا بەكمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇم، بەكمۇ جاپا تارتتىم.»①

ئىككىنچى، يېزىلىش باسقۇچى. «شاھنامە» نىڭ يېزىلىشىغا توپتوغرا 35 يىل ۋاقىت كەتكەن. بۇنى يەنە ئىككى

---

① «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1984 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 56 ـ بەت.

باسقۇچقا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئالدىنقى باسقۇچ «شاھنامە» نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى تەييارلاش باسقۇچى، دەسلەپكى نۇسخا سامانى سۇلالىسى ياراتقان تىنچ، گۈزەل مەدەنىي مۇھىت ئىچىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققان. كېيىنكى باسقۇچ «شاھنامە» نىڭ رەسمىي ئەسەر بولۇپ شەكىللەنگەن باسقۇچى بولۇپ، بۇنىڭغا 16 يىل ۋاقىت كەتكەن. بۇنىڭدىن بەش يىل سامانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە، 11 يىل مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ غەزنەۋىلەر سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە. بۇ باسقۇچتا شائىرنىڭ ئىجادىيەت پائالىيىتى ئۈچۈن پايدىسىز ئامىللار يۈز بەرگەن بولۇپ، شائىر ياخشى پاناھلىقتىن، گۈزەل شارائىتتىن ئايرىلغان. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ قىيىن مۇھىت ئىچىدە ئۆز ئەسىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك پۈتتۈرۈپ چىققان.

«شاھنامە» رەسمىي ئەسەر بولۇپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، فىردەۋسى ئۇنى مەھمۇد غەزنەۋىگە تەقدىم قىلىدۇ. مەھمۇد غەزنەۋى شائىردىن ئېپوسنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئادىل شاھلار قاتارىدا مەدھىيىلەپ يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە مەسنەۋى شەكلىدە يېزىلغان «شاھنامە» نىڭ ھەر ئىككى مىسراسى ئۈچۈن بىر دىنار ئالتۇن بېرىشنى ۋەدە قىلىدۇ. لېكىن فىردەۋسى ئۆز ۋىجدانىغا پۈتۈنلەي زىت كېلىدىغان بۇ خىل پەسكەشلىكنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن مەھمۇد غەزنەۋى ئاۋۋال ئۆز سارىيىنىڭ غالچا شائىرلىرىنى كۈشكۈرتۈپ فىردەۋسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. شائىر بولسا قەيسەرانە ھالدا ساراي شائىرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى مەغلۇپ قىلىپ، «سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىگە ھەجۋىي» دېگەن ساتىرانى يېزىپ مەھمۇد غەزنەۋىگە ئەۋەتىدۇ ھەم ئۇنى «شاھنامە» داستانىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇپ قويىدۇ:

www.uyghurkitap.com

لېۋىمدىن مىسراغا تۆكتۇم دۇر ـ گۆھەر،
زەر قەدرىن بىلمەيدۇ نادان ستەمگەر.
غادايىما، بۇ شۆھرەت، ھەشمەت، ئوردا،
بولغۇسى خارابە بوران ـ يامغۇردا،
ھەر مىسرا سۆزۈم، ئۇ بىر كۆركەم بىنا،
ئۆلمەيدۇ، ياشايدۇ، ئەبەد دۇنيادا.

شائىر يەنە ساترانىڭ خاتىمىسىدە مەھمۇد غەزنەۋىنى ئىپلاسلىقتا، خەسىسلىكتە، تېگى پەسلىكتە ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ تەختكە لايىق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

ئۇلۇغلار زاتىدىن بولمىغاچقا خان،
قىلىدۇ ئۇلۇغلار دىلىنى گىريان.
زاتى پەس نېمىگە ئۈمىد باغلىما،
قارا تون ئاقارماس، دىلىڭ داغلىما.
جاھانگىر نامى گەر بولسا ئىدى پاك،
بىلىمدان دىلىمۇ بولماس ئىدى چاك.

مەھمۇد غەزنەۋى ئۆزى ھەققىدىكى ساترانى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ، شائىرنى ئۆرۈش پىلىغا دەسسىتىپ ئۆلتۈرۈۋشكە پەرمان چۈشۈرىدۇ. ئەمما، مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ تەبىئىتىنى بىلگەن دانىشمەن شائىر دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، قوشنا ئەللەرگە چىقىپ كېتىدۇ ھەم خېلى ئۇزۇنغىچە باغداد، ھىرات قاتارلىق جايلاردا سەرگەردان بولۇپ ياشايدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، فىردەۋسى بىلەن مەھمۇد غەزنەۋىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى تارىخىي شەخس ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان زىددىيەت ۋە بۇ زىددىيەتتىن كېلىپ چىققان فىردەۋسىنىڭ تراگېدىيىسى قارىماققا تاسادىپىي پەيدا بولغان ئادەتتىكى ئېگىز ـ پەسلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە،

ئۇ بۇ ئىككى شەخسنىڭ دۇنيا قارىشى، مەۋقەسى ۋە تەبىئىتى قاتارلىق كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئەسلىدىنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان زىددىيەت ئىدى.

## 4. «شاھنامە» نىڭ ماتېرىيال مەنبەسى

فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسىدا تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تەخمىنەن بەش مىڭ يىللىق تارىخى بەدىئىي تىل ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان. ئەسەر جەمئىي 50 باب بولۇپ، ھەر بىر بابتا بىر شاھنىڭ تارىخى ۋە شۇ شاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى خىلمۇ خىل ۋەقەلەر، ھادىسىلەر، ئۆزگىرىشلەر، مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار، زىددىيەت ۋە كۈرەشلەر بايان قىلىنىش بىلەن بىللە، خەلقنىڭ ھەربىر دەۋردىكى تارىخىي ۋەقەلەرگە بولغان قاراشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ غايىسى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبلىك، «شاھنامە» تارىخ ئەھلى تەرىپىدىن «بەدىئىي ئۇسلۇبتىكى تارىخىي ئەسەر»، «قەدىمكى تاجىك ۋە ئىران جەمئىيىتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى» دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنىپ كەلمەكتە.

ئىران ۋە تاجىكىستاندا نەشر قىلىنغان «تاجىك تارىخى»، «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن ئوچېركلار»، «تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى «شاھنامە» گە دائىر بايانلارغا ئاساسلانغاندا، «شاھنامە» دىكى ماتېرىياللار تۆۋەندىكى مەنبەلەردىن كەلگەن:

بىرىنچى، قەدىمكى شەرقىي ئىران قەبىلىلىرى (تاجىكلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادلىرى) نىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى. بۇ ئېپوسلار ئىچىدە ساك ۋە سوغدىلارنىڭ رۇستەم

پالۋان ھەققىدىكى قىسسەلىرى، سوغدىيانا ۋە خارەزمدىكى سىياۋۇش رىۋايەتلىرى، باكتىرىيەدىكى ئىسفەندىيار رىۋايەتلىرى قاتارلىقلار بار.

ئىككىنچى، «شاھنامە» ئېپوسىنىڭ مىفالوگىيە قىسمىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىي ماتېرىياللىرىدىن ئېلىنغان. بۇ قىسمىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ تولىسى زەردۇشت (ئاتەشپەرەسلىك) ئەقىدىنامىسى بولغان «ئاۋېستا» دىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى، ساسانىلار خاندانلىقى (مىلادىيە 225 — 651 ـ يىللار) تارىخىغا ئائىت رىۋايەتلەر ئاساسەن پەھلىۋى تىلىدا يېزىلغان تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئېلىنغان.

تۆتىنچى، «شاھنامە» ئېپوسى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، پاكلىق بىلەن ناپاكلىقتىن ئىبارەت قارىمۇ قارشى ئىككى قۇتۇپ ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ۋە پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ياكى مۇشۇ خىل پەلسەپىۋى دۇنيا قاراش «شاھنامە» نىڭ پۈتۈن ئىدىيىسىگە سىڭدۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا ئادىل شاھلار، خەلق قەھرىمانلىرى قاتارلىق ئىجابىي پېرسوناژلار يورۇقلۇق تەگرىسى تەرەپدارلىرى، زالىم شاھلار، تاجاۋۇزچىلار قاتارلىق سەلبىي پېرسوناژلار قاراڭغۇلۇق تەڭرىسىنىڭ تەرەپدارلىرى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل ئىدىيە قەدىمكى تاجىك ۋە ئىران ئەجدادلىرى ئارىسىدا شەكىللەنگەن رەڭگارەڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن كەلگەن. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر فىردەۋسىنىڭ تولۇپ رەتلىشى بىلەن «شاھنامە» دىن ئورۇن ئالغان.

بەشىنچى، يۇقىرىدا بىز فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئېپوسىدىن ئىلگىرى بەش خىل «شاھنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ

بارلىققا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەندۇق. بۇ بەش خىل «شاھنامە» مۇ فىردەۋسى «شاھنامە» سىنىڭ مۇھىم ماتېرىيال مەنبەلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئەبۇ مەنسۇر دەقىقىنىڭ شېئىرىي «شاھنامە» سى بىلەن مەسئۇد مورۇز ۋە ئەبۇ مەنسۇرنىڭ شېئىرىي ـ نەسرىي «شاھنامە» لىرى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» سىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن.

## 5. «شاھنامە» نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قىسقىچە ۋەقەلىكى

بىر رۇس ئالىمى «شاھنامە» نى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە باھا بېرىپ: «شاھنامە» نى «شاھلارنىڭ نامىسى» دېگەندىن كۆرە «كىتابلارنىڭ شاھى» دېگەن تۇزۇك دېگەن. بۇ باھادا ئېھتىمال مۇبالىغە باردۇر، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، «شاھنامە» ئۆز قۇرۇلمىسىنىڭ ھەشەمەتلىكى، ئۆز ئىچىگە ئالغان تارىخىي ۋەقەلىكلىرىنىڭ كۆپلۈكى، خىلمۇ خىللىقى ۋە مۇرەككەپ ـ چىگىشلىكى، مەزمۇنىنىڭ ئىنتايىن مول ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئىجابىي ۋە سەلبىي پېرسوناژلىرىنىڭ كۆپلۈكى، بەدىئىيلىكىنىڭ يۇكسەكلىكى، بايان قىلغان تارىخىي دەۋرلىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن داستانچىلىق تارىخىدا ئىنتايىن كۆركەم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، «شاھنامە» ھېلىقى رۇس ئالىمىنىڭ باھاسىدەك «كىتابلار شاھى» دېگەن نامغا مۇناسىپ كېلىدۇ.

ۋاقىت ۋە بايان تەرتىپى نۇقتىسىدىن «شاھنامە» نىڭ قۇرۇلمىسىنى ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى، مىفالوگىيە قىسمى. بۇ قىسىم تەخمىنەن 15 مىڭ مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3200 ـ

يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 780 ـ يىلغىچە بولغان تەخمىنەن 2500 يىل داۋامىدىكى ئەپسانىۋى شاھلار، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى زور تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. بۇ قىسىم ماھىيەتتە مىف ـ ئەپسانىلەر قىسمى بولۇپ، تاجىك ـ پارس ئەجدادلىرىنىڭ قەدىمكى تەبىئەت، كائىنات ۋە ئىجتىمائىي قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، پالۋانلار قىسسەلىرى قىسمى. بۇ قىسىم تەخمىنەن 69 مىڭ مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، بۇنىڭدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 780 ـ يىلدىن مىلادىيىنىڭ 50 ـ يىلىغىچە بولغان ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان. بۇ قىسىم ئەمەلىيەتتە قەھرىمانلىق دەۋرى قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ئەفراسىياپ بىلەن رۇستەم پالۋاندىن ئىبارەت ئىككى شەخس ئوبرازى ئارقىلىق ئىپچىلغان قاراڭغۇلۇق بىلەن يورۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جەريانلىرىدىن ئىبارەت. بۇ قىسىمدا خىلى مول دىئالېكتىك ئىدىيىلەر ئەكس ئېتىلگەن.

ئۈچىنچى، تارىخىي ۋەقەلەر قىسمى. بۇ قىسىم تەخمىنەن 25 مىڭ مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭدا مىلادىيە 50 ـ يىلدىن 650 ـ يىلغىچە بولغان تارىخىي ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ. بۇ قىسىمدا ئارشاكلار سۇلالىسىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى، ساسانىلار خاندانلىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تارىخى، ساسانىيە شاھلىرى بەھرام گور، بەھرام چۇبىنىنىڭ ئوردىسىدا كۆتۈرۈلگەن مەشھۇر مازداقچىلار قوزغىلىڭى، ئىسلام دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئەرەبلەرنىڭ باش كۆتۈرۈشى ۋە ساسانىلار سۇلالىسىنىڭ تارمار بولۇشى قاتارلىق زور تارىخىي ۋەقەلەر بىرقەدەر تەپسىلىي شەرھلەنگەن. شۇڭا، بۇ قىسىم تارىخ تەتقىقاتىدا بىرقەدەر يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

فىردەۋسى بۇ قىسىمدا، رۇستەمنىڭ قەھرىمانلىق ئىش



www.uyghurkitap.com

ئىزلىرىنى تەسۋىرلەشتىن تەدرىجىي رېئال تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىگە ئۆتىدۇ. بۇ بىر قاتار تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىش بىلەن بىرلىكتە كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تارىختىكى مەشھۇر مازداقچىلار ھەرىكىتىگە تارتىدۇ.

«شاھنامە» دە يەنە يۇقىرىدىكى ئۈچ قىسىمغا ياندىشقان ھالدا نۇرغۇن ئاددىي كىشىلەر، ئاياللار ۋە خاراكتېرى ھەر خىل پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازلىرى ئارقىلىق ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئۆزگىرىشلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور بۇنىڭغا تەخمىنەن 20 مىڭ مىسرا ئەتراپىدا ئورۇن بەرگەن.

## 6. «شاھنامە» نىڭ ئاساسىي ئىدىيىۋى مەزمۇنى

«شاھنامە» نىڭ سۆز مەنىسى «شاھلار تارىخى» ياكى «شاھلار قىسسىسى» دېگەندىن ئىبارەت. ئەمما، «شاھنامە» ئەكس ئەتتۈرگەن بىر پۈتۈن مەزمۇندىن قارىغاندا، ئۇنى نوقۇل ھالدا «شاھلار تارىخى» دەپ قاراش «شاھنامە» نىڭ ماھىيىتىگە توغرا كەلمەيدۇ.

«شاھنامە» مۇكەممەل سۇژېت، جانلىق شېئىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق تاجىك ۋە ئىران خەلقىنىڭ بەش مىڭ يىللىق ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ئىدىيە تارىخىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن ھەم ئاپتورنىڭ روشەن دۇنيا قارىشى، ئېنىق مەۋقەسى، قىزغىن ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەن كاتتا تارىخىي ۋە بەدىئىي ئەسەردۇر.

ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە، «شاھنامە» نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. بۇ خىل ئىدىيە داستاننىڭ پۈتكۈل جەريانىغا، ھەر بىر قۇر ـ مىسرالىرىغىچە سىڭدۈرۈلگەن.

داستاندا شائىر خەلقنى ۋەتەنگە سادىق بولۇشقا، بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ ئۇيۇشۇپ، يات مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بىلەن ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ۋەتەن تۇپرىقىنى قوغداشقا، ۋەتەن بىرلىكىنى ساقلاشقا چاقىرىدۇ. چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغان پادىشاھلار ۋە قەھرىمانلارنى يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەپ، زالىم شاھلار بىلەن تاجاۋۇزچى شاھلارنى قاتتىق سۆكىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى غايىسى ۋە ئارزۇ ـ ئىستىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

«شاھنامە» نىڭ خەلقچىللىق ئىدىيىسى خەلق پائالىيىتىنىڭ سەركەردىلىرى بولغان رۇستەم پالۋان، تۆمۈرچى كوۋا ۋە ئىسيانكار مازداقلارنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق زوق ـ شوق بىلەن مەدھىيىلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. فىردەۋسى پۈتكۈل ئېپوستا شاھلاردىن كۆرە رۇستەمگە ئوخشاش خەلق قەھرىمانلىرىنىڭ پائالىيىتىگە زور سەھىپە ئاجرىتىپ بەرگەن. بىزنىڭ يۇقىرىدا «شاھنامە» نى نوقۇل ھالدا «شاھلار تارىخى» دېيىشكە بولمايدۇ دېگەن سۆزىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىمۇ مۇشۇ يەردە. فىردەۋسى قەھرىمانلارنىڭ ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، نوقۇل ھېكايە سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇ قەھرىمانلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن ئىدىيىۋى مەۋقەسىنى ئېنىق ئاشكارىلايدۇ.

فىردەۋسىنىڭ سىياسىي خاھىشچانلىقى ۋە ئېنىق دۇنيا قارىشى ئۇنىڭ رۇستەم پالۋاننىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ باشقا پېرسوناژلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغانلىقىدا ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ. قىسقىسى، فىردەۋسىنىڭ قارىشىچە، شاھلارنىڭ ئادالەتسىزلىكى بىلەن تاجاۋۇزچىلارنىڭ

بۇلاڭ ـ تالاڭلىرى ئازابلىق تۇرمۇش بىلەن بارلىق تراگېدىيىلەرنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ۋە جاھالەتچىلىكنىڭ يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ خىل دۇنيا قاراش ئىنتايىن قىممەتلىك.

فىردەۋسى يەنە «شاھنامە» دە زال بىلەن رۇبادە، رۇستەم بىلەن تۇران مەلىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن مۇھەببەتنى قىزغىن مەدھىيىلەش ئارقىلىق ھەممە ئادەم باراۋەر ياشايدىغان، زۇلۇم ۋە ستەم بولمىغان، مۇھەببەت ئەركىنلىكى بولغان، تەڭسىزلىكتىن خالىي بىر يېڭى ماكان ۋە زاماننىڭ بولۇشىنى ئارزۇ ۋە ئارمان قىلىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى مۇشۇنداق دۇنيانى بەرپا قىلىشقا چاقىرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قارىشى بىلەن كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشىنى يان تەرەپتىن ئىپادىلەيدۇ. ئەسكەرتىش كېرەككى، فىردەۋسى پېرسوناژلار ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈنى يازغاندا، بۇ خىل مۇناسىۋەتنى خىلۋەت مۇھىت ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنى زور ئىجتىمائىي ـ سىياسىي كۈرەشلەر ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى شۇكى، ئاپتور يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشنى تەسۋىرلەش بىلەن بىرلىكتە يەنە قارىمۇ قارشى رەقىبلەر ئۇچۇن مۇھەببەت سەھنىسىنى ئاچىدۇ. بۇنىڭغا رۇستەم پالۋان بىلەن ئەفراسىياپ شاھنىڭ مەلىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت، رۇستەمنىڭ دادىسى زال بىلەن زەھھاك نەسلىدىن بولغان زەبەرىستان مەلىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت مىسال بولالايدۇ.

«شاھنامە» نىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ تۈگىتىش تەس. ئۇنىڭ ئىپادە قىلغان كەڭ مەزمۇنىنى ئەڭ ئىخچاملىغاندىمۇ، ئۇ بىزگە ئەپسانىۋى تارىخ بىلەن چىن تارىختىن، ئەپسانىۋى پادىشاھلار

بىلەن ھەقىقىي پادىشاھلارنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىدىن، ئەپسانىۋى قەھرىمانلار بىلەن راست قەھرىمانلارنىڭ ماھارەتلىرىدىن، تۈرلۈك قەبىلە خەلقلىرىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي قاراشلىرىدىن، قەدىمكى تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ تۆت ئاناسىر قارىشى، مەدەنىيىتى، تۆرمۆش ئادەتلىرى، ئىرقشۇناسلىق، ھەربىي ئىشلار، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، دىنىي ئېتىقاد، سىياسىي، قانۇن، ئەخلاق، قاتناش، قورال - ياراغ، ھۈنەر - كەسىپ، پسىخولوگىيە قاتارلىق ساھەلىرىدىنمۇ كەڭ ۋە ئەتراپلىق مەلۇمات ۋە ئۇچۇر بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنى قەدىمكى زامان ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىجتىمائىيىتىنىڭ ئېنسكلوپېدىيىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## 7. «شاھنامە» نىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكى

«شاھنامە» يۈكسەك ئىدىيىۋىلىكنىڭلا نەمۇنىسى بولۇپ قالماي، يەنە يۈكسەك بەدىئىيلىكنىڭمۇ نەمۇنىسى. ئۇ مۇكەممەل سۇژىتقا، پۇختا كومپوزىتسىيىگە ۋە رەڭگارەڭ ھەم جانلىق شېئىرىي ئوبرازلارغا ئىگە شاھ ئەسەردۇر.

«شاھنامە» نىڭ يۈكسەك بەدىئىيلىكىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى، «شاھنامە» رومانتىزم بىلەن رېئالىزمنىڭ بىرلىكىنىڭ نەمۇنىسى. «شاھنامە» نىڭ 1 - قىسمى (مىفالوگىيە قىسمى) خەلق ئەپسانە - رىۋايەتلىرى ئاساسىدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى قويۇق رومانتىزم تۈسى ۋە پۇرىقىغا ئىگە.

ئەسەرنىڭ 2 - قىسمى (قەھرىمانلار قىسسىسى قىسمى)

غايىۋىلىكتىن تەدرىجىي ھالدا رېئاللىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ. بۇ ئىككى قىسىم مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزئارا ئورگانىك باغلىنىشلىق قىلىپ يېزىلغانلىقتىن، ئۇلار بىر - بىرىنى شەرت ۋە تەقەززا قىلىدۇ.

ئەسەرنىڭ 3 - قىسمى (تارىخىي ۋەقەلەر قىسمى) پۈتۈنلەي تارىخىي ۋەقەلەر ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، خاراكتېر جەھەتتىن ئالدىنقى ئىككى قىسىمدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن بىر پۈتۈن قۇرۇلمىدىن قارىغاندا، ئەسەرنىڭ ئۈچ قىسمى شۇنداق بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ قۇراشتۇرۇلغانكى، ئوقۇغاندا ئۇلارنىڭ پەرقلىرىنى ئايرىش قىيىن. شۇڭا، رومانتىزم بىلەن رېئالىزمنىڭ زىچ بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى فىردەۋسىنىڭ «شاھنامە» ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، «شاھنامە» دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنىڭ نەمۇنىسى. فىردەۋسى ئېنىق دۇنيا قاراش ۋە مەقسەت بىلەن «شاھنامە» نى زامان ۋە ماكان ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ يازغان. مۇئەللىپ ئۆز ئەسرىنىڭ خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە مەدەت بېرىپ، جاھالەتكە - زۇلمەتكە قارشى كۈرەشتە بىر قۇدرەتلىك قورالغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلغان. ئۇ بۇ جەھەتتىكى ئەمگىكىنى مەغرۇرلۇق بىلەن مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ئوتتۇز يىل تەر تۆكۈپ، سىڭدۈردۈم مېھنەت،
قۇتقازدى پارسنى تىلىم ئاقىۋەت.

دەرۋەقە، فىردەۋسىنىڭ بۇ ئالىي غايىسى رېئاللىققا ئايلاندى. تارىختا چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى ھەر قېتىم ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، كىشىلەر تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئالدىنقى سەپكە بارىدىغان ئەسكەرلەرنى

ئۈزاتقاندا، «شاھنامە» دىن پارچىلارنى ئوقۇيتتى، جەڭ مەيدانلىرىدا كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەنىۋى ئوزۇق ئالاتتى.

«شاھنامە» دەك بىر بۈيۈك قامۇسنىڭ شۇ زاماندا بارلىققا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ جىددىي سىياسىي كىرىزىستە خەلققە روھىي ئوزۇق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەنىۋى قورالغا ئايلانغانلىقى تارىختا كۆپ قېتىم ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. ئەدەبىياتنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىمۇ دەل شۇ يەردە!

ئۈچىنچى، «شاھنامە» يۈكسەك ئوبرازچانلىقنىڭ نەمۇنىسى. فىردەۋسى ئوبرازلىق تەپەككۇر قورالىدىن ئەڭ چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ، «شاھنامە» نىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى روشەن يورۇتۇش ئۈچۈن ئىنتايىن نۇرغۇن ئوبرازلارنى ياراتقان. ئالايلۇق، ئادىل شاھلار ئوبرازى، زالىم شاھلار ئوبرازى، خەلق قەھرىمانلىرى ئوبرازى، ساتقىن — تەسلىمچىلەر ئوبرازى، ئاياللار ئوبرازى، ئاددىي خەلق ئوبرازى قاتارلىقلار. بۇ ئوبرازلار ئىچىدە رۇستەم پالۋان ئوبرازى ئەڭ تىپىك ئوبراز بولۇپ، باشقا ئوبرازلار مۇشۇ تىپىك ئوبرازنى دەۋر قىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

رۇستەم پالۋان ئوبرازى يۈكسەك بەدىئىي ئىستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنى «شاھنامە» نىڭ جېنى دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. ئاپتور رۇستەم ئوبرازىنى «شاھنامە» دە ئەڭ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىنى، ھايات — پائالىيەتلىرىنى، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى تۇرلۇك زىددىيەت — توقۇنۇشلار ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ. رۇستەم پالۋاننىڭ ئاجايىپ پەم — پاراستى ھەم خىلمۇ خىل پالۋانلىق ماھارىتى گەرچە قويۇق رومانتىك تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېر جەھەتتىن بۇ يەنىلا ئاددىي

ئىنسان خاراكتېرىگە — ئاق كۆڭۈل، شەپقەتلىك، زېرەك، ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە، ئۇ ۋەتەننى قوغداش يولىدا ھېچقانداق خېيىم - خەتەردىن قورقماي، زۇلمەت كۈچلىرى بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلىدۇ.

ئاپتور رۇستەم پالۋان ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىن يارىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ خاسىيەتلىك تۇلپارى — رەقىشنى ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. رۇستەم پالۋان رەقىشنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ قەدىرلەيدۇ. تۇلپارى رەقىش شەپقەتلىك ھەمراھ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەڭ مۈشكۈل چاغلاردا رۇستەمنىڭ جېنىغا ئەسقاتىدۇ. كۆپ قېتىم ئىگىسىنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.

سەلبىي ئوبرازلاردىن زەھھاك بىلەن ئەفراسىياپنىڭ ئوبرازىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان بولۇپ، كىتابخانلارغا قاباھەت ۋە جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇتىدۇ.

تۆتىنچى، «شاھنامە» تىلدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىشنىڭ نەمۇنىسى. «شاھنامە» نىڭ تىلى گۈزەل، جانلىق، تەسىرلىك بولۇپ، ئوقۇغان كىشىگە بىر خىل لەززەت بېغىشلايدۇ.

«شاھنامە» يېزىلىۋاتقان دەۋردە ئەرەب تىلى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. پارس - تاجىك تىلى بولسا تەقىپ ئاستىدا باش كۆتۈرۈۋاتاتتى. تىل ساھەسىدىكى كۆرەش تازا پەللىگە چىقىپ، ئاخىرقى نەتىجىسى قانداق بولىدىغانلىقى تېخى ئېنىق بولمىغان شارائىتتا، فىردەۋسىنىڭ ساپ پارس - تاجىك تىلىدا يېزىلغان «شاھنامە» سى دۇنياغا كەلدى. بۇ ئەرەب تىلىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىدىن، پارس - تاجىك تىلىنىڭ تەقىپ ئاستىدىن ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلىرىدىن مەلۇم

بولۇشچە، 120 مىڭ مىسرالىق «شاھنامە» دە ئەرەبچە سۆزلەر ئاران 4% نى ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن شائىرنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئەرەبچە سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلىنىپ، ساپ ئانا تىلىدىن پايدىلانغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، فىردەۋسى «شاھنامە» نى يېزىش جەريانىدا، پارس ـ تاجىك تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشقان. بۇ توغرىلىق شائىر نىزامى گەنجىۋى (1141 — 1203) مۇنداق دېگەن: «تۇس ئالىمى، شائىرلار پېشۋاسى — فىردەۋسى ئانا تىلىنى خۇددى پۈزۈر ياسىنىۋالغان كېلىنىدەك گۈزەللەشتۈردى.» بىر ئىران شائىرى فىردەۋسىنىڭ ئانا تىلىنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش جەھەتتىكى تۆھپىسىگە باھا بەرگەندە مۇنداق دېگەن: «پارس تىلى ئەسلىدە ئالتۇن تەختتە ئىدى، كېيىن ئۇ بەك تۆۋەن چۈشۈرۈلۈپ كەتتى. فىردەۋسى ئۇنى يەنە يېڭىۋاشتىن كۆتۈرۈپ، ئەسلىدىكى ئالتۇن ئورنىغا قويدى.»

يىغىنچاقلىغاندا، فىردەۋسى تاجىك تىلىنىڭ قەددىنى يېڭىۋاشتىن كۆتۈردى. ئۇنىڭدىن ئەڭ ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ پاساھىتىنى نامايان قىلدى.

## 8. «شاھنامە» نىڭ دۇنياۋى ئابرۇيى ۋە تەسىرى

كۆپ ئالىي قەسىرلەر بولۇشار خاراب،
ئۆرۈلسا قار ـ يامغۇر، شامالۇ ـ ئاپتاپ.
ۋەلى بۇ شېئىرىمدىن بىنايى جاھان،
ئۇنى دەز ئېتەلمەس شامالۇ ـ بوران.
تەردىم بۇ تۇخمى سۆز، چېكىپ مېھنەتىم.
مەن ئۆلسەم ئەسىرلەر ياشايدۇ ئېتىم.

بۇ، فىردەۋسىنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ شاھ ئەسىرىگە ئالدىن بەرگەن باھاسى. تارىخ شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرى توغرىسىدىكى باھاسىنىڭ چىنلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇنىڭ بىلەن تارىخ يەنە بۇ ئۇلۇغ شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرى توغرىسىدىكى بېشارىتىنىڭ چىنلىقىنى داۋاملىق ئىسپاتلىغۇسى. مىڭ يىلدىن بېرى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئالىيجانابلىق، قەھرىمانلىق، گۇمانىزم ۋە تىنچلىق غايىلىرى چاقناپ تۇرغان «شاھنامە» ئېپوسى مۇئەللىپ فىردەۋسى ئۈچۈن مەڭگۈلۈك شان ـ شەرەپ كەلتۈرمەكتە. خۇددى يېقىنقى زامان ئىران ئەدەبىياتشۇناسى فەررۇخ (1841 — 1909) كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «فىردەۋسىنىڭ ‹شاھنامە› سى دۇنياغا كەلگەن ھامان پارسگۇيلارنى بىردىنلا مەھلىيا قىلىۋەتتى، ئەگەر شۇ كىشى ساۋاتلىق بولسا، ‹شاھنامە› نى ئېلىپ ئوقۇيدۇ. ئەگەر بىساۋات بولسا، كىتابپۇرۇشنىڭ يېنىغا بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقىنى زەن قويۇپ ئاڭلايدۇ»[1].

«شاھنامە» ئەڭ دەسلەپتە XIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بەندەرى ئاتلىق بىر ئەرەب ئالىمى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىن XV ئەسىرگە كەلگەندە تۈرك تىلىغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىنغان. XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، لاتىن، ئىتالىيان، ياپون، رۇس تىللىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنغان. ئېلىمىزدە 1964 ـ يىلى «شاھنامە» نىڭ «رۇستەم ۋە سوھراپ» دېگەن قىسمى فەن چىڭلىڭ ئەپەندى تەرىپىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. ھازىر دۇنيادىكى نۇرغۇن ئەللەردە «شاھنامە» شۇناسلىق تەتقىقاتى قانات

---

① «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1983 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 160 ـ بەت.

يايدۇرۇلماقتا. ستالىن فىردەۋسى ئۇستىدە توختالغاندا: «تاجىك مىللىتى شۇنداق ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە ئىگە بىر مىللەتكى، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى فىردەۋسىدەك بۈيۈك شائىرنى بارلىققا كەلتۈردى»[1] دېگەن.

«شاھنامە» تەتقىقاتچىلىرىدىن پروفېسسور يې. ئې. بېرتېلىس فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى توغرىسىدا توختالغاندا، «X — XI ئەسىردىكى پوئېزىيە قانچىلىك پارلاق بولسۇن، ئۇ گېنىئال شائىر فىردەۋسىنىڭ ‹شاھنامە› داستانى ئالدىدا خىرەلىشىپ قالىدۇ» دېگەنىدى.

ئوتتۇرا ئەسىر شەرق كلاسسىك شائىرلىرىدىن «شاھنامە» دىن ئوزۇق ۋە ماتېرىيال ئالمىغان، «شاھنامە» گە تەقلىد قىلمىغان ۋە ئۇنىڭغا ياندىشمىغان شائىر ئاز بولسا كېرەك.

قىسقىسى، «شاھنامە» تاجىك ۋە ئىران خەلقلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇلۇغ خەزىنىسى بولۇپلا قالماستىن، يەنە جاھان مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ بىر مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 1990 ـ يىلنى «فىردەۋسى يىلى» قىلىپ بېكىتىپ، دۇنياۋى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

## 9. «شاھنامە» نىڭ چەكلىمىلىكى

«شاھنامە» بۇنىڭدىن ئون ئەسىر ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن ئەسەر. ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئىلغارلىقلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە شۇ دەۋرنىڭ پاسسىپ ئامىللىرىنىمۇ

---

[1] «سوۋېت ئىتتىپاقى ھەرقايسى مىللەتلىرىنىڭ پەلسەپە ۋە سىياسىي ـ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار»، ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى 1963 ـ يىلى نەشرى، 93 ـ بەت.

مەلۇم دەرىجىدە يۇقتۇرۇۋالغان. بۇنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، دۇنيا قاراش جەھەتتە فىردەۋسى ئىدېئالىزملىق تەقدىرچىلىك قارىشىغا مايىل بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەرەققىياتىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە، ئادىل شاھلارنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچىدىن، مىللىي قەھرىمانلار ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ تار مىللىي مەۋقەسىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. فىردەۋسىنىڭ قارىشىچە، ئىران مىللىتى باشقا مىللەتلەردىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئۇلار ئېسىلزادىلەر، باشقىلار بولسا تېگى پەسلەر. بۇ خىل قاراش شۈبھىسىزكى توغرا ئەمەس. چۈنكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ھەم ئارتۇقچىلىقى، ھەم كەمچىلىكى بولىدۇ. مىللەتتە مۇتلەق ئېسىلزادىلىك ھەم مۇتلەق پەسلىك مەسىلىسى ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

ئۈچىنچىدىن، «شاھنامە» دە يەتتە ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ تەسىرلىك مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان. بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى مىللەت شائىرلىرى ئۈچۈن مۇھەببەت تېمىسىدىكى لىرىك داستانلارنى يارىتىشنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس ماتېرىيال مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە. بىراق، فىردەۋسى ئاشىق ـ مەشۇقلار مۇھەببىتىنى تەسۋىرلىگەندە، «ئاشىق ئىراندىن، مەشۇق باشقىدىن» دېگەن تۇراقلىق مۇھەببەت ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ رېئال ئەمەس، بۇنداق قىلىش، ئەلگ ئەقەللىيسى باشقىلارنىڭ دىلىنى رەنجىتىدۇ، «شاھنامە» نىڭ نوپۇزىغىمۇ بەلگىلىك تەسىر يەتكۈزىدۇ.

تۆتىنچىدىن، «شاھنامە» دە بايان قىلىنغان بەزى تارىخىي مەسىلىلەر تارىخىي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەسىلەن،

www.uyghurkitap.com

ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئىسلام دىنى تېخى پەيدا بولماستىن خېلىلا ئىلگىرى شەرققە يۈرۈش قىلغان. شۇڭا، ئۇنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

لېكىن، كۆرسىتىلگەن بۇ مەسىلىلەر «شاھنامە» ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇددى تولۇن ئاي يۈزىدىكى غۇۋا داغدىنلا ئىبارەت. خالاس.

# XI باب ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى

## 1. شائىرنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى

ئۆمەر ھەييام (مىلادىيە 1040 — 1123 ـ يىللار) ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى پارس ـ تاجىكلارنىڭ مەشھۇر ئاسترونومى، ماتېماتىكى، پەيلاسوپى ۋە ئالەمشۇمۇل زەبەردەست شائىرى.

«ھەييام» — شائىرنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى، بۇ سۆز پارس تىلىدا «خىيمە» (چېدىرچى) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆمەر ھەييام ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خوراسان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى نىشاپوردا دۇنياغا كەلگەن. خوراسان ئىراننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار مەركىزى ئىدى.

ئۆمەر ھەييام كىچىك چېغىدا نىشاپوردا ئەينى زاماننىڭ كاتتا ئۆلىماسى مۇۋەپپەقىددىن بىننى ئابدۇلەتىپ دېگەن كىشىنىڭ قولىدا بىلىم تەھسىل قىلغان. تىرىشچان، ئۆتكۈر ئۆمەر ھەييام ياش ۋاقتىدىلا ماتېماتىكا، فىزىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، ئىلاھىيەتشۇناسلىق، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق پەنلەردە بىرقەدەر پۇختا ئاساس تۇرغۇزغان. ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغان يۇنان پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ ۋە

تەتقىق قىلىپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. كېيىن ئۇ يەنە ئەينى زامان تاجىك مەدەنىيىتى روناق تاپقان بەلخ، بۇخارا، سەمەرقەند قاتارلىق شەھەرلەرگە بېرىپ داۋاملىق ئوقۇپ بىلىم ئالغان.

ياشلىق دەۋرىدە ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن پېنى ماتېماتىكا بولۇپ، ئۇ ئەينى چاغدىكى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ماتېماتىكلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقانىدى. ئۇ، تۇنجى قېتىم ئۆگەنگەنلىرىگە ئاساسەن «ماتېماتىكىدىكى قىيىن مەسىلىلەر» دېگەن ماقالىنى يېزىپ داڭق چىقارغان. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ يەنە «ئېۋكلىد نەزەرىيىسىدىكى جۇزئىي مۇشكۇلات» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى يېزىپ، ماتېماتىكا تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ «ئېۋكلىد گېئومېتىرىيىسى» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ھەل قىلغان. بۇلاردىن باشقا، ئۆمەر ھەييام گېئومېتىرىيە بىلەن ئالگېبرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزگىرىشچان سانلارنى ماتېماتىكا ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. نەتىجىدە ماتېماتىكا ساھەسىدە ھەرىكەت ئۇقۇمى شەكىللىنىدۇ. بۇ بىر قاتار ئىلمىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆمەر ھەييام بارا - بارا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا باشلايدۇ.

ئۆمەر ھەييام تالانتلىق، ئىقتىدارلىق ۋە تىرىشچان بولغاچقا، بۇخارا ھاكىمى قاراخانى شەمسى مۇلىك (مىلادىيە 1068 — 1079 - يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) ئۇنى ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ مىلادىيە 1074 - يىلى مەشھۇر سىياسىيون نىزامىل مۇلىك (مىلادىيە 1018 — 1092 - يىللار) نىڭ تەكلىپى بىلەن سالجۇقىلار سۇلالىسىنىڭ مەركىزى ئىسپاھانغا كېلىپ سۇلتان مەلىكشاھ (مىلادىيە 1072 - يىلدىن 1092 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ھۇزۇرىدا ئىشلىگەن. بۇ مەزگىللەردە ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىسپاھان ۋە

مەرۋىنىڭ رەسەتخانىلىرىنى باشقۇرغان ھەم سەييارىلەرنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى كۆزىتىپ بارغان. مىلادىيە 1074 ـ يىلى سۇلتان جالالىددىن مەلىكشاھ ئۆمەر ھەييام باشچىلىقىدا يەتتە ئاسترونوم قاتناشقان بىر كالېندار گۇرۇپپىسىنى تەسىس قىلىپ، بىر يېڭى كالېندارنى ئىشلەپ چىققان. ئۇنىڭغا «جالالى كالېندارى» دەپ نام قويغان. بۇ كالېندار ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەردە قوللىنىلىۋاتقان شەمسىيە كالېندارىغا ئوخشاشلا مۇكەممەل ۋە توغرا ئىدى. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئالىمي گومورونىڭ شەرھلىشىگە قارىغاندا، ئۆمەر ھەييام ئىشلىگەن «جالالى كالېندارى» نى ئەنگلىيە ئالىمى گىبون يۇقىرى باھالاپ: «بۇ كالېندار ۋاقىت ھېسابلاشتا جۇلىيان كالېندارىدىنمۇ توغرا بولۇپ، گرىگورىيان يىلنامىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئەپسۇسكى، بۇ كالېندار يولغا قويۇلمىغان. كېيىنكى چاغلاردا ئۆمەر ھەييام داۋاملىق رەسەتخانىدا ئىشلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى كالېندارى بويىچە مەلىكشاھ رەسەتخانىسىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان. لېكىن، ھەييامنىڭ بۇ رەسەتخانا خەرىتىسى كېيىنكى چاغلاردا ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن.

ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكا تەتقىقاتىدىن باشقا، ھەييام پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. ئۇ تاجىك ئالىمى ئىبىن سىنانىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغان ھەم تەتقىق قىلغان. ھەييام پەلسەپىگە ئائىت بىرقانچە پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، كالام ئىلاھىيىتىنىڭ يېغىرىغا تېگىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، مۇتەئەسسىپلەرنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرىغان.

ئۆمەر ھەييام قەدىناس ساۋاقدىشى نىزامىل مۇلىك ۋە سۇلتان مەلىكشاھنىڭ قوغدىشى بىلەن ھەم ئۇلار يارىتىپ بەرگەن قۇلايلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوردا كىتابخانىسىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان. ئەمما، بۇنداق شارائىت ئۇزۇنغا داۋام قىلالمىغان. نىزامىل مۇلىك ۋە سۇلتان مەلىكشاھ ۋاپات

بولغاندىن كېيىن، يېڭى تەختكە چىققان ھۆكۈمرانلار ئۆزئارا ھوقۇق تالىشىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئىلىم - مەرىپەت ئىشلىرىغا زادى ئەھمىيەت بەرمىگەن. شۇڭا، ھەييامنىڭ كۆڭلى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ، ئاخىرى ئاچ - يالىڭاچ ھالغا چۈشۈپ قالغان، ھەتتا بىر مەزگىل پال بېقىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان.

ئوردا ۋە جەمئىيەتتىكى ئۆلىمىۋاتقان ماجىرالارغا ئەگىشىپ، كالام ئىلمىمۇ ھەددىدىن ئاشقان. ھەييام شۇ چاغدا «مەۋجۇدىيەتنىڭ ئومۇملۇقى» دېگەن تېمىدا بىر ئىلمىي ماقالە يېزىپ، ھۆرىيەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ، دىن ئەھلىنىڭ چاكىنا پەلسەپىسى ۋە مۇستەبىتلىكىگە قارشى تۇرغان.

ھەييام ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس ماكانى مەككىگە ھەج قىلىشقا بارغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆز يۇرتىدا غەم - غۇسسە ئىچىدە تەنھا ياشىغان. كىتاب مۇشۇ چاغلاردا ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى بولغان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۆمەر ھەييام ئالەمدىن ئۆتكەن چېغىدىمۇ قولىدا ئىبنى سىنانىڭ «ئەل قانۇن فىت تىب» دېگەن كىتابىنى تۇتۇپ تۇرغانىكەن.

ئۆمەر ھەييام تەرجىمىھالشۇناسى يارى ئەھمەد تەبرىزىنىڭ «شادلىق بېغى» دېگەن ئەسىرىدىكى مەلۇماتىدىن قارىغاندا، ھەييام ئۆمۈر بويى توي قىلمىغان. ئۇنىڭدىن پانىي ئالەمگە مەدەنىي مىراستىن باشقا نە بىرەر پەرزەنت، نە ئازراق مال - مۈلۈكمۇ مىراس قالمىغان[1].

## 2. ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى تەرجىمىشۇناسى ۋە تەتقىقاتچىسى

---

① «شەرق ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى»، 1 - قىسىم، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1979 - يىل نەشرى، 188 - بەت.

ئەنگلىيىلىك ئالىم ئېدۋارد فىسجىرالد (1809 — 1883 ـ يىللار) ۋە باشقا ئۆمەر ھەييامشۇناسلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ھەييامنىڭ دەسلەپتە رۇبائىي يېزىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ھەييامنى رۇبائىي يېزىشقا ھەم رۇبائىينى قورال قىلىپ جاھالەتلىك دۇنياغا ئوق ياغدۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان ئامىل — ئاچچىق تۇرمۇشتۇر.

ھەييام ئۆمرىنىڭ ئالدىنقى قىسمى نىزامىل مۇلكىنىڭ ياردىمى ۋە قوغدىشى ئارقىسىدا بىرقەدەر مۆتىدىل ئۆتكەن. لېكىن كېيىنكى ئۆمرى دەل مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئورنىنى سىياسىي مالىمانچىلىق ئالغان، ئىسلام دىنىدىكى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى توختاۋسىز نىزا ـ جېدەللەر تازا ئەۋجىگە چىققان، مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تازا غالجىرلىشىپ، ھەممە يەردە ئاق تېررورلۇق يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بىر دەۋرگە توغرا كېلىپ قالغانىدى. ھەييام مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ قاتموقات بېسىمى ئاستىدا بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ خىل تۇرمۇش ئازابى ھەييامنى رۇبائىيدىن ئىبارەت بۇ قورالنى قولغا ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى ئۇ زاماندا ھەييامدا بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئامال يوق ئىدى.

ھەييام بىر قەيسەر گۇمانىست بولۇپ، ئۇ ئۆز رۇبائىيلىرىدا ئوتتۇرا ئەسىر جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىگە، دىن ئەھلىنىڭ تەركىدۇنياچىلىقلىرىغا كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرگەن ھەم ئۇنىڭغا قارشى يۈرەكلىك جەڭ ئېلان قىلغان. ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىككە بولغان چىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ھەم ئوتتەك قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىگەن:

پەلەككە ھۆكۈمران تەڭرىدەك بولسام،
پەلەكنى قىلاتتىم ئوتتۇرىدىن بەرھەم.
يېڭىدىن شۇنداق بىر پەلەك ياسايتتىم،

ياخشىلار تىلەككە يېتەتتى شۇدەم.

تەقدىر لەۋھەسىدە ھۆكمىم بولغاندا،
مەيلىمچە يازاتتىم ئۇنى شۇئاندا.
قايغۇنى دۇنيادىن يوقىتىپ پۈتكۈل،
شادلىقتىن بولاتتى بېشىم ئاسماندا.

ئۆمەر ھەييامنىڭ رۇبائىياتچىلىقنى يېپيېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرگەنلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى شۇ يەردىكى، ئۇ رۇبائىياتنى پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭغا پەلسەپىۋى تۈس كىرگۈزدى ھەم رۇبائىيدىن ئىبارەت بۇ قورالدىن ئەڭ چېۋەرلىك بىلەن پايدىلىنىپ، مۇدھىش كونا دۇنياغا ھەم ئۇنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكى بولغان كالامىزمغا شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئۆمەر ھەييام ئالەم قانداق بىنا بولغان؟ ئىنساننىڭ ماھىيىتى نېمە؟ كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە؟ دېگەنگە ئوخشاش پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن بولۇپ، بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنىمۇ ئۆز رۇبائىيلىرىدا يارقىن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئۇ ئەينى زاماندىكى ئىدېئالىست مۇتەپەككۇرلار تەرغىب قىلغان «جىمى نەرسە ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ»، «ئالەم، دۇنيا ۋە ھاياتلىقنى ھەممىگە قادىر تەڭرى ياراتقان»، «پانىي ھايات — ۋاقىتلىق بولىدۇ؛ باقىي ھايات — ئەبەدىي بولىدۇ» دېگەندەك قاراشلارغا تامامەن قارىمۇ قارشى ھالدا جاۋاب بەردى:

بىر كېلەر ۋە كېتەر بۇ ئەجەب دۇنيا،
يوق ئاڭا ئېپتىدا ياكى ئىنتىھا.
كەلدۇق بىز قەيەردىن، نەگە كېتىمىز؟



ئۇيغۇر كىتاب تورىدىن www.uyghurkitap.com

بۇ ھەقتە كىم بەردى قېنى جىلغ باھا!

دۇنيانىڭ تىلىكى، مېۋىسىمۇ بىز،
ئەقىل كۆز قارىچۇقى — جەۋھىرىمۇ بىز.
بۇ دۇگىلەك جاھاننى ئۈزۈك دەپ بىلسەك،
شەكسىز ئۇنىڭ كۆزى — گۆھىرىمۇ بىز.

كەلمىكىم دەۋرانغا بەرمىگەنتى نەپ،
مەن كەتسەم، ئارتمىغاي ئۇنىڭدا شەرەپ.
كېتىمەن نى ئۈچۈن، كەلدىم نى ئۈچۈن؟
بۇ ھەقتە ئۇقمىدىم ھېچ كەستىن بىر گەپ.

ياراتسا دۇنيانى باشقىچە خۇدا،
بىر كۆرسەم ئۇنى مەن شۇ بۈگۈن ھەتتا.
«ئادەم» لىك تىزىمىدىن ئۆچۈرسۇن مېنى،
تۈزۈكرەك بىر كۈننى يا قىلسۇن ئاتا.

كېچە مەن تۈيغۇمدا ساماغا چىقىپ،
دوزاخ ھەم بېھىشنى يۈردۇم ئاختۇرۇپ.
بىر ئۇستاز ئۇچرىشىپ، دوزاخ ھەم بېھىش،
ئۆزۈڭدە! — دېدى ئۇ، — ئازمىغىن يۈرۈپ.

دېمەك، يۇقىرىدىكى رۇبائىيلاردا ھەييامنىڭ ئالەم قارىشى، دۇنيا قارىشى، كىشىلىك ھايات قارىشى ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن.

ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى گۇمانىزم. ئۇ ئۆز رۇبائىيلىرىدا، ئىنسانلارنى جۇشقۇن ۋە قىزغىن ھاياتقا ئىگە قىلىش، «ئۇ دۇنيادا تاپىسەن» دېگەن نېسى ۋەدىلەر ئورنىغا رېئال ھاياتتىكى نەق لەززەتلەردىن بەھىر ئېلىشقا، مېھنەت ۋە

ئادالەت بىلەن پانىي دۇنيانىڭ ئۆزىدە جەننەت، بىھىش يارىتىشقا چاقىرىدۇ. قۇرۇق گەپلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاغزىنى تاتلىق ئەتكۈچىلەرنىڭ خىلمۇ خىل سەپسەتىلىرىگە قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ:

دوزاخ ۋە جەننەتنى كىم بەرگەن ئەي دىل،
ئۇ دۇنيا خەۋىرىنى كىم بەرگەن ئەي دىل؟
قورقۇش، ئۈمىدسىز شۇلاردىن، ئەمما —
نام ـ نىشانىسىنى كىم بىلگەن ئەي دىل؟

ھوشۇڭ تاپ، تېنىڭدىن بۇ — جېنىڭ كېتەر،
ئۇ تەڭرىم سىرىنىڭ كەينىدىن ئۆتەر...
شاراب ئىچ، خۇشال ئۆت، بىلمەيسەن چۈنكى،
قەيەردىن كەلدىڭسەن؟ بارىسەن قەيەر؟

مەي ئىچكىن، تېنىڭنى تۇپراق پارچىلار،
توپاڭدىن مەيگە كۈپ، كوزىلار ياسار.
دوزاخنى، جەننەتنى يادىڭدىن چىقار،
پۈتمىگەي ئۇنىڭغا كىمكى ئەقلى بار.

نۇرغۇن رۇبائىيلاردىن ئۆمەر ھەييامنىڭ ئەخلاق قارىشى، كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى بىلگىلى بولىدۇ، مەسىلەن:

رەنجىتمە خەلقنى سەن، رەنجىتسەڭ ئەگەر،
تۈن يېرىم بولغاندا نالە ـ زار ئېتەر.
تايانما مۇلكىڭگە، رەڭگىرويىڭغا،
ھەر بىردىن بىر كېچە، ئۇ ئېلىپ كېتەر...



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇغقان شۇ، يات بولسا ۋاپادار ئەگەر،
يات ماڭا، كۆيۈمسىز تۇغقان بەچچىغەر.
ئەمەلدە نەپ بولسا، زەھەر ـ دورا ئۇ،
ئاغرىتسا بال قاچان، بال ئەمەس، زەھەر.

دۇنياغا پاك كېلىپ بىز بولدۇق ناپاك،
بەك خۇشال كېلىپ بىز بولدۇق غەمناك.
تۆكۈلدۇق سۇ بولۇپ دىلنىڭ ئوتىغا،
ئۆمۈرنى ئالدى يەل، ئايلاندۇق بىز خاك.

ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئۆز رۇبائىيلىرىدا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ چېلىقارلىق ئوبيېكتىپ شەيئى ئوبرازىنى تاللاپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، جەمئىيەت، دىن، پەلسەپە قاتارلىق مەسىلىلەردىكى قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن، شائىرنىڭ بىر قىسىم رۇبائىيلىرى خەلق ئارىسىدا شۇ دەرىجىدە ئومۇملىشىپ كەتكەنكى، دوست ـ يارەنلەرنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا، بەزمە ـ مەشرەپلەردە، ئاممىۋى توي ـ تۆكۈنلەردە ئاۋۋال مۇقەددىمە سۈپىتىدە ئوقۇلىدۇ:

مەي ئىچسەڭ ئاقىلۇ دانا بىرلە ئىچ،
ياكى بىر گۈل جامال زىبا بىرلە ئىچ.
ئاز ـ ئاز ئىچ، گاھ ـ گاھ ئىچ، ھەم پىنھان ھالدا ئىچ،
ئەزمە، رەسۋا بولما، ھايا بىرلە ئىچ.

ماڭا سەن دۇنيادا گۈزەل مىسلىسىز،
ماڭا سەن كۆزۈمدىن ئەتىۋا، ئەي قىز.
ئادەمگە جېنىدىن ئەزىز نەرسە يوق،
ماڭا سەن جېنىمدىن يۈز ھەسسە ئەزىز.

ئۆمەر ھەييامنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا دىنىي پۇرىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئىدېئالىستىك خاھىشتىكى پەلسەپىۋى ئىدىيە بولۇپ، ئۇ ماددىي دۇنيانىڭ ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ھەم جەزملەشتۈرىدۇ. ئەمما ئۆمەر ھەييامنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدە ئىلغار ئىدىيىۋى ئامىللار، پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ گەرچە ئالەمنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، لېكىن ئىلاھىيەت مەسىلىلىرىگە قارىتا ھامان گۇمانىي پوزىتسىيە بىلەن قارايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پەلسەپىسىدىكى كالامچىلارنىڭ قاراشلىرىدىن روشەن پەرقلىق ھالدا مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىدىكى گۇمانىي، شۈبھىلىك خاھىشنى ئۆز رۇبائىيلىرىدا ئىپادىلەيدۇ.

ئۆمەر ھەييامنىڭ دىن، ئىلاھىيەت مەسىلىلىرىگە دائىر رۇبائىيلىرىنى يېنىكلىك بىلەنلا تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى ئىلاھىيەتكە تۈپتىن قارىمۇقارشى دەپ قاراش ئانچە مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىدىيىسىنى تولۇق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى رۇبائىيلىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆمەر ھەييامنىڭ بۇ مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى، پىكىرلىرى ئۆزئارا زىددىيەتلىك، ھەتتا بەزى يەردە ئالدىنقى پىكىرلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ، بۇنىڭ ئۆزىلا ئۆمەر ھەييامنىڭ ئىدىيىسىدىكى مۇرەككەپلىك ھەم زىددىيەتلىك تەرەپىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دىن، ئىلاھىيەت مەسىلىلىرى، ئالەمنىڭ يارىتىلىشى، ئىنسان ھەققىدىكى پىكىرلىرىدە نۇرغۇن ئىلغار

ئىدىيىلەر، شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ناھايىتىمۇ زور ئىلگىرى كەتكەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، ھەيياممۇ ھامان ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى بولغاچقا، ئۇ ئىلاھىيەت، دىن مەسىلىلىرىگە قارىتا پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى مەيداندا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپلەرنىڭ سەۋەبىمۇ مۇشۇ نۇقتىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا ھەييامنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى مۇنداق زىددىيەتلىك تەرەپلەرنىمۇ نەزەرگە ئېلىشقا، چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ھەييامنىڭ ئىدىيىسىدە دىن، ئىلاھىيەت، ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىق پەلسەپىۋى مەسىلىلەرگە قارىتا گۇمانىي خاھىش كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ھەييامنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلغار، ئاكتىپ ئامىللارنى ئىنكار قىلغانلىق، يوققا چىقارغانلىق ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۆمەر ھەييام ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى ئىپادىلەشتە ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام پەلسەپىسىدە، بولۇپمۇ پارس كلاسسىك شېئىرىيىتىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرغان پەلسەپىۋى ئېقىم — تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ پىكىر شەكىللىرىدىن، سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بولغان ئۇقۇملىرىدىن كەڭ دائىرىدە پايدىلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىمۇ ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇ ئېقىمنىڭ پەلسەپىسىگە تەئەللۇق.

ھايات قارىشى جەھەتتە ھەييام جەڭگىۋار، ئۈمىدۋار ياشاشتىن ئىبارەت ئاكتىپ ھايات پەلسەپىسىنى تەشەببۇس قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆز تەقدىرىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا، رېئال ھاياتنى قەدىرلەشكە، سۆيۈشكە چاقىرىدۇ.

ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئۆمەر ھەييامنىڭ پەلسەپىۋى

ئىدىيىسىدە قىسمەن پاسسىپ ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئىلغار، ئاكتىپ ئامىللار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى پەلسەپىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، پىكىرلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، يۈكسەك بەدىئىيلىكى بىلەن ئىنسانىيەت تەپەككۇرى تارىخىدا ئۆزگىچە ئورۇنغا ئىگە بولۇپ چاقناپ كەلمەكتە.

## 3. ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. پەلسەپىۋىلىكى كۈچلۈك

ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ قىممىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پەلسەپىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈك، پىكىرلىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدە ئىپادىلىنىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ئالەم ۋە ئىنسان توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك تىللار بىلەن بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. شۇڭا، ھەييام رۇبائىيلىرى چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك بولۇپ، ئىلھاملاندۇرۇش، پىكىرنى قوزغىتىش رولىنى ئويناپ، كىتابخانلارنى چوڭقۇر تەپەككۇرغا سالىدۇ. تىل جەھەتتە شائىر شېئىرىي ھېسسىياتقا تولغان سۆز - ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەنلىكى، مىسرالارنىڭ قاپىيىسى گۈزەل، ئاھاڭدار بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئوقۇغاندا كىشى خۇددى بىر يېقىملىق ناخشا - مۇزىكىنى ئاڭلىغاندەك، ئۆزىنى خۇددى رۇبائىيلاردا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. كىشى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭدىن ئېستېتىك زوق ئالىدۇ. بەدىئىي ئەسەرگە نىسبەتەن

ئېيتقاندا، بۇ تولىمۇ قىممەتلىك، ئەلۋەتتە.

2. ھەجۋىي پۇرىقى قويۇق

ئۇ ئۆز رۇبائىيلىرىدا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پادىشاھ ـ ۋەزىرلەرنى، بەگ ـ قازىلارنى، مۇتەئەسسىپ ئىماملارنى مەسخىرە ۋە ساتىرا قىلىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھەجۋىيلىرى باشقا شائىرلارنىڭكىدەك قىپيالىڭاچ ۋە ئاشكارا بولماستىن، بەلكى قاتمۇقات پەردە ئىچىگە ئورالغان. ھەييامنىڭ يۇمۇرلۇقى كۈچلۈك ۋە ئۆتكۈر بولغان ھەجۋىي رۇبائىيلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

مەسچىتكە كەلمىدىم مەن نامازنى دەپ،
كەلدىم مەن بىر نەزرە ـ بىر نىيازنى دەپ.
بىر قېتىم ئوغرىلاپ كەتتىم جايىنامازء
بۇ نۆۋەت كەلدىم ھەم جايىنامازنى دەپ.

قىزىقارلىقى شۇكى، ھەييام تولا چاغلاردا باشقىلارنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرىنى پاش قىلماقچى ياكى ئەيىبلىمەكچى بولسا، ئۆز رۇبائىيلىرىدا گويا شۇ بولمىغۇر ئىشلارنى ئۆزى قىلغان تەرىزدە ئېيتىپ، ئۇنىڭغا ئىستىھزا بىلەن كۈلىدۇ. بۇ ئەدەبىياتتىكى غايەت زور ئەپچىل ماھارەت بولۇپ، يۇقىرىدىكى رۇبائىي ئەنە شۇ ماھارەتنىڭ نەمۇنىسى. شائىر بۇ رۇبائىيدا كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى مەسچىتكە نەزرە ـ نۇزرەتنى ماراپ بارىدىغان، جايىنامار ئوغرىلايدىغان ئوغرى دېگەن بولۇپ، ئاستىرتتىن گەپنى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە نامازخان، تەقۋادار ئادەم كۆرۈنىدىغان، ئەمما پەيتى كەلسە ھەرقانداق نەپسانىيەتچىلىكتىن يانمايدىغان رىياكار ساختىپەزلەرگە دارىتىدۇ ۋە ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ قامچىلايدۇ.

تۆۋەندىكى رۇبائىيلاردىمۇ ئۆمەر ھەييام ئۆزىنى پاش قىلغان، تەنقىد قىلغان بىر ھالەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئاغزىدا مۇسۇلمانچىلىق دەۋاسىنى قىلىسىمۇ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە باشقىچە بولغان ساختىپەزلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ:

مەي ـ شاراب ئىچسەممۇ مەستلىك قىلمىدىم،
رومكىدىن باشقىغا قولنى سوزمىدىم ...
مەيپەرەس بولۇشتىن غەرىزىم نېمە؟
ئۆز پەرەس بولۇشتىن يېنىش مەقستىم.

بىر قولۇم قۇرئاننى تۇتتى، بىرى جام،
گاھىدا ھالال مەن، گاھىدا ھارام.
كۆك گۈمبەز تېگىدە بىزلەر ياشىغان،
يا ئەمەس مۇسۇلمان، يا كاپىر تامام.

ئۆمەر ھەييام بىر قىسىم رۇبائىيلىرىدا تەڭرى نامىنى سۈيئىستېمال قىلىپ، خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلغان، ھەممە ئەسكىلىكلەرنى ئۆزلىرى قىلىپ، باشقىلارغا بەتنام قىلغان موللا ـ قازىلارنى مەسخىرە قىلىدۇ:

دانا بىلگەن ئۆزىنى ئۇ ئۇچ ـ تۆت نادان،
ئېشەك تەبىئىتىنى قىلار نامايان.
ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدە سەنمۇ ئېشەك بول،
بولمىسا دەپ «كاپىر» قىلىشار ئېلان.

ئەي مۇپتى بىز سەندىن پۇركارراق تۇرىمىز،
ھەرقانچە مەست بولساقمۇ ھوشىيارراق يۈرىمىز.
بىز ئىچسەك ئۈزۈم قېنىنى، سەن ئىچسەن ئادەم قېنىنى،

دەپ باقە قايسىمىز قانخورراق تۇرىمىز؟

### 3. تەقلىدچىلىكى

ھەييام ئۆز رۇبائىيلىرىدا، ئۇدۇل ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە قەدىمكى ئارقىلىق رېئاللىقنى ئېچىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەرنى ئۇنۇملۇك قوللىنىپ، ئۆز رۇبائىيلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن:

بىر ئوت بار يۈرەكتە، ماڭا بەر شاراب،
بۇ ئۆمۈر قاچماقتا، قاچقاندەك سىماب …
قوپ ئويغان، ئىقبال ئۇ چۈش كەبى كېتەر،
قوپ، كېتەر ياشلىقنىڭ ئوتى مىسالى ئاب.

ئادەم بىر شىشىدەك، جان ئۇنىڭدا مەي،
ئادەم بىر نەي بولسا، جان ساداسى نەي.
بىلەمسەن ئادەمنى، نېمە ئۇ، ھەييام؟
بىر خىيال پانۇسى، ساڭا دەپ بېرەي.

### 4. تىلىنىڭ گۈزەللىكى

ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ تىلى خەلق تىلىغا ئەڭ يېقىن، ئۇ خەلق تىلىدىن ئەڭ ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغان. ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ خەلقنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشىشى ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ ئومۇملىشىشىدىكى سەۋەبمۇ مانا شۇ يەردە.

تۆۋەندىكى رۇبائىينى ئوقۇساق ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئىنتايىن گۈزەللىكىنى ھېس قىلىمىز.

گۈل دېدى: يۈسۈپ مەن، مىسىرىدۇر چىمەن،
ئاغزىمدا لەبىا ــ لەب زەر ــ ياقۇت دېگەن …

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن دېسەم دەلىل تاپ، ئېيتتى ئۇ ماڭا،
مانا قان، قاراپ باق كۆڭلىكىمگە سەن.

ئىراننىڭ هازىرقى زامان داڭلىق يازغۇچىسى، پارس كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىسى سادىق ھىدايەت (1903 — 1951) ئۆزىنىڭ «ھەييام شېئىرلىرى» دېگەن كىتابىدا ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا توختىلىپ: «ھەييامدىن كېيىن بىر قىسىم مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلار ئۆزلىرىنى ھەييام ئۇسلۇبىنى ئۆگەندۇق، ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدۇق، دەپ ھېسابلاشتى. لېكىن ھەييامنىڭ خىسلىتى ۋە جاسارىتىنى، ئۇنىڭ پىكرىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقىنى ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق شائىر ئۆگىنەلىگىنى يوق، ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل ۋە كۆركەم ئىپادىلەش ئۇسلۇبى پەقەت ھەييامنىڭ ئۆزىگىلا خاس. ئۇ ئەڭ مۇۋاپىق سۆزلەرنى تاللاپ، ئۆز ئىدىيىسى ۋە مەقسىتىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قاپىيىلىرى ئاھاڭدار، يېقىملىق ۋە ھېسسىياتلىق، ئۇنىڭ ئوخشىتىشلىرى ۋە يوشۇرۇن ئىپادىلەشلىرى ئەپچىل ۋە ناھايىتى تەبىئىي. ئۇنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسى بىر پۈتۈن پارس ئەدەبىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي، بەلكى شائىرلارنىڭ ئىدىيىسىگىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارغا كەڭ زېمىن ئېچىپ بەردى. ھافىز شىرازى بىلەن شەيخ سەئىدى يېڭى ـ كونا شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا ئورۇن ئالماشتۇرۇشى، ماكان ۋە زامان، خۇشاللىق ھەمدە ‹مەي›، ‹شاراب›، ‹يار›، ‹گۈل› ئوبرازلىرى ئارقىلىق غەم ـ غۇسسىنى چىقىرىش ھەققىدە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شېئىرلارنى يازغاندى. لېكىن ئۇلارمۇ بۇ جەھەتلەردە ئۆمەر ھەييام چېگراسىغا يېتىپ بارالمىدى»① دېگەنىدى. ھەييام

---

① «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 75 ـ بەت.

رۇبائىيلىرىنىڭ قىممىتى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى باھا قىلچىمۇ مۇبالىغە ئەمەس.

## 4. ھەييام رۇبائىيلىرى تەتقىقاتچىلىقى

كۆپ جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكەن ئۆمەر ھەييام مۇتەپەككۇر، تەبىئىي پەنلەر ئالىمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىلا شۆھرەت تاپقانىدى. لېكىن ئۇ شائىرلار دۇنياسىدا ئۇزۇن زامانلارغىچە نامسىز ئىدى. مەيلى شائىرنىڭ ئانا يۇرتى ئىراندا بولسۇن ياكى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستاندا بولسۇن ۋە ياكى دۇنيانىڭ باشقا رايونلىرىدا بولسۇن، ئوتتۇرا ئەسىر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك شائىرلىرى تىلغا ئېلىنسىلا، كىشىلەر رۇداكى، فىردەۋسى، ئىبىن سىنا، نىزامى، ناسىر خىسراۋ، جالالىددىن رۇمى، شەيخ سەئىدى، ھافىز شىرازى، ئابدۇراھمان جامى قاتارلىقلارنى زوق - شوخ بىلەن ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇيتتى. ئەكسىچە، ئۆمەر ھەييامنى ئانچە تىلغا ئالمايتتى. بۇ خىل نورمالسىز ۋەزىيەتكە ئۇنجى قېتىم ئەنگلىيە شائىرى ۋە تەرجىمانى ئېدۋارد فىسجىرالد خاتىمە بەردى. 1857 - يىل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يەنى ئۆمەر ھەييام ۋاپاتىدىن تەخمىنەن 700 يىل كېيىن لوندوندا ئېدۋارد فىسجىرالد تەرجىمە قىلغان «ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى» نەشر قىلىندى. تەرجىمان فىسجىرالد ھەييام رۇبائىيلىرىنى مەزمۇنەن تەرجىمە قىلغان. ئۇنىڭ تەرجىمىسى سۈپەت جەھەتتىن بىرقەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەييامنىڭ ئىدىيىسى، ئۇسلۇبى، مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى، دەۋر روھى نىسبەتەن ئەينەن ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ تەرجىمىسى كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆمەر ھەييام دۇنيادىكى

www.uyghurkitap.com

مەشھۇر شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىغان.

ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى 1857 ـ يىلدىن 1889 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بەش قېتىم نەشر قىلىنىدۇ. توپلامنىڭ باھاسىمۇ كۈنسېرى ئۆرلەپ كېتىدۇ. ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، 1929 ـ يىلى فىسجىرالد تەرجىمە قىلغان ھەييام رۇبائىيلىرى نيۇ ـ يوركتا 8000 ئامېرىكا دوللىرىغا چىقىدۇ[①]. ئەنگلىيىدە بولسا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»غا زىبۇزىننەتلىك مۇقاۋا ياساش توغرىسىدا گېزىت ـ ژۇرناللاردا مۇسابىقە ئېلانى چىقارغان. مۇسابىقە شەرتىدە: «كىمىكى بۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا ئىراننىڭ تارىخى، مىللىي ئەنئەنىسىنى گۈل بىلەن ئەينەن ئىپادىلىسە، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا يەنە بىپايان كۆكتە قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇۋاتقان ئالتۇن پەرلىك قۇشنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ چۈشۈرسە، ئىككى مىڭ فوند ستېرلىڭ مۇكاپات بېرىلىدۇ» دېيىلگەن. ھەيران قالارلىقى شۇكى، تەرجىمان فىسجىرالد ھايات ۋاقتىدىلا ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى توپلىمىغا ئۆز نامىنى يېزىشقا زادى قوشۇلمىغان.

بۈگۈنكى كۈندە، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى تەتقىقاتچىلىقى دۇنياۋى بىر پەنگە ئايلاندى. ئىراننىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبى مەكتابى مىنونىڭ ستاتىستىكىسىدىن قارىغاندا، 1929 ـ يىلغا قەدەر ئامېرىكا ۋە ياۋروپادا ئېلان قىلىنغان ھەييام رۇبائىيلىرى تەتقىقاتى ئىلمىي ماقالىلىرى 1500 دىن ئاشقان. ئىراننىڭ ھازىرقى زامان يازغۇچىسى ۋە ئالىمى سەئىد نەفىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشىچە، ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنغان ھەييام رۇبائىيلىرىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسى 32 خىل،

---

① «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 6 ـ بەت.

فرانسۇزچە تەرجىمە نۇسخىسى 16 خىل، نېمىسچە تەرجىمە نۇسخىسى 12 خىل، ئۇردۇچە تەرجىمە نۇسخىسى 11 خىل، ئەرەبچە تەرجىمە نۇسخىسى سەككىز خىل، ئىتالىيانچە تەرجىمە نۇسخىسى بەش خىل، رۇسچە تەرجىمە نۇسخىسى تۆت خىل، تۈركچە تەرجىمە نۇسخىسى تۆت خىل ··· فىسجىرالد تەرجىمە قىلغان ئىنگلىزچە نۇسخىسىلا 1925 ـ يىلىغا قەدەر جەمئىي 139 قېتىم نەشر قىلىنغان①. ئېلىمىزدە 1923 ـ يىلى ئۆمەر ھەييامشۇناس فىسجىرالد ۋاپاتىنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاتاقلىق ئالىم، ئەدىب ۋە تەرجىمان گومورو ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ 4 ـ قېتىملىق نەشرىگە ئاساسەن، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغان ھەم ئۇنىڭغا تەتقىقات خاراكتېرلىك مۇقەددىمە يېزىپ ئېلان قىلغان. 1983 ـ يىلى 6 ـ ئايدا فىسجىرالد ۋاپاتىنىڭ 100 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى يولداش خۇاڭ گوشى تەرجىمە قىلغان «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»نى نەشر قىلدى. 1981 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى شائىر نۇرمۇھەممەت ئېركىنىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن، «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئېلىمىز ھەر مىللەت كىتابخانلىرى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى بىلەن كەڭ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ئۆمەر ھەييام ھەققىدىكى رەڭگارەڭ سۈپەتلەشلەردىن بىز ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ۋە ئوبزورچىسى ج. ر. لوۋىلېل (1819 — 1891) نىڭ 1953 ـ يىلى «ئوكسفورد نەقلىيات لۇغىتى»گە كىرگۈزۈلگەن مۇنۇ بىر كۇپلېت ئوبرازلىق گۈزەل شېئىرىنى مىسالغا ئالساق كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى بۇ شېئىردا

① «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، 66 ـ، 67 ـ بەتلەر.

www.uyghurkitap.com

ئۆمەر ھەييام ۋە ئۇنىڭ رۇبائىيلىرى ناھايىتى ئىخچام ۋە ئەينەن ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

پارس دىيارىدىن چىقىپتۇ بۇ تەپەككۇر جەۋھىرى،
يوپيورۇق مىسلى تولۇن ئاي، شۇنچە نۇرلۇق ھەر بىرى.
دۇر سۈزۈپتۇ ئۇ ئۆمەر چەكسىز دېڭىزنىڭ تەكتىدىن،
فىسجىرالد يىپقا تىزىپتۇ ئۆز تىلىدا زەپ ئۈنى①.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى تاجىك ـ پارس مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر پارقىراق گۆھەر بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى خەزىنىسىدىمۇ بىر قىممەت باھا گۆھەردۇر.

---

① «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 1 ـ بەت.

# XII باب ئەھمەد يۈكنەكى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ـ ئەخلاقىي قاراشلىرى

## 1. ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى

ئەھمەد يۈكنەكى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ياشىغان مەشھۇر ئەدىب، مۇتەپەككۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان.

ئەھمەد يۈكنەكى ئۆز زامانىدا ئەينى دەۋرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا سانالغان بىلىملىك مەشھۇر شەخس بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدە تولۇق ھەم ئېنىق بولغان مەنبە ھازىرغىچە مەلۇم ئەمەس. ھازىرچە بۇ مەسىلىدە بىز پەقەتلا ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى ھەققىدە بەرگەن قىسقىچە مەلۇماتلاردىنلا پايدىلىنىمىز.

داستاندا مۇنداق دېيىلگەن: «ئەدەب ئەھمەد ئاتىم، ئەدەب ـ پەند سۆزۈم، سۆزۈم مۇندا قالۇر، بارۇر بۇ ئۆزۈم»①.

داستانىنىڭ ئاخىرىدا XV ئەسىردىكى تۆمۈرىلەر خاندانلىقىنىڭ ئەمەلدارى بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان تەرىپىدىن يېزىلىپ ئىلاۋە قىلىنغان بىر شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

---

① «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 60 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئەدىبنىڭ يەرى ئاتى يۈكنەك ئىرۇر،
فالىغ ئەجەب يەر كۆڭۈللەرنى يارۇر.
ئاتاسى ئاتى مەھمۇد يۈكنەكى،
ئەدىب مەھمۇد ئوغلى يوق ئول دە ھېچ شەكى①.

دېمەك، بىز داستاندىكى مىسرالار ھەم باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان شېئىر مىسرالىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئەھمەد شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى، مەھمۇد ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكى، شۇنىڭدەك ئەھمەد تۇغۇلغان جاي قاراخانىيلارغا تەۋە بولغان يۈكنەك شەھىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەشھۇر شەخسنى تولۇق ئاتىغىنىمىزدا، ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى بولىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانى مەزمۇن جەھەتتىن دىداكتىك (پەند ــ نەسىھەت) مەزمۇندىكى ئەسەر بولۇپ، داستاندا ئاپتورنىڭ پەلسەپىۋى قارىشى، جۈملىدىن ئېتىكىلىق قاراشلىرى ھەم ئېستېتىك چۈشەنچىلىرى ئوبرازلىق شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان.

داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. ھازىرچە بۇنى پەقەتلا داستاننىڭ تىلى ھەم يېزىلىش ئۇسلۇبىغا ئاساسەن تەخمىنەن بەلگىلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان تەرىپىدىن يېزىلىپ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىنغان بىر شېئىردا ئەسەر «قەشقەر تىلى» بىلەن يېزىلغان دەپ ئېنىق

---

① «ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە» (بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان)، «ئەتە بەتۇلھەقايىق»، 66 ــ بەت.

ئەسكەرتىلگەن. بۇ يەردە دېيىلگەن «قەشقەر تىلى» مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرسىتىپ ئۆتكەن خاقانىيە تۈركىي تىلى بىلەن ئەمەلىيەتتە بىر تىل بولۇپ، ھەر ئىككىسىلا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەسەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرى بىلەن چاغاتاي تىلى (XIV ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قوللىنىلغان ئۇيغۇر يازما تىلى) ئامىللىرىنىڭ قوللىنىلغانلىقىنى، يەنى «ئەسەر تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن چاغاتاي تىلىغا كۆچۈۋاتقان ئۆتكۈنچى تىلنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز»[1]. بۇنىڭغا ئاساسەن داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى تەخمىنەن قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى يەنى XII ئەسىرنىڭ باشلىرى دېيىشكە بولىدۇ.

داستان 14 باب، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان. ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان ئۈچ پارچە شېئىرنى قوشقاندا، ھەممىسى بولۇپ 512 مىسرا بولىدۇ.

ھازىر بۇ ئەسەرنىڭ ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى بار: بىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (A نۇسخا) بولۇپ، 1444 ـ يىلى زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان بەخت، ھۈسەيىن قاتارلىقلار تەرىپىدىن سەمەرقەندتە كۆچۈرۈلگەن، ھازىر بۇ نۇسخا ئىستانبۇلدىكى ئاياسوفيا (Ayasofya) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا؛ ئىككىنچىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا قۇرمۇقۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (B نۇسخا)

---

[1] «ئەتەبەتۇلھەقايىق» مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن، 1 ـ، 3 ـ بەتلەر.

بولۇپ، 1480 ـ يىلى ئابدۇلرازاق قاتارلىقلار تەرىپىدىن ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن، بۇ نۇسخىمۇ ساقلانماقتا؛ ئۈچىنچىسى، ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (C نۇسخا) بولۇپ، بۇمۇ ئىستانبۇلدا كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ نۇسخىمۇ ھازىر ئىستانبۇلدىكى توپكاپى ـ سارايى (Topkapi - sarayi) كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، داستاننىڭ تولۇق بولمىغان نۇسخىلىرى ۋە ئايرىم ئۈزۈندىلىرى بولۇپ، بۇلار ھازىرغىچە تۈركىيىنىڭ ئەنقەرە كۇتۇپخانىسىدا، شۇنىڭدەك گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە قاراشلىق «تۈرك ـ ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرى» بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

بۇ ئەسەر بەزىدە «ھىببەتۇلھەقايىق» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ نام ئەسەرنىڭ B، C نۇسخىلىرىغا بېرىلگەن نامدىن كېلىپ چىققان. ئەمما ئەسەرنىڭ A نۇسخىسى باشقا نۇسخىلىرىدىن كونىراق ھەمدە مۇكەممەلرەك بولۇپ، A نۇسخىدا ئەسەرنىڭ نامى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» دەپ ئاتالغانلىقى ھەمدە بۇ نامنىڭ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر ئەسەر ئومۇمەن «ئەتەبەتۇلھەقايىق» (ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى) دېگەن نام بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

## 2. ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى

1. دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدا

ئەھمەد يۈكنەكى داستانىدا، ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى

ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە خېلى چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۇ بۇ مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرگىنىدە، بىر تەرەپتىن ئۆز دەۋرىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى — ئىسلام پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا داستاننىڭ باش قىسمىدىلا دۇنيا ۋە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھەمدە ئۇنىڭدىكى بەزىبىر ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشىنى «ئاللا»غا باغلىق دەيدىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەسلىدە بۇ خىل قاراش ئىسلام دىنى پەلسەپىسىدىكى ئەڭ مۇھىم يادرولۇق مەسىلە بولغاچقا، يەنە شۇنىڭدەك مۇسۇلمانچىلىق ئېتىقادىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىدىن چەتنىگەن ھالدا پىكىر بايان قىلىش ناھايىتىمۇ تەس. روشەنكى، ئەينى زاماندىكى يېزىقچىلىق رەسمىيىتىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنى مانا مۇشۇنداق يېزىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

ئەھمەد يۈكنەكى داستاننىڭ باشلىنىش قىسمىدىلا ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ساھابىلەرگە مەدھىيە ئوقۇشنى ئەدەبىي جەھەتتىن يۈكسەك تەسۋىرلىگەن.

پەلسەپىۋى قاراشتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قاراشلىرى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمغا مەنسۇپ، شۇنداق بولسىمۇ داستاننىڭ كېيىنكى بابلىرىنىڭ مەزمۇنىدا ئۆزىنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتىكى بەزى ئىككىلىنىشلىرى ئەكس ئېتىدۇ. قىسمەن ساددا ماتېرىيالىستىك ھەم ساددا دىئالېكتىكىلىق قاراشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى يەككە - يېگانە ھالدا بارلىققا كەلگەن بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋرلەردىكى پەيلاسوپ، ئالىملارنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ تەسىرىدە بارلىققا كەلگەن. چۈنكى ھەرقانداق بىر پەلسەپىۋى قاراش

ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەلسەپۋى ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي ياكى بولمىسا ئۇنىڭدىن ئوزۇق ئالماي قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق مەيدانغا كەلمەيدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى داستانىدا، دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى بەزىبىر ئايرىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىزدەپ، كونكرېت ئايرىم شەيئى ۋە ھادىسىلەر ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىياتلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ بۇ خىل قارىشىنى كونكرېت قىلىپ ئىنسان ھاياتى، ئىنساننىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق ئەقلىي تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن باغلىغان ھالدا بايان قىلىدۇ. داستانىنىڭ VI بابىدا ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

41. سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا.
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.

42. بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر،
بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز ياماقتۇر.
................................
................................

43. ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ يىلىكتۇر.
................................
................................

44. ئادەم بىلىمى بىلەن تونۇلىدۇ،
بىلىمسىزلەر تىرىك تۇرۇپ كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.
..................................
..................................

46. ئالىملار بىلىم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ،
بىلىمسىزلىك ئەرنى يەرگە چۆكۈرىدۇ.
..................................
..................................

ئۇنىڭ قارىشىچە، كىشىلەردىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ئاساسلىقى بىلىم ئېلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئوڭشاشتا ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنىڭ بولۇشى مۇھىمدۇر. داستاننىڭ VIII بابىدا ئاپتور دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىنسانىنىڭ هاياتىدىكى تەرەققىيات - ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكى، مۇقەررەرلىكلىكى شۇنىڭدەك بۇ خىل تەرەققىيات - ئۆزگىرىشلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمايدىغانلىقىنى ساددا دىئالېكتىكىلىق قاراش ئاساسىدا بايان قىلىدۇ.

69. بۇ دۇنيانىڭ لەززىتى باقىي ئەمەس،
مەرزە مۇددىتى خۇددى ئۆتكۈنچى شامال.
يىگىت قېرىيدۇ، يېڭى كونىرايدۇ،
قاۋۇللار كۈچىدىن قېلىپ ئاجىزلىشىدۇ.

70. بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرى بۇگۈن بار، ئەتە يوق،

مېنىڭ دېگەن نەرسەڭ باشقىلارنىڭ قىسمىتى.
ھەممە كۆپ (نەرسە) ئازىيىدۇ، تەل (نەرسە) كېمىيىدۇ،
بارلىق ئاۋاتلىقنىڭ ئاخىرى خارابلىق بولىدۇ.

118. قېنى ئەھد ـ ئامانەت، قېنى ياخشىلىق؟
كېيىنكى كۈنلەردە ياخشى ئىشلارمۇ يوقاپ كېتىدۇ.
ياخشىلىقنىڭ بېشى كېتىپ بولدى، ئاخىرىمۇ كېتىدۇ،
يامانلىقنىڭ ئالدى كەلدى، ئاخىرىمۇ كېلىدۇ.

138. ......................................
......................................
باھار ئۆتىدۇ، كۈز كېلىدۇ، ئۆمۈر ئۆتىدۇ،
بۇ باھار ۋە كۈزلەر ئۆمۈرنى تۈگىتىدۇ.

71. (ئادەملىرى) سىغىشمايدىغان بىرمۇنچە يەرلەر بار ئىدى (ھازىر)، ئادەملىرى كېتىپ، يېرى بوش دېگۈدەك قالدى. قانچىلىغان ئالىم ۋە پەيلاسوپلار بار ئىدى، قېنى بۈگۈن ئۇلارنىڭ مىڭدىن بىرى؟

يۈكنەكى يەنە ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنى نىسبەتەن توغرا كۆزىتىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ بەزى تەشەببۇسلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. داستانىنىڭ XIII بابىدا ئاپتور ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالىنى سۈرەتلەپ كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

117. بۈگۈن بۇ دۇنيادا ئىنسانلىق ناچاردۇر،
ئىسىت ئىنسانلىق قېنى، نەگە كەتتى.

ۋاپا كۆلى سۇغۇلدى، بۇلاقلىرى قۇرۇپ كەتتى،
جاپا تولۇپ تاشتى، دېڭىزدىن ئاشتى.

119. زامان ئۆچمەنلىك ۋە جەبرى ـ جاپا بىلەن تولدى،
قېنى بىر ساۋابلىق؟ بار بولسا تىلە.

ئاپتور جەمئىيەتتىكى ناچار تەرەپلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ياخشىلاپ، كىشىلەرنى خاتىرجەم ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىشتەك ئارزۇسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ.

ئۇ، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، بۇ خىل ئۆزگىرىش ـ تەرەققىياتنىڭ ئاساسى ئۆزىدىكى سەۋەبكە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

119. ..............................
..............................
ئۆزۈڭ بۇزۇق، شۇڭا زامانمۇ بۇزۇلىدۇ،
(شۇنداق تۇرۇقلۇق) نېمىشقا بۇ دۇنيادىن شىكايەت قىلىسەن؟

دېمەك، جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى بىر تەرەپتىن، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ ئىچكى جەھەتتىن بۇزۇلۇشى، يەنى ئىدىيە جەھەتتە چىرىكلىشىش جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئادەملەر گۇرۇھلىرىنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى بۇزۇلۇشى، تۇراقسىزلىقى جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىكى يەنە بىر تەرەپ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ھەم بۇنى روشەن ھالدا مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

www.uyghurkitap.com

166. دوستلۇق جالىشىپ كەتتى، ھەقىقەت قېنى؟
مىڭلارچە دوستتىن بىرمۇ سادىقى چىقمايدۇ.
ئۇرغۇن كىشىلەر سىرتتىن سادىق دوستۇڭدەك كۆرۈنسىمۇ،
ئىچىدىن ۋاپاسىزدۇر، بۇنى بىلىپ قوي.

122. قېنى، ئەمرىمەرۇپقا رىئايە قىلىدىغان ئادەملەر،
قېنى، ياخشى ئادەملەر تۇرىدىغان يەرنىڭ ئۆزى؟
خەلق بىلەن كارىڭ يوق، زامانىڭنى ئەيىبلەيسەن،
زامانىڭنى ئەيىبلىمەي، كىشىلىرىڭنى ئەيىبلە.

ئەھمەد يۈكنەكى جەمئىيەتنى كۆزىتىشتىكى ئۆتكۈرلۈكى بىلەن جەمئىيەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبى مەلۇم بىر خىل غايىۋىي كۈچتە ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل زىددىيەت ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بولۇپمۇ جەمئىيەتتە خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتە تۇراقلىق بولمىغانلىقى يەنىمۇ يېڭى زىددىيەت ۋە ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ مۇنداق يازىدۇ:

120. ئىسلام (ئەسلى) غېرىب ئىدى، قايتىدىن ھەسسىلەپ غېرىب بولدى. ئىبادەت ساختىلىقتا ئايلاندى، ئىبادەتچىلەر جالاشتى. مەيخانا مۇھىتى ئاۋاتلىشىپ كەتتى، مەسچىتلەر خاراب بولدى، ئادەملەر بىناماز بولدى.

121. ئالىملار ئۆز ئىشىنى، زاھىتلار تەقۋالىقىنى تاشلىدى، بىلىملىكلەر ئويۇن چىقىرىپ خۇش ساماغا چۈشتى.

ئاپتور، كىشىلەرنىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتتىن بۇرۇنقىدەك

تۇراقلىق بولماي قالغانلىقى جەمئىيەتتە بۇزۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۆلەتنى ھالاكەتكە باشلايدۇ، دەپ شۇ زامانغا كۆرە ئىلغار ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى ھەر خىل زىددىيەت ۋە ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرىنى توغرا كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، چۈشىنىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرى

ئەھمەد يۈكنەكى «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىدا، ئىجتىمائىي ئەخلاق نەزەرىيىسى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئۆلچەملىرى توغرىسىدا مەخسۇس، ئالاھىدە توختالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۆزى ياشاۋاتقان شۇ جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ تېز بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن بېرى ساقلىنىپ، داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەخلاقىي قاراش ھەم ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى ساقلاش، داۋاملاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر قاتار ئەخلاقىي قاراش ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئەخلاقنى نورماللاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ئەخلاقىي جەھەتتىن يەنىمۇ تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلار ۋە بىر قاتار ئەخلاقىي ئۆلچەملەر ئەخلاق ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى تۇغما، شۇنداقلا ئۆزگەرمەيدۇ دەيدىغان ئىدېئالىستىك قاراشتا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقنىڭ ئىجتىمائىي رولى، ۋارىسچانلىقى، تەرەققىي قىلىشى، مۇھىمى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە

ئاساسەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش، نورماللاشتۇرۇش رولىنى چۇشىنىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، شۇڭلاشقا ئۇ، ئەخلاقىي قاراش ھەم ئۇنىڭغا بىرىلگەن ياخشى ـ يامانلىق ئۆلچەملىرى ئەزەلدىنلا ئۆزگەرمەي كەلگەن، مەڭگۈلۈك نەرسە دەپ قارىماستىن، بەلكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلپى ھەمدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش تەلپىگە ئاساسەن ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى داستاننىڭ XIII بابىدا (زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ھەققىدە) روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئاساسەن ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ قاتتىق بۇزۇلغانلىقى بىلەن ئىسپاتلايدۇ. ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

يۇكنەكى داستاننىڭ XIII بابىدا كىشىلەر ئارىسىدا ئىلگىرىكىدەك دوستلۇق، ئىنسانلىق، ۋاپادارلىق، ياخشىلىق قىلىشلارنىڭ ئورنىنى ئەمدى ساختىلىق، ۋەھشىيلىك، يامانلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك ھالىتى ئالغانلىقى ھەمدە بۇ خىل ناچار ھالەتنىڭ خېلى ئەتىۋارلىنىپ قالغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھالەتكە بولغان قاتتىق نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇكنەكىنىڭ ئەخلاقىي قاراش ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىلىم سۆيەرلىك بىلەن زىچ باغلانغان. شۇڭا ئۇ، ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ (ياخشى پەزىلەت) بىرىنچى ئۆلچىمى تىلنى تىزگىنلەش دېگەننى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ، ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىدىكى

ئەڭ بىرىنچى ئېھتىياجى بولغان تىلدىن ئىبارەت بۇ قورالدىن ئوبدان پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى ئوبدان باشقۇرۇپ، ئىنسانىي پەزىلەتنى ساقلاش مۇھىم دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ كۆز قارىشى داستانىنىڭ VII بابى مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈلگەن.

53. بىلىملىكلەرنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىن،
(ئۇلار) ئەڭ بىرىنچى پەزىلەت تىلنى تىزگىنلەش.
تىلىڭنى قاماقتا تۇتقىن، چىشىڭ سۇنمىسۇن،
ئەگەر (ئۇ) قاماقتىن چىقىپ كەتسە چىشىڭنى چاقىدۇ.

55. ئاغزى بوش كىشىنى ئەقىللىق دېگىلى بولمايدۇ،
ئېغىز بوشلۇقى نۇرغۇن باشنى يېدى.
كىشىنى تىل بىلەن ئازابلىما، شۇنى بىلگىنكى،
ئوق يارىسى ساقىيىدۇ، (لېكىن) تىل يارىسى ساقايمايدۇ.

يۈكنەكى يەنە ئەخلاقىي پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئادەملەردىكى مەردلىك، سېخىيلىق، بېخىللىق، ئاچكۆزلۈك سۈپەتلىرىنىڭ نېمىلىكى ھەمدە بۇنىڭ كىشىلەرگە بولغان پايدا - زىيانلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدىكى نورمال ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى تەكشەشتە كەڭ قورساقلىق، سەۋرچانلىق، مۇلايىملىق بىلەن ئىش كۆرۈش، جەمئىيەتتىكى ئاجىز - بىچارىلەرگە ياردەم بېرىش، شەپقەتلىك بولۇشتەك ئەنئەنىۋى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتنى تاشلاپ قويماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كەمتەر - ئېھتىياتچان بولۇشى، سەمىمىي - راستچىل بولۇپ ھالال ئەمگەك بىلەن ياشىشى، يالغانچىلىق قىلىش، تەكەببۇرلۇق

قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەرگە قارشى تۇرۇشى لازىملىقىنىمۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

87. ساڭا يەنە بىر كېرەكلىك سۆزۈم بار،
قولاق سال، مەن ساڭا (ئۇنى) ئېيتاي:
بۇ (سۆز) شۇكى، تەكەببۇرلۇقنى يەرگە ئۇرۇپ،
كەمتەرلىكنى چىڭ تۇت، ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىش.

88. بېخىللىق داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەلدۇر،
بېرىشكە كەلگەندە بېخىلنىڭ قولى ئىنتايىن چىڭدۇر.
يىغىش بىلەن ئاچكۆز بېخىلنىڭ كۆڭلى تويمايدۇ،
ئۇ مال ـ دۇنياغا قۇلدۇر، مال ـ دۇنيا ئۇنىڭغا ھاكىمدۇر.

59. يالغانچىدىن يىراق تۇرغىن ۋە تىزگىن،
ئۆمرۈڭنى راستچىللىق بىلەن ئۆتكۈزگىن.
راست گەپ ئېغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر،
راست گەپ قىلىپ تىلىڭنى بېزە.

62. راستچىل بول، راستچىللىق قىل، راستچىل ئاتال،
كىشىلەر سېنى راستچىل ئادەم دەپ بىلسۇن.
ئەگرىلىكنى قويۇپ، راستچىللىق تونىنى كىيگىن،
كىيىملەرنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونىدۇر.

ئاپتورنىڭ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ئەخلاقىي قاراش ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملىرى داستانغا مەجبۇرىي ھالدا كىرگۈزۈلگەن بولماستىن، مۇھىمى يۈكنەكى ئەخلاقىي تەربىيە ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ بىر

تەرەپتىن، شۇ تارىخىي جەمئىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنكاس قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئەنئەنىۋى ئەخلاق كۆز قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشتۇر.

ئەھمەد يۈكنەكى ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىي مۇھىتىدا ياشىغانلىقتىن، ئۇنىڭ بەزى ئەخلاقىي قاراشلىرى، ئۆلچەملىرى ھازىرقى تارىخىي باسقۇچتىكى مۇناسىۋەتلەرگە تولۇق ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىز تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆزقاراشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىستىل بويىچە ئۇنىڭ پىكىرلىرىدىكى ئىجابىي، توغرا تەرەپلەردىن پايدىلىنىشىمىز ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ ئەخلاقىي قاراش جەھەتتىكى چۈشەنچىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، مۇشۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ھەقىقىي باھا بېرىشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

3. ئىلىم - مەرىپەت قارىشى

ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ ياۋايىلىق - قالاقلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، مەدەنىي ۋە ئىلغارلىق ھالەتكە ئۆتۈشىدە بىلىمنىڭ رولى چوڭ بولدى. ئىنسانلار ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ ھادىسە ۋە جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى ئالاھىدىلىكلەر، مۇناسىۋەت ھەم قانۇنىيەتلەرنى بىلىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا بىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ زور تۆھپىسى ۋە ئۇنىڭ كۆپ قىرلىق روللىرىنى بىلىپ تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە توپلىغان ھەرخىل تەجرىبە - بىلىملىرىنى قەدىرلەپ ئۆگىنىپ

ھەمدە ئۇنىڭغا ۋارسلىق قىلىش بىلەن ئۇنى تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشتىكى كۈچلۈك قورالغا ئايلاندۇردى. ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان بىلىم ئىگىلەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ئىجابىي ئىلغار پىكىرلەر ھەرقايسى رايونلاردا، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ھەر خىل تارىخىي باسقۇچلىرىدا ھەر خىل شەكىللەر ۋە سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىي باسقۇچىدىكى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ بىر پۈتۈن تەرەققىياتىدا بۇ خىل ئىجابىي پىكىرلەر ھەقىقەتەنمۇ بىر مەزگىللەردە ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغانىدى. قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى نامايان قىلغۇچى ئالىم مەھمۇد قەشقەرى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا مېڭىش، بىلىم ئىگىلەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە خەلققە پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشتەك ئىجابىي ئىلغار كۆزقاراش تەشەببۇسلىرى بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلارغا ئوخشاشلا ئەھمەد يۈكنەكى داستانىدا بۇ خىل ئەنئەنىۋى، ئىجابىي كۆزقاراش ـ تەشەببۇسلارنى يەنىمۇ يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ تەرەققىي قىلدۇردى.

يۈكنەكى داستانىدا، بىلىمنى ناھايىتى يۇقىرى باھالايدۇ، بىلىم ئىگىلەش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز بەخت ـ سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئاساسىي يول بىلىم ئىگىلەش دەيدىغان ئىدىيىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۆزلىگەن مەقسەت ـ ئارزۇلىرىغا يېتىشىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىدۇ.

يۈكنەكى بىلىمنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتىنى سۆزلىگەندە ئۇنى ئىنسان ھاياتى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق قىلىپ كۆرسىتىپ، بىلىم خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ مۇھىم سۈيۈقلۇق (يىلىك) ماددا بىلەن ئوخشاش دەپ تەسۋىرلەيدۇ ھەمدە بىلىمنىڭ رولىنى چۈشىنىش، بىلىمنى قەدىرلەش ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتەك ئاكتىپ، ئىجابىي پىكىرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن مەخسۇس بىر باب ئاجرىتىدۇ. ئۇ داستاننىڭ «بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە» دېگەن مەخسۇس بابىدا مۇنداق دەيدۇ:

41. سۆزۈمگە بىلىمدىن ئاساس سالىمەن،
ئەي دوستۇم، بىلىملىككە ئۆزۈڭنى باغلا.
سائادەت يولى بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ،
بىلىم ئال، سائادەت يولىنى ئاچ.

43. ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ،
ئادەمنىڭ زىننىتى ئەقىل بولسا، سۆڭەكنىڭ يىلىكتۇر.
بىلىمسىز (كىشى) يىلىكسىز سۆڭەكتەك كاۋاك بولىدۇ،
(ھالبۇكى) يىلىكسىز سۆڭەككە ھېچكىم قول ئۇزارتمايدۇ.

ئاپتور يۇقىرىقىدەك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئەينى تارىخىي شارائىتتا كۆرۈلگەن بىر قىسىم ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئاشكارىلايدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم ئادەملەردىكى يامان ئىللەتلەرنى كۆرسىتىپ ھەم تەنقىدلەپ، ئۇلاردىن توغرا يولدا مېڭىش، بىلىم ئىگىلەش، بىلىملىكلەرگە ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى دەپسەندە

www.uyghurkitap.com

قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

يۈكنەكى بىلىمنى، بىلىمنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولىنى يەنىمۇ تەكىتلەش ھەم يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئارقىلىق باشقىلارنى تەربىيىلەش، يېتەكلەش مەقسىتىگە يەتمەكچى ئىدى. شۇڭا ئۇ، كىشىلەرگە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيانلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى روشەن كۆرسىتىدۇ. بىلىمسىز نادان ئادەملەرگە بولغان نارازىلىقنى روشەن ئىپادىلەپ، ئۇلارنى قاتتىق مەسخىرە قىلىدۇ.

46. ئالىملار بىلىم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ،
بىلىمسىزلىك ئەرنى يەرگە چۆكۈرىدۇ.
بىلىمنى زېرىكمەي ئىزدە، شۇنى بىلگىنكى،
ھەق رۇسۇل: «بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ ئىزدەڭلار» دېگەن.

48. بىلىمسىزگە ھەق سۆز تەمسىز بىلىنىدۇ،
ئۇنىڭغا پەند ـ نەسىھەت پايدىسىز تۇيۇلىدۇ.
ھەرقانداق كىرنى يۇيۇپ تازىلىغىلى بولىدۇ،
(لېكىن) نادانلىق يۇيۇپ تازىلىغىلى بولمايدىغان كىردۇر.

50. بىلىملىكلەر كېرەكلىك سۆزنى قىلىدۇ،
كېرەكسىز سۆزلەرنى كۆمۈپ تاشلايدۇ.
بىلىمسىزلەر دائىم بىلمەستىن سۆزلەۋېرىدۇ،
ئۇنىڭ ئۆز تىلى ئۆز بېشىنى يەيدۇ.

داستانىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ بۇ خىل ئىجابىي، ئىلغار پىكىرلىرىنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئىلىم ـ مەرىپەت يولىدا مېڭىشنى تەشەببۇس قىلىشتەك ئەنئەنىۋى پىكىر

ئېقىمىنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئىجابىي، ئىلغار پىكىرلەرنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ بولۇپ، بۈگۈنكىدەك تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىدىمۇ ئوخشاشلا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، داستاندىكى ئىجابىي، ئىلغار پىكىرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرگىنىمىزدە، ئۇنىڭدىكى بەزىبىر سەلبىي، ناچار پىكەرلەرنىڭ بولغانلىقىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماسلىقىمىز لازىم. شۇنىسى ئېنىقكى، ئاپتور تارىخىي ھەم سىنىپىي چەكلىمىلىكلەر ئىچىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، داستاندا ئاساسلىقى ئىجابىي، ئىلغار پىكىرلەرنىڭ قويۇلۇشىدىن باشقا يەنە ئايرىم سەلبىي، ناچار پىكىرلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئاپتور داستاندا بەزى ئىلاھىيەتچىلىك قاراشلىرىدىن ئايرىلىپ پىكىر قىلالمىغان، شۇنداقلا ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ سىنىپىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىگە زىيانلىق پىكىرلەرنى ئىپادىلەشتىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلغانىدى. شۇڭلاشقا ئاپتور داستانىنىڭ باش قىسمىدىلا ( I باب: «ئاللانىڭ مەدھىيىسى ھەققىدە»، Ⅱ باب: «پەيغەمبەر مەدھىيىسى ھەققىدە»، Ⅲ باب: «تۆت ساھابە مەدھىيىسى ھەققىدە» ) ئاللاغا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە چاھاريارلارغا ھەمدۇ - سانا ئوقۇغان. بۇ بىر تەرەپتىن، ئاپتورنىڭ دۇنيا قاراش جەھەتتە دىنىي ئىدېئالىستىك قاراشتىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىلالمىغانلىقىنى (بۇنداق بولۇشى تەس) كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەينى دەۋردىكى يېزىقچىلىق رەسمىيىتىمۇ ئاپتورنى شۇنداق يېزىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇ خىل يېزىقچىلىق رەسمىيىتىنى قوللانمىغاندا، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» داستانىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا تارقىلىشى، ساقلىنىشى، شۇنىڭدەك كېيىنكى

ۋاقىتلاردا كۆچۈرۈلۈش مۇمكىنلىكى يوق ئىدى.

ئاپتور داستاندا يەنە ھۆكۈمران سىنىپلارغا، بەگ ـ ئەمىرلەرگە مەدھىيە ئوقۇيدۇ، شۇنداقلا بۇ داستاننى شۇ مەزگىللەرنىڭ باش ھۆكۈمرانىغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن يازغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلدۈرىدۇ. بۇ شۇ تارىخىي شارائىتنىڭ ئېھتىياجى ھەم شەكلىدۇر.

داستاننىڭ ئاخىرقى قىسمىدا باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان بىر پارچە شېئىردا ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ تۇغما قارىغۇ ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن، بىز داستاننى ئوقۇغىنىمىزدا، ئۇنىڭ قەلب كۆزىنىڭ ناھايىتى روشەن ئىكەنلىكىدىن تەسىرلىنىمىز. ئۇ، قەلب كۆزى ئارقىلىق دەۋرنىڭ، ئۆزى ياشاپ يۈرگەن شۇ جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى، ئۇنىڭدىكى مۇرەككەپ بولغان ھەر خىل زىددىيەتلەر ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشلەرنى كۆرگەنىدى. شۇڭا ئۇ كېيىنكىلەرنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا تەسىر قالدۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۆزىنىڭ قىممەتلىك داستانى «ئەتەبەتۇلھەقايىق»نى قالدۇرغانىدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئەمگىكى ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، ئېلىمىز ھەم دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا مەشھۇر شەخسلەر سۈپىتىدە ئورۇن ئالدى.

# XIII باب تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى

تەسەۋۋۇپ (سوپىزم) — ئىسلام دىنىدىكى مۇرەككەپ بىر دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنى مەيدانغا كېلىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەكىللىنىشكە باشلىغان ۋە ئىسلام دىنىنىڭ باشقا ئەللەرگە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىسلام دىنى تارقالغان رايونلارنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئىلگىرى ـ كېيىن يېتىپ بارغان ھەم شۇ ئەل ۋە رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ھاياتىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭىمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، مەدەنىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى ساھە ۋە قاتلاملىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرى ياكى ئۇنىڭ ئىزلىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئىسلامشۇناسلار خېلى بۇرۇنلا تەسەۋۋۇپنىڭ مۇسۇلمان شەرق ئەللىرى مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەشكەنىدى.

## 1. تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى

«تەسەۋۋۇپ» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە ئىلىم ساھەسىدە ھازىرغا قەدەر بىرلىككە كەلگەن ئورتاق بىر

قاراش يوق. بۇ ھەقتىكى قاراشلار ئىچىدە بىرقەدەر گەۋدىلىك ھەم ئومۇمىيراق بولغىنى ئىككى تۈرلۈك. بىرى، بۇ ئاتالغۇنى ئەرەب تىلىدىكى «يۇڭ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «سۇف» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش؛ يەنە بىرى، بۇ سۆزنى يۇنان تىلىدىكى «ئەقىل ـ پاراسەت، ھېكمەت ...» مەنىلىرىدىكى «Sophos» ياكى «Sophia» يەنى پەلسەپە (فىلاسوفىيە — مەنىسى ھېكمەت سۆيگۈچى) دىكى «سوفىيە» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ ئاتالغۇنى ئەرەب تىلىدىكى «سۇف» (يەنى، «يۇڭ») سۆزىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراش بىرقەدەر مۇۋاپىقتەك كۆرۈنىدۇ، چۈنكى دەسلەپكى مەزگىلدە بۇ يولغا ماڭغانلار ئاساسەن قوي يۇڭىدىن قىلىنغان قوپال تونلارنى كىيىپ خىلۋەت جايلارنى ماكان تۇتۇپ، تاۋاپ ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئەنە شۇ قوپال ھەم كۆرۈمسىز يۇڭ تون بىلەن يۈرگىنى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇلارنى «سۇفى» (يەنى قوي يۇڭىدىن قىلىنغان تون كىيگۈچى دېگەن مەنىدە) دەپ ئاتاشقان. سوپىلىق يولىغا كىرگەنلەر ئارىسىدا بۇ ئادەت كېيىنكى ۋاقىتلاردىمۇ داۋام قىلغان. تەسەۋۋۇپنىڭ تەرەققىي قىلىپ بىر دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىمغا ئايلانغاندىن كېيىنكى راۋاجىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئاتالغۇنى يۇنان تىلىدىكى «ئەقىل ـ پاراسەت، ھېكمەت ...» مەنىلىرىدىكى «Sophos» سۆزىدىن كەلگەن دەپ قاراش توغرىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدىن قارىغاندا يەنىلا ئۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئەرەب تىلىدىكى «يۇڭ» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «سۇف» سۆزى بىلەن باغلاش مۇۋاپىقراق.

بۇ ئېقىمنىڭ تەسەۋۋۇپ دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى ئۇنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتىدىن بىر ئاز كېيىنرەك بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى بىخلىرى VII ئەسىرنىڭ ئاخىرى VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆكلەشكە باشلىغانىدى. ئۇنداق بولسا تەسەۋۋۇپ قانداق مەيدانغا كەلگەن؟ ياكى بولمىسا خۇددى بىر قىسىم غەرب ئالىملىرى كۆرسەتكىنىدەك ئۇ پۈتۈنلەي باشقا دىنلاردىكى بۇ خىل چۈشەنچىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەنمۇ؟ ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىيات جەريانلىرى قانداق بولغان؟

تەسەۋۋۇپ تاسادىپىي ھالدا پەيدا بولغان ياكى سىرتقى تەسىرلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان تۈرتكىسى نەتىجىسىدە ئاندىن ئوتتۇرىغا چىققان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى «قۇرئان» ھەم مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە بەلگىلىك ئىدىيىۋى مەنبەسى بار ئىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەرەب خەلىپىلىكى ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر، زىددىيەتلەر بىلەن بىۋاسىتە باغلىنىشلىق ئىدى.

ئىسلام دىنىنى سىرتقا كېڭەيتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان غازاتلاردا بويسۇندۇرۇلغان ئەللەردىن ئېلىپ كېلىنگەن تۈرلۈك ماددىي بايلىقنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەر ھەمدە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى ئولجا ئۈلىشىپ، بارا ـ بارا ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلىشكە باشلىغانىدى.

ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي ھاياتىدا بولسا ھوقۇق ۋە

ئۈستۈنلۈك تالىشىش مەقسەت قىلىنغان تۈرلۈك ئىچكى نىزالار، سۇيىقەستلەر كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇنداق ئەھۋاللار ئۇمەۋىيلەر دەۋرى (661 — 750) نىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تازا كۈچىيىپ، ئابباسىلار دەۋرى (750 — 1258) نىڭ باشلىرىدا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ھاكىمىيەت ئۈستىدىكىلەرنىڭ كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دىنىي ئىشلار ئەمەس، بەلكى دۇنياۋى (سىياسىي) ئىشلار بولۇپ، دىنىي ئىشلار ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ تېخى ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بېرىشكە باشلىغان بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر، ئېتىقادى كۈچلۈك بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتى بولمىغان ئاددىي خەلقنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتمەسلىكى، شۇڭا ئاۋام خەلق ئارىسىدا بۇ ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە نارازىلىق، قارشىلىق خاھىشى تۇغۇلۇشى، بۇ خىل كەيپىياتقا خاتىمە بېرىش ئىستىكى ئويغىنىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى.

ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر، تۈرلۈك زىددىيەت، بولۇپمۇ ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەر، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ماددىي ھاياتىدىكى ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، چىرىكلىك، بۇزۇقچىلىق كەيپىياتلىرى مۇقەررەر ھالدا جەمئىيەتتە مەلۇم ئىنكاس قوزغىماي، شۇنداقلا ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپماي قالمايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھاكىمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقان ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى، قىرغىنچىلىقلارنىڭ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بالايىئاپەتلىرى

ئاساسەن ئاۋام خەلقىنىڭ ئۈستىگە كېلەتتى، تاياق ـ توقماقنىڭ ئوبيېكتى يەنىلا ئاددىي خەلق بولاتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقلىرى ئۈچۈن قىلىدىغان كەيپ ـ ساپالىرىنىڭ قۇربانلىرىمۇ كۆپىنچە يەنىلا ئاددىي خەلقنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بولاتتى. شۇڭا ئۇلاردا ئۆز بېشىغا بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىۋاتقان، زۇلۇم سېلىۋاتقانلارغا قارىتا قاتتىق نارازىلىق، ئۆچمەنلىك خاھىشى پەيدا بولۇشى ئېنىق ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي رېئاللىقتىن نارازى بولغان، ئېتىقادىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ دىنىي ھايات ئىچىدە ياشاش ئىستىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر بۇنداق بۇزۇقچىلىقلار بىلەن تولغان جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ خىلۋەتلەرگە جايلىشىپ تاۋاب ـ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئىبارەت زاھىتلىق يولىغا ماڭىدۇ. مانا بۇ تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باشلىنىشى بولغان زاھىتلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش. دېمەك، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تەركىدۇنيا بولۇپ زاھىتلىق يولىغا مېڭىشى ئاددىي خەلقنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنىڭ، قارشىلىقىنىڭ پاسسىپ ھالدا ئىپادىلىنىشى ئىدى. گەرچە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىلەن جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمىسىمۇ، ھەر ھالدا مۇشۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق پاسسىپ شەكىلدە بولسىمۇ رېئاللىققا، فېئوداللىق زۇلۇمغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى، شۇڭا بۇ ھەقتىكى ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرىدە تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى زاھىتلىقنى گەرچە رېئاللىققا بولغان نارازىلىقنىڭ پاسسىپ ھالدىكى ئىپادىسى بولسىمۇ، لېكىن شۇ تارىخىي مۇھىتقا نىسبەتەن يەنىلا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قەيت قىلىنىدۇ.

دەسلەپكى باسقۇچتىكى بۇنداق دىنىي ئېتىقادقا سادىقلىق، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرگە بېرىلمەسلىك ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان ھالدا باشلانغان زاھىتلىقتىن ئىبارەت بۇ دىنىي پائالىيەت ئاساسەن يەنىلا ئايرىم شەخسلەرنىڭ دىنىي پائالىيىتىدىنلا ئىبارەت ئىدى.

تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسىغا كەلسەك، ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ئالدى بىلەن «قۇرئان» ۋە ھەدىسلەر بىلەن باغلىنىدۇ.

مەلۇمكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق دىنلاردا تەسەۋۋۇپقا ئوخشاش پىكىر ـ چۈشەنچىلەرگە يەنى مىستىسىزمغا بەلگىلىك زېمىن ھازىرلانغان بولىدۇ. چۈنكى خۇدا بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز تەلىماتىنىڭ مەركىزى قىلغان ھەرقانداق بىر دىن قىسمەن ھالدا بولسىمۇ ئىنساننىڭ ياراتقۇچىغا بولغان ئىنتىلىشى، ئۇنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشىغا دائىر پىكىر ـ چۈشەنچىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ خىل دىنىي ئەقىدىلەر مىستىسىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئىدىيىۋى زېمىن ھازىرلايدۇ. شۇڭا ئەنگلىيىلىك دىنشۇناس، ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جافېررى. پالىندىر مىستىسىزمنىڭ ھەرقايسى دىنلارغا نىسبەتەن ئومۇمىيلىقىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ[①]. شۇنداق ئىكەن، «بىز ئەلۋەتتە تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيە ۋە چۈشەنچىلىرىنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولغان باشقا دىنىي پەلسەپىۋى سىستېمىلاردىن ئۆزلەشتۇرۇلگەن دەپ ئويلىماسلىقىمىز كېرەك. ھەممىگە مەلۇم، ئوخشاش

---

① جافېررى پالىندىر: «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم»، 1992 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 17 ـ بەت.

ئىجتىمائىي شارائىت كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولغان ئىدىيىۋى چۈشەنچىلەرنى ۋە قاراشلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاز بولمىغان ئوخشاشلىقلار تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆزىدە بارلىققا كەلگەن. نىھايەت، دىنلارنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تارماقلىرى كۆپلىگەن ئورتاقلىقلارغا ئىگىدۇ، ئاخىر!»①

تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى ھېسابلانغان زاھىتلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشنىڭ تەسىرى بولغاندىن سىرت، يەنە «قۇرئان» دىكى ئاللانى ياد ئېتىشكە دائىر ئايەتلەر؛ پەيغەمبەرنىڭ «ھەدىس» تىكى بۇ ھەقتىكى سۆز ـ ھەرىكەتلىرىمۇ بەلگىلىك ئىدىيىۋى تۈرتكە بولغانلىقى شۈبھىسىز. بىز پىكرىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن تەسەۋۋۇپنىڭ كېيىنكى ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدا ئوتتۇرىغا چىققان قاراشلار، چۈشەنچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

ئۈچ ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ئاللا ئۇلارنىڭ تۆتىنچىسىدۇر، بەش ئادەم پىچىرلىشىدىكەن ئاللا ئۇلارنىڭ ئالتىنچىسىدۇر. مەيلى ئۇنىڭدىن ئاز ياكى كۆپ ئادەم پىچىرلاشسۇن، ئۇلار قەيەردە بولمىسۇن ئاللا ئۇلار بىلەن بىللىدۇر.

(سۈرە مۇجادەلە: 7)

... بىز ئۇنىڭ جان تومۇرىدىنمۇ يېقىنمىز ...

(سۈرە قاف: 16)

مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ئاللانىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ ئۇ

---

① م. ئا. ئابدۇللايېۋ: «ئوتتۇرا ئەسىر سوپىزمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى»، «پەلسەپە مەسىلىلىرى» (رۇس تىلىدىكى ئايلىق ژۇرنال)، موسكۋا، 1986 ـ يىل 7 ـ سان، 87 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاللانىڭ تەرىپىدۇر.

(سۈرە بەقەرە: 115)

مانا شۇلارغا ئوخشاش ئايەتلەر ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىدىكى بەزى ئۆرنەكلەر تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنىڭ زېمىنى بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتىمۇ يېقىن.

تەسەۋۋۇپنى ئۇزۇن يىل تەتقىق قىلىپ، مەنسۇر ھەللاجى ھەققىدە مەخسۇس ئەسەر يازغان فرانسىيىلىك ئالىم لۇئىس ماسسىگنونمۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەتقىقاتى نەتىجىسىدە تەسەۋۋۇپنىڭ ئىسلام دىنى ئىچىدە بارلىققا كەلگەنلىكىنى، تەسەۋۋۇپنى ئىسلام دىنىغا سىرتتىن كىرگەن ياكى بولمىسا ئۇنى پۈتۈنلەي سىرتقى تەسىرلەرنىڭ مەھسۇلى دەپ قاراشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بۇ قارىشىدا قەتئىي چىڭ تۇرغان①.

دېمەك، تەسەۋۋۇپ مەيدانغا كېلىشى بىلەنلا بەلگىلىك ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قاراشلارغا ئىگە بىر پىكىر ئېقىمى ياكى تەلىمات سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىجتىمائىي ئاساسلار بىلەن بىللە ئىدىيىۋى ئاساسلارمۇ يەنىلا ئىسلام دىنىنىڭ ئۆز زېمىنىدا بولغان. بىز بۇ پىكرىمىز بىلەن تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا بەلگىلىك دەرىجىدە سىرتقى تەسىرلەرنى، ئامىللارنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن تولۇقلىنىپ بارغانلىقىنى

---

① لۇئىس ماسسىگنون: «ئىسلام مىستىسىزمىنىڭ خاس ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا»، پارىژ، 1954 ـ يىل 81 ـ بەت (جافېررى پالىندىر: «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم»، 155 ـ بەتكە قارالسۇن).

ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز. ئەلۋەتتە، خۇددى تەسەۋۋۇپنى ئىسلام دىنىغا سىرتتىن كىرگەن دەپ قاراش توغرا بولمىغىنىدەك، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا مەلۇم دەرىجىدە باشقا ئىدىيىۋى ئېقىملاردىن، دىنلاردىن ئوزۇقلانغانلىقىنى تامامەن يوققا چىقىرىشمۇ توغرا ئەمەس. لېكىن، تەسەۋۋۇپنىڭ مەيدانغا كېلىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىنى ئالدى بىلەن باشقا دىنلاردىن، ئىدىيىۋى ئېقىملاردىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدەش كېرەك.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تەسەۋۋۇپ دەسلەپتىلا بەلگىلىك ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قاراشلارغا ئىگە بىر پىكىر ئېقىمى ياكى ئىدىيىۋى تەلىمات سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولماستىن، رېئاللىققا بولغان نارازىلىقىنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە ئايرىم كىشىلەرنىڭ يەككە ھالدىكى دىني پائالىيىتى بىلەن باشلانغان. دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلارنىڭ بۇ يولغا مېڭىشتىكى ئاساسىي مۇددىئاسى — ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىنى ساقلاپ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرمەي، ئاللاغا بولغان سادىقلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۈن بويى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى. سوپىلار دەسلەپتە «قۇرئان» دىكى ئاللانى ياد ئېتىشكە دائىر ئايەتلەرنىڭ تۈرتكىسىدە كۈن بويى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان بولسا، بارا - بارا «قۇرئان» دىكى ئايەتلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىش، چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «قۇرئان» دىكى ئايەتلەرنىڭ ھەم زاھىرى (تاشقى) ھەم باتىنى (ئىچكى، يوشۇرۇن) مەنىسى بارلىقىنى كۆرسىتىپ، بۇ مەنىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. چۈنكى

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئۆز پائالىيەتلىرىنى دەلىللەپ، شەرھلەشكە موھتاج ئىدى. تەسەۋۋۇپ ئەمدى دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلىقتىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىگە خاس قاراشلارغا ئىگە پىكىر ئېقىمىغا ئايلىنىشقا قاراپ ماڭدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بەسرەلىك تۇنجى ئايال سوپى رەبىئەتۇل ئادەۋىييە (717 — 801) ئۆزىنىڭ «ئىلاھىي ئىشق» كۆز قارىشىنى مەيدانغا چىقاردى. بۇ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغانىدى.

رەبىئە ئەسلىدە قۇللۇققا سېتىۋېتىلگەن دېدەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئېتىقاد جەھەتتىكى ساداقىتىگە قايىل بولغان خوجايىنى ئۇنى ئازاد قىلىۋەتكەن. ئۇ ئۆمۈر بويى ياتلىق بولماي ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئاللاغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، پۈتۈن ئىشقىنى ئاللاغا بېغىشلىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاللا مەڭگۈلۈك گۈزەللىك بولۇپ، بۇ گۈزەللىككە ئېرىشىشنىڭ يولى — ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى چەكسىز ئىشقتىن ئىبارەت.

رەبىئە بىر كۈنى چۈشىدە پەيغەمبەرنى كۆرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ، بىر كۈنى چۈشۈمدە پەيغەمبىرىمىزنى كۆردۈم، ئۇ مەندىن: — ئەي رەبىئە! مېنى سۆيەمسەن؟ دەپ سورىدى. مەن ئۇنىڭغا، — يا رەسۇلىللا، سىزنى كىممۇ سۆيمىسۇن! لېكىن ھەق سۆيگۈسى ۋۇجۇدۇمنى شۇنچىلىك چىرمىۋالدىكى، ئۇنىڭدىن باشقا دوستلۇق ياكى دۈشمەنلىككە ھېچ ئورۇن قالمىدى، دەپ جاۋاب بەردىم دېگەنىكەن. كىشىلەر يەنە رەبىئەدىن «ھەقنى سۆيەمسەن؟» دەپ سوراشقانىكەن، ئۇ، «شۇنداق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كىشىلەر «ئۇنداقتا شەيتاننى ئۆچ كۆرەمسەن؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ «ياق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كىشىلەر ئەجەبلەنگەن

هالدا «نېمە ئۇچۇن؟» دەپ سوراشقانىكەن، ئۇ «شۇنىڭ ئۇچۇنكى، رەھمان (ئاللا) سۆيگۈسى ۋۇجۇدۇمغا شۇنچىلىك تولۇپ كەتتىكى، شەيتانغا ئۆچمەنلىك قىلىش ئۇنىڭغا سىغمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

رەبىئەنىڭ بۇ «ئىلاھىي ئىشق» تەلىماتىغا ئاساسەن، ئاللا مۇتلەق گۈزەللىك (ھۆسنى مۇتلەق) بولۇپ، بۇ مۇتلەق ھەم مەڭگۈلۈك گۈزەللىككە يېتىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى چەكسىز ئىشقتىن ئىبارەت.

تەسەۋۋۇپ رەبىئەتۇل ئادەۋىيىيەنىڭ «ئىلاھىي ئىشق» تەلىماتى بىلەن ئۆزىگە خاس بولغان دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسىنى ھازىرلىغاندىن كېيىن، مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە بارا - بارا تولۇقلىنىپ، تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ باردى. لېكىن تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى جەريانىدا «ئىلاھىي ئىشق» قارىشىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان بارلىق كۆز قاراشلار ۋە چۈشەنچىلەر مانا شۇ «ئىلاھىي ئىشق» كۆز قارىشىنى مەركەز قىلغان ھالدا مەيدانغا كېلىپ راۋاجلاندى. شۇڭا ئىشق كۆزقارىشى تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى ئاساسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان كۆزقاراش بولۇپلا قالماستىن، يەنە تەسەۋۋۇپتىكى پۈتۈن ئىدىيە، چۈشەنچىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئىدىيىۋى تۈرتكە بولۇپ قالدى. ئىشق كۆزقارىشى راۋاجلىنىپ بېرىپ مەجازى ئىشق (ئىنسانىي مۇھەببەت) ۋە ھەقىقىي ئىشق (ئىلاھىي ئىشق) دەپ ئايرىلدى. بۇ خىل ئىلاھىي ئىشقنى تېما قىلغان تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچى شۇنچىلىك ئېشىپ باردىكى، پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىرلەر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىدا ئاساسەن دىگۇدەك يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

تەسەۋۋۇپ دەسلەپىدىلا شېئىرىيەتنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلىنىش ۋاستىسى قىلغانىدى. تەدرىجىي ھالدا شېئىرىيەت تەسەۋۋۇپنىڭ چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەش ئېھتىياجى بىلەن ئۇنىڭغا سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە بىرقاتار ئوبرازلارنى ئېلىپ كىرىپ، تەسەۋۋۇپنى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن بېيىتىپ، تەسەۋۋۇپنىڭ بىلىشنىڭ ئابستراكت جەريانلىرىنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپتا ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە بولغان بىر يۈرۈش سىمۋوللار بارلىققا كەلدى. ئالايلۇق، مەي (بادە)، مەيخانا، مۇغبەچە، ساقىي، گۈل ـ بۇلبۇل، شام ـ پەرۋانە ··· ۋە باشقىلار.

شۇڭا، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە دائىر ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نەزەرىيىۋى ئەسەر شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەر شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، مانا شۇ سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق پەلسەپىۋى مەزمۇن بايان قىلىنىپ كەلدى.

تەسەۋۋۇپتا ئىشق تەلىماتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلىقنى ئىنكار قىلىپ، تەركىدۇنيالىق يولىنى تۇتۇپ، زاھىتلارچە ھايات ئىچىدە ئىبادەتكە مەشغۇل بولۇشنى بىر خىل رىياكارلىق (ئىككى يۈزلىمچىلىك، ئالدامچىلىق) دەپ قارايدىغان خاھىش ئىپادىلىنىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پىكرىچە، زاھىتنىڭ تەقۋاگەرلىكى پەقەت سىرتقى كۆرۈنۈشتىكى تەقۋادارلىق بولۇپ، كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن كۈن بويى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇلارنىڭ بۇ تەقۋادارلىق بىلەن قىلغان ئىبادىتى پەقەت ئاخىرەتتىكى دوزاخ ئازابىدىن قورقۇش، جەننەتكە كىرىشنى ئارزۇ قىلىش ئۈچۈنلا. بۇ ئەمەلىيەتتە چىن

دىلىدىن ئاللاغا سادىق بولغانلىق ئەمەس، بەلكى شەكىلۋازلىق، رىياكارلىق دەپ ھېسابلاشقانىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ۋۇجۇدى ھۆسنى مۇتلەققە بولغان ئىشق بىلەن تولغان ئاشىقنىڭ دىلىدا ئاللاغا بولغان ئىنتىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئوي - خىيال بولمايدۇ. شۇڭا ئاشىقتا جەننەت تەمەسىمۇ يوق، دوزاخ قورقۇنچىسىمۇ يوق. پەقەت ھۆسنى مۇتلەققە بولغان ئىنتىلىشلا بولىدۇ، دەپ قارالغانىدى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەبىئە ئۆز ئىبادىتىدە دائىم مۇنداق مۇناجات ئېيتىدىكەن: «خۇدايا پەرۋەردىگار! ئەگەر مەن ساڭا دوزاختىن قورقۇپ ئىبادەت قىلسام، مېنى دوزاخقا تاشلاپ كۆيدۈر. ئەگەر جەننەت ئۈمىدى بىلەن ئىبادەت قىلسام، جەننەتنى ماڭا ھارام قىل، ئەگەر سېنى دەپ ئىبادەت قىلسام، ماڭا دىدارىڭنى نېسىپ قىل». پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» دا نەقىل كەلتۈرۈشىچە، بىر كۈنى رەبىئە ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇنى يوقلاپ كەلگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن «بۇ نېمە ھال؟ ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سوراشقانىكەن، رەبىئە ئۇلارغا «جەننەتكە قارىغانىدىم، ئىگەم مېنى ئەدەبلىدى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

دېمەك، «ئىلاھىي ئىشق» كۆز قارىشىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن كۆرۈلۈشكە باشلىغان زاھىتلىقنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنى رىياكارلىق ھېسابلاپ سۆكۈش، لەنەتلەش خاھىشى بارغانسېرى كۈچىيىپ تەسەۋۋۇپتا داۋام قىلىپ كەلگەنىدى. مانا بۇ مۇتەسەۋۋىپ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا زاھىتلىقنىڭ قامچىلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بار ھەرقانداق بىر مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە بۇ خىل خاھىشنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

مەلۇمكى، رەبىئەتۇل ئادەۋىيىەنىڭ ئىشق تەلىماتىدا ئاللا

www.uyghurkitap.com

«ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك) سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىپ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش ئارزۇسى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغانىدى. بۇ قاراش تەرەققىي قىلىپ «ھۆسنى مۇتلەق» قە يېتىش ئۈچۈن ئۇنى بىلىش، تونۇش كېرەكلىكىدىن ئىبارەت يېڭى بىر قاراش ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ زۇنۇن مىسرى (مىلادىيە 860 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ «مەرىفەت» قارىشى ئىدى. بۇ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسى تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولۇپ قالدى.

«مەرىفەت» سۆزىنىڭ مەنىسى «بىلىم، ئىلىم» دېگەندىن ئىبارەت. بىراق زۇنۇن مىسرى ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنىڭ ئادەتتىكى بىلىم (知识) لەردىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «مەرىفەت» (神智)، يەنى ئاللانى تونۇش، بىلىش ھەققىدىكى ئىلىم دەپ ئاتىدى. شۇڭا تەسەۋۋۇپتا مەرىفەت ھەقنى بىلمەك، ھەقنى تونۇماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىنساننىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى ھەقنى تونۇش، بىلىشتىن ئىبارەت. ئىنساننىڭ ئاللانى بىلىشى بىر خىل بىۋاستە سەزگۈ ئارقىلىق بولىدىغان بىلىش بولۇپ، ئۇنى ئادەتتىكى ئەقلىنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىلگىلى بولمايدۇ. ئاللانى بىلىش ئەقلىنىڭ ياردىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىشقنىڭ (يەنى بىۋاستە سېزىمنىڭ) ياردىمى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ۋۇجۇدى ئىلاھىي ئىشق بىلەن تولغان ئاشىق مانا شۇ ئىشق قاينىمىدا ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ مەشۇقى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇ بۇنداق ئىشقنى كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان شېرىن مەيگە تەمسىل قىلغان. ياپونىيىلىك ئالىم ئىزۇتسۇ توشىھىكونىڭ ئېنىقلىشىچە، تەسەۋۋۇپتا ئىشقنى مەيگە سىمۋول قىلغان تۇنجى سوپى زۇنۇن مىسرى بولغان[1]. بىرگە مەلۇم،

---

① ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، بېيجىڭ، 1992 - يىل، خەنزۇچە نەشرى، 122 - بەت.

تەسەۋۋۇپتىكى ئىشقىنىڭ سىمۋولى بولغان مەي (بادە) پارس ۋە تۈركىي كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ كۆپ مەزمۇننى چىرماپ، شېئىرىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغان سىمۋوللاردىن بىرى. پىكىرنىڭ ئىزچىللىقى ئۈچۈن بۇ يەردە بىز بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزمەيمىز.

زۇنۇن مىسرىنىڭ مەرىفەت قارىشىدىكى ئاللانى تونۇشنىڭ، بىلىشنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىشقىنىڭ مەنبەسى خۇددى مەرۇف كەرھى ئېيتقىنىدەك ئاللانىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەقنى بىلىش ئۈچۈن مەنىسۋى جەھەتتىن يۈكسىلىش، قەلبىنى يورۇتۇش كېرەك بولىدۇ، بۇ بىرقانچە باسقۇچلار (مەقاملار) ئارقىلىق بولىدۇ، بىر مەقامدىن ئىككىنچى بىر مەقامغا ئۆتۈش ئۈچۈن روھىي جەھەتتىن تاۋلىنىش، چېنىقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ جەريان ھال (كۆپلۈكى: ئەھۋال) دېيىلىدۇ. جامىنىڭ «نەفەھاتۇل ئۇنس» ناملىق ئەسىرىدە بايان قىلىنىشىچە، زۇنۇن مىسرى ئۈچ ئىلىم كەلتۈرگەن، يەنى ئۈچ باسقۇچنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلارنىڭ بىرىنچىسىنى ئاۋامۇ، خاسمۇ قوبۇل قىلغان. ئىككىنچىسىنى خاس قوبۇل قىلىپ، ئاۋام قوبۇل قىلمىغان. ئۈچىنچىسىنى بولسا ھەر ئىككىسى قوبۇل قىلمىغان. بۇ ئۈچ ئىلىم — تەۋبە، تەۋەككۇل ـ مۇھەببەت، ھەقىقەتتىن ئىبارەت[1].

بۇ ئۈچ ئىلىم (يەنى ئۈچ باسقۇچ) زۇنۇن مىسرىنىڭ مەرىفەت قارىشىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى بولۇپ، ھەقنى بىلىشنىڭ ئۈچ باسقۇچىدىن ئىبارەت ئىدى. زۇنۇن مىسرىنىڭ قاراشلىرىدا ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەبۇيەزىد بەستامى (بايەزىد بەستامى)، مەنسۇر ھەللاجىلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى

---

① سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، ئىستانبۇل، 1981 ـ يىل، تۈركچە نەشرى، 31 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىرى روشەن ئىپادىلەنگەنىدى، شۇڭا ئۇ بىدئەت دەپ ئەيىبلىنىپ باغدادتا تەقىپ ئاستىغا ئېلىنغانىدى.

زۇنۇن مىسرىنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن كېيىن تەسەۋۋۇپتا بىرقەدەر گەۋدىلىكرەك قاراشنى مەيدانغا چىقارغان سوپى پارسلاردىن چىققان ئەبۇ يەزىد بەستامى ئىدى.

تەسەۋۋۇپتا «فەنا» (يوق بولۇش) ئاتالغۇسىنى دەسلەپ ئىشلەتكەن كىشى ئەبۇ يەزىد بەستامى بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئۆزلۈكىنى يوقىتىپ، مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىپ ھەققە قوشۇلۇپ كېتىشىدىن ئىبارەت «فەنا» چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. بۇ تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدىكى يەنە بىر يېڭى باسقۇچ بولدى.

ئۇنىڭ قارىشىچە، ۋۇجۇدى ئىشق بىلەن تولغان چىن ئاشىق ئۈچۈن ئاخىرقى مەنزىل — فەنا، يەنى يوق بولۇپ كېتىشتىن ئىبارەت. بۇ يوق بولۇش ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىغا قوشۇلۇپ، مەشۇقى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت.

فەنا — تەسەۋۋۇپتىكى ناھايىتىمۇ چىگىش، مۇرەككەپ مەسىلىلەردىن بىرى. ئۇنى سۆز مەنىسى بويىچە بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۆلمەك دەپ چۈشەندۇرۇش مۇمكىن. بىراق، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى مەنىسىنى شەرھلەش ئۈچۈن نەۋائىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا يۈز رىسالىمۇ ئازلىق قىلىشى مۇمكىن:

> دېدىلەر: «فەنا نېدۇر؟» مۇختەسەر دېيىن: «ئۆلمەك!»،
> كى شەرھىن تىلەسەڭ يۈز رىسالە بولغۇسىدۇر.

تەسەۋۋۇپتىكى بۇ فەنا چۈشەنچىسى يەنى يوق بولماق، ئۆلمەك چۈشەنچىسى ئەلۋەتتە، ئىنساننىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى

ئۆلۈشى، يوقىلىشىنى ئەمەس، بەلكى روھىي جەھەتتىن يۈكسىلىشى، ئۆزلۈكىنى يوقىتىشى، يەنى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى قۇسۇرلارنى ئۆلتۈرۈپ مەنىۋى جەھەتتىن تاكامۇللىشىشقا ئىنتىلىشىنى كۆرسىتەتتى. يەنى ئۆلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسىلىپ، ئۆزلۈكىدىن پۈتۈنلەي خالاس بولغاندا ھەق ۋۇجۇدى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، بۇ ۋاقىتتا «مەن» «سەن» بولمايدۇ، ئاشىق ئۆز مەشۇقى بىلەن قوشۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان بايەزىد بەستامى ئۆز قاراشلىرى ئاساسىدا: «يىلان پوستىنى تاشلىغاندەك مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۆزۈم تەرك ئەتتىم. بىر چاغدا ئۆز ماھىيىتىمگە قارىسام ··· ئاھ، مەن ئۇنىڭغا ئايلىنىپتىمەن» دېگەنىدى. ئۇ يەنە بۇ سۆزىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، «سۇبھانى سۇبھانى مائەزىمە شانى — ئۇلۇغمەن، ئۇلۇغمەن، شانۇ ـ شەرەپكە تولۇقمەن!» دەپ، ئىسلام دىنىدا پەقەت ئاللاغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتقاندىلا ئىشلىتىلىدىغان «سۇبھان» سۆزىنى ئۆزىنىڭ فەنا بولغاندىكى ھالىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەنىدى.

بايەزىد بەستامىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى مەنسۇر ھەللاجىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى ئىدى. ئۇ بۇ قاراشلىرى ئۈچۈن «كاپىر» دەپ ئەيىبلىنىپ، ئۆز شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. لېكىن سوپىلار ئارىسىدا بولسا «سۇلتانۇل ئارىفىن» (ئارىفلارنىڭ سۇلتانى) دەپ شۆھرەت قازاندى. ئەھلى سۈننەت ئارىسىدىمۇ چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، مۆتىدىل يول تۇتقان سوپى جۇنەيد باغدادى (مىلادىيە 911 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مۇ بايەزىدنىڭ سۆزلىرىدە ئىسلامغا مۇخالىپ كېلىدىغان ھېچنەرسە يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پەقەت

خۇدا بىلەن بىرلىشىش خىيالىنىڭ چوڭقۇر قاينىمىغا چۆككەنلىكتىن ئېيتىلغان سۆزلەر دەپ ئىزاھلىغان. جۇنەيدنىڭ قارىشىچە، بايەزىد ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان بولۇپ، ئۇنىڭ «سۇبھانى» دەپ خىتاب قىلىپ ئاڭسىز يوسۇندا تەكرار ـ تەكرار ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى خۇداغا قارىتىلغان.

بايەزىد بەستامى ئوتتۇرىغا قويغان فەنا كۆزقارىشى شۇنىڭدىن تارتىپ تەسەۋۋۇپتىكى يۇكسەك غايىگە ئايلىنىپ، ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوقىتىش مەنزىلىنىڭ نامى بولدى. فەنا قارىشى ئۆزىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلىغان ئىشق قارىشىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشىقنىڭ ئۆز مەشۇقىغا يېتىشىدىكى ئالدىنقى شەرت — ئۆزلۈكتىن كېچىش، ئۆزلۈكنى يوقىتىش يەنى فەنا بولۇش بولدى. تەسەۋۋۇپتىكى فەنا چۈشەنچىسى ئىشق كۆز قارىشى بىلەن بىرلىكتە شېئىرىيەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى ئاشۇرغان تېمىلارغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئەلىشىر نەۋائىمۇ شېئىرلىرىدىن بىرىدە بۇ ھەقتە شۇنداق يازغانىدى:

دېمە جامى فەنا ئىچرە ئېزىلمىشتۇر ئەجەل زەھرى،
نەۋائى جان بېرىپ ئول جامنى چەكمەكتۇر ئارمانىم.

ئۆز ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدا يېڭى قاراشلارنى ئۇزلۇكسىز ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ بېرىۋاتقان تەسەۋۋۇپتا بەستامىنىڭ فەنا قارىشىدىن كېيىن يەنە بىر يېڭى چۈشەنچە «بەقا»، يەنى «مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك» چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇرەككەپ بىر روھىي



www.uyghurkitap.com

ھالەت جەريانلىرى ئارقىلىق تاۋلىنىپ، مەنىۋى يۈكسىلىشكە ئېرىشىپ، ئۆزلۈكنى يوق قىلىپ، ھەق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندىن كېيىنكى ھالەتنى يەنە «فەنا» دەپ ئاتاش توغرا بولمايتتى. چۈنكى، فەنا دېمەك يوق بولۇش دېمەك، بۇ ئۆزلۈكنىڭ يوق بولۇپ ھەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھەق بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش بولسا ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش دېگەن گەپ. شۇڭا، بۇ ھالەتنى «فەنا» دەپ ئەمەس، بەلكى «بەقا» دەپ ئاتاش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «فەنا» دىن «بەقا» چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ ئىككىسى تەسەۋۋۇپتىكى قوشكېزەك ئاتالغۇلارغا ئايلاندى. ئەبەدىيلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئالدىنقى شەرت فەنا بولۇش بولدى. نەۋائىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا:

ئەي نەۋائى، دەۋلەتى باقى تىلەرسەن ۋەسلىدىن،
ئانى كەسىب ئەتمەك فەنا بولماي نى ئىمكان ئاقىبەت.

مانا شۇ فەنا كۆز قارىشىنى ئېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يوق بولغانلىقىنى ئېيتقان سوپى — نامى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا تونۇشلۇق بولغان مەنسۇر ھەللاجى ئىدى.

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ دارغا ئېسىلىشىغا سەۋەب بولۇپ، ئۇنىڭ نامىنى تاراتقان «ئەنەل ھەق» دېگەن بۇ سۆز تەسەۋۋۇپتىكى مەلۇم بىر كۆزقاراش ياكى تەلىماتنىڭ نامىمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت مەنسۇر ھاللاجىنىڭ پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا داڭقى كەتكەن بىر ئېغىز سۆزىدىنلا ئىبارەت، خالاس. ھەللاجىنىڭ بۇ سۆزى تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت (ئورتودوكساللار)

ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولغانىدى.

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇل مۇغىس ئەل ھۇسەيىن ئىبنى مەنسۇر ئەل بەيزەۋى بولۇپ، ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ ئىسمى، ھەللاجى بولسا لەقىمى. ئۇ ھىجرىيە 244 ـ يىلى (مىلادىيە 857 ـ يىلى) فارس ۋىلايىتىنىڭ بەيزا شەھىرى ئەتراپىدىكى تۇردا دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ياشلىقىدىنلا تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئاتاقلىق سوپىلاردىن، جۈملىدىن جۇنەيد باغدادىدىن تەلىم ئالغان. لېكىن تەسەۋۋۇپتا مۆتىدىل يول تۇتۇپ، ئۇنى ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش خاھىشىدىكى جۇنەيد، ھەللاجىنىڭ دەسلەپكى قاراشلىرىنىمۇ قوبۇل قىلالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇرشىد ـ مۇرىتلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدۇ. ھەللاجى جاھانكەزدىلىككە ئاتلىنىدۇ. بۇ جەرياندا نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىدۇ. ئۈچ قېتىم ھەج قىلىدۇ، ئۈچىنچى قېتىملىق ھەجدىن كېيىن باغدادقا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن مۇرىتلار توپلانغانىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ، ئەھلى سۈننەتنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ. ئەسلىدىنلا تەسەۋۋۇپنى ئىسلامدىن چەتنەپ كەتتى دەپ ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئەھلى سۈننەت مەنسۇر ھەللاجىغا قارشى چىقىدۇ. ھەللاجىنىڭ تەسەۋۋۇپنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا ئېيتقان «ئەنەل ھەق» (مەن ھەقتۇرمەن، مەن خۇدادۇرمەن) سۆزى ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن «خۇداغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك» دەپ قاتتىق ئەيىبلىنىپ، ھەللاجى زىندانغا تاشلاندى. ئۇ بىرىنچى قېتىم زىنداندىن چىقىپمۇ يەنىلا ئۆز

قارشىدىن قايتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى قېتىم يەنە زىندانغا تاشلانغان. ئۇ زىنداندا سەككىز يىل يېتىپمۇ قارشىدىن قايتمىغان. پەردىدىن ئەتتارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، كىشىلەر زىندانغا كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئەي ھۇسەيىن! دېگەن سۆزۈڭ ئۈچۈن ئەپۇ سورىغىن، زىنداندىن قۇتۇلىسەن، دېگىنىدە، ھەللاجى مۇنداق جاۋاب بەرگەنىكەن:

— مەن ئۆزرە سورىغۇدەك نېمە دەپتىمەن؟ خالىقنى قويۇپ خەلققە يالۋۇرمايمەن (ياراتقۇچىدىن كېچىپ مەخلۇققا يەنى ئىنسانغا يالۋۇرمايمەن).

شۇنىڭ بىلەن ھەللاجى مىلادىيە 922 ـ يىلى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە جەسىتى كۆيدۈرۈلۈپ دەجلە دەرياسىغا سورۇلىدۇ.

مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى سوپىلارنى بىر ئاز چۆچۈتكەنىدى. ئۇلار رېئاللىقتا يۈزلەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ خېلى بۇرۇنلا باشلانغانىدى. تەسەۋۋۇپقا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىغۇچىلار يالغۇز ئەھلى سۈننەتلا ئەمەس، يەنە مۇتەزىلىيلەرمۇ بار ئىدى. چۈنكى، تەسەۋۋۇپ بولسا ۋۇجۇدى مۇتلەقنى تۇيغۇ يەنى ئىشق ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ، بىلىشنىڭ ۋاسىتىسى ئىشق دەپ قارايتتى. مۇتەزىلىيلەر بولسا ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئەقلىچىلىك (راتسىئونالىزم) ئېقىمى بولۇپ، ئۇلار بىلىشتە ئەقلنى ئالدىنقى ئورۇنغا قوياتتى، شۇڭا تەسەۋۋۇپنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە ئەقلنىڭ رولىنىڭ ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلۇشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ

ئىنكار قىلىنىشى ئىدى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تەسەۋۋۇپمۇ ئىسلام پەلسەپىسىدىكى تەسىرى چوڭراق بىر پەلسەپىۋى ئېقىم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا ئېقىم ۋە خاھىشتىكىلەر بىلەن توقۇنۇش، ئىختىلاپ ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە راۋاجلىنىپ بارغان. تەسەۋۋۇپنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭغا قارشى چىقىقۇچىلارمۇ كۆپىيىپ، تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئۆچمەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ئۆتكۈرلىشىپ بېرىشى، تەسەۋۋۇپتىكى يېڭى ـ يېڭى قاراشلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەرقايسى پىكىر ئېقىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتكەنىدى. بولارنىڭ ئارىسىدا ئەھلى سۈننەت بىلەن تەسەۋۋۇپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ئۇلار سوپىلارنى تەقىپ ئاستىغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىشتى. بۇ ھەقتە گولدزىر: «XI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا باغدادتا ئورتودوكساللارنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرى ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، نامى چىققانراق سوپىلاردىن قىيىن ـ قىستاق ئاستىغا ئېلىنمىغان بىرەرىمۇ قالمىغان»① دەپ يازىدۇ.

بۇ قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ يۇقىرى پەللىسى ھەللاجى بولدى. ھەللاجىنىڭ ساۋىقىدىن كېيىن سوپىلار سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ئاۋام خەلق قوبۇل قىلالايدىغان دائىرە ئىچىدە قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقانىدى. تەسەۋۋۇپمۇ ئۆز

---

① ئى. گولدزىر: «ئىسلام ھەققىدە لېكسىيە» (س. ن. گرىگورىئان: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى. VII — XII ئەسىرلەرگىچە»، موسكۋا، 1960 ـ يىلى، 49 ـ بەتتىكى نەقىلدىن ئېلىندى).

تەرەققىياتىنىڭ قىيىن بىر دەۋرىگە كېلىپ قالغانىدى. تەسەۋۋۇپ ئۈچۈن پەقەت بىرلا يول، يەنى ئەھلى سۈننەت بىلەن بىرلىشىش، ئۇلار يول قويغان دائىرە ئىچىدە پىكىر قىلىش يولى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇلار ئۆز ئىدىيىلىرىنى داۋاملىق تەرغىب قىلىشى، راۋاجلاندۇرۇشى ئۈچۈن ئالدى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشى كېرەك ئىدى. تەسەۋۋۇپنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدا بۇنداق قىيىن باسقۇچقا دۇچ كېلىشى، كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك تەسەۋۋۇپ بىلەن باشقا ئېقىملار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنىڭ نەتىجىسى ئىدى. «شۇنىڭ ئۈچۈن تەسەۋۋۇپ ئاشۇ قىيىن باسقۇچنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تەرەققىي قىلىپ ئورتودوكساللارمۇ ئېتىبارسىز قارىيالمايدىغان بىر كۈچكە ئايلاندى ھەم ھەر خىل راتسىئونالىزملىق (ئەقىلچىلىك)، مىستىتسىزملىق ۋە ئىرادىتسىئونالىزملىق ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر قىسىم تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنى ئورتودوكسال ئېتىقادقا ئېلىپ كىرگەن غەززالىدەك ‹ھۆججەتۇل ئىسلام› مەيدانغا كەلدى.»①

تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈش خاھىشى دەسلەپكى سوپىلاردىن خارىس مۇھاسىبى ۋە جۇنەيد باغدادىلاردا خېلى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەنىدى. ئەمما بۇ مۇشكۈل ۋەزىپىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ، تەسەۋۋۇپ بىلەن ئەھلى سۈننەت ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىق ۋەزىيىتىگە ھەقىقىي يوسۇندا

---

① «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. دىن قىسمى»، 379 ـ بەت.

خاتىمە بەرگەن كىشى — مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناس، پەيلاسوپ ھەم سوپى ئىمام غەززالى بولدى. بۇ تەرەققىياتنىڭ بۇرۇلۇش ھەم مۇستەھكەملىنىش باسقۇچى بولدى.

غەززالى (1058 — 1111) نىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئەل غەززالى بولۇپ، ئۇ يىرىك ئىلاھىيەتشۇناس ھەم پەيلاسوپ، ئۇنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىدىكى ئورنى ناھايىتىمۇ يۇقىرى بولۇپ، «ھۆججەتۇل ئىسلام»، «زەينۇددىن» (دىنىنىڭ زىنىنتى) دېگەن ئاتاقلارغا سازاۋەر بولغان، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئىككى ئەسىر كېيىن ئۆتكەن تەرىقەتچى پەيلاسوپ سەبۇكى ئۇنىڭغا «ئەگەر مۇھەممەدتىن كېيىنمۇ پەيغەمبەرلىك ۋاجىپ بولغىنىدا، بۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىگە ئەل غەززالى مۇناسىپ ئىدى» دەپ تەرىپ بەرگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ دەۋرلەردىلا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان بولۇپ، گېگىلمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان ھەمدە ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ نامىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا «شەرقنىڭ بۈيۈك ئەقىل - پاراسىتىنى ئىگىلىگەن دانا سكېپتىك (گۇمانخور)»[①] دەپ باھا بەرگەندى.

غەززالىنىڭ ئىدىيىسى تولىمۇ مۇرەككەپ جەريانلار ئىچىدە تەرەققىي قىلغان. ئۇ شۇ دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۆرلۈك ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ھەممىسى بىلەن دېگۈدەك تونۇشقان. نىزامۇل مۇلىك تەسىس قىلدۇرغان نىزامىيە

① گېگىل: «ئەسەرلەر»، II توم، موسكۋا - لېنىنگراد 1935 - يىل رۇسچە نەشرى، 105 - بەت (ۋ. ۋ. نائۇمكىن رۇسچىغا تەرجىمە قىلغان «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن» گە سۆز بېشى ئورنىدا بېرىلگەن ماقالىدىن ئېلىندى. موسكۋا، 1980 - يىلى، 10 - بەت).

مەدرىسىدە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاساسىي دىققەت ـ ئېتىبارى پەلسەپە تەتقىقاتىغا قارىتىلغانىدى. ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ تەتقىق قىلغىنى ئىسلام پەلسەپىسىدىكى ئارىستوتېل ئېقىمىنىڭ (يەنى شەرق پىرىپاتىتىزمىنىڭ) ئاساسچىلىرىدىن بولغان فارابى بىلەن ئىبنى سىنالارنىڭ پەلسەپىسى ئىدى. دەسلىپىدە غەززالى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرىغان. ئەمما بارا ـ بارا ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە زىددىيەت تۇغۇلۇشقا باشلاپ، فارابى، ئىبنى سىنالارنىڭ قاراشلىرىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ، چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە كىرىشكەندە بولسا ئىدىيىسىدە كۈچلۈك بىر شۈبھىلىنىش باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئەقىل بىلەن ئېتىقادنىڭ كۈرەشى ئىدى. ئۇ ئەقىلنىڭ ئەڭ ئالىي ھەقىقەتنى بىلەلىشىگە گۇمان بىلەن قاراشقا باشلايدۇ. ئۇ بۇ گۇمانلىرى ئاساسىدا بارا ـ بارا فارابى، ئىبنى سىنالارنىڭ قاراشلىرىنى ئىنكار قىلىپ، تەنقىد قىلىشقا ئۆتىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدا راتسىئونالىستىك خاھىش كۈچلۈك بولۇپ، بىلىشتە ئەقىلنىڭ رولىنىڭ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى تەكىتلىنەتتى. غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدە ئىزچىل گۇمان تۇغدۇرۇپ زىددىيەتكە سەۋەبچى بولۇۋاتقان نەرسە دەل مانا شۇ ئەقىلنىڭ بىلىشتىكى رولى مەسىلىسى ئىدى. ئۇ ئەقىلنىڭ دۇنيانى بىلىشتىكى رولىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، ئەمما مۇتلەق ھەقىقەتنى ئەقىل ئارقىلىق بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىدىن شۈبھىلىنەتتى. بۇ گۇمان، شۈبھىلىنىشنىڭ كۈچىيىپ بېرىشى غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدە زور يىمىرىلىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئىدىيىسىدىكى بۇ مەسىلىلەرنى، داۋالغۇشلارنى پەلسەپىگە تايىنىپ ھەل قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، نىزامىيە مەدرىسىدىكى ئورنىدىن ئىستېپا بېرىدۇ ـ دە، شان ـ شۆھرىتى، نام ـ ئابرۇيى بىلەنمۇ ھېسابلاشماستىن جاھانكەزدىلىككە ئاتلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ سوپىلارنىڭ پائالىيەت سورۇنلىرىغىمۇ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن ئىشقى بىلەن ئاللانى ياد ئېتىپ زىكرى قىلىپ ساماغا چۈشۈشلىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى داۋالغۇشلارغا يول كۆرسەتكەندەك بولىدۇ، چۈنكى سوپىلارنىڭ قارىشىدا مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ۋاستىسى ئەقىل ئەمەس، بەلكى تۇيغۇ (يەنى بىۋاستە سېزىم) ئىدى. غەززالى شۈبھە بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ تۈگۈنىمۇ مانا شۇ يەردە ئىدى.

غەززالىنىڭ ئىدىيىسىدىكى داۋالغۇش، زىددىيەتلەرنىڭمۇ مەلۇم ئىجتىمائىي ئاساسى بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىزغىنلىقىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى، شەكىل ئۈچۈنلا رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىپ چىن دىلىدىن دىنغا بېرىلمەسلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتەزىلىيلەرنىڭ راتسىئونالىزمىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ قېلىشى، كىشىلەرنىڭ دۇنياۋى ئىشلارغا بېرىلىپ كېتىشى قاتارلىقلار ئەنە شۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ئىدى. بۇنى غەززالىنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «دەۋر ھەقىقەتەن ‹ئېغىر كېسەل› گە مۇپتىلا بولغان»[1]. چۈنكى، ئەشئەرىيلەرنىڭ كالام پەلسەپىسىمۇ، مۇتەزىلىيلەرنىڭ راتسىئونالىزمىمۇ قاتمال، دوگمىچىلىق ئاساسىدىكى

---

[1] ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى»، 122 ـ بەت.

شەكىلۋازلىق (فورمالىزم) قا تايانغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىزغىنلىقىنى قوزغاشتا ئاجىزلىق قىلاتتى.

غەززالى سوپىلاردىكى مانا شۇ قىزغىنلىق ئارقىلىق دەۋرنىڭ «ئېغىر كېسىلى» نى داۋالاش مۇمكىنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ ـ دە، تەسەۋۋۇپتا قىسمەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنىڭ ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىگە قارشى ئەمەسلىكىنى دەلىللەپ، بۇ ئارقىلىق دىنىي گۈللەندۈرۈش يولىنى تۇتتى. ئۇنىڭ نوپۇزلۇق ئەسىرى بولغان «ئىھيايى ئۇلۇم ئەددىن» (دىنىي ئىلىملارنىڭ گۈللىنىشى) ناملىق تۆت جىلدلىق ئەسىرى مانا شۇ مەقسەتتە يېزىلغان.

غەززالى تەرىپىدىن ئىسلاھ قىلىنغان تەسەۋۋۇپ ئەھلى سۈننەتنىڭمۇ، سوپىلارنىڭمۇ، شۇنداقلا ھاكىمىيەت تەرەپتىكىلەرنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەسەۋۋۇپ تەرەپدارلىرىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارىمايدىغان بولدى.

تەسەۋۋۇپ ئۆز تەرەققىياتىدا بۇرۇلۇش ياساپ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە تەسەۋۋۇپتا ئالاھىدە بىر يېڭى تەلىمات كۆزگە چېلىقمايدۇ.

XII ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئىسپانىيىلىك ئەرەب پەيلاسوپى مۇھىددىن ئىبنى ئەرەبىنىڭ (1165 — 1240) «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) كۆزقارىشى ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇپنى بىر دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىم سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان تەلىمات بولۇپ، تەسەۋۋۇپ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولدى. ئىبنى ئەرەبى ئۆزىنىڭ بۇ تەلىماتىنى تەسەۋۋۇپنىڭ بەش ئەسىرلىك

تەرەققىياتلىرى ۋە ئىدىيىۋى جۇغلانمىلىرىنى يەكۈنلەش، يۇغۇرۇش ئاساسىدا مەيدانغا چىقارغانىدى.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى تەسەۋۋۇپنى پەلسەپىۋى ئىبقىم سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەر قىلغان تەلىمات بولۇپ، تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ياكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى دېيىلگەندە ئومۇمەن مۇشۇ تەلىمات نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بۇ تەلىماتتىن كېيىن تەسەۋۋۇپقا بېرىلگەن تەبىرلەرمۇ ئاساسەن مۇشۇ قاراشقا مەركەزلەشكەن. «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى تەسەۋۋۇپنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى مۇسۇلمان شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ، شائىرلىرىنىڭ ئىدىيىسىگە، دۇنيا قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىنى پەلسەپىۋى زېمىن بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇڭا، ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پارس، تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ بۈيۈك سىمالىرىنىڭ ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ھەتتا مەخسۇس تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئاساسىي تېما قىلىنغان «تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى» مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، پەرىدىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمى، ئابدۇراھمان جامى، ئەھمەد يەسەۋى، يۇنۇس ئەمراغا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرلار مانا شۇ ئەدەبىياتنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن ئىدى. ئۇلاردىن باشقا، مۇسۇلمان شەرق شېئىرىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىدىن بولغان شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى، نىزامى گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلىۋى، ئۆمەر ھەييام، ئەلىشىر نەۋائى ۋە ئۇلاردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىدىمۇ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان پەلسەپىۋى ئىدىيە يەنىلا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئىدى.

## 2. تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى

تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى ئۇستىدىكى بايانىمىزدىمۇ بۇ جەرياندا ئوتتۇرىغا چىققان ئاساسىي كۆزقاراش، چۈشەنچىلەرنى شەرھلەپ ئۆتكەنىدۇق ھەم تەسەۋۋۇپنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى چوققىسى، شۇنداقلا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ غولى — ئىبنى ئەرەبى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» (بارلىقنىڭ بىرلىكى) تەلىماتى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتقانىدۇق.

تەسەۋۋۇپتىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى، ئالەم قارىشى ۋە ياكى ئىنسان قارىشى بولسۇن، ياكى بولمىسا ماكان، زامان چۈشەنچىلىرى بولسۇن، بۇ قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ يەككە بارلىق قارىشى بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشى ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بارلىق پىكىرلەر مۇشۇ ئاساستا قانات يايغان.

«ۋەھدەتى ۋۇجۇد» تەلىماتى دۇنيادا پەقەت بىرلا بارلىق بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللادىن ئىبارەت. بۇ يەككە بارلىق «ۋۇجۇدى مۇتلەق» (مۇتلەق ۋۇجۇد، مۇتلەق بارلىق) بولۇپ، ئۇ ئەزەلىي ھەم ئەبەدىي، شۇڭا ئۇنى ماكان ۋە زامان نۇقتىسىدىن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ھېچقانداق بىر شەرتكە ياكى سەۋەبكە موھتاج ئەمەس. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەۋجۇت، ئۇ پەيدا بولمايدۇ ھەم يوقالمايدۇ. ئۇ كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەسلى مەنبەسى، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلار مانا شۇ قارىشىغا ئاساسەن، ئالەمدىكى بىردىنبىر ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقنىڭ «ۋۇجۇدى مۇتلەق» ئىكەنلىكىنى قەتئىي مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇتلۇقلارنى بولسا

ئەنە شۇ «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ «ئەسما ۋە سىفات» (ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرى) نىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردىكى كۆرۈنۈشى بولۇپ، ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت كۆرۈنۈش شەكلى جەھەتتىنلا مەۋجۇت دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلار بۇنى «تەجەللى» دەپ ئاتىشىدۇ.

«تەجەللى» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى «پارلاپ كۆرۈنۈش، جىلۋىلىنىش» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلار ئالەمدىكى مەۋجۇتلۇقلارنى ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ كۆرۈنۈشى يەنى تەجەللىسى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن. ئۇلار شەيئىلەرنىڭ تەجەللى قىلىپ كۆپ خىل شەكىللەردە كۆرۈنۈشتىن ئىلگىرىكى ھالىتىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئەيانى سابىتە» دېگەن بىر سۆزنى ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىدىكى «ئەيانى سابىتە» — شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشتىن (تەجەللى بولۇشتىن) ئىلگىرىكى «ئىلمى ئىلاھىي» (خۇدانىڭ ئىلمى) دە مەلۇم بولغان سۈرەتلىرىدىن ئىبارەت. بۇنى ئاددىيراق قىلىپ، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئاللاغا مەلۇم بولغان «ئەسلى شەكلى» دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ.

ئۇلار كائىناتتىكى شەيئىلەرنىڭ قانداق تەجەللى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشتە، بۇنى بەش باسقۇچ يەنى «بەش ئالەم» دىن ئۆتۈپ كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ماددىي ئالەم بەرپا بولىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ ھەم بۇ بەش باسقۇچنى «ھەزەراتى خەمسە» (بەش مەرتىۋە) دەپ ئاتىشىدۇ.

تەسەۋۋۇپتىكى ئالەم قارىشىمۇ ئۇنىڭ يەككە بارلىق چۈشەنچىسىنى تولۇقلىغان بولۇپ، ئۇلار «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» قارىشىغا تايانغان ھالدا پۈتۈن ئالەمنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىق بولغان ئاللانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسىدىن

ئىبارەت ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە تىرىشىدۇ. ھەرقايسى ئالەملەرنىڭ (يەنى يۇقىرىدىكى بەش ئالەمنىڭ، بىز ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئىزاھلىمىدۇق) مۇناسىۋىتىنى مۇشۇ ئاساستا چۈشەندۈرىدۇ.

شۇڭا، ئۇلار بارلىقنىڭ ئەسلىدە پەقەت بىر ئىكەنلىكىنى، ھەر تۈرلۈك سۈرەت - شەكىللەرنىڭ مانا شۇ يېگانە بارلىقنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ ھادىسە سۈپىتىدىكى كۆرۈنۈشلىرى ئىكەنلىكىنى ھەر خىل سىمۋوللار ئارقىلىق، بولۇپمۇ دېڭىز سۈيى بىلەن دولقۇنغا سىمۋول قىلىش ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى پارس تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان فەخرۇددىن ئىراقى (1213 — 1289) نىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىنمۇ ئېنىق كۆرىمىز: «ئىسسىقنىڭ تەسىرى بىلەن دېڭىز ئۈستىدىن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن سۇ زەررىلىرى ھور دېيىلىدۇ. بۇلار يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، بىرىكىپ بۇلۇت ھاسىل قىلىدۇ. تامچە - تامچە بولۇپ تۆۋەنگە چۈشسە يامغۇر بولىدۇ. يامغۇر سۇلىرى قوشۇلۇپ دەريا بولىدۇ. تەكرار - تەكرار قوشۇلۇپ دېڭىز ھالىغا كېلىدۇ. دېمەك، دېڭىز، مۇز، ھور، بۇلۇت، يامغۇر، سەل، ئۆستەڭ ... ھەممىسى سۇنىڭ تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرى، ھەممىسىنىڭ ئەسلى سۇدۇر، شۇنىڭدەك كائىناتتا بار ھېسابلانغان نەرسىلەرمۇ تەڭرى سۈپەتلىرىنىڭ باشقا - باشقا كۆرۈنۈشى بولۇپ، ھەممىسىنىڭ زاتى يەككىدۇر يەنى ئاللادۇر.»[①]

تەسەۋۋۇپتىكى مانا شۇ يېگانە بارلىق بولغان «ۋۇجۇدى مۇتلەق» نىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولۇپ كۆپ خىل شەكىللەردە كۆرۈنىدىغانلىقى، ھەقىقەتتە بولسا بارلىقنىڭ پەقەت بىر ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت «تەجەللى نەزەرىيىسى» ئاساسىدا شەيئىلەرنىڭ دەۋرىي ھالدا ئايلىنىپ تۇرىدىغانلىقى، بىر خىل

---

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، ئۈرۈمچى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 44 -، 45 - بەتلەردىكى نەقىلدىن ئېلىندى.

شەكىلدىن يەنە بىر خىل شەكىلگە ئۆزگىرىدىغانلىقى، كۆپلۈكتىن ئەسلىدىكى بىرلىك ھالىتىگە قايتىدىغانلىقى ھەققىدىكى «دەۋر نەزەرىيىسى» مەيدانغا چىققانىدى. بۇنىڭ بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى مۇشۇ مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرگەن شېئىرىي تۈرگە «دەۋرىيە» دەپ نام بېرىلگەن.

«تەجەللى نەزەرىيىسى»گە ئاساسەن، ۋۇجۇدى مۇتلەقنىڭ سۈپەتلىرى ئۆز تەجەللىسىدىن پەيدا بولغان بىرقانچە ئالەمدىن ئۆتۈپ مۈلك ئالىمىگە، يەنى بىز ياشاۋاتقان ماددىي ئالەمگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدۇق. «دەۋر نەزەرىيىسى»گە ئاساسەن، بۇ ماددىي ئالەمگە چۈشكەن بارلىق دەسلەپىدە «جەماد» (مىنېراللار)، ئاندىن «نەبات» (ئۆسۈملۈك)، ئاندىن «ھايۋان»، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئىنسان» شەكىللىرىدە تەجەللىي بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىنسانىي كامىل شەكلىگە كىرىدۇ ۋە قوشۇلۇپ ئەسلىگە، يەنى ۋەھدەتكە قايتىدۇ.

ئىنسان قارىشى جەھەتتە، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانمۇ ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تەجەللىسى بولۇپ، كۆرۈنۈشتە (سۈرەتتە) مەۋجۇت، ئەمەلىيەتتە بولسا، پەقەت ئەسلى ۋۇجۇدلا مەۋجۇتتۇر. لېكىن «ۋۇجۇدى مۇتلەق»نىڭ تەجەللىسى دەپ قارالغان ئىنسان، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ھەتتا بەزى ئالىملار تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى «ئىنسان مەركەزلىك پەلسەپە» دەپمۇ ئاتاشقان.

تەسەۋۋۇپنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى باشقا شەيئىلەر ئاللانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ تارقاق ياكى قىسمەن ھالدىكى تەجەللىسىدىن ئىبارەت. ئەمما ئىنساندا بولسا ئاللانىڭ پۈتۈن سۈپەتلىرى مۇجەسسەم ھالدا تەجەللى قىلغان. شۇڭا، ئىنسان ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» (ئاللانىڭ سىرلىرىنىڭ نۇسخىسى) ھېسابلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كائىناتتىكى بارلىق مەۋجۇتلۇق ئىنسانغا مۇجەسسەملەشكەن، شۇڭا كائىناتتىكى ھەرقانداق شەيئىنىڭ بەلگىلىرى ئىنساندا بار. بۇ ھەقتە جالالىددىن رۇمى شۇنداق دەيدۇ:

ھەر نېمەكى مەۋجۇد بولسا ئالەمدە،
تىمسالى ئۇنىڭ باردۇر ئادەمدە.

شۇڭا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، بارلىق شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كائىنات «ئالەمى كۇبرا» (ماكرو ئالەم) بولسا، مانا شۇ ماكرو ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن ئىنسان «ئالەمى سۇغرا» (مىكرو ئالەم) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا بەزى مۇتەسەۋۋىپلار تېخىمۇ ئاشۇرۇپ ئىنساننى «ماكرو ئالەم» دەپ ھېسابلىغان. جالالىددىن رۇمى ئەنە شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى ئىدى.

گەر كۆرۈنۈشتە بولساڭمۇ «ئالەمى ئەسغەر»،
ھەقىقەتتە سەندۇرسەن «ئالەمى ئەكبەر».

تەسەۋۋۇپتا ئىنساننىڭ مۇنداق يۇكسەك ئورۇنغا قويۇلۇشىنىڭ تۈپ سەۋەبى — ئىنساننىڭ قەلبى ئاللانىڭ سىرلىرىنىڭ ماكانى بولغانلىقى يەنى ئىنسان «نۇسخەئى ئەسرارى ئىلاھى» بولغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسان ئاللانى سىرتقى ئالەمدىن ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ قەلبىدىن ئىزدىشى كېرەك. چۈنكى، ئىنساننىڭ قەلبى ئاللانىڭ كەبىسى يەنى ئۆيى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، جالالىددىن رۇمى «مەسنەۋى» سىدە:

ئايا سىز جان چېكىپ ھەر لەھزە ئىزدەيسىز ئىلاھىنى،
ئانى ئىزدەشكە ھاجەت يوق، ئىلاھى ــــ سىز، ئىلاھى ــــ سىز!

دەپ يازغانىدى. يۈنۈس ئەمرامۇ شېئىرلىرىدا:

ھەق جاھانغا تولغاندۇر، كىمسەلەر ھەقنى بىلمەس،
ئۇنى سەن سەندىن ئىستە، ئۇ سەندىن ئايرىم بولماس.

كۆپ تىرىشتىم ئىستىدىم، يەرۇ ـ كۆكنى ئىزدىدىم،
ھېچبىر ماكاندىن تاپالمىدىم، تاپتىم ئىنسان ئىچىندە.

دەپ يازىدۇ.

بىز بۇنىڭغا ئوخشىغان مىسرالارنى مۇتەسەۋۋىپ شائىرلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شېئىرلىرىدا چىلىقتۇرالايمىز.

زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بۇ يەردە بىز بىر مەسىلىنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمىز، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى يۇقىرىدىكى «ئاللا ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر» دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەر، گەرچە سىرتقى كۆرۈنۈشتە ئاتېئىزمغا پاكىت ئىزدىگۈچىلەرنى «يىمىرىلمەس» پاكىتلار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارغا دەستەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ پىكىرلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى «ئاتېئىزملىق خاھىش» نىڭ تامامەن ئەكسىچە بىر خاھىشنى ئىپادىلەيتتى، يەنى خۇداسىزلىقنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ بارلىقىنى، بەلكى بىردىنبىر ھەقىقىي بارلىقنىڭ خۇدا ئىكەنلىكىنى دەلىللەشكە ئۇرۇنۇش ئىدى. بۇ ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ يېگانىلىقىنى، ئۇنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللەشكە ئىنتىلىشتىن باشقا نەرسە

ئەمەس، خالاس. شۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنساننى ئۇلۇغلاپ ئېيتىلغان سۆزلەرنى ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىپ، پەقەت سىرتقى شەكىلگە قاراپلا «ئاتېئىستىك خاھىش» نىڭ ئىپادىلىرى دەپ تەھلىل قىلىش توغرا بولمىسا كېرەك.

دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ بۇ ئىدىيىسى ئەھلى سۈننەت تەرىپىدىن «كۇپۇرلۇق»، «دىنسىزلىق» دەپ ئەيىبلەنگەن. بۇ ھەقتە سۆزلىگەنلەردىن قانچىلىغانلىرى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ دارغا ئېسىلغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ئەھلى سۈننەت ئەقىدىلىرىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن بولۇپ، ئەھلى سۈننەت دوگماتىزمىغا زىت كېلەتتى.

روشەنكى، ئەھلى سۈننەتنىڭ تەسەۋۋۇپتىكى بۇنداق پىكىرلەرنى «دىنسىزلىق» دەپ ئەيىبلىشى، قارشى تۇرۇشى پەقەت دىنىي ھېسسىيات، ئادەت تۇسى ئالغان ئېتىقاد شەكلىگە ئاساسلىنىدۇ. ئەمما، تەتقىقاتنىڭ تەلىپى — مەسىلىگە ئىلىم نۇقتىسىدىن قاراپ، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، تەسەۋۋۇپتىكى ئىنسان ھەققىدىكى قاراشلار گەرچە ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ئورنىنىڭ يۇكسەكلىكىنى، كائىناتنىڭ ئىنسان بىلەن شۇنداق گۈزەل ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئىنساننى ئۇلۇغلىغان بولسىمۇ، ماھىيەتتە ئىنسان ئاللانىڭ ئەڭ زور مۆجىزىسى بولغىنى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇلۇغلۇقنىڭ ماھىيەتتە يەنىلا ئاللاغا خاس ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭدىن ھېچقانداق «خۇدا يوق» دېگەن يەكۈن چىقمايدۇ، شۇنداقلا «خۇداسىزلىق» خاھىشىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى مانا شۇ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئايرىپ قاراپ، سىرتقى شەكلگە

ئاساسلىنىپلا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مىغىزى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇلارنى «ئاتېئىست» ياكى بولمىسا «ئاتېئىستىك خاھىشنى ئىپادىلىگەن» دېيىش، مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئەسلىي ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىسىنى توغرا تەھلىل قىلمىغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى يورۇتۇپ بېرەلمىگەنلىك بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، بىز بۇ پىكىرلىرىمىز بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدە ئىنساننىڭ ئۇلۇغلانغانلىقىنى، يۈكسەك ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ «ئىنسان مەركەزلىك پەلسەپە» بولغانلىقىنى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز. بىزنىڭ بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە تەكىتلەشتىكى مەقسىتىمىز، پەقەت مەسىلىنى — بۇ ئىدىيىلەرنى ئەسلى ماھىيىتى بويىچە تەھلىل قىلىش ۋە مۇشۇ ئاساستا يەكۈن چىقىرىشنى تەۋسىيە قىلىشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

# XIV باب ئەھمەد يەسەۋى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى - ئەخلاقىي قاراشلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدېئولوگىيە تارىخىدا تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىلىرىنى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىنكى دەۋرىگە تەئەللۇق ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان تۇنجى ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئۇچرىتىمىز. يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستانىدا مەخسۇس بىر زاھىت ئوبرازى ئارقىلىق تەسەۋۋۇپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى بولغان زاھىتلىقتا خاس پىكىر - قاراشلار، تەسۋىرلەرنى بايان قىلىدۇ، شۇنداقتىمۇ تەسەۋۋۇپنىڭ رەسمىي يوسۇندىكى بىر پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى ۋە بۇ كەڭ تېررىتورىيىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە بولۇشى پارس مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ ھەمەدانى ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرى خوجا ئەھمەد يەسەۋى، ئابدۇخالىق غۇژدۇۋانىلارنىڭ نامى بىلەن باغلىنىدۇ.

ئەھمەد يەسەۋى — تۈركىي تەسەۋۋۇپ شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى سوپىلىق يولى — «يەسەۋىيە» تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى بولۇپ، تەسەۋۋۇپ تارىخىدا ئالاھىدە مەۋقەگە ئىگە.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ھاياتى ھەققىدە ھازىرغىچە تېخى يېتەرلىك مەلۇمات يوق. ئىلمىي ئەسەرلەردە ئۇنىڭ ۋاپات بولغان

ۋاقتى مىلادىيە 1166 ـ يىلى دەپ قەيت قىلىنىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ XI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن XII ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەھمەد يەسەۋى بۈگۈنكى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق باي ناھىيىسىنىڭ سايرام كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن[1]. ئۇنىڭ دادىسى ئىبراھىم سايرامدىكى ئاتاقلىق شەيخلەردىن بىرى بولۇپ، ئەھمەد دادىسىدىن يەتتە يېشىدا يېتىم قېلىپ، ئاچىسى گەۋھەر شەھنازنىڭ ھىمايىسىدە بولغان. ئاچىسى ئۇنى ئېلىپ سايرامدىن يەسسىگە (بۈگۈنكى قازاقىستاننىڭ تۈركىستان شەھىرى) كېلىدۇ. ئەھمەدنىڭ ئاساسىي ھاياتى مۇشۇ يەردە ئۆتكىنى ئۈچۈن، بۇ يۇرتنىڭ نامى ئۇنىڭ ئىسمىغا قوشۇلۇپ ئەھمەد يەسەۋى دەپ ئاتالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى تەھسىلىنى يەسسىدىكى شەيخ ئارسلان بابىدىن ئالغان. بۇنى ئۆز ھېكمەتلىرىدە زىكرى قىلىدۇ. ئۇ ئۇستازى ئارسلان بابنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن شۇ دەۋردىكى ئىسلام مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان بۇخاراغا كېلىدۇ ۋە يۇسۇپ ھەمەدانى (1048 — 1142) غا مۇرىت بولىدۇ. ئۇ تەسەۋۋۇپ ھەققىدە بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل يۈسۈپ ھەمەدانىنىڭ خەلىپىسى بولۇپ، مۇرىتلارغا ساۋاق بېرىدۇ. كېيىن يەسسىگە قايتىپ كېلىپ تەسەۋۋۇپنى تەشۋىق قىلىش، كېڭەيتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندىكى پائالىيەتلىرى بىلەن ئاۋام خەلق ئارىسىدا يۈكسەك شۆھرەت قازانغان بولۇپ، ھەتتا كىشىلەر ئۇنى «پىرى تۈركىستان» دەپ ئاتاشقان. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ 99 مىڭ مۇرىتى بولغانمىش. بۇ ئەمەلىيەتتە خۇددى دوكتور فۇئاد

---

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل (7 ـ نەشرى)، 75 ـ بەت؛ شۇ بەتتىكى ① ئىزاھقىمۇ قارالسۇن.

كۆپرۈلۈ ئېيتقاندەك، «ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا ناھايىتىمۇ چوڭ شۆھرەت قازانغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەردىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس»[①] ئىدى.

ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەسەۋۋۇپنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا ئاددىي خەلق تىلى بىلەن شېئىرىي شەكىلدە ئېيتقان ھېكمەتلىرى «دىۋانى ھېكمەت» نامى بىلەن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ئەھمەد يەسەۋى ياشىغان دەۋر قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تۈرلۈك نىزالار ئەۋجىگە چىققان، تاشقى جەھەتتىن سىرتقى كۈچلەرنىڭ تەھدىتى بىلەن خاندانلىقنىڭ ئاساسى داۋالغۇپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە باشلىغان دەۋر ئىدى. خاندانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن كۈلپەتلىرى، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكلەر نەتىجىسىدە ئەۋج ئېلىۋاتقان ئالدامچىلىق، ئەخلاقىي بۇزۇلۇش قاتارلىق ئەھۋاللار ئەھمەد يەسەۋىنىڭ دۇنيا قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇلار «ھېكمەتلەر»دە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى.

مەنبەلەرگە قارىغاندا، ئەھمەد يەسەۋى شان ـ شۆھرىتىنىڭ شۇنچە يۇقىرى بولۇشىغا قارىماستىن، يەنە ئۆزى ھالال ئىشلەپ ھايات كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. ئەدەبىياتشۇناس ئېرگەش رۇستەموف: «ئەھمەد يەسەۋى چىۋىقتىن سۇزگۈچ توقۇش، ياغاچتىن چۆمۈچ ۋە قوشۇق ئويۇپ سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغان»[②] دەپ يازىدۇ.

«دىۋانى ھېكمەت» تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پەلسەپىۋى ئەسەر. بۇ ئەسەر بىزگە خۇددى ئاكادېمىك مۆمىنوف يازغىنىدەك: «مۇئەللىپنىڭ ئىسلام دىنى، كالام

---

① فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل (7 ـ نەشرى)، 75 ـ بەت.

② «شەرق يۇلتۇزى»، تاشكەنت، 1992 ـ يىل 1 ـ سان، 13 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

پەلسەپىسى بىلەنلا ئەمەس، يەنە شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۈزۈملەر، دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەنمۇ پىششىق تونۇش ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ»[①]. بۇ ئەسەر يەنە فۇئاد كۆپرۈلۈ كۆرسەتكىنىدەك، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقلىرى ئىچىدە «قۇتادغۇ بىلىك»تىن كېيىنكى ئەڭ قەدىمىي يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ[②].

ئەھمەد يەسەۋى ئەرەب، پارسچە ئوقۇپ چۈشىنەلمەيدىغان ئاۋام خەلققە دىنىي، تەسەۋۋۇپىي چۈشەنچىلەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن تۈركىي تىلدا، يەنە كېلىپ ئاددىي خەلق تىلىدا ھېكمەت ئېيتقان مۇتەسەۋۋىپ شائىر ئىدى. ئۇ ھېكمەتلىرىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

خۇشلەمايدۇر ئالىملەر بىزنى ئايغان تۈركىنى،
ئارىفلاردىن ئىشىتسەڭ ئاچار كۆڭۈل مۈلكىنى.

ئايەت، ھەدىس مەناسى تۈركىي بولسا مۇۋاپىق،
مەنىسىگە يېتكەنلەر يەرگە قويار بۆركىنى[③].

يەسەۋىنىڭ قارىشىدا تەسەۋۋۇپتىكى ھەقنى بىلىشنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىشق ئالاھىدە ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، شائىرنىڭ پىكرىچە ئاللانى پەقەت ئىشق ئارقىلىقلا تونۇغىلى

---

① ئى. مۆمىنوف: «ئۆزبېكىستاندا ئىلغار پەلسەپىۋى ـ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1976 ـ يىل تاشكەنت رۇسچە نەشرى، مۆمىنوفنىڭ سۆز بېشى ئورنىدىكى ماقالىسى، 16 ـ بەت.

② فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل (7 ـ نەشرى)، 119 ـ بەت.

③ ئىبراھىم ھەققۇلوف: «ھېكمەتلەر»گە ئىلاۋە قىلىنغان سۆز بېشى ئورنىدىكى ماقالە، «ھېكمەتلەر» تاشكەنت، 1991 ـ يىل، 6 ـ بەت.

بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا شائىر تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى بىلىش نەزەرىيىسىگە تايىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

ئىشقى تەگسە كۆيدۇرگۇسى جانۇ تەننى،
ئىشقى تەگسە ۋەيران قىلۇر ماۋۇ مەننى.
ئىشق بولمىسا تانىپ بولماس ماۋۇ مەننى،
ھەر نە قىلساڭ ئاشىق قىلغىل پەرۋەردىگار.

شۇڭا شائىرنىڭ نەزەرىدە ئىشقسىز ئادەم ئادەم ھېسابلانمايدۇ. ئىنساندىكى ئىمانمۇ، جانمۇ ئىشقتىن ئىبارەت.

ئىشقسىز كىشى ئادەم ئېرمەس ئاڭلاساڭىز،
بى مۇھەببەت شەيتان قەۋمى تىڭلاساڭىز.
......................................
ئىشقسىزلارنى ھەم جانى يوق ھەم ئىمانى،
رەسۇلىللاھ سۆزىنى ئايدىم مەناكانى.

مەلۇمكى، تەسەۋۋۇپتا ھەقنى بىلىش جەريانى چوڭ جەھەتتىن تۆت باسقۇچ ئارقىلىق بولىدۇ. بۇلار:

(1) شەرىئەت. بۇ بارلىق مۇسۇلمانلار ئورۇنداشقا تېگىشلىك قائىدە ـ نىزاملار. ئالدى بىلەن شەرىئەت مىزانلىرىنى تولۇق بەجا كەلتۈرۈش كېرەك.

(2) تەرىقەت. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى يول، ئۇسۇل دېگەنلىك. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتىنى ئاللانى بىلىشنىڭ يولى دەپ ھېسابلىغىنى ئۈچۈن، سوپىلىق يولىنى تەرىقەت دەپ ئاتاشقان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، شەرىئەتنى تولۇق ئادا قىلماستىن تەرىقەتكە ئۆتۈشكە بولمايدۇ. بۇ يولغا كىرگەن سوپى چوقۇم پىرغا قول بېرىشى كېرەك. پىرنىڭ ۋاستىسىسىز ھەقنى تونۇپ

بولمايدۇ. يەسەۋى بۇنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئۆتتى ئۆمرۈم شەرىئەتكە يېتەلمىدىم،
شەرىئەتسىز تەرىقەتكە ئۆتەلمىدىم.
ھەقىقەتسىز مەرىفەتكە باقالمادىم،
قاتىغ يولدۇر پىرسىز نىچۈك ئۆتەر دوستلار.

يەسەۋىنىڭ نەزەرىدە شەرىئەت ئىماننىڭ پوستى، تەرىقەت بولسا مېغىزى.

پوستى ئىمان شەرىئەتتۇر مەغزى تەرىق،
تەرىق كىرگەن ھەقتىن ئۇلۇش ئالدى دوستلار.

ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلارنىڭ قارىشىدا بۇ يولنى يولباشچىسىز مېڭىپ بولمايدۇ. بۇ يول باشلىغۇچىنى ئۇلار «مۇرشىد» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ھەقنى ئىزدىگۈچى تالىپ بولسا «مۇرىت» بولىدۇ. بۇ يولدا جەزمەن بىر مەنزىلگە يېتەكچى — مۇرشىد بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭسىز مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدۇ. يەسەۋىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا:

تەرىقەتكە شەرىئەتسىز كىرگەنلەرنى،
شەيتان كېلىپ ئىمانىنى ئالۇر ئەرمىش.
ئۇشبۇ يولنى پىرسىز دەۋا قىلغانلارنى،
سەرسان بولۇپ ئارا يولدا قالۇر ئەرمىش.

شۇڭا ئەھمەد يەسەۋى مۇھەممەد پەيغەمبەرنى بۇ يولدىكى پىر ھېسابلايدۇ:

پىرى مۇغان ھەق مۇستافا بىشەك بىلىڭ،
قايدا بارساڭ ۋەسفىن ئەيتىپ تازىم قىلىڭ.

(3) مەرىفەت. بۇ ئاللانى تونۇش باسقۇچى.

(4) ھەقىقەت. بۇ ھەق بىلەن بىرلىشىپ، ئۆزلۈكنى پۈتۈنلەي يوقاتقان باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن مۇشۇ تۆت باسقۇچ بويىچە بولسىمۇ، بۇ باسقۇچلار ئارىسىدا يەنە نۇرغۇنلىغان روھىي - جىسمانىي تاۋلىنىش باسقۇچلىرى بار بولۇپ، مانا شۇلاردىن كېيىن ئاندىن نىشانغا يېتىش مۇمكىن.

مانا شۇ تۆت باسقۇچ ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇرەككەپ جەريانلار يەسەۋى تەلىماتىنىڭمۇ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شائىرنىڭ نەزەرىدە ئاللانى بىلىشنىڭ ۋاستىسى بولغان ئىشقنىڭ سىرىنى چۈشىنىش، بۇ يولدا مېڭىش ئاسان ئىش ئەمەس:

جاندىن كەچمەي ئىشق سىرىنى بىلسە بولماس،
مالدىن كەچمەي مەنمەنلىكنى قويسا بولماس.
سىۋا بولماي ئۆزىن سۆيسە بولماس،
ئانداغ ئاشىق ئەل كۆزىدىن پىنھان بولۇر.

تەسەۋۋۇپتا ئىشق كۆزقارىشىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دەسلەپكى باسقۇچتىكى زاھىتلىقنى ئىنكار قىلىپ سۆكىدىغان خاھىشنىڭ كۈچىيىپ بارغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق. يەسەۋىنىڭ نەزەرىدىمۇ زاھىتنىڭ تەقۋاگەرلىكى بىلەن ھەقنى تونۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئۇ مۇرىتلىرىنى زاھىت بولماي، ئاشىق بولۇشقا چاقىرىدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى يېتىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

زاھىت بولما، ئابىد بولما، ئاشىق بولغىل،
مېھنەت تارتىپ ئىشق يولىدا سادىق بولغىل.
نەپسىنى تېپىپ دەرگاھىغا لايىق بولغىل،
ئىشقسىزلارنى ھەم جانى يوق ھەم ئىمانى.

شائىرنىڭ قارىشىدا زاھىتنىڭ تەقۋاگەرلىكى ئىككى يۈزلىمىچىلىكتىن، رىيادىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس:

ھەق تەئالا ئاشىقلارغا بەردى ئىشق،
چىن تالىپكە ئاتا قىلدى زەۋقى شەۋقىن.
زاھىتلەرگە شەيتان بەردى رىيا دەلقىن،
سۆزلەر بىلەن رىيالىقنى ئۇردۇم مانا.

شۇڭا، يەسەۋى رىياكار سوپى ـ شەيخلەرنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلار ئىكەنلىكىنى، ئۇلاردىن ھەممە كىشى بىزار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ:

مەن رىيالىغ شەيخنى كۆردۈم بىزار بولدۇم،
زەررە بويى ماڭا تەگدى بىمار بولدۇم.
ھەق يولىدا سىرمەست ئېردىم ھوشيار بولدۇم،
ئىچ قارنىمدا دۈشمەن تۇتۇپ يۈردۈم مانا.

مەن رىيالىغ شەيخنى كۆرۈپ تەپكۈم كېلۇر،
ھەقتىن يۈز مىڭ بالا تىلەپ سەپكۈم كېلۇر.
شەمشەر ئالىپ باشلارىنى چاپقۇم كېلۇر،
قايدە بارىب ئىشق دۇكانىنى قۇردۇم مانا.

يەسەۋى كىشىلەردە ئىنساب، ديانەت قالمىغانلىقىدىن زارلاپ، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئېچىنىدۇ:

ئۇلۇغ كىچىك يارەنلەردىن ئەدەب كەتتى،
قىز ۋە زەيىف جۇۋانلاردىن هايا كەتتى.
ئەلهايا ئۇ مىنەل ئىمان دەپ رەسۇل ئەيدى،
هاياسىز قەۋم ئاجايىپلار بولدى دوستلار.

مۇسۇلمان مۇسۇلماننى قىلدى قەتىل،
ناهەق تۇتۇپ هەق ئىشلاردىن قىلدى باتىل.
مۇرىد پىرغە قىلمادىلەر يۈزۈ خاتىر،
ئەجەب شۇملۇغ زامانلەر بولدى دوستلار.

ئەهلى دۇنيا خەلقىمىزدە ساخاۋەت يوق،
پادىشاھ، ۋەزىرلەردە ئادالەت يوق.
دەرۋىشلەر دۇئاسىدا ئىجابەت يوق،
تۈرلۈك بالا خەلق ئۈستىغە ياغدى دوستلار.

شائىر هەممە كەلگۈلۈكنىڭ يەنىلا خەلقنىڭ بېشىغا كېلىدىغانلىقىدىن هەسرەتلىنىدۇ. يالغانچىلىق، ئالدامچىلىقتىن قايغۇرىدۇ:

كىمنى كۆرسەڭ بۇ يوللاردا يالغان ئاشىق،
زاهىر سوفى باتىن ئىچرە ئەمەس سادىق.
ئانىڭ ئۈچۈن مەشۇقىغە بولماس لايىق،

www.uyghurkitap.com

يالغانچىنى روز مەھشەردە سەرسان قىلۇر.

ھەتتا شەيتانغا دەرس بەرگۈدەك ئالدامچى شەيخلەر، سوپىلارنىڭمۇ بولىدىغانلىقىدىن نالە قىلىدۇ، بۇنداق كاززاپلاردىن يىراق قېچىش كېرەكلىكىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ:

سىزدىن سوڭرە ماشايىخلار پەيدا بولغاي،
شەيتان لەئىن چۈن ئۇلاردىن ساباق ئالغاي.
زاھىر توزاپ دۇنيا ئىچرە مەنمەن دېگەي،
باتىنىدە ھېچنېمە يوق كۆرۈك دوستلار.

بەئزى شەيخلەر مۇرىدلارىن باشقۇرالماس،
سۆزلەرىنى خەلققە ئەيتىپ ئۆزى قىلماس.
تەكەببۇر مەنمەنلىكنى ئۆزىدىن سالماس،
ئانداغ پىرنىڭ دەرگاھىدىن قاچىڭ دوستلار.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئەھمەد يەسەۋى تەلىماتى ئىچىدە ئەخلاقىي خاھىش كۈچلۈكرەك. «دىۋانى ھېكمەت» تە تەسەۋۋۇپ تەلىماتى ئاساسىي ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنە بىزنى شۇ دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدىغان مىسرالار، ئىنسانىيلىق، ئەمگەكچانلىق، سەمىمىيلىككە ئۈندەيدىغان ئەخلاقىي تەربىيىگە دائىر ئەھمىيەتلىك پىكىرلەرمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىنسانپەرۋەرلىك قارىشى، ئاجىزلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان مەزمۇنلارمۇ «دىۋانى ھېكمەت» تە خېلى

كۆپ سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ، يەسەۋى ئۆز ھېكمەتلىرىدە:

غەرىبلەرنى كۆرگەن يەردە ئاغرىتمەڭىز،
غەرىبلەرگە ئاچچىقلىنىپ سۆز قاتمەڭىز.
زەئىپ كۆرۈپ غەرىبلەرگە تاش ئاتمەڭىز،
بۇ دۇنيادا غەرىبلىكدەك بالا بولماس.

دەپ يازىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش، يېتىم - يېسىرلارغا ھەمدەم بولۇش، ئۇلارغا ئازار بەرمەسلىك يەسەۋىنىڭ ھېكمەتلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنىدۇ:

يېتىمنى كۆرسەڭىز ئاغرىتمەڭىزلەر،
غەرىبنى كۆرسەڭىز داغ ئېتمەڭىزلەر.

شائىر ھەتتا يات دىندىكى كىشى بولسىمۇ ئازار بېرىشكە، رەنجىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ:

سۈننەت ئېرمىش كاپىر بولسا بەرسە ئازار،
كۆڭلى قاتتىق دىل ئازاردىن خۇدا بىزار.

ئىدېئولوگىيە تارىخىمىزدا نادانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئاپەت ئۈچۈن ئەھمەد يەسەۋىدەك قايغۇرغان مۇتەپەككۇر شائىرلار كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. شائىر نادانلىق ئۈستىدىن شۇنداق زارلايدۇ:

ئايا دوستلار نادان بىرلەن ئۈلفەت بولۇپ،
باغرىم كۆيۈپ، جاندىن تويۇپ ئۆلدۇم مانا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

توغرا ئېيتسام ئەگرى يولغا بوينىن تولغار،
قانلار يۇتۇپ غەم زەھرىغە تويدۇم مانا.

نادان بىرلە ئۆتكەن ئۆمرۈڭ نارى سەقەر،
نادان بارسا دەۋزەخ ئاندىن قىلغاي ھەزەر.
نادان بىرلە دەۋزەخ سارى قىلماڭ سەفەر،
نادان ئىچرە خازان يەڭلىغ سولدۇم مانا.

دۇئا قىلىڭ نادانلارنى يۈزىن كۆرمەي،
ھەقتەئالا رەفىق بولسا بىردەم تۇرماي.
بىمار بولسا نادانلارنى ھالىن سورىماي،
نادانلاردىن يۈز مىڭ جاپا كۆردۈم مانا.

يەر ئاستىغە قاچىپ كىردىم نادانلاردىن،
ئىلكىم ئاچىپ دۇئا تىلەپ مەردانلاردىن.
غېرىب جانىم يۈز تەسەددۇق دانالاردىن،
دانا تاپماي يەر ئاستىغە كىردىم مانا.

تەمە قىلما نادانلاردىن قەدرىڭ بىلمەس،
زۇلمەت ئىچرە يول ئاداشسا يولغا سالماس.
بوينۇڭ قىسىپ زارى قىلساڭ قولۇڭ ئالماس،
نادانلاردىن شەكۋە ئەيلەپ كەلدىم مانا.

مانا شۇلارغا ئوخشاش چىن ئىنسانىي پەزىلەت كۈيلەنگەن، تەشۋىق قىلىنغان، جاھالەتنىڭ ئەلچىسى بولغان نادانلىقتىن زارلاپ ھەسرەت چەككەن، خەلقنىڭ دەرد ـ ئەلىمى، ھەسرىتى ئۈچۈن غەم يەپ قايغۇرغان ئاشۇ ھېكمەتلەرمۇ ئەھمەد يەسەۋىنىڭ قەلبىدىن ئۇرغۇغانىدى.

دۇرۇس، يەسەۋى ئۈچۈن بىرىنچى ئورۇندا تۇرغىنى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى كېڭەيتىش، تەشۋىق قىلىش، لېكىن مۇشۇ قاراشلىرى ئىچىدىمۇ ئاز بولمىغان ھەققانىي پىكىرلەر —

پاكلىققا، چىنلىققا، سەمىمىيلىككە ئۈندەيدىغان ئېزگۈ تىلەكلەر، پىكىرلەرمۇ بار ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدىكى مىساللاردىنمۇ ئېنىق كۆردۇق. شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇنداق ئىلغار پىكىرلەرگە كۆز يۇمساق ئاقىلانىلىق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. يەسەۋى پۈتۈن ئۆمرى دىنىي ئەھكاملار، تەرىقەت مىزانلىرى ئىچىدە ئۆتكەن بىر مۇتەسەۋۋىپ شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆز مەۋقەسىدىن چەتنىمىگەن ھالدا دىنىي ۋە تەسەۋۋۇپىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئېزگۈلۈك، پاكلىق، چىن ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى كۈيلىگەن. بۇنى نەزەردىن ساقىت قىلساق بولمايدۇ. «يەسەۋىگە ماختاشنىڭ كېرىكى يوق. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلىش بىزدىن مەسئۇلىيەت ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىدۇ»①.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئەھمەد يەسەۋى تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنىڭ ئىجادچىسى ياكى بولمىسا ئاساسچىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنى كېڭەيتكۈچى، تەشۋىق قىلغۇچىدۇر. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، ئىجادىيىتىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپ تارىخى، تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي قاراشلىرى بىلەن ياخشى تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

يەسەۋىنىڭ تەلىماتى جۇغراپىيىلىك تېررىتورىيە جەھەتتىنمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، پاكىستان، كاۋكاز ۋە ۋولگا بويلىرىغا قەدەر بولغان كەڭ رايونلارغىچە تارقالغان. «يەسەۋىيە» تەرىقىتىنىڭ تارمىقى سۈپىتىدە باشقا ئەللەردىمۇ بىرقانچە تەرىقەتلەر بارلىققا كەلگەن، تۈركىيىدە بارلىققا كەلگەن «بىكتاشىيە» تەرىقىتى ئەنە شۇلاردىن بىرى ئىدى.

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «ھېكمەتلەر»گە ئىلاۋە قىلىنغان سۆز بېشى ئورنىدىكى ماقالە، «ھېكمەتلەر»، تاشكەنت، 1991 ـ يىل، 14 ـ بەت.

ئەھمەد يەسەۋىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ كىيىنكى مۇتەپەككۇرلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئېنىقلاش، يەسەۋىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش — بۇ تەتقىق قىلىنىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىلەر.

قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ك. خ. تاجىكوۋا ئۆزىنىڭ «خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەقدىرى» ناملىق ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا: «ئەھمەد يەسەۋىنىڭ دۇنيا قارىشىنى تەتقىق قىلىش ئېنى ئەمدى باشلانماقتا، ھەتتا يەسەۋى تەلىماتىنىڭ قىسقىچە ئوبزورى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئالدىدىكى بۇنىڭدىن كىيىن ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەر بولۇپ تۇرماقتا»[1] دەپ يازىدۇ، بىزنىڭچە ھەم شۇنداق.

① ك. خ. تاجىكوۋا: «خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەقدىرى»، «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى. ئىجتىمائىي پەن قىسمى» (رۇسچە ژۇرنال)، 1992 ـ يىل 1 ـ سان، 18 ـ بەت.

# XV باب مەشرەپ، هۇۋەيدا ۋە سوپى ئاللايارلارنىڭ ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي قاراشلىرى

## 1. مەشرەپ

غەزەللىرى خەلق تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ، مۇقام تېكىستلىرىگە كىرگۈزۈلۈپ ئەسىرلەردىن بېرى سۆيۈپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان، نامى ماۋارەئۇننەھردىن تارتىپ تاكى ئىلى، تۇرپان، قەشقەر، خوتەنلەرگە قەدەر بولغان كەڭ زېمىندىكى خەلق ئارىسىدا يادلىنىپ كېلىۋاتقان، خەلق ئارىسىدا «شاھ مەشرەپ» دەپ نام ئالغان بابا رەھىم مەشرەپ XVII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر - ئۆزبېك ئەدەبىياتىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندە، مەشھۇر مۇتەسەۋۋىپ شائىردۇر.

ئۆزىنىڭ ئاجايىپ نەپىس ھەم ئاشىقانە مىسرالىرى بىلەن مەشھۇر بولغان ئاجايىپ تالانت ئىگىسى، ئەركىن پىكىرلىك ئىسيانكار ھەم ئىنسانپەرۋەر شائىر بابا رەھىم مەشرەپ 1657 - يىلى ئەنجاندىكى بىر بۆزچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كېيىنچە ئائىلىسى بىلەن بىللە نەمەنگان شەھىرىگە كۆچۈپ كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسىمۇ ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغان. مەشرەپ ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ تەربىيىسىنى نەمەنگاندىكى مەدرىسلەردە

www.uyghurkitap.com

ئالغاندىن كېيىن، دادىسى ئۇنى نەمەنگاندىكى داڭلىق ئىشانلاردىن بىرى بولغان موللا بازار ئاخۇننىڭ تەربىيىسىگە بېرىدۇ. مەشرەپ بۇ كىشىدىن ئەرەب، پارس تىللىرىنى ۋە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى ئەتراپلىق ئۆگىنىدۇ. ئۇ پارس تىلىنى پىششىق ئىگىلىگەندىن كېيىن، پارس كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ چوققىلىرىدىن بىرى بولغان مەشھۇر مۇتەسەۋۋىپ شائىر جالالىددىن رۇمى (1206 — 1273) نىڭ «مەسنەۋى» سىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئۇ بۇ ئەسەردىكى چوڭقۇر پىكىرلىك مىسرالارنىڭ ئىلھامى بىلەن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىمۇ شېئىر مەشقىنى باشلايدۇ.

مەشرەپ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى بىلىمىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئاپپاق خوجىغا مۇرىت بولۇش ئۈچۈن قەشقەرگە كېلىدۇ. ياش مەشرەپ قەشقەرگە كەلگەن ۋاقىت سەئىدىيە خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، جوڭغار خانلىقىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان، ئىچكى جەھەتتە ھاكىمىيەت تالىشىش يولىدىكى پىتنە ـ ئىغۋالار ئەۋج ئالغان، ئاپپاق خوجا باشچىلىقىدىكى ئاق تاغلىق خوجا ـ ئىشانلار تازا قۇتراۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى.

كىچىكىدىنلا شېئىرىيەتكە ھەۋەس قويغان ئوت يۈرەك شائىرنىڭ جەمئىيەتتىكى بۇزۇقچىلىق، ئالدامچىلىقلارنى قامچىلايدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك، ھەجۋىي تۈسى كۈچلۈك شېئىرلىرى تېزلا خەلق ئارىسىدا ئۇنىڭ نامىنى تونۇتۇشقا باشلايدۇ. بۇنىڭدىن چۆچۈگەن ئالدامچى خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) شائىرنىڭ بىر كېنىزەك قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى باھانە قىلىپ، مەشرەپنى ئۆمۈرلۈك بەختسىز قىلىپ، ئۇنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەيدۇ. تەسەۋۋۇپنى روھىي

كامالەتكە يېتىشنىڭ يولى، ئەخلاق تەربىيىسى، سەمىمىيلىك، ئىخلاسمەنلىكنى ئۆگىتىدىغان ئىلىم دەپ تونۇغان مەشرەپ، ئاپپاق خوجىغا قول بېرىپ مۇرىت بولغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ھەققانىيەتسىزلىك، ئالدامچىلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئاپپاق خوجىنىڭ كىشىلەرگە مال - دۇنيا يىغماسلىق، بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىدىن ۋاز كېچىشنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئەكسىچە نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ دۇنيا توپلاپ، نادان خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. يېتىم - يېسىر، ئاجىز - بىچارىلەرگە ئادالەتسىز مۇئامىلە قىلىپ، جەبىر - زۇلۇم سېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ خوجىغا بولغان ئىخلاسى سۇسلىشىشقا باشلايدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئىستىكىنى بوغۇپ، ئۇنىڭ دىلىنى ئۆمۈرلۈك داغلاپ، شائىرنى بەختسىز قىلىپ قويغاندىن كېيىن بولسا ئاپپاق خوجىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇددى ئەھمەد يەسەۋى ئېيتقىنىدەك «شەيتانغا دەرس بېرىدىغان»، «زاھىر سوفى باتىن ئىچرە سادىق ئەمەس»، «باتىندە ھېچنېمە يوق» ئالدامچىنىڭ دەرگاھى بىلەن خوشلىشىپ جاھانكەزدىلىككە ئاتلىنىدۇ. ئۇ قەشقەردىن چىقىپ يەكەن، خوتەن، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنى كېزىدۇ، ئاندىن خوجەنت، تاشكەنت، بۇخارالاردا سەرسانلىقتا ياشايدۇ.

شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ يارقىن ئىپادىلىرى بولغان ئىنسان ئۇلۇغلۇقى مەزمۇن قىلىنغان مىسرالار مۇتەئەسسىپ موللىلار تەرىپىدىن «كۇپۇرلۇق» دەپ ئەيىبلىنىپ، ئەشتارخانىلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى خانى ئەبۇلخەيرىخان زامانىسىدا ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋاسى بىلەن بەلخ

هاكىمى مەھمۇد قاتاغانىنىڭ ھۆكمى بىلەن 1711 ـ يىلى بەلختە دارغا ئېسىلىدۇ.

مەشرەپ ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇرى ۋە ئىسيانكار شائىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەنە ئۆز زامانىسىنىڭ تىپىك تارىخىي مۇھىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن قەھرىمانى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ چىن ئېتىقادىنىڭ قۇربانى ئىدى. شائىر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇپ تارىخىدىكى مەشھۇر سىما مەنسۇر ھەللاجى بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولغانلىقىنى بايان قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

مەنسۇرى ھەللاجىدەك ئىچىپ شەرابى ئەنتەھۇر،
چەرخ ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرۇرمەن ئۇشبۇدەم دار ئالدىدا.

مەشرەپ ئەسەرلىرىدىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىرى «دىۋان مەشرەپ» ۋە «مەبدەئى نۇر» («نۇر مەنبەئى») قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئىبارەت. «دىۋان مەشرەپ» شائىرنىڭ غەزەللىرىدىن تۈزۈلگەن دىۋان بولۇپ، دىۋاندا شائىرنىڭ گۇمانىستىك ئىدىيىسى، زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە بولغان نەپرىتى، خەلقپەرۋەرلىك خاھىشى، ئىلاھىي ئىشق يولىدىكى جۇنۇن سۈپەت مەستۇ ـ مەردانىلىقى ياڭراق مىسرالار ئارقىلىق ئەكس ئەتكەن.

«مەبدەئى نۇر» شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنى شەرھلەشكە بېغىشلانغان ئەسىرى بولۇپ، شائىر بۇ ئەسەردە ئۆزى بالىلىقىدىنلا مەھلىيا بولغان مەشھۇر شائىر جالالىددىن رۇمىنىڭ مەسنەۋىلىرىنى ئىزاھلاپ شەرھ يېزىش بىلەن بىرگە، ئۆزىمۇ قىسقا ـ قىسقا ھېكايەتلەرنى قىستۇرۇش ئارقىلىق، تەسەۋۋۇپ



www.uyghurkitap.com

پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي تەلىماتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

مەشرەپ تېخى ياخشى تەتقىق قىلىنمىغانلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ دىۋانىمۇ تولۇقى بىلەن يورۇقلۇققا چىقمىغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ ياكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى بىر تەرەپلىمە ھالدا چۈشىنىلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ، مەشرەپ ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان قىسمەن تەتقىقاتلاردا ئاز بولمىغان مۇجمەللىكلەر، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى، شېئىرىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى زېمىنىدىن ئاجرىتىپ تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مەشرەپ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان خۇلاسىلەرنى چىقىرىدىغان، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلاھىي ئىشق ئىستىكى ئەكس ئەتكەن مىسرالارنى ئەكىلىپ دۇنياۋى مۇھەببەت تەسۋىرلىرى سۈپىتىدە تەلقىن قىلىپ، بۇلارنى شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە يات بولغان قاراشلارنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە كۆرسىتىدىغان بىر تەرەپلىمە خاھىشلار ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، «مەشرەپ شېئىرىيىتىنىڭ غايىۋى، پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي زېمىنى — تەسەۋۋۇپ»[①]. ئۇنى بۇ زېمىندىن ئايرىپ تۇرۇپ مەشرەپنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش، مەشرەپنىڭ مەنىۋىيىتىنى تولۇقى بىلەن يورۇتۇپ بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

دەرۋەقە، مەشرەپ مۇتەئەسسىپ موللىلارنى، سوپى ـ زاھىتلارنى، رىياكار شەيخ ـ ئىشانلارنى، مەسچىت ـ خانىقالارنى سۆكىدۇ. مەي، مەيخانىنى مەسچىتتىن، نامازدىن ئۈستۈن قويىدۇ. جانان بىلەن مەي بولمىسا جەننەتكىمۇ، ھەتتا كەئبىگىمۇ بارمايدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوف: «تەسەۋۋۇپ ۋە شېئىرىيەت»، تاشكەنت، 1991 ـ يىل، 170 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

مەشرەپنى دىنغا قارشى، دىننى سۆكۈپ قامچىلىغان، «خۇداسىزلىق خاھىشى»نى ئىپادىلىگەن دېگىلى بولامدۇ؟

ۋەھالەنكى، مەشرەپ شېئىرىيىتىدىكى بۇنىڭغا ئوخشاش تەسۋىرلەر، مەزمۇنلار يالغۇز مەشرەپ ياكى نەۋائىيغا خاس بولماستىن، بەلكى بارلىق مۇتەسەۋۋىپ شائىرلارنىڭ، يەنى ئىدىيىسىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى بولغان بارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرىيىتى ئۈچۈن ئورتاق ھەم ئومۇمىي بولغان تەسۋىرلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنداق مەزمۇنلار جالالىددىن رۇمى، پەرىدىددىن ئەتتار، سانايى، شەيخ سەئدى، ھافىز شىرازى، نىزامىددىن گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلىۋى، ئۆمەر ھەييام، ئابدۇللا رۇداكى، جامى، مىرزا بېدىل، فۇزۇلى ۋە باشقا بۈيۈك شائىرلارنىڭ شېئىرىيىتىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ مەزمۇنلار تەسەۋۋۇپتىكى رەبىئەتۇل ئادەۋىيىەدىن باشلانغان، تەرەققىي قىلىپ ئەبۇ يەزىد بەستامى، مەنسۇر ھەللاجغا ئوخشاش تەسەۋۋۇپنىڭ يىرىك سىمالىرى بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئەنە شۇ ئىلاھىي ئىشق قارىشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىغا بولغان سادىقلىق يولىدا مەنسۇر ھەللاجى دارغا ئېسىلدى، ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى ئىمادىددىن نەسىمىنىڭ تىرىك تۇرغۇزۇلۇپ تېرىسى سويۇلدى، بابا رەھىم مەشرەپ ھەم ھەللاجى بىلەن ئوخشاش پاجىئەگە دۇچار بولدى. ئۇنىڭ دارغا ئېسىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبىمۇ مۇتەئەسسىپ موللىلار تەرىپىدىن «دىنسىز»، «كاپىر» دەپ ئەيىبلەنگەنلىكى ئىدى.

ئەپسۇس، ئىلمىي تەتقىقاتلاردىمۇ خۇددى شۇلارغا ئوخشاش ھالدا مەشرەپ «خۇداسىزلىق خاھىشى»نى ئىپادىلىگەن، «دىننى پاش قىلغان» دېگەنگە ئوخشاش مۇلاھىزىلەر بىلەن مەشرەپنىڭ

ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلماقچــــى بولدۇق. مـــــسال ئۈچۈن مەشرەپنىڭ ئىدىيىسىدىكى «خۇداسىزلىق» خاھــــشـــــنـــــى ئىپادىلىگەن غەزەللىرىدىن كۆرۈپ باقايلى:

بۇ تەنى خاكنىيۇ روھى راۋاننى نە قىلاي؟
بولمىسا قاشىمدە جانان بۇ جەھاننى نە قىلاي؟

يارسىز ھەم بادەسىز مەككىگە بارماق نە كېرەك،
قالغان ئىبراھىمدىن ئول ئەسكى دۇكاننى نە قىلاي؟

ئورايىنمۇ باشىمە سەككىز بېھىشۇ دەۋزەخىن،
بولمەسە ۋەسلى ماڭا ئىككى جاھاننى نە قىلاي؟

زەررەئى نۇرى قۇياشىدەك بۇ جەھان ئىچرە تامام،
ئاشكارا بولمەسە سىرى نىھاننى نە قىلاي؟

ئەرشنىڭ كۈنگۈراسىن ئۈستىغە قويدۇم ئاياغىم،
لامەكاندىن خەبەر ئالدىم، بۇل مەكاننى نە قىلاي؟

بۇ غەزەلنى «ئاتېئىستىك خاھىش» ئەكس ئەتكەن دەپ تەھلىل قىلىش توغرا بولامدۇ؟ بەلكى سىرتقى شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا شۇنداق پىكىرمۇ ئويغىتار. چۈنكى، ئۇ «بادە بىلەن يار بولمىسا مەككىگىمۇ بارمايدىغان»، «سەككىـز جەننەت، يەتتە دوزاخقىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان»، ھەتتا «ئەرشنىڭ كۈنگۈراسى ئۈستىغە قويدۇم ئاياغىم» دەۋاتقان بىر «دىنسىـــــز» تۇرسا! ئۇنداقتا مەشرەپ بۇ غەزىلىدە ھەقىقەتەن «خۇداسىزلىق خاھىشى» نى ئىپادىلىمەكچى بولغانمۇ؟

ھالبۇكى، شېئىردا ئىپادىلىنىۋاتقان ئەسلى مەنا تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە، يەنى خۇداسىزلىق خاھىشىنى ئەمەس، بەلكى خۇداغا بولغان سادىقلىقىنى ئىپادىلىگەن، بۇنى غەزەلنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا شائىر شۇنچە ئېنىق قىلىپ «لامەكاندىن خەبەر ئالدىم، بۇل مەكانىنى نە قىلاي؟» دەپ ئېيتىۋاتقان تۇرسا، بۇنىڭدىن قانداقمۇ «خۇداسىزلىق» خاھىشى چىقسۇن؟

مەلۇمكى، «لامەكان» سۆزىنىڭ مەنىسى «ماكانسىز، ماكانى يوق» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆز «ئەبەدىي، چەك ـ چېگراسىز، چەكسىز ......» دېگەن مەنىلەردىكى «لايەزەل» ياكى «لامىيەزەل» سۆزى بىلەن بىرلىكتە كۆپىنچە ئاللانىڭ سۈپىتى ئورنىدا يەنى ئاللانىڭ مەلۇم ماكان ياكى زاماندا بولمايدىغانلىقىغا قارىتا قوللىنىلىدۇ. مەشرەپنىڭ بۇ مىسراسىدىكى «لامەكان» دەل ئاللاغا قارىتىلغان بولۇپ، شائىر «ئاللادىن يەنى جاناندىن خەۋەر كەلدى، بۇ يەردە يەنە نېمە قىلىمەن؟» دېمەكچى. يەسەۋىمۇ ھېكمەتلىرىدە ئۆزىنىڭ لامەكاندا ھەقتىن ساۋاق ئالغانلىقىنى بايان قىلىپ كۆپلىگەن ھېكمەتلەرنى ئېيتقانىدى. ئالايلۇق:

كۆڭۈل كۆزى يارۇتماين تائەت قىلسە،
دەرگاھىغا مەقبۇل ئېمەس بىلدىم مانا.
ھەقىقەتدە بۇ سۆزلەرنى پاك ئۇرگانىب،
لامەكاندا ھەقدىن ساباق ئالدىم مانا.

مەشرەپ غەزىلىدىكى «لامەكان» مۇ يەسەۋى «ساۋاق ئالغان» لامەكان ئىدى. خۇددى يەسەۋى «كۆڭۈل كۆزى يارۇتماين تائەت قىلسە، دەرگاھىغا مەقبۇل ئېمەس بىلدىم مانا» دەپ دىلدا سادىق

بولماي قارىغۇلارچە دورامچىلىق قىلىپ ئىبادەت قىلىشنىڭ ئاللاغىمۇ ماقۇل كەلمەيدىغانلىقىدىن «ساۋاق ئالغىنىغا» ئوخشاش، مەشرەپمۇ مۇنداق «ساۋاق» لاردىن «خەۋەر ئالغان» بولسا ئەجەب ئەمەس. شائىر كەئبىگە بارماسلىق تەرەپدارى ئەمەس، بەلكى كەئبىگە چىن ئىخلاس بىلەن ھەقنى كۆرىدىغان «قەلب كۆزى» نى يورۇتۇپ بارمىسا ئۇنىڭ نىمە ئەھمىيىتى دېمەكچى بولسا كېرەك. نەۋائىمۇ شۇنداق مىسرالارنى يازغان:

سەجدە قىلماق نى تافاۋۇت كەئبە ياخۇد بۇتقە كىم،
قاش مېھرابى قايان، قىلسام سۇجۇد ئۇترۇدەدۇر.
(كەئبىگە تاۋاپ قىلىش بىلەن بۇتقا سەجدە قىلىشنىڭ نىمە پەرقى، ئۇنىڭ قېشىنىڭ مېھرابى قاياندا بولسا مەن سەجدىنى شۇنىڭغا توغرىلايمەن).

بۇنىڭلىق بىلەن نەۋائى كەئبىگە بېرىشنى ئىنكار قىلماقچىمۇ؟ بۇنداق مىسرالارغا قاراپ نەۋائىنى «دىنسىز»، «خۇداسىز» دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى چىن دىلىدىن قىلىشنى، رىياكارلىق قىلماسلىقنى تەشەببۇس قىلغان.
ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەشرەپ دۇنيا قارىشىنىڭ، ئىدىيىسىنىڭ، غايىسىنىڭ زېمىنى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى گۇمانىستىك روھ، پەلسەپىۋى تەپەككۇرنىڭ تېگىدە تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىكى ئىنسان چۈشەنچىسى، مەۋجۇدىيەت قارىشىنىڭ ئاساسى بولغان «ۋەھدەتى ۋۇجۇد» كۆز قارىشى ياتىدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە خۇددى جالالىددىن رۇمىنىڭكىگە ئوخشاش «ئىشق» قارىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. رۇمى ئىشقنى شەيئىلەرنىڭ بىردىنبىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئىشق بولمىسا دۇنيا بولمايتتى،

ئىشق بارلىق ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ، توقۇنۇشلارنى تۈگىتىدىغان كۈچ دەپ قارايدۇ ھەم بىلىشتە ئىشقنىڭ رولىنى يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرىدۇ. ھەتتا رۇمى شېئىرلىرىدا:

ئىشق بىزگە رەھنامە، راۋانىمىزدۇر،
بىزنى ئىشق تۇغقاندۇر، ئىشق ئانىمىزدۇر.

دەپ يېزىپ، ئۆزىنى ئانا ئەمەس، بەلكى ئىشق تۇغقان دەيدۇ. شۇڭا، جالالىددىن رۇمى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئۆزلىرىنى سوپى دەپ ئەمەس، بەلكى ئاشىق دەپ ئاتاشقانىدى. بۇ تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتىدا ئىشق كۆزقارىشىنىڭ بارغانسېرى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ئىدى.

بابا رەھىم مەشرەپمۇ ۋۇجۇدى ھەق سۆيگۈسى بىلەن تولغان «دىدار تەلەپ» ئاشىق شائىر. شۇڭا ئۇ غەزەللىرىدە:

باشىمغا مىڭ بالا كەلسە، تىلەرمەن ۋەسلىنى زاھىد،
باشىم كەسسەڭ تىيارىم يوق دېگەن دىدارە مەشرەپمەن.

دەپ ئېيتىدۇ. دەرۋەقە، شائىر بېشىنى كەسكەندە ھەم خۇددى مەنسۇر ھەللاجىدەك بۇ ئىشقتىن، «دىدار تەلەپ» لىكىدىن «تايماي» پاجىئەگە دۇچار بولغانىدى.

بۇنداق «ئىلاھىي ئىشق» بىلەن مەست بولغان «دىدار تەلەپ» ئاشىقنىڭ دىلىدا ۋىسالدىن ئۆزگە خىيال، ئەندىشە بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇلار «جەننەتكىمۇ نەزەر سالمايدىغان»، «دوزاختىنمۇ قورقمايدىغان» «چىن ئاشىقلار» ئىكەنلىكىنى، زاھىتنى بولسا رىياكار دەپ قارايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇپتىكى ئىشق

كۆز قارىشىنى بايان قىلغاندا ئىزاھلاپ ئۆتكەنىدۇق. بۇ پىكىرلەرنى يەنە تەكرارلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. مەشرەپ يۇقىرىدىكى غەزىلىنىڭ باشلىنىشىدىلا شۇنداق دېگەنىدى:

كۆڭۈلدە زەررىچە دۇنيانىڭ مېھرى بولماس مەندە،
سېنى دەپ ئىككى ئالەمدىن كېچىپ بىزارە مەشرەپمەن.

شۇڭا شائىر:

ئورايىنمۇ باشىمە سەككىز بېھىشنۇ دەۋزەخىن،
بولمەسە ۋەسلى ماڭا ئىككى جاھاننى نە قىلاي؟

دەپ غەزەل ئېيتقان.

روشەنكى، مەشرەپنىڭ يۇقىرىدىكى غەزىلىگە قاراپ، مەيلى باشقا شېئىرلىرىغا قاراپ بولسۇن، مەشرەپ ئىدىيىسىنىڭ ئاتېئىستىك خاھىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئەمەلىيەتتە شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مەشرەپنىڭ مەيلى:

ئاتقەدەر دەريا بولۇپ مەن ئاسمانغا سىغمادىم،
تاقى ئەرشىۇ كۇرسىيۇ لەۋھى جەھانغا سىغمادىم.

دەپ باشلانغان غەزىلىدە بولسۇن، مەيلى باشقا شېئىرلىرىدا بولسۇن ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىنسا، ئۇنىڭدا ھېچقانداق «خۇداسىزلىق خاھىشى»نىڭ ئىپادىسى يوقلۇقى ئۆز - ئۆزىدىن ئايدىڭلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن، ئالدى بىلەن تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭدىكى شېئىرىي تۇرلەر ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنىشى كېرەك بولىدۇ. مانا بۇ ئاچقۇچ.

ھەتتا مەشرەپنىڭ:

زاھىد ماڭا بىر شىشەدە مەي، ساڭا ـ نامازىڭ،
مىڭ تەقۋىنى بىر شىشەگە ساتا قالدىم.

دېگەن مىسرالار بايان قىلىنغان شېئىرىنىڭ ئۆزىدىمۇ يەنە:

ۋەھدەت مەيىنى پىرى مۇغان ئىلكىدىن ئىچتىم،
مەنسۇر كەبى دارغا باشىمنى ئاسا قالدىم.

دېگەن مىسرالار بار، بۇنىڭ ئۆزىمۇ شائىرنىڭ ئىدىيىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرمامدۇ؟ مەشرەپكە «ۋەھدەت مەيى» (بىرلىك مەيى) بەرگەن پىرى مۇغان كىم؟ ئالدى بىلەن سۆزنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلايلى:

«پىر» — «ياشانغان، قېرى، يېتەكچى، يولباشچى…» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «مۇغ» — ① ئاتەشپەرەس، ئوتقا چوقۇنغۇچى؛ ② مەيپۇرۇش، مەي ساتقۇچى دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تەسەۋۋۇپتا كېيىنكى مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسى ئىپادىلەنگەن شېئىرلاردا دېگۈدەك «مۇغبەچە» (مەيخانا خىزمەتچىسى)، «مۇغان» (مەيپۇرۇش)، «پىرى مۇغان» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ.

«پىرى مۇغان» — مەيخانا باشلىقى، مەيخانا خوجايىنى دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

تەسەۋۋۇپتا مەي — ئىلاھىي ئىشقنىڭ رەمزى. شۇڭا، تەسەۋۋۇپتىكى «پىرى مۇغان» سۆزى ئىلاھىي ئىشققا باشلايدىغان، ئىلاھىي ئىشققا يېتىشتە يېتەكچى بولىدىغان

يولباشچى، يىتەكلىگۈچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداق بولسا، مەشرەپكە «ۋەھدەت مەيى» بەرگەن «پىرى مۇغان» كىم؟ بۇ سوئالغا ئەھمەد يەسەۋى جاۋاب بەرسۇن:

پىرى مۇغان ھەق مۇستافا بىشەك بىلىڭ،
قايدا بارساڭ ۋەسفىن ئېيتىپ تازىم قىلىڭ.

دۇرۇد ئېيتىپ مۇستافاغا ئۇممەت بولۇڭ،
ئول سەبەبدىن ئاتمىش ئۇچتە كىردىم يەرگە.

ئەھمەد يەسەۋى «پىرى مۇغان — ھەق مۇستافا، يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ھەققە باشلاپ بارغۇچى يېتەكچى ئەنە شۇ» دەۋاتىدۇ. مەشرەپ بولسا، «ۋەھدەت مەيىنى پىرى مۇغاننىڭ قولىدىن ئىچتىم» دەۋاتىدۇ. ئەجەبا، تەسەۋۋۇپ چۈشەنچىسىدە ئىلاھىي ئىشقنىڭ رەمزى سۈپىتىدە تەلقىن قىلىنىپ ھەق بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ دەپ قارالغان «ۋەھدەت مەيى»نى «پىرى مۇغاننىڭ ئىلكىدىن ئىچكەن» «دىدار تەلەپ» ئاشىق مەشرەپنى «خۇداسىزلىق خاھىشى»نى ئىپادىلىگەن دېسەك، مەشرەپكە ئۇۋال قىلغان بولمايمىزمۇ؟

مۆرىتى كەلگەندە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەشرەپنىڭ ئاپپاق خوجا تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، «شەيتان لەئىن دەرس ئالىدىغان» بۇنداق ئالدامچى سوپى - ئىشانلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن تەسەۋۋۇپتىن يىراقلاپ، ئۇزۇل - كېسىل چەك - چېگرا ئايرىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شائىر ئىدىيە جەھەتتىن ئۆمۈر بويى تەسەۋۋۇپتىن يىراقلىمىغان. بۇنى مەشرەپ

www.uyghurkitap.com

شېئىرىيىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شائىرنىڭ ئىدىيىسىدە ئىزچىل ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان ئىدىيىۋى، غايىۋى يۆنىلىش تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىدىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىنى ئېتىبارغا ئالماستىن مەشرەپنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى، ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىش قىيىن.

## 2. ھۇۋەيدا ۋە سوپى ئاللايار

ھۇۋەيدا، سوپى ئاللايار قاتارلىقلارمۇ ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك خەلقلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان قەدىرلەپ، ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان، نامى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىياغا مەشھۇر بولغان ئاتاقلىق مۇتەسەۋۋىپ شائىرلاردۇر.

ئەپسۇسكى، بۇ ئىككى شائىرنى خەلق شۇنچىلىك قەدىرلەپ، ئەسەرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ھازىرغا قەدەر بۇلار ئۈستىدە يېتەرلىك تەتقىقات نەتىجىلىرى ئېلان قىلىنمىدى. ئەلۋەتتە، بۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلارنىڭ مۇھىم تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالغۇسى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق يورۇقلۇققا چىقمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلارنىڭ دىۋانلىرى بىلەن قولىيازما ھالىتىدە بولسىمۇ ئۇچرىشىپ، ئۆگىنىشكە ئىمكانىيەت يار بەرمىگەن بىر ئەھۋالدا، بىزمۇ بۇلار ھەققىدە چوڭقۇرلاپ بىرنەرسە دەپ كېتەلمەسلىكىمىز تۇرغانلا گەپ، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار شىنجاڭدىكى مىللەتلەر، بولۇپمۇ ئۆزبېك ـ ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىدىكى كۆرۈنەرلىك نامايەندىلەر بولغىنى ئۈچۈن، بۇلار ھەققىدىمۇ توختىلىپ، تونۇشتۇرۇش بېرىپ ئۆتمەي

بولمايدۇ. شۇڭا، بىز بۇ ئەسىرىمىزدە ھازىرچە پەقەت ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى، ئىدىيىسى، ئىجادىيىتى ھەققىدە يۈزەكى ھەم قىسقىچە چۈشەنچە يەنى تونۇشتۇرۇش بېرىش بىلەن كۈپايىلىنىمىز.

خوجا نەزەر غايىب نەزەر ئوغلى ھۇۋەيدا XVIII ئەسىر ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. شائىرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى خوجا نەزەر بولۇپ، «ھۇۋەيدا» ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇنىڭ ئاساسىي ھاياتى پەرغانىنىڭ چىميان دېگەن يېرىدە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن «ھۇۋەيدا چىميانى» دەپمۇ ئاتالغان. ئۇنىڭ دادىسى غايىب نەزەر ئەسلى ئوشلۇق بولۇپ، ئۇزۇن يىل قەشقەردە ياشاپ ئاپپاق خوجىغا مۇرىت بولغان. كېيىنچە چىميانغا كۆچۈپ بېرىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالغان ھەم كاتتا خانىقا سالدۇرۇپ مۇرىت تەربىيىلىگەن. ھۇۋەيدانىڭ تۇغۇلغان يېرى ھەققىدە يېتەرلىك ھەم ئىشەنچلىك ماتېرىيال يوق. ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن دىۋانى «ئىشان ھۇۋەيدا» دا بايان قىلىنغان قىسمەن مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئۇنىڭغا «خوجا نەزەر» دېگەن ئىسمىنىڭ قويۇلۇشى، دادىسىنىڭ پىرى ئاپپاق خوجىنىڭ ئۇنىڭغا نەزەرى چۈشكەن بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا تەرىقەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئۆلىما بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن دۇئا بەرگەنىكەن. شۇڭا، دادىسى ئۇنىڭغا «خوجىنىڭ نەزەرى چۈشكەن» دېگەن مەنىدە «خوجا نەزەر» دەپ ئىسىم قويغانىكەن.

بۇ مەلۇماتلارغا قاراپ ھۇۋەيدا قەشقەردە تۇغۇلۇپ، كېيىن ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئوشنىڭ چىميان دېگەن يېرىگە كۆچۈپ كەتكەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ھۇۋەيدانىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىمۇ ئاساسەن يەكەن، قەشقەرلەردە ئۆتكەن

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇلار ئىچىدىنمۇ شائىرلار يېتىشىپ چىققان.

ھۇۋەيدا چىمياندىكى مەدرىسلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغاندىن كېيىن، كېيىنچە ئۆزىمۇ مەكتەپ ئېچىپ ئۇزۇن يىل تالىپلارغا ساۋاق بېرىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇغان، ئۆگەنگەن.

ھۇۋەيدا شېئىرىيەتنىڭ ھەممە ژانىرلىرىدا دىگۇدەك ئىجاد قىلغان. «ھۇۋەيدا ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتى ھەققىدە شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ XVIII ئەسىر ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۆزىگە خاس مەۋقەگە ئىگە، دۇنيا قارىشى ۋە ئىجادىي يۆنىلىشى مۇرەككەپ، زىددىيەتلىك بولغان شائىرلاردىن بىرىدۇر»①.

ھۇۋەيدا ئەسەرلىرىنىڭ پەند - نەسىھەت خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، كىشىلەرنى ئاخىرەتنى ئويلاشقا، تائەت - ئىبادەتكە دەۋەت قىلىدىغان نوقۇل دىنىي مەزمۇندىكى شېئىرلارمۇ بار، شۇنداقلا ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ئادالەتسىزلىك، ناھەقچىلىك، جاھالەت ئۈستىدىن زارلايدىغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان شېئىرلارمۇ، يەنە شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلاھىي ئىشق قارىشى ئەكس ئەتكەن ئاشىقانە لىرىك شېئىرلارمۇ بار.

ھۇۋەيدا خۇددى ئۆزىنىڭ يولباشچىلىرى بولغان مەنسۇر ھەللاجى، بايەزىد بەستامى، جالالىددىن رۇمى، يۇنۇس ئەمرا،

---

① ق. ئەكبەر نەشرگە تەييارلىغان «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىلىرى»، ئۈرۈمچى، 1989 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 66 - بەت.

ئىمادىددىن نەسىمىلەرگە ئوخشاش جانانىنى سىرتقى ئالەمدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ماكانى بولغان ئىنسان قەلبىدىن ئىزدەش تەرەپدارى. شائىر مۇنداق يازىدۇ:

لەززەتۇ دۇنيانى خۇشلار نە بىلۇر تەن ئۆزگىنى،
زەۋق - شەۋق يارنى دىل ئۆيىدە جاندىن تىل.
گەر تەۋاب كەئبە قىلماق، ئەي، كۆڭلۈم ئىستەر ئېسەڭ،
قىل تەۋاب كەئبەئى دىل ئەي پەرسا، ھۇۋەيدا.

ئۇ سۇلتان ئىبراھىم ئەدھەمدەك ھەممىدىن ۋاز كەچمەكچى بولىدۇ:

ماسىۋا بولۇپ بۇ دۇنيا مۇلكىدىن ئەدھەم سۈپەت،
بىر ئەزىزى تېپىپ ئالدىدا بولسام خوبمىكىن.
ئىبراھىم ئەدھەمدەك پەرزەند ئىلە مالىدىن،
بىر قەتئىي نەزەر ئەيلەپ ئۆتمەسمۇ بولۇر ئاشىق.

شۇڭا، شائىر ئۆزىنى «تالىبى دىدار» ھېسابلاپ، جەننەت، دوزاخقا ئىرەن قىلمايدۇ:

نە قىلاي جەننەتنى مەن ئاندا يۈزىنى كۆرمىسەم،
يارسىز جەننەت كۆرىنۇر يۈزىمە جايى خاراب.
بول ھۇۋەيدا يارىنىڭ دەۋزەخ ئارا كۆرسە يۈزىن،
ماڭا ئول جەننەت ئىرۇر، كەلسە رىزا مەن ھەر ئازاب.
جەننەتۇ ھۆرۈڭ كىبرەكمەستۇ، ماڭا تا كۆرمىسەم،
گۈل يۈزۈڭنى ئاندا ئەي كۈيى گۈلىستانى لەزىز.

www.uyghurkitap.com

دىمەك، ھۆۋەيدا خۇددى مەشرەپ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى «دىدار تەلەپ» ئاشىق شائىرلارغا ئوخشاش مۇتەسەۋۋىپ شائىر ئىدى.

لېكىن ھۆۋەيدا ئەسەرلىرىنىڭ بۈگۈن ئۈچۈن تېخىمۇ قىممەتلىك ھەم ئەھمىيەتلىك يېرى ئۇنىڭ پەند - نەسىھەت خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈك بولغانلىقى ھېسابلىنىدۇ. شائىر خۇددى ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىۋاتقان ئۇسلۇبتا تەربىيىۋى ئەھمىيىتى زور بولغان نۇرغۇن مىسرالارنى قالدۇرغان. شائىر ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا يول قويماسلىق، چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىتتىپاقسىزلىق، قەدىرسىزلىك ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

دەرىخا، ھەيف ئادەم بىر - بىرىنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
قىلۇر ئۆلگەندىن سوڭ ھەر نىچۇك ئادەم قەدىر پەيدا.

شائىر ياخشى ئىش قىلىپ ياخشى نام قالدۇرۇشنىڭ مال - دۇنيا يىغىشتىن مىڭ ئەلا ئىكەنلىكىنى شۇنداق بايان قىلىدۇ:

ساقلىغىل بىر ياخشى ئات ئۆزۈڭگە، ھەرگىز ئۆلمىسۇن،
ئەي ھۆۋەيدا ساقلىغۇچە يىلقىدە مىڭ ياخشى ئات.

شائىر مەغرۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنلىكنى قامچىلايدۇ:

بولمىغىل مەغرۇر ئۆزۈڭگە قۇۋۋەت يازۇ كۆرۈپ،

چاچمە نەئىلىنىڭ ئاياغىدىن يىراقدە چوكۇرۇپ.
بولمىغىل غافىل خۇدادىن سەن ئۆزۈڭگە ناز ئېتىپ،
«مەن پالان ئىبنى پالان» دەپ يۈرمىگىل ئەنداز ئېتىپ.

شائىر كىچىك پېئىل، خۇشخۇي بولۇش لازىملىقىنى، مۇنداق كىشىلەرگە خىزمەت قىلسا ئەرزىيدىغانلىقىنى، ماختانچاقلىقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ:

بىلۇر ئۆزىنى خەستىن كەم ئانىڭدەك پىرغە خىزمەت قىل،
يېقىن بارمە ئاڭا زىنھار ئۆزىنى دېسە «مەن ياخشى».

دەيدۇ. شائىر مېھنەتسىز، جەبىر - جاپاسىز راھەت بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ شۇنداق دەيدۇ:

جەفيۇ جەۋرى چەكمەي كىم بولۇپتۇر يارىغە ۋاسىل،
جەفاسىن چەكمەگۈنچە بولمىغاي بىر پارچە نان پەيدا.

شائىرنىڭ «راھەتى دىل» (دىل راھىتى) داستانىمۇ دېداكتىك ئەسەر بولۇپ، قىسقا - قىسقا ھېكايەتلەر ئارقىلىق چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ھەقىقەتلەرنى چۈشەندۈرگەن.
يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن مىسرالاردىنمۇ شائىرنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىگە ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ئەخلاقىي يۈنىلىش كۈچلۈكرەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.
ھۇۋەيدانىڭ غەزەللىرى، شېئىرلىرى شائىرنىڭ يۇقىرى

www.uyghurkitap.com

بەدىئىي ماھارىتى، چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى نامايان قىلغان بولۇپ، شائىر ياشىغان دەۋردە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى خەلق تەرىپىدىن ئۇيغۇر «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىگىمۇ كىرگۈزۈلۈپ، ئەسىرلەردىن بېرى ئېيتىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى خەلق ئارىسىدا «ئىشان ھۇۋەيدا» نامى بىلەن ئاتىلىپ تەكرار ـ تەكرار چاپ قىلىنىپ، كۆچۈرۈلۈپ كەلگەن بولۇپ، بىزگىمۇ ئەنە شۇ دىۋانى يېتىپ كەلگەن. ھۇۋەيدانىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە ئىدىيىۋى قاراشلىرى تەتقىق قىلىنىشىنى كۈتۈۋاتقان بوشلۇق. بۇ ھەقتە ئىزدىنىش، ئۆگىنىش زۆرۈر.

سوپى ئاللايار دېگەن بۇ نام ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ـ ئۆزبېك خەلقلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە كىشىلىرىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنى تونۇتقان «سەباتىل ئاجىزىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ نامى مۇئەللىپىنىڭ نامى بىلەنلا «سوپى ئاللايار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن.

سوپى ئاللايارنىڭ تەپسىلىي تەرجىمىھالى، ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق، بار بولغان قىسمەن مەلۇماتلارمۇ رىۋايەت تۈسى ئېلىپ كەتكەن بولۇپ، تۇرمۇش رېئاللىقىدىن خېلىلا يىراق. شۇنداقتىمۇ ھازىرغىچە شۇ مەلۇماتلارغا تايانغان ھالدا سوپى ئاللايار ھەققىدە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

شائىرنىڭ ئەسلى ئىسمى نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. لېكىن، خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان ئىسمى «ئاللايار» (ئاللا ھەمىشە بىللە مەنىسىدە) بولۇپ، سەمەرقەند شەھىرى ئەتراپىدىكى مىثلان (مىئيە) جامەسى ئارىسىدا

ھىجرىيە 1123 ـ يىلى (مىلادىيە 1711 — 1712 ـ يىللىرى) دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مەرىپەتپەرۋەر ھەم تەقۋادار كىشى بولغان. ئاللايار ئۆزىنىڭ دەسلەپكى تەھسىلىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى مەدرىسلەردە ۋە دادىسىدىن ئالىدۇ. ئۇ يىشلارغا بارغاندىن كېيىن دادىسى ئۇنىڭ ئىلىملىك كىشى بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن ئۇنى شۇ زاماندا ئىسلام مەدەنىيىتى ئوچاقلىرىدىن بىرى ھېسابلانغان بۇخاراغا ئوقۇشقا ئەۋەتىدۇ.

ئاللايار كىچىكىدىنلا زېرەك ھەم تىرىشچان بولۇپ، مەدرىستىكى ھەمساۋاقلىرى ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئۇ ئون نەچچە يىللىق ئىلىم تەھسىلىدىن كېيىن ھەر جەھەتلەردىن يېتىلگەن كامىل بىر كىشى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ نامى تېز ئارىدىلا ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىدىكىلەرنىڭمۇ دىققىتىنى تارتىدۇ ھەم ئۇنى باج ئىشلىرى مەھكىمىسىگە تۆرە قىلىپ بەلگىلىشىدۇ.

ھاكىمىيەتكە ئارىلىشىش، مەنسەپدارلىق ئاللاياردا ناھايىتى زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ بىر ئەھلى ئىلىمدىن رەھىمسىز، قامچىسىدىن قان تامىدىغان شەپقەتسىز باجگىرغا ئايلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاش بىلەن قورقۇپ تىترەيدىغان، ئۇنىڭ زۇلمىغا غىدىڭ ـ پىدىڭ قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا بۇخارادا نامى پۈتۈن مەملىكەتكە مەشھۇر بولغان ھەبىبۇللا خوجا دەپ ئاتالغان بىر كىشى بولۇپ، ئۇ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرى ۋە كىشىلەرگە كۆرسەتكەن مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان، كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان مۆتىۋەر زات ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى مەزكۇر

ھەببۇللا خوجىغا مۇرىت بولغان بىرى سودىگەردىن بىرنەرسە سېتىۋېلىپ باجخانىغا مەلۇم قىلمىغان. كۈتۈلمىگەندە ئۇ ئاللايارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاللايار ئۇنىڭ ھەممە نەرسىلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندىن سىرت، ئۇنى رەھىمسىزلەرچە ئۇرغۇزۇپ چالا ئۆلۈك ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. قاتتىق زەربە يېگەن بۇ بىچارە مۇرىت ئۆزىنىڭ پىرى ھەببۇللا خوجىغا ئاللايار ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قارغىش ياغدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. خوجا بولسا ئۇنداق بەددۇئا قىلىپ كىشىلەرنى قارغاشنىڭ ياخشى پەزىلەت ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، مۇرىتىنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەيدۇ ھەم ئاللايارنىڭ ئىنسابىنى تىلەپ دۇئا قىلىپ، ئاللادىن ئۇنىڭغا ئىنساب ـ تەۋپىق ئاتا قىلىشىنى، يامان يولدىن قايتىشىنى تىلەيدۇ.

ئارىدىن ئانچە ئۆتمەيلا ئاللايارنىڭ ئىدىيىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىدىن سەسكىنىش، پۇشايمان قىلىش ھالىتى يۈز بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەببۇللا خوجىنىڭ خانىقاسىغا بېرىپ ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى، نام ـ ئەمەلىدىن كېچىپ، خوجىغا قول بېرىشنىڭ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ يەنى بىرنەچچە كۈن پۈتۈن بۇخارا شەھىرىنى ئارىلاپ، ئىشىكمۇ ئىشىك يۈرۈپ قەلەندەرلىك قىلىش قاتارلىق شەرتلەرنى ئورۇنداپ پىرنىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇرىت بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پىر ئۇستازىنىڭ دەرگاھىدا تەسەۋۋۇپتىن ئىلىم تەھسىل قىلىپ، سوپىلىقتا پىرى كامىل مەقامىغا ئېرىشىدۇ. ئۇ بۇ يەردە تۇرغان ئون ئىككى يىل جەريانىدا پارس ۋە تۈركىي تىلدىكى بىرقانچە پارچە ئەسەر يېزىپ، ئۆزىنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

شېئىرىيەت جەھەتتىكى يۈكسەك ماھارىتىنى ۋە تەرىقەت ئەھكاملىرىدىكى يۇقىرى مەرتىۋىسىنى نامايان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ ئالدىغا «سوپى» دېگەن سۈپەت قوشۇلۇپ، سوپى ئاللايار دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئارىسىدا نامى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان شائىر ۋە پەيلاسوپ سوپى ئاللايار ئۆز ئۆمرىدە «مەسلەكۇل مۇتتەقىن» (تەقۋادارلار يولى)، «مۇرادىل ئارىفىن» (ئارىفلارنىڭ مۇرادى)، «مەخزەنۇل ـ مۇتائىن» (ئىتائەتمەنلەر خەزىنىسى)، «نەجادۇل تالىبىن» (تالىپلارنىڭ نىجاتلىق يولى) ۋە «سەباتىل ئاجىزىن» (ئاجىزلارنىڭ ساباتى) قاتارلىق شېئىر ھەم پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى يازغان مول ھوسۇللۇق شائىردۇر. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە پەلسەپىۋى ئەسەرلەر يەنى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر كۆپرەك سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى پارس تىلىدا يېزىلغان.

ئۇنىڭ بىزگە بىرقەدەر تونۇشلۇق بولغان ئەسىرى «سەباتىل ئاجىزىن» ئۇنىڭ پارس تىلىدا يازغان «مەسلەكۇل مۇتتەقىن» ناملىق ئەسىرىنىڭ تۈركىي تىلدىكى يەشمىسى بولۇپ، شائىر دوستلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن بۇ ئەسەرنى تۈركىي تىلدا قايتا يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا «سەباتىل ئاجىزىن» دەپ ئىسىم قويغان. شائىرنىڭ بۇ ئەسىرى ئاللانىڭ قۇدرىتى ھەم پەيغەمبەرنىڭ سۈپەتلىرىگە مەدھىيە ئوقۇش بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئەسەردە شائىر ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە تەلىماتلىرىنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلغان. شائىر بەدىئىي ماھارەت جەھەتتە بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى ئاجايىپ تالانتىنى نامايان قىلىپ

www.uyghurkitap.com

تەجنىس سەنئىتى (شەكىلداش سۆزلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، سۆز ئويۇنى ئارقىلىق مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىپادىلەش سەنئىتى) جەھەتتە ئاجايىپ ياخشى ئۆرنەك ياراتقاندى.

سوپى ئاللايارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەخلاق مەسىلىلىرى كۆپرەك تېما قىلىنغان بولۇپ، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ھاياتتىكى ئورنى، ئۆزئارا دوستلۇق ــ ھەمكارلىق، مېھىر ــ مۇھەببەتنىڭ زۆرۈرلۈكى، سەممىيلىك، پاكلىق، دىيانەت، ياخشىلىق، شېرىن سۆزلۈك بولۇش، تەبىئىي ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈلگەن. جەبىر ــ زۇلۇم سېلىش، ئادالەتسىزلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ئالدامچىلىق، تەمەخورلۇقتا ئوخشاش ناچار ئىللەتلەرگە لەنەت ئوقۇلغان. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنىنىڭ كۆپرەكىنى دىنىي ئۇقتىئىنەزەرلەر، قائىدىلەر، ھەمدۇ ــ سانالار، تەرىقەت ئەدەبلىرى، مىزان ــ ئۆلچەملىرىنى بايان قىلىش قاتارلىقلار تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما شائىر ئەنە شۇ دىنىي، تەسەۋۋۇپىي چۈشەنچىلەر ئارقىلىق گۈزەل ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى، ئىنسانلىقنى مەدھىيىلەيدۇ. ھەسەتخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇقتا ئوخشاش يامان ئىللەتلەرگە نەپرەت ياغدۇرىدۇ. مانا بۇ بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان ھەم ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرەپ.

سوپى ئاللايار ئەسەرلىرىدە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ياشاشنى، تەمەخور، ئاچكۆز بولماسلىقنى، مال ــ دۇنياغا ھېرىس قىلماي، ئىلىم ــ ھۈنەر ئۆگىنىشنى، ھىممەتلىك، كەڭ قورساق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەگەر ئۈچ كۈندە تاپساڭ پارچەئى نان،
يېمە يالغۇز ئانى يارۇمىن قىل ئىھسان.

شائىر

تەمەئى نانغەلەب ئاچقۇچە ئۆل ئاچ،
تەمە بويى كۆرۈنمەي بۇيىدىن قاچ.

دىيىش ئارقىلىق تەمەنىڭ ئۆزى ئەمەس، ھەتتا بۇيى (پۇرىقى، ھىدى) كەلسىمۇ قاچ، تەمە نىنىغا ئىغىز تەگكۈزگىچە ئاچلىقتىن ئۆلگەن ئەلا دەپ، تەمەخورلۇقنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئوبرازلىق ھەم چوڭقۇر ئىپادىلىگەن. ئۇ ئوچۇق - يورۇق، خۇشخۇي، شىرىن سۆز بولۇشنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى دوستلۇقنىڭ، مىھىر - مۇھەببەتنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنىمۇ شۇنداق ئوبرازلىق ھالدا چۈشەندۈرىدۇ:

ئاچۇق قوللۇق، كۈشادە يۈزلى بولغىل،
مۇرۇۋۋەتلىك، مۇلايىم سۆزلى بولغىل.
مۇسۇلمان ئوغلىدە بولسا سۈچۈك تىل،
ئالىپ كەلسە بولۇر بىر قىل ئىلە فىل.
سۈچۈك لەفزى بىلە مۇرى خىرەدمەند،
سالۇرلار ئەجدەھانى ئاغزىغە بەند.
مۇلايىم تىل بىلەن بىھەربۇ بىزەرب،
بىراۋنى كەلتۈرۈرلەر شەرقتىن غەرب.
ئەرەنلەر ئالمايىن بىر ئىگنە قولغە،
سالۇرلەر نەچچە گۇمراھلارنى يولغە.
سۈچۈك تىلدۇر ئەجەب گەنجى مۇئەززەم،
ئاتا قىلغان بىلەن ھىچ بولماغاي كەم.

www.uyghurkitap.com

دېيىش ئارقىلىق تىلنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى، ياخشى سۆز بىلەن ئۇرۇش - جېدەلسىزمۇ شەرقتىكىنى غەربكە ئېلىپ كەلگىلى بولىدىغانلىقىنى، قولغا يىڭنە چاغلىق بىرنەرسە ئالمايمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئىزغا سالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرسە، يامان سۆزنىڭ زىيىنى ھەققىدىمۇ:

يامان تىل گەھى سارغارتۇر يۈزۈڭنى،
تۆبەن تاشىڭنى، تەلمۈرتۇر كۆزۈڭنى.
يامان تىل ئىككى ئالەمدە زەرەردۇر،
گەھى ئىسيان، گەھى خەۋپۇ خەتەردۇر.
يامان تىل شۇملۇقكى، جانغە ئۇرغاي،
گەھى جاندىن ئۆتۈپ ئىمانغە ئۇرغاي.

دېيىش ئارقىلىق يامان تىلنىڭ ئىنسانىي مۇناسىۋەتنىڭ توسقۇنى، باشقا بالا كەلتۈرىدىغان ئاپەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەيدۇ.

سوپى ئاللايارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مانا شۇلارغا ئوخشاش كىشىلەرنى ياخشى خۇلقا، گۈزەل ئەخلاققا ئۈندەيدىغان، ئاچكۆزلۈك، تەمەخورلۇق، تەييارتاپلىقتىن، خىيانەتتىن يىراق بولۇشقا دەۋەت قىلىدىغان چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەزمۇنلار بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇلارنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ سوپى ئاللايارنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلىرى ئىچىدىكى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان نۇقتىلار ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، سوپى ئاللايارنىڭ پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلىرى ھەققىدە

مەخسۇس تېمىلار بويىچە ئەتراپلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى بولۇپ، ئۇلار تەتقىق قىلىنىشنى كۈتمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىسى

# XVI باب ئىسمائىلىيە مەزھىپى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرى

## 1. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ شەكىللىنىشى

ئىسمائىلىيە مەزھىپى VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەزرىتى ئەلىپەرەسلەر (شىئەلەر) نىڭ ئالتىنچى ئىمامى جەفەر سادىق (مىلادىيە 703 — 765 ـ يىللار) ۋاپاتىدىن كېيىن شەكىللەنگەن. بۇ، ئىسلام دىنىدىكى ئەنئەنىۋى سۈننى مەزھىپىگە قارىمۇقارشى بولغان يەنە بىر چوڭ مەزھەپ — شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى بىر تارماق مەزھەپ ھېسابلىنىدۇ. ئىمامى جەفەر سادىق ئەسلىدە ھەزرىتى ئەلى (مىلادىيە 600 — 661 ـ يىللار) نەسەبىدىن بولۇپ، مەدىنىدە تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان. ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، جەفەر سادىق ئىدىيە جەھەتتىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى خەلىپىلەرگە ئانچە ئوخشىمايدىغان قاراشلارغا ئىگە. ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئاللا تەقدىرنى بەلگىلەيدۇ، لېكىن بەندىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە پائالىيەتچانلىق بولۇشى كېرەك»، «‹قۇرئان كەرىم› گە زىت كېلىدىغانلىكى ئەقىدە ـ قاراشلارنى ھەدىسكە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ». ھالبۇكى، بۇ خىل قاراش ئەنئەنىچىلەرنىڭ قارىشى بىلەن زىت ئىدى. دېمەك، ئىدىيە جەھەتتىكى بىرلىكسىزلىك ئۇندۇرمىلىرى جەفەر سادىق ئىماملىق تەختىدە تۇرغان چېغىدىلا

بىخلىنىشقا باشلىغانىدى.

جەفەر سادىقنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. چوڭىنىڭ ئىسمى ئىسمائىل، كىچىكىنىڭ ئىسمى مۇسا كازىم ئىدى. جەفەر سادىق دەسلەپتە ئۆزىدىن كېيىن ئىسمائىلنى ئىمامىي ۋارىس دەپ بەلگىلىگەنىدى. كېيىن قارارىدىن يېنىپ، مۇسا كازىمنى ئىمامىلىققا ۋارىسلىق قىلىشقا تەيىنلىگەن. ئۇنىڭ بۇ ئۆزگىرىشچان قارارلىرى شىئە مەزھىپى ئىچىدە كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىغان. بىر قىسىم شىئەچىلەر جەفەر سادىقنىڭ مۇسا كازىم ئىمامىي ۋارىس بولىدۇ دېگەن قارارىنى ھىمايە قىلغان بولسا، بىر قىسىملىرى جەفەر سادىقنىڭ ئەسلىدىكى قارارىنى ئۆزگەرتكەنلىكىگە قوشۇلماي، ئىسمائىلنىڭ ئىمامىلىققا ۋارىسلىق قىلىشىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ھەزرىتى ئەلى جەمەتىدىن ئىمام بولىدىغانلارنى ئاللا ئۆزى بەلگىلەيدۇ، ئۇلارنى ھەممىگە قادىر ئاللا پاناھىدا ساقلايدۇ. ئۇلار ھەرگىز گۇناھ سادىر قىلمايدۇ. مىلادىيىنىڭ 760 - يىلى ئىسمائىل ئاتىسى جەفەر سادىقتىن بەش يىل بۇرۇن ۋاپات بولىدۇ. ئىمامى جەفەر سادىق داغدۇغىلىق ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، ئىسمائىلنىڭ تاۋۇتىنى مەدىنىدىكى ئەڭ مەشھۇر مەسچىتكە قويىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ماھىيەتتە ئىسمائىلنىڭ ئىمامىلىق ئورنىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئىدى. ئىسمائىل ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئىمامىلىققا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى ئەمدى تەبىئىي ھالدا مۇسا كازىمغا قالدى دەپ قارىدى. لېكىن، ئىسمائىل تەرەپدارلىرى قوشۇلماي، ئىسمائىلنىڭ ئىمامىلىققا ۋارىسلىق قىلىشىدا چىڭ تۇردى. ئۇلار «قۇرئان» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۆرەلمىدىكى بالىنىڭمۇ ئىمامىلىققا ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ، ئىسمائىل ئالەمدىن

ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلى ئىماملىققا ۋارىسلىق قىلىدۇ، دەپ قارىدى. مىلادىيىنىڭ 765 ـ يىلى جەفەر سادىق ئالەمدىن ئۆتتى. ئەسلىدە ئىچكى ئىختىلاپى بار شىئە مەزھىپى ئەمدىلىكتە بۆلۈنۈشكە باشلاپ، كۆپ سانلىقلار مۇسا كازىمنى يەتتىنچى ئىمام دەپ ئېلان قىلدى. ئۇلار تارىختا دەسلەپتە «مۇساۋىيە مەزھىپى»، كېيىنچە ئېتىقاد قىلىدىغان ئىماملار سانىنىڭ 12 بولغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، «ئون ئىككى ئىمامچىلار» دەپ ئاتالدى. ئاز بىر قىسمى ئىسمائىلنى يەتتىنچى ئىمام دەپ ئېلان قىلدى. شۇڭا، ئۇلار تارىختا ئۆزلىرى ئىمام دەپ ئېتىراپ قىلغان ئىسمائىلنىڭ نامى بىلەن «ئىسمائىل مەزھىپى» ياكى «ئىسمائىلچىلار» دەپ ئاتالدى. ئىسمائىلچىلار ئۆزلىرىنىڭ «كۆللى ئاناسىر يەتتە بولىدۇ» دېگەن يەتتىلىك پەلسەپىۋى قارىشى بويىچە، «ئىمامۇ يەتتە بولىدۇ، ئىسمائىل يەتتىنچى ئىمام، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى ئىمام، ئۇ ئەبەدىي ئۆلمەيدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار تارىختا «يەتتە ئىمامچىلار مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەر كالام مەزھىپىگە قارىمۇقارشى ھالدا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بىر خىل سىرلىق پەلسەپىۋى تەلىمات ـ ئەقىدىلىرىگە ئىگە. ئۇلار دىنىي پائالىيەتلەردە، يۈزەكى، شەكلەن ھادىسە ۋە شەرىئەتچىلىك — رەسمىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، نىيەت — باتىن ۋە سەمىمىي ئىخلاسنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاشكارا مەنىسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسى بولىدۇ، «قۇرئان» نىڭ ئاشكارا مەنىسىنى كۆپ كىشىلەر بىلگەن بىلەن، ئۇنىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى پەقەت ئىماملارلا بىلەلەيدۇ ھەم ئۇنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن

«باتىن مەزھىپى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ شەكىللىنىشى قارىماققا ئىمامىلىققا كىمنىڭ ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسىدەك كۆرۈنىدۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇ ئەينى زامان ئابباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇرەككەپ، چىگىش سىنىپىي زىددىيەت بىلەن مىللىي زىددىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ مەلۇم چەككە يەتكەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. ئىسمائىلىيە ئەقىدە ـ تەرغىباتلىرى ئەينى ۋاقىتتا دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ ئاباسىلار خەلىپىلىكىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئىرادىسى ۋە كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. شۇڭلاشقا، مەزكۇر مەزھەپ دۇنياغا كېلىش بىلەن تەڭلا مىڭلىغان ـ ئون مىڭلىغان ئەمگەكچى خەلق بۇ مەزھەپكە كىرىپ، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنى شىئە مەزھىپى ئىچىدىكى ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە مەزھەپكە ئايلاندۇردى.

ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىسلامىيەت دۇنياسىدا باشتىن ـ ئاخىر سان جەھەتتە ئىنتايىن ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش پەلسەپىۋى ئەقىدىلەرگە ئىگە. تارىختىن بۇيان، ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋە دىنىي ساھەسىدە پەۋقۇلئاددە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. ئۇلار تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، ئەنئەنىۋى ئېقىمدىكىلەرنىڭ قاتمۇقات بېسىمى ۋە قەتل ـ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ (مەسىلەن، مەنسۇر ھەللاجى، ناسىر خىسرەۋ)، ئەمما ئۆزىنىڭ ئېتىقادىدىن ۋاز كەچكىنى، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ـ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى توختاتقىنى يوق. ئۇلار تارىختا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ماراكەش، مىسىر، ئىران،

www.uyghurkitap.com

يەمەن، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەردە ئىسمائىلىزملىق «فاتىمە خاندانلىقى» (مىلادىيە 909 — 1171 ـ يىللار) غا ئوخشاش ھاكىمىيەتلەرنى بەرپا قىلغان. ئوتتۇرا شەرق پەلسەپە تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇننى تۇتىدىغان «پاك قېرىنداشلار، سادىق دوستلار ئىتتىپاقى» دېگەن مەخپىي ئىلمىي جەمئىيەتنى قۇرۇپ، 52 رىسالىلىق «مۇراجىئەتنامە» ناملىق پەلسەپىۋى قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇ سەۋەبلىك، ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىسلام تارىخىدا نۇرغۇن قىممەتلىك ئەھمىيەتلىك ۋە ئىلغار ئىسلاھات خاراكتېرلىك مۇرەككەپ ۋەقەلەرنىڭ بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك سەۋەبچىسى ۋە ھەرىكەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ بەتلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنى تارىخى تەتقىقاتچىلىقىدا، ئىسمائىلىيە مەزھىپى تارىختىن بېرى ئالىملارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى ھەممىدىن كۆپ جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. خۇددى بىر تاجىك تەتقىقاتچىسى كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، «ئىسمائىلىيە پەلسەپىسى ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ جېنى».

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىدىلىرى كۆللىياتى شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلىنىدۇكى، ئۇ كالامىزم بىلەن قارىمۇقارشى بولغان كائىنات قارىشى، دۇنيا قاراش ۋە بىلىش نەزەرىيىسىگە ئىگە، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى ئىچىدە ئىسلام پەلسەپىۋى تەلىماتىنىڭ مېغىزى بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە ئاتەشپەرەسلىك دىنىنىڭ، خرىستىئان دىنىنىڭ ۋە بۇددا دىنىنىڭ بىر قىسىم پەلسەپىۋى قاراشلىرى، يۇنان پەلسەپە ساقىندىلىرى، ئىبنى سىنا ۋە ناسىر خىسرەۋ ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر تاجىك ـ پارس پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى بار. شۇنداق قىلىپ بۇ

مەزھەپ كۆپ مەنبەلىك پەلسەپىۋى ئەقىدىلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، مۇرەككەپ ۋە سىرلىق بولغان پەلسەپە تەلىماتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا ئەسىردە ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە شائىر - يازغۇچىلاردىن ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا، جاپپار رۇداكى، مەنسۇر ھەللاجى، ھەسەن ساباھ، جالالىددىن رۇمى، ناسىر خىسرەۋ قاتارلىقلار ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەرەپدارلىرى ياكى ئىسمائىلىيە ئەقىدىلىرىنىڭ تەرغىباتچىلىرى ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ماركس: «ئىسمائىلىيە سىستېمىسى ھىندى - پېرسىيە تەلىماتلىرىنىڭ ئىسلامغا تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن»[1] دەپ كۆرسەتكەن.

## 2. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىغا كىرىشى

ئېلىمىز تاجىكلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، مەزھەپ جەھەتتە ئۇلار ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە تەۋە. پۈتكۈل تاجىك مىللىتى ئىچىدە تۈزلەڭلىك تاجىكلىرى سۈننى مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلسا، ئېلىمىز تاجىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تاغلىق تاجىكلار ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار. ئېلىمىز تاجىكلىرىنىڭ قاچان، قانداق سەۋەبتىن ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە كىرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق يازما ماتېرىيال ھازىرغا قەدەر تېخى چىقىلمىدى.

---

① «ماركس - ئېنگېلس ئارخىپلىرى»، V توم، رۇسچە نەشرى، 127 - بەت.

لېكىن، بىرقەدەر ئىشەنچلىك ئىزدىنىش نەتىجىلىرى بىلەن تاجىكلارنىڭ ئىسمائىلىيە ئېتىقادى پائالىيەتلىرىدىن قارىغاندا، پۈتكۈل تاغلىق تاجىكلار، جۈملىدىن ئېلىمىز تاجىكلىرى XI ئەسىردە مەشھۇر تاجىك كلاسسىكى ۋە ئىسمائىلىيە پەيلاسوپى ناسىر خىسرەۋ قەبۇدىيانى (مىلادىيە 1004 — 1088 ـ يىللار) نىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە كىرگەن. ناسىر خىسرەۋ ئەسلىدە ھازىرقى تاجىكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قوبادىيان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئافغانىستاننىڭ بەلخ شەھىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇ بىلىملىك بولغاچقا، سەلجۇقلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا كاتىپى، خەزىنىچىسى ۋە ۋەزىرى بولغان. كېيىن فاتىمە خاندانلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىسمائىلىيە تەرغىباتچىسى بولغان. ئۇنىڭ بىلىمى ۋە ناتىقلىق سەنئىتى يۇقىرى بولغاچقا، تەسىرى كۈنسېرى زورايغان. شۇڭا، ئىسلام روھانىيلىرى بىلەن سەلجۇقلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. سۇيىقەست ۋە قەتل قىلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ناسىر خىسرەۋ بىر تۇغقان ئىنىسى ئەبۇ سەيىد بىلەن خىلۋەت پامىر دىيارىغا كېلىپ، پامىر تاجىكلىرى ئارىسىدا ئەمىن تېپىپ، ئىسمائىلىيە ئەقىدىلىرىنى تارقاتقان. نەتىجىدە تاغلىق تاجىكلار ناسىر خىسرەۋنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە كىرگەن. ئېلىمىز تاجىكلىرى ھازىرمۇ ناسىر خىسرەۋنى «پىرى شاھ ناسىر خىسرەۋ» دەپ ئاتايدۇ.

دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ناسىر خىسرەۋ تەلىماتى يېتەكچى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ «سەپەرنامە»، «رەۋشەننامە» قاتارلىق كىتابلىرى ئېلىمىز تاجىكلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، مۇقەددەس دەستۇر ھېسابلىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ ماتەم ـ

مۇسىبەت پائالىيەتلىرى ئىچىدە «چىراغ ياندۇرۇش» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پائالىيەت بار. بۇ پائالىيەت ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنغان كۈنى ئاخشىمى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەزمۇن ۋە شەكلىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئۆلگۈچىنى باقىي دۇنياغا ئۇزىتىش مۇراسىمى بولۇپ، سورلۇك بۇ سورۇندا، ناسىر خىسرەۋنىڭ «تەكبىرى چىراغنامە» ناملىق دەستۇرى خەلپە تەرىپىدىن ئاھاڭدار قىرائەت قىلىنىدۇ. تاجىك دىيارلىرىدا «قۇرئان» ئايەت ـ سۈرىلىرىدىن باشقا، دۇئا ـ پاتىھەلەرنىڭ ئاخىرىدا ناسىر خىسرەۋنىڭ نامى ئاتىلىدۇ.

## 3. ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ پەلسەپىۋى ئەقىدىلىرى مەركەزلىك ھالدا ئۇنىڭ ئالەم قارىشى، بىلىش نەزەرىيىسى ۋە تارىخىي قارىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئالەمنىڭ يارالمىشى توغرىسىدىكى ئەقىدىسى ئۇنىڭ بىر يۈرۈش پەلسەپە ئەقىدىلىرىنىڭ يادروسى. ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئىچىدە ئالەم قارىشىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى نەزەرىيە ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرگەن كىشى نەسەفى ئىسىملىك كىشىدۇر. نەسەفىنىڭ ئالەم تەلىماتىدا مۇھىمى ئاللانىڭ ماھىيىتى ۋە ئالەمنىڭ بىنا بولۇشى مەسىلىسى شەرھلەنگەن. نەسەفى: ئاللا مۇئەييەن شەكىل (ئوبراز) گە ئىگە ئەمەس، شۇنداقلا ئاللا ھېچقانداق خۇسۇسىيەت ۋە نامغىمۇ ئىگە ئەمەس. ئاللا كىشى تەسەۋۋۇرى ھەم ئورگانىك ۋە نىئورگانىك بارلىق مەۋجۇداتتىن ھالقىغان بىردىنبىر يەككىلىك. ئاللا ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەقىل ياراتتى، ھالبۇكى بۇ ئەقىل ھاياتلىقنىڭ بىرىنچى باشلام

www.uyghurkitap.com

مەنبەسى، شۇنداقلا ئاللانىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى. ئەقىلدىن روھ تىرىلدى. روھتىن يەتتە خىل پىلانېتا چىقتى. بۇ پىلانېتىلار ئايلىنىدۇ. پىلانېتىلار ئايلىنىدىغانلىقى سەۋەبتىن، ئۇنىڭ رەڭگا رەڭ خۇسۇسىيەتلىرى (ئالايلۇق، قۇرغاق ۋە نەملىك، سوغۇق ۋە ئىسسىقلىق قاتارلىق) بىرلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ، تۇپراق، سۇ ۋە ھاۋا قاتارلىق بىرىكمە ماددىلارنى شەكىللەندۈردۇ. بىرىكمىلەر بىرىكىش جەريانىدا جانلىق ئۆسۈملۈكلەر بارلىققا كەلدى. ئۆسۈملۈكلەردىن سەزگۈر ـ روھلۇق مەخلۇق پەيدا بولدى. مەخلۇقلار ئىچىدىن ئەقىللىق، جانلىق ئادەم پەيدا بولدى، دەپ قارايدۇ. يۇقىرىدىكى باياندىن نەسەفىنىڭ ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى تۆۋەندىكىدەك ئومۇملاشتۇرۇشقا بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئەقىل (ئاللانىڭ ئىپادە شەكلى) بىلەن روھ — روھىي دۇنيا؛ ئىككىنچىدىن، ماددىي دۇنيا روھىي دۇنيادىن تۆرەلگەن.

مۇئىز خەلىپە (شىئەلەرنىڭ تۆتىنچى خەلىپىسى) دەۋرگە كەلگەندە، فاتىمە خاندانلىقى نەسەفىنىڭ ئالەم تەلىماتىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئۇنى قىسمەن تولۇقلاپ مۇقىملاشتۇردى. بۇ چاغدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئالەم تەلىماتىنىڭ مەزمۇنى شۇنىڭ بىلەن خاراكتېرلەندىكى، ئاللانىڭ خۇسۇسىيىتى بولمايدۇ. ئۇنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئالەم ئاللادىن بىنا بولغان، ئۇنىڭ يارىلىشى تۆۋەندىكى يەتتە باسقۇچ بىلەن ئەمەلگە ئاشقان: ئاللا ← روھىي ئالەم ← ئالەم نەپسى (جىنى) ← دەسلەپ ماددا ← ماكان ← زامان ← يەر شارى ۋە ئادەمزات دۇنياسى.

روشەنكى، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى قارىشى سۈننى مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئالەمنىڭ يارىلىشى توغرىسىدىكى قارىشى بىلەن خېلىلا پەرقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورتاقلىقى پەقەت ئالەمنى ئاللا ياراتقان دېگەندىن

ئىبارەت. بىرىنچىدىن، ئىسمائىلىيە مەزھىپى ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنىنىڭ ئاددىي، ساددا، نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى كەمچىل بولغان ئەقىدە ـ تەلىماتلىرىنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ، ئۇنى نىسبەتەن مۇرەككەپ، سىرلىق قىلىپ، ئۇنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇردى. ئىككىنچىدىن، ئىسمائىلىيە مەزھىپى سۈننى مەزھىپىنىڭ ئاللانىڭ دۇنيانى يارىتىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە زىت ۋە تايىنىسىزلىقىنى كۈچلۈك تەنقىد قىلىپ، ئاللانىڭ ھەقىقىي سادىق قوغدىغۇچىلىرى قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىچىلىرى ئاللا ھەممىنى ياراتقۇچى، بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس دەپ قارايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئاللا بارلىق يامانلىقلارنىڭمۇ يىلتىزى بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئاللانىڭ مۇتلەق نوپۇزى تەسىرگە ئۇچرايدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپى بولسا، ئەنئەنىچىلەرنىڭ بۇ نەزەرىيىسىدىكى زىتلىقتىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئاللادىن ماددىي دۇنياغا ئۆتۈشتە ئارىلىقتا بىر ئۆتكۈنچى بار. ئاللا ماددىي دۇنيانى بىۋاستە ياراتمايدۇ، ئاللا بىلەن ماددىي دۇنيا ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە باغلىنىش بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇلار بىر جەھەتتىن، ئاللا دۇنيانى ياراتقان دەپ قارىسا، يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ خىل يارىتىش بىۋاستە يارىتىش بولمىغاچقا، ئاللانىڭ دۇنيادىكى بارلىق يامانلىقلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئاللا بۇ جەھەتتىن پاك ۋە ساپ دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللانىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى قوغداپ قالىدۇ. سۈننى مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاللا ياراتقان دېگەن نەزەرىيىسىگە قارىتا، ئىسمائىلىيە پەيلاسوپى ناسىر خىسرەۋ مۇنداق ساتىرىك شېئىر يېزىپ قالدۇرغان:

قىلدىڭ ئىگەم ئۆز ئەكسىڭدەك ئادەم بىنا،
ئەمەسقۇ ئۇ تەۋكادىكى قىمار يەنە.
ئەمما يەنە بۇ بەندەڭنى قىلىپ مازاق،
نېمە ئۈچۈن ئىبلىس - شەيتان قىلدىڭ پەيدا.

ئاپىرىدە قىلدىڭ نىچۇك ئىبلىس شۇمنى،
كۆزلىرىڭنى چاڭ توسقانمۇ ئەسلى باشتا.
روھانىيلىق - زاھىدلىقتىن بەزدىم ئەمدى،
قىلغان ئىشىڭ شۇنچە دۆتلۈك تۇرسا مانا.

شۇ ھالەتتىن سەندىن ئۆزۈم ياخشىراقتۇ،
يامان بىلەن جاۋاب بەرسەم يامانلىققا.
ئىگەم مېنى يارىتقانغۇ ئۆزۈڭ شۇنداق،
يامان بولسام نە دەپ مېنى قىلدىڭ پەيدا[1].

ئۇچىنچىدىن، ئىسمائىلىيە مەزھىپى يۇنان پەلسەپىسى، ئىبنى سىنا، ناسىر خىسرەۋ قاتارلىقلارنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى ئۆز ئەقىدىلىرىگە تەتبىقلاپ، دىن بىلەن پەلسەپە بىرلەشتۈرۈلگەن ئىسمائىلىيە مەزھىپى دىنىي پەلسەپىسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئالەمنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى تەلىماتىنىڭ ئاڭنىڭ مەۋجۇدىيەتكە، تەپەككۇرنىڭ ماددىغا بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ پەلسەپىۋى مەسىلىگە قارىتا جاۋابى روشەن ئىدېئالىزملىقتا ئىــــگە. ئۇلار ئاڭ ۋە روھ بىرلەمچى، ماددا ۋە تەبىئەت دۇنياسى يارالغۇچى، ئىككىلەمچى دېگەننى تەرغىب قىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار پەلسەپىۋى ئۇقۇملارنى ئەمەس، بەلكى دىنىي ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ چىقىش

① باباجان غاپۇروف: «ئوتتۇرا ئاسىيا تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى 1985 - يىل نەشرى، 251 - بەت.

نۇقتىسى ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئاللا ياراتقان دېگەننى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ جۇملىدىن، ئۇلار ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمچىلار سېپىگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپى بىلىش مەسىلىسىدىمۇ بىر يۇرۇش ئەقىدىلەرگە ئىگە. مەزكۇر مەزھەپنىڭ قارىشى بويىچە، بىلىش دېگەنلىك، «قۇرئان كەرىم» نىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى بىلىش دېگەندىن ئىبارەت. باشقا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىسمائىلچىلار «قۇرئان» نىڭ ئاشكارا مەنىسى ۋە يوشۇرۇن مەنىسى بولىدۇ، يوشۇرۇن مەنىسى ئاشكارا مەنىسىنى ئىچىدە يوشۇرۇنغان بولىدۇ. «قۇرئان» نىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى پەقەت ئىسمائىلىيە ئىماملىرىلا بىلەلەيدۇ، ئۇلار تەقلىدىي ـ تەسۋىرىي، ئوخشىتىش، كۆرسىتىش ۋە سىمۋوللۇق ۋاسىتە ـ شەكىللىرى بىلەن «قۇرئان» نىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇلار «باتىنىيە مەزھىپى» ياكى «باتىنىچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ «قۇرئان» نىڭ يوشۇرۇن مەنىسى بولىدۇ دېگەن ئەقىدىسىنى تۆۋەندىكى جەھەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، ئۇلار «قۇرئان» سۈرىلىرىدىكى قىسقارتىلما سۆزلەرنى ئۆزگىچە چۈشەندۈرىدۇ. «قۇرئان» سۈرىلىرىدىن 29 سۈرىنىڭ باشلىنىشى قىسقارتىلما سۆزلەر بىلەن بېرىلگەن، مەسىلەن، سۈرە بەقەرە «ئالم» بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئىسمائىلىيە مەزھىپى بۇنى «ئا» «ناتىق» قا، «ل» «ۋاسى» غا ۋەكىللىك قىلىدۇ، «م» بولسا «ئىمام» نىڭ سىمۋولى دەپ

www.uyghurkitap.com

قارايدۇ ياكى شەرھلەيدۇ؛ سۈرە ئەئراف «ٴالمحى» بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى «ٴا» «ناتىق»نى، «ل»«ۋاسى»نى، «م» «مۇتىم» (ئىمام) نى، «حى (سادا)» «ئىمامنىڭ ۋاكالەتچىسى»نى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ. سۈرە يۇنۇس «ٴالرا» بىلەن باشلىنىدۇ. ئىسمائىلچىلار بۇنىڭدىكى «ٴا» «ناتىق»نى، «ل» «ۋاسى»نى، «ر» «ئىمام»نى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ ۋە باشقىلار.

ئىككىنچىدىن، ئۇلار «قۇرئان» ئايەتلىرىنىمۇ ئۆز مەيلىچە شەرھلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇلار «قۇرئان»دىكى ھەربىر سۈرىنىڭ بېشىدىكى «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» (ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن) دېگەن جۈملىدىكى «ئاللانىڭ ئىسمى» دېگەننى «يەتتە ناتىق»نىڭ سىمۋولى، «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان» دېگەننى «ھەربىر ناتىقنىڭ 12 نەجىبى (ۋاكالەتەن باشقۇرغۇچى)»نى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەندۈرسە، سۈرە ھاققەدىكى «يەتتە كېچە، سەككىز كۈندۈز» دېگەندىكى «كېچە» «ۋاسى»نىڭ سىمۋولى، «كۈندۈز» «ناتىق»نى كۆرسىتىدۇ دەپ چۈشەندۈرىدۇ؛ سۈرە ھىجىردىكى «بىز يامغۇرنى ھەيدەيدىغان شاماللارنى ئەۋەتتۇق، بىز بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ، سىلەرنى سۇغاردۇق، سىلەر ھەرگىز ئۇنى ساقلاشقا قادىر ئەمەسسىلەر» دېگەن ئايەتتىكى «سۇ»نى «دىنىي بىلىم»نى كۆرسىتىدۇ، «بۇلۇت»نى «ئاللانىڭ ئەلچىسى»نىڭ سىمۋوللۇق ئاتىلىشى دەپ چۈشەندۈرىدۇ؛ ئوخشاشلا «ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە سىلەردىن بولغان ئىش ئۇستىدىكىلەرگە ئىتىقاد قىلىڭلار»، «سەن پەقەت ئاگاھلاندۇرغۇچىسەن، ھەر قەۋمنىڭ بىر يېتەكچىسى بولىدۇ»، «زېمىنغا ئەلۋەتتە مېنىڭ ياخشى

بەندىلىرىم ۋارىسلىق قىلىدۇ» دېگەن ئايەتلەردىكى «ئىش ئۈستىدىكىلەر»، «يېتەكچى» ۋە «ياخشى بەندىلىرىم» دېگەن سۆزلەرنى «ئىماملار»نى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئىسمائىلىيە مەزھىپى «قۇرئان كەرىم»نىڭ قۇرۇلمىسىنىمۇ باشقىچە چۈشەندۈرىدۇ. «قۇرئان»دا جەمئىي 114 سۈرە بار. ئىسمائىلچىلار ئۇنى مۇنداق تۈرگە ئايرىيدۇ: ئالدى بىلەن بىرىنچى سۈرە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى يەتتە سۈرە (ئىككىنچى سۈرىدىن سەككىزىنچى سۈرىگىچە) بىرىنچى گۇرۇپپا؛ ئۇنىڭدىن كېيىن توققۇزىنچى سۈرە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى يەتتە سۈرە (10 ـ سۈرىدىن 16 ـ سۈرىگىچە) ئىككىنچى گۇرۇپپا؛ يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن 17 ـ سۈرە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى يەتتە سۈرە (18 ـ سۈرىدىن 24 ـ سۈرىگىچە) ئۈچىنچى گۇرۇپپا؛ ئۇنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە ...... 105 ـ سۈرىدىن كېيىنكى 106 ـ سۈرىدىن 112 ـ سۈرىگىچە 14 ـ گۇرۇپپا. 113 ـ سۈرە بىلەن 114 ـ سۈرە ئەڭ ئاخىرقى سۈرە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلار يەنە ھەربىر سۈرىنى ئۆزگىچە شەرھلەيدۇ. مەسىلەن، 17 ـ سۈرە «بەنى ئىسرائىل (ئىسرا)»دىكى «ئاللا (بارچە نۇقساندىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرەمدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسچىتى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى» دېگەن بىرىنچى ئايەتتىكى «بەندە» سۆزى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام»نى كۆرسىتىدۇ، ئۈچىنچى گۇرۇپپىدىكى 24 ـ سۈرىدىكى «سىلەرنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئۇنىڭدا

www.uyghurkitap.com

(سىلەرنى ئەمەل قىلسۇن دەپ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق» دېگەن ئايەتنى «يەتتە ئىمام»نى ھەم شۇنداقلا «يەتتىنچى ناتىق»نى كۆرسىتىدۇ دەپ ئىزاھلايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ «قۇرئان»نىڭ يوشۇرۇن مەنىسىنى چۈشەندۈرۈش ئەقىدىسىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ «قۇرئان» شەرھلىرىدە «ناتىق»، «ۋاسى»، «ئىمام» ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. «قۇرئان»نىڭ سۈرىلىرىنى ئايرىغاندىمۇ، ئۇلار ئىككى پەيغەمبەر ئارىلىقىدا يەتتە ئىمام بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق چەشەندۈرۈش ئارقىلىق دېمەكچىكى، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرى «قۇرئان» ئاساسىغا ئىگە بولۇپ، ئاللا تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئۇ ئاللىبۇرۇنلا ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپى «قۇرئان»نىڭ زاھىرى (ئاشكارا مەنىسى) ۋە باتىنى (يوشۇرۇن مەنىسى) بولىدۇ دېگەننى تەرغىب قىلىشتىن مەقسەت، بىرى، نەزەرىيە جەھەتتىن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇشنى كۆزلىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «قۇرئان»نىڭ باتىنى مەنىسىنى يەشمەك يولى بىلەن ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەقىدىلىرىنى قانۇنلاشتۇرىدۇ ياكى «قۇرئان»نى ئامالىنىڭ بارىچە ئۆز مەنپەئىتىگە لايىقلاشتۇرۇپ ئىزاھلايدۇ. ئىسمائىلىيە مەزھىپى پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بولۇپ كېتىشىنىڭ بىر سىرى مانا شۇ يەردە.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ بىلىش مەسىلىسىدىكى بىر قاتار ئەقىدىلىرى ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا ئىدېئالىزملىق

پەلسەپە بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۇنىڭغا دىنىي تۈس بەرگەن، خالاس. بۇ نۇقتىنى ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكى قاراشلىرىدىن تېخىمۇ روشەن كۆرگىلى بولىدۇ:

(1) بېھىش بىلەن دوزاخ مەسىلىسىدە، ئۇلارچە، «قۇرئان»نىڭ باتىنى مەنىسىنى مۇپەسسەل بىلگەن چاغ بېھىش دېمەكتۇر، ئەكسىچە بولسا، دوزاخ دېمەكتۇر.

(2) ئادەمنىڭ روھى ۋاقىتسىنچە دوزاختا تۇرىدۇ، ئادەم پەقەت ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە «قۇرئان»نى بىلگەندىن كېيىن روھ ئاندىن ئادەم جىسمىغا كىرىدۇ.

(3) ئىككى خىل ئادەمنىڭ روھى بىلەن بۇ دۇنيا، ئۇ دۇنيا قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. بىرى، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ھەر دەرىجىلىك دىنىي خادىملىرى. يەنە بىرى، ئىسمائىلىيە مۇخلىسلىرى.

(4) «قۇرئان»نىڭ باتىنى مەنىسى جاننى قۇتقۇزغۇچى ئەنگۈشتەر. ئىمام بولسا كىشىلەرنى مەزكۇر ئەنگۈشتەرگە ئېرىشتۈرگۈچى پاسىبان.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى — ئۇنىڭ تارىخىي دەۋر ئايلانمىسى نەزەرىيىسىدۇر. ئىسمائىلىيە مەزھىپى سىرلىق «يەتتە»لىك فورمۇلىسى بىلەن ئىنسانىيەت تارىخىنى يەتتە ئايلانما دەۋرگە بۆلىدۇ. ھەربىر ئايلانما دەۋر بىر ناتىق بىلەن باشلىنىدۇ، ناتىقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللانىڭ روھى يىغىلغان بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر جەمئىي يەتتە بولىدۇ. ئۇلار: ئادەم، ئىبراھىم، نوھ، مۇسا، ئەيسا، مۇھەممەد ۋە ئىسمائىلدۇر. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەربىرى كىشىلەرگە ئىلاھىي ھەقىقەتنىڭ

ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ئۇنى بارغانسېرى ئىنچىكىلىدى ۋە يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈردى. ھەربىر پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا يېقىن ۋە زىچ ھەمكارلاشقۇچى بىر ياردەمچى بولىدۇ. ئۇ ئۆز نامىدىن ھېچ نەرسىنى ئۆگەتمەيدۇ. ئۇ پەيغەمبەرنىڭ تەلىماتىنى تارقىتىش ۋە چۈشەندۈرۈشكىلا مەسئۇل بولىدۇ. مەسىلەن، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ يېنىدىكى پېتىر، مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يېنىدىكى ھارۇن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدىكى ھەزرىتى ئەلى ئەنە شۇ جۈملىدىن ئىدى. پەيغەمبەرلەر كەلگىچە ئارىلىقتا ئاللا روھىنى ئىماملار ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ. بۇلارمۇ ھەربىر دەۋردە يەتتە بولىدۇ. بۇنداق ئىماملارنىڭ يەتتىنچىسى ئىسمائىلنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇ ئاللا روھىنى ئىنسانلار ئوبرازىدا كۆرسەتكۈچى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىسى ئېتىقادنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش بولماستىن، بەلكى ئۇنى تىكلەش ۋە دۇنياۋى ئەقىل ـ ئىدراكنى پۈتكۈل دۇنياغا يېيىشتىن ئىبارەت تارىخىي جەريانىنى ئورۇنداش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تارىخىي ئايلانما دەۋر نەزەرىيىسىدە سىرلىق «يەتتە» ئېتىقادى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار سىرلىق يەتتىلىك سان ئارقىلىق ئۆز ئەقىدىلىرىنى ئىسپاتلايدۇ. بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ئىمام يەتتە بولىدۇ، ئاخىرقى ئىمام ئىسمائىلنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بولىدۇ» دېگەن ئەقىدىسىنىڭ ھەقىقىيلىقىنى خەلقى ئالەمگە تەرغىب قىلىشتا، يەتتىلىك سان نەزەرىيىسىدىن ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلار سۈننىچىلەردىن پەرقلىنىپلا قالماستىن، يەنە شىئە «12 ئىمامچىلار» دىنمۇ پەرقلىنىدۇ.

ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ تارىخىي ئايلانما دەۋر نەزەرىيىسى تىپىك ئىدىئالىزملىق تارىخىي قاراش خاراكتېرىگە ئىگە،

چۈنكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار ئىجتىمائىي ئاڭ بىلەن ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتتىن قايسىسىنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە ئىجتىمائىي ئاڭ بىرلەمچى دەپ قارايدۇ. ئۇلارچە، تارىخىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچ تارىخنىڭ ئۆزىدىكى ماددىي كۈچ بولماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تارىخ سىرتىدىكى بىر خىل سىرلىق مەنىۋى كۈچ، يەنى ئاللادۇر. ئىككىنچىدىن، ئىنسانىيەت تارىخى مۇقەررەر تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئىگە. مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە، جەمئىيەت تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە ئەگرى - توقاي يوللار بىلەن ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ بىر ئوبيېكتىپ تەرەققىيات جەريانى. ئىسمائىلىيە مەزھىپى گەرچە تارىخىي تەرەققىياتنىڭ قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىنىڭ يەتتىلىك ئايلانما دەۋر نەزەرىيىسى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئايلانما دەۋر قانۇنىيىتىنى ئاللا ئۆزى بېكىتكەن. ئاللا ئۆزىنىڭ مەقسىتى ۋە ئىرادىسى بويىچە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا، ئايلانما دەۋر ئاللانىڭ ئىرادىسى بويىچە ماڭىدۇ. يەتتە ئايلانما دەۋر ئاخىرلاشقاندا، زامان ئاخىر بولىدۇ، ئىنسانىيەت تارىخىمۇ شۇنىڭ بىلەن تامام بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى ئىنكار قىلىپ، ئالاھىدە شەخسلەرنى، يەنى يەتتە پەيغەمبەر، يەتتە ناتىق ۋە يەتتە ئىمامنىڭ رولىنى چەكسىز مۇبالىغە قىلىدۇ. بۇ شەخسلەرنى ئاللا ئۆزى بەلگىلىگەن، ئۇلار تارىخنىڭ تەرەققىيات تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچىلەر، جىمى بەندە ئۇلارغا بويسۇنۇشى، ئېتىقاد قىلىشى لازىم، بولمىسا ئۇلار دوزاخقا تاشلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. تۆتىنچىدىن، ئۇلار ساننىڭ ئابستراكت خاراكتېرىنى بۆرمىلاپ، ئۇنى ئۆز ئەقىدىسىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ. ماھىيەتتە، سان گەرچە ئابستراكتلىقتا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا چۈشەنگىلى بولمايدىغان ھېچقانداق سىر بولمايدۇ. سان شەكلى جەھەتتىن ئابستراكت، لېكىن ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، يەنىلا كونكرېتلىقتا ۋە ئوبيېكتىپلىقتا ئىگە. ئۇ مۇئەييەن ماددىي ئاساستا ئىگە بولۇپ،

ئوبيېكتىپ دۇنيادىن ئابستراكتلاشتۇرۇۋېلىنغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ ئالەم قارىشى، بىلىش نەزەرىيىسى ۋە تارىخي قارىشى تەۋەلىك جەھەتتىن ئىدېئالىزملىق پەلسەپە. ئىككىنچى بىر جەھەتتىن، مەزكۇر مەزھەپنىڭ پەلسەپىسى يۇنان پەلسەپە تەلىماتى، ئىبنى سىنا ۋەكىللىكىدىكى ئوتتۇرا ئەسىر ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە قاراشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. تەتقىقات قىممىتى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىش، ئىسلام پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتا، ئىسلامىيەت تارىخىدىكى دىنىي مەزھەپلەر كۈرىشىنىڭ سەۋەبىياتىنى ئېنىقلاشتا، ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى ئوتتۇرا شەرق پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئېلىمىز تاجىكلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىچىدىكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى مىللەتلەر ئارىسىدا ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلغۇچى بىردىنبىر مىللەت. ئېلىمىز تاجىك مىللىتىنىڭ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندىمۇ، ئىسمائىلىيە مەزھىپىنىڭ پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىش يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

www.uyghurkitap.com

# XVII باب ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى

ئەلىشىر نەۋائى 1441 ـ يىلى 9 ـ فېۋرالدا ھىرات شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ دادىسى غىياسىدىن كىچىك دېگەن كىشى ئىدى.

نەۋائىنىڭ دادىسى تۆمۈرىيلەر سارىيىغا يېقىن ئەمەل ـ خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1447 ـ يىلى شاھرۇھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تەخت ماجىرالىرى كۈچەيگەندە، نەۋائىي ئائىلىسى ئىراقنىڭ تەفت شەھىرىگە كۆچۈپ كەتتى. بۇ يەردە تۆت ـ بەش يىل ياشاپ خوراسان تىنچىغاندىن كېيىن، نەۋائىنىڭ ئائىلىسى 1452 ـ يىلى ھىراتقا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن غىياسىدىن كىچىك ئەبۇلقاسىم بابىر (1412 — 1457) سارىيىدا خىزمەتكە كىرىپ، سەبزىۋار شەھىرىگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتىلدى. بۇ چاغدا نەۋائى يەنە ھىراتتا قېلىپ شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ يەنە خوجا يۇسۇپ بۇرھانىدىنىدىن مۇزىكا ئۆگەندى.

ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىلىملىرى ئىچىدە نەۋائى ئەدەبىياتقا ئالاھىدە قىزىقتى. ئۇ شائىر تاغىلىرى مىرسەئىد كابۇلى، مۇھەممەد ئەلى غەرىبى تەسىرىدە مەشرەپلەر، شېئىرىيەت ئەنجۇمەنلىرىگە قاتنىشىپ تۇردى. ئۇ 10 — 12 ياشلىرىدىن باشلاپ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. ھىراتتىكى ئەينى

زامانىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق شائىرى لۇتفى بىلەن تونۇشۇش نەۋائى ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئىش بولدى.

نەۋائى دادىسىدىن كىچىك يېتىم قالدى. ئۇ 15 ياشقا كىرگەندىن كېيىن دوستى ۋە ساۋاقدىشى، بولغۇسى خوراسان سۇلتانى ھۇسەيىن بايقارا بىلەن بىللە ئەبۇلقاسىم بابىر سارىيىغا خىزمەتكە كىردى. ئەبۇلقاسىم بابىر 1456 ـ يىلى مەشھەت شەھىرىگە يۆتكەلگەندە، نەۋائى بىلەن ھۇسەيىن بايقارانى بىللە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار مەشھەتتە بىللە ئوقۇيدۇ. ئەبۇلقاسىم بابىر 1457 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن نەۋائى مەشھەتتە ئۆز ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇردى. بۇ چاغدا ھۇسەيىن بايقارا تەخت ۋارىسى سۈپىتىدە مەرۋىگە بېرىپ ھاكىمىيەت تارتىۋېلىش كۈرىشىنى باشلىغانىدى.

نەۋائى مەشھەتتە لوگىكا، پەلسەپە، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى داۋاملىق ئۆگەندى، فىردەۋسى، سەئىدى، نىزامى، خۇسراۋ دېھلىۋى داستانلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى، ئۇيغۇر كلاسسىكلىرى ئاتايى، لۇتفى ۋە سەككاكىنىڭ ئۆز تىلىدا ئىجاد قىلغان شېئىرىيەت يۈنىلىشىدىن تەسىرلەندى. ئۇ سەيىد ھەسەن ئەردەشىر ۋە كامال تۇربەتى شېئىرلىرى بىلەن تونۇشتى. مەشھەت دەۋرى نەۋائى ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «زۇللىسسان» دەپ ئاتالغان تۈركىي ۋە پارسچە ئىككى تىلدا شېئىر يېزىش ماھارىتى ئۇنىڭ مەشھۇر تاجىك كلاسسىكى ئابدۇراھمان جامى بىلەن تونۇشۇشىغا سەۋەب بولدى. 18 — 19 ياشلىق ئەلىشىرنىڭ بىلىمى ۋە قابىلىيىتى جامىدا ياش شائىرغا زور ھەۋەس ۋە ھۆرمەت قوزغىغانىدى.

ئەبۇلقاسىم بابىر ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا زالىم پادىشاھ ئەبۇ سەئىدنىڭ چىققانلىقى بىلەن تەخت تالاشلىرى پەسەيگەندەك بولدى. 1459 ـ يىلى نەۋائى ھىراتقا قايتىپ كەلدى، ئەبۇ سەئىد ئەبۇلقاسىم بابىرنىڭ يېقىن كىشىلىرىنى



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاتتىق چەتكە قاقىلىقى ئۈچۈن، نەۋائىمۇ سەمەرقەندكە سۈرگۈن قىلىندى. نەۋائى سەمەرقەندتە تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنى يېڭىپ، كۆپلىگەن ئالىم ۋە ئەدىبلەر بىلەن تونۇشتى. نەۋائى يەنە مەشھۇر ئالىم، مۇدەررىس فەزلۇللا ئەبۇللەيس تەربىيىدىن پەرزەنت قاتارى تەربىيىگە مۇيەسسەر بولدى. نەۋائى ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بولغان مىرزا خوجا سوغدى، سەيىد قۇتب سەمەرقەندى، شەيخ سۇخەيلى، يۇسۇپ سافائى، ئابدۇرازاق سەمەرقەندى، دۆلەتشاھ سەمەرقەندى، مۇھەممەد ئالىم سەمەرقەندى قاتارلىق كىشىلەر ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە ئۆسىدۇ. نەۋائى سەمەرقەندتە 1469 ـ يىلغىچە 9 — 10 يىل ياشاپ، ھىراتقا قايتتى. بۇ چاغدا غەربىي ئىرانغا ھۇجۇم قىلغان ئەبۇ سەئىد جەڭدە يېڭىلىپ ئۆلگەن، ھۇسەيىن بايقارا خوراسان سۇلتانى بولۇپ، ھىراتتا تەختكە چىققانىدى.

نەۋائى ھۇسەيىن بايقارا ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى تەرەققىيپەرۋەر سۇلتان قىلىش ئۈچۈن كۈچەپ ئىشلىدى. بۇ نەۋائىنىڭ مەملىكەتنىڭ بىر پۈتۈن مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەت ئاساسىدا بولۇش ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن ئىدى. نەۋائى 1472 ـ يىلى ھۇسەيىن بايقاراغا ئەمىر (ۋەزىر) لىككە تەيىنلەنگەنىدى. ئەمما ئۇ 1476 ـ يىلى ئوردا پىتنىلىرى سەۋەبىدىن ۋە ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئىشلىرى تەقەززاسى بىلەن ۋەزىرلىكتىن ئىستېپا بەردى. بۇ چاغلاردا ھۇسەيىن بايقاراغا قارشى ئۇنىڭ ئوغلى مەھمۇد ھۇسەيىن مىرزا ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. ھۇسەيىن بايقارا بۇ ئىسياننى باستۇرۇش يۈرۈشىدىن غەلىبە قازىنىپ ھىراتقا قايتىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئالدىغا چىققۇچىلار ئارىسىدا كېسەل ھالەتتىكى نەۋائىمۇ بار ئىدى. ئۇ 1501 ـ يىلى 3 ـ يانۋاردا ئالەمدىن ئۆتتى. ھۇسەيىن بايقارا ئۇنىڭ جەسىتى يېنىدا ماتەمدە تۇردى ۋە ھىراتتا زور ماتەم مۇراسىمى ئۇيۇشتۇردى.

ئەلىشىر نەۋائى 20 توم ھەجىمدە غايەت زور ئىلمىي ۋە

بەدىئىي مىراس قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ تۈركىي ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن كېيىنكى يېڭى بىر مۇنەۋۋەر ئىگىزلىك يارىتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق ئورۇن تۇتتى. نەۋائى لىرىكىسى «خەزايىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ياكى «چاھار دىۋان» دەپ ئاتالغان تۆت كىتاب بولۇپ، ئۇلار 3132 شېئىر، 44900 مىسرادىن تەشكىل تاپقان.

نەۋائى خەمسىچىلىكتە نىزامى گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلىۋى قاتارلىق ئەدىبلەردىن ھالقىپ، 1483 — 1485 ـ يىللىرى ئىچىدە مەشھۇر «خەمسە نەۋائى» شېئىرىي رومانلار تۈركۈمىنى ياراتتى. بۇ داستانلار «ھەيرەتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىنىڭ ھەيرەتلىرى)، 7976 مىسرادىن تەشكىل تاپقان پەلسەپىۋى داستان؛ «پەرھاد ۋە شىرىن»؛ «لەيلى ۋە مەجنۇن»؛ «سەبئى سەييار» (يەتتە يۇلتۇز)؛ «سەددى ئىسكەندەر» (14430 مىسرا) دىن ئىبارەت. نەۋائى بىرقانچە تۈمەن مىسرالىق بۇ شېئىرىي رومانلىرى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىگە خاس پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي قاراشلىرىنى، شەرق ـ غەرب مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلىدى.

نەۋائى پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇش نۇتقى) ناملىق ئەسىرىنىڭ تەسىرىدە، ئۆز ئالاھىدىلىكى روشەن بولغان «لىسا نۇتتەيىر» (قۇش تىلى) ناملىق پەلسەپىۋى داستان يازغان. نەۋائىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا (1500 ـ يىلى) يازغان «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى يىغىنچاقلىغان. نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇلئەۋزان» (شېئىرىيەتتە ۋەزىن ئۆلچەملىرى)، «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» قاتارلىق سەنئەتشۇناسلىققا ئائىت ئەسەرلەر، «تارىخىي مۇلكى ئەجەم»، «نەزمۇل جەۋھەر»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدى. نەۋائى مىراسلىرىنى ئۆگىنىش ئۆز ئالدىغا خاس «نەۋائىشۇناسلىق»

ئىلىم ـ تەتقىقات ساھەسىنى تەشكىل قىلدى.

※

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنىڭ تارىخىي يىلتىزلىرى ئۆز ئالدىغا خاس تەتقىقات خاراكتېرلىك تېما.

نەۋائى دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىغا تەسىر قىلغان مەنبەلەر كۆپ تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، ھەم يىراق تارىخىي ھەم بىۋاستە ئەينى زامان مەنبەلىرى بولۇپ، خۇددى نەۋائى «مۇنشائەت» ناملىق خەت ـ چەكلەر توپلىمىدا تىلغا ئالغىنىدەك، بۇ تەسىر تاكى ئارىستوتېلدىن فارابىغىچە ۋە فارابىدىن ئەينى زامان ئىدېئولوگىيە نامايەندىلىرىگىچە شۇنچە كەڭ بولغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭغا بىۋاستە كۈچلۈك تەسىر قىلغان مەنبەنى ئۈچ تەرەپلىمە ئىزاھلاش مۇمكىن:

بىرىنچى، يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ، فارابى، ئىبنى سىنا، بىرۇنى ۋە باشقىلارنىڭ مەۋجۇدىيەت، ئىنسانىيەت، ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي بەخت ـ سائادەت توغرىسىدىكى راتسىئونالىزم ۋە گۇمانىزملىق قاراشلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ «لىسانۇتتەيىر» داستانى بىلەن «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما» ناملىق ئەسەرلىرىدە پىساغورۇس (پىفاگور)، ئارىستوتېل، ئەپلاتون قاتارلىق گرېك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ نامىنى تىلغا ئالغان.

ئىككىنچى، يۇقىرىقى مەنبە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا جاھان سەنئەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپە قوشقان پارس تىلىدىكى سەنئەت ئەزىمەتلىرىدىن ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خۇسراۋ دېھلىۋى، شەيخ سەئىدى، ھافىز شىرازى، ئابدۇراھمان جامىلارنىڭ، جۇملىدىن تۈركىي شېئىرىيەت ماھىرلىرى يۇسۇپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەبەيدۇللا لۇتفى، يۇسۇپ سەككاكى، ئاتايى، ئەھمەد خوجابېك، سۇلتان مالىك قەشقەرى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ گۇمانىستىك،

www.uyghurkitap.com

راتسئونالىزملىق پىكىرلىرىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. نەۋائى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى، ئىنسانىنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە مۇھەببەت ئەركىنلىكى، ئىنسانىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە بەختىيار ھايات تەلپۈنۈشلىرى، ئىنسانىيەتنىڭ غايىۋى ئۈمىدى توغرىسىدا ئۆز پىشۋالىرىدىن كۆپرەك، يۈكسەك ھەم يالقۇنلۇق ئوبراز ۋە مىسرالارنى ياراتتى. ئۇنىڭ گۈزەللىك ھەققىدىكى تۈيغۇلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىگە ئۇنىڭ پىشۋالىرى يېتەرلىك ئۇلگىلەر كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى.

ئۈچىنچى، يەنىلا يۇقىرىقى پىشۋالار ئىچىدىكى سەئىدى، ھافىز شىرازى، سەددىدىن مۇھەممەد قەشقەرى، ئابدۇراھمان جامىغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرىدىن ئىبارەت. نەۋائى ياشىغان زاماندا ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكى بىلەن بىللە يەنە تەسەۋۋۇپ ئېقىمى ئالاھىدە كۈچەيگەنىدى. نەۋائىغا ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چېغىدا پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇش نۇتقى) ناملىق تەسەۋۋۇپ ئىدىيىسىدىكى ئەسىرى تەسىر قىلغانىدى. ئۇ 58 يېشىدا «لىسانۇتتەيىر» (قۇش تىلى) ناملىق ئەسەر يېزىپ چىقتى. نەۋائىغا يەنە شەمسى تەبرىزى، جالالىددىن رۇمى، «تۈرك پىرى» دەپ ئاتالغان ئەھمەد يەسەۋى سوپىستىك ئىدىيىلىرى تەسىر قىلغان. كېيىنچە ئۇ ئابدۇراھمان جامى ئارقىلىق باھاۋىددىن نەقشىبەندى (1314 — 1388) ئېقىمىغا مايىل بولدى.

شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، نەۋائى دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشىغا ئىدىيىۋى مەنبە بولغان يۇقىرىقى ئۈچ تەرەپ، ئەينى زامان رېئال ھاياتى، ئۇنىڭ زىددىيەت ۋە كۈرەشلىرى، خەلق تۇرمۇشى ۋە خەلقنىڭ روھىي ھالىتى ئاساسىدا نەۋائىغا خاس ھالدا يۇغۇرۇلۇپ، نەۋائىنىڭ پەلسەپە قاراشلىرىنى تەشكىل قىلدى.

※

نەۋائى ئۆز ئەسەرلىرىدە پەلسەپە، ئىلاھىيەت، ئىنسان، ئەقىل، بىلىم، ئىرادە ئەركىنلىكى، ئەخلاق، دۆلەت، خەلقلەر دوستلۇقى، گۈزەللىك، تەلىم قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ توختالدى. ئۇنىڭ كۆپلىگەن غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىدا، بولۇپمۇ پەلسەپە - ئىجتىمائىي ئىدىيە تېمىسىدا يېزىلغان «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، «لىسانۇتتەيىر»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكۇما» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە يۇقىرىقى مەسىلىلەر مەركەزلىك بايان قىلىنغان.

نەۋائى ئالدى بىلەن ئالەمنى ياراتقۇچى تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭچە، تەڭرى بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئەسلى زاتى — سۇبىستانسىيىسىدىن ئىبارەت. نەۋائى ئەسلى ئالەمدە بىرلا تەڭرى مەۋجۇت ئىدى، كېيىنچە تەڭرى ئۆز مۇمكىنلىكلىرى ۋە ئىقتىدارىنى جارى قىلىپ، كائىناتنى، تەبىئەتنى، ھاياتلىقلارنى ۋە ئىنسانىيەتنى ياراتتى دەپ قارايدۇ. نەۋائى ئوبيېكتىپ دۇنيا بىلەن تەڭرىنى بىر - بىرىگە قارشى قويمايدۇ، ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيا تەڭرىنىڭ «ئۆز - ئۆزىدە» تۇرغان ھالەتتىن ھەر خىل شەكىلدە نامايان بولغان ھالەتكە ئۆتۈشىدىن ئىبارەت. تەڭرى شۇنداق قىلىپ ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، بەلكى ئالەمنىڭ ئىچىدە، ئۇنىڭ ھەربىر زەررىسىدە، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. نەۋائى دۇنيا ئەينەكتىن ئىبارەت، ئۇنىڭدا ئەكس ئېتىپ كۆرۈنگەن نەرسە تەڭرىدۇر، دەيدۇ. ئۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق يازغان:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش تور بېكىتى

نە بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايەت ساڭا،
نە كېلىپ ئاخىردا نىهايەت ساڭا.
ئەۋۋەل ئۆزۈڭ، ئاخىرۇ مابەين ئۆزۈڭ،
بارچىغا خالىق، بارچىغا ئەين ئۆزۈڭ.

شۇنداق قىلىپ، نەۋائى ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقنى ئىلاھىيلاشتۇرۇپ ئىزاھلىدى.

نەۋائى تۆت زاتنى تەڭرىنىڭ ئالەم بىنا قىلغۇچى ماددىي ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. ئۇ بۇ قارىشىنى غەزەللىرىدە تەسۋىرىي ياكى ھېكمەت مەجازى شەكلىدە ئىپادىلەيدۇ، ئۇ مۇنداق يازغان:

سۇ بىرلە ئوت ئارا زىددىيەت ئولدە چۈن ئەزەلى،
مەگەر ھايات سۈيىدۇركى ئوتقا ئاپەت.

مەگەر بولدى قوپۇن تۇپراق ئىلە يەل مەي سۇ بىرلە ئوت،
ياساردا مەستى سەرگەردان نەۋائى خىلقەتى زارى.

بەدەن ئاناسىرىنىڭ چارىگاھىن ئىت فارىغ،
نەۋائىيا، دېسەڭ ئەيلەي پەلەك سەرى ئاھاڭ.

بۇ مىسرالاردا تۆت زات، تۆت سەزگۇ، ھەرقايسى زاتلارنىڭ زىددىيەتلىرىنى پىششىق بىلگەن ھالدا، بۇنى شېئىرىي مەزمۇنغا بويسۇندۇرۇپ تىلغا ئالغان.

نەۋائى ئىنساننى تەڭرى ياراتقان بارلىق ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ كۆركى ۋە شۆھرىتى، ئەڭ ئالىي مەۋجۇدىيەت دەپ ھېسابلىدى. ئۇ «ئىنسان مەركەزلىك» قاراشلىرىنى «تەڭرى ياراتقان مەۋجۇدىيەت» قانتى ئاستىدا گەۋدىلەندۈردى. ئۇ

«مەقسەت نەزەرىيىسى» (تېلېئولوگىزم) قاراشلىرى بويىچە، ئىنسانىيەت تەڭرىنىڭ پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنى يارىتىشىدىكى تۈپ مەقسىتىدىن ئىبارەت، ئىنسانىيەت يارىتىلغاندا ئۇنىڭغا مالائىكىلەرمۇ سەجدە قىلغان، دەپ ئىنساننى ھەممىدىن ئۇلۇغلىدى. ئۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق دېگەن:

مۇنچە غارايىپكى مىسال ئەيلەدىڭ،
بارچەنى مىرادى جامال ئەيلەدىڭ.
گەنجىڭ ئارانەفد فەرۋان ئىدى،
لىك، بارىدىن غەرەز ئىنسان ئىدى.

قانىيۇ ھەيۋانى ئەگەر خۇد نەبات،
ھەر بىرى بىر گەۋھەرى ئالىي سۇفەت.
بارچەسىنى گەرچە لەتىف ئەيلەدىڭ،
بارچەدىن ئىنساننى شەرەف ئەيلەدىڭ.

نەۋائى «لىسانۇتتەيىر» نىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ مەقسەتدارلىقنى يەنە مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

ئافەرىنىشتىن قىلىپ ئىنسان غەرەز،
ئانى ئەيلەب خەلق[①] ئىچىندە بى ئىۋەز.

كۆڭلىن ئانىڭ مەھزەئى ئىرفان قىلىپ،
ئۇل تىلسىم ئىچرە ئۆزىن پىنھان قىلىپ.
رازى مەخفى گەنج ئولۇپ بۇ تۇرفە جىسىم،
سۇنئىدىن ئۇل گەنج ھىفزىغا تىلسىم ...

---

① يارىتىلغان بارچە شەيئىلەر مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

نەۋائى «چاھار دىۋان» دىمۇ بۇ پىكىرنى روشەن قەيت قىلىدۇ:

مەۋرۇسى قۇل جىنسى بەنى ئادەم ئاتا،
مىراس ئىلە مۇلۇك جۇملەئى ئالەم ئاتا.

بارىدىن غەرەز گەر ئىنسان ئىدى،
ئاتا راغى مەقسەت ئىرفان ئىدى.

ئالەمۇ ئادەم فىدا ئۇلسۇنكى بارسەن ئەي ھەبىب،
چىن غەرەز ئىنسان ئېرۇر، ئالەمدىن ئىنساندۇر غەرەز.

نەۋائى ئىنساننى ئالەم يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى، بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ سەرخىلى دېيىش بىلەن بىللە، ئىنساننى، ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتىنى، ئەخلاق ۋە تەربىيىسىنى ھەربىر ئىنساننىڭ، ھەر بىر ئائىلىنىڭ، ھەربىر مەملىكەتنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىتى، دەپ تەۋسىيە قىلىدى. ئۇنىڭچە، بۇ ھەممىدە «ياخشى» ياكى «يامان» لىقنى ئايرىيدىغان توپ مىزان ھېسابلىنىدۇ.

نەۋائى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، بىلىش ئىقتىدارى، كامالىتى ۋە بەخت ـ سائادىتى مەسىلىسىدە ھۆكۈمران دىنىي تەرغىبات بىلەن تەركىدۇنياچىلىق قاراشلىرىغا كۆرۈنەرلىك قارشى يول تۇتتى. كالامىزم ئەقىدىلىرىگە كۆرە ئىنسان ئۆز گۇناھلىرىنى بىلىشى ۋە دىن ـ شەرىئەت بىلەن شۇغۇللىنىشتا چەكلىنىشى لازىم ئىدى. روھانىي

تەركىدۇنياچىلار رېئال دۇنيادىكى ئىنسان ھاياتىنى رەت قىلىپ، تەركىدۇنياچىلىقنى، تەرىقەت يولىغا كىرىپ، ئۆلمەي تۇرۇپ ئۆلۈكتەك ياشاشنى تەۋسىيە قىلىشاتتى.

نەۋائى بۇ مەسىلىدە يالقۇنلۇق گۇمانىزملىق ۋە راتسىئونالىزملىق قاراشلىرىنى تەرغىب قىلدى. ئېيتىش مۇمكىنكى، نەۋائىنىڭ بارلىق بەدىئىي ۋە ئىلمىي ئەسەرلىرى ئۇنىڭ مەنتىقىي ۋە ئوبرازلىق ئىپادىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس! ئۇ «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىنىڭ نامىنىمۇ چوڭقۇر پەلسەپىلىك مەنىدە «ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرەتتە قالدىغانلىرى» دەپ ئاتىدى. ئۇ بۇ داستانىدا:

ئادەمى ئەرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانىڭكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

دەپ، مەسىلىنى مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى بولغان ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ھېكمەتكە قاراتتى.

نەۋائى «لىسانۇتتەيىر» داستانىدا مەجازى ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ سىمۋوللۇق تەمسىللەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «سۇمۇرغ»، «ھودھود» (ھۆپۈپ) ۋە «قۇشلار» دىن ئىبارەت ئۈچ كاتېگورىيىلىك پېرسوناژنى «تەڭرى»، «سوپى» ۋە «ئىنسان» غا ۋەكىل قىلىپ، تەڭرى بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە ئۆزى بىلەن روھانىي سوپىلارنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرىنى ئاشكارىلىدى.

نەۋائى تەڭرى ئالەمنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئۇ پۈتۈن كائىناتقا مۇجەسسەملەشكەن، ھەممە نەرسىدە ئىپادىلەنگەن جەۋھەر؛ شۇ سەۋەبلىك رېئال دۇنيادىن ۋاز كېچىپ، تەڭرىنى ئىزدىمەكلىك

www.uyghurkitap.com

ھاجەتسىز ھەم بىمەنىلىك، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن ۋاز كېچىپ، تەركىدۇنيا ئازابىنى چېكىپ، سوپىلىقنىڭ يەتتە باسقۇچىنى (ماقامىنى) بېسىپ، تەڭرى بىلەن بىرلىشىشكە ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلغان سوپىلارنى «ھودھود» سىماسىدا تەنقىدلەيدۇ، «قۇشلار» نىڭ ئۆزلۈكلىرىدىن (ھاياتىدىن) ۋاز كېچىپ، سۇمۇرغنى ئىزدەش يولىدا نابۇت بولۇشۇپ، ئاخىرى ئاز قالغاندىن كېيىن «ھودھود» قا بىلدۈرگەن نارازىلىقلىرىنى قوللايدۇ. «قۇشلار» نى ئۆزىنى بىلىشكە، ئۆزىنى قەدىرلەشكە، ھاياتنى سۆيۈشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ئەسەردە ئوتتۇز قۇش بىرقانچە جاپالىق ئۆتكەل («مەقام») دىن ئۆتۈپ، سۇمۇرغنى تېپىش يولىدا ھالاك بولۇۋاتقان پەيتىدە بىر ھەقىقەتنى بىلىشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئۇلار ئىزدىگەن ۋە جاھانغا پادىشاھ قىلماقچى بولغان «سۇمۇرغ» خەت جەھەتتە «ئوتتۇز قۇش» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇلار ئالەمدە سۇمۇرغنىڭ يوقلۇقى، سۇمۇرغ — ئوتتۇز قۇش ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. نەۋائى بۇ مەسىلىدە «قۇتاد غۇبىلىك» تىكى ئۆگدۈلمىش ۋەزىرنىڭ ئودغۇرمىش زاھىتنى ھاياتنى سۆيۈشكە ئۈندىگىنىدەك، گۇمانىزملىق كىشىلىك قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

روشەنكى، راتسىئونالىزم — گۇمانىزم نەۋائى ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆزىكى، نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ مەنە خەزىنىسى، نەۋائى قەلبىنىڭ ناۋاسى ئىدى.

※

نەۋائى ئەقىل ـ پاراسەت، تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئىلىم ـ پەن مەسىلىلىرىدە ئۆزىنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇلۇغۋار راتسىئونالىستى، مەرىپەتچىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. ئۇ

«ئىنسان ئەقىل چىرىغى، پۈتۈن كائىنات كۆزىنىڭ نۇرىدۇر» دەيدۇ. ئۇ ھەر - پەرىلەر ھەققىدىكى ئەپسانىلەر بىلەن ئىنساننى سېلىشتۇرۇپ:

ئەي كۆڭۈل، ھۆرۇ پەرى ۋەسپىنى ئىشىتتىم گويا،
ھېچقايسى ئادەملىغىدا ئەمەس ئىرۇر ئىنسانچە خوب.

دەپ يازىدۇ.

نەۋائى ئىنساننىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ۋە ئۇنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان ئىنسانىي ئىقتىدار — ئەقىل توغرىسىدا سۆزلىگىنىدە، ئۇنى تىل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان. ئۇ مۇنداق يازغانىدى:

دەمىڭدەن يىراق تۇتمىغىل ھوشنى،
كى يۈزلەنمەگەي ھەردەم ئاپەت ساڭا.

ئېرۇرسەن شاھ — ئاگاھ سەنسەن،
ئەگەر ئاگاھ سەنسەن — شاھ سەنسەن.

دېدى ھەر ئىشنى قىلمىش ئادىمىزاد،
تەپەككۇر بىرلە بىلمىش ئادىمىزاد.

كۆڭۈل دېڭىزى ئارا گۆھەر سۆزدۇر،
بەشەر گۈلشەنىدە سەمەر سۆزدۇر.

جىسىم بوستانىغا شەجەر سۆزدۇر،
روھ ئەشجارىغا سەمەر سۆزدۇر.

گۈلشەنى كېلدى جىسمى ئىنسانى،
نۇتۇق ئانىڭ بۇلبۇلى خوش ئەلھانى.

بولمىسا سۆز ئەجەب بالا بولغاي،
بۇلبۇلى نۇتۇق بىناۋا بولغاي.

نەۋائى تىلىڭ ئاسراغىل زىنھار،
دېسەڭكىم يېمەي دەھىر ئىشىدىن خۇسۇيىن.

نەۋائى «ئادەم تىل ئارقىلىق باشقا ھايۋانلاردىن ئىمتىيازلىق ۋە ئۇ ئارقىلىق باشقىلاردىن ئەۋزەلرەك بولىدۇ»، «بەخت كەلتۈرگۈچى مۇسەففا روھ مەنبەسى ھەم تىل، يامانلىقلار نەھس يۇلتۇزىنىڭ چىقار ئورنى ھەم تىل»، «كۆڭۈل خەزىنىسىنىڭ قۇلۇپى تىل ۋە ئۇل خەزىنە كەلىتىنى سۆز بىل»، «تىلغا كۈچى يەتكەن ئەقىللىق دانىشمەن، سۆزگە ئەرك بەرگەن پەسكەش ئەخمەق» دەپ يازغان.

نەۋائى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تىلنى تەپەككۇرنىڭ، نۇتۇقنى كۆڭۈلنىڭ ئاساسى دەپ كۆرستىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

جان ئۆلۈپ ئۇل، روھ ئەنىڭ قالىبى،
كىم تەندە روھ، ئەنىڭ تالىبى.
بارچە كۆڭۈل دۇرجى ئارا جەۋھەر① ئۇل،
بارچە ئاغىز ھۇققەسىدە گەۋھەر ئۇل.
سۆزدىن ئۆلۈكنىڭ تەندە روھى پاك،

① جەۋھەر — تۈپ زات.



ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

روھ داغى تەن ئارا سۆزدىن ھەلاك.

نەۋائى كىشىلەرنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا ئىلىم - پەن ئۆگىتىش توغرىسىدا كۆپ توختالغان. ئۇ ساۋاتلىق بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، مۇنداق يازغان:

ھەر كىشىكىم خەتتى ئارا چېكسە قول،
بولسۇن ئاڭا مەنزىلى مەقسەتكى يول.
گەر بۇ ساۋاد بولمىسا نېتىكەي كىشى،
نەزمىن ئالىب قاي سەرى كېتىكەي كىشى.

نەناۋائى ھەرقايسى بىلىملەردىن، پەلسەپە ۋە تېبابەتچىلىك، تارىخ ۋە ھەر خىل ھۈنەر - سەنئەت بىلىملىرىدىن خەۋەردار بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ، ئىلىمنى «ئىككى جاھان» پادىشاھلىقىدىن ئۈستۈن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ پەلسەپە ئىلمىنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئەھمىيىتىنى تەسۋىرلەپ:

ئەگەر ھېكمەتكە بولسا ئىلتىپاتىڭ،
كى بولسۇن نوھ ئۆمرىچە ھاياتىڭ.

دېسە، تېبابەتچىلىكنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇنداق تەكىتلەيدۇ:

ۋە لېكىن تىببۇ ھېكمەت ھەم ئېرۇر خوب،
كى سىھھەتتۇر كىشى جىسمىدە مەتلۇب.

ئۇ تارىخ ۋە ئىجتىمائىي پەنلەر ھەققىدە مۇنداق تەۋسىيە قىلىدۇ:

نې ئىشدىن مەملەكەت ئاباد بولدى،
قايۇ ئىشتىن ئۇلۇس بەرباد بولدى.
نېدىن تاپتى مەمالىك ئىستىقامەت،
نې ئىشتىن ئەلگە يۈزلەندى سالامەت.

ئەلىشىر نەۋائى ھۈنەر ـ سەنئەت، تېخنىكا ئۆگىنىشنىمۇ تەكىتلەيدۇ:

قۇياشلىق ئىستەسەڭ كەسپى كامال ئەت،
كامال ھەركەسپ ئېتەرسەن بىمالال ئەت.

نەۋائى بىلىمنى ئەمەلدە كۆرسىتىش، ئۆگەنگەنلىرىنى خەلق بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىشلىتىش لازىملىقىنى، ئىلىمنى ئەمەلدە كۆرسەتمەسلىك دان تېرىپ ھوسۇل ئالمىغانغا باراۋەر بولىدىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

ئىلىم ئوقۇپ قىلماغان ئەمەل مەقبۇل،
دان ساچىپ كۆتەرمىدى مەھسۇل.

نەۋائى ئىلىم ۋە كامالەت ماقامىغا يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق ۋە ۋىجدانلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغان:

بۈيۈك ماقامىغا ئۆلكى تىلەرسە بات كىرەك،
كى ئەگرىلىكنى قويۇپ، تۈزلۈك ئەيلەسە قانۇن.

نەۋائى ئۆز داستانلىرىنىڭ بارلىق ئىجابىي قەھرىمانلىرىنى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلىرى سۈپىتىدە، بارلىق گۈللەنگەن ئەللەر ۋە خەلقلەرنى ئىلىمدىن بەھرىمەن بولغان ئەللەر ۋە خەلقلەر سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. ئۇ جۇڭگو بىلەن يۇناننى شەرق ۋە غەربتىكى ئىككى مەدەنىيەت دەرگاھى سۈپىتىدە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالغان. ئۇ يۇنان مۇتەپەككۇرلىرىدىن پىفاگور، جاماسىپ، ھېپپوگرات، سوقرات، پلاتون، ئارىستوتېل، بالىنوس، جولىنوس، بەتلىموس قاتارلىقلارنى پەيغەمبەرلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئىزاھلىدى، ئۇلۇغبېك ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەدىبلىرى ھەققىدە مەدھىيىلەر يازدى.

※

نەۋائى يالقۇنلۇق گۇمانىزمچى ئىدى. ئۇنىڭ لىرىكىلىرى ۋە داستانلىرى ئىنسان ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكى، ئىنسانىي ئىرادە ئىختىيارلىقى، ئەركىن مۇھەببەت ۋە ئىشقىي ساداقەت، خەلقلەر دوستلۇقىغا قارىتىلغانىدى.

نەۋائى ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر سۈپىتىدە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ تەقدىرىگە كۆيۈنگەن ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى مىللەت، رايون، دىن ۋە جىنس پەرقىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، نەۋائى ئىدىيىلىرىنىڭ گۇمانىستىك دۇردانىلىرىنى جۇلالاندۇرغان. ئۇ ئاياللارنى ئەرلەر بىلەن باراۋەر ئورۇنغا قويۇپ، ھەتتا ئۇلارنى قۇياش بىلەن تەڭلەشتۈرىدۇ. ئۇ:

ياخشى خاتىنلەر سەغاشى زوھدىدىن،
ئالەم ئىچرە گەر يورۇغلۇق بولسا فاش.
يوق ئەجەب، چۈنكى ئەرەب ئەلفازىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى
www.uyghurkitap.com

ئىستىلاھ ئىچرە مۇئەننەستۇر قۇياش.

يەنە:

يۈز تۇمەن ناپاك ئەردىن ياخشىراق،
پاك خاتىنلەر ئاياغىنىڭ ئىزى.

دەپ يازغان. ئۇ مىللەت ۋە ئىرقىي پەرقلەر، دىنىي ئېتىقاد پەرقلىرى بويىچە ئىنسانىي مۇناسىۋەت قىلىشقا قارشى ھالدا خەلقلەر دوستلۇقىنى كۈيلەيدۇ. ئۇ:

كۆڭۈلنى ئالسا مالامەت بىللە تەغاۋۇت يوق،
خىتايى ئولسۇنۇ يا ئەرمەنى ۋە يا ھىندۇ.

دەيدۇ. ھۆسن گۈزەللىكىنى ھەممە ئىرقلارغا ئوخشاش دەپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

ھۆسۈن چۈن جىلۋە قىلۇر، ئاقۇ قارادا يوق پەرق،
كىشىگە كەلسە بالا①، خاھى خىتا خاھى ھەبەش.
مەن تىلەپ ھۆسۈن، ۋەلى شاھ تىلەپ ئەسلۇنەسەب،
ماڭا لولى بىلە ھىندۇ، ئاڭا قونغۇراتۇ قىيات.

نەۋائى كىشىلەردە مۇھەببەت ۋە نەپرەت بولۇشى لازىملىقىنى، ئىنساننىڭ ئىنسانىي مۇھەببىتى بولۇشى لازىملىقىنى زور كۈچ بىلەن دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ بۇ مەسىلىدە

---

① بۇ يەردە ئىشق بالاسى نەزەردە تۇتۇلغان.

پىيىربا ختەك مۇھەببەتنى ئۇلۇغ ئىجتىمائىي تېما دەرىجىسىگە كۆتۈردى. نەۋائىچە، مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى ئىنسانغا ۋە ئۇنىڭ ھاياتىغا بولغان مۇھەببەتتىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسانىنىڭ ئۆز ماھىيەتلىرىنى چۈشىنىشىنىڭ سەمەرىسى. ئۇ «ئىشق يۇلتۇزىنىڭ يالتىرىشى، ئىنسانىيەت نۇرى ۋە سافاسى ئاندىندۇر»، «ئىشقسىز — ئېشەك، دەردسىز — كېسەك» دەپ كۆرسىتىدۇ.

تەكىتلەش ھاجەتكى، نەۋائىنىڭ گۇمانىستىك ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت قاراشلىرى نوقۇل تەپەككۇر قىممىتىگە ئىگە بولۇپ قالماستىن، ئەينى زامان فېئودالىزمى شارائىتىدا، بولۇپمۇ روھانىيچىلىق، تەركىدۇنياچىلىق، ئىرقچىلىق ۋە ئاياللارنى كەمسىتىش قاتارلىق زامان زۇلمەتلىرى ئىنسانىيەتنى پارچىلاپ، ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى بولغان ئىنسانىي سەزگۇ، ئىجتىمائىي ھېسداشلىق ۋە ئىنسانىي مۇھەببەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى بىر - بىرلەپ خانىۋەيران قىلىۋاتقان شارائىتتا، بىۋاستە ئەمەلىي ۋە ئالىيجاناب تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق لازىم. نەۋائى گۇمانىزمىنىڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ماھىيىتى مانا مۇشۇ يەردە. ئىلاھىي مۇھەببەت دەرۋىشلىكىگە زىت ھالدا ئىنسانىي مۇھەببەت قاراشلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەينى زامان تەپەككۇر مۇنبىرىدە زور قەيسەرلىك ئىدى. بۇ قاراشنىڭ يۈز مىڭلارچە مىسرالار بىلەن بېزەلدۈرۈلۈشى ھەرقايسى زامانلار سەنئەت تارىخى ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ كارامەت زور خەزىنە!

※

نەۋائىنىڭ ئەخلاق ئىدىيىلىرى نەۋائى گۇمانىزمىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە بەدىئىي بالاغىتىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ

«ھەيرەتۇل ئەبرار» ، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ، «مىزانۇل ئەۋزان»، «مەجالىسۇن نەفائىس» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە نۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

نەۋائى ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەســـــرىدە، «ياخشىلىق» ۋە «يامانلىق»تىن ئىبارەت بىر جۈپ ئاساسىي ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى تۇتقا قىلىپ، جەمئىيەت، ئائىلە ۋە شەخسنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي ئەخلاقىي مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ.

نەۋائى بۇ ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا فېئوداللىق تۈزۈمى ئاساسىي قۇرۇلمىسى بولغان تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئۈستىدە ئەخلاقىي تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ پادىشاھلارنى «ئادىل» ۋە «زالىم» دېگەن ئىككى تۈرگە ئاجرىتىش ئارقىلىق ئەينى زامان جاھالىتىنى پاش قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئاقىل، ئادىل، غەمخور، غايىۋى پادىشاھ توغرىسىدىكى ئوتوپىك تەلىماتىنى تولۇقلايدۇ. ئۇ، ئاقىل، ئادىل، غەمخور پادىشاھ پارچىلانغان مەملىكەتنى مەركەزلەشكەن مەملىـــــكەتكە ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئۇ فېئودالىزمنى ھىمايە قىلغان شارائىتتا ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئوتوپىيىســـــــگە بېرىلىدۇ. نەۋائى ھەممىنى «پادىشاھ بەلگىلەيدۇ» نەزەرىيىسى قاراشلىرى بويىچە جەمئىيەتنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى پادىشاھنى ياخشىلاش دەپ مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ بۇنىڭغا، بەھرەمنىــــڭ شىكارغا چىققاندا بىر كەمبەغەلنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ ئەقىلغا كەلگەنلىكىنى مىسال كەلتۈرىدۇ. نەۋائى مۇنداق دەپ يازىدۇ:

شاھكى ئىش ئادىل ئىلە بۇنياد ئېتەر،
ئادىل بۇزۇق مۇلكىنى ئاباد ئېتەر.

كاپىر ئادىل ئانى ئاباد ئېتىپ،
مۆمىنى زالىم ئانى بەرباد ئېتىپ.

نەۋائى جەمئىيەت ۋە مەملىكەتنىڭ ئاۋات ياكى خارابلىقى پادىشاھنىڭ مۇسۇلمان ياكى غەيرىي مۇسۇلمانلىقىغا ئەمەس، ئادىل ياكى زالىملىقىغا باغلىق دەپ قارايدۇ.

نەۋائى ساراي ئەمەلدارلىرى مەسىلىسىدە دۆلەت پادىشاھى قاراشلىرىغا ئوخشاش قارايدۇ. ئۇنىڭ شەيخلەر ھەققىدىكى قاراشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ياندىشىدۇ. نەۋائى سىياسىي ـ ئەخلاقىي قاراشلىرىدا ئۇنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرىغا قارشى خەلقپەرۋەر، تىنچلىقپەرۋەر ئىدىيىلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

نەۋائى ئەينى زامان ئىجتىمائىي تەبىقىلىرى، بولۇپمۇ دېھقانلار، ئەقلىي ئەمگەكچى — مۇدەررىسلەر، تېۋىپلار، كاتىپلار، ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر ھەققىدە يەنىلا ئەخلاقىي تەھلىل يۈرگۈزىدۇ.

نەۋائى ئەسىرىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسىملىرىدا، ئائىلە، ئىجتىمائىي ۋە كەسپىي ئەخلاق، ھەرخىل پەزىلەتلەر ئۈستىدە كەڭ توختىلىدۇ.

نەۋائى ئاياللار، مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەسىلىسىدە توختالغاندا ئەقىللىق، سەرەمجان، خۇش كۆڭۈل ئاياللارنى ئائىلىنىڭ گۈلى ۋە تايانچى، ئۇلارنى قەدىرلەش لازىم دەپ قارايدۇ. ئۇ تىلى بىزەپ، هاراقخور ئاياللارنى ئائىلىنىڭ زاۋالى دەپ كۆرسىتىدۇ. نەۋائى ئىشق ـ مۇھەببەتنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن زۆرۈر ۋە ۋاجىپ بۇرچ دەپ كۆرسىتىدۇ. نەۋائىچە، مۇھەببەتسىز ھايات ھەقىقىي ھايات ئەمەس، ۋاپا — مۇھەببەتنىڭ شەرتىدىن ئىبارەت. نەۋائى

ۋاپا كاتېگورىيىسىنى كېڭەيتىپ، ۋاپا — ئىنسانىيەت تاجىنى بېزەپ تۇرغان بىباھا گۆھەر، دەيدۇ. نەۋائى پەقەت «جاھان گۈلشەنى ۋاپا گۈلىدىن زىنىنەتسىزدۇر» دەيدۇ.

نەۋائى «قانائەت» تىن ئىبارەت ئىسلام شەرقىدىكى ئاساسلىق ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى روھانىيچە ئىزاھلاشلاردىن ئېرىغداپ، ئۇنى تەمەگەرلىك، ئاچكۆزلۈك قاتارلىق روھىي ئازابلاردىن قۇتۇلدىغان روھىي ئەركىنلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدە چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ قانائەتنى «سۈيى قۇرۇماس بۇلاق»، «بايلىقى پۈتمەس خەزىنە»، «كىشىگە ئىززەت ـ ھۆرمەت مېۋىسىنى سوۋغا قىلىدىغان دەرەخ» دەپ كۆرسىتىدۇ.

نەۋائى «سەۋر» دىن ئىبارەت ئەخلاق كاتېگورىيىسىنى «ئۆزى ئاچچىق»، ئەمما مېۋىسى تاتلىق، ئۇ، زىياننى يوقىتىدىغان مەنپەئەتلىك ئەخلاق دەپ قارايدۇ.

نەۋائى كەمتەرلىك (تەۋەززۇ) ئەخلاقىنى تەكەببۇرلۇققا قارشى قويىدۇ. بۇنى ھەم ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەخلاق، ھەم ئەمەلدارلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى سۈپىتىدە تەكىتلەيدۇ. ئۇ تەكەببۇرلۇقنى مۇنداق مەسخىرە قىلىدۇ:

ئادەم ئولغان زىبى زاھىردىن دېمەس،
كىمكى ئاندىن فەخر ئېتەر ئادەم ئەمەس.

نەۋائى «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسەرلىرىدە شېئىرىي ۋە مۇھاكىمە نۇتقى ۋاستىلىرى ئارقىلىق سېخىيلىق، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، كەمتەرلىك، مۇلايىملىق، ساداقەتلىك، راستچىللىق، ئىلىمپەرۋەرلىك، ئەمگەك سۆيەرلىك، ساخاۋەتلىك قاتارلىق ئىجابىي ئەخلاق –

پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئەكسى ھالدا بېخىللىق، قاتتىق قوللۇق، بىۋاپالىق، تەكەببۇرلۇق، قۇۋلۇق، يالغانچىلىق، ھۇرۇنلۇق، پىتنىخورلۇق، ھەسەتخورلۇق، جاھىللىق، ئاچ كۆزلۈك، ھاراقكەشلىك قاتارلىق سەلبىي ئىللەتلەرنى قارىلايدۇ، پاش قىلىدۇ، كىشىلەرنى مۇنداق ئىللەتلەردىن خالىي بولۇشقا چاقىرىدۇ. ئۇ مەردلىكنى مەدھىيىلەپ:

مەرد كىشىدۇر خىزمەتىدىن قايتەرمىغان باش،
ئەگەر ئاسماندا باشىڭگە ياغسا ھەم تاش.
ئەگەر ئۇل تاشلار بىلەن باشىڭ يارىلغاي،
سائادەت بەلگىسى بولۇر، گەر يارا ئورنى قالغاي.

دەپ يازسا، توغرىلىق ـ سەمىمىيلىك ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

ھەر كىشى كىم تۈزلۈك ئېرۇر شېۋەسى،
كەجرەۋ ئېسە چەرخ، نە ئەندىشەسى.

نەۋائى يامانلىق دەسلەپ ئۆزىگە زىيان سالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

※

ئەلىشىر نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس»، «مىزانۇل ئەۋزان» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. نەۋائى ئەدەبىيات تەلقىنى، شېئىرىيەت تەنقىدى پىكىرلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەنە (مەزمۇن) ۋە شەكىل ھەققىدىكى پىكرىنى ئېچىپ بېرىدۇ. نەۋائى شېئىرىيەتنىڭ مەنىسىزلىكى، غايىسىزلىكى، مەنتىقىسىزلىكىنى قاتتىق تەنقىد قىلىش بىلەن بىللە، شەكىل مۇكەممەللىكىنى سەنئەتنىڭ ئىنتايىن مۇھىم شەرتى دەپ

قارايدۇ. ئۇ بۇ پىكرىنى «ھەيرەتۇل ئەبرار» داستانىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن:

نەزمىدە ھەم ئەسل ئاڭا مەنە تۇرۇر،
بولسۇن ئانىڭ سۇرەتى ھەرنە تۇرۇر.

نەۋائى بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئەدىب خاراكتېرىدىكى ياخشى پەزىلەت ياكى يامان ئىللەتلەرنىڭ ئەسەر مەزمۇنىغا بولىدىغان تەسىرىنى دىققەت نەزەرىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، نەۋائى ئىجادىيەتتە دەۋر تەلىپى ۋە دەۋر سەۋىيىسى بولۇشى لازىملىقىنى، يېڭىلىق يارىتىشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ مەۋلانە نەركىس، خوجا مۇسا قاتارلىق مۇئەللىپلەرنىڭ ئىجادىيەت ئوغرىلىقلىرىنى شەپقەتسىز تەنقىد قىلىدۇ.

نەۋائى بەدىئىي ئىجادىيەت سۈپىتىنى كۆتۈرۈشتە سەنئەتچىلىك سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش ھالقا، بۇنىڭ ۋاستىسى جەمئىيەتكە پايدىلىق پەنلەر بىلەن تەربىيىلىنىش ھەم شۇغۇللىنىشتىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ.

نەۋائى مۇزىكا سەنئىتى، سازەندە ۋە ناخشىچىلارغا يۇقىرى ھۆرمەت بىلەن قارىغان. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، مۇزىكا خۇش ناۋاسىدىن كۆڭۈل قۇۋۋەت تاپىدۇ، ناخشىنىڭ خۇش ئاۋازىدىن روھ بەختكە ئېرىشىدۇ. ئۇ مۇنداق يازغاندى:

ئەي نەۋائى، تاپتى مۇترەب سازىدىن كۆڭلۈم ناۋا،
گوئىيا جان رىشتەسىگە تەگدى مىزرابى ئانىڭ.

نەۋائى تراگېدىيە ۋە كومېدىيە — ساتىرا ھەققىدە بىرەر

مەخسۇس ئەسەر يازمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ «خەمسە» داستانى ۋە تەنقىدىي ھەجۋىي ئەسەرلىرى ئۇنىڭ بەدىئىي گەۋدىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن. نەۋائىنىڭ تراگېدىيە ۋە كومېدىيە ئىدىيىسى تەھلىل قىلىشقا مۇناسىپ مۇھىم خاس تېما ئىكەنلىكى روشەن.

نەۋائى «مىزانۇل ئەۋزان» ناملىق مۇھىم ئەسىرىدە شېئىرىيەت ئېستېتىكىسى مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلدى. نەۋائى تۈركىي شېئىرىيىتىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دەۋرىدىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى خۇلاسىلەش، ئومۇمىي «ئارۇز» بەھرلىرىنىڭ، بولۇپمۇ «تۈركىي ئارۇز» ۋەزنلىرىنىڭ شېئىرىي تۈرلىرىنى يەكۈنلەش، «ئارۇز» سىستېمىسىغا يېڭى قوشۇمچىلار كىرگۈزۈش ئۈچۈن بۇ ئەسەرنى يازدى. ئۇ خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ «ئارۇز» نەزەرىيىلىرىنى، شەمس قەيس، خوجا نەسىر تۇسى، ئاتائۇللا ھۇسەيىن، ئابدۇراھمان جامىنىڭ بۇ جەھەتتىكى خاس ئەسەرلىرىنى تەھلىل قىلدى. نەۋائىدىن كېيىن «تۈركىي ئارۇز» مەسىلىسى ئۈستىدە زۇھۇرىدىن مۇھەممەد بابىر «ئارۇز رىسالىسى» ناملىق ئەسەر يازدى.

ئومۇمەن، ھازىرقى زامان پەلسەپىۋى قاراشلىرى بويىچە، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ دۇنيا قارىشى مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك. ئۇ ئىدېئالىزم پەلسەپىۋى يۆنىلىشىدە ئىزچىل تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئىنسانىيەت ۋە ئۇنىڭ ئەقىل - پاراستىنى ئېچىش، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت - سائادىتىنى كۈيلەش، فېئوداللىق زۇلۇم، ئىنسانىي ۋە ئىرقىي ھاقارەت، فېئوداللىق جاھالەتكە قارشى گۈزەل ئىدىيىۋى مەزمۇنلار بىلەن سۇغىرىلغان، يۇقىرى بەدىئىيلىككە ئىگە كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى قالدۇردى. سەنئەت دۇنياسىنىڭ ئالەمشۇمۇل نامايەندىلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە، نەۋائى ئوبرازى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى مەدەنىيەت تارىخىدا مىسلىسىز يۈكسەك ئۈلگە ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# XVIII باب زەلىلى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى

مۇھەممەد سىدىق زەلىلى (تەخمىنەن 1676 — 1746) XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XVIII ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشىغان مۇتەپەككۇر شائىر. زەلىلى يەكەن، قەشقەر، خوتەنلەردە ياشىغان مۇتەپەككۇر شائىر. زەلىلى ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى، ئۆزىنىڭ پەلسەپە - ئىجتىمائىي قاراشلىرىنى ئاجايىپ مەنىلىك لىرىك شېئىرلىرى ۋە داستانلىرى ئارقىلىق روشەن ئىپادىلىدى.

زەلىلى ياشىغان يىللار يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقى (1513 — 1678) ئاخىرلاشقان، «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار كۈرىشى ئۆتكۈرلەشكەن، ھىدايىتۇللا ئاپپاق خوجا باتۇر قۇنتەيجىنىڭ تۆتىنچى ئوغلى غالدانىنىڭ ھامىيلىقىدا، 1678 - يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمايىل خان (1670 — 1678) قولىدىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغان، غالدان 1697 - يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاكىسى جەڭگىنىڭ ئوغلى سىۋام ئارابىدە 1700 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم دەپسەندە قىلغان، ئاپپاق خوجا ئەۋلادلىرىنىڭ 80 نەچچە يىللىق پاراكەندىچىلىك قىرغىنچىلىقلىرى قانلىق ئىجتىمائىي پاجىئەلەر پەيدا قىلىپ تۇرغان ئەڭ جاھالەتلىك يىللار ئىدى.

بۇ دەۋردە ئىلغار مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبلەرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر قاراشلىرى ئوخشىمىغان شەكىلدە ئىپادىلىنىپ تۇردى.

زەلىلىنىڭ «دىۋان زەلىلى» ، «كۇللىيات دىۋان زەلىلى» توپلاملىرىغا كىرگەن ئۆتكۈر پىكىرلىك غەزەللىرى بىلەن ئۇنىڭ «سەپەرنامە» ، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار» ، «تەزكىرەئى چىلتەن» ناملىق ئۈچ داستانى يورۇقلۇققا چىقتى.

زەلىلى يەكەندە كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغانلىقى مەلۇم، ئۇ 87 ـ غەزىلىدە:

تاۋاپ ئىمام ئەيلەگەلى كەتتى بۇ زەلىلى،
ياركەند ئىچرە ئەيلەسۇن ئابۇ زەمىنى يوق.

دەپ يازسا، 134 ـ غەزىلىدە:

بالا دەشتىدىكى ئاۋازىلەرنىڭ خىلىدىندۇرمەن،
ھىسار ئۆلدى مەلۇمەت دەشتىدە بۇ جىسمى ئۇريانىم.

دەپ، ئۆزىنىڭ يوقسۇل ـ يالىڭاچلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

زەلىلىنىڭ ئوقۇش تارىخى ۋە تەربىيىلىنىش ئەھۋالى نامەلۇم، ئەمما زەلىلى «سەپەرنامە» داستانىدا 30 ياشقىچە يەكەندە تەربىيىلەنگەنلىكىنى ئىپادىلىگۈچى مىسرالارنى تىلغا ئالغان. ئۇ ئابدۇرەشىد خان زامانىسىدا قۇرۇلغان مەدرىس ھەققىدە توختالغاندا:

چەشمە چىراغى ھەمەئى مەملىكەت،
رەۋنەقى باغۇ چىمەنى مەئرىفەت.
بىر تەرەفى مەدرەسەئى خانىدۇر،
ئىلىم بىلەن فەزلى گۈلىستانىدۇر.

جەمئىي ئىكەن مەدرەسە ئالىمان،
رەۋشەن ئولۇپ ھەر بىرى شەمئى جاھان ...
گەرھى مۇتالىئە دە ھەنگامە،
دەرس بىرۇر ۋەقتىدە ئاللامە.
ئالىم ھەم ئامىل ئاخۇن ئۈچۈن،
مەسنەدە ھىكمەتتە ئەفلاتون ئۈچۈن.

دەپ، بۇ مەدرىستە شېئىرىيەت ۋە پەلسەپىدە ئەپلاتونغا دەرس بېرىدىغان مۇدەررىسلەر بولغانلىقىنى يازىدۇ. زەلىلى مۇنداق ئاۋات مەنزىرىنىڭ كېيىنكى خاراب ھالىتىنى 19 ـ غەزىلىدە مۇنداق يازىدۇ:

چىندا مۇسافىردۇرمەن ماچىن ئىچرە غەرب،
يار يۈزىنى كۆرمىدىم مۇنچەكى مەن سارغايىپ.
كەتتى بەس زۇفۇنۇن، كەلدى بەس ئەھلى جۇنۇن،
بولمارى مەندەك زەبۇن، دىلبەرىدىن ئايرىلىپ.

زەلىلى 40 ياشلارغا كەلگەندە ئۆز يۇرتى يەكەندىن ئايرىلىپ «دىنىي نىجادىيەت» سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن قەشقەر ئارقىلىق بەشكېرەمنى كېزىپ، ئاتۇش مەشھەتتە ئۈچ يىل تۇرۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىدۇ. زەلىلى يەكەنگە قايتىپ، ئۆز يۇرتىدا تۇرالماي، خوتەن تەرەپكە قاراپ سەپەر قىلىپ خوتەندە تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ خوتەندە ئۆتكەن ۋاقىتلىرى ئۇنىڭ تىخىمۇ ۋايىغا يېتىش، شېئىرىيەتتە بەدىئىيلىك كامالىغا ئېرىشىش يىللىرى بولدى. ئۇ سىياسىي كۈرەشلەر قايىنىمى بولغان يەكەندىن سوپىلىق تۈتەكلىرى

ھەممىنى يوشۇرۇپ تۇرغان خوتەنگە كەلگەندە خۇددى «ئالەمدىن يوقالغان» دەك ئىز - دېرەكسىز بولۇپ كەتتى. ئۇ خوتەندە يەتتە يىل تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، يېڭى قىياپەت بىلەن مەشھۇر سوپىزمچى مەنسۇر ھەللاجىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قاراڭغۇ تۇندىكى يورۇق مەشئەل، پىغانلىق شەھەردىكى مۇڭلۇق بۇلبۇل، خوتەن چاھار بېغىدىكى سەرگەردان مۇتەپەككۇر ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

كۆرۈڭكىم شەپ ئېلىدە[①] تۇندە مەشئەلدىن قىراغىم بار،
سۋارى ئاھىدىنكىم شۆلەئى كۇندىن چىراغىم يار.
گۇلى بۇلبۇل تەغەررۇق[②] ئەيلەمەكتىن ھاجەتىم يوقتۇر.
خىيالى ئەنۋەرى رەڭگى بىلەن گوياكى باغىم بار.
پىغان شۇرىدە بۇلبۇلدىن كى ئەي گۇل سەن ھەزەر قىلغىن،
گۇلىستانى خازان بولغايمۇ دەپ كۆپ تۇريە داغىم بار.
كەل، ئى مەنسۇر بولۇپ ساقى، سىرىمنى ئاشكار ئەيلەي،
ئىچىپ كۆر لالە يەڭلىغ خۇنى ھەسرەتتىن ئاياغىم[③] بار،
زەلىلى يەتتە يىلدۇر ئەل كۆزىدىن بولدى ناپەيزا،
ئامانىمەنكى خوتەننىڭ چار باغىدىن سوراغىم بار.

زەلىلى ئاخىرقى ئۆمرىنى خوتەندە ئۆتكۈزىدۇ، ئۇ سەرگەردان پۇتۇكچىلىك بىلەن نامراتلىق ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇ ھايات ئارمانلىرىنى ئىزھار قىلىپ، 681 - غەزىلىدە مۇنداق يازغانىدى:

① قاراڭغۇلۇق، زۇلمەتلىك ئەلدە.
② ئايرىۋېتىش.
③ قەدەھ، كاسە، جام.

www.uyghurkitap.com

بۇ كۆڭۈل بۇلبۇل گوياكى ئاسمان ـ زېمىننى قەفەس،
سۇندۇرۇپ پەرۋاز ئېتەرگە نالە ئەيلەر ھەر نەفەس.
بىمادارا ئىچىدە بۇ كائىنات زۇلمەت چېكەر،
بەرقى يەڭلىغ ئۆتكۈزەرمەن زەئىپ ئۆمرۈمنى ئەبەس.

ياشانغان شائىر ئۆز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا (95 ـ غەزەل):

ھۇنۇز بەرگ ئەيىنىنى ئاچماي زەلىلى جان بەردى،
جەفايى يار كۆرۈك ھەممەتتە گاداغا باقىلىڭ.

دەپ، ئۆزىنىڭ كۈن ـ كۆڭۈل يورۇماي ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ، جاپاكەشلەرنى دوست تۇتۇش، ھەممەتتە كەمبەغەللەرگە نەزەر سېلىشنى تەۋسىيە قىلىپ كەتتى.
زەلىلىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى سوپىزىم بىلەن نىقابلانغان پانتېئىزملىق ئىدىيىدىن ئىبارەت.
زەلىلى ئىدىيىلىرىگە مەنسۇر ھەللاجى قاراشلىرىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ غەزەللىرىدە ھەللاجىنى ۋە ئۇنىڭ «ئەنەل ھەق» (مەن — تەڭرى) تەلىماتىنى ئۇن نەچچە قېتىم تىلغا ئالغان ۋە بۇنى «سىر سۆپىتىدە» ساقلىغان. ئۇ 23 ـ غەزىلىدە:
«بىر قەترەئى ئىشقى رەمزەئى ‹ئەنەل ـ ھەق› ئېتۇر» دېسە، 28 ـ غەزىلىدە:

تەفەررۇج[1] قىل دىلۇ جانىنى بەرباد ئەيلەدى مەنسۇر،
ئەنەلھەق رەمزىنى بىر قەترەئى مەيدىن ئىيان ئەتكەچ.

---

① ئادا ـ جۇدا.

دەيدۇ. ئۇ 42 ـ غەزىلىدە:

«كەل، ئى مەنسۇر بولۇپ ساقى سىرىمنى ئاشكار ئەيلەي»

دېسە، 31 ـ غەزىلىدە:

«مەنسۇر ئەنەلھەق سىرىنى ئەيلەدى زاھىر».

دەپ يازىدۇ. ئۇ 67 ـ غەزىلىدە تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن:

مەيى مەنسۇرىدىن مەستى ئەنەلھەق بولماغىلىق ھاجەت،
سەراپا ئۇستىخانىڭ تەختە بەندى جويدار ئەمەس.

دەپ يازىدۇ. ئۇ 70 ـ غەزىلىدە:

رەمزى ئەنەلھەق نەدەپ ئىشق ئېلىدىن ئاشكارا،
چۇنكى پەرىزاتلار قاشىنى دار ئەيلەمىش.

دېسە، 88 ـ غەزىلىدە:

دارۇگىر ئىشقىنىڭ[1] تاراجىدىن مەنسۇرۋار،
نەغمەئى جۇشى ئەنەلھەق چەككەلى مەردانە يوق.

دەپ يازىدۇ. ئۇ 128 ـ غەزىلىدە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمگە ھازىر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ:

قەدەھ مەنسۇر ئاتىغا تولدۇرۇپ كەلتۈرگىل ئەي ساقى،
تەنىمدە ھەم گۆھەر ئۇستىخاندا ھەم رەسەن[2] كەلدىم.

---

① غەلۋىچى، تىنىم بەرمەس.
② ئارغامچا.

دەپ يازىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر رۇبائىيسىدا ئالەمدىن نوھ، ھەزرىتى ئەلى ۋە مەنسۇر ھەللاجىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى قايغۇ بىلەن تىلغا ئېلىپ مۇنداق يازغان:

نوھى كى جەھان ئىچرە دىلگىر ئىدى، ئۆتتى،
ھەيدەرچۇ ۋىلايەت بىلەن بىر شىر ئىدى ئۆتتى.
مەنسۇر ئەگەر چەندە ئەنەلھەق دېدى ئاخىر،
دار قويدى جۇنۇن بويىندا زەنجىر ئىدى، ئۆتتى.

روشەنكى، زەلىلى ئۆزىنى تەسەۋۋۇپنىڭ مەنسۇر ھەللاجى ئېقىمىغا باغلايدۇ، ئۆزىمۇ «ئەنەل ھەق» رەمزىسىنى سىر سۈپىتىدە ساقلاشقا تىرىشىدۇ.

زەلىلى ئۆز شېئىرلىرىدا تەسەۋۋۇپنىڭ پېشىۋالىرىدىن شەمسى تەبرىزى، پەرىدىددىن ئەتتار، مەۋلانە جالالىددىن رۇمى قاتارلىقلارنىڭ نامىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان «مەنتىقۇتتەيىر»[1] (قۇش نۇتقى) ناملىق ئەسىرىدىن كەڭ پايدىلانغانلىقى مەلۇم. «مەنتىقۇتتەيىر» دە «سۇمۇرغ — تەڭرى»، «ھودھود (ھۆپۈپ) — سوپى ـ ئىشان» ۋە «قۇشلار — ئادەم» مۇناسىۋىتى تەسەۋۋۇپچە ئىزاھلانغانىدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىن كىچىك ئاسىياغا كۆچۈپ كەتكەن جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى مەنەۋى» ناملىق شېئىرلىرى ۋە شەمسى تەبرىزىگە ھۆرمەت يۇزىسىدىن دىۋان

[1] بۇ كىتاب ھازىرغىچە شىنجاڭدا خەلق ئىچىدە ساقلانغان، بەزىدە نەۋائىنىڭ «لىسانۇتتەيىر» (قۇش تىلى) گە ئالماشتۇرۇۋېلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن.

«شەمسىددىن تەبرىزى» نامىدا ئېلان قىلغان لىرىك تەسەۋۋۇپلۇق شېئىرلىرى زەلىلىگە دائىمىي قويۇن دەپتىرى بولغانلىقى ئېھتىمال ئۇلار شەيخ سەئىدى، ھافىز شىرازى، ئابدۇراھمان جامى بىلەن قوشۇلۇپ سوپىستىك ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي نامايەندىلىرى بولغانلىقىدا ئىدى.

زەلىلى 119 ـ غەزىلىدە پەرىددىن ئەتتارنى ئۆزىگە پىر قىلىپ مۇنداق يازغان:

خەلق ئۆزرە پەردەئى غەپلەت نەدىندۇر بىلمەدىم،
مەن دەغى غارى فەنا دىن ئەمدى بىدار ئولمىشىم.
بۇ زەلىلى ۋاقىفى سىررى ئىلاھا بولماغاچ،
جانۇ دىل بىرلە مۇرىدى غەيخ ئەتتار ئولمەشەم.

ئۇ، 195 ـ غەزىلىدە ئۆزىنىڭ شەمسى تەبرىزى ۋە جالالىددىن رۇمىغا بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

نە مەۋلانە رۇمى ئۆزلۈكىدىن ئارىف ئولدىلەر،
زەلىلى، تەربىيەت تاقىلماغۇنچە شەمسى تەبرىزى.

روشەنكى، زەلىلىنىڭ ئىدىيىۋى ۋە بىلىم مەنبەلىرى ئەينى زامان سوپىزم كلاسسىك مەنبەلىرى بىلەن باغلانغانىدى.

زەلىلى مەنسۇر ھەللاجى ۋە شەمسى تەبرىزى، پەرىددىن ئەتتار، جالالىددىن رۇمىدىن ئىبارەت X — XIII ئەسىرنىڭ ئىككى تارىخىي قاتلام سوپىزم قاراشلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن كېيىن، ئۆزىگىچە ئەڭ يېقىن ئۇچىنچى قاتلام بولغان XIV ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا سوپىزمىنىڭ مەشھۇر

نامايەندىسى مۇھەممەد باھاۋىددىن نەقشبەندى (1314 — 1388) تەرىقىتى توغرىسىدا، 89 ـ غەزىلىدە مۇنداق يازىدۇ:

تەرىقى نەقشەبەندى ئاڭلىدىم① زىبار رەۋىسلىكتۇر،
كۆڭۈل مەستى ئىلاھى ئەل كۆزىدە پارسا بولماق.
زەلىلى يار ئىلە خوبلاشقاندا تۇرفە يىغلايدۇ،
نە قاتتىغ كۈن ئىكەن بىر ياخشىدىن ئۆلمەي جۇدا بولماق.

زەلىلىنىڭ رېئال ھاياتنى سۆيىدىغان، رېئال ھاياتتىكى خەلق تەقدىرىگە «ئاتەش سۇمۇرغ» دەك كۆيۈنىدىغان، مەي تۇتقان گۈزەل جانان، «قېشىدا ئوسما ۋە كۆزىدە سۇرمىسى» بولغان گۈزەللەر، رەققاس ـ ئۇسسۇلچىلار، نەي، قالۇن، راۋاب، ئەرغەنۇن ۋە «ئىراق»، «ئەجەم»، «ئوشاق» مۇقاملىرى ھەققىدىكى شېئىرلىرى ئۇنىڭ نەقشبەندى سوپىزمى قاراشلىرىنى ئەستىقلايدۇ. ئۇ 217 ـ غەزىلىدە:

كوھنە لەنگەرى ئالەم، كارۋان ئېرۇر ئادەم،
دەم ئالىپ ئۆتەر بىر دەم، سەن بۇ دەم غەنىمەت تۇت.
سەۋر قامەتى گۈل پۇش، زۇلفى كاكۇلى بەردۇش②،
ئەيلەدى كەفەن ئاغۇش③، ئەقلىڭ ئولسە ئىبرەت تۇت.

دېسە، 47 ـ غەزىلىدە ئۆمەر ھەييام بىلەن بىر پىكىردە:

دەير④ ئىچىگە قوي قەدەم، مەستى مەي مۇغانە بول⑤ ،

① بىلدىم، چۈشەندىم.
② مۈرە، يەككە.
③ قۇچاق، باغىر.
④ مەيخانا.
⑤ راسا مەست بول.



www.uyghurkitap.com

خىزر سۇيى ئىستەمە تاپقۇچە روزگار[1] ئۆتەر.

دەيدۇ. ئۇ 22 ـ رۇبائىيسىدا يەنە شۇ ئاھاڭدا:

دۇنياچۇ رەبات، كارۋان ئادەمدۇر،
ھەر ئادەمنىڭ ئىچىدە يۈز ئالەمدۇر.
مىڭ يىل ياشىساڭ جاھاندا چۈن نوھ كەبى،
ئاخىر ئۆلەرسەن غەنىمەت ئۇشبۇ دەمدۇر.

دەپ يازىدۇ. ئۇ مۇزىكا، ئۇسسۇلدىن ئىبارەت ئىسلام مۇتەئەسسىپلىرى قاتتىق چەكلىگەن سەنئەتنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختايدۇ. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

نەغمە بىلەن تازەدۇر جانلەر،
نەغمە بىلەن شاد پەرىشانلەر.
نەغمە بىلەن روھى گىرىفتار تەن،
نەغمە بىلەن قىلدى فەراموش ۋەتەن.

روشەنكى، زەلىلىنىڭ سوپىستىك ئىدىيىسى رېئاللىق ۋە جانلىق ئىنسانىيەتنى مەزمۇن قىلغان، ئۇنىڭ «تەركى جاھان» قىلغانلىقى ئۆز غايىلىرى ئۈچۈن ياخشى نىقاب، ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «نۇغيان» (ئىسيان) قىلىۋاتقان سەۋدايىلىق (تەپەككۇر) نى باغلاپ تۇتۇپ تۇرىدىغان زەنجىر (ئىشق)[2] دىن باشقا نەرسە ئەمەس.

زەلىلى ئالەمنى تەڭرى ياراتقان، ياراتقاندىمۇ ئىنساننى

---

① ئۆمۈر.
② 13 ـ غەزەلگە قارالسۇن.

مەقسەت قىلىپ ياراتقان، ئالەمنىڭ ماھىيىتى ۋە سىرى تەڭرىنىڭ ئىنسانغا، ئىنساننىڭ تەڭرىگە ۋە ئىنساننىڭ ئىنسانغا مۇھەببىتىدىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭچە، ئالەم ماددىي نەرسىدىن ئىبارەت، ئۇ تەڭرى ياراتقان ۋە تەڭرى ئۇنىڭدا ئۆزىنى تەستىقلىغان، «پىششىق» ئالەمنىڭ بىرىنچى ۋە باش سەۋەبىدىن، ھەممىنىڭ ئاساسىي ۋەجى ۋە ئىزاھاتىدىن ئىبارەت.

زەلىلى 19 ـ رۇبائىيسىدا «ئىقلىم ئاناسىرى» تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتنى ئېتىراپ قىلىدۇ، 171 ـ غەزىلىدە كائىناتتىكى مەۋجۇدىيەتنىڭ زەررە شەكلىدە ساقلانغانلىقىنى، ئۇلار تەڭرىنىڭ تەبىئەتتە مەۋجۇتلۇقىغا شاھىدلىق قىلىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەيدۇ:

بۇ كائىنات ئىچىدە زەررە ـ زەررە مەۋجۇداد،
دېدىلەر: ئەشھەدۇ ئەن لائىلەھە ئىللەللاھ.

زەلىلىنىڭ قارىشىدا تەبىئەت تەڭرىنىڭ شاھىدى، ئىپادىسى دېگەن چۈشەنچە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، خۇددى مەنسۇر ھەللاجىدەك، تەڭرى ئادەمدە دېگەن قاراشقا يۈزلىنىدۇ. ئۇ 164 ـ غەزىلىدە:

سەن ئۆزەڭگە تاماشا قىل،
ھەر نە ئاجايىپكى باردۇر ئادەمدە.
ئەقلى كامىل تەنىڭدە جەيھۇندۇر،
نەتىلەر سەن سۇ قەترەئى نەمدە.
ئەرغەنۇننىڭ ساداسىدىن كۆيەدىم،
شوئلە تاشلايدۇ زىر ئىلە بومدە.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور بېكىتى

قايدا ئەيسا كەبى مەسىھايى،
كۆرگەي ئەسرارى ھەقنى مەريەمدە.
تەشنالىق قانمادى لەبىڭ شورماي،
نى شەرابۇ نە جامى زەمزەمدە.

دەپ يازىدۇ. دېمەك ئۇ، ئاجايىپ سىر ئىنساندا، ئۇنى سەن چوڭقۇر ئويلان، كامىل ئەقىل — بىلىش دەرياسى (ئامۇدەك) سەندە تۇرۇپ، بىر قەترە سۇدىن نېمىنى بىلمەكچى ئىدىڭ. قارا، ياغاچتىن ياسالغان ئەرغەنۇن چالغۇسىغا، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ زىل ۋە بوم ئاۋازى ئىپادىلىنىپ مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىدۇ. ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئۆلۈكنى تىرىلدۇرۇشى نەدىكى ئىش. تەڭرىنىڭ سۈرىتىنى ئىزدىسەڭ بۇۋى مەريەمگە قارىساڭ بولدى. پەقەت ئىنساننىڭ لېۋىنى سۆيۈپ تەشنالىقىڭنى قانائەتلەندۇرمىسەڭ، زەمزەم قۇدۇقىغا شاراب توشقۇزۇپ ئىچسەڭمۇ ئۇسسۇزلۇقىڭ قانمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ ئۆز غەزەللىرىدە تەڭرى گۈزەللىكى بىلەن ئىنسان گۈزەللىكى، تەڭرىگە بولغان ئىزدىنىش ۋە مۇھەببەت بىلەن ئىنسانغا بولغان ئىزدىنىش ۋە مۇھەببەتنى بىرلەشتۈرۈپ يازغان. ئۇ 52 ـ غەزىلىدە:

باقبان ئەل سارى جانا، يۈزۈڭدىن بىر نىقاب ئالساڭ،
روخۇڭنى چۈن مەھى ئەنۋەر[1] تەجەللەئى خۇدا دەرلەر.

دەپ يازغان. ئۇ تەڭرى مەلۇم دەرگاھتا — ئىبادەتخانىدا بولىدۇ، ئىبادەتخانىلار تەڭرىنىڭ ئۆيى دېگەن قاراشلارنى مازاق قىلىپ،

① يۈزۈڭنى ئاي نۇرى، ھەتتا خۇدانىڭ شولىسى دەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

121 ـ غەزىلىدە تەبىئەتتە ئۇنىڭ خاس ماكانى يوق دەپ مۇنداق يازىدۇ:

چىللەنىشىن شەيخلەر سەۋمەئا[1] دىن چىقىڭ بەلى،
تەڭرى چۇ لامەكان[2] ئېرۇر، يوق ئاڭا مەنزىل مەقام[3] .

ئۇ تەڭرى — تەبىئەتنىڭ بىرەر دىنغا، مەزھەپكە خاس ئەمەسلىكىنى بىرقانچە قېتىم تىلغا ئالغان، 168 ـ غەزىلىدە:

مۇسۇلمان مەزھەبىگە ئوت سالىپ باشتىن ئاياغ ئۆرتەر،
كىيىپ باشىغە ئول كافىركى گۈلگۈن پەتتە دىن جالە[4] .

دەيدۇ.

زەلىلى مۇسۇلمانلىق نىقابىــغا يوشۇرۇنۇۋالغان رىياكار شەيخلەرنىڭ بىلىمسىزلىكى، جاھىللىقى ۋە خەلققە زۇلۇم سالغان گۇناھكارلاردىن ئىكەنلىكىنى ئۆزىنىڭ 35 ـ، 137 ـ، 55 ـ ۋە 116 ـ غەزەللىرىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

زەلىلى خانىقاھى كۆڭلۈك ئىچرە ئەربەئەيىن ئولتۇر،
مەجازى شەيخلەرنىڭ سۆھبەتى ئۇجبۇ[5] رىيا ئاخىر.

قەدرى تاجى مەرىفەت بىلمەيمىكىنلەر زوھىد ئېلى،
خاترى خۇشتۇر ھەمىشە جۇببە ۋە دەستارىدىن[6] .
مەئنىئى لائىلاھە ئىللەللاھۇنى بىلمەيىن،

---

① ئىبادەتخانا.
② ماكانسىز.
③ ئۆي، جاي.
④ قالپاق.
⑤ شۆھرەتپەرەسلىك، مەنمەنلىك.
⑥ سەللە ـ تون كىيگىنىگىلا خۇشال.

ئوقىلغان نەماز، روزى قوسۇن ـ قاسانەدۇر[1] .

رىيايى شەيخلەردىن تاپماغاي بۇيى مۇسۇلمانلىق،
بەرەھمەن سۇمناتى ئىچرەگە بىرىيەتپەرەست ئولدۇم.

ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى ئۇلۇغلايدۇ، 57 ـ غەزىلىدە دېھقان بىلەن تۆرىنى سېلىشتۇرۇپ:

مەغرۇر ناماز ئولماغىل ئەي زاھىدى خۇدبىن،
دېھقان سەمەندەر، قاشىدا تۆرە خەستۇر.

دەپ يازىدۇ.

زەلىلى ئەخلاقىي مەسىلىلەر ھەققىدە توختالغاندا راستچىللىقنى سەرۋى دەرىخىگە، ئەگرىلىكنى يىلانغا ئوخشىتىدۇ. ئۇ ئادالەت، ئىنساب ۋە ياخشىلىقنى كۈيلەيدۇ. ئۆز يۇرتىنى جەننەتتىن ئۈستۈن قويىدۇ.

---

① ئويدۇرما.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# XIX باب فۇرقەت ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى

«ئۆزبېك خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۆزبېك دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان زاكىرجان خالمۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 16 — يىلىنى ئىجادىي ۋە مەرىپەتچىلىك پائالىيەتلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزدى. بۇ جەرياندا ئۇ شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ دېموكراتىك، يېڭى بىر باسقۇچىنى يارىتىپ بەردى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى تەرەققىياتىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، شىنجاڭ ئەدەبىياتى خەزىنىسىنىڭ بېيىشىغا تېگىشلىك ھەسسە قوشتى.

فۇرقەتنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىك روھتىكى مول ئەدەبىي مىراسلىرى شىنجاڭ ئەدەبىياتىنىڭ يەنى قوشكېزەك ھالدا مەۋجۇت بولغان ۋە بىللە تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر، ئۆزبېك ۋە باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ نادىر يادىكارلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن تا ھازىرغىچە خەلقىمىز تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ كەلمەكتە»[1].

---

① «فۇرقەت تاللانما ئەسەرلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، سۆز بېشى 1 ـ بەت.

فۇرقەت شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن يۇكسىلىشكە قاراپ ماڭغان، قەلىمى پىشقان دەۋردىكى ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ دەۋردە يېزىلغان ئەسەرلەر فۇرقەتنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. فۇرقەتنىڭ بۇ مەزگىلدە ئىجاد قىلغان مول ئەدەبىي مىراسلىرى ئۆزبېك خەلقىنىڭلا ئەمەس، ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئورتاق مەنىۋى بايلىقىغا ئايلانغان بولۇپ، فۇرقەت ئۇيغۇر خەلقىمۇ قەدىرلەيدىغان، شېئىرلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇيدىغان شائىرلاردىن بىرىدۇر.

## 1. فۇرقەتنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي مىراسلىرى

زاكىرجان خالمۇھەممەد ئوغلى فۇرقەت 1859 ـ يىلى 1 ـ مارتتا قوقەن شەھىرىدە ئۇششاق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى زامانغا لايىق ئىلىم سۆيەر، ئوقۇمۇشلۇق، ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن كىشى ئىدى. زاكىرجاننىڭ ئۆز بايانىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مەكتەپكە بېرىلىشىدە ئانىسىنىڭمۇ ھەيدەكچىلىك رولى بولغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭمۇ ئىلىمگە ئىخلاسمەن ئايال بولغانلىقىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

ئاتا ـ ئانىسى 1866 ـ يىلى يەتتە ياشقا كىرگەن زاكىرجاننى مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپكە يەنى، «موللا مۇھەممەد ئالىم مەكتەپدار»غا ئوقۇشقا بېرىدۇ. زاكىرجان ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ ساۋاتىنى شۇ يەردە چىقىرىدۇ. ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، مەكتەپتە ئۆگىنىلگەن ساۋاقلىرىنى پىششىقلاش

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرگە، ئۆزى مۇستەقىل ھالدا كۆپلىگەن كىتابلارنى ئوقۇيدۇ. ئۇ سەككىز يېشىدا پەرىدىددىن ئەتتارنىڭ چۈشىنىش قىيىن بولغان پەلسەپۋى ئەسىرى «مەنتىقۇتتەيىر» («قۇش نۇتقى»)نى ئۆگىنىشكە كىرىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە شۇنداق زور ئىشتىياق بىلەن ھافىز شىرازى، مىرزا بېدىل، فۇزۇلى، نەۋائىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇتالىئە قىلىشقا باشلايدۇ.

شەرق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىكى يۈكسەك بەدىئىي تالانتنى نامايان قىلىپ، چوڭقۇر گۇمانىزملىق روھ ۋە كۈچلۈك پەلسەپۋى پىكىرلەر بىلەن سۇغىرىلغان مىسرالار ئىلىم تەشنالىقى بىلەن ئاتەش بولۇپ يېنىۋاتقان ياش زاكىرجاننى شۇنچىلىك ئەسىر قىلىۋالغانىدىكى، ئۇ كېچە - كېچىلەپ كىتاب كۆرۈپ، ئۆگىنىپ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھېكمەتلىرىدىن كۆپرەك ئوزۇقلىنىشقا تىرىشىدۇ.

ئۇ 17 ياشقا كىرگەن يىلى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەدرىستىكى ئوقۇشىنى توختىتىپ ئىشلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1879 - يىلى يېڭى مەرغىلاندىكى (ھازىرقى پەرغانە شەھىرى) تاغىسىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ سودا ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن پەرغانە ۋىلايىتىنى باشقۇرىدىغان ئىدارە - ئورگانلار يېڭى مەرغىلانغا جايلاشقان بولۇپ، پەرغانە ۋادىسىنىڭ ھەممە جايلىرىدىن تۈرلۈك - تۈمەن كىشىلەر ئەرز - شىكايەت ئىشلىرى بىلەن يېڭى مەرغىلانغا كېلەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ساۋاتسىز بولغىنى ئۈچۈن ئۆز ئەھۋاللىرىنى كىمگە ئېيتىش ۋە قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەي قىينىلاتتى. زاكىرجان ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى خەلققە پايدىلىق

ئىشلارغا قاراتتى، دەردمەنلەرنىڭ ئەرزلىرىنى يېزىپ بېرىپ، ئۇلارغا يول كۆرسەتتى.

فۇرقەتنىڭ ئاددىي خەلق ۋەكىللىرى — ئېزىلگەن ھۈنەرۋەن - كاسىپلار، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان دېھقانلار بىلەن يېقىن باردى - كەلدى قىلىشى، ئەمگەكچى خەلق ھاياتىنى بىۋاستە كۆزىتىشى، ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاڭلىشى ئۇنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە كۈچىيىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەنىدى.

كىچىكىدىنلا شېئىرىيەتكە كۆڭۈل قويغان زاكىرجان مەكتەپتىكى يىللىرىدىلا ئانچە - مۇنچە مەشق شېئىرلىرىنى يېزىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ تۆۋەن قاتلام مېھنەتكەشلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھال - دەردىنى ئاڭلىشى، رېئاللىقتىكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان تۈرلۈك ۋەقە - ھادىسىلەر ئۇنىڭ قەلبىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ. ئۇ شېئىرىيەتتىن ئىبارەت بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئۆز غايىسىنى، ئىدىيىسىنى، خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادە قىلىشقا كىرىشىدۇ. زاكىرجان شېئىرىيەتكە قەدەم قويۇپ بىرقەدەر پىشقان شېئىرلارنى يېزىشقا باشلىغاندىن كېيىن، شېئىرلىرىدا «فۇرقەت» تەخەللۇسىنى قوللىنىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئايرىلىش، جۇدالىق» دېگەنلىك بولۇپ، ئېھتىمال شائىر ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى قوقەندىن ئايرىلىپ، باشقا جايلاردا يۈرۈۋاتقانلىقىغا ئىشارە قىلىش مەقسىتىدە مۇشۇ تەخەللۇسنى قوبۇل كۆرگەن بولسا كېرەك.

1882 - يىلى فۇرقەت قوقەنگە قايتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قوقەن كۆپلىگەن ئىلغار پىكىرلىك ئەدىبلەر، شائىرلار ۋە

مەرپەتچىلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلانغانىدى. فۇرقەت قوقەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى مۇقىمى باشچىلىق قىلىۋاتقان دېموكراتىك ئىدىيىدىكى ئىلغار شائىرلار بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلاشقا كىرىشىدۇ ھەم ئۇلار ئۇيۇشتۇرغان ئەدەبىي يىغىلىشلارنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، «مۇقىمى، فۇرقەت، زەۋقى قاتارلىقلار ئىجادىيىتىدە كېيىنچە يەنىمۇ راۋاجلىنىپ مۇستەھكەملەنگەن غايىۋى بىرلىك، دەۋرنىڭ ئاكتۇئال، توپ مەسىلىلىرىگە قارىتا قاراش جەھەتتىكى يېقىنلىق، دۇنيا قاراشلىرىدىكى ئومۇمىيلىق ئەنە شۇ ئەدەبىي يىغىلىشلاردا شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى»[1] .

بۇ ئەدەبىي يىغىلىشلارنىڭ ئاساسىي تەشكىللىگۈچىلىرىدىن بولغان مۇقىمى (1851 — 1903)، زەۋقى (1853 ـ 1921)، نىسبەت، مۇھەيىر قاتارلىق دېموكراتىك ئىدىيىدىكى شائىرلار ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىتلىرىغا نارازى بولۇپ، يېڭى مەدەنىيەت ۋە يېڭىچە مۇھىت يارىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. فېئوداللىق قائىدە ـ تۈزۈملەرگە، كونىلىققا جاھىللارچە يېپىشىۋالىدىغان مۇتەئەسسىپ كۈچلەرگە قارشى ئىدى. بۇ خىل ئىلغار ئىدىيىدىكى شائىرلار ئارىسىغا كىرىپ كەلگەن فۇرقەت ئۆزى بىلەن كۆز قاراش جەھەتتە ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولغان دوستلىرىنىڭ، سۆھبەتداشلىرىنىڭ تەسىرىدە ئىدىيە جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنىدى.

فۇرقەت قوقەندىكى بۇ يىللاردا بىر تەرەپتىن ئۆزى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يازدى. ئالايلۇق، «ھەممامى خەيال»، «نوھ مەنزەر» ۋە باشقىلار. يەنە

---

① ئابدۇرەشىد ئابدۇغوپۇروف: «زاكىرجان فۇرقەت»، تاشكەنت، 1977 ـ يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 17 ـ بەت.

بىر تەرەپتىن پارسچىدىن بەزى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى. مەسىلەن، «چاھار دەرۋىش».

1889 ـ يىلى فۇرقەت خوجەنتكە كېلىپ بۇ يەردە ئۈچ ئاي تۇرغاندىن كېيىن تاشكەنتكە بارىدۇ.

فۇرقەتنىڭ تاشكەنتتىكى ھاياتى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە يېڭى بىر سەھىپە ئاچقانىدى. ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان تاشكەنتتە دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىدىكى زىيالىيلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ يەردە بارلىققا كەلگەن ئۆزگىرىشلەر، مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېڭىلىقلار، پەن ـ تېخنىكا يېڭىلىقلىرى، يېڭىچە تەلىم ـ تەربىيە ئورۇنلىرى قاتارلىق نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بۇ يېڭىلىقلار شائىرنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىپ خۇشاللاندۇرىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرى، ئىلھاملىرىنى بايان قىلىپ، يېڭى مەدەنىيەتنى، ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەشۋىق قىلىدىغان ئەسەرلەرنى يازىدۇ.

يېڭى مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، كونىلىقنىڭ ئورنىنى يېڭىلىقلارنىڭ ئىگىلىشى ئىلغار ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى، يېڭىلىق تەرەپدارلىرىنى شادلاندۇرۇپ، ئىلھام بەخش ئېتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇتەئەسسىپ جاھىل كۇچلەرنىڭ نارازىلىقىنى، قارشىلىقىنى قوزغاپ، تىنچسىزلاندۇرۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

فۇرقەتنىڭ تاشكەنتتىكى يېڭىلىقلاردىن ئىلھاملىنىپ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى تەشۋىق قىلىش مەزمۇنىدا يېزىلغان شېئىرلىرى، «تۇف» كە ئوخشاش خەلىقچىللىق، دېموكراتىك روھ بىلەن سۇغىرىلغان ئەسەرلىرى بىر قىسىم باي ـ تۆرىلەرنىڭ جېنىغا تېگىپ، ئۇلارنى بىئارام قىلىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار شائىرغا تۇرلۇك يوللار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىشقا، تەھدىت سېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغان شائىر ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا ئەللەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

فۇرقەت 1891 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىگە كېلىدۇ. قىشنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، 1892 ـ يىلى باھار پەسلىدە بۇلغارىيىگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ يەردىن گرېتسىيە، ئىتالىيىلەرگە بارىدۇ، ئاندىن دېڭىز ئارقىلىق مىسىرغا كېلىپ قاھىرە، ئىسكەندىرىيە شەھەرلىرىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەبىستانغا كېلىپ مەككىنى تاۋاپ قىلىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھىندىستانغا بېرىپ بومباي، دېھلى قاتارلىق شەھەرلەرنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، كەشمىرگە كېلىدۇ. قىشنى كەشمىردە ئۆتكۈزۈپ، 1893 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا كەشمىردىن شىزاڭ ئارقىلىق شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

فۇرقەتنىڭ كەشمىردىن شىنجاڭغا كېلىش سەپىرىدە تۇرمۇش ئېغىرچىلىقى سەۋەبىدىن ئۆز يۇرتى يوسكامدىن چىقىپ كېتىپ كەشمىردە تۇرۇپ قالغان موللا سەئىدۇللا ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر شائىرى ئۇنىڭغا ھەمسەپەر بولۇپ يول باشلايدۇ. فۇرقەت خوتەن ئارقىلىق قاغىلىققا كېلىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئاتاقلىق تېۋىپ، شائىر تەجەللى بىلەن تونۇشۇپ، چوڭقۇر دوستلۇق ئورنىتىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق تاكى ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. فۇرقەت قاغىلىقتا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن يەكەنگە كېلىدۇ.

فۇرقەت كەشمىردىن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، شىنجاڭنى ئايلىنىپ تاشكەنتكە قايتىش خىيالىدا بولغانىدى. لېكىن، شائىر يەكەندە بىرقانچە ۋاقىت تۇرغاندىن كېيىن، بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ دوستىغا يازغان مەكتۇپىدىمۇ ئۆزىدىكى بۇ ھېسسىياتنى ئوچۇق يازىدۇ:

مەنى ھالىمنى سورساڭ ياركەند شەھرىدە ساكىنمەن[1]،
بەھەمدۇللاھ بولۇپ مەمنۇن ھەمە زەۋقۇ سەفالەردىن.

---

① ساكىنمەن ـــ تۇرۇپتىمەن.

بەھار ئەيىامى سەھرالەر فەزاسى[1] باغ ئولۇر گويا،
فەراغەتلەر يېتەر دىلغە ھەۋايى جان فىزالەردىن[2] .

بولۇر كېلگەن كىشى ئۆز رەغبەتۇ تۇبى بىلە مەسخۇر،
تىلسىمدۇر بۇ شەھرى جۇملەئى ھەيرەت فىزالەردىن[3] .

يەكەندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ مېھماندۇستلۇقى، بۇ دىيارنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ساپ ھاۋاسى شائىرنىڭ خەستىلەنگەن كۆڭلىگە ئارام بېغىشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكەن فۇرقەتكە ئىككىنچى ئانا ۋەتەن بولۇپ قالىدۇ. فۇرقەت تاشكەنتتىكى دوستى تاشپالتۇگە يازغان مەكتۇپىدا يەكەننىڭ ساپ ھاۋاسى ئۆزىگە ياققانلىقى، بۇ يەردە ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، پەرزەنت كۆرگەنلىكى، تاشكەنتكە قايتقۇسى بولسىمۇ، بۇلاردىن ئايرىلىشقا قىيمايدىغانلىقىنى يېزىش بىلەن بىرگە، ئۆزىنىڭ قايتىش خىيالىدا ئىككىلىنىش پەيدا قىلغان يەنە باشقا بىر سەۋەبنى — ئەمەكى[4] ۋە تاغىلىرىدىن كۆڭۈل ئاغرىقى بارلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ:

ۋە گەرنە قىبلەگاھىمنىڭ مۇلاقىتىغا[5] شايىقمەن،
ۋەلى[6] باردۇر گىنە[7] ئەمەك بىرلە تاغالەردىن[8] .

---

① فەزا — كەڭرى مەيدان، بوشلۇق.
② جان فىزا — جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى.
③ بۇ يەردە بۇ سۆز ھەيرانلىقنىڭ ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
④ ئەمەك — دادا تەرەپ ئەر تۇغقانلارنى ئۆزبېكلەر شۇنداق ئاتايدۇ.
⑤ مۇلاقات — ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش.
⑥ ۋەلى — لېكىن، ئەمما.
⑦ گىنە — ئۆچ - ئاداۋەت، كۆڭۈل ئاغرىقى.
⑧ تاغا — ئانا تەرەپ ئەر تۇغقانلارنى ئۆزبېكلەر شۇنداق ئاتايدۇ.

ۋۇجۇدى ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن تولۇپ تاشقان ئوت يۈرەك شائىر فۇرقەت 1909 ـ يىلى ئېغىر كېسەل بىلەن يەكەندە ئالەمدىن ئۆتىدۇ ھەم يەكەننىڭ «داڭدار» مەھەللىسىدىكى ئۆزبېكلەر قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنىدۇ. كېيىن ئۆزبېكلەر قەبرىستانلىقىنىڭ ئورنى «تېرەر باغ» (ئېغىز تىلىدا تىرەۋاغ دېيىلىدۇ) قا يۆتكەلگەندىن كېيىن، فۇرقەتكە ئۇ يەردىن يېڭى قەبرە ياسىلىپ، قايتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ دەپنە قىلىنغان. ئۇنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ شۇ يەردە.

فۇرقەت ئەسەرلىرىنىڭ تېما دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى كلاسسىك شېئىرىيەتىمىزنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە يېزىلغان ئىشق ـ مۇھەببەت مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت شائىرنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى تۈرلۈك ۋەقە ـ ھادىسىلەر، ئۆزگىرىشلەرنى تېما قىلىپ يازغان ئىجتىمائىي تېمىدىكى ئەسەرلىرىمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن شېئىرلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. فۇرقەت شېئىرىيەتىنىڭ كۆپ خىل شەكىللىرىدە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئەسەرلىرى تېما جەھەتتىكى ئاكتۇئاللىقى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، چىنلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، ئەسەردىكى غايىۋى يۆنىلىشىنىڭ روشەنلىكى، تىلىنىڭ ئاممىباب ھەم نەپىس بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

فۇرقەتنىڭ ئۆز بايانىغا قارىغاندا، ئۇ پۈتۈن شېئىرلىرىنى جەملەپ، دىۋان قىلماقچى بولغان. ئەپسۇس، شائىر بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمىدىمۇ ياكى دىۋان تېخى تېپىلمىدىمۇ بۇنىسى

هازىرچە نامەلۇم. ئۇنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەسەرلىرى ئەينى ۋاقىتتا «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك بايازلارغا كىرگۈزۈلۈپ ساقلىنىپ قالغان ئەسەرلىرىدۇر. فۇرقەت ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئەسەرلىرى بالىلىرى ۋە دوستى باباجان ھاجىمنىڭ (1967 ـ يىلى يەكەندە ۋاپات بولغان) قولىدا قالغان. كېيىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى چەت ئەلگە ئېلىپ كېتىلگەن، يەنە بىر قىسمى باباجان ھاجىم تەرىپىدىن ساقلانغان بولسىمۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىدا يوقالغان. ئېھتىمال، خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

فۇرقەتنىڭ شېئىرلىرى ئىچىدىكى «سەيدىڭ قويابېر سەيياد»، «ئاداشقانمەن»، «سىغىنىش»، «تۇف»، «ئىلىم خاسىيىتى»، «گىمنازىيە» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلار ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرى بولۇپ، بۇ تۈركۈمدىكى ئەسەرلەردە شائىرنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى، گۇمانىستىك غايىلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئىجادىيىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى لىرىك شېئىرلارغا بېغىشلىغان شائىر فۇرقەتنىڭ «بەھار ئەييامى»، «چىرايلىق»، «كېلىڭ موللا رەھىم»، «ئۆمۈر خۇش ئۆتمەس»، «ئىستەر كۆڭۈل»، «سەيرباغ ئېتسەڭ نېتەر»، «پەسلى بەھار ئېمەسمى» قاتارلىقلارغا ئوخشاش تەبىئەت مەنزىرىسى ۋە جانان ئىشقى تەسۋىرلەنگەن لىرىك ئەسەرلىرىدىن شائىرنىڭ ئېستېتىك غايىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شائىرنىڭ بۇ خىلدىكى شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەينى ۋاقىتتىلا ئاھاڭغا سېلىنىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى

www.uyghurkitap.com

«چىرايلىق»، «سەيدىڭ قويابىر سەيياد»، «سىغىنىش»، «كۆزلىرىڭ» قاتارلىقلار بۇگۈنكى كۈندىمۇ خەلق ئارىسىدا سۆيۈپ ئوقۇلىدىغان ناخشىلاردىندۇر.

فۇرقەت شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازغاندىن سىرت، يەنە نەسرىي شەكىلدىمۇ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. بۇ ساھەدە ئەڭ ئالدى بىلەن كۆرسىتىشكە تېگىشلىك ئەسەر ئۇنىڭ ئۆز تەرجىمىھالى سۈپىتىدە يازغان «سەرگۈزەشتنامە» (بۇمۇ كېيىنكى تەتقىقاتچىلار قويغان ئىسىم بولۇپ، بەزىلەر بۇ ئەسەرنى «فۇرقەتنامە» دەپ ئاتايدۇ) ناملىق ئەسىرىدۇر. لېكىن، بۇ ئەسەر ئاددىي ھالدىكى تەرجىمىھال سۈپىتىدە يېزىلغان بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي قاراشلىرى، زامانداشلىرىغا بېرىلگەن باھالار، شۇنداقلا ئەينى دەۋرنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا دائىر نۇرغۇن مەلۇماتلار خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەر فۇرقەت ھەققىدىكى تەتقىقاتتىكى ئەڭ مۇھىم مەنبەلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، فۇرقەتنىڭ يەنە «ئىلمىي ئەشئارنىڭ قائىدە ئەۋزانى» («شېئىرىيەت ئىلمىنىڭ قائىدە، ئۆلچەملىرى»)، «توي تەۋسىفى» («تويىنىڭ سۈپەتلىرى»)، «ئەزا تەۋسىفى» («ھازا سۈپەتلىرى»)، «گەپ تەرىپىدە»، «قەۋائىدى چىن ۋە ئۇمۇراتى سىياسىي» («جۇڭگونىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە سىياسىي ئىشلىرى») قاتارلىق ئەسەرلىرى بار بولۇپ، بۇلار گەرچە ھەجىم جەھەتتىن چوڭ بولمىسىمۇ، شائىرنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئېستېتىك قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم ماتېرىياللاردۇر.

فۇرقەت يەنە ئۆزبېك ئەدەبىياتىدا پۇبلىستىكا (سىياسىي،

ئىجتىمائىي مەسىلىلەر مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئەدەبىي ژانىر) ژانىرىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭى بىر قىياپەتكە ئىگە قىلغانلىقى بىلەنمۇ ئۆزبېك ئەدەبىياتى تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا خالقئارانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان بەزى ۋەقە - ھادىسىلەر، ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ سىياسىي ئەھۋاللىرى ھەققىدىمۇ بىر قاتار پۇبلىستىك ماقالىلەرنى يازغان بولۇپ، بۇ ماقالىلىرىدىمۇ شائىرنىڭ كۈچلۈك گۇمانىستىك غايىسى، ھەققانىيەتنى ياقلاش ئىدىيىسى، باراۋەرلىك، ئازادلىق، ئەركىنلىك قاراشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

## 2. فۇرقەتنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى

فۇرقەت ئەسەرلىرىدە روشەن ئىپادىلەنگەن خەلقچىللىق، مەرىپەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە گۇمانىزملىق روھ، گۈزەل ئەخلاقتا ئۇندەيدىغان ئىلغار پىكىرلەر فۇرقەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي تەرەپلەردۇر.

فۇرقەت ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى، پىكىر - خىياللىرىنى، ئىنتىلىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنى ئېزىۋاتقان ھۆكۈمرانلارغا، باي - تۆرىلەرگە لەنەت ئوقۇپ، نەپرەت ياغدۇرغان. ئۇنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيىسىنى «تۇف» ناملىق شېئىرىدىنمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. شائىر بۇ غەزىلىدە مۇنداق يازىدۇ:

ئې قوقەن بايەنلىرى، سىزلەردېك ئىنسانلەرگە تۇف!
تەلتەيب پەيتوندە سۇرگەن دەۋرۇ - دەۋرانلەرگە تۇف!

www.uyghurkitap.com

سىزنى سەكرەتكەن زارۇۋ ھەم مورۇزوۋ باينىكى،
فەبرىكانت مالى بىلەن ھەۋلىقمە نادانلەرگە تۇف.

فەبرىكانىستلەرنىڭ پۇلىن يىپ سىندىڭىز بىر قەنچەڭىز،
تۇف، بۇ ئىنسافۇ دىيانەتلەرگە يۇ ـــ ئىمانگە تۇف.

بولدى سىزلەرگە ئانە سۇتتىن ھەلال سۇدخورلىك،
بۇ ھارام پۇللەردىن ئىتكەن خەيرۇ ئىھسانلەرگە تۇف.

ئاتۇ تون سىزنىڭ ئىمەس، سىزگە ئەمانەت ھەۋلى ـ جاي،
يىپ يىتىم ھەققىن قىلىنگەن كوشىك ـ ئەيۋانلەرگە تۇف.

خەتمى خوجە، توي قىلۇرسىز داملەلەر بايلەر ئۇچۇن،
كەمبەغەللەر ئاچ ـ يالەڭغاچ، قارنى تويغانلەرگە تۇف.

ئاق ـ قەرا ئەجرەتمەگەن سىزلەركۇ — بىر ئامىيۇ خەر①.
راھى رەست② كۆرسەتمەگەن ئەللامە ئىشانلەرگە تۇف.

فۇرقەتا، بايلەرگە تۇف دىب قانچە يازسەڭ شۇنچە ئاز،
راست ئىرۇر بۇ سۆزلىرىم بىللاھكى يالغانلەرگە تۇف.

فۇرقەت يۇقىرى قاتلامدىكى باي ـ تۆرىلەرنىڭ، دىنني تونغا ئورىنىۋالغان ئالدامچىلارنىڭ دىننى ۋاستە قىلىپ ئەمگەكچى خەلقنى قاقتى ـ سوقتى قىلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

··· خۇدا بىرلە رەسۇل بەزى كىشىگە ئاشۇ نان بولدى.

① خەر — ئىشەك. ئامىيۇ خەر — بىر توپ ئىشەك دىگەن مەنىدە.
② راھى رەست — توغرا يول.

روشەنكی، يۇقىرىقىدەك مىسرالار شائىرنىڭ خەلقنى تالان - تاراج قىلىۋاتقان ساختىپەزلەر ئۈستىدىن قىلغان مەسخىرىسى ئىدى.

فۇرقەت مەيلى ئەسەرلىرىدە بولسۇن، مەيلى ئەمەلىيىتىدە بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئاددىي خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولدى، ئۇلارنىڭ دەردلىرىنى ئاڭلىدى. تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەرگە قانچە يېقىنلاشقانسېرى شائىرنىڭ خەلقچىللىق ئىدىيىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۆسۈپ باردى. بۇ ھال شائىرنى ھەقىقىي يوسۇندا خەلقنىڭ شائىرى قىلىپ يېتىشتۈردى.

فۇرقەت ئىجادىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن سۇغىرىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ ۋەتىنىگە بولغان تەشنالىقى، ئىنتىزارلىقى يارقىن ئىپادىلەنگەن. شائىر «سېغىنىش» ناملىق شېئىرىدا بۇ ھېسسىياتنى شۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئەدەشگەن ئىت كەبى فۇرقەت قەيان بارغۇم بىلالمەسمەن،
قەچان بولغەيكى، تاپكەيمەن خەبەر يارۇ دىيارىمدىن.

شائىردىكى ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببەت ئۇنى ئۆز خەلقىنىڭ قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ئىلىم - مەرىپەت بىلەن قوراللاندۇرۇش، نادانلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىستىكىدە ئويلاندۇرغان. بۇ ئويلىنىشلار شائىر ئىجادىيىتىدىكى مەرىپەتپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك تەرغىباتلىرىنى كۈچەيتكەن. شۇڭا، فۇرقەت ئۆز ئىجادىيىتىدە مەرىپەتنى كۈيلەشنى، يېڭىلىقنى تەشۋىق قىلىشنى تۈپ نىشان قىلغان. ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى بۇ خىل مەرىپەتپەرۋەرلىك روھ فۇرقەت ئەسەرلىرىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى — ئىلىم - پەننى كۈيلەش، تەشۋىق قىلىشتەك ئىلغار قاراشلارنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

شائىر خەلقنىڭ نادانلىقتا قېلىشىنى، دۆلەتنىڭ روناق تاپالماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى تارىختىكى ھاكىمىيەت تۇتقانلارنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە، ئىلىم ئەھلىلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن، دۆلەتنى بىلىم بىلەن ئىدارە قىلمىغانلىقىدىن بولغان دەپ قارىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئېسسىزكىم بىزنىڭ ئۆتمۇش خانۇ بەگلەر،
كېچىپ ئىشرەتتە زايىئى سۇبھى شامى.

كېتۇرمەي يانىگە بىر ئەھلى دانىش،
ئۆزىگە خاس ئېتىپ نىچە ئەۋامى.

خەلەل يېتكەچ[1] قاچان دەۋلەتلىرىگە،
قىلۇر تالاج مالىن ئۆز غۇلامى[2].

چۇ ئىلىم ئەھلىغە پەرۋا قىلسا ئېردى،
بولۇر ئېرمەسمىدى دەۋلەتگە ھامى.

شائىر ئۆتمۇشتىكى بۇ خاتالىقلارغا ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە، ئىلىم ئارقىلىقلا دۆلەت گۈللىنىدىغانلىقىنى، خەلق بەختىيار تۇرمۇشقا ئېرىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ شۇنداق يازىدۇ:

كېرەك ئادەمگە قىلغاي ئىلىم ھاسىل،
جەھاندىن ئۆتمەگەي تا مەھۇ جاھىل.

جەھان بەستۇ كۇشادى ئىلىم بىرلە،
نەدۇر دىلنىڭ مۇرادى ئىلىم بىرلە.

كۆڭۈللەرنىڭ سۇرۇرى[3] ئىلمەدەندۇر،
كۆرەر كۆزلەرنى نۇرى ئىلمەدەندۇر.

كېرەك ھەر ئىلمەدە بولماق خەبەردار،

---

① نۇقسان يەتمەك، زىيان يەتمەك.
② ئوغۇل بالا، ياش يىگىت، ياش خىزمەتكار، چاكار.
③ سۇرۇرى — خۇرسەنلىك، شادلىق، خۇشاللىق.

بولەر ھەرقايسى ئۆز ۋاقتىدا دەركار.

شائىر بىر ئەلنىڭ نام ـ ئابرۇيى، قىممىتىمۇ ئىلىم بىلەن ئۆلچىنىدۇ. كۆڭۈلنىڭ شادلىقىمۇ ئىلىم بىلەن بولىدۇ، ئىلىم گويا بىر چىراغ، قولىدا چىراغ بار كىشى يولدىن ئازمايدۇ دېيىش ئارقىلىق، ئىلىمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى تونۇتۇشقا تىرىشقان.

ئېمىش ھەر ئەلگە قەدرى ئىلىم بەلا،
ئولا ئالىم مەقامى بەسكى ئەلا.

كىشىكىم ئىلمۇ فەندىن با خەبەردۇر،
خەلايىققە بەقەدرۇ مۇتەبەردۇر.

جەھان رەۋشەن زىيايى بىلىمدەندۇر،
كۆڭۈل سافى سافايى ئىلىمدەندۇر.

چىراغ ئولسە ئەگەر ھەر كىم قولىدە،
خەتەر بولمەس قارانغۇدا يولىدە.

روشەنكى، فۇرقەت ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئىلىم ـ مەرىپەت، مەدەنىيەت ۋە ئىلغارلىقنىڭ ئوت يۈرەك جارچىسى، ھارماس تەرغىباتچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خەلقنى فېئودال قالاقلىقتىن، جاھالەتتىن قۇتۇلۇشقا دەۋەت قىلغان.

فۇرقەت ئىدىيىسىدىكى گۇمانىستىك روھنىڭ، ئەركىنلىك، ئازادلىققا بولغان ئىنتىلىشنىڭ ئىپادىلىرى

شائىرنىڭ مەشھۇر مۇسەددىسى «سەيدىڭ قويابېر سەيياد»دا ناھايىتى مۇجەسسەم ھالدا ئەكس ئەتكەن. مۇسەددەسنىڭ مەزمۇنى بىر قاراشتا ئوۋچى (سەيياد) قولىغا چۈشۈپ قالغان كېيىكنىڭ بىچارە ھالىتىگە ئىچ ئاغرىتىش يۈزىسىدىن ئوۋچىغا ئۇنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە خىتاب قىلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا مۇسەددەستە ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان ئىدىيە شائىرنىڭ ئەركىنلىك، ئازادلىق ئىدىيىسى، ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەسەردە بۇ ئۇلۇغۋار غايە سىمۋوللۇق ئوبرازلار ياردىمىدە يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. شائىر سەييادقا خىتاب قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

سەيدىڭ قويابېر سەيياد سەييارە ئىكەن مەندەك،
ئال دامىنى بويىندىن بىچارە ئىكەن مەندەك.
ئۆز يارىنى تاپمەسدىن ئاۋارە ئىكەن مەندەك،
ئىقبالى نىگۇن بەختى ھەم قارا ئىكەن مەندەك.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك.

كېس رىشتەنىكىم قىلسۇن چەپپەكلەر ئاتىپ جەستە،
ھەجرىدە ئەلەم تارتىپ بولدى جىگەرى خەستە.
تاغلارغە چىقىپ بولسۇن يارى بىلەن پەيۋەستە،
كېل قويمە بەلا دامى بىرلە ئانى پابەستە.
ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندەك،
كۆيگەن جىگەرى ـ بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندەك.

بېش سىنىڭ دەۋرىدە بىچارە خىرام ئېتسۇن،
ئاھۇلەر ئىلە ئوينەب ئەيشىنى مۇدام ئېتسۇن.

يامغۇر سۈۋى تولگەندە تاغ لالەنى جام ئېتسۇن،
ھەققىڭغە دۇئا ئەيلەپ ئۆمرىنى تەمام ئېتسۇن.
......
......

سەرگەشتە بۇ ۋادىدە بىر باشىغە رەھىم ئېتكىل،
يوق تاقەتى بەندىڭگە بەرداشىغە رەھىم ئېتكىل.
يىغلەب سېڭە تىرمۇلۇر كۆز ياشىغە رەھىم ئېتكىل،
رەھىم ئېتمەسەڭ ئۆزگە يولداشىغە رەھىم ئېتكىل.

تاغدەك ئاچىلىب لالە يېر سەبزە بەھار ئولسە،
ئەخىر بۇ نېچۈك بىداد ئالەم ئاڭە تار ئولسە.
چىقمەي دېسە جايىدىن ئۇزلەتتە فىگار ئولسە،
گەر چىقسا بەنە گاھى دامىڭغە دۇچار ئولسە.

بىچارەنى زۇلۇم ئەيلەب قول بوينىنى باغلابسەن،
ھەر سارى چىكىب سۇدرەب ئۆلدۇرگەلى چاغلابسەن.
كۆڭلىنى جەفا بىرلە لالە كەبى داغلابسەن،
سات مېنگە ئەگەر قەسدىڭ ئالغۇچى سوراغلابسەن.

شائىر ھەربىر كۇپلېتنىڭ ئاخىرىدا:

ھىجران ئوقىدىن جىسمى كۆپ يارە ئىكەن مەندېك،
كۆيگەن جىگەرى ـ بەغرى سەدپارە ئىكەن مەندېك.

دېگەن ئىككى مىسرانى تەكرارلايدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ ئېغىر كەچۈرمىشلىرىنى ئۇۋچىنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇشقا

ئۇرۇنۇپ تېپىرلاۋاتقان كېيىكنىڭ بىچارە ھالىتى بىلەن ئوخشاش ئۇرۇنغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھۆرلۈك، ئازادلىق ۋە تىنچلىققا بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىگەن.

فۇرقەتنىڭ ئىدىيىسىدىكى گۇمانىستىك غايىلەر، ئۇنىڭ خەلقئارادا يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي ۋەقەلەرگە قارىتا يازغان پۇبلىستىك ماقالىلىرىدە روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. ئۇ يەكەندە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ھىندىستاندا چىقىدىغان «پەيسا ئەخبار» («رەڭمۇرەڭ خەۋەرلەر») گېزىتىنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرغان. ئۇ شۇ گېزىتتە كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن، ئافغان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى ئالقىشلاپ، ئۇلارنىڭ ھەققانىي كۈرىشىنى قوللايدۇ. شۇ ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ مەتبەئە - نەشرىيات ئىشلىرى جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلەرنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى سەۋەبى بىلەن شائىر ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتە يازغان ماقالىلىرىنى «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»گە ئەۋەتىپ ئېلان قىلدۇرىدۇ. شائىر ماقالىسىدە شەرق خەلقلىرىنىڭ مۇستەقىللىق، ئازادلىق ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان قەھرىمانانە كۈرەشلىرىگە ھېسداشلىق بىلدۈرىدۇ. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، زوراۋانلىق قىلمىشلىرىغا نەپرەت ئوقۇيدۇ.

فۇرقەت ياقۇپبەگنىڭ قەشقەر خەلقىغە سالغان زۇلۇملىرى، يۈرگۈزگەن سىياسەتلىرىنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرى ھەققىدىمۇ ماقالە يېزىپ، قەشقەر خەلقىنىڭ ياقۇپبەگ زۇلمى ئاستىدىكى تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ئېغىر بولغانلىقى، ياقۇپبەگنىڭ دىنىنى ۋاستە قىلىپ، خەلقنىڭ قان - تەرىنى شورىغانلىقىنى پاش قىلىش ئارقىلىق قەشقەر خەلقىغە بولغان



www.uyghurkitap.com

خەيرىخاھلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. فۇرقەت ياقۇپبەگنىڭ دىندىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى ھەققىدە شۇنداق يازىدۇ:

ياقۇپبەگ خان بولغاندىن سوڭرە ئول رەسمىنى (قائىدە - نىزامنى) قويدۇردى. تەمامى ۋىلايەتنى مەسجىددەك بىلىپ ۋە ئانىڭ ئىچىدەگى رەئىيەلەرنى (پۇقرالارنى، ئاھالىلەرنى) زاھىد ۋە دۇنيانى تاشلىغاندەك پەملەپ، ئول رەئىيەلەرنىڭ مېھنەت ئىلەن قىلغان ھاسىلات ۋە تاپقان ماللەرنى ئۆزى پىردەك نەزىر ئالماق خەيالىدا بولدى[1].

شائىرنىڭ ئۆزى كۆرگەن - ئاڭلىغان ۋە گېزىتلەر ئارقىلىق خەۋەر تاپقان تۇرلۇك ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەقەلەرگە قارىتا يازغان ماقالىلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە مۇستەملىكىچىلىككە، زوراۋانلىققا، ئادالەتسىزلىككە، ئىنسانىي ھوقۇقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا قەتئىي قارشى تۇرۇش، ھەققانىيەت، ئادالەتنى، ئىنسانپەرۋەرلىكنى ھىمايە قىلىشتەك ئۇلۇغۋار قاراشلارنىڭ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چوڭقۇر گۇمانىزملىق غايىلەر بىلەن سۇغىرىلغان بۇ خىل ماقالىلەردە فۇرقەتنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشى، ھەققانىيەتنى ياقلاش ئىدىيىسى روشەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ فۇرقەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسىدىكى گەۋدىلىك بىر تەرەپتۇر.

فۇرقەت خەلقلەر دوستلۇقىنى كۈيلىگەن ئوت يۈرەك شائىر بولۇپ، ئۇ ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنىڭ مۇستەھكەملىنىشى — تەرەققىياتنىڭ، تىنچلىقنىڭ ئاساسى

---

[1] «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»، 1897 - يىل 13 - دېكابىر، 47 - سان (بۇ گېزىتتىن كەلتۈرۈلگەن نەقىللەر «زاكىرجان فۇرقەت» ناملىق كىتابتىكى نەقىللەردىن ئېلىندى).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ:

مۇئەززەم رۇسۇ ـ چىن ھەمكارۇ ھەمدەست،
ئەزەلدىن يېرلەرى بىر ـ بىرىغە بەيۋەست.
ئەلەر ئىجمائىدىن ئاسايىش ئولغەي،
شۇ كۆھى دۇنياگە ئارايىش ئولغەي!

فۇرقەت يەكەندە تۇرغان مەزگىللەردە، بۇ يەردىكى قائىدە ـ يوسۇنلارغا، ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ كۆزىتىش ئېلىپ بارغان ۋە بۇ ھەقتىكى كۆزىتىش نەتىجىلىرىنى «قەۋائىدى چىن ۋە ئۇمۇراتى سىياسىي» («جۇڭگونىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ۋە سىياسىي ئىشلىرى») نامى بىلەن «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى» دە ئېلان قىلغان بولۇپ، بۇ ماقالە فۇرقەتنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆگىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. گېزىت خادىملىرى فۇرقەتنىڭ بۇ ماقالىسىنى ئېلان قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن تۆۋەندىكى ئىزاھاتنى ئىلاۋە قىلغان: «ئۇشبۇ چىن قائىدىسىنى ھۆرمەتلىك گېزىت ئوقۇغۇچىلارغە مەلۇم ۋە رەۋشەن قىلماق ئۈچۈن ياركەنتتە تۇرغۇچى موللا زاكىرجان فۇرقەت دېگەن شائىرنىڭ يوبەرگەن مەكتۇبىدۇر»[①] .

ماقالىدە فۇرقەت ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت، مېھىر ـ مۇھەببەت، دوستلار ئارا ۋاپادار بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىدۇ:

ئاتا ـ ئانا ئوغۇل ۋە قىز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيەتلەر بىلەن باقىب، ئىلمۇ ـ ھۈنەر، تەلىم بېرىب مال ۋە پۇلنى نىسار قىلادۇر (سەرب قىلىدۇ) ۋە ئاخىرى ئۆمرىدە مۈلكۈ ئەشيالار مىراس قويۇپ كېتەدۇر. بەس، لازىمدۇركى، ئوغۇل ۋە قىزلار ئاتا ـ ئانىلىرىغە ئورۇنلۇق ۋەفا

① فۇرقەتنىڭ بۇ ماقالىسى «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى» نىڭ تۆت سانىغا (1905 ـ يىل 50 ـ سان، 1906 ـ يىل 1 ـ، 7 ـ، 8 ـ سانلىرى) بۆلۈپ بېرىلگەن.

قىلماقنى ... بەجا كېلتۈرۈپ، ئاداب (ئەدەب) مەراسىمنى كۆرگەزمە قىلماقلىقدۇر. ئوغۇل ـ قىز ھەر ھالدا ئاتا ـ ئانەسىنى مېھرۇ ـ مۇھەببەتىنى خاتىرىدە مەھكەم تۇتماغلىقدۇر. ئاتا ـ ئانەسىغە لىباس ۋە خورەك (يېمەكلىك، تاماق) ئەسلەھەسى بىرلە خىزمەت يېتكۈرۈپ، دۇئا ئالماغلىق ۋە ئۇلارنىڭ پەرمانىنى پادىشاھنىڭ پەرمانىنى تۇتقاندەك تۇتۇپ ئېھتىيات قىلماغلىقدۇر. ۋە يەنە ئوغۇل بالا خاتۇن ئالسا ئاتە ـ ئانەسىغە ۋاپا قىلماقنى ئول خاتونىگە تەلىم بېرماقلىقدۇر[1] .

شائىر ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، دوست تاللاش ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

بىر ئاتا ـ ئانەدىن تۇغۇلغان ئاغا ـ ئىنىلەر بىرى بىرلە ئىتتىپاق بولۇپ ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىرلە بولماقلىق ۋە ھەر ئىككى ئوغۇل بىر ـ بىرىغە شەپقەت قىلماقلىقدۇر. مۇنداق بولسا ئاتا ـ ئانە پەرزەنتلىرىدىن خۇشنۇد (رازى بولماق) بولادۇر ... ئاتا ـ ئانەسىغە ۋە ئاغە ـ ئىنىسىغە ۋەفا قىلمىغان ئادەمنى دوست تۇتمەغايكىم، بىگانە (يات) كىشىگە ئەلبەتتە ۋەفا ②قىلمەيدۇر.

شائىر بۇلاردا پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ۋاپادار بولۇشى كېرەكلىكى، ئاكا ـ ئۇكىلار بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچان، مېھرىبان بولۇشى لازىملىقى، سەممىمىي، ئەخلاقلىق كىشىلەرنى دوست تۇتۇش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەن.

فۇرقەتنىڭ ئەخلاقىي قاراشلىرىدىكى بۇ پىكىرلەر كۆچلۈك پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، بۇ شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاققا، ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئۈندەيدىغان ئىلغار قاراشلاردۇر.

---

① ② «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»، 1905 ـ يىل 22 ـ دېكابىر، 50 ـ سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى

# XX باب ئابدۇللا توقاي ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرى

تاتار خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرى ئابدۇللا توقاي ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا ئىجاد قىلغان ئاجايىپ مول ئەسەرلىرى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى بىر سەھىپىسىنى ئاچقان بۈيۈك شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئۆز دەۋرى ئۈچۈن ئوينىغان رولىنى، بولۇپمۇ «ئابدۇللا توقاينىڭ تاتار مىللىي شېئىرىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشتا ئوينىغان رولىنى بىرەر مەۋجۇت ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس. ئابدۇللا توقاي باھاردا چېقىلغان چاقماقتەك قىسقىغىنا ئۆمرىدە تاتار ئەدەبىياتىدا دەۋر بۆلگۈچ، توغرىسى، پۈتۈن بىر دەۋرنى ياراتقان گېنىئال شائىر بولۇش سۈپىتى بىلەن تاتار پوئېزىيىسى ئاسمىنىنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس پارلاق يۇلتۇزى دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپ»①.

ئابدۇللا توقاي 1886 - يىلى 26 - ئاپرېلدا ھازىرقى تاتارىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەتنە رايونىدىكى قۇشلاۋىچ ئاۋۇلىدا (يېزىسىدا) موللا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. توقاينىڭ بالىلىق دەۋرى ناھايىتى ئېغىر چىلىقلار ئىچىدە ئۆتكەن. ئۇ بەش ئايلىق

① «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن تاتار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى»، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا» (ماقالىلەر توپلىمى)، ئۈرۈمچى، 1996 - يىل، 214 - بەت.

ۋاقتىدا ئاتىسىدىن، ئۈچ ياش ۋاقتىدا ئانىسىدىن يېتىم قالغان. ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى باشقا يېزىدىكى بىر موللىغا ياتلىق بولۇپ، ئابدۇللانى شەرىفە ئىسىملىك نامرات بىر مومايغا ۋاقىتلىق بېقىپ بېرىشكە تاپشۇرىدۇ. توقاي ئۆزىنىڭ «ئېسىمدە قالغانلار» ناملىق ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئاۋۇلدا باشقا تۇغقانلىرىم بولمىغانلىقتىن، مەن بۇ مومايىنىڭ ئۆيىدە قەدىرسىز، ئارتۇقچە بىر بالا بولغانلىقىمدىن، ئۇ مېنى ئەلۋەتتە تەربىيىلىمىگەن. تەربىيىلەش ئەمەس، كىچىك باللار ئەڭ موھتاج بولىدىغان ئوچۇق چىرايىنىمۇ كۆرسەتمىگەن»[1].

كۆپ ئۆتمەي، ئانىسى ئابدۇللانى ئۆز يېنىغا ئەكىلىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇللانىڭ ئانا مېھرىدە ياشىغان كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمايدۇ. بىر يىلدىن كېيىن ئانىسى بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ. ئابدۇللانى ئانىسىنىڭ دادىسى بار ئاۋۇلغا ئاپىرىپ قويۇشىدۇ. سەككىز جاننى ئاران بېقىپ كېتىۋاتقان بۇ ئائىلىگە نىسبەتەن كىچىككىنە ئابدۇللا ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ئارتۇق قوشۇق» ھېسابلىناتتى. شۇنىڭدىن كېيىن توقاي «پىچان بازىرى»غا ئېلىپ بېرىلىپ باشقىلارغا بېرىۋېتىلىدۇ، مانا شۇنداق قېقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى 1895 ـ يىلى توققۇز ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا، «يېتىملىكلەر، پەقىرلىكلەر، ئاچلىقلار، ئاۋۇلدىن ئاۋۇلغا سېتىلىپ يۈرۈشلەر» دىن كېيىن، ئورالسكىغا، ئاتىسى بىلەن بىر تۇغقان ھاممىسىنىڭكىگە كېلىدۇ.

شائىرنىڭ باللىقى ئەنە شۇنداق ئىگە ـ چاقىسىز، ئۆيدىن ـ ئۆيگە، ئۇ يېزىدىن بۇ يېزىغا كۆچۈپ يۈرۈش، ئاچ ـ يالىڭاچلىق،

① ئابدۇللا توقاي: «تاللانما ئەسەرلەر» (ئىككى توملۇق)، I توم، قازان، 1953 ـ يىل، سۆز بېشى ئورنىدىكى ماقالە، 8 ـ، 9 ـ بەتلەر.

موھتاجلىق، ئاتا ـ ئانا مېھرىگە ئېرىشەلمەسلىك ئىچىدە يېتىملىكتە ئۆتىدۇ. بولغۇسى شائىر تۇرمۇشنىڭ بۇنداق ئىسسىق ـ سوغۇقلىرى، ئېغىرچىلىقلىرى بىلەن بەك بالدۇر ھەم چوڭقۇر تونۇشىدۇ. بۇلار كىچىكىدىنلا ئەقىللىق ھەم ھېسسىياتقا باي، خىيالچان ئابدۇللادا بۇنداق ئېغىر تۇرمۇشقا نارازىلىق، قارشىلىق تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىجادىيىتى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىغانىدى.

ئورالىسكىدا ئابدۇللا ئالدى بىلەن مەدرىس يېنىدىكى رۇس سىنىپىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. ئاندىن مەدرىسىنىڭ ئۆزىگە كۆچۈپ، نامرات تۇرمۇش شارائىتىدا ئوقۇيدۇ، بۇ جەرياندا ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىدىنمۇ خېلى يۇقىرى مەلۇماتلىق بولىدۇ. ئابدۇللا كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن بولغاچقا، مەدرىستىمۇ ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى پىششىق ئىگىلىگەندىن سىرت، قولغا چۈشۈرۈش مۇمكىن بولغان گېزىت ـ ژۇرناللارنى تېپىپ ئوقۇپ، بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بارغان. ئۇ ئۆزى ياخشى ئىگىلىگەن رۇس تىلى ئارقىلىق رۇس ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرىدىن پۇشكىن، لېرمونتوفلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ.

1905 ـ يىلىدىكى رۇس بۇرژۇئا ئىنقىلابى ۋاقتىدا توقاي ئورالىسكىدا بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ بىلىم، پىكىر دائىرىسى خېلىلا كېڭەيگەن، مۇستەقىل تۇرمۇش قارىشى يېتىلىشكە باشلىغان بىر مەزگىلى ئىدى. چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن بۇ بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى توقاي خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. بۇ ئىنقىلاب ئۇنىڭ دېموكراتىك ئېڭىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىشىگە ئىلھام بولىدۇ. مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىنى كۆرۈۋاتقان ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھال ـ كۈنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ھەتتا ئۆزى بىۋاسىتە باشتىن كەچۈرگەن ئابدۇللا بۇ ئىنقىلابنىڭ ئىلھامىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىجادىيەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا

كىرىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئورالىسكىنىڭ ئۆزىدىمۇ تاتار تىلىدا گېزىت ـ ژۇرناللار چىقىشقا باشلىغان بولۇپ، توقاي گېزىتلەردە نابورچىك، كوررېكتور، مۇخبىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ جەرياندا باسمىخانا ئىشچىلىرى ۋە دېموكراتىك ئىدىيىدىكى ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلار بىلەن تونۇشىدۇ. بۇنىڭ توقاينىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ كېڭىيىشىگە زور ياردىمى بولىدۇ. بۇ گېزىت ـ ژۇرناللار بولسا توقاينىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ يورۇققا چىقىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرۇپ، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىشتىياق بىلەن ئىجاد قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

توقاي بىر تەرەپتىن ئۆزى ئىجاد قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن رۇس تىلى ئارقىلىق لېرمونتوف، پۇشكىن، تولستوي، كىرىلوف، ئىۋانوف، بايرون، شىللىر، شېكىسپىر، گيوتې قاتارلىق رۇس ۋە ياۋروپا ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ ھەم ئۇلارنى ئىجادىي تەرجىمە قىلىپ، تاتار كىتابخانلىرىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىدۇ. تاتار كىتابخانلىرى بۇ مەشھۇر يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى دەسلەپ بولۇپ توقاينىڭ تەرجىمىسى ئارقىلىق ئوقۇيدۇ.

ئابدۇللا توقاي 1907 ـ يىلى كۈزگىچە ئورالىسكىدا ئىشلەپ، كۈزدە قازانغا كېلىدۇ ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قازانغا كەلگەندىن كېيىنكى ھاياتى ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ جۇش ئۇرۇپ مېۋە بەرگەن، گۈللەنگەن ھەم مول ھوسۇللۇق دەۋرى بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ نامىمۇ ئەل ئارىسىدا تونۇلۇپ، خېلىلا شۆھرەتلىك شائىر بولۇپ قالغانىدى.

ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتى تازا مېۋە بېرىۋاتقان، جۇش ئۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا — ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەندە بۇ ئالەم بىلەن بىمەھەل خوشلاشتى. كىچىككىدىنلا تۇرمۇش ئېغىرچىلىقلىرىنىڭ دەردىنى جىق تارتىپ، ماددىي قىيىنچىلىق،

www.uyghurkitap.com

يوقسۇزلۇق ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتى ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن كۇنسېرى ئاجىزلاشتۇرۇپ، سالامەتلىكىنى يوقىتىپ بارغانىدى. ئاخىرى ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى ياش شائىرنىڭ ھاياتىغا ھۇجۇم قىلدى. 1913 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېل قەلبى لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان بۇ ئوت يۈرەك شائىرنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختىدى.

ئابدۇللا توقاينىڭ ئىجادىيىتى كۆپ قىرلىق، مول مەزمۇنلۇق، ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك ھەم چوڭقۇر بولغان ناھايىتى باي ئىجادىيەت، ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا سەككىز يىللىق ئىجادىيەت ھاياتىدا ناھايىتى مول مىراسلارنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ كۆپ خىل ژانىرلىرىدا ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىدا بىز لىرىك شېئىرلار، پوئېمىلار، ھېكايىلەر، چۆچەكلەر، باللار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەر، فىليەتونلار، پۇبلىستىك ماقالىلەر، ئىلمىي ـ ئەدەبىي ماقالىلەرنى ئۇچرىتىمىز.

ئابدۇللا توقاي ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ، شۇنداقلا ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ناھايىتىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرەلىگەن شائىر بولۇپ، شۇ دەۋر ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك بولغان بىرەرمۇ مەسىلە شائىرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىدىن چەتتە قالمىغان. ئۇ تاتار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىدە تولۇق ئەكس ئەتتۇرەلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن خەلق شائىرى، مىللىي شائىر سۈپىتىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان.

ئابدۇللا توقاينىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، مۇلاھىزە ئېلىپ بارغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن تىلغا ئېلىنىشقا تېگىشلىك تەرەپ — شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك، يەنى مىللەت سۆيگۈسى بولۇشى مۇمكىن.

شائىر بارلىقىنى ئۆز خەلقىنىڭ پارلاق كەلگۈسى ئۈچۈن

كۇرەش قىلىشقا بېغىشلىغان بولۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئالغا بېسىشى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت «جان ئېتىش»قا تەييار ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى شېئىرلىرىدىلا شۇنداق ئىزھار قىلىدۇ:

كۆڭۈل بىرلەن سۆيەم بەختىن تاتارنىڭ،
كۆرەرگە، جانلىلىق ۋاقتىن تاتارنىڭ.

تاتار بەختى ئۈچۈن مىن جان ئاتارمەن،
تاتار بىت مىن ئۆزىم دە چىن تاتارمىن.

دەرۋەقە، شائىر ئۆز ئەمەلىيىتىدە، ئىجادىيىتىدە بۇنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تۆھپىسى ئىچىدە ئەڭ ئالدى بىلەن شۇنى قەيت قىلىش ھاجەتكى، توقاي تاتار تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداش ئۈچۈن جان تىكىپ كۇرەش قىلدى. ئۇ ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ساپ تاتار تىلىدا، يەنە كېلىپ خەلق تىلىدا يازدى. شېئىرلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، شەكىل جەھەتتىن بولسۇن خەلققە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن تاتار شېئىرىيىتىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، تاتار ئەدەبىي تىلىنىڭ مۇكەممەللىشىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. بۇ ئەمەلىيەتتە، شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆز مىللىتىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت، كۈچلۈك ھۆرمەت ۋە ئىشەنچىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ليكىن، شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرگىزمۇ تار دائىرىدىكى مىللەتچىلىك ئېگى ئەمەس. ئۇ بۇنداق مىللەتچىلىككە قەتئىي قارشى، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ئۆز خەلقىنىڭ روناق تېپىشى، گۈللىنىشى، باشقا مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشى ئۈچۈن جان پىدا قىلىش بولۇپ، شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى خەلقپەرۋەرلىك،

ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇ تاتار بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنىڭ تەرغىباتلىرىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئۇلارنىڭ دامىغا چۈشمەسلىككە چاقىرىپ، «مىللەتچىلەر» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

مىللەتچىلەر سىنى فەقەت ئالدى غىنە،
دېگەن بولۇپ: «جانلاناسىڭ سىن تىزمىنە».
ئالدانما سىن، قالغان ئاقچاڭ ئۈچۈن ئالار،
ئوقىيلەر ئىچ باش ئۈچىڭدا ياسىن غىنە.

شائىر مىللەتكە كۆيۈنگەن، جان كۆيدۈرگەن قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ مىللەتچىلىكنى تەرغىب قىلغانلارنى پاش قىلىپ قامچىلايدۇ.

توقاينىڭ ئىدىيىسىدىكى مىللەتپەرۋەرلىكنىڭ، مىللەت سۆيگۈسىنىڭ، مىللەتكە جان پىدا قىلىشىنىڭ يەنىمۇ مۇھىم بولغان تەرىپى شۇكى، ئۇ ھەقىقىي مىللەتپەرۋەر شائىر مىللەتنىڭ پارلاق، ئىلغار تەرىپىنىلا ئەمەس، قالاق، ناچار تەرىپىنىمۇ كۆرۈپ، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىپ، ئۇنى مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، يەنى مىللەتنى ھەقىقىي سۆيۈشنىڭ، مىللەتكە ھەقىقىي كۆيۈشنىڭ يولىنى كۆرسەتتى. شائىرنىڭ «بىزنى ئورۇنسىز يامانلىلار (يامانلايدۇ)» ناملىق شېئىرى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر. شېئىردا مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نادانلىق، جاھالەت ۋە خۇراپاتلىقنى ھەجۋىي، كىنايە قىلىش يولى بىلەن پاش قىلىدۇ:

ساداقەت بىزدە يوقمىش، بولماسا يالغانىمىز باردۇر،
نىفاق ۋۇستاۋكاسىندا[1] كۆپ مىدال ئالغانىمىز باردۇر.

نەزافەتكە[2] رىئايەت يوق، ئىمىش، بىزدە، نە بوقتاندۇر،
ئانىڭ چۈن يۇرت سايىن بىزنىڭ بىرەر قۇمغانىمىز باردۇر.

تاغىن بىزدە ئىلىم ئەھلى — زىيالىلاردە يوق، دىلەر،
ئوتتۇز يىللاپ بۇخار، قارغالىدا تۇرغانىمىز باردۇر.

تاتاردا ئاقچا يوق، بايلىق تە يوق، دىپ، يوقنى سۆيلىلەر،
ئورام[3] تولى قولىن جەيىب، بۇرچ سورغانىمىز باردۇر.

ساناەت يوق، ھۈنەر يوق، دىپ، يامانلىلار ئورۇنىزغا،
يەھۇدىدىن جىڭىل مال تاپقۇچى ئىشانىمىز باردۇر.

زاكون[4] بىلگەن يۇرىست[5] يوق بىزدە، دىپ ئويلاۋ خاتا،
پىچەن، شالقان[6] بازارىندا زاكون ساتقانىمىز باردۇر.

تەبىپلىك پەنى يوق، دىپ تە يامانلى بىزنى دۇشمەنلەر،
مەرزىيىلارنى[7] ياسىن بىرلەن سوغىپ ياققانىمىز باردۇر.

ئوڭاي تۇرمۇش بۇلاي دە، ھىچ ئىيمىيبىز[8] باش ياڭالىقا،
قۇتىرسىننار بۇزق ياشلار، ئالار: چالبارلارى[9] تاردۇر.

---

① ئىتتىپاقسىزلىق كۆرگەزمىسىدە.
② پاكلىقا، پاكىزلىقا.
③ ئورام — كوچا؛ بۇ مىسرادا، كوچىلارغا تولۇپ تىشىپ قول يىيىپ تىلەمچىلىك قىلغانىمىز باردۇر، دىمەكچى.
④ قانۇن.
⑤ قانۇنشۇناس.
⑥ چۆپ - سەي بازىرى.
⑦ ئاغرىقلارنى.
⑧ ئەگمەيمىز.
⑨ شالۋۇرلىرى، ئىشتانلىرى.

خۇدۇژنىكلار[1] ۋە رەسساملاردە باردىر، يوق دىيەلمەسلەر، مەدىنە، مەككە دىپ، تۆرلى بۇياۋ[2] ساتقانىمىز باردۇر.

شائىر مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ھەجۋىي، مەسخىرە قىلىش يولى بىلەن مىللەتنىڭ ۋۇجۇددىكى ئىللەتلەرنى قامچىلاپ، پاش قىلىپ، بۇلارنى تۈزىتىپ، مىللەتنى مەنىۋى جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

شائىر بۇنداق نادانلىق، مۇتەئەسسىپلىك، جاھالەتكە قارشى بوشاشماي كۈرەش قىلدى. ئىزچىل ھالدا ھەقىقەتنى ياقلىدى. ھەتتا ئۆز خەلقى ئىچىدە بەزىلەر ۋاقىتلىق قايمۇقۇش ئىچىدە شائىرغا قارشى چىقىسمۇ، شائىر يەنىلا ئۆز مەۋقەسىدىن تەۋرەنمىدى. «بىر تاتار شائىرىنىڭ سۆزلىرى» دە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

جىرلاپ تۇرام، تۇرغان جىرىم تار بولسا دا،
قورقمىيىم، سۆيگەن خەلقىم بۇ تاتار بولسا دا.
كۆكرەك كىرىپ قارشى تۇرام، مىڭە مىللەت،
خەزىرگى كۆن مىلتىق، ئوق ئاتار بولسا دا.

توقاي مانا شۇنداق قەتئىيلىكى بىلەن مىللەتكە ھەقىقىي «جان ئىتىش» نىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن توقاي مىللىي شائىر سۈپىتىدە شۆھرەت قازاندى. مىللىي شائىر ۋۇجۇدىدا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرغان ئىنتېرناتسىئونالىستىك روھقا ئىگە شائىردۇر. شۇنداق بولغىنى

---

① سەنئەتكارلار.
② بۇياۋ — بوياق.

ئۈچۈن ئۇلار يالغۇز بىر مىللەتكىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق بولىدۇ.

توقاي ئىجادىيىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى — ئۇ خەلقچىل دېموكراتىك شائىردۇر. توقاي نامرات ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا ئۆسكەچكە، كىچىكىدىنلا ۋۇجۇدىدا ناھايىتى كۈچلۈك خەلقچىللىق ئىدىيىسى يېتىلگەن، ئاۋام خەلقنىڭ دەرد-ئەلەملىرىنى ئۆزى بىۋاسىتە كۆرگەن ۋە ھېس قىلغان بولغاچقا، زۇلۇمغا، مۇستەبىتلىككە قارشى دېموكراتىك روھتا تەربىيىلەنگەندى.

بىز توقاينىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيىتىگە قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ باشتىن-ئاخىر خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، كۈلكىسىنى كۈلۈپ، خەلقنىڭ ھۆرلۈكى، ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان دېموكراتىك روھتىكى ئىنقىلابىي شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇ چار پادىشاھنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان خەلقنىڭ يورۇقلۇققا ئېرىشىشىگە بولغان تەشنالىقىنى ئىزھار قىلىپ شۇنداق دەيدۇ:

قاچان سوڭ، ئى فەقىر مىللەت بەھارىڭ،
قاچان كېتەر كېچەڭ، كىلەر نەھارىڭ[1].
كىلەر مەللە قەبرەگە مىن سۆرىلگەچ،
قىيامەت كۆندە مىن ئۆلىپ تىرىلگەچ.

شائىر، خەلقنىڭ بېشىدىن زۇلمەت تۇمانلىرى يوقىلىپ تاڭ ئېتىشىنى، يورۇقلۇققا چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇ ھەم بۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. ئۇ ئۇمىدىنى ئۆزگىلەردىن ئەمەس،

① نەھار — تاڭ، كۈندۈز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆزىدىن، ئۆز خەلقىدىن ئىزدەيدۇ ھەم خەلقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئىشىنىدۇ:

شىكلەنمىبىز دۈشمەننەرنىڭ كۆچىنىنەن بىز،
بۈگۈنكى كۆن ئەلى، رۈستەملەرگە تىڭ بىز.

شائىر خەلقىنىڭ قان ـ تەرىنى شوراۋاتقان باي ـ غوجاملار، دىنىي تونغا ئورىلىۋالغان ئالدامچى ئىشانلارغا قارشى كۈرەشتە ئۇلارغا قارشى ئىتىلغان ئەجەل ئوقى كەبى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى، ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئىچىپ تاشلاپ، ئۇلارغا نەشتەر بولۇپ سانجىلغانىدى، شائىر بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، خەلقنى ئۇلارغا قارشى كۈرەشكە چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەڭ ۋەكىللىك ئەسىرى «سورىقورتلار» (تەييارتاپلار) بولۇپ، شائىر شېئىردا شۇنداق دەيدۇ:

ئاشار① بىزنى دە بۇ قورساق، باسار تىز، بىز بۇلاي تۇرساق،
ئەيا قورساق، ۋەيا قورساق جىھاننى قاپلادىڭ، ۋاي ـ ۋاي.

ماتۇر② بولۇر بۇ قورساقلارغا قارشى چارىلار قۇرساق،
تۇتىپ يارساق بۇلارنى بىز، زامان ئۆتكەرمى، قارتايماي.

يارىيىق دوستلار، يارىيىق، دىم، چۆنكى بىزنىڭ بەختىمىز شۇندا،
شولار يوتيان بىزىم ئىقبالەمىزنى، بىردە قىزغاناي.

ھۇجۇم كىرەك ئىشانىارغا — سورىقورت، گۇمبە باشلارغا،
بىتىر، سىندىر، قىرىپ تاشلا، ماخال ئۇررا ۋە بىل بانزاي③ .

---

① يەيدۇ.
② گۈزەل، چىرايلىق، بۇ يەردە ياخشى، ئوبدان بولىدۇ مەنىسىدە.
③ ئۇررا، بانزاي دەپ ۋارقىراپ (بانزاي ياپونچە ئۇررا دېگەن مەنىدىكى سۆز).

ئاشاپ ياتقان سورتقورتلارغا قادالدىم مىسلى خەنجەرمەن،
بۇلارنىڭ مەسلەكى — بىزنى تالاۋىت بىردە قۇتقارماي.

شائىر ئۆزى ئېيتقاندەك ئالدامچى ئىـــشانلارغا، باي ـ ئاقسۆڭەكلەرگە گوياكى خەنجەر بولۇپ سانجىلغانــــدى. ئۇ «ئىشان» ناملىق شېئىرىدا مەككار ئىشانلار توغرىسىدا شۇنداق يازىدۇ:

كۆزىن يۇمغان، مۈيىن بۆككەن، باشىندا چالما چورنالغان،
كىبەن چالما كىبەك باشتا: ئىشان بولغان، ئىمىش، هايۋان.

شائىر جاهالەتكە، دىنىي مۇتەئەسسىپلىككە، نادانلىـــقققا قارشـــى كۈرەشتە هەقىـــقەتەن قەتئىـــي تەۋرەنمـــگەن، بوشاشمىغانىدى. گەرچە بۇ كۈرەشتە شائىر ئېيتقاندەك:

بولدى يولدە كىرتەلەر[1] ئىتتىن كوبەيدى دۈشمەنىم،
چۈنكى زالىمنارنى، ئۈستىننەرنى ياقلىي ئالمادىم.

ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى «ئىتتىن كۆپىيىپ»، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلغان بولسىمۇ، شائىر:

دوستلىرىم، قەرداشلىرىم سىز موللارغا ئەيتىڭىز،
بۇ ئىككى يولنى، مىنى كۆمگەچ، ئوقۇرلەر قەبرىمە.

دېگەن ئاخىرقى مىسرالىرىنى ئېيتقانغا قەدەر قەتئىي كۈرەشتى.

---

① توسالغۇلار، پۇتلىكاشاڭلار.

www.uyghurkitap.com

شائىرنىڭ ئىجادىيىتىدىكى دىنىي مۇتەئەسسىپلىك، ئالدامچىلىق پاش قىلىنىپ، مەككار موللا ـ ئىشانلار قامچىلىنىپ يېزىلغان شېئىرلار ئەنە شۇ كۆرەشتىكى بوشاشماس روھنىڭ، تەۋرەنمەس ئىرادىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

ئابدۇللا توقاي يېڭىلىقنىڭ، مەرىپەتنىڭ يارقىن تەرغىباتچىسى، جاھالەتنىڭ، نادانلىقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئىدى.

شائىر ياشىغان دەۋر تاتار خەلقىنىڭ مەشھۇر مەرىپەتچىسى شەھابىددىن مەرجانى باشلىغان يېڭى مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى تازا گۈللەپ روناق تېپىۋاتقان، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرى يۈكسىلىۋاتقان، تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىدا يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان، يېڭىچە گېزىت ـ ژۇرناللار ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كېلىپ، يېڭى پىكىر ۋە تەرەققىيات كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان، كونىلىققا، مۇتەئەسسىپلىككە قارشى كۆرەش كەڭ قانات يېيىۋاتقان بىر دەۋر ئىدى. بۇ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتى ئالدى بىلەن جاھالەتكە خاتىمە بېرىشنى، جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەرنى يوقىتىپ، كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئېچىشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ بايراقدارلىرى مەشھۇر ئەدىب قەييۇم ناسىرى، قىرىم تاتارلىرىنىڭ مەشھۇر مەرىپەتچىسى ئىسمائىل غاسپىرانى، يېڭى زامان ئىسلام پەيلاسوپى دەپ نام چىقارغان مۇسا بىگىيېۋ (مۇسا جارۇللا)، ئىلغار پىكىرلىك دىنىي ئالىم رىزائىددىن بىننى پەخرىددىن ھەم پاتىخ كەرىموف، پاتىخ ئەمىرخان، ھادى مەقسۇدى قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ئىدى. ئۇلار شۇ ۋاقىتتىكى «ئەرەب ـ پارس تىلىدا ئەسەر يازمىسا ئالىم

هېسابلانمايدۇ» دەيدىغان قاراشنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆز ئانا تىلىدا — تاتار تىلىدا يۇقىرى سەۋىيىلىك ھەم چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا نەشرىيات ۋە مىخ مەتبەئەلەرنى قۇرۇپ، گېزىت ـ ژۇرناللارنى چىقىرىشقا باشلىغانىدى. مەسىلەن، رىزائىددىن بىننى پەخرىددىن «شۇرا»[①] ژۇرنىلىنى، پاتىخ كەرىموف «ۋاقىت» گېزىتىنى، ھادى مەقسۇدى «يۇلتۇز» گېزىتىنى چىقارغانىدى.

يېڭى ئەدەبىياتنىڭ ۋەكىللىرىدىن قەييۇم ناسىرى، مەجىد غەپۇرى، سەئىد رەمىيېف، ئەلى ئەسقەر كامال، ئالىمجان ئىبراھىموف قاتارلىق يازغۇچى، شائىرلار شۇ زامانلاردا ئۆز ئانا تىلىنىڭ گۈزەللىكىنى ياقلاپ چىققان نوپۇزلۇق ئەدىبلەر ئىدى. شۇلار قاتارىدا ئابدۇللا توقايمۇ يېشىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماستىن ئۆزىنىڭ ئوتلۇق شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرىپ كېلىپ، ھەممىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەنىدى.

شائىر ئىجادىيەتكە كىرىشىشى بىلەنلا ئىلىم ـ مەرىپەتنى، مەكتەپنى، ئوقۇشنى تەشۋىق قىلىپ كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازدى. مىللەتنى روناق تاپقۇزۇش، گۈللەندۈرۈشنىڭ يولى ئىلىم ئىگىلەشتە ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ ھەجۋىي، يۇمۇرىستىك تىللار بىلەن يېزىلغان نۇرغۇن ئەسەرلىرى مانا شۇ ئىدىيىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

توقاينىڭ مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى

---

① شۇرا — كېڭەش، مەسلىھەت.

شۇكى، ئۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدى بولغان بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى بالىلار تەربىيىسىگە بېغىشلىغان بولۇپ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئېسىل نەمۇنىلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، ساپ تاتار تىلى بىلەن بالىلار ئۈچۈن كۆپلىگەن شېئىر، قوشاق، مەسەل، ھېكايىلەرنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن روھىي ئوزۇق ھازىرلاپ بەرگەنىدى. مەسىلەن ئۈچۈن، بۇ جۈملىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ۋەكىللىكى بولغان «تۇغان تىل» (ئانا تىل) نى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە. شائىر بۇ شېئىر ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆز ئانا تىلىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئىپادىلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن بالىلاردىمۇ كىچىكىدىنلا ئانا تىلىنى قەدىرلەش، ئاسراش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈردۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ شېئىر ئاھاڭغا سېلىنىپ، چوڭلاردىن تارتىپ كىچىك بالىلارغىچە سۆيۈپ ئېيتىپ كەلمەكتە.

توقاينىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەمگىكىنى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى مىللەت سۆيگۈسىنىڭ، مەرىپەتپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسى دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئابدۇللا توقاي ئۆز ۋەتىنىگە چوڭقۇر مۇھەببەت قويغان ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەرگە بېغىشلاپ يازغان «تۇغان جىرىمە» (تۇغۇلغان يېرىمگە)، «تۇغان ئاۋىل» (تۇغۇلغان يېزا) قاتارلىق شېئىرلىرىدىمۇ ئانا تۇپرىقىغا، ۋەتىنىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى يارقىن ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ.

شائىرنىڭ ئىدىيىسىدىكى مانا شۇنداق كۈچلۈك ۋەتەن سۆيگۈسىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى سۈپىتىدە، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تاتار بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تۈرك سۇلتانلىقىغا كۆچۈپ كېتىشكە دەۋەت قىلىشلىرىغا جاۋابەن يېزىلغان «كىتمىبىز» (كەتمەيمىز) ناملىق شېئىرىنى كۆرسىتىشىمىز مۇمكىن. شائىر ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

قارا يۆزلەر بىزنى بولماس ئىشقا تەكلىف ئەتتىلەر،
— سىزگە مۇندا ئەرك يوق، سۇلتان جىرىنەكىت! — دىلەر.
كىتمىبىز، بىزگە ئاندا مۇندەگىدىن ئىش قىيىن،
مۇندەگى ئۇن ئورنىغا ئۇل جىردە ئۇن بەش شىپئون.

......................................

مۇندا تۇدىق① مۇندا ئۈستىق، مۇندادىر بىزنىڭ ئەجەل،
بەيلەمىش بۇ جىرگە بىزنى تەڭرىمىز (ئىززە ۋە جەل)②.

......................................

ئاپ ـ ئاچىق بۇ بىر جاۋاپتىر، سۆزدە تۇگىل باسمادا:
يېسلى لۇچشي ۋام،
تۇدا سامي پازالتى، گاسپادا③.

توقاي مانا شۇنداق يالقۇنلۇق مىسرالىرى بىلەن ئۆزىنىڭ قەتئىي مەيدانى، تەۋرەنمەس ئىرادىسى، چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلغانىدى.

ئابدۇللا توقاي كىچىكىدىنلا يېتىملىكتە قېلىپ تۇرمۇشنىڭ

---

① تۇغۇلدۇق.
② ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە ئۇلۇغ (تەڭرىنىڭ سۈپىتى).
③ رۇسچە سۆز، مەنىسى: ئەگەر سىزگە ياخشىراق بولسا، ئۇ يەرگە ئۆزىڭىز مەرھەمەت قىلىڭ، ئەپەندىلەر.

ئىسسىق ـ سوغۇقلىرى بىلەن بالدۇر تونۇشقان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقەتلىرى، تۇرمۇش قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى پىكىرلەرمۇ بىرقەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. شۇڭا، شائىرنىڭ ئىدىيىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە شائىرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، يەنى ھايات پەلسەپىسى قاراشلىرى ئۈستىدىمۇ تەھلىل ئېلىپ بېرىش، ئىمكان بولسا كەڭرەك ئىزدىنىش ناھايىتىمۇ زۆرۈر.

كىشىلىك ھاياتنى تونۇش، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە توقاي ھاياتقا مەسئۇلىيەتچانلىق، جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بىلەن قارايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇ:

بىزنىڭ ئۆمۈر ئويۇن تۇگىل①، بايرام تۇگىل،
ھېچ قايغۇسىز كىشى بولسا، ئادەم تۇگىل.

دەپ كىشىلىك ھاياتنى قەدىرلەشكە دەۋەت قىلىدۇ ھەم ھايات يولىنىڭ قايغۇ ـ ئەلەمدىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى، ئىنسان ئازاب، قايغۇلار ئىچىدە ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇپ يېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

شائىر ھاياتقا ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىق بىلەن قارىغاچقا، ھاياتنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرى، تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقلىرى ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى، ئۇنى قورقۇتالمىدى. شائىر بۇ ھەقتە:

ئۇڭغا، سولغا ئاۋمىيىم ھەنۈز② ئالغا بارام،

① تۇگىل — ئەمەس.
② ھەنۈز — ھامان، ھازىر.

يولدا مانئى[1] كۆرسەم، تىبەم دە ئاۋدارام.
قەلەم قولدا بولا تۇرۇپ ياش شائىرگە،
مەلۇمدۇركى، قورقۇ بىلەن ئوركۇ هارام.

دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەيسەر ئىرادىسىنى ئىزهار قىلىدۇ.

ئۆزىنى چۈشىنىش، ئۆزىنى تونۇش — بۇ كىشىلىك هاياتنىڭ هەقىقىي باشلىنىشى. شۇنىڭدىلا ئىنسان ئۆزىنى يارىتالايدۇ، هاياتنى هەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۆتكۈزەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ئالدى بىلەن ئۆزىنى سۆيۈشى، ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك. بۇ هاياتنىڭ قانۇنىيىتى، كىشىلىك هايات پەلسەپىسىنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى. شائىر هاياتنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى ئالىلىقاچان تونۇپ يەتكەن. شۇڭا، ئۇ قەتئىي قىلىپ:

ساڭا دوستۇم، بۇ سۆز ئاخىرقى سۆزۈم،
ئۆزىڭنى سۆي! يارات ئۆزىڭنى ئۆزىڭ.

دەيدۇ.

شائىرنىڭ هەممىگە ياد بولۇپ كەتكەن شېئىرى «كېڭەش»تە بولسا هاياتنىڭ يەنە بىر مەنتىقىسى كۆرسىتىپ بېرىلگەن:

ياقىن دوستىم! سىڭا مىنىدەن كىڭەش شول،
كىشىلەرگە سىرىڭنى سۆيلەمەس بول.

ئىچىڭدە نەرسە يانغانىن ئۆزىڭ بىل،
ئۆزىڭ قايغىر، ئۆزىڭ يىغلا، ئۆزىڭ كۆل.

---

① مانئى — توسالغۇ، توسقۇنلۇق.

توقاي هاياتقا ناهايىتى ئۈمىد بىلەن، مۇھەببەت بىلەن قارىغان ئۈمىدۋار شائىر. بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن هامان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى كۆرىمىز.

كۆكرەكىمدە مېنىم شېئىر ئوتىم ساۋمى؟ —
كۆتەرەم مەن قارت بولسام دە، ئاۋىر تاۋنى.

كۆڭلۈمدە كۈن هامان ئاياز — هامان دا ياز،
شائىر كۆڭلىندە قىش بولمىي دا، قار ياۋمىي.

شائىرنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى تولىمۇ ئېغىر ھەم مۇشكۇللۇكتە ئۆتكەن بولسىمۇ، شائىر هاياتقا بىزارلىق كۆزى بىلەن ئەمەس، مۇھەببەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۈمىد بىلەن ياشىغان. شائىرنىڭ هاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى سۆيىتىدە ئۇنىڭ ئۆلۈمگە نىسبەتەن ئېيتقان تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى كۆرستىش كۇپايە:

جىرلىي ـ جىرلىي ئۆلەرمىن مەن ئۆلگەندە دە،
دەشمى① قالىمام ئەزرائىلنى كۆرگەندە دە،
«بىز كىتەبىز، سىز قالدىسىز!» دىپ جىرلارمىن،
جەسەدىمنى تۇپراق بىرلە كۆمگەندە دە.

27 ياشتا هايات بىلەن خوشلاشقان شائىرنىڭ ئۆلۈمگە تۇتقان بۇ مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزىلا شائىرنىڭ قانچىلىك زور شىجائەتكە، چىدامغا، ئىرادىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ۋۇجۇدىنىڭ قانچىلىك ئۈمىدكە تولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.
دەرۋەقە، شائىرنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە

① شۈك تۇرمايمەن، گەپ قىلماي قالمايمەن.

ئىجاد قىلغان بىر قىسىم شېئىرلىرىدا ئۈمىدسىزلىك، ئىشەنچسىزلىك ئالامەتلىرىمۇ ئەكس ئەتكەن. شائىرنىڭ:

قايتمادى ئۆچ، بىتتى كۈچ، سىندى قىلىچ، شول بولدى ئىش،
كىرلەنىپ بىتتىم ئۆزىم، دۇنيانى پاكلىي ئالمادىم.

دېگەن مىسرالىرىدىمۇ قارىماققا ئۈمىدسىزلىك ئەكس ئەتكەندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ پەقەت شائىرنىڭ ئۆز ھاياتىدىن چىقارغان يەكۈن تەرىقىسىدە ئېيتقان ئاخىرقى مىسرالىرى بولۇپ، ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئىپادىسى دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، توقاي دۇچ كەلگەن ئېغىر مۇھىت ئىچىدە ئىنسان ھەتتا ھاياتىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، توقاي بۇ ئېغىرچىلىقلارنى ئۆز ئىرادىسىنى سىنايدىغان ئىمتىھان دەپ بىلىپ، قەتئىي بوشاشماي ئىرادە بىلەن ياشىدى. ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى كۆزقاراش - پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ كۆپىيىپ، رەقىبلىرىنىڭ ئېشىپ بېرىشى، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلاپ كېتىشى سەۋەبلىك روھسىزلىنىپ، ئۈمىدسىزلىنىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمما، بۇنداق پاسسىپلىق، ئۈمىدسىزلىك توقاينىڭ ھايات قارىشىنىڭ ئاساسىي تەرىپى ئەمەس. ئۇ ئىزچىل ھالدا ھاياتنى سۆيۈپ، ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئۈمىد بىلەن ياشىغان. ھاياتنى كۈيلەپ، ياشاشنى ئۆگەتكەن. دېمەك، توقاينىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىدا ئۈمىدۋارلىق، ئاكتىپلىق، ئىشەنچ ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

ئابدۇللا توقاي ئۆز ئالدىغا بىر دەۋر ياراتقان گېنىئال شائىر. ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ئىجادىيەت ئۇسلۇبى، ئىجادىيىتى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا، جۈملىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئىبراھىم تۇردى، زۇنۇن قادىرى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋە شۇكۇر يالقىن قاتارلىق شائىر - يازغۇچىلارغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ئىجادىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ناھايىتى مۇھىم بىر تېما، بۇ تېمىدا بىر قىسىم ئالىم، يازغۇچىلىرىمىز (مەسىلەن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، رەھمىتۇللا جارى...) قىسمەن تەتقىقاتلارمۇ ئېلىپ باردى. بۇ جەھەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا، ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بىز بۇ يەردە پەقەت توقاينىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدىكى دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىمىز، مۇلاھىزىلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، خالاس.



www.uyghurkitap.com

# XXI باب قازاق مىللىتىنىڭ پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى توغرىسىدا

## 1. قىسقىچە بايان

قازاق مىللىتى كۆپ مىللەتلىك ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئەزاسىدۇر.

ئۇزاق ئەسىرلەر بويى تۇرمۇشتا چەكسىز كەڭ سەھرا - دالىدا، ئېگىز تاغ، قېلىن ئورمانلىقتا ئۆتكەن قازاق خەلقىنىڭ قايناپ - تاشقان ئىچكى سېزىمى بىلەن قورقماس ئەر يۈرەك مىجەز - خۇلقى گۈزەل تەبىئەتنىڭ تەسىرى بىلەن قوزغالغان خىلمۇ خىل ئەقىل - پاراسىتىنى ياراتتى. «ناخشا بىلەن ئات قازاقنىڭ قوش قانىتى» دېگەن تەمسىل ناخشا ياڭرىتىش بىلەن ئات ئۈستى قازاق خەلقى تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يېقىنقى زاماندىكى قازاق خەلقىنىڭ ئاتاقلىق ئاقىنى ۋە مۇتەپەككۇرى ئاباي قۇنانباي مۇنداق دەيدۇ:

تۇغۇلغاندا ئۆمىر ئىشكىن ئاچار ئۆلەڭ،
ئۆلەڭ بىلەن قارا يەرگە كىرەر دېنەڭ.

قازاقلار ھەقىقەتەن ئاقىن مىللەت، قازاق سەھراسى ھەقىقەتەن ئۆلەڭ - جىرنىڭ چوڭقۇر دېڭىزى.

قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش بىلەن چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كۈن، ئاي، يۇلتۇزغا ئوخشاش ھەر خىل ئاسمان جىسىملىرى بىلەن تەبىئىي ھادىسىلەرنى تونۇشىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ ھەقتە قىيا تاشلارغا ئويۇلغان رەسىملەر بىلەن تارىخىي يازما يادىكارلىقلاردا مول مەزمۇنلۇق ئاسار ئەتىقىلەر قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ، نۇرغۇنلىغان قەبىلە تامغىلىرى بىلەن ھەر خىل ماللارنىڭ ئەن ـ تامغىلىرى كۆچمەن مىللەتنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشلانغۇچ جەمئىيەتتىن بېرى، مەيلى ياغاچتىن، كېيىنرەك مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان چىنە، تەلەڭگە، تاۋاق، چۆگۈن قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى بولسۇن، مەيلى ئەر ـ ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچەك، ئۆي ۋە ئۆي جاھازلىرىنىڭ ياسىلىشى بولسۇن، ھەر خىل قول ھۈنەر بۇيۇملىرى بىلەن ئېگەر ـ جابدۇقلىرى ۋە تامغا ھۈنەرلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، كۆچمەنلىك تۇرمۇشنىڭ ئىجادىي مەدەنىيىتىگە ماسلىشىپلا قالماستىن، بەلكى سەھرا تىرىكچىلىكىگە بىۋاسىتە سىڭدۈرۈلگەن.

قازاق دالىلىرىنىڭ ئەتراپى شۇ تارىخىي شارائىتتا ئەپلىك سوقۇشۇش ئورنى بولغانلىقتىن، قازاق خەلقى باتۇر، ئېلىشىشقا ماھىر ئىدى. پاترىئارخال (ئۇرۇقچىلىق) ـ فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ھۆكۈم سۈرۈشى جەريانىدا قازاق خەلقى ئۆزىگە خاس ھەربىي ۋە سىياسىي تۈزۈملەرنى ياراتقان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن قەھرىمانلىق شوئارلىرى ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنى بىرلىك قىلىپ ئېلىشقان مەيدانلاردا بارلىققا كەلگەن.

يۇقىرىقى ئەھمىيەتلىك مەدەنىي مىراسلار قازاق خەلقىنىڭ تارىخى، ھەربىي، پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا

مۇھىم ئاساس ھېسابلىنىدۇ.

قازاقلار ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان، قەھرىمان مىللەت، ئۇنىڭ مىللەت بولۇپ قېلىپلىشىشى، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى جەريانىدا (تارىختىن بۇيان) كۆپلىگەن سىياسىيونلار، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر، پەيلاسوپلار، شائىرلار دۇنياغا كەلدى.

قازاق خەلقى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىپتىدائىي ئېتىقادلار، شامان دىنى، بۇددا دىنى، يەھۇدىي دىنى، خرىستىئان (نېستورىيان) دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىشتا ھەم قازاق خەلقىنىڭ ئۆزگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىكلىرى ئىپادىلىنىدۇ. كىتابىمىزنىڭ بېشىدا شىنجاڭدىكى مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ئىپتىدائىي دىنلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس توختالمايمىز.

قازاق ئىچىدىن چىققان «قورقىت ئاتا» ئەقىللىق ئاتا بولۇش بىلەن بىللە ئاتاقلىق ناخشىچى، مۇڭلۇق نەغمىچى، قازاقنىڭ مۇزىكا ئەسۋابلىرىدىن قومۇز بىلەن دومبىرىنى ئەڭ دەسلەپ ئىجاد قىلغۇچى، ئۆز زامانىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى بولغان.

قازاقلاردىن چىققان نەغمىچى، قوشاقچى - ناخشىچىلار قورقىتنى ئۆزلىرىنىڭ پىرى، ئۇستازى ھېسابلايدۇ. بۇ ھەقتىكى:

ناخشىنىڭ ئۇلۇغ پىرى قورقىت ئاتا،
ھەممە مۇخلىس دۇئا ئالغان ئۇلۇغ ئاتا.
پۈتۈن خەلق بەكمۇ ھەيران قالىدىكەن،
قومۇز بىلەن نەغمە قىلغاندا قورقىت ئاتا.

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك قۇرقىتنىڭ نەغمىسىنى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىسىنى كۈيلىگەن قوشاقلار قازاق ئىچىدە ھازىرغىچە ساقلانغان.

قۇرقىت سۇمۇرغقا مىنىپ خەلققە مەڭگۈلۈك ھايات يولىنى ئىزدەپ، ئۆلۈمگە قارشى كۈرەش قىلىدۇ. ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا «ئۆلمەيدىغان نەرسە يوق» دېگەن پىكىرگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەڭگۈلۈك ھاياتنى قومۇز ئاۋازىدىن تاپىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ جانغا راھەت كۈيلىرى، تەسىرلىك سۆزلىرى ماقال ـ تەمسىللەرگە ئايلىنىپ، قوشاق ۋە ناخشا ئارقىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئېسىل مىراس، تۈگىمەس خەزىنە سۈپىتىدە قازاق خەلقىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىن ئورۇن ئالغان. قۇرقىتنى ناھايىتى چوڭقۇر پىكىرلىك پەيلاسوپ، دانىشمەن، ئاتاقلىق قوشاقچى ھېسابلاپ، ئۇنىڭ مازار ـ گۈمبىزىگە باش ئۇرىدىغان قائىدە ـ يوسۇن ئوغۇز ـ قىپچاق دەۋرىدىن باشلانغان. قۇرقىت مازىرى تەخمىنەن IX — X ئەسىرلەردە ياسالغان بولسا كېرەك. قۇرقىتنىڭ تېگى ـ تەكتىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئەجداد ئېتىقادچىلىقى كۆز قارىشىنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

قۇرقىت ئەڭ ئاخىرىدا ھايات يولى ئۆلۈمدىن قورقۇش ئەمەس دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ ـ دە، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان باقىي ھاياتنى خەلقنىڭ نەغمە ـ ناخشىسىدىن تاپىدۇ. ئۆمرىنى نەغمە ـ ناخشا بىلەن كۈيلەپ، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنى خۇش قىلىدۇ.

دومبىرىن دىڭغىرلاپ بەردى كېڭەش،
ھايات يولى ئۆلۈمدىن قېچىش ئەمەس.
قېرى قۇرقىت قوبۇل قىلىپ ئەگدى بېشىنى،
قولغا ئالدى خاسىيەتلىك دومبىرىسىنى.
جىرلىدى ئەل مۇڭىنى، ئەر مۇڭىنى،

كۆتۆردى هاياتنىڭ كۆڭۆل كۇيىنى.
بويى تىلىپ تەۋرەنگەندەك تاغنىڭ تىشى،
شامال توختاپ، تامدى يەرگە بۇلۇت يىشى.
تەمتىرەپ قاناتلىق قۇش، ئاياغلىق ئاڭ،
روهلاندى يىراقتىكى تاغ ۋە ئورمان.
تارقىتىپ هايات كۇيىنى ئىچكى قەلبىتىن،
چاقماق چىقىپ كۆچتى بۇلۇت ئاسمان ـ كۆكتىن.
ئۇن قوشۇپ گۇزەل باغنىڭ بۇلبۇلى،
گۇزەلنىڭ قانات قاقتى قەلەم قىشى.

«قۇرقىت ئاتا كىتابى» دا قۇرقىتنىڭ پەلسەپىۋى ئوي ـ پىكىرلىرى، ئەقلىيە سۆزلىرى، ۋەز ـ نەسىھەتلىرى، ماقال ـ تەمسىللىرى مۇجەسسەملەنگەن. قۇرقىت ئىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەسىرلىك ئەقلىيە سۆزلەر خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ساقلىنىپ، قازاق خەلقىنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرىگە ئايلانغان. مەسىلەن:

«ئەجەل كەلمەي كىشى ئۆلمەس، ئۆلگەن كىشى تىرىلمەس.»
«چىققان جان قايتىپ كىرمەس.»
«ئات تۇياقلىق كىلىدۇ، شائىر ناتىق كىلىدۇ.»
«تاغ باغرى ئىگىز بولماس.»
«ئىشەككە يۇگەن سالغان بىلەنمۇ ئات بولالماس».
«قار قانچە قىلىن بولغان بىلەن باهاردىن قالماس.»
«باغ قانچە گۇللەنسىمۇ كۇزدىن قالماس.»
«كونا قومۇش ئىگىز بولماس، كونا دۇشمەن دوست (بولماس).»
«ئات هارماي يول تۇگىمەس، قىلىچ تەگمەي دۇشمەن قايتماس.»
«ئانىسىز قىز ئەقىللىق بولماس، دادىسىز ئوغۇل هۆرمەتلىك

بولماس.»

«دۆلەتلىك ئوغلى بولسا، ئۆي باياشات بولۇر، دۆلەتسىز ئوغلى بولسا، دادىنىڭ گۆرى بولۇر.»

«قورققاقفا قىلىچ شىلتىشنىڭ ھاجىتى يوق.»

«چېپىشنى بىلمىگەن ئات قىينايدۇ.»

«چالا بىلگەن يىگىتكە ئوق بىلەن قىلىچتىن كۆرە، بىر توقماق ياخشى.»

«مېھمان كەلمەيدىغان قارا ئۆيىنىڭ ئۆرۈلگىنى ياخشى.»

«يۇقۇملۇق ئوتنى كېيىك بىلۇر، ئۆسكىلەڭ ئوتلۇق يەرنى قۇلان بىلۇر.»

«ئېگەرنىڭ پاتقىنىنى ئات بىلۇر، ئېغىر يۈكنىڭ قىممىتىنى تۇلپار بىلۇر.»

«قاپقىنى تۇرۇپ ئولتۇرغان ئايال كۆركەم، ساقىلى ئاقارغان بوۋاي كۆركەم.»

«قۇرقىت نەغمىلىرى» قازاق خەلقى ئارىسىدا تا ھازىرغىچە قەدىرلىنىپ كەلمەكتە. قۇرقىت جىرلىرىنىڭ ئوي - پىكرىدىكى دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىنى مۇنداق خۇلاسىلەشكە بولىدۇ: ھايات بار يەردە ئۆلۈم بار، ئۆزگىرىش بار، ئۆلمەيدىغان ھايات يوق. ئۇمىدتە بولىدۇ لېكىن ھەممە ئۆلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، مەڭگۇ باقىي بولۇپ ئۆلمەيدىغان نەرسە — ئادەمنىڭ ھاياتىدا قىلغان ئالاھىدە نەتىجىلىك ئىشى بولۇپ قالىدۇ.

## 2. ئىسيانكار شائىر، پەيلاسوپ ئاسان قايغۇ

مىلادىيە XIII ئەسىردىن XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ياكى قازاقنىڭ بىر پۈتۈن خەلق بولۇپ شەكىللەنگىنىگىچە،

چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى كۆچمەن تۈركىي قەبىلىلەر «ئالاش» قەۋمىدىن تارتىپ تەدرىجىي بىرلىشىشكە قاراپ مېڭىپ، ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىتنى باشتىن كەچۈرۈپ، «قازاق» ئاتلىق خەلق بولۇپ شەكىللەندى.

ئاسان قايغۇ دەپ ئاتىلىپ كەتكەن ئاسان سابىت ئوغلى تارىخىي خاتىرىلەر ھەم قۇربان غەلى خالىدنىڭ «تارىخىي خەمسەئى شەرق» ناملىق ئەسەرلىرىدىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا 1361 ـ يىللىرى ئېدىل (ۋولگا) بويىدا تۇغۇلغانلىقى مەلۇم. ئۇ XIV — XV ئەسىر ئارىلىقىدا ياشىغان قازاقنىڭ ئاتاقلىق جىرچىسى، پەيلاسوپى ئىدى، دادىسى سابىت ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىيونى بولغان. ئاسان «ئالتۇن ئوردا» خانى ئۇلۇغ مۇھەممەدخاننىڭ قابىلىيەتلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى ئىدى. XV ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئۇلۇغ مۇھەممەدخان ئۇنى ئوردىدىن قوغلىغاندا ئۆز كىشىلىرى بىلەن كېتىپ، خان ئۆلگەندىن كېيىن دەشتى قىپچاققا قايتىپ كېلىدۇ. «ئالتۇن ئوردا» خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە («ئاق ئوردا» بۆلۈنۈپ «نوغاي خانلىقى» بىلەن «ئۆزبېك خانلىقى» قۇرۇلغان مەزگىللەردە) كۆچمەن خەلقنىڭ پەيلاسوپى ئاتالغان ئاسان قايغۇ خان ئوردىسىدا قابىلىيەتلىك ئەمەلدار ۋە ئاقىل مەسلىھەتچى بولغان. نوغاي، قازاق خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپى بولۇپ تونۇلۇشى ئاسان قايغۇنىڭ قازاق خانلىقىغا كەلگەن ۋاقتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. 1450 ـ يىللىرى ئوبۇلخەيرى ئۇلۇسىدىكى تالاش ـ تارتىش مەزگىلىدە جانىبېك، كېرېي خانلارنى قوللايدۇ. 1456 ـ يىلى چۇ دەريا بويلىرىدا «قازاق خانلىقى» قۇرۇلغان مەزگىلدە ئاسان يېڭى خانلىقنىڭ

يارلىقچىسىغا ئايلىنىدۇ. بىر ئەسىر ياشىغان ئاسان سارى ئارقا ـ ئۇلۇغ تېغىدا 1465 ـ يىللىرى ۋاپات بولىدۇ.

ئاسان ئاتا ھەققىدىكى خەلق رىۋايەتلىرىنى ئاساننىڭ دەسلەپكى تونۇلۇشى، «قايغۇ» لەقىمى بىلەن ئاتىلىشى ۋە «يەر جەننىتى» نى ئىزدىشى قاتارلىق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن.

ئاسان قايغۇ ھەققىدىكى ھېكايە ـ رىۋايەتلەردە ئۇ خەلق بىلەن بىللە ياشىغان، خانلارغا مەسلىھەتچى بولغان جەمئىيەت ئەربابى، شائىر ۋە پەيلاسوپ ئىدى. XV ئەسىردە «ئالتۇن ئوردا» خانلىقى روناق تاپقان دەۋردە، ئۇ دەسلەپ بۇ خانلىقنىڭ پايتەختى ساراي شەھىرىدە، كېيىن قازان شەھىرىدە «ئالتۇن ئوردا» خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئۇلۇغ مۇھەممەد (ئورمانبەك) خاننىڭ قابىلىيەتلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ بىرى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. 1445 ـ يىلى ئۇلۇغ مۇھەممەدخان ئالەمدىن ئۆتۈپ، «ئون سان نوغاي بۆلۈنۈپ»، «ئالتۇن ئوردا» خانلىقى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دەۋردە دەشتى قىپچاققا (قازاق سەھراسىغا) قايتىپ كەلدى. ئاساننىڭ قايتىپ كەلگەن ۋاقتى جانىبېك، كېرېي باشچىلىقىدىكى قازاقلارنىڭ «قازاق خانلىقى» قۇرۇشقا باشلىغان دەۋرى ئىدى. ئاسان ئاخىرقى ئۆمرىنى قازاق خانلىقىدا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ جانىبېك خاننىڭ (1456 — 1473) مەسلىھەتچىسى ۋە جىرچىسى بولىدۇ.

ئاسان قايغۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى قازاق پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشتى. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى شېئىرىي شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

پەيلاسوپ جىرچىلار ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىنى،

ئەقىل ـ پاراستىنى، ئوبيېكتىپ رېئاللىققا بولغان قارىشىنى، مەقسەت ـ تىلىكىنى، ئۆز دەۋرىنىڭ غايىۋى قائىدە ـ قانۇنلىرىنى لىرىك ـ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي هايات بىلەن ئىجتىمائىي هادىسىلەرنىڭ ماهىيىتىنى ئېچىپ بېرىشكە تىرىشقان. ئاساننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى جىرلىرى قازاق سەهراسىنىڭ ئىجتىمائىي هاياتى هەم ئىچكى زىددىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئىپادىلەپ بەرگەن.

«چۇقان (ۋەلىخان) ئاسان قايغۇنى كۆچمەنلەرنىڭ پەيلاسوپى دەپ مۇنداقلا ئېيتىپ قويغان ئەمەس. ئاسان قايغۇنىڭ ئادەم بالىسى بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ماكان — ‹يەر ئاستى تەكچىسى› هەققىدىكى پىكرىنى بايان قىلىدىغان چوڭ ھەجىملىك ئەسىرى بولغانمىش، بۇ ئەسەر شېئىرىي شەكىلدە يېزىلغانمۇ ياكى توماس مورنىڭ ‹ئوتوپىيىسى›، كامپانىللانىڭ ‹كۈن شەهىرى› گە ئوخشاش خىيالىي پەلسەپىۋى قاراش شەكلىدە يېزىلغانمۇ، بۇ هەقتە بىر نەرسە دېيىش قىيىن، بىزگە يېتىپ كەلگىنى شۇ پەلسەپىۋى ئەسەرنىڭ رىۋايەتكە ئايلانغان بەزى شەكىللىرى.»①

ئاسان قايغۇ ئۆز دەۋرىدە خەلق غېمىنى يەپ يەر يۈزىدىن بەختلىك جاي — «بەخت ماكانى»، «يەر ئاستى يەر جەننىتى» ئىزدىگەن قاۋۇل ساياهەتچى.

قازاق تارىخىدا، ئاسان قايغۇ هەققىدە كۆپلىگەن تارىخىي رىۋايەتلەر تارقالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىقى ئاسان قايغۇنىڭ «يەر جەننىتى» نى ئىزدىشى هەققىدىكى رىۋايەت. ئاسان

---

① مۇختار ماغاۋىن: «ئالداشمان»، ئالمۇتا 1971 ـ يىل نەشرى، 11 ـ بەت.

قايغۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ـ ئىقتىسادىي ھاياتقا، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا نەزەر سېلىپ، قازاق خەلقىنىڭ ئېغىر كەچۈرمىشلىرىنى كۆرۈپ قايغۇرىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ئىناقسىزلىق، تەبىئىي ئاپەتلەردىن كېلىپ چىققان جۇت ـ ئاپەت، ئاچ ـ يالىڭاچلىق، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي تەڭسىزلىك، دۈشمەنلىك، قايغۇ ـ ھەسرەت قاتارلىق ئېغىر ئەھۋاللارغا چوڭقۇر ئېچىنىپ، قازاق خەلقىنىڭ غېمىنى ۋە ئەل ـ يۇرتىنىڭ كېلەچىكىنى ئويلايدۇ. شۇڭا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي رېئاللىققا نارازى بولىدۇ، ماكان قىلغان يەرلەرنى ياراتمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاسان قايغۇ تۆت ئەتراپىنى ئارىلاپ، خەلقنى ئېغىر ئازابتىن قۇتقۇزۇشنىڭ يولىنى ئىزدەيدۇ. كىشىلەرنى يوقسۇللۇقنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ «يەر ئاستى تەكچىگە يەتكۈزۈشنى» ئارمان قىلىدۇ. ئاسان قايغۇنىڭ ئارمان قىلغان «يەر جەننىتى» بەختلىك ماكاندۇر، ئۇنىڭ قارىشىچە، «يەر جەننىتى» يەر يۈزىدىكى «ئىپار مەنبەسى»، «كەڭ تۈۋەك»، «تار تۈۋەك» دېگەن يەرلەردە بولارمىش. ئاسان قايغۇ ئىجادىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق تېمىسى — مانا مۇشۇنداق قازاق خەلقىنىڭ ئادەتتىكى ئەھۋالى ۋە تۇرار جايى بولدى، ئاسان قايغۇ ئىجادىيەتلىرىنىڭ پەلسەپۋى ئىدىيىسى بولسا قازاق خەلقىنىڭ غېمى، قايغۇسى، مۇڭى، تىلىكى، كېلەچەك تەقدىرى ھەققىدىكى ئۇتوپىيىلىك كۆزقارىشى بولدى.

ئۇ ئارمان قىلغان «يەر جەننىتى» سۈيى مول، تۇپرىقى مۇنبەت، تېشى ئالتۇن، دەرىخى مېۋىلىك، بەختلىك تۇرار جاي ئىدى. ئۇ يەردە كىشىلەر تىنچ، بەختلىك ھايات كەچۈرىدۇ. ئاسان قايغۇنىڭ خىيالىدا شەكىللەنگەن «يەر تەكچىسى» —

www.uyghurkitap.com

خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ئويلىغان، ئاجايىپ گۈزەل كېلەچەكنى كۆزلىگەن ئارمان ـ تىلەكلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىدى؛ شۇنىڭدەك ئوتتۇرا ئەسىردىكى كۆچمەن قازاق خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ كېلەچىكىگە تەلپۈنگەن «يەر جەننىتى» ھەققىدىكى پەلسەپىۋى ئوتوپىيىلىك كۆزقارىشىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاسان قايغۇنىڭ پەلسەپىۋى ئوي ـ پىكىرلىرىدە شۇ ۋاقىتتا ئەلنى باشقۇرغان جانىبېك خانغا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل گۇناھ ئارتىلىدۇ:

بىرىنچىسى، قازاق ئۇلۇسلىرى «ئالتۇن ئوردا» دەۋرىدە، بىر تەرەپتىن، ئىدىل، ماڭىز، يېيىق، جەم دەريا بويلىرىدا مۇقىملاشسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن تۈركىي ئۇلۇسلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، نوغاي ئېلىگە ئايلىنىپ قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ دارخان جەزىرىسىدە تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ ئەنە شۇنداق ئەل ـ يۇرتتىن ئايرىلىشنى ئەيىبلەپ جانىبېك خانغا مۇنداق دەيدۇ:

باغرىدا كېيىك يايلىغان،
سۈيىدە بېلىق ئوينىغان.
مەرۋايىتتەك قېلىن زىرائەتنىڭ،
خالىغان ئېشىنى يەيدىغان.
جامائەتكە مەسلىھەت سالمىدىڭ،
جەمدىنمۇ ئەلنى كۆچۈردۈڭ.
ئويىل دېگەن ئوينىدى،
ئۇ تۈن تاپساڭ ئوينىدى.
ئويىل كۆزنىڭ يېشىدى،
ئويىلدىن ئەلنى كۆچۈردۈڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەلۋەك ـ سەلۋەك يۈگۈرگەن،
قالدۇق ئوتقا سەمرىگەن.
ئىككى شەمشەرنى قولغا ئېلىپ،
ئەرلەر قاتىراپ كۈن كۆرگەن.
ئېدىل دېگەن قىيانغا،
ئېگىشىپ كەلدىك تار يەرگە.
كېچەش تويى نەلەردە.

ئىككىنچىسى، ئاسان قايغۇنىڭ قازاق خەلقىنىڭ يېڭى تۇرار جايىغا (چۇ دەرياسى بىلەن ئېرتىش ئوتتۇرىسىدىكى تۇرار جايغا) كۆڭلى چۈشمەيدۇ. بۇ يەر بىرىنچىدىن، چارۋىچىلىققا قولايسىز، ئىككىنچىدىن، كۆپ دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى خەۋپ ـ خەتەرلىك جاي ئىدى. شۇڭا ئاسان قايغۇ بۇ ھەقتە:

بۇ ياققا بارساڭ قوقەن بار،
ھەيۋە قىلىدىغان داداڭ بار.
ئۇ ياققا بارساڭ قالماق بار،
كۆچۈڭنى ئەپ بىلەن ئالغۇسى بار.

دېگەن پىكرىنى بايان قىلىدۇ.

ئۈچىنچىسى، جانىبېك خاننىڭ ئەنە شۇنداق خەۋپ ـ خەتەرلىك، دۈشمەن ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان جايدا بەخىرامان، جېنى راھەتلىنىپ ياتقىنىغا، كېلەچەكنى ئويلىماي، بۈگۈنكىسىگە مەست بولۇپ ئويۇن ـ كۈلكە بىلەن يايراپ يۈرگىنىگە ئاسان قايغۇ قاتتىق ئاچچىقلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

مەن ئېيتسام بىلمەيسەن،

ئېيتقىنىمغا كۆنمەيسەن.
تالىنىپ ياتقان خەلقىڭ بار،
ئالماغنى كۆزلەپ كۆرمەيسەن.
قىمىز ئىچىپ قىزىرىپ،
مەست بولۇپ، قىزىپ تەرلەيسەن.
ئۆزۈڭدىن باشقا خان يوقتەك،
نېمىشقا كۆپۈرۈپ سۆزلەيسەن؟!
قورغان سالدىڭ قىينىلىپ،
خىزمەتچىلىرىڭ ياتىدۇ ئىچىپ - يەپ.
ئون سان نوغاي بۆلۈنۈپ،
نېمىشقا بۇنى بىلمەيسەن؟
غورۇلقاي قۇشۇڭ قۇلىدى،
چاشقان يەپ يۈگى تۆكۈلدى.
ئاققۇ قۇشىڭ ئۆرستى،
يايراپ كۆلدە يۈرەتتى.
پايلاپ يۈرگەن كۆپ دۈشمەن،
ئەلگە ياۋ بولۇپ كېلىدۇ.
قورغان سېلىپ، تىنچ ياتىسەن،
ئۆزۈڭچە جانبېك ئەلدىن ئاشقان باتۇرسەن.
ئۇنىساڭ تۇرار جاي ئىزدە،
سۇمۇرغ مىنىپ يەر كۆزلە.
تاپقان يەرگە ئەلنى كۆچۈر،
مۇشۇنىمۇ بىلمەمسەن؟
هەي، جانبېك، ئويلىغىن،
تەتۈر زامان بولماسمۇ؟
بۇنى نېمىشقا بىلمەيسەن؟
خوش، ئامان بول، جانبېك،
ئەمدى مېنى كۆرمەيسەن.

ئاسان قايغۇ يالغۇز جىرچىلا ئەمەس، بەلكى هەم پەيلاسوپ بولۇپ، ئۇ جانبېك خانغا ئادەتتىكى مەسلىهەتنىلا بېرىپ

قالماستىن، بەلكى شۇ زامانىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزتىپ، خان بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، يۇرگۈزۈلۈۋاتقان سىياسەتلەرنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا مەسلىھەت بەرگەن. ئۇ مەسلىھەتلىرىدە ئەلنى باشقۇرۇشتىكى ئىجتىمائىي كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ شۇ دەۋرنىڭ ئادەتتىكى شارائىتىنى، قازاق خانلىقىنىڭ كىلەچىكىنى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا لايىق تۇرالغۇنى، قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىپ، قازاق خەلقىنىڭ كىلەچىكى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق غىمىنى يىيىش ئاسان قايغۇنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقارىشىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولىدۇ.

ئاسان ئىسيانكارلىق روھ بىلەن خان بىلەن خەلقنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدە «بىسىم خەلققە كۈچ بىرەر، خەلقنىڭ ئىنتىقامى كۈچكە ئايلىنار» دىگەندەك ئىجتىمائىي تارىخىي كۆزقارىشى ئارقىلىق خانغا خەلقنى تونۇتىدۇ. خەلق ئۇلۇغ كۈچ، خەلقنىڭ ئۈمىد - تەلىپىنى، مۈلك - زارىنى ئاياغ - ئاستى قىلىشقا بولمايدۇ. خەلققە بىسىم ئىشلىتىۋەرسە، خەلقنىڭ غىمىنى يىمىسە، خەلق خانغا خەۋپ تۇغدۇرىدۇ دىگەننى بىشارەت قىلىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

قۇيرۇقى يوق، يايلى يوق،
قۇلان قانداق كۈن كۆرەر؟
پۇتى يوق، يا قولى يوق،
يىلان قانداق كۈن كۆرەر؟
خان، ئەمەلدار قىسقاندا،
خەلق قانداق كۈن كۆرەر؟
گەر خەلق ئۈمىدسىزلەنسە،

بىسىم خەلققە كۈچ بېرەر،
خەلقنىڭ ئىنتىقامى كۈچكە ئايلىنار.

بۇنىڭدىن، ئاسان قايغۇنىڭ يېگىدىن قۇرۇلغان قازاق خانلىقىنىڭ باشپاناھى، يول باشلىغۇچىسى يوق، قانداق ئەھۋالدا قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ناھايىتى بىسەرەمجان بولغانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەربىي كۈچىدىن، خەلقتىن ئايرىلىپ، ئويۇن - كۈلكىگە بېرىلگەن خان ۋە خانزادىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى قورقماستىن ئاشكارىلايدۇ.

ئاسان قايغۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر پەلسەپىۋى قارىشىدا «ئاجايىپ - غارايىپ زامان بولار، قارىغاي بېشىنى شورتاڭ باسار» دېگەن ئەقلىيە سۆزى ئارقىلىق، قازاق خەلقىنىڭ (قازاق خانلىقىنىڭ) ئازاب - ئوقۇبەتكە ۋە خانىۋەيرانلىققا ئۇچراپ، ئاخىرىدا كۈچلۈك، تەرەققىي تاپقان بىر پادىشاھلىققا بېقىندى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەيدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

بۇندىن كېيىن ئاجايىپ - غارايىپ زامان بولۇر،
زامان ئېزىپ، قانۇن توزۇپ يامان بولۇر.
قارىغاينىڭ بېشىغا شورتاڭ ئۆرلەپ،
باللار ئىستىقبالى تامام بولۇر.

ئۇ چاغدا قېرىنداشتىن رەھىم كېتەر،
خاندىن كۈچ، قارىغايدىن سېغىز كېتەر.
ئوغلۇڭ، قىزىڭ ئورۇشقا ئەسىر بولۇپ،
ئەزىز، ئەڭ ئېسىل يۇرتۇم شۇندا نې ئېتەر!

ئاسان قايغۇ بېشىدىن كەچۈرگەن دەۋر ئۇنىڭ ئەقلىيە

سۆزلىرى ۋە پەلسەپۋى تەھلىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئاسان ئەلنىڭ كۈچلۈك، دوستلارنىڭ ئىناق بولۇشىنى تەرىپلەيدۇ. شۇڭا ئۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان قازاق خانلىقىنى كۈچەيتىشنى ئارمان قىلىپ، «تېۋىنىدىن ياساۋۇل قويساڭ، بېشىڭدىن قىياچىيا كەتمەس، بولۇمسىزنى ئەمەلدار قىلساڭ، يۇرتۇڭ مۇرادىغا يەتمەس» دېگەن سۆزى ئارقىلىق جانىبېكنىڭ ئەمەلدارلىرىنى ياراتماي، ئۇنىڭ ئەتراپىغا يارىماس، خەلق تۇرمۇشىنى ئويلىمايدىغان، خەلقنىڭ كېلەچىكى بىلەن كارى يوق، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ئەمەلدارلارنى يىغىپ ئويۇن - كۈلكە بىلەن ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ.

ئاسان قايغۇ خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، ئەلنىڭ كېلەچىكىنى ئويلاپ، خەلقنى ئېغىر ئازابتىن قۇتقۇزۇپ، مەڭگۇ بەختلىك قىلىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ، بۇ يول «يەر تەكچىسى» دېگەن قاراشقا كېلىدۇ. بۇ خىل بەختلىك تۇرالغۇ — راھەت ماكانغا ئېرىشىش ئاسان ئەمەس، بۇنىڭ ئۇچۇن ھارماي - تالماي كۈچ چىقىرىپ، جاپالىق كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دېگەن ئويدا بولىدۇ. ئۇ مۇشۇ ئويىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇچۇن جاھان كېزىپ، ئۆز ئېلىگە يېتىپ كەلگىنىدە: «يەتتە يىل ھوسۇل بولسا، يەتتە يىل ئۆلۈم بولىدىغان شورتاڭ، گۆر توپىسى ئىكەن» دەپلا توختىماي ئۆتۈپ كەتكەن.

ئۇ ئارپىلىق دېگەن يەرگە بارغاندا: «پاھ، پاھ، تازا ئات ئوتلىتىدىغان يەر ئىكەن»

ئارپىلىقنىڭ يولىدا ئورۇقلىغان ئات،
ئۇ قولۇڭدا بولمىسا، داداڭمۇ يات.

مىراس قىلىپ كېيىنكىلەرگە يازغان خېتىم،
ئەمدى قۇياش[1] كۆرۈنسە ئارقاندەك يات.

دەپ، ئېتىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، قۇرۇغان ئات بېشى ئۈستىخىنىغا مۇشۇ شېئىرنى يېزىپ قويۇپ كەتكەن دېگەن رىۋايەتلەر بار.

ئاسان قايغۇ ئالتاي تېغىنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە، ئېرتىش دەرياسىنىڭ بويىغا كېلىپ:

بېلىقى تايدەك مۆكۈگەن،
پاقىسى قويدەك كۆرۈلگەن.
توپىسى ئۈنۈمسىز، تېشى ئېسىل،
ئالت ئايلىقلار يەر ئىكەن[2] .

دەيدۇ. بۇنىڭدا ئاسان قايغۇنىڭ «تۇپرىقى ئۈنۈمسىز» دېگىنى ئۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىقتا قولايسىزلىقىغا، «تېشى ئېسىل» دېگىنى ئۇ يەرنىڭ يەر ئاستى بايلىقىنىڭ مول ئىكەنلىكىگە، «ئالت ئايلىقلار يەر» دېگىنى ئالتاي تېغىنىڭ ئالتە ئايلا مالغا يايلاق بولىدىغانلىقىغا قارىتىلغان.

ئاسان قايغۇنىڭ بارغانلا يېرىدە خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا قولايلىق، كەڭ يايلاقلىق تۇرالغۇ يەرلەر ئۇچرىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز خىيالىدىكى بەختلىك ۋە گۈزەل ماكان ھەم تۇرالغۇ «يەر تەكچىسى» ئىزدەپ تاپالمايدۇ. ئۇنى ئىزدەپ تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆز ئارمىنىغا يېتەلمىگەن ئاسان قايغۇ ئاخىر بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ.

---

① قۇياش — ھايۋانلارنىڭ قۇرۇپ قالغان باش سۆڭىكىنى نەزەردە تۇتىدۇ.
② «مىراس» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ سان، 62 ـ بەت.

## 3. يېقىنقى زاماندىكى قازاق خەلقىنىڭ مۇتەپەككۇرى، مەشھۇر شائىرى ئاباي قۇنانباي

1. ئاباي ياشىغان دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى

ماركسىنىڭ قارىشىچە، «بىرەر ئۇلۇغ زاتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇنىڭ خاس ئالاھىدىلىكىدىن ياكى زور تارىخىي ۋەقەنىڭ ئالاھىدە تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ھازىرلانغان ئالاھىدىلىك بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالاھىدە سەۋەبلەر نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي ئېھتىياج ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلغانلىقىدىن بولىدۇ.»① شۇڭا، ئۇلۇغ شائىر، پەيلاسوپلارنىمۇ مەلۇم ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلانغان ئىجتىمائىي تارىخىي دەۋرى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ئاباينىمۇ ئۇلۇغ پەيلاسوپ دەپ ئاتايدىغان بولساق، ئۇنى ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىس پەلسەپىسىنىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ئابايچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ياۋروپانىڭ ئۇ ۋاقىتتىكى پەيلاسوپلىرىنىڭ ئىدىيىلىرىدىن خېلى ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئابايغا تەسىر قىلغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي شەرت ـ شارائىتتىن ئالغاندا، ئوتتۇرا ئەسىر پەيلاسوپلىرىنىڭ شۇ دەۋردىكى شارائىتىغا سېلىشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇ ياشىغان جاي قاراڭغۇ زۇلمەت قاپلىغان ئوتتۇرا ئاسىيا قازاق سەھراسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنىڭمۇ ئۆزىگە

① ئەخمەتبېك كىرشابايوۋ: «قازاق ئەدەبىيات تارىخى»، 441 ـ بەت، «پىلخانوف پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، II توم، 372 ـ بەت.

خاس ئالاھىدىلىكى بار، ئەلۋەتتە. شۇ ۋاقىتتىكى قازاق خەلقىنىڭ ئۈلان ـ بايتاق سەھراسىدا ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى رۇسىيىدە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي قارىمۇقارشىلىقى بولغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تېخى بارلىققا كەلمىگەنىدى. ئاباي ياشىغان شۇ دەۋردە رۇسىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پاترىئارخاللىق ـ فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئۇستۇنلۈكتە تۇرۇپ، قازاق سەھراسىدا ئابايىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى چوڭقۇر تونۇشىنى چەكلىمىلىككە ئۇچراتتى.

ئاباي (ئىبراھىم) قۇنانباي ئوغلى 1845 ـ يىلى 10 ـ ئاۋغۇستتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چىڭگىز تېغىنىڭ باغرىدىكى تۇبىقتى ئۇرۇقىدا (ئائىلىسىدە) دۇنياغا كەلگەن. 1904 ـ يىلى 6 ـ ئىيۇلدا ۋاپات بولغان. ئاباي قازاقلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، مۇتەپەككۇرى ۋە پەيلاسوپى ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى قۇنانباي تۇبىقتى ئۇرۇقىنىڭ مەشھۇر ئۇرۇق باشلىقى ئىدى.

ئابايىنىڭ دۇنياغا كېلىپ كۆرگەنلىرى چار پادىشاھلىقىنىڭ قازاق خەلقىنى بۇلاپ ـ تالايدىغان، ئېزىدىغان سىياسىتى، ئۇرۇق باشلىقلىرىنىڭ ھۆكۈمەتكە ياقىدىغان باشباشتاقلىقى، ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى بىلەن خەلقنىڭ نادانلىقى بولدى. ئۇ ئەنە شۇنداق قاراڭغۇلۇق بىلەن ئەقىلغا سىغمايدىغان ھادىسىلەرگە قارىتا خەلقنى سۆيۈش كۆڭلى ۋە ئادالەتنى ياقلاش ئويى بىلەن قازاق خەلقىنى ئويغىتىش، چار رۇسىيىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، خەلقنى بەختلىك ھاياتقا ئېرىشتۇرۇشكە بەل باغلىدى.

ئاباي بالىلىق دەۋرىدىلا كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، ئالاھىدە

زېرەك بولۇپ، شەمەيدە ئۈچ يىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇدى. دادىسى ئۇنى ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا زورلىغانلىقتىن 13 يېشىدا مەكتەپتىن قېلىپ ئۆيدە بولدى. لېكىن ئۇ مەكتەپتە بولسۇن، مەيلى ئۆيدە بولسۇن، ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى. ئۇ ۋاقىتنى ناھايىتى چىڭ تۇتۇپ، قازاق خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش بىلەن بىللە ئەرەب تىلى بىلەن پارس تىلىنىمۇ ئۆگىنىپ، ئەرەب ـ پارس تىلىدىكى، چاغاتاي تىلىدىكى ھەم خەلق ئارىسىدىكى رىۋايەت ـ ھېكايىلەر بىلەن قوشاق ـ داستانلارنى بىرلىپ ئۆگەندى، بولۇپمۇ شەرق ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاتاقلىق شائىرلاردىن نىزامى، نەۋائى، سەئدى، فىردەۋسى، شىرازى، فۇزۇلى قاتارلىقلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىنىمۇ سۆيۈپ ئوقۇدى. كېيىنرەك رۇس تىلى بىلەن ئەدەبىياتىنى، ئالىلۇق، پۇشكىن، گوگول، لېرمونتوف، لېف. تولستوي، چېرنىشېۋسكىي، نىكراسوف قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەندى. مىخايلىس، گروسىس، دولگوپولوفلارنىڭ قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغان نەتىجىلىرى ئابايىنىڭ پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا ئاباي: «ماڭا دۇنيانى تونۇتقان كىشى مىخايلىس» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دارۋىن، ئارىستوتېل، سوقراتلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەنمۇ تونۇشتى. ئاباي پەلسەپە ئىلمى بىلەنمۇ ئۇزاق شۇغۇللاندى. ئۇ شەرق ۋە غەرب پەلسەپىسىنى، بولۇپمۇ رۇسىيىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى قازاق ئارىسىدا يۈز بەرگەن مۇھىم پەلسەپىۋى مەسىلىلەرگە (ئادەم بىلەن ئاللا، ئاللا بىلەن تەبىئەت، جان

بىلەن تەن، ئۆلۈم ـ ھاياتلىق، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەت ھەم ئالىڭ توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە) توغرا جاۋاب تېپىشقا تىرىشتى.

ئاباي فېئودال باياشات ئائىلىدە تۇغۇلۇپ راھەت تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن قۇل بولۇپ كېلىۋاتقان يوقسۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتىنى كۆرۈپ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى تارتقان خەلققە ناھايىتى ئېچىنىدۇ. فېئوداللارنىڭ ئەمگەك قىلماي زوراۋانلىق قىلىشىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىنىدۇ:

كەمبەغەلنىڭ ئۆزى يۈرەر مالىنى بېقىپ،
ئوتۇن يوق ئولتۇرۇشقا ئۈزمەي يېقىپ.
توڭغاندا جۇۋىسىنى ئۇگىلاپ ئىسىنىپ،
چاپان تىكەر خوتۇنى غال ـ غال تىترەپ.
ياش بالىغا ئوتمۇ يوق تۇرار دىرىلدەپ،
ئېڭىشىپ قاقلىنالماي جېنى چىقىپ.
بوۋاي ـ موماي بولسا قانداق قىلار،
بىر تەرەپتىن قىسقاندا شامال چىقىپ.
قار ياغسىمۇ توڭمايدۇ باي بالىسى،
ئۆي ئىسسىق، ئەتراپىغا ئورالغان كىگىزى.
باي بالىسىغا قارايدىغان مالاي ئوغۇل،
ئوينىتار كۆزلىرىدىن ئېقىپ يېشى.

ئابايىنىڭ مۇنداق كۆزقارىشىغا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دادىسى قارشى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. قۇنانباي فېئودالىلىق ھوقۇقى ئارقىلىق ئابايغا قاتتىق بېسىم ئىشلىتىدۇ، لېكىن ئۇ ئابايىنىڭ قازاق مىللىتىنىڭ

قەددىنى كۆتۈرۈش يولىدىكى قەتئىي ئىرادىسى بىلەن ئىشەنچىسىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئاخىر 1873 ـ يىلى ئاتا ـ بالا مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئاباي قازاق سەھراسىنى ئارىلاپ، بارلىق ياۋۇز كۈچلەرگە قارشى مەردانە كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل كۈرەشنى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر شېئىرلىرى ئارقىلىق باشلايدۇ.

ئاباي چارپادىشاھلىقى بىلەن فېئودال كۈچلەرنىڭ قولچوماقلىرى بولغان ئۇرۇق باشلىقلىرىنى «بولۇس بولدۇم مەن» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق قامچىلايدۇ:

بولۇس بولدۇم مەن مانا،
بارلىقىمنى چىقىرىپ.
تۆگىدە قوم، ئاتتا يال،
قالمىدى ئەلدىن يوشۇرۇپ.
شۇنداق قىلىپمۇ ئېلىمنى،
تۇتالمىدىم سىقىملاپ.
كۈچلۈكلىرىم سۆز قىلسا،
باش ئېگىمەن مىشىلداپ.
يوقسۇللار كېلىپ گەپ قىلسا،
چالا ئاڭلايمەن غودۇراپ.

ئاباي خەلق بىلەن چىڭ ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ناخشىلىرىنى قورال قىلىپ فېئوداللىق تۈزۈمنى نىشانغا ئالدى، چار پادىشاھنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇردى. يېڭى شەيئىنى تەرىپلەپ قوبۇل قىلدى، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىدى، خەلقنى قارشىلىق كۆرسىتىشكە ۋە

ئىسلاھاتقا، ئىلگىرىلەشكە ئۈندىدى.

ئاباي نادان مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن، شېئىرلىرىدا خەلقنـــى، بولۇپمۇ ياشلارنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە چاقىرىپ،

ياشلىقىمدا ئىلىم بار دەپ بىلمىدىم،
پايدىسىنى بىلىپ تۇرۇپ تەكشۈرمىدىم،
چوڭ بولغاندا توشمىدى چاڭگىلىمغا،
قولۇمنى پۇرسەتتىن كېچىكىپ سوزدۇم.

ئادەمنىڭ بىر قىزىقى بالا ئىكەن،
بالىنى ئوقۇتۇشنى يات كۆرمىدىم.
بالامنى مەدرىسكە بىل دەپ بەردىم،
خىزمەت قىلسۇن، ئالسۇن دەپ بەرمىدىم ...

دەيدۇ. ئۇ يەنە:

دۇنيا مۇشۇ، مالمۇ شۇ،
ئىلىمگە كۆڭۈل بۆلسىڭىز ...

دەيدۇ.

ئاباي يەنە بىر ئەقلىيە سۆزىدە «دۇنيانىڭ كۆرۈنگەن ھەم كۆرۈنمىگەن سىرىنى تولۇق، ئەڭ بولمىغاندا تاللاپ بىلمىسە، ئادەملىكنىڭ ئورنى بولمايدۇ، ئۇنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ ئادەم جېنى بولماي، ھايۋان جېنى بولىدۇ» دەيدۇ.

ئاباي خەلق ئېڭىنى ئويغىتىپ، مەدەت بېرىش ئۈچۈن بىر قاتار كىنايىلىك (يۇمۇرلۇق) ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ خىل

www.uyghurkitap.com

ئىجادىيەتلىرىنىڭ دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاق بىلەن قارىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچەملىرىنى، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ناچار ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى، رېئاللىق بىلەن گۈزەل غايىنى، ساختا ۋە رەزىل تەرەپلەرنى چوڭقۇر شەرھلىدى. ئابايىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى قازاق سەھراسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى ئىپادىلەپ بېرىشتە رولى ناھايىتى زور بولدى. ئۇ «ئىلىم تاپماي ماختانما» دېگەن شېئىرىدە، كىشىلەرنىڭ يامانلىقى بىلەن ياخشىلىقىغا، پاسىقلىقى بىلەن ئېسىللىكىگە باھا بېرىش ئۆلچىمى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

بەش نەرسىدىن نېرى بول،
بەش نەرسىگە خۇشتار بول.
ئادەم بولىمەن دېسىڭىز،
مەقسەت ـ تىلەككە يەتمەك بولسىڭىز،
ئۇ ھەقتە غەم يېسىڭىز.
غەيۋەت، يالغان، ماختانچاق،
ھۇرۇن، بىكار مال چاچماق،
بۇ بەش دۈشمىنىڭ بىلسىڭىز.
تەلەپچان، ئەمگەكچان، چوڭقۇر ئوي،
قانائەت، رەھىمنى ئويلاپ قوي،
بەش ئېسىل ئىش بۇ بىلسىڭىز،
بىلگەنلەرنىڭ سۆزىگە،
مۇھەببەت بىلەن ئەگىشىڭ.
بىر ئىشقا يولۇققاندا،
ئويلانمايلا ئىشەنمەڭ.

ئاقساقال ئېيتسۇن، باي ئېيتسۇن،
مەيلى كىم بولسا شۇ ئېيتسۇن،
ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىڭ.
ھەقىقەت ئۈچۈن ئۆلسىڭىزمۇ،
نادانلارغا بوي بەرمەڭ.
ئايەت، ھەدىس ئەمەسقۇ،
«كاپىر بولدۇڭ» دېگىنى ...
بىزنىڭ سۆزگە كىرسىڭىز.

ئاباي ئېيتقان ئەقلىيەنىڭ يەنە بىرى ھالال ئەمگەك.

ئەمگەك قىلساڭ ئېرىنمەي،
تويىدۇ قارنىڭ تىلىمەي.

ئۇ 1895 ـ يىلى يازغان بىر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

تەۋەككۇلسىز، تەلەپسىز مال تېپىلماس،
ئەمگەك قىلمايدىغان ھۇرۇن، ئادەم بولماس.
ئىشەك ... ك ... يۇساڭمۇ پۇل تېپىپ كەل،
قولۇڭغا يۇقۇپ قالماس، ھېچكىم كەمسىتەلمەس.

ئۇ قازاق ئارىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقتىن قاتتىق ئازابلىنىپ، خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ تاجاۋۇزچىلىققا ۋە ئېزىشكە ئورتاق قارشى تۇرۇشقا ئۈندەپ، «ۋىجدانىڭ بولسا تېنىڭدە» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

بەرىكە ـ بىرلىك بولسا ئەل،
يايلاقلىرى بولار گۈل.

ياپراقلىرى چايقىلىپ،
لەپىلدەيدۇ چىقسا يەل.
ھەر تەرەپتە شارقىراپ،
ئېقىۋاتسا قىيان سەل.
ئۇنىڭ مىلى كۆپىيەر،
ئالاھىدە تەلمۈتەل.
بەرىكە ـ بىرلىك كەتكەن ئەل،
سۈيى سىپسىق پاتقاق كۆل.
قۇش قاڭقىلداپ، ئايلىنىپ،
يېتىك ئالماس يازلىق تۆل.

ئاباي شېئىرلىرىنى قورال قىلىپ، ئەڭ گۈزەل تىل ۋە ئۆتكۈر پىكىرلىرى ئارقىلىق خەلقىنىڭ مەڭگۈ سۆيىدىغان ئادىمىگە ئايلاندى. ئاباي ئۆزىنىڭ شېئىر يېزىشتىكى مەقسىتىنى بايان قىلىپ 1888 ـ يىلىدىكى بىر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

مەقسىتىم تىل ئۇچلاپ، چاچماق،
ناداننىڭ كۆزىنىلا ئەمەس، كۆڭلىنى ئاچماق.
ئۆلگە ئالسۇن دېيمەن پىكىرلىك ياشلار،
بولمىسۇن ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرىدىغان باشباشتاق.

قىسقىسى، ئاباي قازاق مىللىتىنىڭ دېموكراتىك شائىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر پەيلاسوپى. ئۇ ساپ، جانلىق تىلى بىلەن رېئالىستىك بەدىئىي ئۇسۇل ئارقىلىق يازغان شېئىرلىرى، پوئېمىلىرى («مەسئۇت»، «ئىسكەندەر»، «ئەزىم»... قاتارلىق) ۋە باشقا پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

ئابايننىڭ پەلسەپۋى ئىدىيىسى XIX ئەسىردىكى قازاق ھاياتىنىڭ ئەينىكى، ئۇ كېيىنكى قازاق پەلسەپۋى ئىدىيىسى تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

2. ئابايننىڭ مەدەنىي ئاقارتىش كۆز قارىشى

قازاق خەلقىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تارىختىن بۇيان كەڭ تەبىئەتنىڭ تەييار سوۋغىتىغا تايىنىپ مال بېقىپ كۆن ئۆتكۈزىدىغان ناتۇرال ئىشلەپچىقىرىش بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قازاق خەلقى باشقا ئەل خەلقلىرى بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش قويۇق بولمىغان يېپىق شارائىتتا ياشىدى. ئاباي قازاق خەلقىنىڭ ئەنە شۇنداق قالاق فېئودال ـ پاترىئارخاللىق ئىجتىمائىي شارائىتىنى، كەمبەغەل بىچارە ھالىتىنى ئۆزگەرتىشتە مەدەنىي ئاقارتىش ئىشىنى يولغا قويۇشنى ناھايىتى مۇھىم بىر قورال دەپ بىلدى. ئابايدا يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كىشىلەرنىڭ بىلىملىك بولۇشىدىن ۋە كىشىلەر ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىدىن ئىزدەيدىغان مەدەنىي ئاقارتىش ئىدىيىسى پەيدا بولدى. ئابايننىڭ ئەقلىيە سۆزلىرى ئۇنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش كۆزقارىشىنىڭ تارىخىي ئاساسىنى ۋە تۈپ يىلتىزىنى تونۇپ يېتىشىمىزگە ئىمكانىيەت بېرىدۇ. ئابايننىڭ مەدەنىي ئاقارتىش كۆزقارىشى XIX ئەسىردىكى رۇس ئاقارتىش، دېموكراتىك ئىدىيىسىدىن ئوزۇق ئالغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان.

م. س. سىلچىنكوف «ئاباي بىلەن بېلىنىسكىينىڭ ئاقارتىش ئىدىيىلىرىنىڭ ئوخشاشلىقى» دېگەن ماقالىسىدە، ئابايننىڭ مەدەنىي ئاقارتىش كۆزقارىشى ۋە ئىدىيىلىرى بىلەن بېلىنىسكىي بىلەن چېرنىشېۋسكىي، پۇشكىن بىلەن لېرمونتوف

www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيىلىرى ۋە پىكىرلىرىنىڭ يىلتىزداش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. بېلىنىسكىينىڭ «1846 ـ يىللاردىكى رۇس ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر» دېگەن ماقالىسىدىكى ئەقىل، سېزىم، غەيرەت ئۇقۇمى ئارقىلىق ئادەمنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى بىلەن ئابايىنىڭ «ئون يەتتىنچى ئەقلىيە سۆزى» دىكى غەيرەت، ئەقىل، يۈرەكلىك بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ئېيتىلىشى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ھالىتىنى ئىلمگە باش ئەگكۈزۈشى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. شۇنىڭدەك چېرنىشېۋسكىينىڭ «ئىلىم — ئادەم ئۇچۇن ئەڭ ئۇلۇغ دۆلەت، بىلىمسىز ئادەم ھەم بەختسىز، ھەم كەمبەغەل، ھەم قوپال بولىدۇ. ئاقارتىش خەلققە ياخشى تۇرمۇش بىلەن ئاتاق بېرىدۇ.»① دېگەن ئاقارتىش ئىدىيىسى بىلەن ئابايىنىڭ «ئادەم بالىسى ئادەم بالىسىدىن ئەقىل، ئىلىم، ئار ـ نومۇس، مىجەز دېگەنلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن پەرقلىنىمەن دېگەنلىك ئەخمەقلىق بولىدۇ.»② دېگىنى پۈتۈنلەي ئوخشاش.

ئاباي قازاق خەلقىنىڭ ئىلىم ـ بىلىمنى نەدىن ئالىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، «بۇ كۈندىكى ئىلىم ئۆگىنىش كونا مەدرىس قېلىپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ھازىرقى زامانغا پايدىسى يوق.»③ دەپ كېلىپ، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەنىنىڭ رۇس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىن كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ: «رۇسچىنى ئۆگەن، ئىلىم ـ ھېكمەت، مال، ھۈنەرۋەنىڭ ھەممىسى رۇستا، سەن ئۇنىڭ تىلىنى بىلسەڭ، كۆڭۈل ـ كۆكسۈڭ ئېچىلىدۇ»④ دەيدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەمئىيەت

---

① «ئاباي ئەقلىيە سۆزلىرى»، 369 ـ بەت.
② ③ ④ «ئاباي قۇنانبايوۋ ئەسەرلىرى توپلىمى»، 1945 ـ يىل نەشرى، 342 ـ، 384 ـ، 349 ـ بەتلەر.

تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاباي مۇشۇ نۇقتىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىلىمنىڭ خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا، خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىلىق ئىكەنلىكى؛ ھۈنەر - بىلىم ۋە تېخنىكىنىڭ خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئاباي تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ ھۈنەر - بىلىمى ۋە تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە چاقىرىدۇ.

ئاباي ئۆزبېكلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى «سارتلارنىڭ تېرىمىغان نەرسىسى يوق، يېتىشتۈرمىگەن مېۋىسى يوق، سودىگەرلىرىنىڭ بارمىغان يېرى ۋە قىلمىغان ماھارىتى ...»① دەپ كۆرسىتىش ئارقىلىق، چار پادىشاھ بېسىۋالغانغا قەدەر قازاقلارنىڭ ئۆلگەنلىرىگە كېپەن، تىرىكلىرىگە كىيىم يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئۆزبېكلەردىن ئۈلگە ئېلىشقا ۋە ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ. ئەمدى تاتارلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەسكەرلىككىمۇ چىدايدۇ، كەمبەغەللىككىمۇ چىدايدۇ. موللا - مەدرىسلەردىن دىنىي بىلىم ئېلىشقىمۇ چىدايدۇ؛ ئەمگەك قىلىپ مال تېپىشنىڭ يولىنىمۇ بىلىدۇ، سەلتەنەت - ئابرۇيىمۇ شۇلاردا، ... بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر - بىرىنى قوغلاپ خار بولماي، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھۈنەر بىلەن شۇغۇللىنىپ ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.»② رۇسلار ئۈستىدە توختىلىپ: «رۇس ھەققىدە گەپ قىلىش ھاجەتسىز، بىز ئۇلارنىڭ قۇلى ۋە دېدەكچىلىكىمۇ ئەمەسمىز»③ دەيدۇ. ئابايىنىڭ قازاقلارنى رۇسلارنىڭ ئىلىم - بىلىمىنى

---

① ② ③ «ئاباي ئەقلىيە سۆزلىرى» دىن.

www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىشكە ئۈندىشى، ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەت ياراتقان بارلىق ئىلىم ـ بىلىمنى، مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشكە ئۈندەش ئىدى. ئاباي ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنىشتە مەنسەپدار بولۇش، ئادۋوكات، تەرجىمان بولۇش مەقسىتىدە ئۆگەنمەي، سالتىكوف بىلەن تولستويدەك ئالىم، ماھارەتلىك، دانا بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ئاباي ئادەمنى ئادەمدىن پەرقلەندۈرىدىغان نەرسە ئىلىم، «قولۇڭدىن كەلسە» بىلىم ئال، ئۆزۈڭدىن ئەقىللىقتىن ئەقىل ئۆگەن، شۇ ۋاقىتتا خاسىيەتلىك نەرسىگە ئېرىشىسەن. ئادەم بىلىمگە تەلپۈنمىسە، ئىنتىلمىسە، ئۇنىڭ ھايۋاندىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ، دەپ تونۇپ، قازاقلارنىڭ ئىلىم ئۆگىنىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ:

بولمىساڭمۇ ئوخشاپ باق،
بىر ئالىمنى كۆرسەڭىز.
(ئۇنداق بولماق نەدە) دەپ،
ئېيتماڭ ئىلىم سۆيسەڭىز.
سىزگە ئىلىمنى كىم بېرەر،
ياتماي تۇرۇپ ئۆچسەڭىز؟

ئابايىنىڭ مەدەنىي ئاقارتىش كۆزقاراشلىرى جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىنى مەدھىيىلەيدىغان ئىلغار كۆزقاراش بولسىمۇ، لېكىن ئاباي قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان نادانلىقىنى تۈگىتىپ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ئەللەرنىڭ قاتارىغا يەتكۈزۈشنى قانداق ئېلىپ بارماق بولىدۇ؟ مەسىلىنىڭ تۈگۈنى مانا مۇشۇ يەردە. ئاباي مۇنداق جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئاقارتىش كۆزقارىشىنى ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش، ھۈنەر ۋە بىلىم جەھەتتىن تەربىيىلەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىپ، پاترىئارخال ـ

فېئوداللىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىشنى تىنچ يول بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش خىيالىدا بولىدۇ.

ماركس مۇنداق دەيدۇ: «پەيلاسوپلار دۇنيانى ھەر خىل نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈپلا كەلدى، لېكىن مەسىلە دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە.»① شۇڭا، مەسىلە ئابايىنىڭ شۇ دەۋردىكى قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىيەتسىز، نادان ھالىتىنى چۈشەندۈرۈشىدە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئېغىر ھالەتنى ئۆزگەرتىشتە ئىدى. ئاباي ئەينى ۋاقىتتىكى فېئودال ھۆكۈمران سىنىپلار باشقۇرغان ئىجتىمائىي فورماتسىيىنى ئۆزگەرتىش يولىنى ئىزدىمەي، ئوقۇش، ئىلىم - بىلىمگە، دوستلۇق، مۇھەببەت، ئەركىنلىككە يېتىشنى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىن تەلەپ قىلدى. بۇ ئابايىنىڭ ئاقارتىش كۆز قاراشلىرىدىكى يېتەرسىزلىكلەر ئىدى.

ئابايىنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقارىشىنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلق ۋە كەمبەغەل چارۋىچىلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى، بەختىلىك كېلەچىكىنى، مەدەنىيەتلىك - باياشات تۇرمۇشىنى ئويلىغانلىقى ئىدى.

جەمئىيەتنى باشقۇرۇشتىكى ئادالەتسىزلىك، زورلۇق - زومبۇلۇق، قۇۋلۇق - شۇملۇق قاتارلىق نامۇۋاپىق تەرەپلەرنى تۈزىتىپ، ئەقىلغا مۇۋاپىق تەرتىپ - تۈزۈمنى ئورنىتىپ ئەلنى ئوڭشاش ئۇنىڭ بىردىنبىر خىيالى ئىدى.

ئاباي قانداق قىلىپ يۇرتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ماددىي تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلاب قىلىپ، ھۆكۈمەت ھاكىمىيىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى شۇ ئوبيېكتىپ تارىخىي چەكلىمە تۈپەيلى چۈشەنمىدى. شۇنىڭ بىلەن

---

① ماركس: «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس».

ئۇنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي كۆزقارىشى ئاقارتىش كۆزقارىشى دائىرىسىدە چەكلەندى. ئۇنىڭ تارىخىي سەۋەبلىرى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئاباي دەۋرىدىكى قازاق سەھراسىنىڭ پاترىئارخال فېئوداللىق جەمئىيىتىدە سىنىپىي زىددىيەت تېخى مۇرەككەپلىشىپ كەتمىگەن، سىنىپىي كۈرەش تېخى ئۆتكۈرلىشىپ كەتمىگەنىدى. ئىككىنچىدىن، ئەمگەكچى خەلقتە پاترىئارخال ئۇرۇقچىلىق ئېڭىنىڭ ئادەت كۈچىدىن ئايرىلىپ ئىنقىلابىي يولغا باشلايدىغان ئىدىيىلەر تېخى قېلىپلاشمىغانىدى.

ئابايمۇ يەنىلا ئىدېئالىستىك پەلسەپە ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇ ئادەمگە كېرەكلىكى ئەقىل، ئىش، مىجەز دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان نەرسە زېرەكلىك، ئىناقلىق، دوستلۇق، ئادالەتلىك، مۇھەببەت ۋە ھۈنەر دەپ خۇلاسىلەيدۇ. ئۇ: «ئەقىلغا ئىشەنمەي قويماڭ، بىر ئىشقا يولۇقسىڭىز، ئاقساقال ئېيتتى، باي ئېيتتى دېمەڭ، مەيلى كىم ئېيتسا شۇ ئېيتسۇن، ئۇنىڭغا ئەقىل ئىشلىتىڭ»، «ئەقىل — مىزان ۋە ئۆلچەم» دەپ ئادەمنىڭ ئېڭىدىكى ئەقىلنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئەقىلنى ھەقىقەتنى ئۆلچەشنىڭ ئۆلچىمى قىلىپ قويىدۇ. لېكىن ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى، ئەقلىي بىلىشنىڭ توغرا ياكى ناتوغرا بولۇش-بولماسلىقى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەندىلا ئايدىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن.

ئابايىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قېلىپلاشتى. ئاباي ئۆزى ياشىغان قازاق جەمئىيىتىنىڭ رېئال شارائىتىدا شەرقنىڭ ئاتاقلىق كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى پەلسەپىۋى كۆزقاراشلارنى قوبۇل قىلىپ، شۇنىڭدەك يۇنان پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشىدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا روھ ئىلمىمۇ تەرەققىي

قىلىشقا باشلىغانىدى. بۇ مەزگىلدىكى ئاباي چېرنىشېۋسكىي، دوبروليوبوف ...... لارنىڭ ماتېرىيالىستىك، دىئالېكتىكىلىق پەلسەپىۋى قاراشلىرىدىن ئوزۇقلىنىدۇ.

ئاباي ئۆزى ئوقۇغان ئەسەرلەردىكى پەلسەپىۋى كۆزقاراشلارنى قازاقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدىكى ئاللا بىلەن تەبىئەتنىڭ، بىلىملىك بىلەن نادانلىقنىڭ، ئىتتىپاقلىق بىلەن ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ، دوستلۇق بىلەن دۈشمەنلىكنىڭ، بەخت بىلەن بەختسىزلىكنىڭ، هايات بىلەن ماماتنىڭ، تەلەي بىلەن ئەمگەكنىڭ ... مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەرگە تەتبىقلاپ تەتقىق قىلدى ۋە بۇ مەسىلىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى. لېكىن، شۇ دەۋردە قازاقلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىدە هۆكۈم سۈرۈۋاتقان پاترىئارخال فېئوداللىق تۈزۈمدىكى دىنىي ئىدېئالىستىك كۆزقاراشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. شۇڭا، ئاباينىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدىكى، جەمئىيەتكە بولغان كۆزقارىشىدىكى گۇمانىزملىق ئىدىيىسى، مەدەنىي ئاقارتىش ئىدىيىسى، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىلىق خاھىشتىكى پىكىرلىرى دىنىي ئىدېئالىستىك كۆزقاراشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئاباي بىر تەرەپتىن، «ئاللانىڭ ئۆزىمۇ ھەقىقەت، سۆزىمۇ ھەقىقەت» دەپ ئىسلام دىنىغا چىن دىلىدىن ئىشەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيانىڭ، ئالەمنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگىمۇ هۆرمەت قىلىدۇ.

ئاباي مەخسۇس پەلسەپە ئەسەرلىرىنى يازمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شېئىرلىرى، ئەقلىيە سۆزلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرى ۋە داستانلىرىدا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدىكى ماتېرىيالىستىك خاھىشلىرىنى ئېنىق ئىپادىلىگەن.

«4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دېموكراتىيە

بىلەن ئىلىم ـ پەننى ئاساس قىلغان ئىدىيىۋى ئىقىم تەرەققىي قىلدى ھەم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن سوۋېت قازاق ئىلىم ـ پېنى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو قازاقلىرىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن پەلسەپىۋى پىكرى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى 1976 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئاباينى دۇنياۋى مەدەنىيەت ئەربابى سۈپىتىدە تونۇپ، قازاقىستاننى مەركەز قىلىپ ۋە باشقا ئەل ـ رايونلاردا ئاباي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

ئاباي ئەسەرلىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىغان. شىنجاڭدىكى قازاق، ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز، تاتار زىيالىيلىرى ئارىسىدا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەندى.

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن XX ئەسىرگىچە جۇڭگو قازاقلىرىدىن ئەسەت نايمانباي ئوغلى، ئاقىت ئۈلىمجى ئوغلى، يۈسۈپبەك خوجا سەيخىسلام ئوغلى قاتارلىق شائىرلار مەيدانغا چىقتى. ئۇلار ھەرخىل ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئېچىپ بېرىشتە مەلۇم رول ئوينىدى.

## 4. ئەسەت نايمانباي

ئەسەت نايمانباي ئوغلى 1864 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، قازاق سەھراسىنى ناخشا بۆشۈكىگە بۆلەپ، نەغمە بىلەن تەۋرەتكەن، چوڭقۇر لىرىك شېئىر يازغان شائىر ئىدى. ئۇ 1923 ـ يىلى

غۇلجا ناھىيىسىنىڭ كوكقاھىر يايلىقىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ مېيىتى شۇ ئەتراپتىكى ئۇلانباغىزا دېگەن يەرگە قويۇلغان.

ئەسەت ئۆز دەۋرىدىكى بىر دېموكرات، رېئالىست ۋە يېقىنقى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە ئاتاقلىق ۋەكىلى، شائىر ھەم كومپوزىتورى ئىدى. ئۇ دەسلەپكى ئۆمرىنى رۇسىيىدە، كېيىنكى ئۆمرىنى جۇڭگودا ئۆتكۈزگەن. ئەسەت ئېلىمىزدىكى قازاق مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈشكە ھەم قازاق پەلسەپۋى ئىدىيە تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشقان.

ئەسەت قازاقنىڭ مول ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن قازاق ھاياتىدىن باي پەلسەپۋى پىكىرلەرنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئالتاي، تارباغاتاي، ئىلى ۋادىلىرىنى ئارىلاپ، خەلق ناھايىتى ياقتۇرىدىغان تەسىرلىك شېئىرلارنى، ناخشا تېكىستلىرىنى، ئوچېرك ۋە داستانلارنى يازدى. ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرى خەلقنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇ ئېغىر دەرىجىدە ئېزىلگەن ۋە قىيىلىندى ـ سوقۇندى بولغان ئەمگەكچى خەلقنى كۈيلەپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى رەھىمسىز تەنقىد قىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئېسىل پىكىرلىرىنى مىراس قالدۇردى.

ئەسەت خەلق ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مەيلى شېئىرلىرى، مۇزىكىسى، قىسسە ـ داستانلىرى بولسۇن، مەيلى ئېيتىشىش، ناخشىلىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ مەزمۇنى باي ۋە چوڭقۇر، ئىدىيىۋىلىكى كۈچلۈك، تىلى تەسىرلىك، سۆزى تاتلىق بولدى، ئۇنىڭ ھەممە ئىجادىيىتىدە پەلسەپۋى ئوي ـ پىكىرلەر ئىپادىلەندى.

ئەسەت قازاقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا يۈز بەرگەن ھەرخىل ھادىسىلەرنى، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ئۆزگىرىش بىلەن زىددىيەتلەرنى، مۇۋاپىق ياكى نامۇۋاپىق تەرەپلەرنى كۆزىتىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىر نىيەتتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇڭ - زارىنى مەدھىيىلەيدۇ؛ ئەزگۈچى سىنىپ، ھۆكۈمدارلار، باي - پومېشچىكلارنىڭ قۇۋلۇق - شۇملۇقلىرىنى، زورلۇق - زومبۇلۇقلىرىنى، ئاچكۆزلۈكىنى پاش قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئوتتۇز - قىرىق قۇزغۇنلار — ئەللىك بېشى،
ئۈچ يىلدا ئېرىشكىنى ئون بەش تەڭگە.
سايلامدا ۋارقىراپ - جارقىراپ شۇنى ئالىدۇ،
ئۇلارغا يەنە نېمە پايدا ئۇنىڭدىن ئۆزگە.

ئەسەت ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان كۆز قارىشىدا قازاق خەلقىنىڭ ئارقىدا قالغان بىچارە، كەمبەغەل تەقدىرىگە ئېچىنىپ، تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇشتا مەدەنىيەت - مائارىپقا تايىنىشقا، بىلىم ئۆگىنىشكە، نەزەر دائىرىسىنى دۇنياغا قارىتىشقا ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ:

ئالغا باس، ئالدىڭدىكى ئەلدەك يۈكسىلىپ،
يېتىلگۈچە تىنىم تاپما كۈچەپ تىرمىشىپ.
ياۋروپا - ئاسىيانىڭ خەلقىغە قارا،
جامائىتى يېتىلگەن تەرەققىي تېپىپ.

باشقا ئەل ئالغا بېسىپ كەتسىمۇ،
بىزنىڭ ئەل چېكىنىدۇ ئالغا باسماي.

سەھرادا تارىلىپ قالدۇق نادان،
تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن ئارىلاشماي[1] .

ئەسەتنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرىدىن ئۇنىڭ دۇنياغا، ھاياتقا بولغان كۆز قارىشىدا ماتېرىيالىستىك خاھىشتا تۇرۇپ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى كۆزەتكەنلىكىنى تۆۋەندىكى شېئىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

قېرىيدۇ ئادىمىزات دۇنيا ئىزدەپ،
يانىدۇ ۋەدىسىدىن دوست بۇزۇلۇپ.
بىر ئارتىنى، بىر يۈزىنى دۇنيا كۆرسىتىپ،
بەخت قايتسا تەختىدىن چۈشەر خانمۇ بېرىپ.

بەخت، مەنسەپ قەدرى، غەيرەت بىردەك كېتىپ،
جۇت ئالسا ئەر يىگىتتىن مال كېتىدۇ.
ياردەمچى بوپ يېقىن ئۆتكەن ياخشى دوستۇڭ،
قولۇڭدىن پۇل كەتكەندە يۈز ئۆرۈيدۇ.

## 5 . ئۆلىما شائىر ئاقىتنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى

ئاقىت ئۈلومجى ئوغلى ھازىرقى زامان جۇڭگو قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى سالغۇچىلارنىڭ بىرى، ئۆلىما شائىر، مەرىپەتچى. ئۇ 1868 - يىلى ھازىرقى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كۆكتوقاي ناھىيىسىگە قاراشلىق قايىرتى دېگەن يەردە دۇنياغا

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى»، 1993 - يىللىق 2 - سان، 93 - بەت.

كەلگەن. 1940 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىڭ شىسەي جاللاتلىرىنىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى ئاستىدا 74 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئاقىت 1902 — 1904 ـ يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا مەدرىسىدە ئوقۇپ، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئىگىلىگەن. 1908 ـ يىلى سارسۇمبە (هازىرقى ئالتاي شەھىرى) مەدرىسىنى ئېچىپ، ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلىدۇ ھەم شېئىر يازىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ياشلىقىدىلا نامى چىقىدۇ. كېيىنكى ئەسەرلىرى ئابايىنىڭ ئىدىيىسىدىن تەلىم ئېلىپ يېزىلغاچقا، ئۇلاردا دېموكراتىزملىق ئىدىيە ئەكس ئېتىدۇ، نەتىجىدە ئۇ تەنقىدىي رېئالىزم نۇقتىئىنەزەرى بىلەن شېئىر يېزىشقا باشلايدۇ. ئۇنىڭ بۇرۇنراق يازغان «جاھاننەما»، «قىيامەت ئەھۋالى» قاتارلىق ئوندىن ئارتۇق داستانى 1890 ـ يىلى قازان باسمىسىدا نەشر قىلىنىدۇ. «ئاباق كېرەي»، «باتۇر جانىبېك»، «ئالتاي» قاتارلىق شېئىرلىرىنىڭ قول يازمىلىرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەتلىرىدە خۇداگۆيلۇق، تەقدىرچىلىك، ئىسلام دىنى شەرىئەتلىرىنى تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىش ئەكس ئەتسە، كېيىنكى ئىجادىيەتلىرىدە گۇمانىزملىق، دېموكراتىزملىق ۋە تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىدىيىلىرى ئەكس ئەتكەن.

ئاقىت ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي قاراشلىرىدا خەلقنى مەدەنىيەت ئۆگىنىپ، ئىلىم ـ بىلىمگە ئىگە بولۇشقا، كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن ئولتۇراق دېھقانچىلىققا، مەكتەپ ئېچىپ پەننىي بىلىمنى ئومۇملاشتۇرۇشقا، ئىتتىپاقلىق ۋە دوستلۇققا چاقىرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خىل كۆزقاراشلىرى تۆۋەندىكى ئۇزۇندە شېئىرلىرىدا ئەكس ئەتكەن:

ئىلىم ـ بىلىم ئالمىساق، قانداق قىلىپ يايرايمىز؟!
بەخت قونسا باشلارغا بىلىم بىلەن قونار بىلسىڭىز.
كۆڭۈل ـ كۆكسىنى ئاچ ئەي ياش، بىلىمدىن بەھرى ئېلىپ،
ھۈنەر ـ بىلىم ئالتۇندۇر، ئۇنى مەھكەم تۇتسىڭىز.
خەلققە تېگەر پايدىسى ئۇنى جارى قىلسىڭىز.
..........................................
ئىتتىپاقسىز ئەل تۇزار،
ئوتى يوق يەر تۇزار، ئوتۇنسىز، سۇسىز جاي تۇزار.
تۇرالغۇسى يوق باي تۇزار.

ئاقىت ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقارشىدا خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپلا قالماي، بەلكى خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى شورايدىغان زومىگەرلەرنى، ھۆكۈمرانلارنى، ئالدامچى موللا ـ ئىشانلارنى ئۆتكۈر تىللىرى بىلەن ئەيىبلەيدۇ.

كېرەي[1] دە باشلىق بولغانلار ئوندىن ئاشار،
خەلقتىن شىلگىنى بىلەن قوينى توشار.
زورلۇق ـ زومبۇلۇق تۇگىگەندە،
يۆلەنچۈكلىرىنى باشلاپ ئۆيىگە قاچار.
..........................................
دۇنياخور بايلارنىڭ،
بىر قوزىسى جېنىدەك.
يەپ ئۆگەنگەن موللىغا،
ئىسقاتتىن ئالغان بىر تۆگە،
دادىسىدىن قالغان مىراستەك[2].

---

① قازاقنىڭ چوڭ بىر قەبىلە نامى.
② ئەخمەتبېك كىرىشبايوۋ: «قازاق ئەدەبىياتىدىن تاللانمىلار»، 650 ـ، 652 ـ بەتلەر.

ئاقىت ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى كۆزقاراشلىرىدا خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلىشىپ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىدۇ.

## 6. ئىنقىلابىي شائىر تاڭجارىق ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى

1919 ـ يىلى «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن باشلاپ ئازادلىققىچە بولغان دەۋردە قازاقنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن پەلسەپىۋى ئىدىيىسى بىر قەدەر تەرەققىياتقا ئېرىشتى. ھازىرقى زامان قازاق پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخى يېقىنقى زامان قازاق پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان پەلسەپە ئىدىيىلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭ ئاساسى بۇرۇنقىدەكلا قازاق مىللىتىنىڭ باي ئىدېئولوگىيىسى بولدى، شۇنىڭدەك خەنزۇ خەلقىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى، شەرقنىڭ كلاسسىك پەلسەپە ئىدىيىسى بولدى.

ھازىرقى زامان قازاق پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى تارىخىدا خەنزۇ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى كۆچلۈك بولۇشتىن تاشقىرى، سوۋېت ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى قازاق خەلقىغە ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئېلىپ كەلدى، شۇنداقلا بىرمۇنچە ئىلغار رۇس يازغۇچى ـ شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بۇلار قازاق ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە قېلىپلىشىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

XX ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىن باشلاپ («12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن باشلاپ) شىڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالدى. جۇڭگو

كوممۇنىستلىرى شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن لۇشۈن ئەسەرلىرى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى قازاق تىلىغا تەرجىمە قىلىندى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماۋدۇن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىلغار زاتلارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشى ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردىكى ياش ئوقۇغۇچىلارغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا تەسىر كۆرسەتتى. شۇڭا، بۇ دەۋر دېموكراتىك پەلسەپە ئىدىيىلىرى بىلەن ماركسىزملىق پەلسەپە ئىدىيىسى تارقالغان يۇقىرى پەللە بولۇپ، پۈتۈن قازاق سەھراسىغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ ئۆزگىرىشلەر قازاق سەھراسىدىكى شائىرلار بىلەن ئاقارتىش تەرەپدارلىرىنىڭ يېڭى دېموكراتىك ئىدىيىسىگە مەنبە بولدى، شۇ مەزگىلدە ئۆسۈپ يېتىلگەن قازاقنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك زىيالىيلىرى شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا فېئودال - پاترىئارخال كۈچلەرگە قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيىنى، ئەركىنلىكنى، ئىلىم - بىلىمنى تەرغىپ قىلدى. مەسىلەن، 1920 - يىلىدىن باشلاپ شەرىپقان، بايموللا، دەلىلقان قاتارلىق كىشىلەر ئاۋۇللاردا مەكتەپ ئېچىپ، رۇسچە، خەنزۇچە تىل ئۆگىتىپ، يېڭىچە مائارىپنى يولغا قويدى.

بۇنىڭ تەسىرى بىلەن تاڭجارىق جولدى ئوغلى، نۇرتازا چالىغباي ئوغلى، كۆدەك مارالباي ئوغلى، ئاسقار تاتاناي ئوغلى، قىزىر مامىربەك ئوغلى، دۇبەك چالىقىنباي ئوغلى، نىغمەت مىڭجانى قاتارلىق بىرتوپ ھازىرقى زاماندىكى چوڭقۇر پىكىرلىك جامائەت ئەربابلىرى، زىيالىيلار ۋە ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى.

تاڭجارىق جولدى ئوغلى ھازىرقى زامان قازاق ئەدەبىياتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

تىپىك ۋەكىلى، ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلابىي شائىر ھەم ئىلغار پىكىرلىك پەيلاسوپ. ئۇ 1903 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئىلى ۋىلايىتى كۈنەس ناھىيىسىدە قامىستى ئاۋۇلىدىكى بىر كەمبەغەل چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 1947 ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇ ئون يېشىدا ساۋات چىقىرىپ، ئەدەبىياتقا قىزىقتى، ئۇ خەلق ئارىسىدىكى شائىرلارنى ئۇستاز قىلىپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگەندى، قازاق خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغان كلاسسىك داستانلىرىنى ئوقۇپ يادلىۋالدى، شۇنىڭدەك مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئاتاقلىق يازغۇچىلار بىلەن پەيلاسوپلارنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

تاڭجارىق 1925 ـ يىلى سوۋېت قازاقىستاندىن يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قولىغا دومبىرىسىنى ئېلىپ ئاۋۇل ئارىلاپ ناخشا ياڭرىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ناخشىلىرىدا بايلار بىلەن ھۆكۈمران ئەمەلدارلارغا قارشى تۇرۇپ، كەمبەغەل چارۋىچىلارغا ھېسداشلىق قىلىش ئىدىيىسى كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئابرۇيى كۆتۈرۈلۈپ، نامى ھەر ياققا تارقالغانىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىكى كۈچىيىپ، 1928 ـ يىلى ئۇنى تۈرمىگە قامايدۇ. تاڭجارىق قامالغاندىن كېيىن خەلق ئاممىسى ھۆكۈمەتكە ئارقا ـ ئارقىدىن ئەرز سۇنۇپ، ھەتتا تۈرمىنى قورشىۋېلىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن ئۇنى تۈرمىدىن چىقىرىۋالدى.

1933 ـ يىلدىن تارتىپ تاڭجارىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشتىن تاشقىرى ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگىمۇ دادىل

قاتنىششقا باشلىدى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن سەھرالاردا (قىشلاق ۋە يايلاقلاردا) مەكتەپلەر ئېچىلىپ، قازاق تىلىدىكى تۇنجى گېزىت ئىلىدا بېسىلىپ چىقتى، قازاق تىلىدىكى دراممىلارمۇ بارلىققا كەلدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئادالەتنى ياقلاپ، ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا قارىماي، خەلقنىڭ قان ـ تەرىنى شورىغان ھەرىكەتلىرى ھەققىدە ئەرز يېزىپ ئاشكارىلىدى ۋە ئەيىبلىدى. شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ئاق تېررورلۇق ئېلىپ بېرىپ، ئىنقىلابچىلار بىلەن ئىلغار دېموكراتلارنى قولغا ئالغاندا، تاڭجارىق 1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا «خەتەرلىك ئۇنسۇر» دېگەن نام بىلەن غۇلجا شەھىرىدە قولغا ئېلىنىپ، 4 ـ، 5 ـ ئايلاردا ئۈرۈمچى تۈرمىسىگە يۆتكەلدى. ئۇ ئىلىدىن ئايرىلىش ۋاقتىدا «خوشلىشىش» دېگەن شېئىرىنى يېزىپ، ئۇنىڭدا قاراڭغۇ زۇلمەتلىك دەۋرگە بولغان قاتتىق ئۆچمەنلىكىنى، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقىنى ئىپادىلىدى.

تاڭجارىق ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان كۆزقارىشىدا جەمئىيەتتىكى يامان ئادەت، يامان مىجەز ـ خۇلقلارنى تەنقىدلەيدۇ. شۇنىڭدەك پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ، دۇنيانىڭ ۋە ھاياتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

كۆيۈمچانلار بار ھېجىيىپ تۇرۇپ ئەلنى ئالدايدىغان،
ئورۇقنى ساڭا بېرىپ، سېمىزنى ئالىدىغان.
تويماسلار بار، دۇنيا دەپ دۇنيانى يۇتىدىغان،
بىرنى ساڭا بېرىپ، مىڭنى ئالىدىغان.
پىخسىق بار قولىدىن تىيىن چىقارمايدىغان،

ئالداش بىلەن ئاي تۇرماق يىلنى كۆزلەيدىغان.
پىخسىق بار رەھىمسىز، دىرىلدەيدىغان،
قەرزدار قىسىپ تېرەڭنى بىردىن شىلىدىغان.
ئېپى بار پۇرسەت كۈتۈپ ياتىدىغان،
كۈندۈزى ئەمەس، كېچىسى جانىنى ئالىدىغان.

بۇ دۇنيا كونا ساراي، كۆچكەن كارۋان،
ئالمىشىپ بىردىن ـ بىرىگە ئۆزگىرىدۇ.
..........................
ياش ئۆتەر، ئويۇن كېتەر، قېرىلىق يېتەر،
ئويلاپ باق بىر قېلىپتا تۇردۇڭلارمۇ؟

تاڭجارىق ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى ئوي ـ پىكرىدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ، پايدا بىلەن زىياننىڭ، زۇلمەت بىلەن يورۇقلۇقنىڭ، قايغۇ بىلەن شادلىقنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەيدۇ:

..........................
ياخشىلىق بىلەن يامانلىق باشتىن ئېگىز،
بىردە پايدا ئال، بىردە زىيان تېگەر.
كېچە ـ كۈندۈز، قايغۇ ـ شادلىق دېگەنلەردە،
تاڭ سۈرۈپ قاراڭغۇلۇقنى سىرتقا تېپەر.

تاڭجارىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي كۆز قارىشىدا كىشىلەرنى ئالدايدىغان دىنىي ئەقىدىلەرگە، موللا ـ ئىشانلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنى «ئەل بەدىنىگە چاپلاشقان مەرەز»، «ئالدامچىلىق بىلەن ھەقىقەتنىڭ يولىنى توسىدىغانلار،

خەلقنى يەپ تويمايدىغانلار» دەپ ئەيبلەيدۇ.

تاڭجارىق ساپ ماتېرىيالىست بولسىمۇ، لېكىن ئۇ فېئودال پاترىئارخاللىق جەمئىيىتنىڭ تۆۋەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، تەبىئىي ئىقتىسادى مەدەنىيەتنى ۋە ئىلىم - پەن، مەرىپەت ئىشلىرىنى بىلەن پەن - تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى تەرەققىي تاپمىغان قالاق شارائىتىدا دۇنيانىڭ تەرەققىي قىلىپ مەدەنىيەتتە گۈللىنىشۋاتقانلىقىنى، پەن - تېخنىكىدا يۈكسىلىشۋاتقانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، خەلقنى ئىلىم - بىلىم ئۆگىنىشكە، پەن - تېخنىكا ئىگىلەشكە چاقىرىدۇ:

يارىماي كالتەك - چوماق قورالىقا،
پالۋاننى گۈپپىدە ھۈنەر يىقىتتى.
ھۈنەرلىك قۇشتەك ئۇچسا كۆك ئاسماندا،
ھۈنەرسىز ساچقاندەك يەرگە مۆكتى.

كۆرسىتىدىغان دۇنيا كەڭلىكىنى،
ئېلىپ بېرىدىغان تەڭلىكىنى.
كۈچەيتىدىغان دوستلۇقنى،
ياشىسۇن ئىلىم، ياشىسۇن!

ئوقۇ ياشلار قەلەم ئال،
ئىنتىلىش كۈنۈڭ تۇغۇلدى.
بىلىم بىلەن يېتىشكەن دانالار،
سەنمۇ ئوقۇ بەلنى بوشاتماي.

تاڭجارىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقارىشىدا «كۈچ بىرلىكتە» ئىكەنلىكىنى، بىرلىك بولمىغاندا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، بىرلىك بولغاندىلا ھەرقانداق ئامالنىڭ تېپىلىدىغانلىقىنى تەرىپلەپ، تارىخنى خەلق ياراتقان دېگەن تارىخىي ماتېرىيالىستىك كۆزقاراشقا يېقىنلىشىدۇ. ئۇنىڭ

تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا بۇ خىل كۆزقارىشى ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ:

سۆزۈمنى چۈشەنگىنىڭ تاللايسەن،
تاللاش نېمە دېگەندە بىرلىك دەيسەن.
بەرىكە ـ بىرلىكنىڭ بولمىسا سېنىڭ ئەگەر،
دۈشمەن قولىدا يانغان پىلىككە ئايلىنىسەن.

يەم بولۇپ ئىت بىلەن قۇشقا باياۋاندا،
مېيى ئېرىپ كۈندە كۆيگەن يىلىك بولىسەن.
سەن ئىچى كاۋاك تېرەك، باشقىلار قۇرت،
غاجىلايدىغان يۇمشاق نەرسە بولىسەن[1].

---

① يۇقىرىدا بېرىلگەن شېئىرلار تاڭجارىق جولدى ئوغلى «تاللانما ئەسەرلىرى»، I توم، 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ، 16 ـ بەتلەردىن ئېلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تور بېتى

# XXII باب قىرغىزلارنىڭ پەلسەپۋى ـ ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخى توغرىسىدا

چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە هونلارنىڭ شىمالىدا قەدىمكى بىر قەبىلە ياشايتتى. ئۇلار شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى سىما چيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر. هونلار تەزكىرىسى» دە بىرىنچى قېتىم گىگۇن (鬲昆) دەپ تىلغا ئېلىنغان. گىگۇنلەر هازىرقى قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى بولۇپ، سىما چيەندىن سەل كېيىنرەك بەن گۇ تەرىپىدىن يېزىلغان «خەننامە. هونلار تەزكىرىسى» دە جيەنكۇن (坚昆) دەپ ئاتالغان. بۇناملار ئۆز ۋاقتىدىكى قىرغىز دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جۇڭگونىڭ خەنزۇچە يېزىلغان تارىخىي مەنبەلىرىدە قىرغىزلار توغرىسىدىكى خاتىرىلەر زادىلا ئۈزۈلۈپ قالمىدى. نۇرغۇن تارقاق ھالەتتىكى پارچە ـ پۇرات تارىخىي مەلۇماتلارنى ھېسابقا ئالمىغاندىمۇ «ئومۇمىي قامۇس»، «تاڭ سۇلالىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىلىرى»، «تىنچلىق ئالەم خاتىرىسى»، «يېڭى تاڭنامە»، «لى دېيۇ. خۇيچاڭ يىللىرىدىكى خاتىرىلەر»، «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»، «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەزكىرىسى» ۋە باشقا كۆپلىگەن مەشھۇر تارىخىي ئەسەرلەردە قىرغىزلار توغرىسىدا مەخسۇس تەزكىرە ۋە

شەجەرىلەر قالدۇرۇلغان. بۇ تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ كۆپلىگەن پەلسەپىۋى قاراشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قىرغىزلار ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان VIII ئەسىردىن XVIII ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى «يارقا قارقان مەڭگۈ تېشى»، «ئېل تۇغان مەڭگۈ تېشى»، «تىكىش كۆل تودۇن مەڭگۈ تېشى»، «ئالتۇن تامغا تارقان مەڭگۈ تېشى»، «قاراچور مەڭگۈ تېشى»، «ئېل تاش ئوغلان مەڭگۈ تېشى»، «بەكچور مەڭگۈ تېشى»، «قىزىل جىرا مەڭگۈ تېشى»، «تاپ تەرىم مەڭگۈ تېشى»، «يۇمشەن مەڭگۈ تېشى»، «ئارا مەڭگۈ تېشى»، «قۇتاش مەڭگۈ تېشى» قاتارلىق مەڭگۈ تاشلار (ئابىدىلەر) دىمۇ قىرغىزلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، شۇنداقلا قىرغىزلار ياشىغان كەڭ رايونلاردىكى ئالەم ۋە ھاياتلىق پائالىيىتى تەسۋىرلەنگەن نۇرغۇنلىغان تاش سۈرەتلەردە ھەم بىر قىسىم ئەرەبچە، پارسچە تارىخىي كىتابلاردىمۇ قىرغىزلار توغرۇلۇق ئاز بولمىغان تارىخىي مەلۇماتلار قالدۇرۇلغان. بولۇپمۇ ئىنتايىن مول بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قىرغىزلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى ساقلاپ كەلگەن.

## 1. ھەر خىل قانۇن - تۈزۈملەردە ۋە ئېتىقادلاردا ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر

يېنىسەي قىرغىز خاقانلىقى دەۋرىنى قىرغىز تارىخىدىكى گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ دەۋردە ئۇلار مەدەنىيەت جەھەتتە خېلىلا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن «رونىك يېزىقى» دەپ ئاتالغان

يېزىق بۇ چاغلاردا كەڭ قوللىنىلىشقا باشلىغانىدى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋەزىر لى دېيۇنىڭ خاقان نامىدىن قىرغىز خاقانلىرى بىلەن يېزىشقان خەتلىرى مۇشۇ يېزىقتا ھەم خەنزۇ يېزىقىدا ئالماشتۇرۇلغانىدى. قىرغىزلاردا ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق ئىشلىرى خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار قۇتۇپ يۇلتۇزى (قىرغىزچە تۇمۇ قوزۇق) ئالەمنىڭ مەركىزى، يەنى ئالەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېقىلغان قوزۇق دەپ قاراشقانىدى. ئۇلار يۇلتۇزلارنى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە خاس «ئۈچ ئارقار»، «قوزى»، «ئارقانلانغان ئات»، «كۆنەك» ۋە باشقا ناملار بىلەن ئاتىشاتتى. ئۇلار «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە ئېيتىلغاندەك، يىللارنى 12 ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتاپ، بىر يىلنى ئۈچ پەسىلگە بۆلگەن. قومۇز، بەلداپ، زىڭغىراما، بالمان قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى بار بولۇپ، ئارغامچا ئويۇنى، ئات ئويۇنى، تۆگە ئويۇنى، شىر ئويۇنى قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينىشاتتى.

يېنىسەي قىرغىز خانلىقى دەۋرىدە قىرغىزلار بۇرۇنقى ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە قائىدىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ھەربىي تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ، كۆپلىگەن قانۇن ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق نىزاملىرىنى بەرپا قىلدى. بۇنداق تۈزۈملەرنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ دەۋر قىرغىز جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى كونكرېت ئىپادىلىنىشى ئىدى.

يېنىسەي قىرغىز خانلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. بولۇپمۇ شۇ دەۋرگە جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تۆمۈرچىلىك كەسپى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىپ، بۇرۇنقى تارقاق ھالەتتىن تەدرىجىي سىستېمىلىشىپ مەخسۇس تۆمۈر

تاۋلاش ئۆتەڭلىرى (كەنتلىرى) مەيدانغا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خاقانلىق بۇرۇنقى تۇراقسىز كۆچمەن چارۋىچىلىقتا تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان قالاق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تۇراقلىق تۇرمۇش مەنبەسىنى بەرپا قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزدى.

يېنىسەي قىرغىز خانلىقىدىن خېلى بۇرۇنلا قىرغىزلار بىرقانچە قانۇنلارنى تۇرغۇزغان، «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە قىرغىزلارنىڭ «قانۇنى ئىنتايىن قاتتىق، ئۇرۇشتىن قاچقانلارنىڭ، ئەلچىلىككە ئەۋەتىلگەندە ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغانلارنىڭ، مەملىكەت ئىشى ئۈستىدە قالايمىقان سۆز ـ چۆچەك تارقاتقانلارنىڭ ۋە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ بېشى چېپىلىدۇ، بالىسى ئوغرىلىق قىلسا ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئاتىسىنىڭ بويىنىغا ئۆلگۈچە ئېسىپ قويىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن بولۇپ، قانۇن كەسكىن، قاتتىق ئىجرا قىلىنغان. دەرۋەقە، قىرغىزلارنىڭ بۇنداق يازما قانۇنلىرى بىزگە تولۇقى بىلەن يېتىپ كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قىرغىز جەمئىيىتىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ھەممە ئادەم بىردەك ئېتىراپ قىلغان، بىرقەدەر قېلىپلاشقان بىر يۈرۈش ئادەت قانۇنى بولغان، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئادەت قانۇنلىرى باشقا مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ يازما قانۇنلىرىغا ئوخشاشلا قاتتىق يۈرگۈزۈلگەن ۋە ئىجرا قىلىنغان. قىرغىزلارنىڭ ئادەت قانۇنى بويىچە قەبىلىلەر ئىچىدىكى چوڭ ئىشلار قەبىلە ئاقساقاللىرى ۋە قەبىلە ياكى ئۇرۇق ئەزالىرىنىڭ كېڭىشى ئارقىلىق، ھەرقايسى قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئىشلار بولسا شۇ قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ كېڭەشىشى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىغان، ئاۋام خەلقنىڭ ئاقساقاللار كېڭىشى چىقارغان قارارلارغا تولۇق ئەمەل قىلىشى شەرت قىلىنغان. قىرغىزلارنىڭ ئادەت قانۇنى بويىچە قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ئۇرۇش

بولغاندا ئۇرۇشقا لازىملىق ئوزۇق ـ تۈلۈك، قورال ـ ياراغ ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۆزلىرى تەييارلىشى، شۇنداقلا ئۇرۇشقا شەرتسىز قاتنىششى لازىم بولغان، ھەرقانداق باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇرۇشتىن باش تارتقانلار قاتتىق جازاغا تارتىلىپ، مال ـ مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ ئۆزلىرى ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇرۇشتا خائىنلىق قىلغانلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلانغان، زىنا قىلغانلارنىڭ قۇلىقى كېسىلىپ ۋە پىچىپ (ئاختا قىلىنىپ) تاشلانغان، ئاياللارنى بولسا يۈزىگە قارا سۈرۈپ، ئۆكۈزگە تەتۈر مىندۈرۈپ ئاۋۇل ئارىلاپ سازايى قىلدۇرۇلغان ياكى چىچى كېسىلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، قىزلارنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلەر بولسا شۇ قىزنى ئەمرىگە ئېلىش ياكى بىر قىزنىڭ تويلۇق مېلىنى تۆلەپ بېرىش شەرت قىلىنغان. كېيىنكى تىيانشان قىرغىزلىرى دەۋرىگە كەلگەندە بۇنداق ئادەت قانۇنلىرى يازما قانۇن سۈپىتىدە توققۇز ھەسسىلەپ «جەرىمانە تۆلەش»، ئادەم ئۆلتۈرگەنلەر بولسا «خۇن تۆلەش» بويىچە ئىجرا قىلىنغان. دەسلەپتە ئەر خۇنى 500 يىلقا، ئايال خۇنى 300 يىلقا دەپ بېكىتىلگەن بولۇپ، كېيىن ئەر خۇنى 300 يىلقا، ئايال خۇنى 100 يىلقىغا ئۆزگەرتىلگەن. باشقىلارنى ئۇرۇپ مېيىپ قىلغانلار ۋە باشقا ئادەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلارغا بولسا «جەرىمانە» ئېلىش تۈزۈمىنى قوللىنىشقان. ئۇلارنىڭ ئادەت قانۇنى بويىچە ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ ئۆز ئايالىنى ھامىلىدار ۋاقتىدا ياكى بالا تۇغۇپ ئۈچ ئاي ئىچىدە قويۇپ بېرىشكە يول قويۇلمىغان، ئېرى ئۆلگەن تۇل ئاياللار بولسا مەڭگۈ ياتلىق بولماسلىق ياكى ئېرىنىڭ ئىنىلىرىغا ياكى بولمىسا ئېرىدىن كىچىك بولغان ئېرىنىڭ باشقا تۇغقانلىرىغا ياتلىق بولۇشى تەلەپ قىلىنغان. ئائىلە مال ـ مۈلكىگە مىراسخورلۇق قىلىش شۇ ئائىلىنىڭ كەنجى ئوغلىغا تەۋە ئىدى.

قىرغىز خەلقى ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي

www.uyghurkitap.com

تەرەققىيات جەريانىدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆرلۈك ئىجتىمائىي ئىدىيىلەردە ئىنكاس قىلىنغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەسكىرىي تۈزۈملىرى ۋە ئادەتلەنگەن قانۇنىي قاراشلىرىدىن سىرت، يەنە ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىگە خاس مول ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلارنىڭ بىرى ئۇلاردىكى گۈزەل ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى بولۇپ، قىرغىز خەلقى ئادەمگەرچىلىك، ئار - نومۇسنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن، ئىناقلىق ۋە دوستلۇقنى قەدىرلىگەن، چوڭلار ۋە ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ، ياشلارنى ئاسراشنى مەجبۇرىيەت دەپ قارىغان، نامرات، ئاجىز، تۇل ۋە يېتىملەرگە ياردەم قىلىشنى شەرەپ دەپ تونۇغان، باشقىلارغا ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمى قىلغان مېھرىبان، مېھماندوست، كىچىك پېئىل، ساددا، ئەمگەكچان خەلقتۇر.

قىرغىزلار ئىنسانپەرۋەرلىكنى، مەردلىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشىغا «جىمى ئىنسان قەلبداشتۇر» دېگەن ئىدىيە سىڭگەن بولۇپ، مەيلى ئۇ قايسى مىللەت ۋە قايسى قەبىلە بولسۇن، ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىپ، ئىناق ياشاپ، دوستلۇقتا بىللە ئۆتۈش كېرەك، دەپ قاراشقان. بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، مەردلىكنى ئەلا بىلىپ، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيدىغان ئادەملەر باشقىلار تەرىپىدىن ئىنتايىن يۇكسەك ئابرۇيغا ئىگە بولغان. ئۇلاردا «ئىناق ئەل روناق تاپار» دېگەن خەلق تەمسىلى بولۇپ، ئىتتىپاقلىقنى مىللەتنىڭ روناق تېپىپ گۈللىنىشىدىكى ئالدىنقى شەرتى دەپ قاراشقان.

قىرغىزلار ئۆزئارا كەچۈرۈم قىلىشنى ياخشى ئەخلاق دەپ تونۇشقان، ئۇلارنىڭ خەلق ماقالىدا «يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىل» دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇلار يامانلىقنى ياخشى نىيەت

ئارقىلىقلا تۈزەتكىلى بولىدۇ، دەپ قاراشقان. ھەرقانداق بىر قەبىلە ياكى مەلۇم بىر ئادەم باشقىلارغا يامانلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ (ئۇلار) ئۆز خاتالىقىنى تونۇسا، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئۇنى شەرتسىز كەچۈرۈم قىلىشى لازىم، دەپ قارالغان. قىرغىزلاردا «كەچۈرۈم سورىسا ئاتاڭنىڭ خۇنىدىن كەچ» دېگەن ماقال يۇقىرىقى ئىشلارغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولۇپ، بۇنىڭ مەزمۇنى ئەگەر بىرى سېنىڭ داداڭنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن بولسا، لېكىن ئۇ ئۆز گۇناھىنى تونۇپ سەندىن كەچۈرۈم سورىسا، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە بولماسلىقىڭ كېرەك دېگەنلىكنى بىلدۈرگەن.

قىرغىزلار نىكاھ ـ توي ئىشلىرىنى ئەزەلدىن ئادەم ھاياتىدىكى ئەڭ زور ئىش دەپ قاراشقان. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي نىكاھ قارىشى بويىچە پەقەت قىز ئالغان ئاياللا ئاخىرەتتە ئېرى بىلەن بىللە بولۇپ، ئەرنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى تەڭ ئۈستىگە ئېلىپ، ئېرىنى ئاخىرەت ئازابىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ، دەپ قاراشقان. شۇڭا، ئۇلاردا «نىكاھ غايىب» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ نىكاھنى تەڭرى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرغان دېگەن قاراشنى ئىپادىلىگەن. قىرغىزلاردا «ئاق باتا، قىزىل قان»نى بۇزۇش ئىنتايىن زور گۇناھ دەپ قارالغان. يېقىندىن توي قىلغاندىكى «قىزىل قان» ئايالدىكى ھالاللىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ قارىلىپ، ئۇلارنىڭ قانغا بولغان ئىپتىدائىي ئېتىقادىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىپادىسى بولسا، «ئاق باتا» كۆپچىلىكنىڭ توي قىلغانلارغا ياخشىلىق تىلەپ قىلىشقان دۇئاسىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا، ئۇلار يېقىندىن توي قىلغاندا ئاق ئوغلاق بوغۇزلاپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئوغلاق ئۆپكىسىنى «سەدىقە ئاتاپ»، ئاسمان، يۇلتۇز، زېمىن ۋە خانىنىڭ گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۈشكەن.

قىرغىزلار تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى

ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ نامايەندىسى دەپ قاراشقان، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتكە خىلاپلىق قىلىش ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىغان.

## 2. فولكلور ۋە «ماناس» ئېپوسىدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيىلەر

ئىپتىدائىي دىنلار تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ دەسلەپكى بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، ئۇ ئىپتىدائىي دەۋردىكى ئادەملەرنىڭ ئالەم ۋە هاياتلىققا بولغان ئاڭسىز ۋە يۈزەكى تەسەۋۋۇرىنىڭ مەهسۇلى ئىدى. قىرغىزلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتتىن ئاۋۋالقى قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىدا ئىپتىدائىي دىن ئىلاھلاشقان ئورتاق گەۋدە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى.

قىرغىزلارنىڭ ئۇزاق قەدىمكى ئەجدادلىرى ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، جەمئىيەتنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش ئىقتىدارى تولىمۇ چەكلىك ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىلىشەپچىقىرىشى ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلاتتى، شۇڭا ئۇلار ئوق ئوۋلاش ياكى ياۋايى هايۋانلاردىن ۋە تەبىئىي ئاپەتلەردىن قوغدىنىش ئۇچۇن مەلۇم دائىرىدە توپلىشىپ ياشىسىمۇ، لېكىن قوغدىنىش قوراللىرى ۋە ياشاش مۇهىتى ناچار بولغاچقا، داۋاملىق يىرتقۇچ هايۋانلار بىلەن تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ۋەهىمىسىدىن خالىي بولالمايتتى. بۇنداق ۋەهىمە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى قورقۇنچقا سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى قانداق قىلىپ بۇنداق قورقۇنچتىن قۇتۇلۇش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۈستىدە خىيال قىلىشقا مەجبۇرلايتتى. خۇددى لۇشۈن «ئىپتىدائىي كىشىلەر ئاسمان ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى بايقىغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ قانداق ئىدارە قىلىش ھەققىدە

تۈرلۈك چۈشەنچىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئۇنى ‹ئەپسانە› دەۋاتىمىز» دېگەندەك، ئۇلار تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تەبىئەتنى چۈشىنىش ۋە بويسۇندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. يەنە كېلىپ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تولىمۇ تۆۋەن بولغاچقا، ئۇ چاغدىكى قىرغىزلار تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئالدىدا ئاجىز ۋە چارىسىز ئىدى، چاقماق چېقىش، قار، يامغۇر يېغىش، كەلكۈن ئاپىتى ۋە بوران ـ چاپقۇن قاتارلىق سىرتقى تەبىئەت كۈچلىرى ئۇلارغا بەكمۇ سىرلىق بولۇپ تۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇلار قانداقتۇر ئاشۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل يەڭگىلى بولمايدىغان كۈچنىڭ بارلىقىنى خىيالىي تەسەۋۋۇر قىلىشقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇ تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرىغا چوقۇنۇپ، ئۇلاردىن ئۆزلىرىگە تىنچلىق ۋە بەخت ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلىشاتتى. دەل شۇ ئاساستا قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تەبىئەتتىن ھالقىغان تۈرلۈك تەڭرى، ئىلاھلار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئۇلار تەبىئەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈمىدىنى شۇ تەڭرى، ئىلاھلارغا بېغىشلاش ئارقىلىق ئۆز ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى شۇلارنىڭ كۈچىگە تايىنىپ رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشقان. ماركس: «ھەرقانداق مىفلار (ئەپسانىلەر) تەسەۋۋۇر بىلەن ۋە تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى يېڭىدۇ، بويسۇندۇرىدۇ ۋە ئوبرازلاشتۇرىدۇ» دېگەندەك، قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ مىفولوگىيىلىك تەپەككۇرىدا ئۇلارنىڭ ھامان تەبىئەت ۋە ئۆز رەقىبلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان ئۇلۇغۋار ئىرادىسى نامايان قىلىنغان نۇرغۇنلىغان مىفلار مەيدانغا كەلگەن. قىرغىز مىفلىرىدىكى بۇنداق تەڭرىلەر ئۇلارنىڭ دۇنيا قارىشىغا سىڭىپ كىرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي قارىشىغىمۇ

تەدرىجىي تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلاردا دۇنيا ۋە ھاياتلىق تەڭرىلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان دېگەن تونۇشنى پەيدا قىلىپ، تەڭرىچىلىك ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

قەدىمكى قىرغىزلار ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ مۇناسىۋىتىدە يامغۇر، قار ئاپىتى، قەھرىتان سوغۇق، قىزىق ئاپتاپ، چاقماق چېقىشتىن پەيدا بولغان ئوت ئاپىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاسماندىن كېلىدۇ دەپ قارىغانلىقتىن، ئاسمان ھامان زېمىننىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەپ تونۇغان. شۇڭا ئۇلار تەڭرىلەرنىمۇ ئاسماندا دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇپ، ئاسماندىكى بۇنداق تەڭرىلەر ئوخشاشلا زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى، شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلار ئالەمنىمۇ تىكلىك بويىچە قاتمۇقات ئاسماندىن ھاسىل بولغان، دەپ قارىشاتتى. قىرغىزلارنىڭ دەسلەپكى مىفولوگىيىلىك تەسەۋۋۇرىدىكى كۆك تەڭرى، كۈن، ئاي، يۇلتۇز تەڭرى، قىش، ياز تەڭرى ۋە باشقا كۆپلىگەن تەڭرىلەر دېگۈدەك ئاسماندا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا خۇددى قىش تەڭرىگە ئوخشاش ئاق بۇغرا شەكلىگە كىرىپ بەدىنى ۋە ئاغزىدىن قار پۈركۈپ، زېمىنغا چۈشۈپ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتەتتى. قەدىمكى قىرغىزلار ئۈچۈن ئاسمان ئىنتايىن سىرلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ماكانى دەپ قارىلىپ، زېمىندىكى ھەربىر ئادەم ۋە ھاياتلىقنىڭ جېنى ئاسماندىكى ھەربىر يۇلتۇزغا پۈتۈلگەن، دەپ قارىلاتتى. قىرغىز خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئۈچ ئارقار»، «ھۆر قىزى ئۇلپۇنچەك» ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان مىفلاردا ئېيتىلغان ئوبرازلار ئەسلىدە زېمىندىكى ئادەم ۋە ھايۋانلار بولۇپ، يەر يۈزىدە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ياشاش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقتىن، تەڭرىدىن پاناھ تىلەپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەنلەر ئىدى، بۇنىڭغا قارىغاندىمۇ قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ پەقەت ئاسماندا تىنچ ياشاش ئىمكانىيىتى بولغان

مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ماكانى دېگەن ئىدىيىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قەدىمكى قىرغىزلاردىكى مۇنداق مىفولوگىيىلىك قاراشلار ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى شەكىللىنىش باسقۇچىدا تۇرغان ئىپتىدائىي دىنغا ئىدىيىۋى ئاساس ياراتقان.

قەدىمكى قىرغىزلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ دەسلەپكى بىر خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، بىرقەدەر مۇرەككەپ بولغان روھ كۆزقارىشىغا ئىگە ئىدى. دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنىڭ روھى بولىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدا يۈز بەرگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئادەملەرگە ئېلىپ كەلگەن بالا ـ قازا، بەخت ـ سائادەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ تۈرلۈك ئىلاھ، ئەرۋاھ، جىن ـ شەيتانلار ۋە خاسىيەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىسى، دەپ تونۇغان. قىرغىزلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنىنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى كۆك تەڭرىگە چوقۇنۇش ئاساسىدىكى قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، خاسىيەتلىك ھېسابلانغان دەل ـ دەرەخ، سۇ، ئوت تەڭرىلىرى، چاقماق، يامغۇر، پەسىل ئىلاھلىرى قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىگە، ئۆزلىرى توتېم قىلغان تۈرلۈك ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەرگە، ئاتا ـ بوۋا ئەرۋاھلىرىغا چوقۇنۇشنى ئاساس قىلاتتى. مەزكۇر دىنىنىڭ يېزىپ قالدۇرغان دىنىي كىتابلىرى، دىنىي تەشكىلاتلىرى ياكى دىنىنى ياراتقان بەلگىلىك ئادىمى يوق ئىدى، دىنىنىڭ قائىدىلىرى پەقەتلا شامانلارنىڭ ئاغزاكى ئىزھار قىلىشى ۋە ئومۇمىي خەلقنىڭ ئېتىقادى بىلەن كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇلاتتى.

قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ شامان دىنى ئەپسانىلىرىدە پۈتۈن ئالەم يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەپ ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، يۇقىرى بۆلەك توققۇز قەۋەتكە، تۆۋەن بۆلەك يەتتە قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ يەنى توققۇز قات ئاسمان، يەتتە قات يەر بار دەپ تونۇلاتتى. ئالەمنىڭ يۇقىرى بۆلىكىدە يەنى توققۇز قات ئاسماندا تەڭرىلەر، پەرىلەر، ئىلاھلار تۇرىدۇ، ئالەمنىڭ تۆۋەن

بۆلىكى يەنى يەتتە قات يەردە جىن ـ شەيتانلار، ئالۋاستىلار، ھەر خىل ئەرۋاھلار ياشايدۇ، ئادەملەر بولسا ئوتتۇرىلىقتا قاپسىلىپ قالغان بولۇپ، داۋاملىق تەڭرى ۋە ئىلاھلارنىڭ قوللىشىغا، جىن ـ شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. شۇڭا، پەقەت شامانلارلا يۇقىرى ئالەمدىكى تەڭرى ـ ئىلاھلارغا ئادەملەرنىڭ ئىلتىجاسىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئادەملەرنى تۆۋەنكى ئالەمدە تۇرغان جىن ـ شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلاپ قالالايدۇ، دەپ ھېسابلايتتى.

قىرغىزلارنىڭ شامان دىنى كۆزقارىشى بويىچە، ئىنسان ۋە تەبىئەت ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان توققۇز بۈيۈك تەڭرى بولۇپ، ئۇلار كۆك تەڭرى، كۈن تەڭرى، يۇلتۇز تەڭرى، يەر تەڭرى، سۇ تەڭرى، ئوت تەڭرى، دەرەخ تەڭرى، ئاتا ـ بوۋا ئەرۋاھلار قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىش تەقسىماتى ئوخشىمىغان نۇرغۇنلىغان كىچىك تەڭرى ۋە ئىلاھلار بار ئىدى. بۇ تەڭرىلەرنىڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىرغىزلارنىڭ ئېتىقادى ئالدىدا ئاساسەن باراۋەر ئىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان توققۇز تەڭرى ئىچىدە كۆك تەڭرى جىمى تەڭرىلەرنىڭ بوۋىسى دەپ تونۇلاتتى، يەر تەڭرى بولسا ئىنسانلارنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۇ ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان تەڭرى ئىدى، شۇڭا، قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ئېپوسىدا ماناس ۋە ئۇنىڭ باتۇرلىرى داۋاملىق كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرىنىڭ نامىنى ئاتاپ قەسەم قىلغانغا ئوخشاش، قەدىمكى قىرغىزلار بۇ ئىككى تەڭرىنى ئاسمان ۋە زېمىنىنىڭ ئىگىسى دەپ قارىشاتتى. ئوت ۋە سۇ تەڭرىلىرى بولسا، ئاغرىق ـ سىلاق، بالا ـ قازا ۋە ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرىنى خالاس قىلىدىغان تەڭرىلەر ھېسابلىناتتى. ئاتا ـ بوۋا ئەرۋاھلار تەڭرىلىرى ئادەملەرنى قوللايدىغان مەدەتكار تەڭرىلەردىن ئىدى. «ماناس» ئېپوسىدا باتۇرلار قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئاتا ـ

بوۋىلىرىنىڭ روھىغا يالۋۇرۇپ ئۇلاردىن مەدەت تىلىگەنگە ئوخشاش، ھەرقانداق بىر ئادەم مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلگەندە، ئاتا ـ بوۋا ئەرۋاھلار تەڭرىدىن مەدەت تىلەپ ئۇلارغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشۈپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار تەڭرىسى بولسا، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى باشقۇرغۇچى تەڭرى ئىدى، شۇڭا قىرغىزلار «شەكەنشىر (ساتۇرن)، چولپان (ۋېنېرا)، ئاتارىد (مېركۇري) قاتارلىق يۇلتۇزلارنى ياخشىلىقنىڭ نىشانى، مىرىخ (مارس) يۇلتۇزنى يامانلىقنىڭ نىشانى» دەپ قارىشاتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ نىشانى بولغان يۇلتۇزلار ئۆزئارا چېقىلىپ تۇرىدۇ، ئاققان يۇلتۇزلار ئاسماندىن ئېقىپ چۈشىدۇ، ھەربىر يۇلتۇز بىردىن ئادەمگە تەۋە بولۇپ، ئۆزىگە تەۋە يۇلتۇز ئېقىپ چۈشسە شۇ ئادەممۇ بۇ دۇنيادىن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، دەپ قارىلاتتى. قىرغىزلار يۇقىرىقى تەڭرىلەردىن باشقا يەنە ھەممە مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆز تەڭرىسى بار دەپ تونۇغان بولۇپ، يىلقىنىڭ تەڭرىسىنى «قامبار ئاتا»، قوينىڭ تەڭرىسىنى «چولپون ئاتا»، سىيىرنىڭ تەڭرىسىنى «زەڭگى بابا»، شامال تەڭرىسىنى «ئورتۇق»، يامغۇر تەڭرىسىنى «چايچى»، تۆمۈرچى ئۇستىلارنىڭ تەڭرىسىنى «دوتۇ» دەپ ئاتىسا، بەزى تەڭرىلەرنىڭ خاس نامى يوق ئىدى. قىرغىزلار ئۆزلىرىنى بولسا يەر ئانىدىن پەيدا بولغان «قىش، ياز تەڭرىلەرنىڭ قىزلىرىدىن تۇغۇلغان» دەپ قارىشاتتى. بۇلاردىن باشقا ھەرقايسى قىرغىز قەبىلىلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا بۇغا، بۆرە، يولۋاس، يىلان، كىرپە، سېغىزخان، بۈركۈت، قارلىغاچ قاتارلىق ھايۋانلارنى؛ تۇبۇلقى، قېيىن، جىغان قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، ئۇلارغا چوقۇنىدىغان توتېملىق ئېتىقادىمۇ بار ئىدى.

قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ مىفولوگىيىلىك تەپەككۇرى ۋە

دىنىي قاراشلىرىدا ئادەمنىڭ جېنى «تەن» ، «ئەس» ، «خۇت» تىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن پەيدا بولاتتى. «تەن» ئادەمنىڭ ھەرىكىتىنى، «ئەس» ئادەمنىڭ روھى، ئوي - پىكرىنى كونترول قىلىدۇ، «خۇت» بولسا ھاياتلىقنىڭ (جاننىڭ) قوشۇمچىسى بولۇپ، ئۇ نۇردىن پەيدا بولۇپ، ئاسماندىن چۈشۈپ، «تەن» ۋە «ئەس» بىلەن بىرلىشىپ جاننى تەشكىل قىلىدۇ، «تەن» ۋە «ئەس» ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەزىدە بىر - بىرىدىن بۆلۈنۈپ تۇرىدۇ، ئادەم ئۇخلىغاندا «ئەس» ، «تەن» دىن ئايرىلىپ چىقىپ ئالەم ۋە ئاخىرەتنى ساياھەت قىلىپ، نۇرغۇنلىغان روھلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ، «ئەس» كە چۈش تەڭرى يول باشلايدۇ، بۇ چاغدا «تەن» يەنىلا ئادەم بەدىنىدە ساقلىنىپ تۇرىدۇ، ئادەم ئۆلگەندە «تەن» بىلەن «ئەس» بىرلىشىپ «كۆك تۇتۇن» گە ئۆزگىرىپ ئادەم تېنىدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇ ئىككىسى شۇ ئادەمنىڭ روھىنى ھاسىل قىلىپ غايىب دۇنيادا (ئاخىرەت دۇنياسىدا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە قايتىدىن باشقا ھاياتنى باشلايدۇ، دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ، «خۇت» بولسا «تەن» ۋە «ئەس» بىلەن بىللە كېتىدۇ ياكى ئۆلگۈچىنىڭ ئەۋلادلىرىدا قالىدۇ، «خۇت» دۇنيادىكى جانسىز نەرسىلەردىمۇ بولۇپ، ئۇ ئۇلارنىڭ روھى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىلاتتى.

قىرغىزلارنىڭ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مىفولوگىيە ۋە دىنىي قاراشلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىش، يەرگە دەپنە قىلىش، دەرەخكە دەپنە قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۇلارنىڭ مىفولوگىيىلىك تەپەككۇرىدا ھاياتلىق: تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، تىرىلىشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تەكرارلىنىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئۆلار ئۆلگۈچىنى جەزمەن ئۇنى يارانقان ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم ئىدى. قەدىمكى

قىرغىزلار ئۆزلىرىنى يەر تەڭرىدىن تۇغۇلغان دەپ قاراپ، يەرگە (زېمىنغا) «يەر ئانا» دەپ ئېتىقاد قىلىشاتتى. شۇڭا ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرىنى تۇغقان «يەر ئانا» نىڭ قۇچىقىدا يېتىشى لازىم ئىدى، بۇنداق بولغاندا «يەر ئانا» ئۆلگۈچىنى مەڭگۈلۈك پاناھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئاخىرەت دۇنيادىن ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق ئاتا قىلاتتى. ئۇلار ئادەم ئۆلگەندە ئۇنى بۇرۇنقى ئۈچ تەڭرىنىڭ نامىدا جەسەتنى ئۈچ قېتىم چۆرگىلەپ دۇئا قىلىپ، يىغا ـ زار قىلىشاتتى، ئۆلۈم بولغان جايغا سىرتتىن كەلگەنلەرمۇ ئاتلىق «ھۆركىرەپ» يىغلاپ كېلىپ جەسەت قويغان ئاق ئۆينى ئاتلىق ئۈچ قېتىم چۆرگىلەپ، ئاندىن ئاتتىن چۈشۈپ ھازىغا قاتنىشاتتى. جەسەتنى يەرلىككە قويغاندا ئۇنى ئۈچ قەۋەت رەخت ياكى ئاق كىگىز بىلەن يۆگەپ دەپنە قىلىپ، قەبرىسىنى توققۇز تەڭرىنىڭ نامىدا توققۇز قارا تاش بىلەن بېكىتىشەتتى، لېكىن بەزىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى جىق بولسا، يەر ئانا ئۆز قۇچىقىغا ئالمايدۇ دەپ قارالغانلىقتىن، بەزى جەسەتلەرنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىشاتتى. چۈنكى ئۇلار ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرىنى پەقەت ئوتتا كۆيدۈرۈش ئارقىلىقلا خالاس قىلغىلى بولىدۇ، دەپ قارىغان. بۇ توغرۇلۇق «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى» دە قىرغىزلارنى «ئۆلۈم بولغاندا جەسەتنى ئۈچ قېتىم چۆرگىلەپ، يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئوتتا كۆيدۈرۈپ سۆڭەك كۈلىنى يىغىۋېلىپ، بىر يىلدىن كېيىن كۆمىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇ يەردە ئېيتىلغان «جەسەتنى ئۈچ قېتىم چۆرگىلەش» يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئۇلارنىڭ ئۈچ بۈيۈك تەڭرىنىڭ ئۆلگۈچىگە ئاخىرەتتە تىنچلىق ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلىشىنى تىلىگەنلىكىنى بىلدۈرسە، ئوتتا كۆيدۈرۈش ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى خالاس قىلىپ ئاندىن يەر ئانىنىڭ مەڭگۈلۈك پاناھىغا ئۇزاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خاقان، باتۇرلار ۋە قەبىلە ئاقساقاللىرى ئۆلگەندە قەبرە

بېشىغا دۈشمەنىنىڭ قانچە باتۇرنى ئۆلتۈرگەن ياكى دۈشمەنىنىڭ قانچە قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغان بولسا شۇنچە ساندا مولو، بال ـ بال تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا شۇ ئادەمنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ئىش ـ ئىزلىرىنى يېزىپ قالدۇراتتى. كۆيدۈرۈلگەن جەسەت كۈلى مەخسۇس ياسالغان قۇتىغا سېلىنىپ ئۇنىڭغا شۇ ئادەمنىڭ چىراي ـ شەكلىدە چىقىرىلغان يۈز نىقابىنى ياساپ، ئۇنى جەسەت كۈلى قۇتىسىنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇشاتتى، يەرلىككە قويۇلغان جەسەتلەرنىڭ بېشى كۈن چىقىشقا قارىتىلىپ قويۇلۇپ، ئورنىتىلغان مولولارمۇ شەرققە قارىتىپ تۇرغۇزۇلاتتى. بۇنداق قىلغاندا ئۆلارنىڭ روهى ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىنى تونۇپ ۋە قۇياش بىلەن بىللە تۇغۇلۇش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. قويۇلغان جەسەتلەر بىلەن بىرگە ئۇنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ئۇرۇش قوراللىرى، زىننەت بۇيۇملىرى، ئىدىش، قاچا ـ قۇچا ۋە باشقا نەرسىلىرى، ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى قاتارلىق نەرسىلەر بىللە كۆمۈلۈپ، ئۆلگۈچىگە ئۇ دۇنياغا بىللە ئېلىپ كېتىشكە بېرىلەتتى، بىللە كۆمۈلگەن نەرسىلەر ئۈچتىن بولۇشى تەلەپ قىلىناتتى. جەسەت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قەبرە بېشىغا چىقىپ ئوت يېقىپ ياغ پۇرىتىپ، مەرهۇمنىڭ روهىغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ تۇرۇشاتتى.

يۇقىرىقى دەپنە قىلىش ئادەتلىرىدىن سىرت، قەدىمكى قىرغىزلاردا يەنە جەسەتنى دەرەخكە ئېسىپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرىمۇ بولغان. چۈنكى، قىرغىزلارنىڭ بەزى چوڭ قەبىلىلىرى ئۆزلىرىنى يەر ئانىدىن بىنا بولغان ئىلاهىي دەرەخلەردىن تۇغۇلغان دەپ قارىشاتتى. شۇڭا بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا قىرغىزلارنى «ئۆلار ئۆلگەنلەرنى يەرگە كۆممەستىن، بەلكى جەسەتنى ياغاچ تاۋۇتقا (ساندۇق شەكلىدىكى) سېلىپ ئېگىز دەرەخلەرگە ئېسىپ قويۇشۇپ،

جەسەتنىڭ چىرىپ يوق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ» دەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇنداق ئۇسۇلدا دەپنە قىلىش ئۆلگۈچىنى يەنىلا ئۆزى تۇغۇلغان «دەرەخ ئانا»غا قايتۇرۇپ بېرىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. جەسەت دەپنە قىلىنغان دەرەخلەر چوقۇم دەرەخ ئىلاھى ماكان ئەيلىگەن خاسىيەتلىك دەرەخلەر بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنداق ئىلاھىي دەرەخلەرگە ئاتاپ ھەر يىلى بىر قېتىم (4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى) ئاق ئات، ئالا سىيىر قۇربانلىق قىلىپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشاتتى. ھەتتا يەرگە دەپنە قىلىنغان قەبرىستانلىقتىمۇ بىر تال ياغاچ خادا تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئاق، كۆك، قىزىل رەخت ۋە باشقا نەرسىلەردىن «مالان» باغلاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈشەتتى. بۇ خۇددى ھازىرقى قىرغىزلارنىڭ خاسىيەتلىك دەرەخلەرگە «مالان» باغلاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ، مال ـ جانغا ئاسانلىق تىلىشىگە ئوخشاپ كېتەتتى. قەدىمكى قىرغىزلار يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىلاھىي دەرەخلەرنى ھايات ئادەملەر ئۈچۈن ئامانلىق ئېلىپ كەلسە، ئۆلگەنلەر ئۈچۈن ئاخىرەتلىك ماكان بولۇپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىدىن خالاس قىلىپ، ئۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن ساقلايدۇ، دەپ قارىشاتتى. دەرەخكە دەپنە قىلىنغان جەسەتلەرنىڭ گۆشى چىرىپ، سۆڭىكى قالغاندا ئاندىن ئۇنى يەرگە دەپنە قىلىشاتتى، چۈنكى ئادەمنىڭ گۇناھى قان بىلەن گۆشتىن پەيدا بولىدۇ، دەپ تونۇلغاچقا، بۇنداق گۇناھلارنى دەرەخ ئىنىنىڭ ياردىمى ياكى ئۇنىڭ خاسىيىتى ئارقىلىق يوقاتقىلى بولاتتى. گۆشىنى چىرىتىپ گۇناھىنى تۈگىتىش خۇددى ئوتتا كۆيدۈرۈپ گۇناھىنى يوق قىلىش بىلەن ئوخشاش ئىدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتى بەربىر يەر ئانىنىڭ قوينىغا تاپشۇرۇلۇشى لازىم ئىدى.

قىرغىزلار ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. قىرغىزلارنىڭ دىنىي

ئېتىقادىمۇ ئوخشاشمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا ئۆزلىرىنىڭ تىرىكچىلىك مەنبەسى، ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، كۆپلىگەن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ كۈندىن ـ كۈنگە مۇرەككەپلىشىپ باردى. قىرغىزلارنىڭ سىنىپىي جەمئىيەتكە كىرىشى بىلەن تەڭرىلىرىمۇ يۇقىرى ـ تۆۋەن دەرىجىگە بۆلۈنۈشكە باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن «كۆك تەڭرى» پۈتۈن ئالەم ۋە جىمى تەڭرىلەرنىڭ ھۆكۈمرانى دەپ قارالدى، بۇرۇنقى ئورتاق مەنبەگە ئىگە بولغان مىفولوگىيىلىك ئىدىيىلەر بىلەن دىنىي قاراشلار ئوتتۇرىسىدا كۆرۈنەرلىك پەرق كۆرۈلۈشكە باشلىدى. دىن بولسا ئەسلىدىكى مىف بىلەن بولغان ئورتاق ماھىيىتىدىن ئاستا ـ ئاستا چەتنەپ ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدىكى ۋاستىلىك قورالغا ئايلاندى. قىرغىز خاقانلىرىمۇ ئۆزلىرىنى «تەڭرىنىڭ ئوغلى» دەپ ئاتاپ، تەڭرى ئىرادىسىنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. دېمەك، بۇ چاغدا دىن تەڭرى تونىنى يېپىنىپ تەقدىرچىلىك ئىدىيىسىنى تەرغىب قىلسا، مىفلار يەنىلا ئىنسانلارنىڭ تەڭرىلەرنىڭ ساخاۋىتى ئارقىلىق تەبىئەت ۋە تەقدىر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرەتتى. شۇڭا، مۇنداق مىفلارغا ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى داۋامىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى مەزمۇنلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئۇلار بۇرۇنقى خىيالىي تەسەۋۋۇردىن تەبىئەت ۋە رېئاللىققا يېقىنلىشىپ، قىرغىزلارنىڭ ماددىي دۇنياغا بولغان دەسلەپكى يۈزەكى تونۇشى بىلەن ئورگانىك بىرلىشىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، قىرغىزلارنىڭ مۇنداق مىفولوگىيىلىك تەپەككۇرىدا كۆپلىگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىلەرنىڭ بىخ ئۇرۇش ھالىتى شەكىللەندى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەدىمكى قىرغىز قەبىلىلىرىدە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ھاياتلىققا بولغان

تونۇشىدا يەنىمۇ يېڭى ئىلگىرىلەشلەر بارلىققا كەلدى. كۆپلىگەن
تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا،
قەدىمكى قىرغىزلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرلەردىلا
كۆچمەن چارۋىچىلىقتا خېلى تەرەققىي قىلغان، بىر قىسىملىرى
دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرگە كىرگەنىدى.
بۇ ھال تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە جۇملىدىن يېنىسەي قىرغىز
خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ تەرەققىي قىلىپ،
چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىلگىرىلەشلەر بولدى.
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇنداق تەرەققىياتى قىرغىزلارنى
بۇرۇنقى تەبىئەتنى يۈزەكى بىلىشتىن تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشكە
قاراپ يۈزلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە «يېڭى تاڭنامە.
قىرغىزلار تەزكىرىسى» گە ئېيتىلغاندەك: «سۇ، ئوت - چۆپ
تەڭرىلىرىگە ئىشىنىش» كە ئوخشاش يېڭى ئېتىقاد ئوبيېكتلىرىمۇ
كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، سۇ
ۋە ئوت - چۆپ ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق ھاياتىدىكى كەم بولسا
بولمايدىغان بىردىنبىر تۇرمۇش مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىناتتى.
دېمەك، ئۇلار تەڭرى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتتىن ئىنسانلار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەتنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا
تەڭرىلەردىنمۇ مۇھىم رول ئوينايدىغان ئەمەلىي مەۋجۇدات
ئىكەنلىكىنى تونۇغان.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان قىرغىزلار ئېتىقاد قىلغان شامان
دىنى ئۆزىنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا باشقا
دىنلارنىڭمۇ تەسىرىگە ئۇچرىغان، 1900 - يىلى ھازىرقى
موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سۇجى دېگەن يېرىدىن
تېپىلغان، مىلادىيە 841 - يىلى ئەتراپىدا ئورنىتىلغان «ياغلاقار
قان مەڭگۈ تېشى» (سۇجى ئابىدىسى) دە مانى دىنىنىڭ «مار»

www.uyghurkitap.com

نامـلىق ئەۋلىياسى بايان قىلىنغان بولۇپ، ياغلاقار قان ئۆز ئوغۇللىرىنى «مار» دىن ئۆگىنىشكە، «مار» دەك باتۇر بولۇشقا چاقىرغان. بۇ دىنىنىڭ قايسى زامانلاردا قىرغىزلارغا تارقالغانلىقى ۋە قاچان ئەمەلدىن قالغانلىقى توغرۇلۇق قولىمىزدا تېخى قانائەتلەنگۈدەك ماتېرىيال يوق. مانى دىنى ئەسلىدە مىلادىيە Ⅲ ئەسىردە ئىرانلىق مانى دېگەن ئادەم تەرىپىدىن يارىتىلغان دىن بولۇپ، بەزى تارىخىي ھۆججەتلەرگە قارىغاندا، Ⅷ — Ⅸ ئەسىرلەردە ئورخۇن - يېنىسەي رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر، قىرغىز قەبىلىلىرىگە كىرگەنلىكى مەلۇم، بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي ماھىيىتى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق - يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولغان تەڭرىلەرگە ئېتىقاد قىلىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. قەدىمكى يېنىسەي قىرغىزلىرىمۇ بۇ دىنىنىڭ تەسىرىگە خېلى چوڭقۇر ئۇچرىغان بولۇپ، ئۇلاردا يورۇقلۇقنى، ئوتنى ئۇلۇغ كۆرىدىغان، دۇنيادىكى نەرسىلەرنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ نىشانى دەپ ئىككىگە بۆلىدىغان دىنىي قاراشلار بولغان. لېكىن بۇ دىن ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىيەلمىگەن بولۇپ، قىسقا مۇددەت ئىچىدە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئەمەلدىن قالغان، پەقەت ئىپتىدائىي شامان دىنىلا ئۇزاق مۇددەت ئۈستۈنلۈك ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن.

قىرغىزلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىسلام دىنىغا كىرىشى خېلى ئۇزاق تارىخىي جەريانلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقان. بۇنداق بولۇشى قىرغىزلارنىڭ يېنىسەي رايونىدىن تيانشان، پامىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كۆچۈش ۋاقتىنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇشى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى ئېتىقادى تەدرىجىي قىرغىزلاردا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى بىلەن باشقا ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئورنى ئاجىزلاپ بارغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي رېئال تۇرمۇشتا يەنىلا قەدىمكى

زامان ئىپتىدائىي دىنلىرى قالدۇرغان نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنداق دىنىي ئادەتلەر هازىرقىي دەۋرگىچىلىك ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

تارىختا قىرغىزلار ئېتىقاد قىلغان ئىپتىدائىي شامان دىنى پەقەتلا نوقۇل بىر دىن بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ چېتىشلىق دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولغان ئىپتىدائىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە دىن بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ زامان ۋە ماكان، ئالەم ۋە هاياتلىققا بولغان مول پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى بۇ دىن بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇ قىرغىزلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق ساهەلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىگە ئۆزىنىڭ بەلگىلىك تەسىرىنى قالدۇرغان، بولۇپمۇ مەزكۇر دىن بىلەن ئورتاق گەۋدە بولۇپ كەلگەن قىرغىزلارنىڭ مىفولوگىيىلىك پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ئۇلارنىڭ ئىنتايىن مول بولغان خەلق ئەدەبىياتىدا ئۆز ئورنىنى تاپقان.

قىرغىز خەلقى ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن تارىخنىڭ ئۇزاق سەپىرىدە ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئوخشاشمىغان تارىخىي ۋەقەلىكلەر ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، هەرقايسى دەۋر روهىغا خاس پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇنى مول، كۆلىمى جەهەتتە غايەت زور بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە قىرغىز خەلق ئېپوسى، داستانلىرى مەزمۇن ۋە كۆلەم جەهەتتە ئالاهىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. هازىرچە بىزگە مەلۇم بولغان، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار يىغىپ ساقلىغان ۋە نەشر قىلغانلىرىنىلا هېسابقا ئالغاندا، مەملىكىتىمىزدىكى دۇنياغا مەشهۇر ئۈچ چوڭ ئېپوسنىڭ بىرى بولغان «ماناس» ئېپوسىدىن باشقا يەنە «باغىش»، «تولتوپ»، «ئەر تۆشتۈك»، «قوجو جاش»، «جانىش ـ بايىش»، «قۇيۇن

www.uyghurkitap.com

ئالىپ»، «قۇرمانبەك»، «جاڭىل مىرسا»، «ئەر تابىلدى»، «سارىنجى بوكەي» لەرگە ئوخشاش ئېپوسلار 50 نەچچە پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ نەچچە مىليون مىسرالىق ئېپوس ۋە داستانلار قىرغىز خەلقىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي كۈرەشلىرى نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ قامۇسى ھېسابلىنىدۇ. «ماناس» ئېپوسى بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى. ئۇ قىرغىز دالاسىنىڭ ئوخشاشمىغان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە تارىخىي ۋەقەلىرىنى، جۇغراپىيىلىك تارقىلىشىنى، باشقا قەبىلە ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، ئۇرۇش ـ ماجىرالىرىنى، تېبابەتچىلىك ۋە ئاسترونومىيە ئىلىملىرىنى، سىياسىي ۋە ھەربىي تۈزۈملىرىنى، ھەربىي ئىستراتېگىيە ۋە ئۇرۇش تاكتىكىسىنى، مىفولوگىيىلىك دۇنيا قارىشى، دىنىي ۋە تۇتېملىق ئېتىقادلىرىنى، پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنسىكلوپېدىيە خاراكتېرىدىكى مەشھۇر ئەسەردۇر. شۇڭا، مەملىكىتىمىزدىكى ۋە چەت ئەللەردىكى كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار ئوتتۇرا ئەسىرلەر ۋە قەدىمكى زاماندىكى ياۋروپانىڭ قەھرىمانلىق توغرىسىدىكى بارلىق چوڭ ۋە مەشھۇر تارىخىي داستانلىرى يەنى نېمىسلارنىڭ «سىرد بۇلان ناخشىسى»، ئىسلاندىيىنىڭ «ئىدا» ۋە «ساكا» داستانلىرى، فرانسىيىنىڭ «رۇدەن ناخشىسى»، ئىسپانىيىنىڭ «شىدى» داستانى، گېرمانىيىنىڭ «نىبلونگىن ناخشىسى» قاتارلىقلار «ماناس» ئېپوسىغا يېتەلمەيدۇ، دەپ قاراشماقتا.

«ماناس» ئېپوسى ئۇزاق تارىختىن بۇيان قىرغىز خەلقى ئارىسىدا ماناسچىلار تەرىپىدىن يادقا ئېيتىلىپ، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد داۋاملىشىپ، خەلق ئىچىدە ھەرقايسى دەۋرلەردە پەيدا بولغان كۆپلىگەن ئۇششاق داستانلارنى ئۆزىگە قوشۇش ئارقىلىق،

تەدرىجىي سىستېمىلىشىپ بۈگۈنكى دەۋرگە يېتىپ كەلدى. مەملىكىتىمىزدە «ماناس» ئېپوسىنى يىغىپ رەتلەش 1960 ـ يىلى باشلانغان بولۇپ، 1980 ـ يىللارغا كەلگەندە مەشھۇر ماناسچى يۈسۈپ ماماي ۋارىيانتى بويىچە سەككىز ئەۋلاد ماناس ئېپوسى خاتىرىگە ئېلىنىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۈچ ئەۋلاد سەككىز توم كىتابى نەشردىن چىقتى.

«ماناس» ئېپوسى قىرغىز خەلقى ئارىسىدا ئەسىرلەردىن بېرى ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ، ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ سۆيۈپ ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقان قەھرىمانلىق مەدھىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭدا باشتىن ـ ئاخىر زورلاۋانلىققا، تاجاۋۇزچىلىققا، ئادالەتسىزلىككە، خۇنۇكلۇك، رەزىللىككە قارشى تۇرۇش، ھۆرلۈك، ئازادلىق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ھەققانىيەت، گۈزەللىك ۋە پاكلىققا مەدھىيە ئوقۇش ئاساسىي تېما قىلىنغان. شۇنداقتىمۇ بۇ ئېپوس قىرغىز خەلقىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى تارىخىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، قىرغىزلارنىڭ تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگرافىيىلىك ئەھۋاللىرى، ھەربىي يۈرۈشلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى ھەم ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن بۈيۈك بىر قامۇستۇر.

«ماناس» ئېپوسىدا قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ دۇنيا قارىشى، تەبىئەت، ئىلاھىيەت، جەمئىيەت، ئىنسان توغرىسىدىكى تونۇشلىرى، ئىپتىدائىي ئېتىقادلىرى تولۇق ئەكس ئەتكەن بولۇپ، قىرغىز خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى پىكىر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئېپوسنىڭ بىرىنچى تومىنىلا ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنىڭ «جۇمۇق بەشى» (سۆز بېشى) دىلا، «تاغلار قۇلاپ چۆل بولدى،

چۆل ئۆزگىرىپ كۆل بولدى» دېيىلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، پەيدا بولۇپ يوقىلىشى قاتارلىق تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئىپادىلەنگەن. ئېپوسنىڭ ئاخىرقى قىسىملىرىدىمۇ: «كۈن بىلەن تۈنمۇ قوشكېزەك يارالغان، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئايرىلماس بولۇپ يارالغان، ھايات بىلەن ئۆلۈممۇ ئورتاق بولۇپ يارالغان، تۇغۇلغىنىڭ ئۆلگىنىڭ، ئۆلمەس نەدە يارالغان…» دېگەنگە ئوخشاش ھەممە نەرسە قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك پىكىرلەرنىڭ بىخلىرىنى ئىپادىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ھەققىدىكى ساددا قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«ماناس» ئېپوسىدىكى ماناس يېرىم ئىلاھىي سۈپەتكە ئىگە بولغان ئىلاھىي قەھرىماننىڭ ئوبرازى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە «ئاي بىلەن كۈندىن پۈتكەن» كۆك تەڭرىنىڭ قىرغىزلارغا قىلغان «ئىلتىپاتى» ئىدى. قىرغىزلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن قەبىلىلەر ماناس تۇغۇلماستىنلا ماناس دېگەن باتۇرنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، قىرغىزلارنىڭ ئېغىر ئاياغ ئاياللىرىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، بارلىق ئوغۇل بالىلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، ماناس تۇغۇلغاندا، يەر تەۋرەپ، ئۆلگەندە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، ماناسنىڭ ئانىسىدىن «كۆك تۇلۇم» ئىچىدە تۇغۇلۇپ، ئالقىنىدا «ماناس» دېگەن ئىسمىنىڭ يېزىقلىق چۈشۈشى قاتارلىقلار قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ ئېتىقادىدا ماناس دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا شۇنداق بىر ئىلاھىي قەھرىماننىڭ ئوبرازى يېتىلىپ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئېپوستا ماناسنىڭ دادىسى جاقىپ پاراسەتلىك بولمىغاچقا، زارلىنىپ ئايالى چىيىردىنى ئالتاينىڭ خاسىيەتلىك ئورمانلىرىدا 40 كۈن يالغۇز تاشلاپ قويغانلىقى، ماناس تۇغۇلۇشتا ئانىسىنىڭ

ئالىپ قارا قۇشنىڭ كۆزى، يولۋاسنىڭ يۈرىكىگە سېزىك بولغانلىقى ۋە ئۇنى يېگەندىن كېيىن ماناسنىڭ تۇغۇلۇشى قاتارلىقلار قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ ئۆزلىرى مۇقەددەس بىلگەن خاسىيەتلىك يەرلەردىن مەدەت تىلەپ، توتېم قىلغان ھايۋانلارنىڭ روھىنى باتۇرنىڭ روھىغا كۆچۈرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ماناس تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، دۈشمەنگە قارشى ئاتلانغاندا ئالىپ قارا قۇش، يولۋاس، شىر، قاپلان، ئەجدىھالارنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىللە يۈرۈشى ئەنە شۇ كۆچۈرۈلگەن روھنىڭ كارامىتى ھېسابلىناتتى. دېمەك، قىرغىزلار مۇقەددەس ھېسابلىغان خاسىيەتلىك ئورمان ۋە توتېم قىلغان ھايۋان ـ قۇشلار ماناسنىڭ قوللىغۇچىسى بولغانىدى. ماناس چوقۇنغان باي تېرەك (چىنار دەرەخ) ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئالدىن بېشارەت بېرىدىغان خاسىيەتلىك دەرەخ بولسا، توتېم قىلغان ھايۋان ـ قۇشلار ئۇنىڭ مەدەتكارى، كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى ھېسابلانغان، ماناس ئۆلگەندە خاسىيەتلىك دەرەخلەردىن ماناسنىڭ شەكلىنى ياساپ، بىللە دەپنە قىلغانلىقى، خاسىيەتلىك ھايۋانلارنىڭ ماناس ئۆلۈشى بىلەن غايىب بولۇشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان كۆچۈرۈلگەن روھنىڭ تەندىن ئايرىلىشى دەپ قارالغان.

«ماناس» ئېپوسىدا بۇنىڭغا ئوخشاش قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى دىنىي ئېتىقادلىرى ۋە ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن تەبىئەت، ئىلاھىيەت چۈشەنچىلىرى بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئالايلۇق، ئېپوستا تىلغا ئېلىنغان «قايچىنىڭ قارا ئۆڭكۈرى»نى ئالساق، بۇمۇ بىر مۇقەددەس دەپ قارالغان جاي بولۇپ، بۇ ئېپوستا بايان قىلىنغان يېرىم ئىلاھىيلاشقان قەھرىمانلارنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ روھلىرى جايلاشقان ماكان دەپ تونۇلغان. ماناسنىڭ ئوغلى سەمەتەي، ئايالى قانىكەي، باتۇرلاردىن باقاي، كۈنچۈرە، ئايچۆرەلەرنىڭ ئۆلمەستىن «غايىب» بولۇپ كېتىپ، «قايچىنىڭ قارا ئۆڭكۈرى»دە ياشاپ

ئەبەدىيلىك ھاياتقا ئېرىشكەنلىكى، خەلق بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇلارنىڭ ھايات باتۇرلار بىلەن بىللە دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىپ، ئۇلارغا مەدەت بەرگەنلىكى، قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرىدىكى ئەجدادلار روھىغا چوقۇنۇش ۋە روھ ئۆلمەسلىك ھەققىدىكى ئىپتىدائىي ئىلاھىيەت قاراشلىرىنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

بۆغا توتېمىمۇ قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى توتېملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «ماناس»تىمۇ روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. ماناس تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا خاسىيەتلىك ئورمانلىقتا ماناسنىڭ بۆغا يېتىلەپ يۈرگەنلىكى باشقىلار تەرىپىدىن سېزىۋېلىنىدۇ. ماناس ئۆلگەندىن كېيىن ماناسنىڭ ئايالى قانىكەي ئىچكى دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ، ئوغلى سەمەتەينى ئېلىپ قاچقان سەپىرىدە خاسىيەتلىك چىنارنىڭ تۈۋىدە تۈنىگەندە، دەرەختىن سۈت ئېقىپ چۈشۈپ سەمەتەي ئۇنى ئېمىدۇ ھەم «بۆغا ئانا» ئاچ قالغان سەمەتەيگە ئۆز سۈتىنى ئەمگۈزۈپ باقىدۇ. دېمەك، قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى بۆغا توتېمى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارمۇ «ماناس» ئېپوسىدا كۆزگە چېلىقىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «ماناس» ئېپوسىدا قىرغىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ـ پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر تارىخىغا دائىر ناھايىتى مول ماتېرىياللار ساقلانغان بولۇپ، بۇ ئېپوسنى فولكلور نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، پەلسەپە نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قىرغىز خەلقى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئېپوس ۋە داستانلاردىن باشقا يەنە رېئالىستىك تۈسكە ئىگە، رومانتىكىلىق خىيالغا باي، مىفولوگىيىلىك تەسەۋۋۇرغا مول بولغان، ئوخشاشمىغان دەۋر روھى ئاساسىدىكى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى مۇجەسسەملەشكەن نۇرغۇنلىغان خەلق قوشاقلىرىنى، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنى، چۆچەك ۋە ماقال ـ تەمسىللەرنى

ياراتقان. بۇنىڭ ئىچىدە «ئورگەر»، «دامبىر تاس»، «ئالاس بۇلاس»، «قارغۇش ئىرى»غا ئوخشاش مىفولوگىيىلىك خاراكتېردىكى خەلق قوشاقلىرى، «ئۇچۇقلاش»، «دارىم»، «تىلەك تىلەش»، «مازار چاقىرىش»قا ئوخشاش دىنىي تۇس ئالغان ئىپتىدائىي شەكىلدىكى خەلق قوشاقلىرى قىرغىزلارنىڭ كۆپلىگەن ساددا دۇنيا قاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. بولۇپمۇ قىرغىز خەلقى ئىچىدە كەڭ تارقالغان «چاراتقان»، «كۆك ئۆكۈز»، «چىلدە ئاتا»، «ئاق ئاتان»، «يەر تېگى»، «چۇش ئىگىسى»، «جان ئالغۇچ»، «غايىب دۇنيا» ۋە باشقا «ماناس» ئېپوسىدا ئېيتىلغان غايىب بولغان باتۇرلارنىڭ ھاياتلىق ماكانى دەپ قارالغان «قايچىنىڭ قارا ئۆڭكۈرى» قاتارلىق ئەپسانىلەردە ئۇلارنىڭ ئالەمنىڭ بىنا بولۇشى، زامان ۋە ماكانغا بولغان چۈشەنچىلىرى، ھاياتلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى، تەڭرى، ئىنسان ۋە ماددىي دۇنيانىڭ مۇناسىۋىتى، شۇنداقلا ئۆلۈش ۋە تىرىلىش، ھەرىكەت ۋە جىمجىتلىق، سەۋەب ۋە نەتىجە توغرىسىدىكى نۇرغۇنلىغان پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرى نامايان قىلىنغان. بۇنداق ئەپسانىلەرنىڭ بەزىلىرىدە ئۇلارنىڭ تۇرلۇك تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان قاراشلىرى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق چۈشەندۇرۇلگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان «چىلدە ئاتا» (قىش تەڭرى) ئەپسانىسىدە: چىلدە ئاتا قاپىقىدىن قار يېغىپ، بۇرۇتىغا مۇز توڭلىغان قەھىرلىك بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇ ئاسماندىن 40 قىز، 40 ئوغۇلنى ئەگەشتۇرۇپ زېمىنغا چۈشۈپ سوغۇق تارقىتىدىكەن، ئۇنىڭ ئاسماندىن بىللە ئېلىپ چۈشكەن «توققۇز توڭى»مۇ بار ئىكەن. ئۇ 80 بالىسىنى ھەربىرىنى بىر كۈندىن سوغۇق چىقىرىشقا ئەۋەتىپ، ئۇلار ئۇدا 80 كۈن سوغۇق تارقاتقاندىن كېيىن بىر يەرگە يىغىلىشىپ، ھېلىقى «توققۇز توڭى»نى ھەربىرىنى بىر كۈندىن توققۇز كۈن، قارنى قالاپ ئوت يېقىپ، مۇزدىن قازان ئېسىپ پىشۇرۇپ يەپ،

ئاندىن ھاۋاغا ئۆزگىرىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىدىكەن، شۇڭا زېمىندا يىلىغا 90 كۈن سوغۇق بولىدىكەن، دېيىلگەن بولۇپ، قىش سوغۇقىنىڭ 90 كۈن يەنى ئۈچ ئايدا ئاخىرلىشىدىغانلىقى ئوبرازلىق بايان قىلىنىدۇ. گەرچە قەدىمكى قىرغىزلار تۇرلۇك تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ، دەپ تونۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن مىفولوگىيىلىك ئىدىيىلىرىگە ئاز بولمىغان ئىلمىي قاراشلار يوشۇرۇنغان.

قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ مىفولوگىيىلىك پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىدە زامان ۋە ماكان قارىمۇقارشى ئىككى مەنبەنىڭ بىر گەۋدە بولۇشىدىن ھاسىل بولغان، دەپ تونۇلاتتى. ئۇلار دۇنيانى (ماكاننى) ۋېرتىكال ـ تىكلىك بويىچە قاتلاملارغا بۆلۈپ چۈشەنسە، ۋاقىتنى (زاماننى) كەڭلىك نۇقتىسىدىن «ئاق» بىلەن «قارا»نىڭ يەنى كۈن بىلەن تۈننىڭ مەڭگۈلۈك تەكرارلىنىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، دەپ قارىشاتتى. دېمەك، «تىكلىك» ۋە «كەڭلىك»نىڭ قوشۇلۇشىدىن ئىبارەت قارىمۇقارشى ئىككى مەنبە بىرلىكى — بىر گەۋدە بولغان ئالەم بىرلىكى ھېسابلىناتتى، قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى شامان ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلغان ئالەم ئومۇملۇق جەھەتتە ئۈچ چوڭ قاتلامغا (يەنى ئۈچ بۆلۈككە) بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ ئۈچ بۆلەك ئالەم — بىرقەدەر ئومۇملاشقان قاراشلار بويىچە ئېيتقاندا «توققۇز قات ئاسمان، يەتتە قات يەر»دىن تەركىب تاپقان بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ ئەپسانىلەرنىڭ بەزى ۋارىيانتلىرىدا ئاسماننى 16 قەۋەتكە بۆلگەن چۈشەنچىلەرمۇ بار ئىدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئالەم تىكلىك بويىچە نۇرغۇنلىغان قاتلاملاردىن ھاسىل بولغانىدى. لېكىن، مۇنداق تىكلىك قاتلام دۇنيا ئۆز ئالدىغا مۇكەممەل ئالەم چۈشەنچىسىنى يارىتالمىغان بولۇپ، ئۇ يەنىلا «كەڭلىك» چۈشەنچىسىدىكى «زامان» يەنى ۋاقىت بىلەن بىر گەۋدە بولغاندىلا ئاندىن بىر

پۇتۇنلۇككە ئىگە بولالايتتى. شۇڭلاشقا، قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرى ياشىغان رايونلاردىن بايقالغان كۆپلىگەن قەدىمىي تاش سۇرەتلەردە ئالەمنىڭ مودېلى «⊕» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ دەل بىز يۇقىرىدا ئېيتقان تىكلىك قاتلام دۇنيا ۋە كەڭلىك زامان چۈشەنچىسىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن ئالەمنىڭ شەكلەن ئىپادىلىنىشى ئىدى. يەنىمۇ تەپسىلىيرەك قىلىپ ئېيتقاندا «+» بەلگىسى بىرىنچىدىن تىكلىك ۋە كەڭلىكنى، ئىككىنچىدىن ئالەمنىڭ تۆت تەرىپىنى بىلدۈرسە، «: :» تۆت چېكىت قۇياش ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان تۆت پەسىل يەنى كۈن، تۈن ۋە پەسىللەرنىڭ مەڭگۈلۈك تەكرارلىنىشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن زامان چۈشەنچىسى بولۇپ، «○» چەمبەر بەلگىسى ئۆلارنىڭ شارسىمان ئالەم قارىشىنىڭ ئىنكاسى ئىدى. قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ مۇنداق چۈشەنچىسى خېلى ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۆلارنىڭ كونا كەشتە نۇسخىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدىغان «⊞» ياكى «⊞» شەكىللىرى ئۆلارنىڭ تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇپ ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ، يۇقىرىقى تاش سۇرەتلەردىكى «⊕» بەلگىسى بىلەن شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە پۈتۈنلەي ئورتاقلىققا ئىگىدۇر.

يۇقىرىقى تاش سۇرەتلەر، ئىپتىدائىي كەشتە نۇسخىلىرىدا تەسۋىرلەنگەن تۆت قۇياش، قۇياش ئورنىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان تۆت پەسىلنىڭ ۋەكىلى بولسا، «+» بەلگىسى قۇياشنى تۆتكە بۆلگەن ئالەمنىڭ تۆت تەرىپىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، قىرغىزلارنىڭ قەدىمىي ئەجدادلىرى تەسەۋۋۇر قىلغان ئالەم (ماكان) بىلەن بىر گەۋدە بولغان ۋاقىت (زامان) نىڭ شەكلەن ئىپادىلىنىشى ئىدى. ئىپتىدائىي قىرغىزلارنىڭ ئېڭىدا تۆت تەرەپ ئوخشاشمىغان ماھىيەتكە ئىگە بولۇپ، شەرق كۈن چىققان تەرەپ، ئاق، تۇغۇلۇش، يورۇقلۇق ۋە ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ؛ غەرب تەرەپ كۈن ئولتۇرغان ياكى قارا، ئۆلۈش،

قاراڭغۇلۇق ۋە جىمجىتلىقنى ئىپادىلەيدۇ؛ جەنۇب تەرەپ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى، تەڭرىلەر دۇنياسىنى ۋە ياخشىلىقنى ئىپادىلەيدۇ؛ شىمال تەرەپ بولسا يەر ئاستىنى، ئاخىرەت دۇنيانى، ئاپەت، بالا ـ قازا ۋە يامانلىقنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا، قىرغىزلاردا قەدىمدىن بۇيان شەرققە قاراپ ئۆزلىرىگە ياخشىلىق تىلەيدىغان، بالا تۇغۇلسا، ئاق — يورۇقلۇق ۋە تۇغۇلۇشنىڭ سىمۋولى بولغان شەرق چۈشەنچىسى بويىچە بالىنى ئاق يۆگەككە ئوراپ، تۇغۇتلۇق ئانىغا ئاق ياغلىق سېلىپ مۇبارەكلەيدىغان، ئۆلۈم بولسا، قارا، ئۆلۈش ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ سىمۋولى بولغان غەرب چۈشەنچىسى بويىچە قارا كىيىم كىيىپ ھازا تۇتىدىغان، جەنۇبنى تەڭرى ۋە پەرىزاتلارنىڭ ماكانى دەپ قاراپ، شىمالنى ئاپەتنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدىغان ئادەت بولغان. ئۇلاردا «بالا ـ قازا شىمالدىن كېلەر» دېگەن سۆزمۇ دەل مۇشۇ ئاساستا ئېيتىلغان. قەدىمكى قىرغىز رايونلىرىغا سوغۇق ئېقىم، بوران ـ چاپقۇن، قار ـ يامغۇر شىمال تەرەپتىن كېلەتتى. ئۇلار ئۈچۈن شىمال تەرەپ يامانلىقنىڭ نىشانى بولۇپ قارالغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، قىرغىزلارنىڭ دۇنيا قارىشىدا پۈتۈن ئالەم تىكلىك ۋە كەڭلىك، تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش، يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ھەرىكەت ۋە جىمجىتلىق، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى زىددىيەتلىك تەڭ مەنبە قىلغان ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى.

قىرغىزلاردا قەدىمدىن تارتىپ «توققۇز سان» ئېتىقادى داۋاملىشىپ كەلگەن، ئۇلاردا قەدىمكى دەۋرلەردە ئېتىقاد قىلغان جەمئىي توققۇز تەڭرى بولغان، ئادەم ئۆلگەندىمۇ ئۇنىڭ قەبرىسى توققۇز قارا تاش بىلەن بېكىتىلگەن، خاقانلارغا بېرىلگەن تارتۇقلارمۇ توققۇز سان بويىچە ئېلىپ بېرىلغان، ئات بەيگىسىدىمۇ توققۇز ئاتقا بەيگە بېرىلگەن، قىسقىسى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى توققۇز سان بىلەن سىرلىق باغلانغان بولۇپ، ئۇلار ئادەم جىنىمۇ توققۇز بوغۇلۇپ چىقىدۇ دەپ قاراشقان،

شۇڭا ئۇلاردا «توققۇز بوغۇلۇپ جان ئۈزمەك» دېگەن خەلق ماقالى پەيدا بولغان. ئۇلار بىرنەرسىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ئۆلچەشتە توققۇزنى ئۆلچەم قىلىشقان. قىرغىزلاردا «توققۇز يولنىڭ تۈگۈنى»، «توققۇزى تەل بولۇش» دېگەن سۆزلەرمۇ مۇشۇ مەزمۇندا ئېيتىلغان بولۇپ، توققۇز نەرسە بىرلەشكەندىلا ئاندىن ئۇ تەلتۆكۈس پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ، دەپ قاراشقان. ئوخشاشلا زامان ۋە ماكانمۇ (ئالەم) ئىككى مەنبە، تۆت تەرەپ ياكى تۆت پەسىل، ئۈچ قاتلام جەمئىي توققۇز نەرسىدىن تەركىب تاپقان، دەپ قارالغان. شۇڭا، «توققۇز سان» قىرغىزلار ئېتىقاد قىلغان سىرلىق سان چۈشەنچىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئۈچلۈك دۇنيا كۆزقارىشى ۋە «ئۈچ زات» چۈشەنچىسى: قىرغىزلارنىڭ ئىپتىدائىي دۇنيا قارىشىدا ئالەم ئومۇملۇق جەھەتتە ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنگىنىگە ئوخشاش ئۈچلۈك دۇنيا قاراش ئۇلاردا بىرقەدەر ئومۇملاشقان ئىدىيىۋى ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار دۇنيانى شەكىل ۋە ئورۇن جەھەتتىن ئۈچ بۆلەككە بۆلگەن بولسا، خۇسۇسىيەت جەھەتتىن يورۇقلۇق دۇنيا، غايىب دۇنيا ۋە ئاخىرەت دۇنيا دەپ ئۈچكە بۆلگەن. يورۇقلۇق دۇنيا ئىنسانلارغا، غايىب دۇنيا شەيتان، پەرى ۋە پەرىزاتلارغا، ئاخىرەت دۇنيا روھ ۋە ئەرۋاھلارغا تەۋە دەپ قارالغان. ماھىيەت جەھەتتىن بولسا بۇ قاتلام دۇنيا، ھاۋا، تۇپراق ۋە سۇدىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن ھاسىل بولغان، دەپ قارالغان بولۇپ، يۇقىرىقى قاتلام دۇنيا يەنى توققۇز قات ئاسمان ھاۋا دۇنياسىغا، ئوتتۇرا قاتلام زېمىن، تۇپراق دۇنياسىغا، تۆۋەن قاتلام دۇنيا يەنى يەتتە قات يەر، سۇ دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلغان. شۇڭا، قىرغىزلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدىكى ئاسماندا بولىدىغان تەڭرى ۋە پەرىزاتلار قۇشلارغا ئوخشاش ئۇچالايدىغان شەكىلدە، يەر تېگىدە يۈرىدىغان روھ ۋە ئەرۋاھلار تۈرلۈك سۇ ھايۋانلىرى شەكلىدە ئوبرازلاشتۇرۇلغان. قىرغىزلارنىڭ ئەسلى

ئېتىقادىدا بار بولغان ئالەمنى ئۈز ئىلكىگە ئالغان ئۈچ چوڭ تەڭرى يەنى كۆك تەڭرى، سۇ تەڭرى، يەر تەڭرىمۇ ئەمەلىيەتتە ماددىي دۇنياغا بولغان سىمۋوللۇق چۈشەنچە بولۇپ، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا هاۋا، سۇ، تۇپراققا ۋەكىللىك قىلغان. قىرغىزلارنىڭ «كۆك ئۆكۈز» ئەپسانىسىدىمۇ زېمىن كۆك ئۆكۈزنىڭ مۈڭگۈزى ئارىلىقىغا قويۇلغان تاشنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئۆكۈز بېلىقنىڭ دۈمبىسىنى دەسسەپ، بېلىق سۇدا ئۈزۈپ، سۇنى هاۋا كۆتۈرۈپ تۇرۇشتەك مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئالەمنىڭ هاۋا، سۇ، زېمىن (تۇپراق) دىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىدىن تەركىب تاپقانلىقى ئوبرازلىق ئىنكاس قىلىنغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى كۆزقارىشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ هاۋا، سۇ، تۇپراق، ئوتتىن ئىبارەت «تۆت زات» كۆزقارىشى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئوخشىمايدىغىنى ئۇلار ئوتنى دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تۆپكى ئامىللارغا قوشمىغان. چۈنكى، قەدىمكى قىرغىزلار ئوتنى قۇياشنىڭ يەر يۈزىدىكى سىماسى ياكى قۇياشنىڭ كارامىتىدىن پەيدا بولغان نەرسە دەپ قارىغانلىقتىن، ئوتقا قارىغاندا قۇياشنى مۇهىم هېسابلاپ، ئۇنى جاننى پەيدا قىلغۇچى ئامىللارنىڭ بىرى دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇلار جاننىڭ ئۈچ تەركىبىنىڭ بىرى بولغان «خۇت» نى قۇياشتىن يەنى قۇياش نۇرىدىن كەلگەن، دەپ تونۇغان.

مەڭگۈ مەۋجۇتلۇق، ئۆلۈش ۋە تىرىلىش چۈشەنچىسى: قەدىمكى قىرغىزلار جىمى هاياتلىق ئۆلۈش ۋە تىرىلىشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك تەكرارلىنىشتا بولىدۇ، دەپ قارىغان. ئۇلار خۇددى كۈن بىلەن تۈننىڭ ئالمىشىپ مەڭگۈ تەكرارلىنىشىنى ۋاقىت (زامان) دەپ چۈشەنگەنگە ئوخشاش، ئۆلۈش ۋە تىرىلىشنىڭ ئورۇن ئالمىشىپ ئەبەدىي تەكرارلىنىشى ئۇلارچە هاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۈرەتتى. «تۇغۇلۇش» قىرغىزلار



uyghurkitap.com

ئۇچۇن «تىرىلىش» ھېسابلانغان بولۇپ، ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ روھىنىڭ قايتىدىن دۇنياغا كەلگەنلىكى ئىدى، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق چۈشەنچىسىدە زېمىنمۇ ئۆلۈپ ـ تىرىلىش داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. قىش پەسلى كېلىپ ئوت ـ چۆپلەر سارغىيىپ، دەرەخلەر يوپۇرماق تاشلىغاندا «زېمىن ئۆلدى» دەپ قاراشسا، باھار كېلىپ زېمىن قايتىدىن يېشىللىققا پۈركەنگەندە «زېمىن تىرىلدى» دەپ قارايتتى. ھەتتا ئۇلاردا قۇياشمۇ تۇغۇلۇپ ئۆلىدۇ دېگەن چۈشەنچە بولۇپ، قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەندە «كۈن تۇغدى» دەپ قارىسا، قۇياش ئولتۇرغاندا «كۈن ئۆلدى» دەپ قارايتتى. دېمەك، ئۆلۈش بىلەن تىرىلىشنىڭ (تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشنىڭ) مەڭگۇ تەكرارلىنىشى، تىكلىك ۋە كەڭلىكنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ تۇرۇشى، ئاق بىلەن قارىنىڭ مەڭگۇ ئورۇن ئالمىشىشى زامان، ماكان، ئالەم ۋە ھاياتلىقنىڭ ئەبەدىلئەبەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ تۈپ ئامىللارنىڭ بىرى دەپ چۈشىنىلگەن.

تۆت بۇلۇڭلۇق زېمىن، ھەرىكەت ۋە ئۆزئارا باغلىنىش چۈشەنچىلىرى: ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردە، قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرى يەر شارىنى تۆت بۇرجەكلىك دەپ قارىغان، «ماناس» ۋە «ئەرتۇشتۇك» داستانلىرىدا «تۆت بۇلۇڭلۇق دۇنيا» دېگەن سۆزلەر ناھايىتىمۇ جىق ئۇچرايدۇ، ئەرتۇشتۇك يەتتە باشلىق يالماۋۇزنى زېمىننىڭ تۆت بۇرجىكىنى ئايلاندۇرۇپ قوغلاپ، ئاخىر «يەر تېگىدە» مەغلۇپ قىلىدۇ. قىرغىزلارنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئەپسانىلىرىدە زېمىن (يەر شارى) تۆت بۇرجەكلىك بولۇپ، كۆك ئۆكۈز سىياقىغا كىرگەن كۆك تەڭرى ئىلاھىي بىلىقنىڭ دۈمبىسىنى دەسسەپ زېمىننى مۈڭگۈزىدە كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى، ئىلاھىي بېلىق «كەم» دېگەن سۇ ماكانىدا داۋاملىق ئۈزۈپ يۈرگەنلىكى كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا قەدىمكى قىرغىزلار ئاسمان جىسىملىرى ۋە جىمى مەخلۇقات ھەرىكەت داۋامىدا

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، ئاسمان ۋە زېمىن، يۇلتۇز ۋە زېمىندىكى هاياتلىق بىر ـ بىرىگە باغلانغان بولۇپ، يۇلتۇزلار يەرگە ۋە سۇغا چۈشۈپ ئۆزگە قۇۋۋەت ئالغاندىن كېيىن قايتىدىن ئاسمانغا چىقىدۇ، ئاسماندىكى هەربىر يۇلتۇز زېمىندىكى هەربىر ئادەمنىڭ جېنى بولۇپ، شۇ ئادەمگە تەئەللۇق بولغان يۇلتۇز كۆك يۈزىدىن ئېقىپ كەتسە شۇ ئادەممۇ جېنىدىن ئايرىلىدۇ، دەپ تونۇغان. قىرغىزلارنىڭ كونا كەشتە نۇسخىلىرىدا ئوتنى يالقۇنجىغان، دومىلاپ كېتىۋاتقان چىشلىق چاقچاقا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەنلىكى، بۇنداق سۈرەتلەرنىڭ قەدىمكى قىرغىزلار ياشىغان يېنىسەي رايونلىرىدىكى تاش سۈرەتلەردىمۇ ئۇچرايدىغانلىقىغا ئوخشاش پاكىتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى قىرغىزلار ئاسمان، زېمىن، سۇ ۋە هاياتلىق (كۆك تەڭرى، يەر، سۇ، بېلىق، كۆك ئۆكۈز) بىر ـ بىرى بىلەن ئۆزئارا باغلانغان بولۇپ، بىرى كەم بولسا بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ «توختىماي ئۆزۈپ يۈرۈش» تەك مەڭگۈلۈك هەرىكەت داۋامىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر قىلغان.

تەڭرى، ئىنسان ۋە ماددا چۈشەنچىسى: قىرغىزلارنىڭ قەدىمىي مىفولوگىيىلىك تەپەككۇرىدا تەڭرى ناهايىتىمۇ بۈيۈك كارامەت ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى مۆلچەرلەش قىيىن، ئۇ ئالەم ۋە جىمى هاياتلىقنىڭ ياراتقۇچىسى، دەپ قارىلاتتى. تەڭرى ئىنسانلارنى تۇپراق ۋە سۇدىن ياراتقان بولۇپ، پەرىزاتلارنى نۇردىن (يورۇقلۇق) ياراتقانىمىش. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەرچە قەدىمكى قىرغىزلارنىڭ ئېتىقادىدىكى تەڭرى بۈيۈك كارامەت ئىگىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كارامىتى يەنىلا چەكلىك ئىدى. چۈنكى ماددا، تۇپراق ۋە سۇ بولغانلىقتىن ئىنسانلارنى ياراتقان بولۇپ، تەڭرى ئىنساننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە ماددا بىلەن هاياتلىق ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستىچى قاتارىدىلا قارالغان. قىرغىزلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، تەڭرى

زېمىننى سۇ ۋە تۇپراقتىن ياراتقان بولۇپ، تۇپراق جىمجىتلىق ھالىتىدە، سۇ ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇ، بۇ ئىككىسى بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ھاياتلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇلار ئىنسانلارنىمۇ ئاشۇ تۇپراق ۋە سۇدىن پەيدا بولغان دەپ بىلگەن. بۇ قەدىمكى دەۋردە ھەممە قىرغىزلار ئورتاق ئېتىراپ قىلغان چۈشەنچە بولۇپ، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرى دۇنياغا كەلگەن قەدىمكى تۇپراقنى «ئەنە ساي» (يېنىسەي) دەپ ئاتاشقان. «ئەنە» ئانا دېگەن مەنىدە، «ساي» زېمىن، سۇ، دەريا دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. قىرغىزلارغا كەڭ تارقالغان «قىرغىزنىڭ سۇ ئانىسى، تاغ ئاتىسى» دېگەن ماقال ئۆزلىرىنىڭ تەڭرى تەرىپىدىن سۇ ۋە تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سۇ — چىشى (ئۇرغاچى) يەنى ئايالغا ۋەكىللىك قىلىپ ئانا دەپ قارالسا، تاغ — تۇپراق ئاتىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئانا بولغان سۇ بىلەن ئاتا بولغان تاغ — تۇپراق بىرلىشىپ ئىنساننى بارلىققا كەلتۈرگەن ھېسابلىناتتى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۇپراق ۋە سۇدىن يارالغان ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن، سۈپەت جەھەتتە ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەت جەھەتتە شەكىلسىز جىسىمغا «كۆك تۈتۈنگە» ئايلىنىپ، يەنىلا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشتەك ھالەتتە بولۇپ، ماددىنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشەندۈرگەن. نۇردىن يارىتىلغان پەرىشتىلەر گەرچە خىيالىي تەسەۋۋۇردەك تۇيۇلسىمۇ، ئۇ يەنىلا مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى قاتارىدا تەسۋىرلىنىپ، قۇياش نۇرى زېمىندىكى ھاياتلىقنىڭمۇ كەم بولسا بولمايدىغان مەنبەسى دەپ قارالغان.

قەدىمكى دەۋردىكى قىرغىزلار تەڭرى، ئىنسان ۋە ماددىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى قارىشى ئاساسىدىكى ھاياتلىق مودېلىنى شەكىللەندۈرگەن.

تەڭرى — خۇدا، تەقدىر ۋە بەخت چۈشەنچىسى:

قىرغىزلاردا ئۇزاقتىن بۇيان ئادەملەرنىڭ تەقدىرى تەڭرى تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ، ئادەملەرنىڭ پىشانىسىگە پۈتۈلگەن مۇنداق تەقدىرنى ئادەملەرنىڭ ئۆزگەرتەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئىنسان ئۆز تەقدىرىگە تەن بېرىشى كېرەك، دەپ قارالغان. بۇ، قىرغىزلار ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن ئومۇملاشقان قاراش بولۇپ، بۇ، بۇرۇنقى تەڭرىلەر بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ماھىيەت جەھەتتە خېلى پەرقلىنەتتى. قىرغىزلارنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادىدىكى تەڭرىلەر بولسا ئادەملەرنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ ئالدىن بېشارەت بېرەتتى ۋە تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق جازا ئېلىپ باراتتى. يەنە كېلىپ بۇنداق تەڭرىلەر خېلىلا كۆپ بولۇپ، ئادەملەر مەلۇم بىر تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىسا، ئىككىنچى بىر تەڭرى تەرىپىدىن قوغدىلىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا تەڭرىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بەزى توقۇنۇشلار يۈز بېرەتتى. يامانلىق بىلەن ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان تەڭرىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇنداق توقۇنۇشلار ھامان ئادەملەرنىڭ ھايات ـ ماماتلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پەيدا بولاتتى. ياخشىلىق تەڭرىلىرى يامانلىق تەڭرىلىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلسە، ئادەملەرمۇ ئۆزلىرىگە كېلىدىغان ئاپەتتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. دېمەك، تەڭرىلەر ئاساسەن ئادەمنى ھايات ۋاقتىدا بەختكە ئىگە قىلالايدۇ، دەپ قارىلاتتى. قىرغىزلار كېيىنرەك ئېتىقاد قىلغان ئىسلام دىنىدىكى خۇدا (ئاللا) بولسا، ئادەم ۋە جىمى مەخلۇقاتنىڭ يەككە ـ يېگانە مۇتلەق ھۆكۈمرانى بولۇپ، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئالدىن بەلگىلەيدىغان كارامەت ئىگىسى ئىدى. ئۇ تەنھا ئۆزىلا پۈتۈن ئالەمنى كونترول قىلىپ تۇراتتى ۋە ئالەمدىكى ھەرقانداق كۈچنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئىدى. خۇدانىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغىنى تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا پەقەتلا «ئۇ دۇنيا» دىكى جەننەتتىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنسانلار (مۇسۇلمان بولسا) ئۇنىڭغا ئۆلگەندىن كېيىنلا ئېرىشەلەيتتى. لېكىن، قەدىمكى

قىرغىزلارنىڭ كۆپلىگەن ئېتنوگرافىيىلىك ۋە تارىخىي ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە، بەختكە ئىگە بولۇشنى ئانچە خالاشمىغان. چۈنكى، ئۇلار «ماناس» ئېپوسىدا «بۇرۇنقىلار گەپ ئېيتار، مىڭ كۈنلۈك جەننەتتىن بىر كۈنلۈك هاياتلىق ئەلا دەپ ئېيتار» دېگەندەك ئۆلگەندىن كېيىنكى 1000 كۈنلۈك جەننەتتىن بىر كۈنلۈك هاياتلىق ئەۋزەل، دەپ بىلگەن. ئۇلار ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دېگەن تونۇشتا بولۇپ، بۇ ئىدىيىنى «تەڭرىم: يارىتىشنى مەن ياراتتىم (ئادەمنى)، قانداق ئادەم بولۇشۇڭ ئۆزۈڭدىن» دەپتۇ دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەشكەن. بۇ دېگەنلىك تەڭرى ئادەمنى ياراتقان دېگەندىمۇ، بەخت يارىتىش ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، قەدىمكى قىرغىزلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئادەم ئامىلىنىڭ مۇهىملىقىنى تونۇپ يەتكەن بولۇپ، ئادەم تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ ۋە ئۆز بەختىنى ئۆزى يارىتالايدۇ، بەخت، هايات ئادەمگىلا مەنسۇپ، دېگەن قاراشتا بولغان.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغانلار قىرغىزلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى تەدرىجىي شەكىللەنگەن، بىر قىسىم يازما تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن، شۇنداقلا ئېتنوگرافىيە ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئەكس ئەتكەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ مىفولوگىيىلىك دۇنيا قارىشى، شۇنداقلا ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى ئاساسىدىكى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرىنىڭ مۇهىم تەرەپلىرىدۇر.

## 3. يېقىنقى زاماندىكى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر

كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ باي ـ زومىگەرلەرگە قارشى كۈرەش ئوتىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، دېموكراتىك ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى فېئودال پاترىئارخاللىق

www.uyghurkitap.com

ئۆرۈقچىلىق تۈزۈمىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىنى تېزلەتتى، قارشىلىق كۈچىيىپ، ئۇلارنىڭ ھامىيلىرى بولغان «زامانچىلار» نى زار قاقشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بولغان قالىغۇل باي ئوغلى (1785 — 1885)، ئارىستانبەك بولۇش ئوغلى (1824 — 1874)، مولدو قىلىچ سامىرقان ئوغلى (1866 — 1917) قاتارلىق كىشىلەر پاترىئارخاللىق ئۆرۈقچىلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنى «ئاخىر زامان»، «قىيامەت قايىم» بولدى دەپ يىغا ـ زار قىلىشتى، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى «زامان» توغرىسىدىكى داستانلىرىدا ئۈمىدسىزلىك ئىدىيىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار دىن ئارقىلىق كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك قۇل بولۇشىنى تەرغىب قىلدى، ئۇلار پۇل مۇئامىلىسى ۋە قەغەز پۇللارنىڭ پەيدا بولۇشىنى بالا ـ قازانىڭ باشلىنىشى، دەپ قاراپ، جاھاننى بۇزۇقلۇق قاپلاپ، بۇۋىلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كەلگەن ئادەت ۋە ئۆرۈقداشلىق ئەنئەنە بۇزۇلۇپ، ئاتا ـ بالا بىر ـ بىرىگە قەست قىلىدىغان، قۇللار بايلارغا، پۇقرالار تۆرىلەرگە قارشى چىقىدىغان زامان كېلىۋاتىدۇ، مانا بۇ ئاخىر زاماننىڭ ئالامىتىدۇر دەپ جار سېلىشتى، شۇنداقلا ئۇلار بۈگۈنكى ئىشلار ئۆتمۈشكە يەتمەيدۇ، زامان بارغانچە تارىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆتمۈشتە ھازىرقىدەك پۇقرالار بىلەن يۇرت كاتتىلىرى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوق ئىدى، تار زامان يېتىپ كەلدى، بۇ پۇقرالارنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ، دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئەينى چاغدىكى قەشقەردىكى فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھاكىمۇتلەقلىقىنى قىرغىز جەمئىيىتىدە بەرپا قىلىش، شۇ ئارقىلىق «زاماننى ئۆزگەرتىش» نى تەشەببۇس قىلىشتى.

«زامانچىلار» ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولغان مولدو قىلىچ

ئۆزىنىڭ «تار زامان» ناملىق ئەسىرىدە 1910 ـ يىلى يۈز بەرگەن بەر تەۋرەشنىڭ پەيدا بولۇشىنى خەلقنىڭ ئىنسابىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن بولدى، بۇ، خۇدانىڭ يامان نىيەتلىك ئادەملەرگە بەرگەن جازاسى دەپ، جەمئىيەتتىكى خۇراپىي قاراشلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ مۇتەئەسسىپ قاراشلىرىنى بازارغا سالدى. ئاتالمىش زامانچىلار پاترىئارخاللىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن «ئاخىر زامان»، «تار زامان»، «زار زامان» بولدى، دەپ زارلاپ يۈرگەن شۇ چاغلاردا ئۇيغۇر، قازاق، تاتار ۋە باشقا خەلقلەر ئارىسىدا مەيدانغا كەلگەن تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىلەر قىرغىز خەلقى ئىچىدىمۇ كۈچلۈك دولقۇن قوزغىدى، بۇنداق ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ قىرغىز خەلقى ئىچىدىكى ئاتاقلىق ۋەكىلى «خەلق بۇلبۇلى» نامىنى ئالغان تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلىدۇر.

شائىر ھەم مۇزىكانت تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلى (1864 — 1933) XIX ئەسىردىكى قىرغىز دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ ۋە ئىنقىلابىي رېئالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىلىدۇر. ئۇ ئەينى زامان قىرغىز جەمئىيىتىدە خەلقپەرۋەر ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلىرى ۋە فېئودال پاترىئارخاللىق تۈزۈمگە قارشى ئىسيانكار شېئىرلىرى بىلەن تونۇلۇپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى بىلەن داڭق چىقارغان.

تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلى نامرات قىرغىز چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىن تارتىپلا باي ـ ماناپلارغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق زۇلمى ئاستىدا ئۆزىنىڭ يالقۇنلۇق ئىجادىيەت ھاياتىنى باشلىدى. تۇقتۇغۇل 13 يېشىدا قازانباق بايغا يىللىقچى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا «يوقسۇللۇقنىڭ دەردىدە»، «ياتقىنىم دالا يەر

www.uyghurkitap.com

بولدى» دېگەنگە ئوخشاش قوشاقلىرى بىلەن زۇلۇمغا ۋە تەڭسىزلىككە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ شۇ دەۋرلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن خەلق قوشاقچىلىرىدىن بولغان ئاتىسى ساتىلغان، ئانىسى بۇرمالارنىڭ تەسىرىدە ئىجادىيەت جەھەتتە تېز ئۆسۈپ، ئەينى زاماندىكى مۇتەئەسسىپ ئاقسۆڭەكلەرگە، ئۇرۇقداشلىق پاترىئارخاللىق تۈزۈمگە قارشى كۆزگە كۆرۈنگەن ئاقىن، مۇزىكانت ۋە كومپوزىتور بولۇپ يېتىلدى. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى «يوقسۇللۇقنىڭ دەردىدە» دېگەن دەسلەپكى شېئىرىدا:

يوقسۇللۇقنىڭ دەردىدىن،
يىللىقچى بولدۇم يالىنىپ.
غېرىبلىق چۈشتى بېشىمغا،
قازانباق بايغا باغلىنىپ.
«قولۇمغا قومۇز ئالسام» دەيمەن،
يېتىلمەي كېلىمەن زارلىنىپ.

دەپ ئادالەتسىز زاماندىكى تەڭسىزلىك ۋە زۇلۇم ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، «قولىغا قومۇز ئېلىپ» خەلققە بولغان پاك مۇھەببىتىنى كۈيلەشنى ئارزۇ قىلغان بولسا، «ياتقىنىم دالا يەر بولدى» دېگەن شېئىرىدا:

قازانباقنىڭ پەيلى تار،
قىلارمەن قاخشاپ كىمگە زار،
ئۆلمىسەم ئاخىر بىر كۈنى،
مېنىڭمۇ يېتەر بەختىم بار.

دېگەن مىسرالار بىلەن زۇلۇم ئاستىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاخىر بىر كۈن بەختلىك تۇرمۇش يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىدى. تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلىنىڭ بۇنداق دېموكراتىك ئىدىيىلىرى قىرغىز خەلقىنىڭ ئەسىرىمىزنىڭ بېشىدا ئاسىيا ۋە دۇنيا مىقياسىدا ئەۋجىگە چىققان دېموكراتىك دولقۇندا ئويغىنىپ، كونا ئۆرۈقداشلىق تۈزۈم ۋە زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشقا ئاتلانغانلىقىنى ئىپادىلىدى.

تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلى قىرغىز خەلقى ئىچىدە «بۇلبۇل» دەپ نام ئالغاندىن كېيىن، ئۇ كەڭ قىرغىز رايونلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلدى. ئەينى چاغدىكى چار پادىشاھنىڭ قىرغىز خەلقى ئىچىدىكى يەرلىك ئەمەلدارلىرىدىن بولغان ئاقسۆڭەك باي رىسقۇلبېك ۋە ئۇنىڭ تۇقتۇغۇل تەرىپىدىن «بەش قامان» (قامان — چوشقىنىڭ قاۋنى) دەپ ئاتالغان ئەخمەت، دىيقان، ئاتاقان، مىڭباي، ئىگەمبەردى، بەختىيار قاتارلىق قولچوماقچىلىرىنىڭ خەلقنى قۇلدەك ئېزىشىگە قارشى بىر قىسىم شېئىرلىرى خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «رىسقۇلبېكنىڭ بەش قامان» دېگەن شېئىرىدا:

ئەخمەت، دىيقان ئالدامچى،
ئاتاقان، مىڭباي يالغانچى.
ئىگەمبەردى، بەختىيار،
ئەل يىگەنگە ياردەمچى.

دېگەن مىسرالىرى بىلەن ئاقسۆڭەك ـ باي، ماناپلارنىڭ ھەقىقىي ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىسا، «ئىشان خەلپە»، «ئۆيچۈلۈك

ئىشان» ، «چاقىرباي سۈتخور» قاتارلىق ساتىرىك شېئىرلىرىدا ئاچكۆز، ئىككى يۈزلىمىچى، مۇتەئەسسىپ ئىشان ۋە باي ـ ماناپلارنى پاش قىلىپ، كەڭ ئېزىلگۈچى ئامما ۋە يېتىم ـ يېسىر، يوقسۇللارغا هامىيلىق قىلدى. ئۇنىڭ مۇنداق يالقۇنلۇق ئىسيانكار شېئىرلىرى ۋە دېموكراتىك ئىدىيىلىرىنىڭ كەڭ قىرغىز خەلقى ۋە قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا قوللاشقا ئېرىشىشى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ يېڭى ئىلهام بېغىشلىدى. بۇ هال رىسقۇلبېك ۋە كېرەمباي قاتارلىق بايلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. ئۇلار 1898 ـ يىلى ئەنجان خەلق قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، تۇقتوغۇلنىمۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان دېگەن باهانە بىلەن قولغا ئالدۇردى، گەرچە ئۇنىڭغا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش جازاسى هۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن خەلق غەزىپىنى هېسابقا ئېلىپ، ئۇ سىبىرىيىگە يەتتە يىللىق سۈرگۈن قىلىندى. ئۇنىڭ «بىزگىمۇ كېلەر كەڭ زامان» ، «سۈرگۈن قىلىنغاندا» ، «خوش ئېلىم» ، «خوش ئاپا» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرى شۇ ۋاقىتتا يېزىلغان. ئۇ تۇتقۇن قىلىنىپ ماڭغاندا:

رىسقۇلبېكنىڭ بەش قامان،
بۇزۇلدى پەيلى بەك يامان.
سۈرگۈن بولدۇم سىبىرىيىگە،
بىزگىمۇ كېلەر كەڭ زامان.

دەپ خەلققە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنى چاچسا،

هارام نىيەت كېرەمباي،
ئالارمەن سەندىن ئۆچۈمنى.

تۇتقۇندىن كەلسەم قۇتۇلۇپ،
تۇغقان ئەل بىلەن قوشۇلۇپ،
چوقۇرمەن سىنىڭ كۆزۈڭنى.

دېگەن شېئىرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ باي ـ ماناپلارغا ۋە زۇلۇمغا قارشى قايتماس، قەيسەر ئىرادىسىنى ئىپادىلىدى. تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلى ئېزىلگۈچى ھەر مىللەت خەلقىنى ئوخشاش تەقدىرگە ئىگە دەپ تونۇپ، ئۆزبېك ۋە باشقا مىللەتلەرنىمۇ ئۆز ئېلىم دەپ قارىدى، ئۇ شۇڭا:

ئۆزبېك، قىرغىز ئۆز يۇرتۇم،
ئۆسكەن ئېلىم ئامان بول.
ھاياتىمدا ھەم بىرگە،
ئۆتكەن ئېلىم ئامان بول.

دەپ خوشلاشتى.

تۇقتۇغۇل سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغاندا 34 ياشتا بولۇپ، بۇ دەۋر ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى ئىدى. سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىش ئۇنىڭ ھاياتىدا مۇھىم بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى، بۇ ۋەقە ئۇنىڭغا قىرغىزلارنىڭ كەڭ تاغ ـ ئېدىرلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىپ پۈتۈن دۇنياغا نەزەر سېلىشىدىكى نامايەندە بولۇپ قالدى. سۈرگۈن قىلىنىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇ باشقا كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر دېموكراتلىرى بىلەن تونۇشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مەيلى قايسى مىللەتتىن بولمىسۇن ئېزىلگۈچى خەلقلەرنىڭ تەقدىرداش ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. بۇ ھال ئۇنىڭغا زۇلۇمغا قارشى روھنى،

ئىنتېرناتسىئونالىلىق قاراشنى، جاسارەت ۋە ئىشەنچىنى ئاتا قىلدى، ئۇنىڭ مەشھۇر «قازاق يېرىدە» ، «تۇتقۇندا» دېگەن شېئىرلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر شېئىرلىرى شۇ ۋاقىتتا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك،
ئورۇس بىلەن نوغاي ھەم.
قارىسام ئادەم كۆپ دېمەك،
ماڭا ئوخشاش چەككەن غەم.

تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلى بىرىنچى قېتىم سىبىرىيەدىن قاچقاندا تۇتۇلۇپ قېلىپ يەنە 25 يىللىق كېسىلدى. ئۇ تۈرمىدىكى بىرقانچە يىللىق ھاياتىدا رۇس ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپ، بالا، ماندالىن ۋە ئۆزى پالتا بىلەن چېپىپ ياسىغان قومۇزى بىلەن ئۆز ئېلىنىڭ زۇلۇم ئاستىدىكى تەقدىرى ۋە ئۆزىنىڭ ئازادلىق، باراۋەرلىككە بولغان ئوي - پىكىرلىرىنى قوشاق قېتىپ باشقا مىللەتلەرگە ئېيتىپ توردى، تۇقتۇغۇلنىڭ بۇ دېموكراتىك ئىدىيىلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان تۈرمىدىكى سىياسىي مەھبۇسلارنىمۇ تەسىرلەندۈرگەننىدى. شۇڭا ئۇلار ئۇنى «خەلققە كېرەكلىك ئادەم ئىكەن» دەپ قاراپ، تۈرمىدىن قاچۇرۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيدۇ. ئاخىر دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن 1904 - يىلى تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ. تۇقتۇغۇل ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كەڭ قىرغىز رايونلىرىنى ئارىلاپ، چارۋىچىلار ئارىسىدا ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ بۇرۇنقى باي - ماناپلارغا قارشى ئېيتىلغان قوشاقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ،

چار پادىشاھقا قارشى نۇرغۇن سىياسىي لىرىكا ۋە سىياسىي ساتىرىك شېئىرلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇ تەڭسىزلىككە، زۇلۇمغا قارشى ئىنقىلابىي گۇمانىستىك، دېموكراتىك ۋە ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھقا تولغان شېئىرلىرى بىلەن قىرغىز رېئالىستىك شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋەكىلى، قىرغىز دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولۇپ يېتىلدى. ئۇنىڭ مۇنداق شېئىرلىرى ئەينى چاغدا شىنجاڭدىكى قىرغىزلار ئىچىدىمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغان بولۇپ، خەلق يادقا ئوقۇيدىغان شېئىرلاردىن ئىدى.

تۇقتوغۇل ئەينى چاغدىكى قىرغىز جەمئىيىتىدە يۈز بېرىۋاتقان پاترىئارخاللىق، ئۇرۇقداشلىق تەرتىپىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئۆزىگە خاس تەرەققىيپەرۋەرلىك نۇقتىئىنەزەرىدىن مۇئامىلە قىلدى. ئۇ فېئوداللىق زۇلۇمغا ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرىدىن بولغان ئەينى ۋاقىتتىكى «زامانچىلار»غا قارشى كۈرەش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆز ئىجادىيىتىدە زور نەتىجە قازاندى. ئۇ «كۆپ بىرىكسە كۆل بولۇر، كۆل تەۋرىسە سەل بولۇر» دېگەن شېئىرلىرى ئارقىلىق خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشقا چاقىرسا، «ئەزىمەت بەختى ئەل بىلەن، ئەمگىكىڭ بىلەن ئەلگە ياق» دەپ قىرغىز ياشلىرىنى خەلققە پايدىلىق ئادەم بولۇپ يېتىلىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ «تەرمە»، «سانات»، «دۇنيا» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، دۇنيادا زىددىيەتنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، جەمئىيەتنىڭ قارىمۇقارشىلىق داۋامىدا تەرەققىي قىلىدىغانلىقى، ئادەم تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدىغان بىردىنبىر قۇدرەتلىك كۈچ ئىكەنلىكى قاتارلىق ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا

قويدى. تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلىنىڭ بۇنداق ئىلغار دېموكراتىك خەلقپەرۋەر ئىدىيىسى قىرغىزلار ئىچىدە نۇرغۇنلىغان تەرەققىيپەرۋەر شائىرلارنى يېتىشتۇردى. ئۇنىڭ زاماندىشى ۋە شاگىرتلىرىدىن بولغان تۇغۇلۇق موللا، پارپى، قالىق، ئالىمغۇل، ئەشمەمبەت، قۇرغۇل قاتارلىق شائىرلار تۇقتۇغۇل باشلىغان تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىلەرنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى ۋە ۋارىسى قاتارىدا مەيدانغا چىقتى.

تۇقتۇغۇل ساتىلغان ئوغلى پەقەت قىرغىز خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك شائىرى بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇ قىرغىز تارىخىدىكى مەشھۇر مۇزىكانت ۋە ئاتاقلىق كومپوزىتور ئىدى. ئۇ ئۆز ھاياتىدا نەچچە ئونلىغان مەشھۇر ئاھاڭلارنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ «كەربەس»، «مىڭ خىيال»، «توققۇز قايرىق» قاتارلىق مۇزىكىلىرى قىرغىز مۇزىكا تارىخىدىكى زور ھادىسە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇزىكىلىرى قىرغىزلارنىڭ قان ـ ياشقا تولغان تارىخىنى، ھاياتلىق مۇساپىسىدىكى مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى، روھىي دۇنياسىدىكى ئارزۇ ۋە ئارمانلىرىنى، بەختكە ئىنتىلگەن ئۈمىد ۋە ئىستەكلىرىنى نامايان قىلغان قىرغىز روھىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا فېئوداللىق جەمئىيەتتە زۇلۇم ئاستىدا ھايات كەچۈرگەن خەلق تراگېدىيىسىنىڭ سىمفونىيىسىدۇر.

※

تۇغۇلۇق موللا (1860 — 1942) ئەسلى ئىسمى بايمەت ئابدۇراخمان ئوغلى (تۇغۇلۇق موللا ئۇنىڭ تەخەللۇسى)

مەلۇماتلىق ئادەم بولۇپ، ئۇ ئۆزبېك، تاتار، قازاق ۋە ئەرەب، پارس تىل ـ يېزىقىدا چىققان تەرەققىيپەرۋەر ئەدىبلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن كىتابلارنى قىزىقىپ ئوقۇغان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك، تېماتىك مەزمۇنغا باي بولۇپ، ئۇ قىرغىزلارنىڭ ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەك ۋە داستانلىرىنى كۆپ بىلگەن، شۇڭا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىمۇ كۆپىنچە فولكلورلۇق سۇژىتنى ئاساس قىلدى. ئۇ قىرغىز ئاياللىرى تېمىسىدا «دېھقان ئايالىنىڭ قوشىقى»، «ئۇستامىنىڭ ئايالىنىڭ قوشىقى»، «ئاڭچى ئايالىنىڭ قوشىقى» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، خەلقنى ھالال ئەمگەك بىلەن بەرىكەت تېپىشقا چاقىرسا، «چالغا بەرگەن قىزنىڭ ئارمىنى»، «كىچىك بالىغا بەرگەن قىزنىڭ ئارمىنى»، «بارىمتاغا (قەرزى ئۈچۈن) بەرگەن قىزنىڭ ئارمىنى» دېگەنگە ئوخشاش ئارمان قوشاقلىرى بىلەن فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى قىرغىز قىزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ، مال قاتارىدا سېتىلغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، جەمئىيەتتىكى ئاياللارنىڭ تەڭسىزلىكى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ئۇنىڭ فولكلورلۇق سۇژىتتىن ئېلىنغان «كەمپىر ـ چال»، «بابىرقان»، «نەلىباي تەنتەك» قاتارلىق شېئىرلىرىدا نادانلىقنى قامچىلاپ، خەلقنى ئويغىتىشقا چاقىرسا، «تېزەك تاغاي ئېبلى»، «سەللە يۆگىگەن موللا قوي»، «كەمچونتوي» قاتارلىق شېئىر ۋە داستانلىرىدا ئاچكۆزلەرنىڭ، ئەقىلسىز باي ـ ماناپلارنىڭ، ئىككى يۈزلىمچى دىندارلارنىڭ تىپىك ئوبرازىنى يارىتىپ، ساتىرىك تىل ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنى ئېچىپ كۆرسەتتى.

تۇغۇلۇق موللا يەنە «بۆرە بىلەن تۈلكە»، «ئېشەك بىلەن بۇلبۇل» ۋە باشقا كۆپلىگەن شېئىرىي مەسەللەرنى يېزىپ، تۈلكىدەك قۇۋ، بۆرىدەك يىرتقۇچ، ئېشەكتەك دۆت باي ـ ماناپ

ۋە فېئودال ئەمەلدارلارنىڭ بولمىغۇر ئىشلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ئېزىلگۈچى قىرغىز ئەمگەكچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆرەشلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى تەسۋىرلىدى.

※

يۈسۈپ ماماي جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر ماناسچى. ئۇ 1918 ـ يىلى ھازىرقى ئاقچى ناھىيىسىنىڭ قارا بۇلاق يېزىسى مەركەچ كەنتىدە نامرات چارۋىچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ يەتتە يېشىدىن باشلاپ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ قىرغىز ۋە ئۇيغۇر مولللارنىڭ قولىدا ئوقۇپ خەت ساۋاتىنى چىقاردى. ئاندىن كېيىن ئاكىسى بالباينىڭ ساغىمباي، ساياقباي، يۈسۈپ ئاباي، ئىبراھىم قاتارلىق مەشھۇر ماناسچىلاردىن يىغىپ توپلىغان «ماناس» نىڭ قولىيازمىسىنى يادقا ئېلىشقا باشلىغان. ئۇ بىرقانچە يىل سەرپ قىلىپ 1937 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا بالباي قولىيازمىسىدىكى «ماناس» نىڭ سەككىز ئەۋلاد داستانىنى پۈتۈنلەي يادقا ئوقۇيالايدىغان بولغان. 1938 ـ يىلى «ماناس» نىڭ قولىيازمىسىنى ئەكسىيەتچى يەرلىك ئەمەلدارلاردىن قوغداپ قېلىش يولىدا شۇ يىلى 1 ـ ئايدا ئۈچتۇرپاندا گۇناھسىز تۈرمىگە تاشلىنىپ تۆت ئاي ياتقان. ئۇ تۈرمىدىكى چاغدا «ماناس» نىڭ قول يازمىسىمۇ مۇسادىرە قىلىنىپ كۆيدۈرۈلۈپ تاشلانغان.

يۈسۈپ ماماي 1960 ـ يىللىرى، بولۇپمۇ 1980 ـ يىللىرى ئۆزى يادلىغان ئاشۇ بالباي قول يازمىسىغا ئاساسەن «ماناس» ئېپوسىنى خاتىرىگە ئېلىشتا كاتتا خىزمەت كۆرسەتتى. ئۇنىڭ «ماناس» ئېپوسىدىن باشقا يەنە «باغىش»، «تولتوي»، «ئەرتۆشتۈك»، «قۇرمانبەك»، «ماماكەن ـ شوپۇق» قاتارلىق داستانلىرى نەشردىن چىقتى. «تۇتان» ۋە «جاڭىلمىرزا» داستانلىرىنى فولكلور مۇنبىرىگە تاپشۇردى. ئۇ ئېيتقان «ماناس» ئېپوسىنىڭ قىسمەن بابلىرى ۋە باشقا داستانلىرى خەنزۇ، ئۇيغۇر، ياپون ۋە باشقا نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيا ئەللىرىگە كەڭ تارقالدى.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. ف. ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى.

2. ۋ. ئى. لېنىن: «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، خەنزۇچە نەشرى.

3. ئى. س. براگىنسكى: «تاجىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى»، 1977 ـ يىل، رۇسچە نەشرى.

4. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980 ـ يىل، 3 ـ سان.

5. ب د ت پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «مەكتۇپ ئەلچى» ئايلىق ژۇرنىلى، 1980 ـ يىل 12 ـ سان.

6. ئىبنى سىنا: «روھ توغرىسىدا»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە كافېدىراسى تەرجىمە قىلىپ تەييارلىغان. سودا نەشرىياتى 1985 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

7. س. ن. گىرىگورىئان: «ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران پەلسەپە تارىخى توغرىسىدا»، 1960 ـ يىل موسكۋا رۇسچە نەشرى.

8. ۋ. دامپېير: «پەن تارىخى ھەم ئۇنىڭ پەلسەپە ۋە دىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى»، 1979 ـ يىل، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

9. «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، Ⅲ توم.
10. «لېنىن ئەسەرلىرى»، 1955 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، Ⅱ توم.
11. ئا. ئىرسوف: «خارەزمى ۋە فارابى»، 1961 ـ يىل نەشرى.
12. يۈسۈپ خاس هاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە نەشرى.
13. ئابدۇرېشىت ئابدۇراخمان: «يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇ بىلىك› تە ئىپادىلىگەن ساددا دىئالېكتىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1996 ـ يىل، 1 ـ سان.
14. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى.
15. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 ـ يىل نەشرى.
16. «قەشقەر ئەدەبىياتى»، 1983 ـ يىل، 5 ـ سان.
17. «ماركس ـ ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، I توم.
18. «ماركس ھەققىدە»، 1972 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى.
19. «ئەتەبەتۇلھەقايىق»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى.
20. جافېرى پالىندىر: «دۇنيا دىنلىرىدىكى مىستىسىزم»، بېيجىڭ، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.
21. م. ئا. ئابدۇللايېۋ: «ئوتتۇرا ئەسىر سوپىزمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى» — «پەلسەپە مەسىلىلىرى» (رۇس تىلىدىكى ئايلىق ژۇرنال)، موسكۋا 1986 ـ يىل 7 ـ سان.
22. لۇئىس ماسسىگنون: «ئىسلام مىستىسىزمىنىڭ خاس

ئاتالغۇلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا» (فرانسۇزچە)، پارىژ، 1954 ـ يىل نەشرى.
23. ئىزۇتسۇ توشىھىكو: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى مۇساپىسى» بېيجىڭ، 1992 ـ يىل، خەنزۇچە نەشرى.
24. سەلچۇك ئەرايدىن: «تەسەۋۋۇپ ۋە تەرىقەتلەر»، ئىستانبۇل، 1981 ـ يىل، تۈركچە نەشرى.
25. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى. دىن قىسمى».
26. گېگىل: «ئەسەرلەر»، XI توم، موسكۋا ـ لېنىنگراد 1935 ـ يىل رۇسچە نەشرى.
27. ئاگاھ سىررى لەۋەند: «ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەلىرى ۋە ئاساسلىرى» ـ «تۈرك تىلى تەتقىقاتلىرى يىللىقى» (TDAY)، 1971 ـ يىللىق تومى، ئەنقەرە، 1971 ـ يىل.
28. شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇرلاردا كلاسسىك ئەدەبىيات»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىل.
29. دوكتور فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتىدا ئىلك مۇتەسەۋۋىپلار»، ئەنقەرە، 1991 ـ يىل (7 ـ نەشرى).
30. «شەرق يۇلتۇزى»، تاشكەنت، 1992 ـ يىل 1 ـ سان.
31. ئى. مۆمىنوف: «ئۆزبېكىستاندا ئىلغار پەلسەپىۋى ئىجتىمائىي ئىدىيە تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، 1976 ـ يىل، تاشكەنت، رۇسچە نەشرى.
32. ئەھمەد يەسەۋى: «ھېكمەتلەر»، تاشكەنت، 1991 ـ يىل.
33. ك. خ. تاجىكوۋا: «خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي تەقدىرى» ـ «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەنلەر ئاكادېمىيىسى خەۋەرلىرى. ئىجتىمائىي پەن قىسمى» (رۇسچە ژۇرنال)، 1992 ـ يىل، 1 ـ سان.

34. «شىنجاڭ ئۆزبېك ئەدىبلىرى»، ئۈرۈمچى، 1989 ـ يىل.
35. «ھۆۋەيدا شېئىرلىرىدىن تاللانمىلار».
36. «بۇلاق»، 1993 ـ يىل، 4 ـ سان: «سوپى ئاللايار ھېكمەتلىرىدىن».
37. «سەباتىل ئاجىزىن» نىڭ تاش مەتبەئەدە بېسىلغان ھەر خىل نۇسخىلىرى ۋە بۇ ئەسەرگە يېزىلغان شەرھلەر.
38. «فۇرقەت تاللانما ئەسەرلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل.
39. ئابدۇرەشىد ئابدۇغاپۇروۋ: «زاكىرجان فۇرقەت»، تاشكەنت 1977 ـ يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.
40. «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»، 1905 ـ يىل، 22 ـ دېكابىر، 50 ـ سان.
41. «ئىسمائىلىيە تارىخى»، تېھران چاپى نەشرى، 1996 ـ يىل.
42. «كالامى پىر ناسىر خىسراۋ»، 1989 ـ يىل، كاراچى نەشرى.
43. «ھەسەن ساباھ»، تېھران ئارمان نەشرىياتى، 1970 ـ يىل نەشرى.
44. «شىئە مەزھىپى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1983 ـ يىل نەشرى.
45. «دىن لۇغىتى»، شاڭخەي لۇغەتچىلىك نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.
46. «تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.
47. «جۇڭگو تاجىكلىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.
48. «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.
49. «رۇستەم ۋە سوھراب»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
50. خالىق مىرزازادە: «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، تاجىكىستان دۇشەنبە «ئىرفان» نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.
51. باباجان غاپۇروف: «تاجىكلار تارىخى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.
52. نۇرمان نىماتوۋ: «سامانىلار دۆلىتى»، تاجىكىستان دۇشەنبە «ئىرفان» نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى نەشرى.
53. «ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرى»، تاجىكىستان دۇشەنبە «ئىرفان» نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
54. «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى. چەت ئەل ئەدەبىياتى»، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.
55. «ھەييام رۇبائىيلىرى»، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتى، 1982 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.
56. پلېخانوف: «پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، خەنزۇچە نەشرى، Ⅱ — Ⅲ توم.
57. مىرزاتاي جولداسكوۋ، بېيسەن باي كەنجەبايېۋ: «ئېسىل نوملار»، مىللەتلەر نەشرىياتى.
58. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى «ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، 1986 ـ يىل 1 ـ سان.
59. نىغمەت مىڭجانى: «ئاللانىڭ دۇنيانى يارىتىشى»، «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، 1982 ـ يىل، 2 ـ سان.
60. گېگىل: «تەبىئەت پەلسەپىسى»، سودا نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى.
61. ئېنگېلس: «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، خەنزۇچە نەشرى.

www.uyghurkitap.com


62. «مىراس» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 1 ـ ، 2 ـ سان.
63. ئەخمەتبېك كىرىشبايوۋ: «قازاق ئەدەبىياتى تارىخى».
64. «ئاباي قۇنانبايوۋ ئەسەرلەر توپلىمى»، 1945 ـ يىل نەشرى.
65. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ژۇرنىلى»، 1993 ـ يىل 2 ـ سان.
66. تاڭجارىق جولدى ئوغلى «تاللانما ئەسەرلىرى»، I توم.
67. «خەننامە. هونلار تەزكىرىسى» 34 ـ جىلد.
68. «ئۈچ پادشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، 30 ـ جىلد.
69. «ئومۇمىي قامۇس. قىرغىزلار»، 200 ـ جىلد.
70. «يېڭى تاڭنامە. قىرغىزلار تەزكىرىسى»، 217 ـ جىلد.
71. «قىرغىزلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، خەنزۇچە نەشرى.
72. «لياۋ سۇلالىسى تارىخى. ئەمەلدارلار تەزكىرىسى»، 46 ـ جىلد.
73. «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى»، 240 ـ جىلد.
74. «بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇدرەت تېپىشى ھەققىدە ئىزاھ»، 1 ـ جىلد.
75. ۋ. ۋ. بارتولد: «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركلىرى».
76. رادلوف: «قارا قىرغىزلار».
77. جۇسۇپوي كېڭەش: «قىرغىزلار».
78. «ھۇدۇدۇل ئالەم».
79. «ئابدۇللا توقاي ئەسەرلىرى مەجمۇئەسى»، قازان، 1902 ـ يىل.
80. «ئابدۇللا توقاي تاللانما ئەسەرلىرى»، قازان، 1958 ـ يىل نەشرى ( Ⅱ توملۇق).
81. «ئابدۇللا توقاي ئەسەرلىرى»، قازان، 1976 ـ يىل نەشرى (4 توملۇق).
82. ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، ئۈرۈمچى، 1996 ـ يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

新疆少数民族哲学思想史纲/扎日甫·杜拉提主编.
乌鲁木齐：新疆大学出版社，2002.6
ISBN 7－5631－1491－2

Ⅰ.新... Ⅱ.扎... Ⅲ.少数民族－哲学史－新疆
－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.B2

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 001626 号

# 新疆少数民族哲学思想史纲

扎日甫·杜拉提　主编

扎日甫·杜拉提，阿布都许库尔·穆罕默德依明，蔡灿津，西仁·库尔班，
阿不都热西提·阿布都热合曼，吾尔买提江·阿不都热合曼，
买吾里德别克，朱马·卡德尔　编

---

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮政编码：830046)
新华书店经销
新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本　19.5 印张
2002 年 6 月第 1 版　2002 年 6 月第 1 次印刷
印数：0001 — 3000 册

---

ISBN 7－5631－1491－2/G·868
定价：26.50 元

责任编辑：　阿不里米提·卡德尔
责任校对：　阿达来提·亚合甫
封面设计：　艾尼·阿布都热衣木

www.uyghurkitap.com

# 内容简介

《新疆少数民族哲学思想史纲》是由新疆大学中亚文化研究所原所长扎日甫·杜拉提教授主持的1988年被列入国家社会科学基金项目(编号为890812)的最终成果。研究工作由维吾尔、汉、乌孜别克、塔塔尔、塔吉克、哈萨克、柯尔克孜等各民族专家学者组成的课题组完成,并通过专家鉴定,专家组的各位专家对此给予高度评价并推荐出版。

该书主要作者有:扎日甫·杜拉提(教授),阿布都许库尔·穆罕默德依明(教授),蔡灿津(教授),西仁·库尔班(教授),阿不都热西提·阿布都热合曼(副教授),买吾里德别克(副教授),朱马·卡德尔(教授),吾尔买提江·阿布都热合曼(讲师)。

本书大体分为四部分。第一部分主要研究中亚及新疆诸民族古代宗教信仰及其中的哲学思想萌芽。此部分的内容有古代的自然崇拜、祖先崇拜、图腾崇拜以及中亚古代的四要素观等。第二部分是佛教的产生和传入新疆的历史背景以及以佛教思想体系为主形成的维吾尔佛教文化。此外还专门研究西域佛教史上的著名人物鸠摩罗什(Komrajiwa)的哲学思想。第三部分论述了伊斯兰教的产生、发展和在中亚及新疆地区的传播过程,研究了伊斯兰教对新疆各民族的历史及文化产生的影响,伊斯兰哲学中影响较大的哲学派别(如苏非主义等)对中亚诸民族哲学伦理思想史的影响。对每一历史时期具有代表性的哲学家、思想家以及医学家、文学家的哲学及社会伦理思想进行研究。第四部分是近现代的思想家、文学家的哲学及社会伦理思想研究。

海热提江·乌斯曼
Ghayratjan Osman